# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

9 ـ جىلد (9108 ـ ھەدىستىن 10131 ـ ھەدىسقىچە)

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

تەشكىللىگۈچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق

مۇھەررىرى: سابىرجان

بەتچىك: ئا. روزى توختى

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

## بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** - بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر - بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاستە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى - ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** - سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان ”پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى“ بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر

تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** - ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** - ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** - سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاستە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** - بىرەر تابىئىنىگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** - سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ﷲ تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 - يىل

## ساھابىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى

9108 ـ عَنْ أُسَيْرِ بْنِ جَابِرٍ قَالَ كَانَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ إِذَا أَتى عَلَيْهِ أَمْدَادُ أَهْلِ الْيَمَنِ سَأَلَهُمْ أَفِيكُمْ أُوَيْسُ بْنُ عَامِرٍ حَتى أَتى عَلَى أُوَيْسٍ فَقَالَ أَنتَ أُوَيْسُ بْنُ عَامِرٍ قَالَ نَعَمْ . قَالَ مِنْ مُرَادٍ ثُم مِنْ قَرَنٍ قَالَ نَعَمْ. قَالَ فَكَانَ بِكَ بَرَصٌ فَبَرَأْتَ مِنْهُ إِلا مَوْضِعَ دِرْهَمٍ قَالَ نَعَمْ. قَالَ لَكَ وَالِدَةٌ قَالَ نَعَمْ. قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ « يَأْتِى عَلَيْكُمْ أُوَيْسُ بْنُ عَامِرٍ مَعَ أَمْدَادِ أَهْلِ الْيَمَنِ مِنْ مُرَادٍ ثُم مِنْ قَرَنٍ كَانَ بِهِ بَرَصٌ فَبَرَأَ مِنْهُ إِلا مَوْضِعَ دِرْهَمٍ لَهُ وَالِدَةٌ هُوَ بِهَا بَر لَوْ أَقْسَمَ عَلَى اللهِ لأَبَرهُ فَإِنِ اسْتَطَعْتَ أَنْ يَسْتَغْفِرَ لَكَ فَافْعَلْ ». فَاسْتَغْفِرْ لِى. فَاسْتَغْفَرَ لَهُ. فَقَالَ لَهُ عُمَرُ أَيْنَ تُرِيدُ قَالَ الْكُوفَةَ. قَالَ أَلاَ أَكْتُبُ لَكَ إِلَى عَامِلِهَا قَالَ أَكُونُ فِى غَبْرَاءِ الناسِ أَحَب إِلَى. قَالَ فَلَما كَانَ مِنَ الْعَامِ الْمُقْبِلِ حَج رَجُلٌ مِنْ أَشْرَافِهِمْ فَوَافَقَ عُمَرَ فَسَأَلَهُ عَنْ أُوَيْسٍ قَالَ تَرَكْتُهُ رَث الْبَيْتِ قَلِيلَ الْمَتَاعِ. قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ « يَأْتِى عَلَيْكُمْ أُوَيْسُ بْنُ عَامِرٍ مَعَ أَمْدَادِ أَهْلِ الْيَمَنِ مِنْ مُرَادٍ ثُم مِنْ قَرَنٍ كَانَ بِهِ بَرَصٌ فَبَرَأَ مِنْهُ إِلا مَوْضِعَ دِرْهَمٍ لَهُ وَالِدَةٌ هُوَ بِهَا بَر لَوْ أَقْسَمَ عَلَى اللهِ لأَبَرهُ فَإِنِ اسْتَطَعْتَ أَنْ يَسْتَغْفِرَ لَكَ فَافْعَلْ ». فَأَتى أُوَيْسًا فَقَالَ اسْتَغْفِرْ لِى. قَالَ أَنتَ أَحْدَثُ عَهْدًا بِسَفَرٍ صَالِحٍ فَاسْتَغْفِرْ لِى. قَالَ اسْتَغْفِرْ لِى. قَالَ أَنتَ أَحْدَثُ عَهْدًا بِسَفَرٍ صَالِحٍ فَاسْتَغْفِرْ لِى. قَالَ لَقِيتَ عُمَرَ قَالَ نَعَمْ. فَاسْتَغْفَرَ لَهُ. فَفَطِنَ لَهُ الناسُ فَانْطَلَقَ عَلَى وَجْهِهِ. قَالَ أُسَيْرٌ وَكَسَوْتُهُ بُرْدَةً فَكَانَ كُلمَا رَآهُ إِنْسَانٌ قَالَ مِنْ أَيْنَ لأُوَيْسٍ هَذِهِ الْبُرْدَةُ؟

9108 ـ ئۇسەير ئىبنى جابىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەمەن ئەھلىدىن ياردەمچى قوشۇن كەلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن:

ـ ئاراڭلاردا ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر بارمۇ؟ ـ دەپ سورايتتى. ئاخىرى، ئۇۋەيس يېتىپ كەلگەندى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

- سەن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىرمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

- ھەئە، - دېدى.

- مۇرادنىڭ قەرەن جەمەتىدىنمۇ؟

- ھەئە.

- سەندە ئاق كېسەل بار ئىدى، بىر تەڭگىچىلىك جايىدىن باشقا ھەممە يېرىڭ ساقايدى، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق.

- ئاناڭ بار، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق.

ـ مەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرگە يەمەن ئەھلىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بىلەن مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن جەمەتىدىن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولۇپ، بىر تەڭگىچىلىك جايىدىن باشقا ھەممە يېرى ساقايغان. ئۇنىڭ بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا بەكمۇ ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇ (قاچانكى) الله بىلەن قەسەم ئىچسە، الله ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالىساڭ، ساڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويىشىنى تەلەپ قىلغىن» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا سەن ماڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغىن! - دېدى. ئۇۋەيس مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

- كۇفەگە، - دېدى. ئۆمەر:

ـ سېنى كۇفەنىڭ ۋالىيسىغا تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەيمۇ؟ - دېگەنىدى، ئۇ:

- مەن ئادەتتىكى كىشىلەردەك ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن، - دېدى. كېيىنكى يىلى، (كۇفەلىك) ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن بىرى ھەجگە بېرىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچراشتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭدىن ئۇۋەيسنى سورىغانىدى، ئۇنىڭغا:

- ئۇ، ئۆي - ماكانسىز ۋە مال - دۇنياسىز قېلىپ قالدى، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرگە يەمەن ئەھلىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بىلەن مۇراد قەبىلىسىنىڭ قەرەن جەمەتىدىن ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولۇپ، بىر تەڭگىچىلىك جايدىن باشقا ھەممە يېرى ساقايغان. ئۇنىڭ بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا بەكمۇ ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇ (قاچانكى) الله بىلەن قەسەم ئىچسە، الله ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالىساڭ، ساڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلغىن» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، - دېدى.

ئۇ كىشى (كۇفەگە) قايتقاندىن كېيىن ئۇۋەيسنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

- مەن ئۈچۈن اللەتىن مەغپىرەت تىلىگىن! - دېدى. لېكىن ئۇۋەيس:

- سەن ياخشى بىر سەپەردىن (ھەجدىن) يېڭىلا كەلدىڭ، سەن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن! - دېدى. ئۇ ئادەم يەنە:

- سەن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن! - دېدى. ئۇۋەيسمۇ:

- سەن ياخشى بىر سەپەردىن (ھەجدىن) يېڭىلا كەلدىڭ، سەن مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن! (ھەجدە) ئۆمەرنى كۆردۈڭمۇ؟ - دېدى. ئۇ كىشى:

- ھەئە، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇۋەيس ئۇ كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدى. نەتىجىدە ئىنسانلار ئۇنى بىلىپ قالدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇۋەيس ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى.

ئۇسەير مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇۋەيسكە بىر تون بەرگەنىدىم، ئىنسانلار قاچانكى ئۇنى كۆرسە، بۇ تون ئۇۋەيسكە قەيەردىن كەلگەندۇ؟ - دېيىشەتتى.

(مۇسلىم: 2542)

9109 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَما مَاتَ النجَاشِي كُنا نَتَحَدثُ أَنهُ لَا يَزَالُ يُرَى عَلَى قَبْرِهِ نُورٌ.

9109 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: نەجاشى ئۆلگەن چاغدا، بىر نۇرنىڭ ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغانلىقى ھەققىدە پاراڭ قىلىشاتتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2523)

9110 ـ عَنْ عَبْد اللهِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ لَقِيَ زَيْدَ بْنَ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ بِأَسْفَلِ بَلْدَحٍ وَذَاكَ قَبْلَ أَنْ يُنَزلَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْوَحْيُ فَقَدمَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُفْرَةً فِيهَا لَحْمٌ فَأَبَى أَنْ يَأْكُلَ مِنْهَا ثُم قَالَ إِني لَا آكُلُ مِما تَذْبَحُونَ عَلَى أَنْصَابِكُمْ وَلَا آكُلُ إِلا مِما ذُكِرَ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ.

9110 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەلدەھ دېگەن جاينىڭ تۆۋەن تەرىپىدە زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، داستىخاندا گۆش بار ئىدى. زەيد گۆشنى يېگىلى ئۇنىمىدى ۋە:

ــ مەن بۇتلارنىڭ نامىغا ئاتاپ سويۇلغان گۆشۈڭلارنى يېمەيمەن، پەقەت اللەنىڭ نامى ئاتاپ سويۇلغان گۆشنىلا يەيمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5499)

9111 ـ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَن زَيْدَ بْنَ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ خَرَجَ إِلَى الشأْمِ يَسْأَلُ عَنِ الدينِ وَيَتْبَعُهُ فَلَقِيَ عَالِمًا مِنَ الْيَهُودِ فَسَأَلَهُ عَنْ دِينِهِمْ فَقَالَ إِني لَعَلي أَنْ أَدِينَ دِينَكُمْ فَأَخْبِرْنِي. فَقَالَ لاَ تَكُونُ عَلَى دِينِنَا حَتى تَأْخُذَ بِنَصِيبِكَ مِنْ غَضَبِ اللهِ. قَالَ زَيْدٌ مَا أَفِـر إِلا مِـنْ غَضَبِ اللهِ وَلاَ أَحْمِلُ مِنْ غَضَبِ اللهِ شَيْئًا أَبَدًا وَأَنى أَسْتَطِيعُهُ فَهَلْ تَدُلنِي عَلَى غَيْرِهِ قَالَ مَا أَعْلَمُهُ إِلا أَنْ يَكُونَ حَنِيفًا. قَالَ زَيْدٌ وَمَا الْحَنِيفُ قَالَ دِينُ إِبْرَاهِيمَ لَمْ يَكُنْ يَهُودِيـا وَلاَ نَصْرَانِيا وَلاَ يَعْبُدُ إِلا اللهَ. فَخَرَجَ زَيْدٌ فَلَقِيَ عَالِمًا مِنَ النصَارَى فَذَكَرَ مِثْلَهُ فَقَـالَ لَـنْ

[1] ئەلبانى (542): زەئىپ، ـ دېگەن.

َتكُونَ عَلَى دِينِنَا حَتى َتأْخُذَ بِنَصِيبِكَ مِنْ لَعْنَةِ اللهِ. قَالَ مَا أَفِر إلا مِنْ لَعْنَةِ اللهِ وَلاَ أَحْمِلُ مِنْ لَعْنَةِ اللهِ وَلاَ مِنْ غَضَبِهِ شَيْئًا أَبَدًا وَأَنى أَسْتَطِيعُ فَهَلْ تَدُلنِى عَلَى غَيْرِهِ قَالَ مَا أَعْلَمُهُ إلا أَنْ َيكُونَ حَنِيفًا. قَالَ وَمَا الْحَنِيفُ قَالَ دِينُ إبْرَاهِيمَ لَمْ َيكُنْ يَهُودِيا وَلاَ نَصْرَانِيا وَلاَ َيعْبُدُ إلا اللهَ. فَلَما رَأَى زَيْدٌ قَوْلَهُمْ فِى إبْرَاهِيمَ - عَلَيْهِ السلاَمُ - خَرَجَ فَلَما بَرزَ رَفَعَ يَدَيْهِ فَقَالَ اللهُم إنى أَشْهَدُ أَنى عَلَى دِينِ إبْرَاهِيمَ.

9111 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيل دىن ئىزدەپ شامغا كەلدى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ دىنى ھەققىدە سوراپ:

ـ بەلكىم مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا كىرىشىم مۇمكىن، بۇ ھەقتە ماڭا مەلۇمات بەرگىن! ـ دېدى. ئۇ يەھۇدىي:

ـ سەن تاكى اللهنىڭ غەزىۋىدىن نېسىۋەڭنى ئالمىغىچە، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرەلمەيسەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان زەيد مۇنداق دېدى:

ـ مەن اللهنىڭ غەزىۋىدىن قېچىش ئۈچۈن دىن ئىزدەۋاتىمەن، اللهنىڭ قىلچە غەزىۋىنى كۆتۈرەلمەيمەن، اللهنىڭ غەزىۋىگە قانداقمۇ چىداي؟! ماڭا باشقا بىر دىننى كۆرسەتكىن! ـ دېدى. ئۇ يەھۇدىي:

ـ ھەنىف بولۇشىڭ مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. زەيد:

ـ ھەنىف دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندى، يەھۇدىي:

ـ ئىبراھىمنىڭ دىنى، ئۇ، يەھۇدىيمۇ، ناسارامۇ ئەمەس بولۇپ، پەقەت بىر اللهقىلا ئىبادەت قىلاتتى، ـ دېدى. زەيد ئۇ يەردىن چىقىپ، ناسارالارنىڭ بىر ئالىمى بىلەن ئۇچراشتى ۋە يۇقىرىقى سۆزنى تەكرارلىدى. ناسارا:

ــ سەن اللهنىڭ لەنىتىدىن نېسىۋەڭنى ئالمىغىچە، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرەلمەيسەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان زەيد:

ــ مەن اللهنىڭ لەنىتىدىن قېچىۋاتىمەن، اللهنىڭ قىلچە لەنىتىنىمۇ، غەزىۋىنىمۇ كۆتۈرەلمەيمەن، اللهنىڭ لەنىتى ۋە غەزىۋىگە قانداقمۇ چىداي؟! ماڭا باشقا بىر دىننى كۆرسەتكىن! ـ دېدى. ناسارا:

- ھەنىف بولۇشنىڭ مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن، - دېدى. زەيد:

- ھەنىف دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغانىدى، ناسارا:

- ئىبراھىمنىڭ دىنى. ئۇ، يەھۇدىيمۇ، ناسارا ئەمەس بولۇپ، پەقەت بىر اللهقىلا ئىبادەت قىلاتتى، - دېدى. زەيد ئۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

— ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، - دېدى.

(بۇخارى: 3828)

9112 ـ عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَتْ رَأَيْتُ زَيْدَ بْنَ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ قَائِمًا مُسْنِدًا ظَهْرَهُ إِلَى الْكَعْبَةِ يَقُولُ يَا مَعَاشِرَ قُرَيْشٍ وَاللهِ مَا مِنْكُمْ عَلَى دِينِ إِبْرَاهِيمَ غَيْرِي وَكَانَ يُحْيِي الْمَوْءُودَةَ يَقُولُ لِلرَّجُلِ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَقْتُلَ ابْنَتَهُ لَا تَقْتُلْهَا أَنَا أَكْفِيكَهَا مَئُونَتَهَا فَيَأْخُذُهَا فَإِذَا تَرَعْرَعَتْ قَالَ لِأَبِيهَا إِنْ شِئْتَ دَفَعْتُهَا إِلَيْكَ وَإِنْ شِئْتَ كَفَيْتُكَ مَئُونَتَهَا.

9112 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى زەيد ئىبنى ئەمىر ئىبنى نۇفەيلنىڭ كەئبىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ: ”ئى قۇرەيش جامائىتى! الله بىلەن قەسەمكى، مەندىن باشقا ھېچقايسىڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ئەمەسسىلەر“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئۇ، تىرىك كۆمۈلىدىغان قىزلارنى قۇتقۇزاتتى. قىزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىگە:

- ئۇنى ئۆلتۈرمە! ئۇنى مەن باقىمەن، - دەپ ئېلىۋالاتتى. ئۇ قىز چوڭ بولغاندا، زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيل قىزنىڭ دادىسىغا:

— خالىساڭ، قىزىڭنى قايتۇرۇپ بېرەي. خالىساڭ، ئۆزەم باقاي، - دەيتتى.

(بۇخارى: 3828)

9113 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيِّبِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ لَمَّا حَضَرَتْ أَبَا طَالِبٍ الْوَفَاةُ جَاءَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَوَجَدَ عِنْدَهُ أَبَا جَهْلٍ وَعَبْدَ اللَّهِ بْنَ أَبِي أُمَيَّةَ بْنِ الْمُغِيرَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا عَمِّ قُلْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ كَلِمَةً أَشْهَدُ لَكَ بِهَا عِنْدَ اللَّهِ فَقَالَ أَبُو جَهْلٍ وَعَبْدُ اللَّهِ بْنُ أَبِي أُمَيَّةَ يَا أَبَا طَالِبٍ أَتَرْغَبُ عَنْ مِلَّةِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ فَلَمْ يَزَلْ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَعْرِضُهَا عَلَيْهِ وَيُعِيدُ لَهُ تِلْكَ الْمَقَالَةَ حَتَّى قَالَ أَبُو طَالِبٍ آخِرَ مَا كَلَّمَهُمْ هُوَ عَلَى مِلَّةِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ وَأَبَى أَنْ يَقُولَ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَمَا وَاللَّهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ مَا لَمْ أُنْهَ عَنْكَ فَأَنْزَلَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَنْ يَسْتَغْفِرُوا لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُوا أُولِي قُرْبَى مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ وَأَنْزَلَ اللَّهُ تَعَالَى فِي أَبِي طَالِبٍ فَقَالَ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ.

9113 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ تالىب ئۆلۈش ئالدىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنى يوقلاپ) يېنىغا كەلدى. ئەبۇ جەھل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرەمۇ شۇ يەردە ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى تاغا! ”لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ“ كەلىمىسىنى ئېيتقىن، مەن ئۇ كەلىمىنى ئېيتقانلىقىڭغا اللهنىڭ ھۇزۇرىدا گۇۋاھ بولىمەن، ـ دېدى. لېكىن ئەبۇ جەھل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرە:

ـ ئى ئەبۇ تالىب! ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دىنىدىن يېنىۋالامسەن؟! ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كەلىمە شاھادەتنى كەلتۈرگىن! ـ دەپ، ئۇنىڭغا تەلقىن قىلىۋەردى. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى:

ـ مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ مىللىتىدىمەن، ـ دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. يەنى ئۇ شاھادەت كەلىمەسىنى ئېيتىشتىن باش تارتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله مېنى توسمىغىچە، ئۇنىڭدىن سېنىڭ گۇناھىڭنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس [①] دېگەن ئايەت بىلەن: شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ [②] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

(مۇسلىم: 24)

9114 ـ عَنْ أَبِى سَعِيدٍ الْخُدْرِى أن رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ ذُكِـرَ عِنْدَهُ عَمهُ أُبو طَالِبٍ فَقَالَ «لَعَلهُ تَنفَعُهُ شَفَاعَتِى يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيُجْعَلُ فِى ضَحْضَاحٍ مِنْ نَـارٍ يَبْلُغُ كَعْبَيْهِ يَغْلِى مِنْهُ دِمَاغُهُ».

9114 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا تاغىسى ئەبۇ تالىب تىلغا ئېلىنغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا شاپائىتىمنىڭ پايدىسى تېگىپ، دوزاختا ئوشۇقىغا كەلگىدەك ئوتتا تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ، شۇ ئوت بىلەنمۇ ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 21)

9115 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَهْوَنُ أَهْلِ النارِ عَذَابًا أُبو طَالِبٍ وَهُوَ مُنْتَعِلٌ بِنَعْلَيْنِ يَغْلِي مِنْهُمَا دِمَاغُهُ.

---

① سۈرە تەۋبە، 113 ـ ئايەت.

② سۈرە قەسەس، 56 ـ ئايەت.

9115 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«دوزاخ ئەھلىدىن ئەڭ يېنىك ئازاب چېكىدىغان كىشى ئەبۇ تالىبدۇر. ئۇ ئوتتىن ئىككى پاي ئاياغ كىيىدۇ، شۇ ئوتتىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ».

(مۇسلىم: 212)

9116 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رِوَايَةً يُوشِكُ أَنْ يَضْرِبَ النَّاسُ أَكْبَادَ الْإِبِلِ يَطْلُبُونَ الْعِلْمَ فَلَا يَجِدُونَ أَحَدًا أَعْلَمَ مِنْ عَالِمِ الْمَدِينَةِ. وَقَدْ رُوِيَ عَنْ ابْنِ عُيَيْنَةَ أَنَّهُ قَالَ فِي هَذَا سُئِلَ مَنْ عَالِمُ الْمَدِينَةِ فَقَالَ إِنَّهُ مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ.

9116 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئىنسانلار تۆگىلىرىگە مىنىپ، ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقىپ، مەدىنىنىڭ ئالىمىدىن ئالىمراق بىرىنى تاپالماي قالىدىغان زامانغا ئاز قالدى».

ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ:

ـ مەدىنىنىڭ ئالىمى كىم؟ ـ دەپ سورالغاندى:

ـ مالىك ئىبنى ئەنەس، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى[①].

(تىرمىزى: 2680)

9117 ـ عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ كُنَّا جُلُوسًا مَعَ ابْنِ مَسْعُودٍ فَجَاءَ خَبَّابٌ فَقَالَ يَا أَبَا عَبْدِ الرَّحْمَنِ أَيَسْتَطِيعُ هَؤُلَاءِ الشَّبَابُ أَنْ يَقْرَءُوا كَمَا تَقْرَأُ قَالَ أَمَا إِنَّكَ لَوْ شِئْتَ أَمَرْتُ بَعْضَهُمْ يَقْرَأُ عَلَيْكَ قَالَ أَجَلْ قَالَ اقْرَأْ يَا عَلْقَمَةُ فَقَالَ زَيْدُ بْنُ حُدَيْرٍ أَخُو زِيَادِ بْنِ حُدَيْرٍ أَتَأْمُرُ عَلْقَمَةَ أَنْ يَقْرَأَ وَلَيْسَ بِأَقْرَئِنَا قَالَ أَمَا إِنَّكَ إِنْ شِئْتَ أَخْبَرْتُكَ بِمَا قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي قَوْمِكَ وَقَوْمِهِ فَقَرَأْتُ خَمْسِينَ آيَةً مِنْ سُورَةِ مَرْيَمَ فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ كَيْفَ تَرَى قَالَ قَدْ أَحْسَنَ قَالَ عَبْدُ اللَّهِ مَا أَقْرَأُ شَيْئًا إِلَّا وَهُوَ يَقْرَؤُهُ.

---

① ئەلبانى (502): زەئىپ، ـ دېگەن.

9117 ـ ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ:

ــ ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان! بۇ ياشلار قۇرئاننى سەن ئوقۇغاندەك ئوقۇيالامدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ:

ـ ئەگەر خالىساڭ، ئۇلارنىڭ بىرىگە بۇيرۇيمەن، ساڭا ئوقۇپ بېرىدۇ، ـ دېدى. ئۇ:

ـ ماقۇل، ـ دېدى. ئىبنى مەسئۇد:

ــ ئى ئەلقەمە! سەن ئوقۇغىن! ــ دېدى. زىياد ئىبنى هۇدەيرنىڭ ئاكىسى زەيد ئىبنى هۇدەير:

ـ ئەلقەمەنى ئوقۇشقا بۇيرىغىنىڭ نېمىسى؟ ئارىمىزدا ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغىنى ئۇ ئەمەس تۇرسا؟! ـ دېگەنىدى، ئىبنى مەسئۇد:

ـــ ئەگەر سەن خالىساڭ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ سېنىڭ قەۋمىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى هەققىدە نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن، ـ دېدى. مەن مەريەم سۈرىسىدىن 50 ئايەت ئوقۇدۇم. ئابدۇللاھ:

ـ قانداق ئوقۇدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، خەبباب:

ـ بەكمۇ ياخشى ئوقۇدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن قانداق ئوقۇسام، ئۇمۇ شۇنداق ئوقۇيدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4391)

9118 ـ عن أبي جعفر محمد بن علي بن حسين قال: أتاني جابر بن عبد الله وأنا في الكتاب فقال: اكشف عن بطنك فكشفت عن بطني فقبله قال: «إن رسـول الله صلى الله عليه وسلم أمرني أن أقرأ عليك السلام».

9118 ـ ئەبۇ جەئفەر مۇهەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى هۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەدرىستە ئىدىم، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ:

ـ قورسىقىڭنى ئاچ! ـ دېدى. قورسىقىمنى ئاچقانىدىم، ئۇ سۆيۈپ قويدى، ئاندىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا سالام ئېيتىشىمنى بۇيرىدى، ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

9119 ـ عن عبد الملك بن عمير قال: كان الشعبي يحدث بالمغازي فمر ابن عمر فسمعه وهو يحدث بها فقال: أنا أحفظ لها منه وإن كنت قد شهدتها مع رسول الله صلى الله عليه وسلم.

9119 ـ ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دەيدۇ: شەئبى (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ بارغان) غازاتلارنى ئاڭلىتىۋاتاتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

ـ گەرچە مەن بۇ غازاتلارغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قاتناشقان بولساممۇ، ۋەقەلىكلىرىنى ئۇ مەندىنمۇ ياخشى بىلىدىكەن، ـ دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»)

---

[①] ھەيسەمى (16439): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇفەززەل ئىبنى سالىھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (16442): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## بەزى جايلارنى ماختاپ، بەزى جايلارنى سۆكۈپ كەلگەن ھەدىسلەر

9120 ـ عن عبد الملك بن عباد بن جعفر أنه سمع رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول :“أول من أشفع له من أمتي أهل المدينة وأهل مكة وأهل الطائف“.

9120 ـ ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئەبباد ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىمدىن بىرىنچى بولۇپ شاپائىتىمگە ئېرىشىدىغان كىشىلەر مەدىنە ئەھلى، ئاندىن مەككە، ئاندىن تائىف ئەھلىدۇر»[1].

(بەززار: 3470)

9121 ـ عَنْ مَيْمُونَةَ مَوْلَاةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَفْتِنَا فِي بَيْتِ الْمَقْدِسِ فَقَالَ ائْتُوهُ فَصَلوا فِيهِ وَكَانَتْ الْبِلَادُ إِذْ ذَاكَ حَرْبًا فَإِنْ لَمْ تَأْتُوهُ وَتُصَلوا فِيهِ فَابْعَثُوا بِزَيْتٍ يُسْرَجُ فِي قَنَادِيلِهِ.

9121 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە بەيتۇلمۇقەددەس ھەققىدە پەتىۋا بەرگىن! ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ھەيسەمى (16612): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا ناتونۇش بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

ــ بېرىپ، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇغىلار! (ئۇ چاغدا، ئۇ يەر دۈشمەننىڭ قولىدا بولۇپ، تېخى ئازاد قىلىنمىغان ئىدى) ئەگەر ئۇ يەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇيالمىساڭلار، شامدانلىرىنىياندۇرۇش ئۈچۈن ياغ ئەۋەتىڭلار! ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 457)

9122 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن سُلَيْمَانَ بْنَ دَاوُدَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما بَنى بَيْتَ الْمَقْدِسِ سَأَلَ اللهَ عَز وَجَل خِلَالًا ثَلَاثَةً سَأَلَ اللهَ عَز وَجَل حُكْمًا يُصَادِفُ حُكْمَهُ فَأُوتِيَهُ وَسَأَلَ اللهَ عَز وَجَل مُلْكًا لَا يَنْبَغِي لِأَحَدٍ مِنْ بَعْدِهِ فَأُوتِيَهُ وَسَأَلَ اللهَ عَز وَجَل حِينَ فَرَغَ مِنْ بِنَاءِ الْمَسْجِدِ أَنْ لَا يَأْتِيَهُ أَحَدٌ لَا يَنْهَزُهُ إِلا الصلَاةُ فِيهِ أَنْ يُخْرِجَهُ مِنْ خَطِيئَتِهِ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمهُ.

9122 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«داۋۇد ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەسنى بىنا قىلغان چاغدا، اللە تائالادىن ئۈچ نەرسىنى سورىغان ئىدى. بىرىنچىسى، اللە تائالانىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلىشنى سورىغانىدى، بۇ تىلىكى ئىجابەت قىلىندى. ئىككىنچىسى، ئۆزىدىن كېيىن ھېچكىمگە بېرىلمەيدىغان بىر پادىشاھلىقنى سورىغانىدى، بۇ تىلىكمۇ ئىجابەت قىلىندى؛ ئۈچىنچىسى، بەيتۇلمۇقەددەسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، اللە تائالادىن: (ئى پەرۋەردىگارىم!) بۇ يەرگە پەقەت نامازنى مەقسەت قىلىپ كېلىدىغان كىشىلەرنى گۇناھلىرىدىن خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك پاك قىلىۋەتكىن! ــ دەپ تىلىدى. (ئۇنىڭ بۇ تىلىكىمۇ قوبۇل قىلىندى)»[2].

(نەسائى: 693)

[1] ئەلبانى (85): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (669): سەھىھ ـ دېگەن.

9123 ـ عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "من مـات في بيت المقدس فكأنما مات في السماء".

9123 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بەيتۇلمۇقەددەستە ئۆلسە، گويا ئاسماندا ئۆلگەندەك بولىدۇ»[①].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

9124 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن الدينَ لَيَأْرِزُ إلَى الْحِجَازِ كَمَا تَأْرِزُ الْحَيةُ إلَى جُحْرِهَا وَلَيَعْقِلَن الدينُ مِنْ الْحِجَازِ مَعْقِلَ الْأُرْوِيةِ مِنْ رَأْسِ الْجَبَلِ إن الدينَ بَدَأَ غَرِيبًا وَيَرْجِعُ غَرِيبًا فَطُوبَى لِلْغُرَبَاءِ الذِينَ يُصْلِحُونَ مَا أَفْسَدَ الناسُ مِنْ بَعْدِي مِنْ سُنتِي.

9124 ـ ئەمىر ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يىلان ئۆزىنىڭ تۆشۈكىگە قايتقاندەك، دىن ھىجازغا قايتىدۇ. تاغ ئۆچكىسى تاغنىڭ چوققىسىغا يەرلەشكەندەك، دىنمۇ ھىجازغا يەرلىشىدۇ. دىن غېرىب ھالەتتە باشلانغان، غېرىب ھالىتىگە قايتىدۇ. مەندىن كېيىن ئىنسانلار ئۆزگەرتىۋەتكەن سۈننىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن غېرىبلەر (يەنى شۇ زاماندا دىننىڭ ئەسلى ماھىيىتى بويىچە ئەمەل قىلغانلار) نېمىدېگەن بەختلىك؟!»[②]

(تىرمىزى: 2630)

9125 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن الْإِسْلَامَ بَدَأَ غَرِيبًا وَسَيَعُودُ غَرِيبًا كَمَا بَدَأَ وَهُوَ يَأْرِزُ بَيْنَ الْمَسْجِدَيْنِ كَمَا تَأْرِزُ الْحَيةُ فِي جُحْرِهَا.

---

[①] ھەيسەمى (3892): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۈسۈف ئىبنى ئەتىيە بەسرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (492): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

9125 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسلام غېرىب باشلانغان، يەنە غېرىب ھالىتىگە قايتىدۇ. يىلان ئۆزىنىڭ تۆشۈكىگە قايتقاندەك، دىن ئىككى مەسجىد ئارىسىغا (يەنى مەككە بىلەن مەدىنىگە) قايتىدۇ».

(مۇسلىم: 146)

9126 ـ عَنْ مَالِكٍ أَنَّهُ قَالَ بَلَغَنِي أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ لَبَيتٌ بِرُكْبَةَ أَحَب إِلَى مِنْ عَشَرَةِ أَبْيَاتٍ بِالشامِ.

9126 ـ مالىك رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ’’رۇكبەدىكى بىر ئۆي مەن ئۈچۈن شامدىكى ئون ئۆيدىن ياخشىراقتۇر‘‘.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

9127 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَما مَر رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِوَادِي عُسْفَانَ حِينَ حَج قَالَ يَا أَبَا بَكْرٍ أَي وَادٍ هَذَا قَالَ وَادِي عُسْفَانَ قَالَ لَقَدْ مَر بِهِ هُودٌ وَصَالِحٌ عَلَى بَكَرَاتٍ حُمْرٍ خُطُمُهَا الليفُ أُزُرُهُمْ الْعَبَاءُ وَأَرْدِيَتُهُمْ النمَارُ يُلَبونَ يَحُجونَ الْبَيتَ الْعَتِيقَ.

9127 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج سەپىرىگە چىقىپ، ئۇسفان ۋادىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! بۇ قايسى ۋادى؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئۇسفان ۋادىسى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ـ ھۇد ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالاملار بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش ئۈچۈن تامبال ۋە جۇۋىلارنى كىيىپ، چېكە نوختا سېلىنغان قىزىل تۆگىلەرگە مىنگەن ھالدا بۇ ۋادىدىن ئۆتكەنىدى، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 2068)

[1] ھەيسەمى (5347): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زەمئە ئىبنى سالىھ ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

9128 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غِلَظُ الْقُلُوبِ وَالْجَفَاءُ فِي الْمَشْرِقِ وَالْإِيمَانُ فِي أَهْلِ الْحِجَازِ.

9128 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەرق ئەھلى تاشيۈرەك، قوپال كېلىدۇ. ھىجاز ئەھلى ئىمانلىق كېلىدۇ».

(مۇسلىم: 35)

9129 ـ عَنْ الزُّبَيْرِ قَالَ لَما أَقْبَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ لِيةَ حَتى إِذَا كُنا عِنْدَ السدْرَةِ وَقَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي طَرَفِ الْقَرْنِ الْأَسْوَدِ حَذْوَهَا فَاسْتَقْبَلَ نَخِبًا بِبَصَرِهِ و قَالَ مَرةً وَادِيَهُ وَوَقَفَ حَتى اتقَفَ الناسُ كُلُهُمْ ثُم قَالَ إِن صَيْدَ وَج وَعِضَاهَهُ حَرَامٌ مُحَرمٌ لِلهِ وَذَلِكَ قَبْلَ نُزُولِهِ الطائِفَ وَحِصَارِهِ لِثَقِيفٍ.

9129 ـ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە لىييەدىن قايتىپ، سىدرەگە كەلگىنىمىزدە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەرنى ئەسۋەد (تاغ)نىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، (تائىفنىڭ) نەخىبە ۋادىسىغا نەزەر سالدى، كارۋاندىكىلەرمۇ شۇ يەردە توختىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ ۋادىدا ئوۋ ئوۋلاش ۋە دەرەخلەرنى كېسىش ھارام. بۇنى الله مەنئى قىلدى، ـ دېدى. بۇ چەكلىمە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفقا كېلىپ، سەقىف قەبىلىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشتىن بۇرۇن بولغان ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2032)

9130 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن الشيْطَانَ قَدْ أَيِسَ أَنْ يَعْبُدَهُ الْمُصَلونَ فِي جَزِيرَةِ الْعَرَبِ وَلَكِنْ فِي التحْرِيشِ بَيْنَهُمْ.

[1] ئەلبانى (441): زەئىپ، ـ دېگەن.

9130 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«شەيتان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىشتىن توختىمايدۇ».

(مۇسلىم: 2812)

9131 ـ عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَجْتَمِعُ دِينَانِ فِي جَزِيرَةِ الْعَرَبِ قَالَ مَالِك قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَفَحَصَ عَنْ ذَلِكَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ حَتى أَتَاهُ الثلْجُ وَالْيَقِينُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَجْتَمِعُ دِينَانِ فِي جَزِيرَةِ الْعَرَبِ فَأَجْلَى يَهُودَ خَيْبَرَ.

9131 ـ ئىبنى شىھابدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىككى دىن تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ».

مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى شىھابنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى ناھايىتى قاتتىق تەكشۈرۈپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق دېگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، خەيبەر يەھۇدىيلىرىنى (ھىجاز زېمىنىدىن) ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن.

(مالىك: 1651)

9132 ـ قَالَ مَالِكٌ عُمَرُ أَجْلَى أَهْلَ نَجْرَانَ وَلَمْ يُجْلَوْا مِنْ تَيْمَاءَ لِأَنهَا لَيْسَتْ مِنْ بِلَادِ الْعَرَبِ فَأَما الْوَادِي فَإِني أَرَى أَنمَا لَمْ يُجْلَ مَنْ فِيهَا مِنْ الْيَهُودِ أَنهُمْ لَمْ يَرَوْهَا مِنْ أَرْضِ الْعَرَبِ.

9132 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەجران يەھۇدىيلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى، ئەمما تەيما يەھۇدىيلىرىنى ھەيدىمىدى. چۈنكى ئۇ يەر ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كىرمەيتتى.

ۋادىغا كەلسەك، مەنچە ئۇ يەردە ياشايدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇ يەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارىغا كىرمەسلىكىدىندۇر[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3034)

9133 ـ عَنْ عُمَرَ بْن الْخَطابِ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ «لأُخْرِجَن الْيَهُودَ وَالنصَارَى مِنْ جَزِيرَةِ الْعَرَبِ فَلاَ أَتْرُكُ فِيهَا إِلا مُسْلِمًا». قال سعيد بن عبد العزيز: جزيرة العرب: ما بين الوادي إلى أقصى اليمن إلى تخوم العراق إلى البحر.

9133 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەلۋەتتە، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن. ئۇ يەردە مۇسۇلماندىن باشقىسىنى قويمايمەن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3030)

سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۇزۇنىغا ۋادى بىلەن يەمەننىڭ ئەڭ يىراق قىسمىغىچە، توغرىسىغا ئىراق چېگرىسىدىن دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتۇر.

9134 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتاكُمْ أَهْلُ الْيَمَنِ هُمْ أَرَق أَفْئِدَةً وَأَلْيَنُ قُلُوبًا الْإِيمَانُ يَمَانٍ وَالْحِكْمَةُ يَمَانِيَةٌ وَالْفَخْرُ وَالْخُيَلَاءُ فِي أَصْحَابِ الْإِبِلِ وَالسكِينَةُ وَالْوَقَارُ فِي أَهْلِ الْغَنَمِ.

9134 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2617): سەھىھ ۋە مەقتۇئ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2616): سەھىھ ـ دېگەن.

«يېنىڭلارغا كۆڭلى ياخشى، قەلبى يۇمشاق يەمەنلىكلەر كەلدى. ئۇلار ئىمانلىق، دانا كىشىلەردۇر. تۆگە ئىگىلىرى مەنمەنچى ۋە ھاكاۋۇر كېلىدۇ. قوي ئىگىلىرى بولسا، ئېغىر ـ بېسىق ۋە سالماق كېلىدۇ».
(بۇخارى: 4388)

9135 ـ وفي رواية: والْفِقْهُ يَمَانٍ.

9135 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلار (يەمەنلىكلەر) فەقىھ كىشىلەردۇر» دېيىلگەن.
(بۇخارى: 4390)

9136 ـ عَنْ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَمْرٍو أَبِى مَسْعُودٍ قَالَ أَشَارَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ بِيَدِهِ نَحْوَ الْيَمَنِ فَقَالَ: «الإِيمَانُ يَمَانٍ هَا هُنَا، أَلاَ إِنَّ الْقَسْوَةَ وَغِلَظَ الْقُلُوبِ فِى الْفَدَادِينَ عِنْدَ أُصُولِ أَذْنَابِ الإِبِلِ، حَيْثُ يَطْلُعُ قَرْنَا الشَّيْطَانِ فِى رَبِيعَةَ وَمُضَرَ».

9136 ـ ئۇقبە ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن يەمەننى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئىمان ئەنە شۇ يەردە. قەلبى قاتتىق، تاش يۈرەكلەر بولسا، شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى چىقىدىغان رەبىيئە ۋە مۇزەر قەبىلىسىدىكى قوتان ـ قوتان تۆگە ساھىبلىرىدۇر» دېدى.
(بۇخارى: 3302)

9137 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَظَرَ قِبَلَ الْيَمَنِ فَقَالَ اللهُم أَقْبِلْ بِقُلُوبِهِمْ وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا وَمُدنَا.

9137 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەمەن تەرەپكە قاراپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى بىزگە مايىل قىلغىن. سا ۋە مۇد (ئېغىرلىق ئۆلچىمى)لىرىمىزغا بەرىكەت بەرگىن!» دېدى[①].
(تىرمىزى: 3934)

[①] ئەلبانى (3086): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

9138 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن فُسْطَاطَ الْمُسْلِمِينَ يَوْمَ الْمَلْحَمَةِ بِالْغُوطَةِ إِلَى جَانِبِ مَدِينَةٍ يُقَالُ لَهَا دِمَشْقُ مِنْ خَيْرِ مَدَائِنِ الشامِ.

9138 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«غۇتە دېگەن جايدا بولىدىغان چوڭ ئۇرۇشتا، مۇسۇلمانلارنىڭ چېدىرى شامنىڭ ئەڭ خەيرلىك شەھەرلىرىدىن بولغان دەمەشق شەھىرىنىڭ يېنىدا بولىدۇ»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 4298)

9139 ـ عَنْ أَبِى الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ : «بَيْنَا أَنَا نَائِمٌ إِذْ رَأَيْتُ عَمُودَ الْكِتَابِ احْتُمِلَ مِنْ تَحْتِ رَأْسِى فَظَنَنْتُ أَنهُ مَذْهُوبٌ بِهِ فَأَتْبَعْتُهُ بَصَرِى فَعُمِدَ بِهِ إِلَى الشامِ أَلاَ وَإِن الْإِيمَانَ ـ حِينَ تَقَعُ الْفِتَنُ ـ بِالشامِ».

9139 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن چۈشۈمدە كىتابنىڭ بېشىمنىڭ ئاستىدىن ئېلىنغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ باشقا يەرگە ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقىنى پەملەپ، كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۇ شامغا ئېلىپ كېتىلدى. بىلىڭلاركى، پىتنە تۇغۇلغاندا، ئىمان شامدا بولىدۇ»②.

(ئەھمەد: 17321)

9140 ـ عَنْ مَكْحُولٍ قَالَ لَتَمْخُرَن الرومُ الشامَ أَرْبَعِينَ صَبَاحًا لَا يَمْتَنِعُ مِنْهَا إِلا دِمَشْقَ وَعَمانَ.

9140 ـ مەكھۇل مۇنداق دەيدۇ: رۇملار شامغا دېڭىز تەرەپتىن 40 كۈن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما دەمەشق بىلەن ئوماننى ئالالمايدۇ③.

(ئەبۇ داۋۇد: 4638)

① ئەلبانى (3611): سەھىھ ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (16640): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (1005): سەنەدى زەئىپ ۋە مەقتۇئ، ـ دېگەن.

9141 ـ عَنْ عَبْد الرحْمَن بْنَ سَلْمَانَ يَقُولُ سَيَأْتِى مَلِكٌ مِنْ مُلُوكِ الْعَجَمِ يَظْهَـرُ عَلَى الْمَدَائِنِ كُلِهَا إلا دِمَشْقَ.

9141 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى سەلمان مۇنداق دەيدۇ: ئەجەم پادىشاھلىرىدىن بىرى چىقىپ، دەمەشقتىن باشقا ھەممە جاينى ئىگەللەيدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4639)

9142 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ كُنا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ نُؤَلفُ الْقُرْآنَ مِنَ الرقَاعِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «طُوبَى لِلشأْمِ». فَقُلْنَا لأى ذَلِكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ: «لأَن مَلاَئِكَةَ الرحْمَنِ بَاسِطَةٌ أَجْنِحَتَهَا عَلَيْهَا».

9142 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تېرە پارچىسىغا يېزىلغان قۇرئان ئايەتلىرىنى رەتلەۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شام ئۈچۈن نېمىدېگەن زور بەخت؟! ـ دېدى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن؟ ـ دەپ سورىغاندۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چۈنكى پەرىشتىلەر قاناتلىرىنى ئۇ يەرگە يېيىپ تۇرىۋاتىدۇ، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3954)

9143 ـ عَنِ ابْنِ حَوَالَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «سَيَصِيرُ الأَمْرُ إِلَى أَنْ تَكُونُوا جُنُودًا مُجَندَةً جُنْدٌ بِالشامِ وَجُنْدٌ بِالْيَمَنِ وَجُنْدٌ بِالْعِرَاقِ». قَالَ ابْنُ حَوَالَةَ خِرْ لِى يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ أَدْرَكْتُ ذَلِكَ. فَقَالَ «عَلَيْكَ بِالشامِ فَإِنهَا خِيَرَةُ اللهِ مِنْ أَرْضِهِ يَجْتَبِى إِلَيْهَا خِيَرَتَهُ مِنْ عِبَادِهِ فَأَما إِنْ أَبَيْتُمْ فَعَلَيْكُمْ بِيَمَنِكُمْ وَاسْقُوا مِنْ غُدُرِكُمْ فَإِن اللهَ تَوَكلَ لِى بِالشامِ وَأَهْلِهِ».

---

[1] ئەلبانى (3877): سەنەدى سەھىھ ۋە مەقتۇئ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3099): سەھىھ ـ دېگەن.

9143 ـ (ئابدۇللاھ) ئىبنى ھاۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ سىلەر ئۈچ چوڭ قوشۇنغا بۆلۈنىسىلەر. بىر قوشۇن شامدا، بىر قوشۇن يەمەندە، بىر قوشۇن ئىراقتا بولىدۇ، ـ دېدى. مەن:
ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن شۇ زامانغىچە ياشاپ قالسام، (قايسى قوشۇنغا قوشۇلىمەن) بىرنى تاللاپ بەرگىن! ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ شامدىكى قوشۇن بىلەن بىرگە بولغىن. چۈنكى ئۇ، الله تاللىغان يەر بولۇپ، الله ئۇ يەرگە بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللايدۇ. ئەگەر ئۇ يەرگە بارالمىساڭلار، يەمەندىن ئايرىلماڭلار ۋە كۆللىرىڭلاردىن سۇ ئىچىڭلار. الله شام ۋە ئەھلىنى (پىتنىدىن قوغداش ئۈچۈن) ماڭا ۋەدە بەردى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2483)

9144 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ: «سَتَكُونُ هِجْرَةٌ بَعْدَ هِجْرَةٍ فَخِيَارُ أَهْلِ الأَرْضِ أَلْزَمُهُمْ مُهَاجَرَ إِبْرَاهِيمَ وَيَبْقَى فِى الأَرْضِ شِرَارُ أَهْلِهَا تَلْفِظُهُمْ أَرَضُوهُمْ تَقْذَرُهُمْ نَفْسُ اللهِ وَتَحْشُرُهُمُ النَّارُ مَعَ الْقِرَدَةِ وَالْخَنَازِيرِ».

9144 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بۇ ھىجرەتتىن كېيىن يەنە بىر ھىجرەت بولىدۇ. شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغان يەر (شام) دىن ئايرىلمىغانلاردۇر. چۈنكى ئۇ چاغدا، ھەممە يەرنى يامان ئىنسانلار قاپلاپ كېتىدۇ. زېمىن ئۇلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. الله ئۇلاردىن بەكمۇ سەسكىنىدۇ. ئوت ئۇلارنى مايمۇن ۋە چوشقىلار بىلەن بىرگە ھەشر قىلىدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2482)

---

[1] ئەلبانى (2169): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (534): زەئىپ، ـ دېگەن.

9145 ـ عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ صَالِحِ بْنِ دِرْهَمٍ قَالَ سَمِعْتُ أَبِي يَقُولُ انْطَلَقْنَا حَاجِّينَ فَإِذَا رَجُلٌ فَقَالَ لَنَا إِلَى جَنْبِكُمْ قَرْيَةٌ يُقَالُ لَهَا الأُبُلَّةُ قُلْنَا نَعَمْ. قَالَ مَنْ يَضْمَنُ لِي مِنْكُمْ أَنْ يُصَلِّيَ لِي فِي مَسْجِدِ الْعَشَّارِ رَكْعَتَيْنِ أَوْ أَرْبَعًا وَيَقُولَ هَذِهِ لأَبِي هُرَيْرَةَ سَمِعْتُ خَلِيلِي أَبَا الْقَاسِمِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ: «إِنَّ اللَّهَ يَبْعَثُ مِنْ مَسْجِدِ الْعَشَّارِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ شُهَدَاءَ لاَ يَقُومُ مَعَ شُهَدَاءِ بَدْرٍ غَيْرُهُمْ». قَالَ أَبُو دَاوُدَ هَذَا الْمَسْجِدُ مِمَّا يَلِي النَّهَرَ.

9145 ـ ئىبراھىم ئىبنى سالىھ ئىبنى دىرھەمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ھەج سەپىرىگە ئاتلاندۇق. يولدا بىر كىشى (يەنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بىزدىن:

ـ سىلەرگە قوشنا مەھەللە ئۇبۇللە دەپ ئاتىلامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ ھەئە، ـ دېدۇق. ئۇ:

ــ ئاراڭلاردىن كىم ماڭا ئەششار مەسجىدىدە ئىككى ياكى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ: ”بۇ ئەبۇ ھۇرەيرە ئۈچۈن“ دېيىشكە كېپىللىك قىلىدۇ؟ چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «اللە قىيامەت كۈنى ئەششار مەسجىدىدىن شۇنداق شېھىدلەرنى چىقىرىدۇكى، پەقەت شۇلارلا بەدر شېھىدلىرى بىلەن بىللە بولالايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ مەسجىد دەريانىڭ يېنىغا جايلاشقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4308)

9146 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: لَيَبْعَثَنَّ اللَّهُ مِنْ مَدِينَةٍ بِالشَّامِ يُقَالُ لَهَا: حِمْصُ سَبْعِينَ أَلْفًا لاَ حِسَابَ عَلَيْهِمْ مَا بَيْنَ الزَّيْتُونِ وَالْحَائِطِ وَالْبَرْثِ الأَحْمَرِ.

9146 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (928): زەئىپ، ـ دېگەن.

«اللە تائالا شام (سۈرىيە)نىڭ ھەممىس شەھەرىدىكى زەيتۇنلۇق، بوستانلىق ۋە قىزىل تۇپراق ئارىسىدىن ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغان 70 مىڭ كىشىنى تىرىلدۈرىدۇ»[1].

(بەززار: 3537)

9147 ـ عَنْ أَبِى هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «سَيْحَانُ وَجَيْحَانُ وَالْفُرَاتُ وَالنيلُ كُلٌّ مِنْ أَنْهَارِ الْجَنةِ».

9147 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەيھۇن، جەيھۇن، فىرات ۋە نىل قاتارلىق (دەريالار)نىڭ ھەممىسى جەننەت دەريالىرىدۇر».

(مۇسلىم: 2839)

9148 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «عَسْقَلاَنُ أَحَدُ الْعُرُوسَيْنِ يُبْعَثُ مِنْهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ سَبْعُونَ أَلْفاً لاَ حِسَابَ عَلَيْهِمْ وَيُبْعَثُ مِنْهَا خَمْسُونَ أَلْفاً شُهَدَاءَ وُفُوداً إِلَى اللهِ عَز وَجَل وَبِهَا صُفُوفُ الشهَدَاءِ رُءُوسُهُمْ مُقَطعَةٌ فِى أَيْدِيهِمْ تَثِج أَوْدَاجُهُمْ دَماً يَقُولُونَ (رَبنَا آتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ) (إِنك لاَ تُخْلِفُ الْمِيعَادَ) فَيَقُولُ صَدَقَ عَبِيدِى اغْسِلُوهُمْ بِنَهَرِ الْبَيْضَةِ. فَيَخْرُجُونَ مِنْهَا نِقيا بِيضاً فَيَسْرَحُونَ فِى الْجَنةِ حَيْثُ شَاءُوا».

9148 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەسقەلان شۇنداق ئۇلۇغ جايكى، قىيامەت كۈنى، ئۇ يەردىن ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغان 70 مىڭ كىشى تىرىلدۈرۈلىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە 50 مىڭ شېھىد تىرىلدۈرۈلۈپ، شېھىدلەر ئۆمىكى بىلەن اللەنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئۇ شېھىدلەر كېسىلگەن باشلىرىنى قوللىرىدا

[1] ھەيسەمى (18701): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

تۇتقان ۋە بويۇن تومۇرلىرىدىن قانلار ئېقىۋاتقان هالدا سەپ تۇتۇپ: ”ئى پەرۋەردىگارىمىز! پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق بىزگە ۋەدە قىلغان مۇكاپاتنى بەرگىن، چۈنكى سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن“ دەيدۇ. الله: ”قۇللىرىم توغرا ئېيتتى، ئۇلارنى بەيزا دەرياسىدا يۇيۇڭلار!“ دەيدۇ. ئۇلار دەريادا يۇيۇلۇپ، ئاپئاق، پاك ـ پاكىز بولۇپ چىقىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىپ، خالىغان جايدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 12943)

9149 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْصَى عِنْدَ وَفَاتِهِ فَقَالَ: اللهَ اللهَ فِي قِبْطِ مِصْرَ فَإِنكُمْ سَتَظْهَرُونَ عَلَيْهِمْ وَيَكُونُ لَكُمْ عِدةً وَأَعْوَانًا فِي سَبِيلِ اللهِ.

9149 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتتىكى چېغىدا مۇنداق دېگەن:

«مىسىرنىڭ قىبتىلىرى ھەققىدە اللهتىن قورقۇڭلار. پات يېقىندا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسىلەر، شۇندىن كېيىن ئۇلار الله يولىدا سىلەر ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ياردەمچى بولىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»)

9150 ـ عَنْ بُرَيْدَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ: «سَتَكُونُ بَعْدِى بُعُوثٌ كَثِيرَةٌ فَكُونُوا فِى بَعْثِ خُرَاسَانَ ثُم انزِلُوا مَدِينَةَ مَرْوَ فَإِنهُ بَنَاهَا ذُو الْقَرْنَيْنِ وَدَعَا لَهَا بِالْبَرَكَةِ وَلاَ يَضُر أَهْلَهَا سُوءٌ».

---

[1] ھەيسەمى (16665): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ ئىقال ھىلال ئىبنى زەيد ئىبنى يەسار ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16678): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

9150 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«مەندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپكە قوشۇنلار ئەۋەتىلىدۇ. سىلەر خۇراساندا ئەۋەتىلگەن قوشۇن ئىچىدە بولۇڭلار، مەرۋ شەھىرىگە يەرلىشىڭلار، چۈنكى ئۇ شەھەرنى زۇلقەرنەيىن بىنا قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەھلىگە يامانلىق يەتمەيدۇ»①.

(ئەھمەد: 22509)

9151 ـ عَنْ بِلَالٍ الْعَبْسِى قَالَ قَالَ حُذَيْفَةُ مَا أَخْبِيَةٌ بَعْدَ أَخْبِيَةٍ كَانَتْ مَعَ رَسُولِ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ بِبَدْرٍ مَا يُدْفَعُ عَنْهُمْ مَا يُدْفَعُ عَنْ أَهْلِ هَذِهِ الأَخْبِيَةِ وَلاَ يُرِيدُ بِهِمْ قَوْمٌ سُوءاً إِلا أَتَاهُمْ مَا يَشْغَلُهُمْ عَنْهُمْ.

9151 ـ بىلال ئەبسىيى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەدردىكى چېدىرىدىن كېيىن، بۇ چېدىرلار بەكمۇ مۇستەھكەمدۇر. بۇ چېدىرلارنى (كۇفەنى نەزەردە تۇتماقتا) بەدردىكى چېدىرلارنى قوغدىغانلار قوغدايدۇ. قانداق بىر قەۋم ئۇنىڭغا (يەنى كۇفەگە) يامانلىق قىلماقچى بولىدىكەن، الله ئۇلارنى بىر پالاكەتكە يولۇقتۇرىدۇ②.

(ئەھمەد: 22755)

9152 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أن رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ قَالَ لَهُ: «يَا أَنسُ إِن الناسَ يُمَصرُونَ أَمْصَارًا وَإِن مِصْرًا مِنْهَا يُقَالُ لَهُ الْبَصْرَةُ أَوِ الْبُصَيْرَةُ فَإِنْ أَنتَ

① ھەيسەمى (16683): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ سەنەدىدە ئەۋس ئىبنى ئابدۇللاھ؛ تەبەرانىنىڭ سەنەدلىرىدە ئەۋس ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ھەسسام ئىبنى مەسەك ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (16684): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەد ۋە بەززارنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

مَرَرْتَ بِهَا أَوْ دَخَلْتَهَا فَإِيَاكَ وَسِبَاخَهَا وَكِلاَءَهَا وَسُوقَهَا وَبَابَ أُمَرَائِهَا وَعَلَيْكَ بِضَوَاحِيهَا فَإِنَّهُ يَكُونُ بِهَا خَسْفٌ وَقَذْفٌ وَرَجْفٌ وَقَوْمٌ يَبِيتُونَ يُصْبِحُونَ قِرَدَةً وَخَنَازِيرَ».

9152 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«ئى ئەنەس! ئىنسانلار كۆپ شەھەرلەر قۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە (ئىسمى) بەسرە (ياكى بۇسەيرە) دەپ ئاتىلىدىغان بىرى بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالساڭ ياكى ئۇ شەھەرگە كىرسەڭ، ئۇنىڭ شورلۇقىدىن، ئوتلىقىدىن، بازىرىدىن ۋە ئەمىرلىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن يىراق تۇرغىن. ئۇ شەھەرنىڭ (ئىچىدە ئەمەس) ئەتراپىدا ئىستىقامەت قىلغىن. چۈنكى ئۇ يەردە يەر يۇتۇش، تاش يېغىش ۋە يەر تەۋرەش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. ئۇ يەردە بىر قەۋم كەچقۇرۇن ئىنسان ھالىتىدە ياتىدۇ، ئەمما تاڭ ئاتقاندا، مايمۇن ۋە توڭگۇز شەكلىدە قوپىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4307)

9153 ـ مَالِكٌ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَرَادَ الْخُرُوجَ إِلَى الْعِرَاقِ فَقَالَ لَهُ كَعْبُ الأَحْبَارِ لاَ تَخْرُجْ إِلَيْهَا يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَإِن بِهَا تِسْعَةَ أَعْشَارِ السحْرِ وَبِهَا فَسَقَةُ الْجِن وَبِهَا الداءُ الْعُضَالُ.

9153 ـ مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراققا بارماقچى بولغانىدى، كەئىبۇل ئەھبار ئۇنىڭغا:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ يەرگە بارمىغىن. چۈنكى ئۇ يەردە سېھىرنىڭ ئوندىن توققۇزى، جىنىنىڭ پاسىقلىرى ۋە ھالاك قىلغۇچى كېسەللىك بار، ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (3619): سەھىھ ـ دېگەن.

9154 ـ عَنِ ابْنِ عُمَرَ ـ رضى الله عنهما ـ قَالَ لَما مَر النبى ـ صلى الله عليـه وسلم ـ بِالْحِجْرِ قَالَ «لاَ تَدْخُلُوا مَسَاكِنَ الذِينَ ظَلَمُوا أَنفُسَهُمْ أَنْ يُصِيبَكُمْ مَا أَصَابَهُمْ إِلا أَنْ تَكُونُوا بَاكِينَ» . ثُم قَنعَ رَأْسَهُ وَأَسْرَعَ السيْرَ حَتى أَجَازَ الْوَادِىَ.

9154 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ يۇرتلىرىغا كىرمەڭلاركى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن (مۇسىبەت) لەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمىسۇن. ئۇ يەردىن يىغلىغان ھالدا ئۆتۈڭلار!» دېدى، ئاندىن بېشىنى ئېگىپ، ۋادىدىن ئۆتۈپ بولغىچە ناھايىتى تېز ماڭدى.

(بۇخارى: 4419)

9155 ـ عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ أَخْبَرَهُ أَن الناسَ نَزَلُوا مَعَ رَسُـولِ اللـهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ عَلَى الْحِجْرِ أَرْضِ ثَمُودَ فَاسْتَقَوْا مِنْ آبَارِهَا وَعَجَنُوا بِهِ الْعَجِـينَ فَأَمَرَهُمْ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ أَنْ يُهَرِيقُوا مَا اسْتَقَوْا وَيَعْلِفُوا الإِبِلَ الْعَجِينَ وَأَمَرَهُمْ أَنْ يَسْتَقُوا مِنَ الْبِئْرِ التِى كَانَتْ تَرِدُهَا الناقَةُ.

9155 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە سەمۇد قەۋمى ياشىغان زېمىن ھىجردە قونىدى، ئۇ يەردىكى قۇدۇقلاردىن سۇ تارتىپ، خېمىر يۇغۇرغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى (ئۇ قۇدۇقلاردىن ئالغان) سۇلارنى تۆكۈپ، خېمىرنى تۆگىگە بېرىۋېتىشكە ۋە چىشى تۆگە (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى) سۇ ئىچكەن قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ئىچىشكە بۇيرىدى.

(مۇسلىم: 2981)

# قىسسىلەر بۆلۈمى

9156 ـ عَنْ صُهَيْبٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ مَلِكٌ فِيمَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ وَكَانَ لَهُ سَاحِرٌ فَلَما كَبِرَ قَالَ لِلْمَلِكِ إِني قَدْ كَبِرْتُ فَابْعَثْ إِلَي غُلَامًا أُعَلمْهُ السحْرَ فَبَعَثَ إِلَيْهِ غُلَامًا يُعَلمُهُ فَكَانَ فِي طَرِيقِهِ إِذَا سَلَكَ رَاهِبٌ فَقَعَدَ إِلَيْهِ وَسَمِعَ كَلَامَهُ فَأَعْجَبَهُ فَكَانَ إِذَا أَتَى الساحِرَ مَر بِالراهِبِ وَقَعَدَ إِلَيْهِ فَإِذَا أَتَى الساحِرَ ضَرَبَهُ فَشَكَا ذَلِكَ إِلَى الراهِبِ فَقَالَ إِذَا خَشِيتَ الساحِرَ فَقُلْ حَبَسَنِي أَهْلِي وَإِذَا خَشِيتَ أَهْلَكَ فَقُلْ حَبَسَنِي الساحِرُ فَبَيْنَمَا هُوَ كَذَلِكَ إِذْ أَتَى عَلَى دَابةٍ عَظِيمَةٍ قَدْ حَبَسَتْ الناسَ فَقَالَ الْيَوْمَ أَعْلَمُ آلساحِرُ أَفْضَلُ أَمْ الراهِبُ أَفْضَلُ فَأَخَذَ حَجَرًا فَقَالَ اللهُم إِنْ كَانَ أَمْرُ الراهِبِ أَحَب إِلَيْكَ مِنْ أَمْرِ الساحِرِ فَاقْتُلْ هَذِهِ الدابةَ حَتى يَمْضِيَ الناسُ فَرَمَاهَا فَقَتَلَهَا وَمَضَى الناسُ فَأَتَى الراهِبَ فَأَخْبَرَهُ فَقَالَ لَهُ الراهِبُ أَيْ بُنَي أَنْتَ الْيَوْمَ أَفْضَلُ مِني قَدْ بَلَغَ مِنْ أَمْرِكَ مَا أَرَى وَإِنكَ سَتُبْتَلَى فَإِنْ ابْتُلِيتَ فَلَا تَدُل عَلَي وَكَانَ الْغُلَامُ يُبْرِئُ الْأَكْمَهَ وَالْأَبْرَصَ وَيُدَاوِي الناسَ مِنْ سَائِرِ الْأَدْوَاءِ فَسَمِعَ جَلِيسٌ لِلْمَلِكِ كَانَ قَدْ عَمِيَ فَأَتَاهُ بِهَدَايَا كَثِيرَةٍ فَقَالَ مَا هَاهُنَا لَكَ أَجْمَعُ إِنْ أَنْتَ شَفَيْتَنِي فَقَالَ إِني لَا أَشْفِي أَحَدًا إِنمَا يَشْفِي اللهُ فَإِنْ أَنْتَ آمَنْتَ بِاللهِ دَعَوْتُ اللهَ فَشَفَاكَ فَآمَنَ بِاللهِ فَشَفَاهُ اللهُ فَأَتَى الْمَلِكَ فَجَلَسَ إِلَيْهِ كَمَا كَانَ يَجْلِسُ فَقَالَ لَهُ الْمَلِكُ مَنْ رَد عَلَيْكَ بَصَرَكَ قَالَ رَبي قَالَ وَلَكَ رَب غَيْرِي قَالَ رَبي وَرَبكَ اللهُ فَأَخَذَهُ فَلَمْ يَزَلْ يُعَذبُهُ حَتى دَل عَلَى الْغُلَامِ فَجِيءَ بِالْغُلَامِ فَقَالَ لَهُ الْمَلِكُ أَيْ بُنَي قَدْ بَلَغَ مِنْ سِحْرِكَ مَا تُبْرِئُ الْأَكْمَهَ وَالْأَبْرَصَ وَتَفْعَلُ وَتَفْعَلُ فَقَالَ إِني لَا أَشْفِي أَحَدًا إِنمَا يَشْفِي اللهُ فَأَخَذَهُ فَلَمْ يَزَلْ يُعَذبُهُ حَتى دَل عَلَى الراهِبِ فَجِيءَ بِالراهِبِ فَقِيلَ لَهُ ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ فَأَبَى فَدَعَا بِالْمِئْشَارِ فَوَضَعَ الْمِئْشَارَ فِي مَفْرِقِ رَأْسِهِ فَشَقهُ حَتى وَقَعَ شِقاهُ ثُم جِيءَ بِجَلِيسِ الْمَلِكِ فَقِيلَ لَهُ ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ فَأَبَى فَوَضَعَ الْمِئْشَارَ فِي مَفْرِقِ رَأْسِهِ فَشَقهُ بِهِ حَتى وَقَعَ شِقاهُ ثُم جِيءَ بِالْغُلَامِ فَقِيلَ لَهُ ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ فَأَبَى فَدَفَعَهُ إِلَى نَفَرٍ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَ

اذْهُبوا بِهِ إِلَى جَبَلِ كَذَا وَكَذَا فَاصْعَدُوا بِهِ الْجَبَلَ فَإِذَا بَلَغْتُمْ ذُرْوَتَهُ فَإِنْ رَجَعَ عَنْ دِينِهِ وَإِلا
فَاطْرَحُوهُ فَذَهَبُوا بِهِ فَصَعِدُوا بِهِ الْجَبَلَ فَقَالَ اللهُم اكْفِنِيهِمْ بِمَا شِئْتَ فَرَجَفَ بِهِمْ الْجَبَلُ
فَسَقَطُوا وَجَاءَ يَمْشِي إِلَى الْمَلِكِ فَقَالَ لَهُ الْمَلِكُ مَا فَعَلَ أَصْحَابُكَ قَالَ كَفَانِيهِمُ اللهُ فَدَفَعَهُ
إِلَى نَفَرٍ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَ اذْهَبُوا بِهِ فَاحْمِلُوهُ فِي قُرْقُورٍ فَتَوَسطُوا بِهِ الْبَحْرَ فَإِنْ رَجَعَ عَنْ
دِينِهِ وَإِلا فَاقْذِفُوهُ فَذَهَبُوا بِهِ فَقَالَ اللهُم اكْفِنِيهِمْ بِمَا شِئْتَ فَانْكَفَأَتْ بِهِمْ السفِينَةُ فَغَرِقُوا
وَجَاءَ يَمْشِي إِلَى الْمَلِكِ فَقَالَ لَهُ الْمَلِكُ مَا فَعَلَ أَصْحَابُكَ قَالَ كَفَانِيهِمُ اللهُ فَقَالَ لِلْمَلِكِ
إِنكَ لَسْتَ بِقَاتِلِي حَتى تَفْعَلَ مَا آمُرُكَ بِهِ قَالَ وَمَا هُوَ قَالَ تَجْمَعُ الناسَ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ
وَتَصْلُبُنِي عَلَى جِذْعٍ ثُم خُذْ سَهْمًا مِنْ كِنَانَتِي ثُم ضَعْ السهْمَ فِي كَبِدِ الْقَوْسِ ثُم قُلْ بِاسْمِ
اللهِ رَب الْغُلَامِ ثُم ارْمِنِي فَإِنكَ إِذَا فَعَلْتَ ذَلِكَ قَتَلْتَنِي فَجَمَعَ الناسَ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ وَصَلَبَهُ
عَلَى جِذْعٍ ثُم أَخَذَ سَهْمًا مِنْ كِنَانَتِهِ ثُم وَضَعَ السهْمَ فِي كَبْدِ الْقَوْسِ ثُم قَالَ بِاسْمِ اللهِ
رَب الْغُلَامِ ثُم رَمَاهُ فَوَقَعَ السهْمُ فِي صُدْغِهِ فَوَضَعَ يَدَهُ فِي صُدْغِهِ فِي مَوْضِعِ السهْمِ فَمَاتَ
فَقَالَ الناسُ آمَنا بِرَب الْغُلَامِ آمَنا بِرَب الْغُلَامِ آمَنا بِرَب الْغُلَامِ فَأُتِيَ الْمَلِكُ فَقِيلَ لَهُ أَرَأَيْتَ مَا
كُنْتَ تَحْذَرُ قَدْ وَاللهِ نَزَلَ بِكَ حَذَرُكَ قَدْ آمَنَ الناسُ فَأَمَرَ بِالْأُخْدُودِ فِي أَفْوَاهِ السكَكِ
فَخُدتْ وَأَضْرَمَ النيرَانَ وَقَالَ مَنْ لَمْ يَرْجِعْ عَنْ دِينِهِ فَأَحْمُوهُ فِيهَا أَوْ قِيلَ لَهُ اقْتَحِمْ فَفَعَلُوا
حَتى جَاءَتْ امْرَأَةٌ وَمَعَهَا صَبِي لَهَا فَتَقَاعَسَتْ أَنْ تَقَعَ فِيهَا فَقَالَ لَهَا الْغُلَامُ يَا أُمهْ اصْبِرِي
فَإِنكِ عَلَى الْحَق.

9156 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھىرگەرى بار ئىدى. سېھىرگەر قېرىپ قالغان چاغدا، پادىشاھقا: ”مەن قېرىپ قالدىم. ماڭا بىر بالا بەرگىن، ئۇنىڭغا سېھىر ئۆگىتەي!“ دېدى. پادىشاھ بىر بالىنى ئۇنىڭدىن سېھىر ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بالىنىڭ (بېرىپ ـ كېلىدىغان) يولى ئۈستىدە بىر راھىب بار بولۇپ، سېھىرگەرنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئۇ راھىبنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بەزى ئىشلارنى سورايتتى. شۇنىڭ بىلەن، سېھىرگەرنىڭ يېنىغا كەچ قېلىپ، تاياق يەيتتى. بالا بۇ ئەھۋالنى

راھىبقا ئېيتىپ، شىكايەت قىلدى. راھىب ئۇنىڭغا: ''سېھرىگەرنىڭ جازاسىدىن قورقساڭ: مېنى ئائىلەم تۇتۇپ قالدى، ـ دېگىن. ئائىلەڭنىڭ جازاسىدىن قورقساڭ: مېنى سېھرىگەر تۇتۇپ قالدى، ـ دېگىن'' دەپ ئۆگەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بالا ئىنسانلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغان ناھايىتى يوغان بىر مەخلۇققا دۇچ كەلدى ـ دە: ئۆز ـ ئۆزىگە: ''بۈگۈن سېھرىگەرنىڭ بىلىمى كۆچلۈكمۇ ياكى راھىبنىڭ بىلىمى كۆچلۈكمۇ؟ بۇنى بىلىۋالىمەن'' دېدى، ئاندىن قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ: ''ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر راھىبنىڭ ئىشى ساڭا سېھرىگەرنىڭ ئىشىدىن ياخشىراق بولسا، بۇ مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانلارنى خاتىرجەم قىلغىن!'' دەپ تاشنى ئاتقان ئىدى، ھايۋان ئۆلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار خاتىرجەم بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. بالا راھىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، راھىب ئۇنىڭغا: ''ئى ئوغلۇم! سەن مەندىن ئۆتۈپ كېتىپسەن. كەلگۈسىدە بېشىڭغا مۇسىبەتلەر كېلىدۇ. شۇ چاغدا، مەن توغرۇلۇق ھېچكىمگە سۆز قىلمىغىن!'' دېدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ بالا قارىغۇلارنى، ماخاۋ ۋە باشقا كېسەللەرنى داۋالاشقا باشلىدى. پادىشاھنىڭ بىر قارىغۇ دوستى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كۆپ سوۋغاتلار بىلەن كەلدى ۋە: ''ئەگەر سەن ماڭا شىپا بەرسەڭ، ساڭا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بېرىمەن'' دېدى. بالا: ''مەن ھېچكىمگە شىپا بەرمەيمەن، بەلكى شىپانى الله بېرىدۇ. ئەگەر سەن اللهقا ئىمان كەلتۈرسەڭ، مەن دۇئا قىلىمەن، الله ساڭا شىپا بېرىدۇ'' دېدى. ئۇ قارىغۇ اللهقا ئىمان كەلتۈردى، الله ئۇنىڭغا شىپا بەردى (يەنى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى). كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئىدى، پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ''كۆزۈڭنى كىم ساقايتتى؟'' دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: ''رەببىم'' دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ: ''مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟'' دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: ''مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىڭ اللهتۇر'' دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ ئۇنى تۇتۇپ ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرى چىدىيالماي بالىنىڭ تۇرغان يېرىنى كۆرسىتىپ قويدى. بالا ئېلىپ كېلىندى، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

’’سېنىڭ سېھرىڭ بەكمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. قارىغۇلارنى، ماخاۋلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللەرنى داۋالاپ، شىپا بېرىدىغان بولۇپ كېتىپسەن‘‘ دېدى. ئۇ بالا: ’’مەن ھېچكىمگە شىپا بەرمەيمەن، شىپا بەرگۈچى اللەتۇر‘‘ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ بالىنى تۇتۇپ ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇمۇ ئازابقا چىدىيالماي، راھىبنى كۆرسىتىپ قويىدى. راھىب ئېلىپ كېلىنىپ: ’’دىنىڭدىن قايت!‘‘ دېيىلدى. راھىب قوبۇل قىلمىغانىدى، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەرىدەپ، ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. ئاندىن پادىشاھنىڭ يېقىنى ئېلىپ كېلىنىپ: ’’دىنىڭدىن قايت!‘‘ دېيىلدى. ئۇمۇ قوبۇل قىلمىغانىدى، ئۇنىڭمۇ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەرىدەپ، بەدىنىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. ئاندىن بالا ئېلىپ كېلىنىپ: ’’دىنىڭدىن قايت!‘‘ دېيىلدى. لېكىن ئۇمۇ قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنى بىر گورۇھ لەشكەرگە تاپشۇرۇپ: ’’بۇنى پالانى تاغقا ئېلىپ چىقىڭلار، چوققىغا چىققاندا، دىنىدىن ۋاز كېچىشنى ئېيتىڭلار. ئەگەر ۋاز كەچسە ياندۇرۇپ كېلىڭلار، بولمىسا، تاغدىن پەسكە تاشلىۋېتىڭلار!‘‘ دېدى. ئۇلار بالىنى تاغقا ئېلىپ چىققاندا، بالا: ’’ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى بۇلاردىن ئۆزەڭ خالىغان نەرسە بىلەن قوغدىغىن!‘‘ دەپ دۇئا قىلغانىدى، تاغ قاتتىق سىلكىنىپ، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى پەسكە دومىلاپ كەتتى. بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ’’قالغانلار قېنى؟‘‘ دەپ سورىغانىدى، بالا: ’’الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى‘‘ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر گورۇھ لەشكەرگە تاپشۇرۇپ: ’’بۇنى كېمىگە سېلىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، دىنىدىن قايتسا قويۇۋېتىڭلار. قايتمىسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار!‘‘ دېدى. ئۇلار دېڭىزغا يېتىپ بارغاندا، بالا: ’’ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى بۇلاردىن ئۆزەڭ خالىغان نەرسە بىلەن قوغدىغىن!‘‘ دەپ دۇئا قىلغانىدى، كېمە چۆكۈپ كېتىپ، (بالىدىن باشقا) ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولدى. بالا يەنە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ باردى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ’’قالغانلارغا نېمە بولدى؟‘‘ دەپ سورىغانىدى، بالا: ’’الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. سەن

مېنىــڭ دېگىنىمنــى قىلمىغــچە مېنــى ئۆلتۈرەلمەيســەن؟‘‘ دېــدى. پادىشاھ: ’’نېمىلەرنى قىلىمەن؟‘‘ دەپ سورىغانىدى، بالا: ’’خەلقنــى بىــر يەرگە توپلاپ، مېنى بىر دەرەخكە باغلايسەن. ئاندىن ئوقدىنىمدىن بىــر ئوقنى ئېلىــپ ئۇنى ياچاقۇا قويۇپ: بۇ بالىنىــڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللهنىــڭ ئىســمى بىــلەن ئــاتىمەن، ـ دەپ (ئــوقنى) ئاتىســەن. شــۇنداق قىلساڭلا، مېنــى ئۆلتۈرەلەيســەن‘‘ دېــدى. پادىشــاھ خەلقنــى بىــر يەرگە توپلاپ، بالىنى بىر دەرەخكە باغلىــدى. ئانــدىن ئۇنىــڭ ئوقدىنىــدىن بىــر ئوقنى ئېلىپ، ياچاقۇا قويۇپ: ’’بۇ بالىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىمەن‘‘ دەپ ئاتتى. ئوق بالىنىــڭ چېكىســىگە تەگــدى، بالا چېكىســىگە قــولىنى قويغــان ھالــدا ئۆلــدى. شــۇ چاغــدا ئىنســانلار: ’’بالىنىــڭ رەببىــگە ئىمــان كەلتــۈردۇق، بالىنىــڭ رەببىــگە ئىمــان كەلتۈردۇق، بالىنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتــۈردۇق‘‘ دېيىشــتى. شــۇنىڭ بىلەن، بىرى پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: ’’سەن ئەنسىرىگەن ئىــش يــۈز بەردى. ئىنســانلارنىڭ ھەممىســى بالىنىــڭ رەببىــگە ئىمــان كەلتۈردى‘‘ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشــاھ يوغــان خەندەكلەرنى كــولاپ، ئۇنىڭغــا ئــوت يېقىشــنى ھەمــدە كىمكــى دىنىــدىن قايتمىســا، ئــۇ خەنــدەكلەرگە تاشلاشــنى بۇيرىــدى. (دىنىــدىن قايتمىغــان) ئىنســانلارغا: ’’ئۆزەڭنى (ئوتقا) تاشــلا!‘‘ دېيىلــدى، ئــۇلار ئــۆزلىرىنى تاشلاشــتى. نــۆۋەت قۇچىقىدا بالىسى بار بىر ئايالغا كەلگەندە، ئايــال ئىككىلىنىــپ قالغــان ئىدى، قۇچاقتىكى بالىسى ئۇنىڭغا: ’’ئــى ئانــا! جۈرئەتلىــك بــول، چــۈنكى ھەق يولدىسەن‘‘ دەپ نىــدا قىلــدى (شــۇنىڭ بىــلەن، ئــۇ ئايــالمۇ بالىســى بىلەن بىرگە ئوتقا سەكرىدى)».

(مۇسلىم: 3005)

9157 ـ عَنْ صُهَيْبٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَلى الْعَصْـرَ هَمَسَ وَالْهَمْسُ فِي قَوْلِ بَعْضِهِمْ تَحَركُ شَفَتَيْهِ كَأَنهُ يَتَكَلمُ فَقِيلَ لَهُ إِنكَ يَا رَسُولَ اللـهِ إِذَا صَلَيْتَ الْعَصْرَ هَمَسْتَ قَالَ إِن نَبِيا مِنْ الْأَنْبِيَاءِ كَانَ أُعْجِبَ بِأُمتِهِ فَقَالَ مَنْ يَقُـومُ لِهَؤُلَـاءِ فَأَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ أَنْ خَيرْهُمْ بَيْنَ أَنْ أَنْتَقِمَ مِنْهُمْ وَبَيْنَ أَنْ أُسَلطَ عَلَيْهِمْ عَـدُوهُمْ فَاخْتَـارُوا

النقْمَةَ فَسَلطَ عَلَيْهِمْ الْمَوْتَ فَمَاتَ مِنْهُمْ فِي يَوْمٍ سَبْعُونَ أَلْفًا قَالَ وَكَانَ إِذَا حَدثَ بِهَـذَا الْحَدِيثِ حَدثَ بِهَذَا الْحَدِيثِ الْآخَرِ قَالَ كَانَ مَلِكٌ مِنْ الْمُلُوكِ وَكَانَ لِذَلِكَ الْمَلِكِ كَاهِنٌ يَكْهَنُ لَهُ فَقَالَ الْكَاهِنُ انْظُرُوا لِي غُلَامًا فَهِمًا أَوْ قَالَ فَطِنًا لَقِنًا فَأُعَلمَهُ عِلْمِي هَـذَا فَـإِني أَخَافُ أَنْ أَمُوتَ بنحوه. قَالَ يَقُولُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى فِيهِ { قُتِلَ أَصْحَابُ الْأُخْدُودِ النـارِ ذَاتِ الْوَقُودِ حَتى بَلَغَ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ } قَالَ فَأَما الْغُلَامُ فَإِنهُ دُفِنَ فَيُذْكَرُ أَنهُ أُخْرِجَ فِي زَمَنِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ وَأُصْبُعُهُ عَلَى صُدْغِهِ كَمَا وَضَعَهَا حِينَ قُتِلَ.

9157 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئېغىزىنى خۇددى گەپ قىلىۋاتقاندەك قىمىلداتتى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن ئەسىر نامىزىدىن كېيىن، ئاغزىڭنى قىمىلداتتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ــ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئۈممىتى (نىڭ كۆپلۈكىدىن) پەخىرلىنىپ: ''بۇلارغا كىم قارشى تۇرالايدۇ؟'' دېدى. شۇ چاغدا اللهتىن ئۇنىڭغا: ''ئۇلارنى جازالىشىمنى تاللامسەن ياكى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ قويۇشىمنى تاللامسەن؟'' دېگەن ۋەھيى كەلدى. ئۇلار جازالىنىشنى تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇلارغا ئۆلۈمنى مۇسەللەت قىلدى ۋە بىر كۈندە ئۇلاردىن 70 مىڭ كىشى ئۆلدى.

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلىگەندە مۇنۇ ھەدىسنىمۇ سۆزلەپ بېرەتتى: «بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھىرگىرى بار ئىدى. سېھىرگەر: ''ماڭا ئەقىللىق بىر بالا تېپىڭلار، ئۇنىڭغا بىلىمىمنى ئۆگىتەي. چۈنكى مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقىمەن'' دېدى...». داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

راۋىي مۇنداق دېدى: الله تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆئمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار

مۇئمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيەگە لايىق اللهقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللهقا خاستۇر [1].

(سېھىر ئۆگەنگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇ بالا دەپنە قىلىندى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا قەبرىدىن ئۇنىڭ جەسىدى چىقىرىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بالا قولىنى چېكىسىگە قويغان ھالدا (يەنى قانداق ئۆلگەن بولسا، قەبرىدە شۇنداق) ياتقان ئىكەن[2].

(تىرمىزى: 3340)

9158 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَمْ يَتَكَلمْ فِي الْمَهْدِ إِلا ثَلَاثَةٌ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ وَصَاحِبُ جُرَيْجٍ وَكَانَ جُرَيْجٌ رَجُلًا عَابِدًا فَاتخَذَ صَوْمَعَةً فَكَانَ فِيهَا فَأَتَتْهُ أُمهُ وَهُوَ يُصَلي فَقَالَتْ يَا جُرَيْجُ فَقَالَ يَا رَب أُمي وَصَلَاتِي فَأَقْبَلَ عَلَى صَلَاتِهِ فَانْصَرَفَتْ فَلَما كَانَ مِنْ الْغَدِ أَتَتْهُ وَهُوَ يُصَلي فَقَالَتْ يَا جُرَيْجُ فَقَالَ يَا رَب أُمي وَصَلَاتِي فَأَقْبَلَ عَلَى صَلَاتِهِ فَانْصَرَفَتْ فَلَما كَانَ مِنْ الْغَدِ أَتَتْهُ وَهُوَ يُصَلي فَقَالَتْ يَا جُرَيْجُ فَقَالَ أَيْ رَب أُمي وَصَلَاتِي فَأَقْبَلَ عَلَى صَلَاتِهِ فَقَالَتْ اللهُم لَا تُمِتْهُ حَتى يَنْظُرَ إِلَى وُجُوهِ الْمُومِسَاتِ فَتَذَاكَرَ بَنُو إِسْرَائِيلَ جُرَيْجًا وَعِبَادَتَهُ وَكَانَتْ امْرَأَةٌ بَغِي يُتَمَثلُ بِحُسْنِهَا فَقَالَتْ إِنْ شِئْتُمْ لَأَفْتِنَنهُ لَكُمْ قَالَ فَتَعَرضَتْ لَهُ فَلَمْ يَلْتَفِتْ إِلَيْهَا فَأَتَتْ رَاعِيًا كَانَ يَأْوِي إِلَى صَوْمَعَتِهِ فَأَمْكَنَتْهُ مِنْ نَفْسِهَا فَوَقَعَ عَلَيْهَا فَحَمَلَتْ فَلَما وَلَدَتْ قَالَتْ هُوَ مِنْ جُرَيْجٍ فَأَتَوْهُ فَاسْتَنْزَلُوهُ وَهَدَمُوا صَوْمَعَتَهُ وَجَعَلُوا يَضْرِبُونَهُ فَقَالَ مَا شَأْنُكُمْ قَالُوا زَنَيْتَ بِهَذِهِ الْبَغِي فَوَلَدَتْ مِنْكَ فَقَالَ أَيْنَ الصبِي فَجَاءُوا بِهِ فَقَالَ دَعُونِي حَتى أُصَليَ فَصَلى فَلَما انْصَرَفَ أَتَى الصبِي فَطَعَنَ فِي بَطْنِهِ وَقَالَ يَا غُلَامُ مَنْ أَبُوكَ قَالَ فُلَانٌ الراعِي قَالَ فَأَقْبَلُوا عَلَى جُرَيْجٍ يُقَبلُونَهُ وَيَتَمَسحُونَ بِهِ وَقَالُوا نَبْنِي لَكَ صَوْمَعَتَكَ مِنْ ذَهَبٍ قَالَ لَا أَعِيدُوهَا مِنْ طِينٍ كَمَا كَانَتْ فَفَعَلُوا وَبَيْنَا صَبِي يَرْضَعُ مِنْ أُمهِ فَمَر رَجُلٌ رَاكِبٌ عَلَى دَابةٍ فَارِهَةٍ وَشَارَةٍ حَسَنَةٍ فَقَالَتْ أُمهُ اللهُم اجْعَلْ ابْنِي مِثْلَ هَذَا فَتَرَكَ الثدْيَ وَأَقْبَلَ إِلَيْهِ فَنَظَرَ إِلَيْهِ فَقَالَ اللهُم لَا تَجْعَلْنِي مِثْلَهُ ثُم أَقْبَلَ عَلَى ثَدْيِهِ

[1] سۈرە بۇرۇج، 4 ـ دىن 8 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (2661): سەھىھ ـ دېگەن.

فَجَعَلَ يَرْتَضِعُ قَالَ فَكَأَنِي أَنْظُرُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَحْكِي ارْتِضَاعَهُ بِإِصْبَعِهِ السبابَةِ فِي فَمِهِ فَجَعَلَ يَمُصهَا قَالَ وَمَروا بِجَارِيَةٍ وَهُمْ يَضْرِبُونَهَا وَيَقُولُونَ زَنَيْتِ سَرَقْتِ وَهِيَ تَقُولُ حَسْبِيَ اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ فَقَالَتْ أُمهُ اللهُم لَا تَجْعَلْ ابْنِي مِثْلَهَا فَتَرَكَ الرضَاعَ وَنَظَرَ إِلَيْهَا فَقَالَ اللهُم اجْعَلْنِي مِثْلَهَا فَهُنَاكَ تَرَاجَعَا الْحَدِيثَ فَقَالَتْ حَلْقَى مَر رَجُلٌ حَسَنُ الْهَيْئَةِ فَقُلْتُ اللهُم اجْعَلْ ابْنِي مِثْلَهُ فَقُلْتَ اللهُم لَا تَجْعَلْنِي مِثْلَهُ وَمَروا بِهَذِهِ الْأَمَةِ وَهُمْ يَضْرِبُونَهَا وَيَقُولُونَ زَنَيْتِ سَرَقْتِ فَقُلْتُ اللهُم لَا تَجْعَلْ ابْنِي مِثْلَهَا فَقُلْتَ اللهُم اجْعَلْنِي مِثْلَهَا قَالَ إِن ذَاكَ الرجُلَ كَانَ جَبارًا فَقُلْتُ اللهُم لَا تَجْعَلْنِي مِثْلَهُ وَإِن هَذِهِ يَقُولُونَ لَهَا زَنَيْتِ وَلَمْ تَزْنِ وَسَرَقْتِ وَلَمْ تَسْرِقْ فَقُلْتُ اللهُم اجْعَلْنِي مِثْلَهَا.

9158 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ كىشىدىن باشقا ھېچكىم بوۋاقلىقىدا گەپ قىلمىغان. ئۇلارنىڭ بىرى، مەريەم ئوغلى ئىيسا (ئەلەيھىسسالام)؛ يەنە بىرى، جۇرەيجگە تۆھمەت قىلىنغان بالا بولۇپ، ئەسلىدە جۇرەيج بەكمۇ ئىبادەتگۇي كىشى ئىدى ۋە ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا بىنا قىلغان بولۇپ، (شۇنىڭ ئىچىدە ياشايتتى). ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئانىسى كېلىپ: ”ئى جۇرەيج!“ دەپ چاقىردى. جۇرەيج: ”ئى رەببىم! ئاناممۇ، نامازمۇ؟“ دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئانىسى كېتىپ قالدى. ئەتىسى يەنە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئانىسى كېلىپ: ”ئى جۇرەيج!“ دەپ چاقىردى. جۇرەيج يەنە: ”ئى رەببىم! ئاناممۇ، نامازمۇ؟“ دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۆگىنى يەنە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئانىسى كېلىپ: ”ئى جۇرەيج!“ دەپ چاقىردى. جۇرەيج يەنە: ”ئى رەببىم! ئاناممۇ، نامازمۇ؟“ دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئانىسى: ”ئى رەببىم! ئوغلۇمنى جالاپ خوتۇنلارنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، قەبزى روھ قىلمىغىن!“ دەپ بەددۇئا قىلدى. ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆز ئارىلىرىدا جۇرەيج ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىنى تىلغا ئېلىشاتتى. بەكمۇ چىرايلىق بىر پاھىشە ئايال بار بولۇپ، ئۇ ئايال: ”ئەگەر خالىساڭلار، مەن ئۇنى ئازدۇرالايمەن“ دېدى ۋە

جۇرەيجنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ئازدۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما جۇرەيج ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال جۇرەيجنىڭ ئىبادەتخانىسىدا يېتىپ قوپىدىغان بىر پادىچى بىلەن زىنا قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن هامىلدار بولدى. بالا تۇغۇلغاندا، ئۇ خوتۇن بالىنىڭ جۇرەيجدىن بولغانلىقىنى دەۋا قىلدى. ئادەملەر كېلىپ، ئۇنى ئىبادەتخانىدىن چىقاردى ۋە ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. جۇرەيج: ”نېمە ئىش بولدى؟“ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: ”سەن بۇ ئايال بىلەن زىنا قىلدىڭ، ئۇ سېنىڭ بالاڭنى تۇغدى“ دېيىشتى. جۇرەيج: ”بالا قەيەردە؟“ دەپ سورىدى. بالا ئېلىپ كېلىندى. جۇرەيج: ”ماڭا چېقىلماي تۇرۇڭلار، ناماز ئوقۇۋالاي“ دېدى. (نامازدىن) كېيىن كېلىپ، بالىنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ تۇرۇپ: ”ئى بالا! سېنىڭ داداڭ كىم؟“ دەپ سورىغانىدى، بالا: ”دادام پالانى پادىچى“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر جۇرەيجنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى ۋە: ”سېنىڭ ئىبادەتخاناڭنى ئالتۇندىن ياساپ بېرىمىز“ دېيىشتى. لېكىن جۇرەيج: ”ياق، ئۇنى بۇرۇنقىدەك لايدىن ياساڭلار“ دېدى. ئۇلار لايدىن ياساپ بېرىشتى.

ئۈچىنچىسى؛ بىر بالا ئانىسىنى ئېمىۋاتاتتى، ئاتقا مىنگەن، ناهايىتى كېلىشكەن بىر كىشى ئۇ يەردىن ئۆتتى. ئانىسى: ”ئى رەببىم! مېنىڭ ئوغلۇمنىمۇ مۇشۇ ئادەمدەك قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلغانىدى، بالا ئەمچەكتىن ئاغزىنى چىقىرىپ، ئۇ ئادەمگە بۇرۇلۇپ قارىغان هالدا: ”ئى رەببىم! مېنى بۇنىڭدەك قىلمىغىن“ دېدى ۋە ئەمچەكنى قايتا ئېمىشكە باشلىدى (ئەبۇ هۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنى ئېمىشىنى دورىغاندەك، بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ شورىشى هازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ). (پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:) كېيىن، ئۇ ئانا بىر چۆرىنى ئۇرۇپ ماڭغان بىر توپ كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇلار چۆرىنى: ”زىنا قىلدىڭ، ئوغرىلىق قىلدىڭ“ دەپ ئۇرۇۋاتاتتى. چۆرە بولسا: ”الله ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى

ۋەكىلدۇر“ دەيتتى. بۇنى كۆرگەن ئايال: ”ئى رەببىم! مېنىڭ ئوغلۇمنى بۇنىڭدەك قىلمىغىن!“ دەپ دۇئا قىلغانىدى، بالا يەنە ئەمچەكتىن ئاغزىنى چىقىرىپ: ”ئى رەببىم! مېنى بۇنىڭدەك قىلغىن!“ دېدى». شۇنىڭ بىلەن ئانىسى بالىسىغا: ”كېلىشكەن بىر كىشى ئۆتكەنىدە، مەن: ئى رەببىم! ئوغلۇمنى بۇنىڭدەك قىلغىن! ـ دېدىم. سەن بولساڭ: ئى رەببىم! ئۇنىڭدەك قىلما! ـ دېدىڭ. كېيىن، يېنىمىزدىن زىنا ۋە ئوغرىلىق قىلدى، دەپ دۇمبالىنىۋاتقان بىر چۆرە ئۆتكەنىدە، مەن: ئى رەببىم! ئوغلۇمنى ئۇنىڭدەك قىلمىغىن! ـ دېدىم. لېكىن سەن: ئى رەببىم! مېنى ئۇنىڭدەك قىلغىن! ـ دېدىڭ“ دېگەنىدى، بالا ئانىسىغا جاۋاب بېرىپ: ”ئۇ كىشى زالىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن: ئى رەببىم! مېنى ئۇنىڭدەك قىلما! ـ دېدىم. ئۇ ئادەملەر زىنا ياكى ئوغرىلىق قىلمىغان چۆرىنى قارىلاپ دۇمبالىدى. شۇڭا مەن: ئى رەببىم! مېنى ئۇنىڭدەك قىلغىن! ـ دېدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2550)

9159 ـ عن عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ انْطَلَقَ ثَلَاثَةُ رَهْطٍ مِمنْ كَانَ قَبْلَكُمْ حَتى أَوَوْا الْمَبِيتَ إِلَى غَارٍ فَدَخَلُوهُ فَانْحَدَرَتْ صَخْرَةٌ مِنْ الْجَبَلِ فَسَدتْ عَلَيْهِمْ الْغَارَ فَقَالُوا إِنهُ لَا يُنْجِيكُمْ مِنْ هَذِهِ الصخْرَةِ إِلا أَنْ تَدْعُوا اللهَ بِصَالِحِ أَعْمَالِكُمْ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْهُمْ اللهُم كَانَ لِي أَبَوَانِ شَيْخَانِ كَبِيرَانِ وَكُنْتُ لَا أَغْبِقُ قَبْلَهُمَا أَهْلًا وَلَا مَالًا فَنَأَى بِي فِي طَلَبِ شَيْءٍ يَوْمًا فَلَمْ أُرِحْ عَلَيْهِمَا حَتى نَامَا فَحَلَبْتُ لَهُمَا غَبُوقَهُمَا فَوَجَدْتُهُمَا نَائِمَيْنِ وَكَرِهْتُ أَنْ أَغْبِقَ قَبْلَهُمَا أَهْلًا أَوْ مَالًا فَلَبِثْتُ وَالْقَدَحُ عَلَى يَدَي أَنْتَظِرُ اسْتِيقَاظَهُمَا حَتى بَرَقَ الْفَجْرُ فَاسْتَيْقَظَا فَشَرِبَا غَبُوقَهُمَا اللهُم إِنْ كُنْتُ فَعَلْتُ ذَلِكَ ابْتِغَاءَ وَجْهِكَ فَفَرجْ عَنا مَا نَحْنُ فِيهِ مِنْ هَذِهِ الصخْرَةِ فَانْفَرَجَتْ شَيْئًا لَا يَسْتَطِيعُونَ الْخُرُوجَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ الْآخَرُ اللهُم كَانَتْ لِي بِنْتُ عَم كَانَتْ أَحَب الناسِ إِلَي فَأَرَدْتُهَا عَنْ نَفْسِهَا فَامْتَنَعَتْ مِني حَتى أَلَمتْ بِهَا سَنَةٌ مِنْ السنِينَ فَجَاءَتْنِي فَأَعْطَيْتُهَا عِشْرِينَ وَمِائَةَ دِينَارٍ عَلَى أَنْ تُخَليَ بَيْنِي وَبَيْنَ نَفْسِهَا فَفَعَلَتْ حَتى إِذَا قَدَرْتُ عَلَيْهَا قَالَتْ لَا أُحِل لَكَ أَنْ تَفُض الْخَاتَمَ إِلا بِحَقهِ فَتَحَرجْتُ مِنْ الْوُقُوعِ عَلَيْهَا

فَٱنصَرَفْتُ عَنْهَا وَهِيَ أَحَبُّ النَّاسِ إِلَيَّ وَتَرَكْتُ الذَّهَبَ الَّذِي أَعْطَيْتُهَا اللَّهُمَّ إِنْ كُنْتُ فَعَلْتُ ٱبْتِغَاءَ وَجْهِكَ فَافْرُجْ عَنَّا مَا نَحْنُ فِيهِ فَٱنفَرَجَتْ الصَّخْرَةُ غَيْرَ أَنَّهُمْ لَا يَسْتَطِيعُونَ الْخُرُوجَ مِنْهَا قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَالَ الثَّالِثُ اللَّهُمَّ إِنِّي اسْتَأْجَرْتُ أُجَرَاءَ فَأَعْطَيْتُهُمْ أَجْرَهُمْ غَيْرَ رَجُلٍ وَاحِدٍ تَرَكَ الَّذِي لَهُ وَذَهَبَ فَثَمَّرْتُ أَجْرَهُ حَتَّى كَثُرَتْ مِنْهُ الْأَمْوَالُ فَجَاءَنِي بَعْدَ حِينٍ فَقَالَ يَا عَبْدَ اللَّهِ أَدِّ إِلَيَّ أَجْرِي فَقُلْتُ لَهُ كُلُّ مَا تَرَى مِنْ أَجْرِكَ مِنْ الْإِبِلِ وَالْبَقَرِ وَالْغَنَمِ وَالرَّقِيقِ فَقَالَ يَا عَبْدَ اللَّهِ لَا تَسْتَهْزِئُ بِي فَقُلْتُ إِنِّي لَا أَسْتَهْزِئُ بِكَ فَأَخَذَهُ كُلَّهُ فَاسْتَاقَهُ فَلَمْ يَتْرُكْ مِنْهُ شَيْئًا اللَّهُمَّ فَإِنْ كُنْتُ فَعَلْتُ ذَلِكَ ٱبْتِغَاءَ وَجْهِكَ فَافْرُجْ عَنَّا مَا نَحْنُ فِيهِ فَٱنفَرَجَتْ الصَّخْرَةُ فَخَرَجُوا يَمْشُونَ.

9159 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈچ كىشى سەپەرگە چىقىپ، قونۇش ئۈچۈن بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، تاغدىن بىر قورام تاش يۇمىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى توسىۋالدى. ئۇلار: ”بىزنى بۇ تاغدىن پەقەت بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ اللهقا قىلغان دۇئايىمىزلا قۇتقۇزالايدۇ“ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن بىرى: ”ئى الله! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن داۋاملىق ئاتا ـ ئانامنى باشتا غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن ئائىلەمدىكىلەرنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى، ماللىرىمنى ئوت ـ چۆپ مول يەردە باقىمەن دەپ يىراقلاپ كېتىپ، ئۆيگە بەك كەچ قايتىپ كەلدىم. ئاتا ـ ئانامنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن ماللىرىمنى سېغىپ كىرسەم، ئۇلار ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. مەن ئۇلارنى ئويغىتىشنى لايىق كۆرمىدىم، ئائىلەمدىكىلەرنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى ئۇلاردىن بۇرۇن غىزالاندۇرۇشنى تېخىمۇ لايىق كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، قولۇمدا قاچىنى تۇتقان پېتى ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، ھەتتا تاڭ يورۇپ كەتتى. ئاندىن ئاتا ـ ئانام ئويغىنىپ سۈتنى ئىچتى. ئى الله! ئەگەر شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، مۇشۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن!“ دېدى. تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇلار ئۇ

يوچۇقتىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. يەنە بىرى: ”ئى الله! مېنىڭ تاغامنىڭ ماڭا ھەممە ئادەمدىن سۆيۈملۈك كۆرىنىدىغان بىر قىزى بار ئىدى. مەن ئۇ قىز بىلەن بىللە بولۇشنى تەلەپ قىلسام، مېنى رەت قىلدى. بىر يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلۇش شەرتى بىلەن 120 تىللا بەردىم، ئۇ مەن بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشقا ماقۇل بولدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولغاندا، ئۇ: ئالدى بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بېجىرىپ، ماڭا ئاندىن يېقىن كەل! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماستىن قوپۇپ كەتتىم. ۋەھالەنكى، ئۇ قىز مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بەرگەن ئالتۇندىنمۇ ۋاز كەچتىم. ئى الله! شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن!“ دېدى. تاش يەنە ئازراق كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇلار ئۆڭكۈردىن يەنىلا چىقىپ كېتەلمىدى. ئۈچىنچىسى مۇنداق دېدى: ”ئى الله! مەن بىر نەچچە مەدىكار ئىشلەتكەن ئىدىم. ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم، لېكىن ئارىدىن بىرى ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى سەرمايە قىلىپ ئىشلىتىپ، نۇرغۇن مال قىلدىم. ئارىدىن خېلى بىر زامان ئۆتۈپ، ئۇ ئادەم كەلدى ۋە: ”ئى اللهنىڭ بەندىسى! مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرگىن! ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: سەن كۆرۈۋاتقان بۇ نەرسىلەر يەنى تۆگە، كالا، قوي ۋە قۇل قاتارلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ، ـ دېدىم. ئۇ: ئى اللهنىڭ بەندىسى! مېنى مەسخىرە قىلما! ــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: سېنى مەسخىرە قىلمىدىم، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېلىپ كەتتى. ئى الله! ئەگەر مەن ئۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن!“ دېدى. تاش كۆتۈرۈلدى، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتى».

(بۇخارى: 2272)

9160 ـ عبد الله بن عمر ـ رضي الله عنهما ـ : قال: سمعـتُ رسـولَ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ يقول: «كانَ فيمن كان قبلكم رجل اسمه الكِفْلُ وكان لا يتورعُ عن شيء فأتى امرأة علم لها حاجة فأعطاها عطاء كثيرا ـ وفي رواية: ستين دينارا ـ فلما أرادها على نفسها: ارتَعَدَتْ وبكت فقال: ما يُبكيكِ ؟ قالت: لأن هذا عمل ما عمِلْتُه قطّ وما حملني عليه إلا الحاجة فقال: تفعلين أنتِ هذا من مخافة الله؟ فأنا أحرى اذهَبي فَلَكِ ما أعطيْتُكِ ووالله لا أعصيه أبدا فمات مِن ليلته فأصبحَ مكتوب على بابه: إن الله تعالى قد غفر للكفْل فعجب الناس من ذلك حتى أوحَى الله تعالى إلى نبي زمانهم بشأنه».

9160 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇرۇن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى كىفل ئىدى. ئۇ ھېچنەرسىدىن قايتماس ئىدى. ئۇ ھاجەتمەن بىر ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كۆپ مال بەردى. كېيىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغانىدى، ئۇ ئايال تىترەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن: ”نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتىسەن؟“ دەپ سورىغانىدى، ئايال: ”چۈنكى مەن بۇنداق ئىشنى پەقەتلا قىلمىغان ئىدىم، موھتاجلىقىمدىن بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم“ دېدى. ئۇ كىشى: ”سەن اللهتىن قورقۇپ تىترەپ يىغلاۋاتامسەن؟! مەن اللهتىن قورقۇشقا سەندىنمۇ ھەقلىق. ماڭ، كەتكىن! ساڭا بەرگەن نەرسەم سېنىڭ بولسۇن. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن اللهقا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن“ دېدى. شۇ كېچىسى، ئۇ ئادەم ۋاپات بولدى. تاڭ ئاتقاندا كىشىلەر ئۇنىڭ دەرۋازىسىدا: ”الله كىفلنى مەغپىرەت قىلدى“ دېگەن خەتنى كۆردى ۋە بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن، الله ۋەھيى ئارقىلىق شۇ زاماننىڭ پەيغەمبىرىگە ئۇنىڭ ئىشىنى مەلۇم قىلدى».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9161 ـ عَنْ أَبِي وَائِلٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ رَبِيعَةَ قَالَ قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَدَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرْتُ عِنْدَهُ وَافِدَ عَادٍ فَقُلْتُ أَعُوذُ بِاللهِ أَنْ أَكُونَ مِثْلَ وَافِدِ عَادٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا وَافِدُ عَادٍ قَالَ فَقُلْتُ عَلَى الْخَبِيرِ سَقَطْتَ إِن عَادًا لَما أَقْحِطَتْ بَعَثَتْ قَيْلًا فَنَزَلَ عَلَى بَكْرِ بْنِ مُعَاوِيَةَ فَسَقَاهُ الْخَمْرَ وَغَنتْهُ الْجَرَادَتَانِ ثُم خَرَجَ يُرِيدُ جِبَالَ مَهْرَةَ فَقَالَ اللهُم إِني لَمْ آتِكَ لِمَرِيضٍ فَأُدَاوِيَهُ وَلَا لِأَسِيرٍ فَأُفَادِيَهُ فَاسْقِ عَبْدَكَ مَا كُنتَ مُسْقِيَهُ وَاسْقِ مَعَهُ بَكْرَ بْنَ مُعَاوِيَةَ يَشْكُرُ لَهُ الْخَمْرَ الَتِي سَقَاهُ فَرُفِعَ لَهُ سَحَابَاتٌ فَقِيلَ لَهُ اخْتَرْ إِحْدَاهُن فَاخْتَارَ السوْدَاءَ مِنْهُن فَقِيلَ لَهُ خُذْهَا رَمَادًا رِمْدِدًا لَا تَذَرُ مِنْ عَادٍ أَحَدًا وذكر أَنهُ لَمْ يُرْسَلْ عَلَيْهِمْ مِنْ الريحِ إِلا قَدْرُ هَذِهِ الْحَلْقَةِ يَعْنِي حَلْقَةَ الْخَاتَمِ ثُم قَرَأَ إِذْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ الريحَ الْعَقِيمَ مَا تَذَرُ مِنْ شَيْءٍ أَتَتْ عَلَيْهِ إِلا جَعَلَتْهُ كَالرمِيمِ الْآيَةَ.

9161 ـ ئەبۇ ۋائىل رەبىيئە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىردىم ۋە:

ـ ﷲقا سېغىنىپ، ئادنىڭ ئەلچىسىدەك بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئادنىڭ ئەلچىسى دېگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ بۇنى ياخشى بىلىدىغان بىرىدىن سورىدىڭ. ئاد (قەۋمى) قەھەتچىلىككە يولۇققاندا، قەيلنى (سۇ تىلەپ دۇئا قىلىپ كېلىش ئۈچۈن) ئەۋەتتى. ئۇ، بەكرى ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بەكرى ئۇنىڭغا شاراب ئىچۈردى، ئاندىن ئىككى ئايالنى ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرىدى. كېيىن، ئۇ مەھرە تېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. تاغقا چىققاندىن كېيىن: ”ئى رەببىم! مەن سېنىڭ ئالدىڭغا بىر كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ياكى بىر ئەسىرنىڭ فىدىيەسىنى تۆلەش ئۈچۈن كەلمىدىم. بەندەڭگە قانداق خالىساڭ، شۇنداق يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن! ماڭا بەرگەن شارابىغا شۇكرانىمنى ئېيتىش ئۈچۈن، ماڭا بەرگەن يامغۇرۇڭدىن بەكرى ئىبنى مۇئاۋىيەگىمۇ ياغدۇرۇپ بەرگىن!“ دېدى. دەل شۇ پەيتتە، ئاسماندا قىزىل، ئاق ۋە قارا رەڭلىك ئۈچ پارچە بۇلۇت كۆرۈندى. ئۇنىڭغا: ”بۇلاردىن بىرىنى تاللىغىن!“ دېيىلدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قارا بۇلۇتنى تاللىدى. ئۇنىڭغا: ”ئاد قەۋمىدىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرماي ھالاك قىلىدىغان بۇ بۇلۇتنى ئالغىن!“ دېيىلدى، ـ دېدىم.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇلارغا پەقەت بۇ ئۈزۈكىنىڭ تۆشۈكىچىلىك بىر نەرسە (يەنى شامال) ئەۋەتىلگەن ئىدى، ـ دېدى، ئاندىن: ئادنىڭ (قىسسىسىدىمۇ) بىر تۈرلۈك ئالامەت بار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا يامان بوراننى ئەۋەتتۇق. ئۇ (يەنى بوران) ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك (تىتما ـ تالاڭ) قىلىۋېتەتتى [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(تىرمىزى: 3273)

9162 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ حَدثَّهُ أَنَّهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن ثَلَاثَةً فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ أَبْرَصَ وَأَقْرَعَ وَأَعْمَى بَدَا لِلهِ عَز وَجَل أَنْ يَبْتَلِيَهُمْ فَبَعَثَ إِلَيْهِمْ مَلَكًا فَأَتَى الْأَبْرَصَ فَقَالَ أَي شَيْءٍ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ لَوْنٌ حَسَنٌ وَجِلْدٌ حَسَنٌ قَدْ قَذِرَنِي الناسُ قَالَ فَمَسَحَهُ فَذَهَبَ عَنْهُ فَأُعْطِيَ لَوْنًا حَسَنًا وَجِلْدًا حَسَنًا فَقَالَ أَي الْمَالِ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ الْإِبِلُ أَوْ قَالَ الْبَقَرُ هُوَ شَكَ فِي ذَلِكَ إِن الْأَبْرَصَ وَالْأَقْرَعَ قَالَ أَحَدُهُمَا الْإِبِلُ وَقَالَ الْآخَرُ الْبَقَرُ فَأُعْطِيَ نَاقَةً عُشَرَاءَ فَقَالَ يُبَارَكُ لَكَ فِيهَا وَأَتَى الْأَقْرَعَ فَقَالَ أَي شَيْءٍ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ شَعَرٌ حَسَنٌ وَيَذْهَبُ عَني هَذَا قَدْ قَذِرَنِي الناسُ قَالَ فَمَسَحَهُ فَذَهَبَ وَأُعْطِيَ شَعَرًا حَسَنًا قَالَ فَأَي الْمَالِ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ الْبَقَرُ قَالَ فَأَعْطَاهُ بَقَرَةً حَامِلًا وَقَالَ يُبَارَكُ لَكَ فِيهَا وَأَتَى الْأَعْمَى فَقَالَ أَي شَيْءٍ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ يَرُد اللهُ إِلَي بَصَرِي فَأُبْصِرُ بِهِ الناسَ قَالَ فَمَسَحَهُ فَرَد اللهُ إِلَيْهِ بَصَرَهُ قَالَ فَأَي الْمَالِ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ الْغَنَمُ فَأَعْطَاهُ شَاةً وَالِدًا فَأُنْتِجَ هَذَانِ وَوَلَدَ هَذَا فَكَانَ لِهَذَا وَادٍ مِنْ إِبِلٍ وَلِهَذَا وَادٍ مِنْ بَقَرٍ وَلِهَذَا وَادٍ مِنْ غَنَمٍ ثُم إِنهُ أَتَى الْأَبْرَصَ فِي صُورَتِهِ وَهَيْئَتِهِ فَقَالَ رَجُلٌ مِسْكِينٌ تَقَطعَتْ بِيَ الْحِبَالُ فِي سَفَرِي فَلَا بَلَاغَ الْيَوْمَ إِلا بِاللهِ ثُم بِكَ أَسْأَلُكَ بِالذِي أَعْطَاكَ اللوْنَ الْحَسَنَ وَالْجِلْدَ الْحَسَنَ وَالْمَالَ بَعِيرًا أَتَبَلغُ عَلَيْهِ فِي سَفَرِي

[1] سۈرە زارىيات، 41 ـ ۋە 42 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (2611): سەھىھ ـ دېگەن.

فَقَالَ لَهُ إِن الْحُقُوق كَثِيرَةٌ فَقَالَ لَهُ كَأَني أَعْرِفُكَ أَلَمْ تَكُنْ أَبْرَص يَقْذَرُكَ النَاسُ فَقِيرًا فَأَعْطَاكَ اللهُ فَقَالَ لَقَدْ وَرِثْتُ لِكَابِرٍ عَنْ كَابِرٍ فَقَالَ إِنْ كُنْتَ كَاذِبًا فَصَيرَكَ اللهُ إِلَى مَا كُنتَ وَأَتى الْأَقْرَعَ فِي صُورَتِهِ وَهَيْئَتِهِ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ مَا قَالَ لِهَذَا فَرَد عَلَيْهِ مِثْلَ مَا رَد عَلَيْهِ هَذَا فَقَالَ إِنْ كُنْتَ كَاذِبًا فَصَيرَكَ اللهُ إِلَى مَا كُنتَ وَأَتى الْأَعْمَى فِي صُورَتِهِ فَقَالَ رَجُلٌ مِسْكِينٌ وَابْنُ سَبِيلٍ وَتَقَطَعَتْ بِيَ الْحِبَالُ فِي سَفَرِي فَلَا بَلَاغَ الْيَوْمَ إِلا بِاللهِ ثُم بِكَ أَسْأَلُكَ بِالذِي رَد عَلَيْكَ بَصَرَكَ شَاةً أَتَبلغُ بِهَا فِي سَفَرِي فَقَالَ قَدْ كُنْتُ أَعْمَى فَرَد اللهُ بَصَرِي وَفَقِيرًا فَقَدْ أَغْنَانِي فَخُذْ مَا شِئْتَ فَوَاللهِ لَا أَجْهَدُكَ الْيَوْمَ بِشَيْءٍ أَخَذْتَهُ لِلهِ فَقَالَ أَمْسِكْ مَالَكَ فَإِنمَا ابْتُلِيتُمْ فَقَدْ رَضِيَ اللهُ عَنْكَ وَسَخِطَ عَلَى صَاحِبَيْكَ.

9162 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن ئاق كېسەل، تاز ۋە قارىغۇ بولغان ئۈچ كىشىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى ۋە ئۇلارغا پەرىشتە ئەۋەتتى. پەرىشتە بىرىنچى بولۇپ ئاق كېسەل كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”ھەممىدىن نېمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟“ دەپ سورىدى. ئۇ: ”چىرايلىق رەڭ بىلەن چىرايلىق تېرىنى، چۈنكى ئىنسانلار مېنى يامان كۆرىدۇ“ دېدى. (پەرىشتە) ئۇنى سىيلاپ قويغانىدى، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، چىرايلىق رەڭ ۋە چىرايلىق تېرە بېرىلدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن: ”قانداق مالنى ياخشى كۆرىسەن؟“ دەپ سورىدى. ئۇ: ”تۆگە (ياكى كالا)“ دېدى (راۋىي بۇ ھەقتە، يەنى ئاق كېسەل بىلەن تاز ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ تۆگە ياكى كالا تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالغان). پەرىشتە ئۇنىڭغا بىر تۇياق بوغاز تۆگە بېرىپ: ”اللە بۇلارنى ساڭا مۇبارەك قىلسۇن!“ دېدى. ئاندىن تازنىڭ يېنىغا بېرىپ: ”ھەممىدىن نېمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟“ دەپ سورىدى. تاز: ”چىرايلىق چاچنى، بۇ نەرسە (يەنى تازلىق) مەندىن كەتسۇن. چۈنكى ئىنسانلار مېنى يامان كۆرىدۇ“ دېدى. پەرىشتە ئۇنى سىيلاپ قويغانىدى، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، بېشىغا چىرايلىق چاچ ئۈندى. ئاندىن ئۇنىڭدىن: ”قانداق مالنى ياخشى كۆرىسەن؟“ دەپ

سورىدى. ئۇ: ”كالىنى“ دېدى. (شۇنىڭ بىلەن) ئۇنىڭغا بىر تۇياق بوغاز كالا بېرىپ: ”الله بۇنى ساڭا مۇبارەك قىلسۇن!“ دېدى. ئاندىن قارىغۇنىڭ يېنىغا بېرىپ: ”ھەممىدىن بەك نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟“ دەپ سورىدى. ئۇ: ”الله كۆزۈمنىڭ نۇرىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئىنسانلارنى كۆرەي“ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭ كۆزىنى سىيلاپ قويدى، الله ئۇنىڭ كۆزىنىڭ نۇرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئاندىن پەرىشتە: ”قانداق مالنى ياخشى كۆرىسەن؟“ دەپ سورىدى. ئۇ: ”قوينى“ دېدى. ئۇنىڭغا بىر تۇياق بوغاز قوي بەردى. ئۇلارغا بېرىلگەن ماللارنىڭ ھەممىسى بوغاز ئىدى، شۇڭا بىرسىنىڭ بىر ۋادى تۆگىسى، يەنە بىرسىنىڭ بىر ۋادى كالىسى، يەنە بىرسىنىڭ بىر ۋادى قويى بولدى. كېيىن، ئۇ پەرىشتە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاق كېسەلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە: ”مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن. يېرىم يولدا قالدىم، اللهتىن ھەمدە سېنىڭ ياردىمىڭدىن باشقا مېنى بۇگۈن مەنزىلىمگە يەتكۈزىدىغان ھېچ نەرسەم يوق. ساڭا چىرايلىق رەڭنى، تېرىنى ۋە مال ئورنىدا تۆگىنى بەرگەن زاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا بىر تۆگە بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆيۈمگە يېتىۋالاي“ دېدى. لېكىن ئاق كېسەل: ”بېرىدىغان يەرلەر كۆپ“ دېدى. پەرىشتە: ”مەن سېنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن. سەن (بىر ۋاقىتلاردا) ھەممە ئادەم يىراق قاچىدىغان ئاق كېسەل ئەمەسمىدىڭ؟ سەن كەمبەغەل ئەمەسمىدىڭ؟!“ ئاندىن الله ساڭا مال بەردى، - دېدى. ئاق كېسەل: ”ياق، بۇ ماللار ماڭا ئاتا - بوۋامدىن مىراس قالغان“ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ”ئەگەر يالغان سۆزلەۋاتقان بولساڭ، الله سېنى بۇرۇنقى ھالىڭغا قايتۇرسۇن!“ دېدى. ئاندىن تازنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاق كېسەلگە دېگەن سۆزلەرنى دېدى. لېكىن تازمۇ ئاق كېسەلگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ”ئەگەر يالغان سۆزلەۋاتقان بولساڭ، الله سېنى بۇرۇنقى ھالىڭغا قايتۇرسۇن!“ دېدى. ئاندىن (پەرىشتە) قارىغۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”مەن بىر كەمبەغەل، مۇساپىر ئادەممەن. يېرىم يولدا قالدىم، اللهتىن ۋە سېنىڭ ياردىمىڭدىن باشقا مېنى بۈگۈن مەنزىلىمگە يەتكۈزىدىغان

ھېچ نەرسەم يوق. ساڭا كۆزۈڭنىڭ نۇرىنى قايتۇرۇپ بەرگەن زاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا بىر قوي بەرگىن! ئۇنىڭ بىلەن سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆيۈمگە يېتىۋالاي“ دېدى. ئۇ كىشى: ”مەن بىر قارىغۇ ئىدىم، الله كۆزۈمنىڭ نۇرىنى قايتۇرۇپ بەردى. كەمبەغەل ئىدىم، الله مېنى باي قىلدى. خالىغىنىڭنى ئالغىن! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله رازىلىقى ئۈچۈن مەن سېنى ھەرگىزمۇ قىيىن ئەھۋالدا قويمايمەن (يەنى خالىغىنىڭنى ئال)“ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ”مېلىڭنى چىڭ تۇت! سىلەر سىنالدىڭلار، الله سەندىن رازى بولدى، لېكىن ئۇ ئىككى دوستۇڭغا غەزەب قىلدى“ دېدى».

(بۇخارى: 3464)

9163 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ ذَكَرَ رَجُلًا مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ سَأَلَ بَعْضَ بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنْ يُسْلِفَهُ أَلْفَ دِينَارٍ فَقَالَ ائْتِنِي بِالشهَدَاءِ أُشْهِدُهُمْ فَقَالَ كَفَى بِاللهِ شَهِيدًا قَالَ فَأْتِنِي بِالْكَفِيلِ قَالَ كَفَى بِاللهِ كَفِيلًا قَالَ صَدَقْتَ فَدَفَعَهَا إِلَيْهِ إِلَى أَجَلٍ مُسَمى فَخَرَجَ فِي الْبَحْرِ فَقَضَى حَاجَتَهُ ثُم الْتَمَسَ مَرْكَبًا يَرْكَبُهَا يَقْدَمُ عَلَيْهِ لِلْأَجَلِ الذِي أَجلَهُ فَلَمْ يَجِدْ مَرْكَبًا فَأَخَذَ خَشَبَةً فَنَقَرَهَا فَأَدْخَلَ فِيهَا أَلْفَ دِينَارٍ وَصَحِيفَةً مِنْهُ إِلَى صَاحِبِهِ ثُم زَججَ مَوْضِعَهَا ثُم أَتَى بِهَا إِلَى الْبَحْرِ فَقَالَ اللهُم إِنكَ تَعْلَمُ أَني كُنْتُ تَسَلفْتُ فُلَانًا أَلْفَ دِينَارٍ فَسَأَلَنِي كَفِيلًا فَقُلْتُ كَفَى بِاللهِ كَفِيلًا فَرَضِيَ بِكَ وَسَأَلَنِي شَهِيدًا فَقُلْتُ كَفَى بِاللهِ شَهِيدًا فَرَضِيَ بِكَ وَأَني جَهَدْتُ أَنْ أَجِدَ مَرْكَبًا أَبْعَثُ إِلَيْهِ الذِي لَهُ فَلَمْ أَقْدِرْ وَإِني أَسْتَوْدِعُكَهَا فَرَمَى بِهَا فِي الْبَحْرِ حَتى وَلَجَتْ فِيهِ ثُم انْصَرَفَ وَهُوَ فِي ذَلِكَ يَلْتَمِسُ مَرْكَبًا يَخْرُجُ إِلَى بَلَدِهِ فَخَرَجَ الرجُلُ الذِي كَانَ أَسْلَفَهُ يَنْظُرُ لَعَل مَرْكَبًا قَدْ جَاءَ بِمَالِهِ فَإِذَا بِالْخَشَبَةِ التِي فِيهَا الْمَالُ فَأَخَذَهَا لِأَهْلِهِ حَطَبًا فَلَما نَشَرَهَا وَجَدَ الْمَالَ وَالصحِيفَةَ ثُم قَدِمَ الذِي كَانَ أَسْلَفَهُ فَأَتَى بِالْأَلْفِ دِينَارٍ فَقَالَ وَاللهِ مَا زِلْتُ جَاهِدًا فِي طَلَبِ مَرْكَبٍ لِآتِيَكَ بِمَالِكَ فَمَا وَجَدْتُ مَرْكَبًا قَبْلَ الذِي أَتَيْتُ فِيهِ قَالَ هَلْ كُنْتَ بَعَثْتَ إِلَي بِشَيْءٍ قَالَ أُخْبِرُكَ أَني لَمْ أَجِدْ مَرْكَبًا قَبْلَ الذِي جِئْتُ فِيهِ قَالَ فَإِن اللهَ قَدْ أَدى عَنْكَ الذِي بَعَثْتَ فِي الْخَشَبَةِ فَانْصَرِفْ بِالْأَلْفِ الدينَارِ رَاشِدًا.

9163 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن بىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن مىڭ دىنار قەرز سورىدى. قەرز ئىگىسى: ”گۇۋاھچى ئېلىپ كەلگىن، گۇۋاھ بولسۇن!“ دېدى. قەرزدار: ”اللہ گۇۋاھلىققا يېتەر“ دېدى. قەرز ئىگىسى: ”ئۇنداقتا، كېپىل كەلتۈرگىن!“ دېدى. قەرزدار: ”اللہ كېپىللىككە يېتەر“ دېدى. قەرز ئىگىسى: ”توغرا ئېيتتىڭ“ دېدى ۋە ئۇنىڭغا مەلۇم مۇددەت ئۆچۈن مىڭ دىنار قەرز بەردى. (قەرزدار) پۇلنى ئېلىپ، دېڭىز سەپىرىگە ئاتلاندى. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە قەرزىنى تۆلەش مەقسىتىدە قايتىش ئۈچۈن كېمە ئىزدىدى، ئەمما تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر ياغاچنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئويدى. ئىچىگە مىڭ دىنار قويۇپ، ئۆز نامىدىن پۇلنىڭ ئىگىسىگە بىر پارچە خەت يازدى. ئاندىن كولىغان يەرنى ئېتىپ، ياغاچنى دېڭىزنىڭ بويىغا ئېلىپ كەلدى ۋە: ”ئى رەببىم! سەن بىلىسەن، مەن پالانچىدىن مىڭ دىنار قەرز ئالغان ئىدىم. (شۇ چاغدا) مەندىن كېپىل سورىدى. مەن: اللہ كېپىللىققا يېتەر، ـ دېدىم. سېنىڭ كېپىللىقىڭغا رازى بولدى. مەندىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلدى. مەن: اللہ گۇۋاھلىققا يېتەر، ـ دېدىم. سېنىڭ گۇۋاھلىقىڭغا رازى بولدى. ئۇنىڭغا قەرزىمنى تۆلەش ئۈچۈن كېمە ئىزدىدىم، ئەمما تاپالمىدىم. بۇنى ساڭا ئامانەت قىلدىم“ دەپ دېڭىزغا قويۇۋەتتى. ياغاچ ئېقىپ، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئادەم يۇرتىغا قايتىش ئۈچۈن يەنە كېمە ئىزدەشكە باشلىدى. قەرز ئىگىسى ”بەلكىم بىرەر كېمە مېلىمنى ئېلىپ كېلىپ قالار“ دېگەن ئوي بىلەن (دېڭىزغا) قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىزلا ئالدىغا بىر ياغاچ ئېقىپ كېلىپ قالدى. ئۇنى ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ يارغان ئىدى، ئىچىدە پۇلى بىلەن خېتى تۇرغانلىقىنى كۆردى. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن، قەرزدار مىڭ دىنار بىلەن كېلىپ: ”اللہنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پۇلۇڭنى ۋاقتىدا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېمە ئىزدىدىم،

ئەمما تاپالمىدىم. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، خاپا بولمىغىن. مانا بۇ پۇلۇڭ" دېدى. قەرز ئىگىسى: "سەن ياغاچنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئەۋەتكەن ئامانەتنى الله ماڭا يەتكۈزدى" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى كۆپ ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، مىڭ دىنارنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى».

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

9164 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَدْرِي أَتبعٌ لَعِينٌ هُوَ أَمْ لَا وَمَا أَدْرِي أَعُزَيْرٌ نَبِي هُوَ أَمْ لَا.

9164 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۇببە (يەمەنلىك بىر پادىشاھ)نىڭ لەنەتلەنگەن ياكى لەنەتلەنمىگەنلىكىنى، ئۇزەيرنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4674)

9165 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْلَا بَنُو إِسْرَائِيلَ لَمْ يَخْنَزْ اللحْمُ وَلَوْلَا حَواءُ لَمْ تَخُنْ أُنْثَى زَوْجَهَا الدهْرَ.

9165 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسرائىل ئەۋلادى بولمىغان بولسا، گۆش پۇراپ قالمايتتى. ھەۋۋا (ئانا) بولمىسا ئىدى، ھېچبىر ئايال ئېرىگە خىيانەت قىلمايتتى».

(بۇخارى: 3399)

9166 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اشْتَرَى رَجُلٌ مِنْ رَجُلٍ عَقَارًا لَهُ فَوَجَدَ الرجُلُ الذِي اشْتَرَى الْعَقَارَ فِي عَقَارِهِ جَرةً فِيهَا ذَهَبٌ فَقَالَ لَهُ الذِي اشْتَرَى الْعَقَارَ خُذْ ذَهَبَكَ مِني إِنمَا اشْتَرَيْتُ مِنْكَ الْأَرْضَ وَلَمْ أَبْتَعْ مِنْكَ الذهَبَ

[1] ئەلبانى (3908): سەھىھ ـ دېگەن.

وَقَالَ الذِي لَهُ الْأَرْضُ إِنمَا بِعْتُكَ الْأَرْضَ وَمَا فِيهَا فَتَحَاكَمَا إِلَى رَجُلٍ فَقَالَ الذِي تَحَاكَمَا إِلَيْهِ أَلَكُمَا وَلَدٌ قَالَ أَحَدُهُمَا لِي غُلَامٌ وَقَالَ الْآخَرُ لِي جَارِيَةٌ قَالَ أَنْكِحُوا الْغُلَامَ الْجَارِيَةَ وَأَنْفِقُوا عَلَى أَنْفُسِهِمَا مِنْهُ وَتَصَدقَا.

9166 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋاپتۇ. سېتىۋالغان يەردىن بىر كوزا ئالتۇن چىقىپتۇ. ئۇ، يەر ساتقان كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”بۇ ئالتۇنىڭنى ئال! مەن سەندىن يەر سېتىۋالدىم، ئالتۇن سېتىۋالمىدىم“ دەپتۇ. يەر ساتقان كىشى: ”مەن ساڭا يەر ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قوشۇپ ساتتىم“ دەپتۇ. بۇلار پۈتۈشەلمەي باشقا بىر ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم بۇ ئىككىسىدىن: ”بالاڭلار بارمۇ؟“ دەپ سوراپتۇ. ئۇلاردىن بىرى: ”مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار“ دەپتۇ. يەنە بىرى: ”مېنىڭ بىر قىزىم بار“ دەپتۇ. ئۇ كىشى: ”ئوغۇل بىلەن قىزنى ئۆيلەندۈرۈپ قويۇڭلار ۋە بۇ ئالتۇننى ئۇ ئىككىسىگە سەرپ قىلىڭلار. (ئۇلاردىن ئاشقىنىنى) سەدىقە قىلىڭلار!“ دەپتۇ».

(بۇخارى: 3472)

9167 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ كَانَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحَدثُنَا عَنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ حَتى يُصْبِحَ مَا يَقُومُ إِلا إِلَى عُظْمِ صَلَاةٍ.

9167 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزىدە بىزگە تاڭ ئاتقۇچە ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى، پەقەت ناماز ئۈچۈنلا (ئورنىدىن) تۇراتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3663)

[1] ئەلبانى (3111): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

9167 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَتْ امْرَأَةٌ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ قَصِيرَةٌ تَمْشِي مَعَ امْرَأَتَينِ طَوِيلَتَينِ فَاتخَذَتْ رِجْلَينِ مِنْ خَشَبٍ وَخَاتَمًا مِنْ ذَهَبٍ مُغْلَقٌ مُطْبَقٌ ثُم حَشَتْهُ مِسْكًا وَهُوَ أَطْيَبُ الطيبِ.

9168 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەنى ئىسرائىل قەۋمىدە بويى پاكار بىر ئايال بولۇپ، ئۇ ئايال بويى ئېگىز ئىككى ئايال بىلەن بىللە ماڭاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ياغاچتىن ئىككى پۇت ياسىتىۋالغانىدى. ئۇ يەنە ئىچى كاۋاك ئالتۇن ئۈزۈك ياسىتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئەڭ ياخشى پۇرايدىغان مۇشكى ـ ئەنبەر تولدۇرۇۋالغانىدى».

(مۇسلىم: 2252)

# مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىش بۆلۈمى

9169 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ إِنِي عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ جَاءَهُ قَوْمٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ فَقَالَ اقْبَلُوا الْبُشْرَى يَا بَنِي تَمِيمٍ قَالُوا بَشرْتَنَا فَأَعْطِنَا فَدَخَلَ نَاسٌ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ فَقَالَ اقْبَلُوا الْبُشْرَى يَا أَهْلَ الْيَمَنِ إِذْ لَمْ يَقْبَلْهَا بَنُو تَمِيمٍ قَالُوا قَبِلْنَا جِئْنَاكَ لِنَتَفَقَهَ فِي الدينِ وَلِنَسْأَلَكَ عَنْ أَولِ هَذَا الْأَمْرِ مَا كَانَ قَالَ كَانَ اللهُ وَلَمْ يَكُنْ شَيْءٌ قَبْلَهُ وَكَانَ عَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ ثُم خَلَقَ السمَوَاتِ وَالْأَرْضَ وَكَتَبَ فِي الذكْرِ كُل شَيْءٍ.

9169 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ كىشى كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى بەنى تەمىم! سىلەرگە خۇشخەۋەر بار، قوبۇل قىلىڭلار! ـ دېدى. لېكىن ئۇلار:

ـ خۇشخەۋەر بولسا، سۆيۈنچە بەرگىن! ـ دېيىشتى. ئارقىدىن يەمەن ئەھلىدىن بىر گۇرۇھ كىشى كەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـ ئى يەمەن ئەھلى! سىلەرگە خۇشخەۋەر بار، قوبۇل قىلىڭلار! بۇنى بەنى تەمىم قوبۇل قىلمىغان ئىدى، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قوبۇل قىلدۇق، سېنىڭ ئالدىڭغا دىننى ئۆگىنىش ۋە يارىتىلىشنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ـ الله (ئەزەلدىن) بار ئىدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، كېيىن ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتتى ۋە لەۋھۇلمەھپۇزغا ھەممە نەرسىنى يازدى.

(بۇخارى: 7418)

9170 ـ عَنْ أَبِي رَزِينٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَيْنَ كَانَ رَبُّنَا قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَ خَلْقَهُ قَالَ كَانَ فِي عَمَاءٍ مَا تَحْتَهُ هَوَاءٌ وَمَا فَوْقَهُ هَوَاءٌ وَخَلَقَ عَرْشَهُ عَلَى الْمَاءِ.

9170 ـ ئەبۇ رەزىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن رەببىمىز قەيەردە ئىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ، ئاستىدىمۇ، ئۈستىدىمۇ ھاۋا يوق بولۇت ئۈستىدە ئىدى. ئەرشىنى سۇ ئۈستىدە ياراتتى، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 3109)

9171 ـ عَنْ طَارِقِ بْنِ شِهَابٍ قَالَ سَمِعْتُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَامَ فِينَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَقَامًا فَأَخْبَرَنَا عَنْ بَدْءِ الْخَلْقِ حَتى دَخَلَ أَهْلُ الْجَنةِ مَنَازِلَهُمْ وَأَهْلُ النارِ مَنَازِلَهُمْ حَفِظَ ذَلِكَ مَنْ حَفِظَهُ وَنَسِيَهُ مَنْ نَسِيَهُ.

9171 ـ تارىق ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە يارىتىلىشنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگەنگە قەدەر بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئاڭلاتتى. (بۇلار) ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ يادىدا قالدى، بەزىلەر ئۇنتۇپ كەتتى.

(بۇخارى: 3192)

9172 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أُذِنَ لِي أَنْ أُحَدثَ عَنْ مَلَكٍ مِنْ مَلَائِكَةِ اللهِ مِنْ حَمَلَةِ الْعَرْشِ إِن مَا بَيْنَ شَحْمَةِ أُذُنِهِ إِلَى عَاتِقِهِ مَسِيرَةُ سَبْعِ مِائَةِ عَامٍ.

[①] ئەلبانى (602): زەئىپ، ـ دېگەن.

9172 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ماڭا اللهنىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرىدىن بىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىندى. ئۇ پەرىشتىنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە 700 يىللىق يولغا تەڭ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4727)

9173 ـ عن أبي بن كعب ـ رضي الله عنه ـ : قال: سمعت رسول الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ يقول: «أولُ مَا خَلَقَ اللهُ القلَمَ فقال له: اكْتبْ فَجرى بما هو كائن إБ الأبدِ».

9173 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«الله تائالا بىرىنچى بولۇپ قەلەمنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا: "ياز!" دېدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى يازدى».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

174 ـ عَنْ عبد الله بن مسعود ـ رضي الله عنه ـ : قال: قـال رسـول الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ : «لَما خَلقَ اللهُ العَقلَ قال له: أقْبِلْ فَأقْبلَ وَأدبِرْ فَأدبَرَ فقال له: ما خَلَقْتُ خَلقا أحب إБ مِنكَ وَلا أُرَكّبكَ إلا في أحَب الخلق إБ».

9174 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«الله بىرىنچى بولۇپ ئەقىلنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا: "يېقىنلاشقىن!" دېدى. ئەقىل يېقىنلاشتى. ئاندىن: "قايتقىن!" دېدى. ئەقىل قايتتى.

[1] ئەلبانى (3953): سەھىھ ـ دېگەن.

كېيىن: ”مەن سەندىن سۆيۈملۈكرەك بىر مەخلۇق ياراتمىدىم. شۇڭا سېنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك مەخلۇققا ئورنىتىمەن“ دېدى».
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9175 ـ عَنْ الْعَباسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ قَالَ كُنتُ فِي الْبَطْحَاءِ فِي عِصَابَةٍ فِيهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَرتْ بِهِمْ سَحَابَةٌ فَنظَرَ إِلَيْهَا فَقَالَ مَا تُسَمونَ هَذِهِ قَالُوا السحَابَ قَالَ وَالْمُزْنَ قَالُوا وَالْمُزْنَ قَالَ وَالْعَنَانَ قَالُوا وَالْعَنَانَ قَالَ أَبو دَاوُد لَمْ أُتقِنْ الْعَنَانَ جَيدًا قَالَ هَلْ تَدْرُونَ مَا بُعْدُ مَا بَيْنَ السمَاءِ وَالْأَرْضِ قَالُوا لَا نَدْرِي قَالَ إِن بُعْدَ مَا بَيْنَهُمَا إِما وَاحِدَةٌ أَوْ اثْنَتَانِ أَوْ ثَلَاثٌ وَسَبْعُونَ سَنَةً ثُم السمَاءُ فَوْقَهَا كَذَلِكَ حَتى عَدد سَبْعَ سَمَاوَاتٍ ثُم فَوْقَ السابِعَةِ بَحْرٌ بَيْنَ أَسْفَلِهِ وَأَعْلَاهُ مِثْلُ مَا بَيْنَ سَمَاءٍ إِلَى سَمَاءٍ ثُم فَوْقَ ذَلِكَ ثَمَانِيَةُ أَوْعَالٍ بَيْنَ أَظْلَافِهِمْ وَرُكَبِهِمْ مِثْلُ مَا بَيْنَ سَمَاءٍ إِلَى سَمَاءٍ ثُم عَلَى ظُهُورِهِمْ الْعَرْشُ مَا بَيْنَ أَسْفَلِهِ وَأَعْلَاهُ مِثْلُ مَا بَيْنَ سَمَاءٍ إِلَى سَمَاءٍ ثُم اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى فَوْقَ ذَلِكَ.

9175 ـ ئاببـاس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەتھادا بىر توپ كىشى بىلەن بىللە ئىدىم، ئارىمىزدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بار ئىدى. (ئۇ يەردىن) بىر بۇلۇت ئۆتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ:

ـ بۇنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ ھەئە، ئۇ بۇلۇت، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ، مۇزنە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ شۇنداق مۇزنە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەنان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ھەئە، ئەنان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ـ دېيىشتى (ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەناننى ياخشى بىلمەيتتىم). پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ بىلمەيمىز، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى 71 ياكى 72 ۋە ياكى 73 يىللىق مۇساپىچىلىك كېلىدۇ. (ئاسمان بىلەن) ئۇنىڭ ئۈستىدىكى (ئىككىنچى) ئاسماننىڭ ئارىسىمۇ شۇنداق (يەتتە قات ئاسماننى مانا بۇ يوسۇندا سانىدى). يەتتىنچى قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىدە بىر دېڭىز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى بىلەن ئاستىنىڭ ئارىسى بىر ئاسمان بىلەن يەنە بىر ئاسمان ئارىسىچىلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە سەككىز دانە ئارقار بولۇپ، ئارقارنىڭ تۇيىقى بىلەن تىزى ئارىسى بىر ئاسمان بىلەن يەنە بىر ئاسماننىڭ ئارىسىچىلىك كېلىدۇ. شۇ ئارقارلارنىڭ ئۈستىدە ئەرش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى بىلەن ئۈستىنىڭ ئارىلىقى ئىككى ئاسماننىڭ ئارىسىچىلىك كېلىدۇ. الله تائالا ئەنە شۇنىڭ ئۈستىدە، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4723)

9176 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ بَيْنَمَا نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسٌ وَأَصْحَابُهُ
إِذْ أَتَى عَلَيْهِمْ سَحَابٌ فَقَالَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ تَدْرُونَ مَا هَذَا فَقَالُوا اللهُ
وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ هَذَا الْعَنَانُ هَذِهِ رَوَايَا الْأَرْضِ يَسُوقُهُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى إِلَى قَوْمٍ لَا
يَشْكُرُونَهُ وَلَا يَدْعُونَهُ قَالَ هَلْ تَدْرُونَ مَا فَوْقَكُمْ قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِنهَا الرقِيعُ
سَقْفٌ مَحْفُوظٌ وَمَوْجٌ مَكْفُوفٌ ثُم قَالَ هَلْ تَدْرُونَ كَمْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهَا قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ
أَعْلَمُ قَالَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهَا مَسِيرَةُ خَمْسِ مِائَةِ سَنَةٍ ثُم قَالَ هَلْ تَدْرُونَ مَا فَوْقَ ذَلِكَ قَالُوا اللهُ
وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِن فَوْقَ ذَلِكَ سَمَاءَيْنِ مَا بَيْنَهُمَا مَسِيرَةُ خَمْسِ مِائَةِ سَنَةٍ حَتى عَد سَبْعَ
سَمَاوَاتٍ مَا بَيْنَ كُل سَمَاءَيْنِ كَمَا بَيْنَ السمَاءِ وَالْأَرْضِ ثُم قَالَ هَلْ تَدْرُونَ مَا فَوْقَ ذَلِكَ
قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِن فَوْقَ ذَلِكَ الْعَرْشَ وَبَيْنَهُ وَبَيْنَ السمَاءِ بُعْدُ مَا بَيْنَ السمَاءَيْنِ
ثُم قَالَ هَلْ تَدْرُونَ مَا الذِي تَحْتَكُمْ قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِنهَا الْأَرْضُ ثُم قَالَ هَلْ

[1] ئەلبانى (1014): زەئىپ، ـ دېگەن.

تَدْرُونَ مَا الذِي تَحْتَ ذَلِكَ قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِن تَحْتَهَا أَرْضًا أُخْرَى بَيْنَهُمَا مَسِيرَةُ خَمْسِ مِائَةِ سَنَةٍ حَتى عَد سَبْعَ أَرَضِينَ بَيْنَ كُل أَرْضَيْنِ مَسِيرَةُ خَمْسِ مِائَةِ سَنَةٍ ثُم قَالَ وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَوْ أَنكُمْ دَلَيْتُمْ رَجُلًا بِحَبْلٍ إِلَى الْأَرْضِ السفْلَى لَهَبَطَ عَلَى اللهِ ثُم قَرَأَ هُوَ الْأَولُ وَالْآخِرُ وَالظاهِرُ وَالْبَاطِنُ وَهُوَ بِكُل شَيْءٍ عَلِيمٌ.

9176 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى، بىر بۇلۇت كۆردى ـ دە:

ـ بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ الله ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ـ دېگەنىدى:

ــ مانا بۇ ئەنان بولۇپ، يەر يۈزىنى سۇغىرىدىغان (بۇلۇت)لاردىن بىرىدۇر. الله بۇنى ئۆزىگە شۈكۈر ئېيتمايدىغان ۋە دۇئا قىلمايدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتتى، ـ دېدى. ئاندىن:

ــ ئۈستۈڭلاردا نېمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ الله ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ـ دېگەنىدى:

ــ ئۇ، پۇختا يارىتىلغان دۇنيا ئاسمىنىدۇر. سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك مۇساپە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ـ الله ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

ـ سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا 500 يىللىق مۇساپە بار. ئۇنىڭ ئۈستىدە نېمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ـ الله ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

ـ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئاسمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 500 يىللىق مۇساپە بار (يەتتە قات ئاسمانىنى مۇشۇ يوسۇندا بىر ـ بىرلەپ ساناپ چىقتى ۋە ھەر ئىككى ئاسماننىڭ ئارىسىدا يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئارىسىچىلىك مۇساپە بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى). ئۇنىڭمۇ ئۈستىدە نېمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ـ الله ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

- ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرش بار بولۇپ، ئەرش بىلەن ئاسماننىڭ ئارىسىدا ئىككى ئاسماننىڭ ئارىسىدەك مۇساپە بار. ئاستىڭلاردا نېمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟

- اللّٰه ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

- يەر بار. ئۇنىڭمۇ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟

- اللّٰه ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

- ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە يەر بار بولۇپ، ئىككى قەۋەت يەرنىڭ ئارىسىدا 500 يىللىق مۇساپە بار (يەتتە قەۋەت زېمىننى مۇشۇ يوسۇندا بىر - بىرلەپ ساناپ چىقتى ۋە ھەر ئىككى قات يەرنىڭ ئارىسىنىڭ 500 يىللىق مۇساپىگە تەڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى). مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر بىر كىشىنى ئارغامچىغا باغلاپ يەرنىڭ ئەڭ ئاستىغا چۈشۈرسەڭلار، ئۇ (يەنىلا) اللّٰهنىڭ يېنىغا چۈشىدۇ. - دېدى. ئاندىن: اللّٰهنىڭ ئېپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، اللّٰه ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يەتمەيدۇ)، اللّٰه ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(تىرمىزى: 3298)

9177 ـ عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ رفعه أَتَدْرِي مَا اللهُ إِن عَرْشَهُ عَلَى سَمَاوَاتِهِ لَهَكَـذَا وَقَالَ بِأَصَابِعِهِ مِثْلَ الْقُبةِ عَلَيْهِ وَإِنهُ لَيَئِط بِهِ أَطِيطَ الرحْلِ بِالراكِبِ.

9177 - جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللّٰه تائالا ئەرشىنىڭ ئۈستىدە، ئەرش بولسا، ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدىدۇر. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارماقلىرىنى گۈمبەز شەكلىدە

---

[1] سۈرە ھەدىد، 3 - ئايەت.

[2] ئەلبانى (651): زەئىپ، - دېگەن.

قىلىپ) مانا مۇنداق (دېدى). ئەرش خۇددى كىشى ئاتقا مىنگەندە ئىگەر غىچىرلاپ كەتكەندەك غىچىرلاپ كېتىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4726)

9178 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِي فَقَالَ خَلَقَ اللهُ عَز وَجَل التُرْبَةَ يَوْمَ السبْتِ وَخَلَقَ فِيهَا الْجِبَالَ يَوْمَ الْأَحَدِ وَخَلَقَ الشجَرَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَخَلَقَ الْمَكْرُوهَ يَوْمَ الثلَاثَاءِ وَخَلَقَ النورَ يَوْمَ الْأَرْبِعَاءِ وَبَث فِيهَا الدوَاب يَوْمَ الْخَمِيسِ وَخَلَقَ آدَمَ عَلَيْهِ السلَام بَعْدَ الْعَصْرِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فِي آخِرِ الْخَلْقِ فِي آخِرِ سَاعَةٍ مِنْ سَاعَاتِ الْجُمُعَةِ فِيمَا بَيْنَ الْعَصْرِ إِلَى الليْلِ.

9178 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولۇمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«اللە زېمىننى شەنبە كۈنى ياراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغلارنى يەكشەنبە كۈنى، دەرەخلەرنى دۈشەنبە كۈنى، ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەرنى سەيشەنبە كۈنى، نۇرنى چارشەنبە كۈنى، جانۋارلارنى پەيشەنبە كۈنى يارىتىپ، زېمىنغا يايدى. بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا يەنى جۈمە كۈنى ئەسىر بىلەن شامنىڭ ئارىسىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتتى».

(مۇسلىم: 2789)

9179 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ أَقْبَلَتْ يَهُودُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا يَا أَبَا الْقَاسِمِ أَخْبِرْنَا عَنْ الرعْدِ مَا هُوَ قَالَ مَلَكٌ مِنْ الْمَلَائِكَةِ مُوَكلٌ بِالسحَابِ مَعَهُ مَخَارِيقُ مِنْ نَارٍ يَسُوقُ بِهَا السحَابَ حَيْثُ شَاءَ اللهُ فَقَالُوا فَمَا هَذَا الصوْتُ الذِي نَسْمَعُ قَالَ زَجْرُهُ بِالسحَابِ إِذَا زَجَرَهُ حَتى يَنْتَهِيَ إِلَى حَيْثُ أُمِرَ قَالُوا صَدَقْتَ فَأَخْبِرْنَا عَما حَرمَ إِسْرَائِيلُ

[1] ئەلبانى (1017): زەئىپ، ـ دېگەن.

عَلَى نَفْسِهِ قَالَ اشْتَكَى عِرْقَ النسَا فَلَمْ يَجِدْ شَيْئًا يُلَائِمُهُ إِلا لُحُومَ الْإِبِلِ وَأَلْبَانَهَا فَلِذَلِكَ حَرَمَهَا قَالُوا صَدَقْتَ.

9179 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى ئەبۇلقاسىم! چاقماقنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اﷲنىڭ بۇلۇتلارغا مۇئەككەل قىلىپ قويغان پەرىشتىسى بار، ئۇنىڭ قولىدا ئوتتىن قامچىسى بولۇپ، ئۇ بۇلۇتلارنى اﷲ خالىغان جايغا ھەيدىگەن چاغدا قامچىسىدىن چاقماق ھاسىل بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئۇنداق بولسا بىز ئاڭلايدىغان گۈلدۈرمىما نېمىنىڭ ئاۋازى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇلۇتنى ھەيدەش ئۈچۈن ئۇرغان چاغدا قامچىدىن چىققان ئاۋاز، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ راست ئېيتتىڭ. ئەمدى ئىسرائىل (يەنى ياقۇب ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئۆز نەپسىگە ھارام قىلغان نەرسىسى نېمە ئىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانىدا، تۆگە گۆشى بىلەن تۆگە سۈتىدىن باشقا نەرسە خىل كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ (باشقا نەرسىلەرنى مەجبۇرىي يېيىش ئۈچۈن) بۇلارنى ئۆزىگە ھارام قىلغان، ـ دېدى. يەھۇدىيلار:

ـ توغرا ئېيتتىڭ، ـ دېيىشتى[1].

(تىرمىزى: 3117)

9180 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَلَقَ اللهُ آدَمَ عَلَى صُورَتِهِ طُولُهُ سِتونَ ذِرَاعًا مطولا.

---

[1] ئەلبانى (2492): سەھىھ ـ دېگەن.

9180 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە، بويىنى 60 گەز ئېگىزلىكتە قىلىپ ياراتتى».

(بۇخارى: 6227)

9181 ـ عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَما صَورَ اللهُ آدَمَ فِي الْجَنةِ تَرَكَهُ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَتْرُكَهُ فَجَعَلَ إِبْلِيسُ يُطِيفُ بِهِ يَنْظُرُ مَا هُوَ فَلَما رَآهُ أَجْوَفَ عَرَفَ أَنهُ خُلِقَ خَلْقًا لَا يَتَمَالَكُ.

9181 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىنى يارىتىپ، ئۇنى جەننەتتە بىر مۇددەت شۇ پېتى تاشلاپ قويدى. شەيتان: ”بۇ نېمىدۇر؟“ دەپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىچىنىڭ كاۋاكلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتالمايدىغان مەخلۇق قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى بىلىپ يەتتى».

(مۇسلىم: 2611)

9182 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ تَعَالَى خَلَقَ آدَمَ مِنْ قَبْضَةٍ قَبَضَهَا مِنْ جَمِيعِ الْأَرْضِ فَجَاءَ بَنُو آدَمَ عَلَى قَدْرِ الْأَرْضِ فَجَاءَ مِنْهُمْ الْأَحْمَرُ وَالْأَبْيَضُ وَالْأَسْوَدُ وَبَيْنَ ذَلِكَ وَالسهْلُ وَالْحَزْنُ وَالْخَبِيثُ وَالطيبُ.

9182 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئالغان توپىدىن ياراتتى. شۇڭا ئادەم بالىلىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ياخشى ـ يامان بولۇشى، بەزىلىرى قىزىل تەنلىك، بەزىلىرى ئاق تەنلىك، بەزىلىرى قارا تەنلىك، يەنە بەزىلىرىنىڭ ھەر خىل رەڭلەردە

بولۇشى ئۆزىنىڭ توپىسى ئېلىنغان يەرلەرگە ئاساسەن شەكىللەنگەن»[1].

(تىرمىزى: 2955)

9183 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُلِقَتْ الْمَلَائِكَةُ مِنْ نُورٍ وَخُلِقَ الْجَانُ مِنْ مَارِجٍ مِنْ نَارٍ وَخُلِقَ آدَمُ مِما وُصِفَ لَكُمْ.

9183 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەرىشتىلەر نۇردىن، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن، ئادەم بولسا سىلەرگە ئېيتىپ بېرىلگەن نەرسىدىن يارىتىلغان».

(مۇسلىم: 2996)

9184 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَيْتُ لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِي لَما انْتَهَيْنَا إِلَى السمَاءِ السابِعَةِ فَنَظَرْتُ فَوْقَ قَالَ عَفانُ فَوْقِي فَإِذَا أَنَا بِرَعْدٍ وَبَرْقٍ وَصَوَاعِقَ قَالَ فَأَتَيْتُ عَلَى قَوْمٍ بُطُونُهُمْ كَالْبُيوتِ فِيهَا الْحَياتُ تُرَى مِنْ خَارِجِ بُطُونِهِمْ قُلْتُ مَنْ هَؤُلَاءِ يَا جِبْرِيلُ قَالَ هَؤُلَاءِ أَكَلَةُ الربَا فَلَما نَزَلْتُ إِلَى السمَاءِ الدنْيَا نَظَرْتُ أَسْفَلَ مِني فَإِذَا أَنَا بِرَهْجٍ وَدُخَانٍ وَأَصْوَاتٍ فَقُلْتُ مَا هَذَا يَا جِبْرِيلُ قَالَ هَذِهِ الشيَاطِينُ يَحُومُونَ عَلَى أَعْيُنِ بَنِي آدَمَ أَنْ لَا يَتَفَكرُوا فِي مَلَكُوتِ السمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَوْلَا ذَلِكَ لَرَأَوْا الْعَجَائِبَ.

9184 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسرا كېچىسى، يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا يەتكەن چېغىمىزدا، ئۈستى تەرەپكە قارىۋىدىم، گۈلدۈرماما ۋە چاقماقلارنى كۆردۈم. ئاندىن قورساقلىرى ئۆيدەك كېلىدىغان، قورساقلىرىنىڭ ئىچىدىكى يىلانلار سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە: "ئى جىبرىئىل! بۇلار كىم؟" دەپ سورىغانىدىم، جىبرىئىل: "ئۇلار جازانە

[1] ئەلبانى (2355): سەھىھ ـ دېگەن.

يېگەن كىشىلەر“ دېدى. دۇنيا ئاسمىنىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئاستى تەرىپىمگە قارىۋىدىم، ئۆزەمنى چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەك ۋە غۇلغۇلا ئاۋاز ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدىم ۋە: ”ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟“ دەپ سورىدىم. جىبرىئىل: ”بۇلار ئىنسانلارنىڭ ئاسمان ۋە زېمىن سەلتەنەتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى توسۇپ تۇرىدىغان شەيتانلار. ئەگەر بۇ بولمىغان بولسا، (ئىنسانلار) ئۇ يەردىكى نۇرغۇنلىغان ئاجايىباتلارنى كۆرگەن بولاتتى“ دېدى»[1].

(ئەھمەد: 8426)

9185 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ قَالَ: ”وُكِلَ بِالشمْسِ تِسْعَةُ أَمْلاكٍ يَرْمُونَهَا بِالثلْجِ كُل يَوْمٍ لَوْلا ذَلِكَ مَا أَتَتْ عَلَى شَيْءٍ إِلا أَحْرَقَتْهُ“.

9185 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇياشقا توققۇز پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى قۇياشقا قار ئاتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، قۇياش نۇرى چۈشكەن جاي كۆيۈپ كەتكەن بولاتتى»[2].

(«ئەلكەبىر»: 7705)

9186 ـ عن أبي ذر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم كثف الارض مسيرة Rسمائة عام وبين الارض العليا والسماء الدنيا Rسمائة عام وبـين كثفهـا وكثفهـا Rسمائة عام وما بين الارض العليا والسماء السابعة Ż مابين السماء السابعة إ[Б العـرش مسيرة ذلك كله.

[1] ھەيسەمى (13360): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ سەلت ئىسىملىك ماڭا ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13362): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇفەير ئىبنى مەئدەم ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9186 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەرنىڭ قېلىنلىقى 500 يىللىق، ئەڭ ئېگىز يەر بىلەن دۇنيا ئاسمىنىنىڭ ئارىسى 500 يىللىق، دۇنيا ئاسمىنىنىڭ قېلىنلىقى 500 يىللىق، دۇنيا ئاسمىنى بىلەن (ئىككىنچى) ئاسمانىنىڭ ئارىسى 500 يىللىق، (ئىككىنچى) ئاسمانىنىڭ قېلىنلىقى 500 يىللىق، قالغان (يەتتىنچى قەۋەتكىچە) ھەر ئىككى ئاسمانىنىڭ ئارىلىقى بىلەن ھەر بىر ئاسمانىنىڭ قېلىنلىقىمۇ 500 يىللىق مۇساپەگە تەڭ كېلىدۇ. يەتتىنچى قەۋەت ئاسمان بىلەن ئەرشنىڭ ئارىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇساپىسىغا تەڭ كېلىدۇ»[①].

(بەززار: 2087)

9187 ـ عن علي قال: «أشد خلق ربك عشرة: الجبال، والحديد ينحت الجبال، والنار تأكل الحديد، والماء يطفئ النار، والسحاب المسخر بين السماء والأرض يحمل الماء، والريح تقل السحاب، والإنسان يتقي الريح بيده، ويذهب فيها لحاجته، والسكر يغلب الإنسان، والنوم يغلب السكر، والهم يمنع النوم، فأشد خلق ربك الهم».

9187 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: الله تائالانىڭ ئەڭ كۈچلۈك مەخلۇقاتى تاغدۇر، (لېكىن) تۆمۈر تاغنى تېشىدۇ، ئوت تۆمۈرنى ئېرىتىدۇ، سۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ، يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدىكى بۇلۇت سۇ توشۇيدۇ، شامال بۇلۇتنى ھەيدەيدۇ، ئىنسان شامالدىن قولى بىلەن ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، مەستلىك ئىنساننى يېڭىدۇ، ئۇيقۇ مەستلىكنى يېڭىدۇ، غەم ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالانىڭ ئەڭ كۈچلۈك مەخلۇقاتى غەم ـ قايغۇدۇر[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 905)

[①] ھەيسەمى (13364): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. بىراق ئەبۇ ناسىر ھۇمەيد ئىبنى ھىلال بۇ ھەدىسنى ئەبۇزەردىن بىۋاسىتە ئاڭلىمىغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (13367): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9188 ـ عَنْ أَشْرَسَ قَالَ سُئِلَ ابْنُ عَباسٍ عَنْ الْمَد وَالْجَزْرِ فَقَالَ إِن مَلَكًا مُوَكـلٌ بِقَامُوسِ الْبَحْرِ فَإِذَا وَضَعَ رِجْلَهُ فَاضَتْ وَإِذَا رَفَعَهَا غَاضَتْ.

9188 ـ ئەشرەس مۇنداق دەيدۇ: (كىشىلەر) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن دېڭىز دولقۇنىنىڭ چۈشىشى ۋە كۆتۈرۈلۈشى توغرىسىدا سورىغاندى، ئۇ:

ـ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇئەككەل بىر پەرىشتە بار. ئۇ ئايىغىنى قويغان چاغدا، دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئايىغىنى كۆتەرگەن چاغدا، دېڭىز دولقۇنى چۈشۈپ كېتىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 22727)

9189 ـ عَنْ يُوسُفَ بْنِ أَبِي مَرْيَمَ الْحَنَفِي قَالَ: بَيْنَمَا أَنَا قَاعِدٌ مَعَ أَبِي بَكْرَةَ إِذْ جَاءَ رَجُلٌ فَسَلمَ عَلَيْهِ فَقَالَ: أَمَا تَعْرِفُنِي؟ فَقَالَ لَهُ أَبو بَكْرَةَ: وَمَنْ أَنتَ؟ قَالَ: تَعْلَمُ رَجُلًا أَتى رَسُولَ اللِه صلى الله عليه وسلم فَأَخْبَرَهُ أَنهُ رَأَى الردْمَ فَقَالَ لَهُ أَبو بَكْرَةَ: وَأَنتَ هُوَ؟ قَالَ: نَعَمْ قَالَ: اجْلِسْ حَدثْنَا قَالَ: انطَلَقْتُ حَتى انتَهَيْتُ إِلَى أَرْضٍ لَيْسَ لأَهْلِهَا إِلا الْحَدِيدُ يَعْمَلُونَهُ فَدَخَلْتُ بَيْتًا فَاسْتَلْقَيْتُ فِيهِ عَلَى ظَهْرِي وَجَعَلْتُ رِجْلَي عَلَى جِدَارِهِ فَلَما كَانَ عِنْدَ غُرُوبِ الشمْسِ سَمِعْتُ صَوْتًا لَمْ أَسْمَعْ مِثْلَهُ فَفَزِعْتُ فَجَلَسْتُ فَقَالَ لِي رَب الْبَيْتِ: لاَ تُذْعَرَن فَإِن هَذَا لاَ يَضُركَ هَذَا صَوْتُ قَوْمٍ يَنصَرِفُونَ هَذِهِ الساعَةَ مِنْ عِنْدِ هَذَا السد قَالَ: فَيَسُركُ أَنْ تَرَاهُ قُلْتُ: نَعَمْ قَالَ: فَغَدَوْتُ إِلَيْهِ فَإِذَا لَبِنَةٌ مِنْ حَدِيدٍ أَوْ قَالَ: لَبِنَةٌ مِنْ حَدِيدٍ كُل وَاحِدٍ مِثْلُ الصخْرَةِ وَإِذَا كَأَنهُ الْبُرْدُ الْمُحَبرُ وَإِذَا مَسَامِيرُهُ مِثْلُ الْجُذُوعِ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللِه صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: صِفْهُ لِي فَقُلْتُ: كَأَنهُ الْبُرْدُ الْمُحَبرُ فَقَالَ رَسُولُ اللِه صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَنْ سَرهُ أَنْ يَنظُرَ إِلَى رَجُلٍ قَدْ أَتى الردْمَ فَلْيَنظُرْ إِلَى هَذَا قَالَ أَبو بَكْرَةَ: صَدَقَ.

---

[1] ھەيسەمى (13373): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

9189 ـ يۇسۇف ئىبنى ئەبۇ مەريەم ھەنەفى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئولتۇراتتىم، بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە:

ـ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ ـ دېدى، ئەبۇ بەكرە:

ـ سەن كىم بولىسەن؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇسمىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ئادەم ئېسىڭدىمۇ؟ ـ دېدى، ئەبۇ بەكرە:

ـ سەن شۇ كىشىمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ ھە، ـ دېدى، ئەبۇ بەكرە:

ـ ئۇنداقتا ئولتۇر، بىزگە ئۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم سۆزلەشكە باشلاپ مۇنداق دېدى:

ـ مەن ئاھالىسى پەقەت تۆمۈرچىلىك بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بىر مەملىكەتكە بېرىپ، بىر ئۆيگە كىردىم. ئاندىن ئۇ ئۆيدە يۈتۈمنى تامغا قويۇپ، ئۇخلىدىم. ئىغا ياتتىم. قۇياش پېتىۋاتقاندا، ئۇ كۇنگىچە ئاڭلاپ باقمىغان دەھشەتلىك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، قاتتىق قورقۇپ كەتتىم، ئۆي ئىگىسى: ”قورقمىغىن! ساڭا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتمەيدۇ. بۇ، تۇسمىدىن قايتقان كىشىلەرنىڭ ئاۋازى. تۇسمىنى كۆرۈشنى خالامسەن؟“ دېدى. ”ھەئە“ دېدىم ۋە (ئۇ يەرگە بېرىپ) قارىغۇدەك بولسام، تۆمۈردىن ياسالغان قورام تاشتەك يوغان خىشلار بار ئىكەن، ئۇ خىشلارنىڭ رەڭگى خۇددى بويالغان قىزىل تونغا ئوخشايدىكەن. مىخلىرى بولسا، خۇددى كۆتەكلەردەك چوڭ ئىكەن. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقانىدىم، ئۇ: «ماڭا ئۇنى تەرىپلەپ بەرگىن!» دېدى. مەن: ”تۇسمىنىڭ خىشلىرىنىڭ رەڭگى خۇددى بويالغان قىزىل تونغا ئوخشايدىكەن...“ دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى تۇسمىنى (يەنى يەجۇج ۋە مەجۇجنى توسۇپ

تۇرغان تۇسمىنى) كۆرگەن ئادەمنى كۆرمەكچى بولسا، مانا بۇ ئادەمگە قارىسۇن!» دېگەن.

ئەبۇ بەكرە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

- بۇ ئادەم راست ئېيتتى، - دېدى[1].

(بەززار: 2089)

9190 - عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما قال: «إن كان الرجل ممن كـان قبلكم ليأتي عليه ثمانون سنة قبل أن يحتلم».

9190 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بۇرۇن ياشىغان ئىنسانلار ئىچىدە 80 يېشىغىچە بالاغەتكە يەتمەيدىغانلار بار ئىدى»[2].

(بەززار: 2083)

9191 - عَنْ جَابِرِ بن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ قَالَ: قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ : "يَا مُعَاذُ إِني مُرْسِلُكَ إِلَى قَوْمٍ أَهْلِ كِتَابٍ فَإِذَا سئلْتَ عَنِ الْمَجَرةِ التِـي فِـي السمَاءِ فَقُلْ: هِيَ لُعَابُ حَيةٍ تَحْتَ الْعَرْشِ".

9191 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى مۇئاز! مەن سېنى ئەهلى كىتاب بولغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىۋاتىمەن. ئەگەر سەن ئاسمان بوشلۇقىدىكى توغرىسىغا سوزۇلغان ئاقلىق ھەققىدە سورالساڭ: "ئۇ، ئەرشنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ شۆلگىيىدۇر" دېگىن!»[3].

(«ئەلكەبىر»: 1754)

---

[1] ھەيسەمى (13375): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇستازى ئەمر ئىبنى مالىكقا ھەرخىل باھا بېرىلگەن. ئۇنىڭ سەنەدىدە يەنە مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13379): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇستازى ئەمر ئىبنى مالىكقا ھەرخىل باھا بېرىلگەن، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى (13383): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە فەزل ئىبنى مۇختار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

9192 ـ عن عبد الله بن عمرو قال إن العرش مطوق للاية وإن الوحي لـ يـhال في السلاسل.

9192 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«ئەرش يىلانلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، ۋەھيى زەنجىرلەر بىلەن چۇشۇرۇلىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»)

9193 ـ عن عبد الله بن عمرو قال ربع من لا يلبسون الثياب من السودان أكثر من Pيع الناس.

9193 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«ئۇستىگە كىيىم كىيمەيدىغان نېگىرلارنىڭ تۆتتىن بىرى (دۇنيادىكى) بارلىق ئىنسانلارنىڭ سانىدىنمۇ كۆپتۇر»[②].

(«ئەلكەبىر»)

---

[①] ھەيسەمى (13384): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى كەسىر ئىبنى ئەبۇ كەسىردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (13385): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

# خاسىيەتلىك زىكىر ۋە دۇئالار بۆلۈمى

## زىكىر ۋە دۇئانىڭ پەزىلىتى

9194 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِلهِ مَلَائِكَةً يَطُوفُونَ فِي الطرُقِ يَلْتَمِسُونَ أَهْلَ الذكْرِ فَإِذَا وَجَدُوا قَوْمًا يَذْكُرُونَ اللهَ تَنَادَوْا هَلُموا إِلَى حَاجَتِكُمْ قَالَ فَيَحُفونَهُمْ بِأَجْنِحَتِهِمْ إِلَى السمَاءِ الدنْيَا قَالَ فَيَسْأَلُهُمْ رَبهُمْ وَهُوَ أَعْلَمُ مِنْهُمْ مَا يَقُولُ عِبَادِي قَالُوا يَقُولُونَ يُسَبحُونَكَ وَيُكَبرُونَكَ وَيَحْمَدُونَكَ وَيُمَجدُونَكَ قَالَ فَيَقُولُ هَلْ رَأَوْنِي قَالَ فَيَقُولُونَ لَا وَاللهِ مَا رَأَوْكَ قَالَ فَيَقُولُ وَكَيْفَ لَوْ رَأَوْنِي قَالَ يَقُولُونَ لَوْ رَأَوْكَ كَانُوا أَشَد لَكَ عِبَادَةً وَأَشَد لَكَ تَمْجِيدًا وَتَحْمِيدًا وَأَكْثَرَ لَكَ تَسْبِيحًا قَالَ يَقُولُ فَمَا يَسْأَلُونِي قَالَ يَسْأَلُونَكَ الْجَنةَ قَالَ يَقُولُ وَهَلْ رَأَوْهَا قَالَ يَقُولُونَ لَا وَاللهِ يَا رَب مَا رَأَوْهَا قَالَ يَقُولُ فَكَيْفَ لَوْ أَنهُمْ رَأَوْهَا قَالَ يَقُولُونَ لَوْ أَنهُمْ رَأَوْهَا كَانُوا أَشَد عَلَيْهَا حِرْصًا وَأَشَد لَهَا طَلَبًا وَأَعْظَمَ فِيهَا رَغْبَةً قَالَ فَمِم يَتَعَوذُونَ قَالَ يَقُولُونَ مِنْ النارِ قَالَ يَقُولُ وَهَلْ رَأَوْهَا قَالَ يَقُولُونَ لَا وَاللهِ يَا رَب مَا رَأَوْهَا قَالَ يَقُولُ فَكَيْفَ لَوْ رَأَوْهَا قَالَ يَقُولُونَ لَوْ رَأَوْهَا كَانُوا أَشَد مِنْهَا فِرَارًا وَأَشَد لَهَا مَخَافَةً قَالَ فَيَقُولُ فَأُشْهِدُكُمْ أَني قَدْ غَفَرْتُ لَهُمْ قَالَ يَقُولُ مَلَكٌ مِنْ الْمَلَائِكَةِ فِيهِمْ فُلَانٌ لَيْسَ مِنْهُمْ إِنمَا جَاءَ لِحَاجَةٍ قَالَ هُمْ الْجُلَسَاءُ لَا يَشْقَى بِهِمْ جَلِيسُهُمْ.

9194 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ يەر يۈزىدە كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، زىكىر ئەھلىنى ئىزدەيدىغان پەرىشتىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار اللهنى زىكىر قىلىۋاتقان بىر جامائەتنى تاپقان چېغىدا: ”كېلىڭلار، مانا تاپتۇق“ دەپ بىر ـ بىرىگە

نىدا قىلىدۇ ۋە دەرھال يىغىلىپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى دۇنيا ئاسمىنىغا قەدەر ئورىۋالىدۇ. ئۇلارنى ھەممىدىن ئەڭ ياخشى بىلىپ تۇرغان پەرۋەردىگارى پەرىشتىلەردىن: ''بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟'' دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ''بەندىلىرىڭ ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر، ھەمدۇ سانا ئېيتىپ سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ'' دەيدۇ. اللە: ''ئۇلار مېنى كۆرۈپتىمۇ؟'' دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ''ياق، سېنى كۆرمەپتۇ'' دەيدۇ. اللە: ''ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار ئىدى؟'' دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ''ئەگەر ئۇلار سېنى كۆرگەن بولسا، ئىبادەتنى تېخىمۇ كۆپ قىلغان بولاتتى. سېنى ئۇلۇغلاشنى، ساڭا ھەمدۇ سانا ئېيتىشنى ۋە تەسبىھ ئېيتىشنى يەنىمۇ كۆپ قىلغان بولاتتى'' دەيدۇ. اللە: ''ئۇلار مەندىن نېمە تىلەيدىكەن؟'' دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ''سەندىن جەننەتنى تىلەيدىكەن'' دەيدۇ. اللە: ''ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپتىمۇ؟'' دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ''ياق. ئى رەببىمىز! سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار جەننەتنى كۆرمەپتۇ'' دەيدۇ. اللە: ''ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار ئىدى؟'' دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ''ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ جەننەتكە بولغان تەشنالىقى، رىغبىتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان بولاتتى'' دەيدۇ. اللە: ''ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلەيدىكەن؟'' دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ''دوزاختىن پاناھ تىلەيدىكەن'' دەيدۇ. اللە: ''ئۇلار دوزاخنى كۆرۈپتىمۇ؟'' دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق. ئى رەببىمىز! سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوزاخنى كۆرمەپتۇ'' دەيدۇ. اللە: ''ئەگەر ئۇلار دوزاخنى كۆرگەن بولسا، ھالى قانداق بولار ئىدى؟'' دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ''ئەگەر ئۇلار دوزاخنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورققان ۋە تېخىمۇ يىراققا قاچقان بولاتتى'' دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، اللە: ''مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدىم'' دەيدۇ. پەرىشتىلەردىن بىرى: ''ئۇلارنىڭ ئىچىدە پالانى كىشى زىكىر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كەلگەن ئىدى'' دەيدۇ. اللە:

”مۇنداق بىر جامائەت بىلەن سۆھبەتداش بولغان كىشى قۇرۇق قول قايتمايدۇ“ دەيدۇ».

(بۇخارى: 6408)

9195 ـ وللترمذي نحوه عن أبي هريرةؓ أو أبي سعيد بالشك.

9195 ـ تىرمىزى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى ئەبۇ ھۇرەيرە ياكى ئەبۇ سەئىدتىن رىۋايەت قىلغان.

9196 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ قَعَدَ مَقْعَدًا لَمْ يَذْكُرْ اللهَ فِيهِ كَانَتْ عَلَيْهِ مِنْ اللهِ تِرَةٌ وَمَنْ اضْطَجَعَ مَضْجَعًا لَا يَذْكُرُ اللهَ فِيهِ كَانَتْ عَلَيْهِ مِنْ اللهِ تِرَةٌ.

9196 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئولتۇرغان جايىدا اللهنى زىكىر قىلمىسا، اللهنىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ. كىمكى ياتقان جايىدا اللهنى زىكىر قىلمىسا، اللهنىڭ ھۇزۇرىدا پۇشايمانغا قالىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4856)

9197 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ قَوْمٍ يَقُومُونَ مِنْ مَجْلِسٍ لَا يَذْكُرُونَ اللهَ فِيهِ إِلا قَامُوا عَنْ مِثْلِ جِيفَةِ حِمَارٍ وَكَانَ لَهُمْ حَسْرَةً.

9197 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر جامائەت ئولتۇرغان سورۇندىن اللهنى زىكىر قىلماستىن قوپۇپ كەتسە، ئېشەكنىڭ تېپى (ئۆلۈكى) بار جايدا ئولتۇرۇپ قوپقاندەك بولىدۇ. بۇ، ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4855)

---

[1] ئەلبانى (4065): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4064): سەھىھ ـ دېگەن.

9198 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ خَرَجَ مُعَاوِيَةُ عَلَى حَلْقَةٍ فِي الْمَسْجِدِ فَقَالَ مَا أَجْلَسَكُمْ قَالُوا جَلَسْنَا نَذْكُرُ اللهَ قَالَ آللهِ مَا أَجْلَسَكُمْ إِلا ذَاكَ قَالُوا وَاللهِ مَا أَجْلَسَنَا إِلا ذَاكَ قَالَ أَمَا إِني لَمْ أَسْتَحْلِفْكُمْ تُهْمَةً لَكُمْ وَمَا كَانَ أَحَدٌ بِمَنْزِلَتِي مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقَل عَنْهُ حَدِيثًا مِني وَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ عَلَى حَلْقَةٍ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَ مَا أَجْلَسَكُمْ قَالُوا جَلَسْنَا نَذْكُرُ اللهَ وَنَحْمَدُهُ عَلَى مَا هَدَانَا لِلْإِسْلَامِ وَمَن بِهِ عَلَيْنَا قَالَ آللهِ مَا أَجْلَسَكُمْ إِلا ذَاكَ قَالُوا وَاللهِ مَا أَجْلَسَنَا إِلا ذَاكَ قَالَ أَمَا إِني لَمْ أَسْتَحْلِفْكُمْ تُهْمَةً لَكُمْ وَلَكِنهُ أَتَانِي جِبْرِيلُ فَأَخْبَرَنِي أَن اللهَ عَز وَجَل يُبَاهِي بِكُمْ الْمَلَائِكَةَ.

9198 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە ھالقىسىمان بولۇپ ئولتۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ:

ـ نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ بىز اللهنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ئولتۇردۇق، ـ دېدى. مۇئاۋىيە:

ـ سىلەر راستىنلا شۇنىڭ ئۈچۈن ئولتۇردىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مېنىڭ بۇنداق سورىشىم سىلەرنى باشقا نىيەتتە ئولتۇردى دېمەكچى ئەمەسمەن، مەن ساھابىلەر ئارىسىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەڭ ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلغان بىرىمەن. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھالقىسىمان بولۇپ ئولتۇرغان ساھابىلىرىنى كۆرۈپ: «نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىلەر»؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: "بىز اللهنى زىكىر قىلىش، بىزنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە بۇ نېئمەتنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىش ئۈچۈن ئولتۇردۇق" دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر راستىنلا شۇنىڭ ئۈچۈن ئولتۇردىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: "اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق" دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مېنىڭ بۇنداق سورىشىم سىلەرنى باشقا نىيەتتە ئولتۇردى دېمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن جىبرىئىل كېلىپ، ماڭا اﷲنىڭ پەرىشتىلەر ئالدىدا سىلەر بىلەن پەخىرلەنگىنىنى بىلدۇردى» دېدى.
(مۇسلىم: 2701)

9199 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُسْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إن شَرَائِعَ الْإِسْلَامِ قَدْ كَثُرَتْ عَلَي فَأَخْبِرْنِي بِشَيْءٍ أَتَشَبثُ بِهِ قَالَ لَا يَزَالُ لِسَانُكَ رَطْبًا مِنْ ذِكْرِ اللهِ.

9199 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا كۆرە ئىسلام شەرىئەتلىرى (ساۋابنىڭ يوللىرى) ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ماڭا (شۇلاردىن) بىرنى ئېيتىپ بەرگىن، مەن ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشاي، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تىلىڭ اﷲنىڭ زىكرىدىن توختاپ قالمىسۇن! ـ دېدى[1].
(تىرمىزى: 3375)

9200 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ أي الْعِبَادِ أَفْضَلُ دَرَجَةً عِنْدَ اللهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ الذاكِرُونَ اللهَ كَثِيرًا وَالذاكِرَاتُ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ وَمِنْ الْغَازِي فِي سَبِيلِ اللهِ قَالَ لَوْ ضَرَبَ بِسَيْفِهِ فِي الْكُفارِ وَالْمُشْرِكِينَ حَتى يَنْكَسِرَ وَيَخْتَضِبَ دَمًا لَكَانَ الذاكِرُونَ اللهَ أَفْضَلَ مِنْهُ دَرَجَةً.

9200 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ قىيامەت كۈنى اﷲنىڭ ھۇزۇرىدا قانداق بەندىلەرنىڭ دەرىجىسى ئەڭ ئەۋزەل بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (2687): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ اللهنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەر ۋە ئاياللارنىڭ دەرىجىلىرى، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار الله يولىدا جىھادقا قاتناشقان (كىشى)دىنمۇ ئەۋزەلمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ (مۇجاھىد) كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، قىلىچى سۇنغان، ئۆزى قانغا مىلەنگەن تەقدىردىمۇ، اللهنى زىكىر قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3376)

9201 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَثَلُ الْبَيتِ الذِي يُذْكَرُ اللهُ فِيهِ وَالْبَيتِ الذِي لَا يُذْكَرُ اللهُ فِيهِ مَثَلُ الْحَي وَالْمَيتِ.

9201 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله زىكىر قىلىنىدىغان ئۆي بىلەن الله زىكىر قىلىنمايدىغان ئۆينىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ پەرقىگە ئوخشايدۇ».

(مۇسلىم: 779)

9202 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسِيرُ فِي طَرِيقِ مَكةَ فَمَر عَلَى جَبَلٍ يُقَالُ لَهُ جُمْدَانُ فَقَالَ سِيرُوا هَذَا جُمْدَانُ سَبَقَ الْمُفَرِدُونَ قَالُوا وَمَا الْمُفَرِدُونَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الذاكِرُونَ اللهَ كَثِيرًا وَالذاكِرَاتُ.

9202 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە (قاراپ) كېتىۋېتىپ، جۇمدان دېگەن تاغدىن ئۆتۈۋاتقاندا:

ــ يۈرۈڭلار! بۇ يەر جۇمداندۇر. مۇفەررىدلەر نۇرغۇن ساۋاب ئېلىپ كەتتى، ـ دېدى. ساھابىلەر:

[1] ئەلبانى (670): زەئىپ، ـ دېگەن.

- ئى رەسۇلۇللاھ! مۇفەررىدلەر كىم؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- (ئۇلار) اللهنى كۆپ زىكىر قىلغان ئەر ۋە ئاياللار، - دېدى.

(مۇسلىم: 2676)

9203 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبَقَ الْمُفْرِدُونَ قَالُوا وَمَا الْمُفْرِدُونَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الْمُسْتَهْتَرُونَ فِي ذِكْرِ اللهِ يَضَعُ الذكْرُ عَنْهُمْ أَثْقَالَهُمْ فَيَأْتُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ خِفَافًا.

9203 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- مۇفرىدلەر نۇرغۇن ساۋابقا ئېرىشىپ كەتتى، - دېدى. ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مۇفرىدلەر كىم؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇلار اللهنىڭ زىكرىگە غەرق بولۇپ كەتكەنلەر بولۇپ، زىكىر ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قىيامەت كۈنى (اللهنىڭ ھۇزۇرىغا) گۇناھلىرىدىن خالىي بولغان ھالدا كېلىدۇ، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 3596)

9204 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُ تَعَالَى أَنَا عِنْدَ ظَن عَبْدِي بِي وَأَنَا مَعَهُ إِذَا ذَكَرَنِي فَإِنْ ذَكَرَنِي فِي نَفْسِهِ ذَكَرْتُهُ فِي نَفْسِي وَإِنْ ذَكَرَنِي فِي مَلَإٍ ذَكَرْتُهُ فِي مَلَإٍ خَيْرٍ مِنْهُمْ وَإِنْ تَقَربَ إِلَي بِشِبْرٍ تَقَربْتُ إِلَيْهِ ذِرَاعًا وَإِنْ تَقَربَ إِلَي ذِرَاعًا تَقَربْتُ إِلَيْهِ بَاعًا وَإِنْ أَتَانِي يَمْشِي أَتَيْتُهُ هَرْوَلَةً.

9204 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنداق بولىمەن. ئۇ مېنى ئەسلىگەندە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە

---

[1] ئەلبانى (726): زەئىپ، - دېگەن.

بولىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە ئەسلەيمەن. ئەگەر مېنى بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلەيمەن. ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن».

(بۇخارى: 7405)

9205 ـ عَنْ عُمَارَةَ بنِ زَعْكَرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن اللهَ عَز وَجَل يَقُولُ إن عَبْدِي كُل عَبْدِيَ الذِي يَذْكُرُنِي وَهُوَ مُلَاقٍ قِرْنَهُ يَعْنِي عِنْدَ الْقِتَالِ.

9205 ـ ئۇمارە ئىبنى زەئكەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقىي بەندىلىرىم مېنى ئۇرۇش ئەسناسىدا زىكىر قىلىپ تۇرىدىغانلاردۇر»[1].

(تىرمىزى: 3580)

9206 ـ عَنْ أَنَسِ بنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إذَا مَرَرْتُمْ بِرِيَاضِ الْجَنةِ فَارْتَعُوا قَالُوا وَمَا رِيَاضُ الْجَنةِ قَالَ حِلَقُ الذكْرِ.

9206 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جەننەت باغچىلىرىدىن ئۆتكەن چېغىڭلاردا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ جەننەت باغچىلىرى نېمىدۇر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (721): زەئىپ، ـ دېگەن.

- زىكىر سورۇنى، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 3510)

9207 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ طَاهِرًا يَذْكُرُ اللهَ حَتى يُدْرِكَهُ النعَاسُ لَمْ يَنْقَلِبْ سَاعَةً مِنْ الليْلِ يَسْأَلُ اللهَ شَيْئًا مِنْ خَيْرِ الدنْيَا وَالْآخِرَةِ إِلا أَعْطَاهُ إِياهُ.

9207 ـ ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«كىمكى تاھارەت بىلەن يېتىپ، ئۇخلاپ قالغانغا قەدەر اللهنى زىكىر قىلسا، ئاندىن تۈننىڭ قايسى بىر قىسمىدا قوپۇپ اللهتىن مەيلى دۇنيا ياكى ئاخىرەتكە تېگىشلىك بىر نەرسىنى تىلىسە، ئەلۋەتتە، الله ئۇنىڭغا تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3526)

9208 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ بَعْثًا قِبَلَ نَجْدٍ فَغَنِمُوا غَنَائِمَ كَثِيرَةً وَأَسْرَعُوا الرجْعَةَ فَقَالَ رَجُلٌ مِمنْ لَمْ يَخْرُجْ مَا رَأَيْنَا بَعْثًا أَسْرَعَ رَجْعَةً وَلَا أَفْضَلَ غَنِيمَةً مِنْ هَذَا الْبَعْثِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أَدُلكُمْ عَلَى قَوْمٍ أَفْضَلُ غَنِيمَةً وَأَسْرَعُ رَجْعَةً قَوْمٌ شَهِدُوا صَلَاةَ الصبْحِ ثُم جَلَسُوا يَذْكُرُونَ اللهَ حَتى طَلَعَتْ عَلَيْهِمْ الشمْسُ أُولَئِكَ أَسْرَعُ رَجْعَةً وَأَفْضَلُ غَنِيمَةً.

9208 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجد ۋىلايىتىگە قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار كۆپ غەنىمەت قولغا كەلتۈرۈپ، تېزلا قايتىپ كەلدى. بۇ قوشۇنغا قوشۇلمىغان بىر كىشى (ھەيران قالغان ھالدا):

---

[1] ئەلبانى (2787): ھەسەن، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (707): زەئىپ، - دېگەن.

ــ بۇ قوشۇندەك كۆپ غەنىمەت قولغا كەلتۈرۈپ، تېزلا قايتىپ كەلگەن بىر قوشۇننى كۆرمىگەن ئىدۇق، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ قوشۇندىنمۇ چاققان ۋە كۆپ غەنىمەت ئالىدىغان كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ بامدات نامىزىغا تۇرغان، ئاندىن قۇياش چىققىچە اللهنى زىكىر قىلغان كىشىلەر بۇ قوشۇندىنمۇ چاققان ۋە كۆپ غەنىمەت ئالىدىغان كىشىلەردۇر، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 3561)

9209 ـ عن أبي الدرداء قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ليبعثن الله أقواما يوم القيامة في وجوههم النور على منابر اللؤلؤ يغبطهم الناس ليسوا بأنبياء ولا شهداء قال فجثى أعرابي على ركبتيه فقال يارسول الله حلهم لنا نعرفهم قال هم المتحابون في الله من قبائل شتى وبلاد شتى يجتمعون على ذكر الله يذكرونه.

9209 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله تائالا قىيامەت كۈنى مەرۋايىتتىن ياسالغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرىدىغان، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر مۇنچە كىشىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىدمۇ ئەمەس، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىر سەھرالىق تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، تونۇۋالايلى! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلار ھەر خىل قەبىلىلەردىن، ھەر قايسى شەھەرلەردىن كەلگەن بولۇپ، الله ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى دوست تۇتقان، اللهنىڭ زىكرى ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان ۋە ئۇنى زىكىر قىلغان كىشىلەردۇر، ـ دېدى[②].

[①] ئەلبانى (714): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (16770): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

(«ئەلكەبىر»)

9210 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: إن مِنَ النـاسِ مَفَاتِيحَ لِذِكْرِ اللهِ إذَا رُءُوا ذُكِرَ اللهُ.

9210 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار ئىچىدىن زىكىرنىڭ ئاچقۇچى بولىدىغان كىشىلەر بار. باشقىلار ئۇلارنى كۆرگەندە، دەرھال اﷲنى زىكىر قىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 10476)

9211 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْرُ الذكْرِ الْخَفِي وَخَيْرُ الرزْقِ مَا يَكْفِي.

9211 ـ سەئد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زىكىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەخپىي قىلىنغىنى، رىزىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى يېتەرلىك بولغىنىدۇر»[2].

(ئەھمەد: 1480)

9212 ـ مالك بن أنس ـ رɓه الله ـ قال: بلغɫ أن رسولَ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ كان يقول: «ذَاكرُ الله في الغافلين كالمُقَاتِل خَلْفَ الفارينَ وذاكِرُ الله في الغافلين كغُصْنٍ أخضرَ في شجرٍ يابِسٍ ـ وفي رواية : مَثَلُ الشجرة الضراء في وسط الشـجر ـ وذاكر الله في الغَافلينَ مثل مِصْباحٍdz في بَيْتٍ مُظْلِمٍ وذاكر الله في الغافلين يُريهِ اللهُ مَقْعَـدَهُ

[1] ھەيسەمى (16780): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەمر ئىبنى قاسىم ئىسىملىك ماڭا ناتونۇش بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16795): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى لەبىبە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

من الجنة وهو حَيٌّ وذاكِرُ الله في الغافلين يُغْفَرُ له بِعَدَدِ كل فَصِيحٍ وأعجم. والفصيحُ: بنو آدمَ والأعجمُ: البهائم».

9212 ـ مالىك رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«غاپىللار ئارىسىدا اﷲنى زىكىر قىلغان كىشى باشقىلار ئۇرۇشتىن قېچىۋاتسىمۇ قاچماي ئۇرۇشقان كىشىگە ئوخشايدۇ. غاپىللار ئارىسىدا اﷲنى زىكىر قىلغان كىشى قۇرۇپ قالغان دەرەختىكى ياپ ـ يېشىل شاختا ئوخشايدۇ. غاپىللار ئارىسىدا اﷲنى زىكىر قىلغان كىشى قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتۇپ تۇرغان چىراغقا ئوخشايدۇ. اﷲ تائالا غاپىللار ئارىسىدا اﷲنى زىكىر قىلغان كىشىنى قەبرى روھ قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. اﷲ تائالا غاپىللار ئارىسىدا اﷲنى زىكىر قىلغان كىشىنىڭ تىللىق ۋە تىلسىز بارلىق جانلىقنىڭ سانىدەك (كۆپ) گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9213 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أُنبئُكُمْ بِخَيْرِ أَعْمَالِكُمْ وَأَزْكَاهَا عِنْدَ مَلِيكِكُمْ وَأَرْفَعِهَا فِي دَرَجَاتِكُمْ وَخَيْرٌ لَكُمْ مِنْ إِنْفَاقِ الذهَبِ وَالْوَرِقِ وَخَيْرٌ لَكُمْ مِنْ أَنْ تَلْقَوْا عَدُوكُمْ فَتَضْرِبُوا أَعْنَاقَهُمْ وَيَضْرِبُوا أَعْنَاقَكُمْ قَالُوا بَلَى قَالَ ذِكْرُ اللهِ تَعَالَى قَالَ مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ مَا شَيْءٌ أَنْجَى مِنْ عَذَابِ اللهِ مِنْ ذِكْرِ اللهِ.

9213 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەببىڭلارنىڭ نەزىرىدە دەرىجەڭلارنى يۇقىرى قىلىدىغان، ئالتۇن ـ كۇمۇش سەدىقە قىلىشتىنمۇ، اﷲ يولىدا جىھادقا چىقىپ، دۇشمەنلەر بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

ــ ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ اللهنى زىكرى قىلىش، ـ دەپ جاۋاب بەردى.
مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل نەرسە، اللهنى زىكرى قىلىشتۇر، ـ دېدى[①].
(تىرمىزى: 3377)

9214 ـ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَكْثِرُوا ذِكْرَ اللهِ حَتى يَقُولُوا مَجْنُونٌ.
9214 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«اللهنى شۇنداق كۆپ زىكرى قىلىڭلاركى، ئىنسانلار سىلەرنى ساراڭكەن دەپ قالسۇن»[②].
(ئەھمەد: 27310)

9215 ـ وَقَالَ أَبو عَبْدِ الرحْمَنِ مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ مَا عَمِلَ ابْنُ آدَمَ مِنْ عَمَلٍ أَنجَى لَهُ مِنْ عَذَابِ اللهِ مِنْ ذِكْرِ اللهِ.
9215 ـ ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«اللهنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن اللهنى زىكىر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ئەمەل يوقتۇر».
(مالىك: 490)

① ئەلبانى (2688): سەھىھ ـ دېگەن.
② ھەيسەمى (16761): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە دەرراج ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. ئىمام ئەھمەدنىڭ ئىككى سەنەدىدىن بىرىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9216 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَأَنْ أَقْعُدَ مَعَ قَوْمٍ يَذْكُرُونَ اللهَ تَعَالَى مِنْ صَلَاةِ الْغَدَاةِ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أَعْتِقَ أَرْبَعَةً مِنْ وَلَدِ إِسْمَعِيلَ وَلَأَنْ أَقْعُدَ مَعَ قَوْمٍ يَذْكُرُونَ اللهَ مِنْ صَلَاةِ الْعَصْرِ إِلَى أَنْ تَغْرُبَ الشمْسُ أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أَعْتِقَ أَرْبَعَةً.

9216 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بامدات نامىزىدىن كېيىن، اﷲنى زىكىر قىلىدىغان بىر جامائەت بىلەن بىرگە تاكى قۇياش چىققىچە ئولتۇرۇش، مەن ئۈچۈن ئىسمائىل نەسلىدىن تۆت نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىشتىنمۇ ياخشىراق. ئەسىر نامىزىدىن كېيىن، شام نامىزىغىچە اﷲنى زىكىر قىلىدىغان بىر جامائەت بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشمۇ، مەن ئۈچۈن تۆت نەپەر قۇلنى ئازاد قىلغاندىن ياخشىراق»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3667)

9217 ـ عَنْ النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الدعَاءُ هُوَ الْعِبَادَةُ ثُم قَرَأَ وَقَالَ رَبكُمْ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِن الذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنمَ دَاخِرِينَ.

9217 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دۇئا ئىبادەتتۇر» دېگەندىن كېيىن: پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ[②] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[③].

[①] ئەلبانى (3114): ھەسەن، ـ دېگەن.
[②] سۈرە غافىر، 60 ـ ئايەت.
[③] ئەلبانى (2590): سەھىھ ـ دېگەن.

(تىرمىزى: 3372)

9218 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَ شَيْءٌ أَكْرَمَ عَلَى اللهِ تَعَالَى مِنْ الدعَاءِ.

9218 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللّٰه تائالانىڭ نەزىرىدە دۇئادىنمۇ ئۇلۇغراق ئىبادەت يوق»[1].

(تىرمىزى: 3370)

9219 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الدعَاءُ مُخ الْعِبَادَةِ.

9219 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكىدۇر» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 3371)

9220 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ فُتِحَ لَهُ مِنْكُمْ بَابُ الدعَاءِ فُتِحَتْ لَهُ أَبْوَابُ الرحْمَةِ وَمَا سُئِلَ اللهُ شَيْئًا يَعْنِي أَحَب إِلَيْهِ مِنْ أَنْ يُسْأَلَ الْعَافِيَةَ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الدعَاءَ يَنْفَعُ مِما نَزَلَ وَمِما لَمْ يَنْزِلْ فَعَلَيْكُمْ عِبَادَ اللهِ بِالدعَاءِ.

9220 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن كىمگە دۇئا ئىشىكى ئېچىلسا، ئۇنىڭغا رەھمەت ئىشىكى ئېچىلغان بولىدۇ. اللّٰه بەندىلەرنىڭ سالامەتلىك تىلىشىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. كەلگەن ۋە كەلمىگەن بالا ـ قازانى پەقەت دۇئالا دەپئى قىلىدۇ. شۇڭا دۇئاغا مەھكەم ئېسىلىڭلار»[3].

---

[1] ئەلبانى (2684): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (669): مۇشۇ لەۋزى بىلەن زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (708): زەئىپ، ـ دېگەن.

(تىرمىزى: 3548)

9221 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ أَحَدٍ يَدْعُو يِدُعَاءٍ إلا آتَاهُ اللهُ مَا سَأَلَ أَوْ كَف عَنْهُ مِنْ السوءِ مِثْلَهُ مَا لَمْ يَدْعُ بِـإِثْمٍ أَوْ قَطِيعَـةِ رَحِمٍ.

9221 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ھەرقانداق بىر ئىنسان ھاجىتىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندا، گۇناھ بولىدىغان ياكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى تىلىمىگەنلا بولسا، الله تائالا ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3381)

9222 ـ عَنْ جابر ـ رضي الله عنه ـ أن رسولَ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ قال: «ما من عبد مسلم يدعو بدعاءٍ إلا آتاه الله ما سألَ أو ادخَرَ له في الآخرة خـيرا منه أو كَف عنه من السوءِ مِثْلَه ما لم يَدْعُ بإثمٍ أو قَطيعةِ رَحِم».

9222 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ھاجىتىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندا، گۇناھ بولىدىغان ياكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى تىلىمىگەنلا بولسا، الله ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بىر بالانى كۆتۈرىۋېتىدۇ، ناۋادا تىلىگىنىنى بۇ دۇنيادا بەرمىسە، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا تىلىگىنىدىنمۇ ياخشىراقىنى بېرىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (2692): ھەسەن، ـ دېگەن.

9223 ـ عن جابر بن عبد الله قال: قال رسول الله صلى الله عليـه وسـلم: «ألا أدلكم على ما ينجيكم من عدوكم ويدر لكم أرزاقكم؟ تدعون الله في ليلكم ونهاركم فإن الدعاء سلاح المؤمن».

9223 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن قۇتقۇزىدىغان ۋە رىزقىڭلارنى زىيادە قىلىدىغان بىر ئەمەلنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ كېچە ـ كۈندۈز اللهقا دۇئا قىلىڭلار! چۈنكى دۇئا مۇئمىنىنىڭ قورالىدۇر»[1].

(مەۋسىلى: 1812)

[1] ھەيسەمى (17199): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ھۇمەيد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## دۇئا ۋاقتى، دۇئا قىلغۇچىنىڭ ھالىتى، دۇئانىڭ شەكلى ۋە باشقا مەسىلىلەر

9224 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَنزِلُ رَبنَا تَبَارَكَ وَتَعَالَى كُل لَيلَةٍ إِلَى السمَاءِ الدنْيَا حِينَ يَبقَى ثُلُثُ الليْلِ الْآخِرُ يَقُولُ مَنْ يَدْعُونِي فَأَسْتَجِيبَ لَهُ مَنْ يَسْأَلُنِي فَأُعْطِيَهُ مَنْ يَسْتَغْفِرُنِي فَأَغْفِرَ لَهُ.

9224 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەببىمىز ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمى قالغان چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە: ”كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىمەن. كىم مەندىن سورايدۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ ئۇنى ئەپۇ قىلىمەن“ دەيدۇ».

(بۇخارى: 1145)

9225 – وفي رواية: إِن اللهَ يُمْهِلُ حَتى إِذَا ذَهَبَ ثُلُثُ الليْلِ الْأَولُ نَزَلَ إِلَى السمَاءِ الدنْيَا فَيَقُولُ هَلْ مِنْ مُسْتَغْفِرٍ هَلْ مِنْ تَائِبٍ هَلْ مِنْ سَائِلٍ هَلْ مِنْ دَاعٍ حَتى يَنْفَجِرَ الْفَجْرُ.

9225 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «الله تائالا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، تاكى تاڭ ئاتقىچە: ”ئىستىغفار ئېيتقۇچى بارمۇ؟ تۆۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ ھاجىتىنى تىلىگۈچى بارمۇ؟ دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟“ دەپ نىدا قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 758)

9226 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا مَضَى شَطْرُ الليْلِ أَوْ ثُلُثَاهُ بنحوه.

9226 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن:

« اللە تائالا كېچىنىڭ يېرىمى ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆتكەندە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ...» داۋامى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(مۇسلىم: 758)

9227 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَي الدعَاءِ أَسْمَعُ قَالَ جَوْفَ الليْلِ الْآخِرِ وَدُبُرَ الصلَوَاتِ الْمَكْتُوبَاتِ.

9227 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى دۇئا بەك ئىجابەت بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەر بىر پەرز نامازدىن كېيىن قىلىنغان دۇئا، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 3499)

9228 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُرَد الدعَاءُ بَيْنَ الْأَذَانِ وَالْإِقَامَةِ.

9228 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 521)

9229 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثِنْتَانِ لَا تُرَدانِ أَوْ قَلمَا تُرَدانِ الدعَاءُ عِنْدَ الندَاءِ وَعِنْدَ الْبَأْسِ حِينَ يُلْحِمُ بَعْضُهُمْ بَعْضًا.

---

[1] ئەلبانى (2782): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (489): سەھىھ ـ دېگەن.

9229 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىككى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ. بىرى، ئەزان ۋاقتىدا قىلىنغان؛ يەنە بىرى، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان چاغدا قىلىنغان دۇئا»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2540)

9230 ـ وفي أخرى: وَوَقْتُ الْمَطَرِ.

9230 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «يامغۇر يېغىۋاتقان چاغدا (قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ)» دېيىلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2540)

9231 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَقْرَبُ مَا يَكُونُ الْعَبْدُ مِنْ رَبِه وَهُوَ سَاجِدٌ فَأَكْثِرُوا الدعَاءَ.

9231 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار».

(مۇسلىم: 482)

9232 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَرهُ أَنْ يَسْتَجِيبَ اللهُ لَهُ عِنْدَ الشدَائِدِ وَالْكَرْبِ فَلْيُكْثِرْ الدعَاءَ فِي الرخَاءِ.

9232 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2215): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2215): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىمكى قىيىنچىلىق ۋە يامان كۈنلەردە دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى خالىسا، تېنى ساغلام، خاتىرجەم ۋاقتىدا دۇئانى كۆپ قىلسۇن»[1].

(تىرمىزى: 3382)

9233 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعْوَةُ الْمَظْلُومِ مُسْتَجَابَةٌ وَإِنْ كَانَ فَاجِرًا فَفُجُورُهُ عَلَى نَفْسِهِ.

9233 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، گەرچە ئۇ پاسىق بولغان تەقدىردىمۇ ئىجابەت بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پاسىقلىقى ئۆزىگىدۇر»[2].

(ئەھمەد: 8577)

9234 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَةٌ لَا تُرَد دَعْوَتُهُمْ الصائِمُ حَتى يُفْطِرَ وَالْإِمَامُ الْعَادِلُ وَدَعْوَةُ الْمَظْلُومِ يَرْفَعُهَا اللهُ فَوْقَ الْغَمَامِ وَيَفْتَحُ لَهَا أَبْوَابَ السمَاءِ وَيَقُولُ الرب وَعِزتِي لَأَنْصُرَنكِ وَلَوْ بَعْدَ حِينٍ.

9234 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ. بىرىنچىسى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىفتار قىلغۇچە ئارىلىقتا قىلغان دۇئاسى؛ ئىككىنچىسى، ئادىل پادىشاھنىڭ دۇئاسى؛ ئۈچىنچىسى، مەزلۇمنىڭ دۇئاسى. الله مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاسمان دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ ۋە: ''ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى، بىر مەزگىلدىن كېيىن بولسىمۇ، ساڭا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمەن'' دەيدۇ»[3].

(تىرمىزى: 3598)

[1] ئەلبانى (2693): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17227): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (727): زەئىپ، ـ دېگەن.

9235 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثُ دَعَوَاتٍ مُسْتَجَابَاتٌ لَا شَكَّ فِيهِن دَعْوَةُ الْمَظْلُومِ وَدَعْوَةُ الْمُسَافِرِ وَدَعْوَةُ الْوَالِدِ عَلَى وَلَدِهِ.

9235 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ: مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، دادىنىڭ بالىغا قىلغان بەددۇئاسى»[1].

(تىرمىزى: 1905)

9236 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا دَعْوَةٌ أَسْرَعَ إِجَابَةً مِنْ دَعْوَةِ غَائِبٍ لِغَائِبٍ.

9236 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىنىڭ يەنە بىرىگە غايىبانە قىلغان دۇئاسىدىنمۇ تېزراق ئىجابەت بولىدىغان دۇئا يوقتۇر»[2].

(تىرمىزى: 1980)

9237 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ عَبْدٍ مُسْلِمٍ يَدْعُو لِأَخِيهِ بِظَهْرِ الْغَيْبِ إِلا قَالَ الْمَلَكُ وَلَكَ بِمِثْلٍ.

9237 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم (مۇسۇلمان) قېرىندىشىغا غايىبانە دۇئا قىلسا، ئۇنىڭغا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە: ”ئامىن! ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بولسۇن!“ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 2732)

[1] ئەلبانى (1555): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (338): زەئىپ، ـ دېگەن.

9238 ـ عن عَبْد اللهِ بْن عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَسْتُرُوا الْجُدُرَ مَنْ نَظَرَ فِي كِتَابِ أَخِيهِ بِغَيْرِ إِذْنِهِ فَإِنمَا يَنظُرُ فِي النارِ سَلُوا اللهَ بِبُطُونِ أَكُفكُمْ وَلَا تَسْأَلُوهُ بِظُهُورِهَا فَإِذَا فَرَغْتُمْ فَامْسَحُوا بِهَا وُجُوهَكُمْ.

9238 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈڭلارنىڭ تامىلىرىنى (گىلەم قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن) ئورىۋالماڭلار! كىمكى قېرىندىشىنىڭ خېتىگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز قارىسا (يەنى ئوقۇسا)، دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ئەمەلدىن بىرىنى قىلغان بولىدۇ. ﷲتىن ھاجىتىڭلارنى تىلەپ دۇئا قىلغاندا قولۇڭلارنىڭ ئالىقىنىنى ئېچىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىڭلار. دۇئانى تۈگەتكەندە، (قولۇڭلار بىلەن) يۈزۈڭلارنى سىلاڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1485)

9239 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ الْمَسْأَلَةُ أَنْ تَرْفَعَ يَدَيْكَ حَذْوَ مَنْكِبَيْكَ أَوْ نَحْوَهُمَا وَالِاسْتِغْفَارُ أَنْ تُشِيرَ بِأُصْبُعٍ وَاحِدَةٍ وَالِابْتِهَالُ هَكَذَا وَرَفَعَ يَدَيْهِ وَجَعَلَ ظُهُورَهُمَا مِما يَلِي وَجْهَهُ.

9239 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ھاجىتىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندا، قولنى مۈرىنىڭ باراۋىرىدە ياكى شۇنىڭغا يېقىن كۆتۈرۈش كېرەك؛ مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغاندا، بىر بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىش كېرەك؛ بالادىن ساقلىنىش ئۈچۈن يىلىنىپ دۇئا قىلغاندا، قولنىڭ دۈمبىسىنى يۈزى تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇپ، ئىككى قولنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش كېرەك[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1489)

[1] ئەلبانى (318): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1322): سەھىھ ـ دېگەن.

9240 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْعُو هَكَذَا بِبَاطِنِ كَفَّيْهِ وَظَاهِرِهِمَا.

9240 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەنمۇ، دۈمبىسى بىلەنمۇ دۇئا قىلغىنىنى كۆرگەنمەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1487)

9241 ـ عَنْ خَلادِ بْنِ السائِبِ الْأَنصَارِي أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا سَأَلَ جَعَلَ بَاطِنَ كَفَّيْهِ إِلَيْهِ وَإِذَا اسْتَعَاذَ جَعَلَ ظَاهِرَهُمَا إِلَيْهِ.

9241 ـ خەللاد ئىبنى سائىب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەرسە تىلەپ دۇئا قىلسا، قولىنىڭ ئالىقىنىنى ئۆزىگە قارىتاتتى. بىر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلسا، قولىنىڭ دۈمبىسىنى ئۆزىگە قارىتاتتى[2].

(ئەھمەد: 16129)

9242 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَجُلًا كَانَ يَدْعُو بِإِصْبَعَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحدْ أَحدْ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ غَرِيبٌ وَمَعْنَى هَذَا الْحَدِيثِ إِذَا أَشَارَ الرجُلُ بِإِصْبَعَيْهِ فِي الدعَاءِ عِنْدَ الشهَادَةِ لَا يُشِيرُ إِلا بِإِصْبَعٍ وَاحِدَةٍ.

9242 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى تەشەھھۇدتا ئىككى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ دۇئا قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر بارماق بىلەن قىل!» دېدى.

---

[1] ئەلبانى (1319): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17333): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

تىرمىزى: بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ”تەشەھھۇدتا بىر بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىش كېرەك“ دېگەن بولىدۇ. ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3557)

**9243 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْقِدُ التسْبِيحَ قَالَ ابْنُ قُدَامَةَ بِيَمِينِهِ.**

9243 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەسبىھ ئېيتقاندا، ئوڭ قولى بىلەن سانىغىنىنى كۆردۈم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1502)

**9244 ـ عَنْ سَلْمَانَ الْفَارِسِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ حَيِي كَرِيمٌ يَسْتَحْيِي إِذَا رَفَعَ الرجُلُ إِلَيْهِ يَدَيْهِ أَنْ يَردهُمَا صِفْرًا خَائِبَتَيْنِ.**

9244 ـ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، الله بەكمۇ ھايا قىلغۇچىدۇر، بەكمۇ سېخىيدۇر، كىشى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرسە، الله ئۇنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ»[3].

(تىرمىزى: 3556)

**9245 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ادْعُوا اللهَ وَأَنْتُمْ مُوقِنُونَ بِالْإِجَابَةِ وَاعْلَمُوا أَن اللهَ لَا يَسْتَجِيبُ دُعَاءً مِنْ قَلْبٍ غَافِلٍ لَاهٍ.**

9245 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2820): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1330): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2819): سەھىھ ـ دېگەن.

«دۇئا قىلغاندا، ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، الله تائالا قولى دۇئادا، ئەمما قەلبى باشقا يەردە كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3479)

9246 ـ عن فَضَالَةَ بْنَ عُبَيْدٍ قال سَمِعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا يَدْعُو فِي صَلَاتِهِ فَلَمْ يُصَل عَلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَجِلَ هَذَا ثُم دَعَاهُ فَقَالَ لَهُ أَوْ لِغَيْرِهِ إِذَا صَلى أَحَدُكُمْ فَلْيَبْدَأْ بِتَحْمِيدِ اللهِ وَالثنَاءِ عَلَيْهِ ثُم لْيُصَل عَلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم لْيَدْعُ بَعْدُ بِمَا شَاءَ.

9246 ـ فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد ۋە سالام يوللىماي تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «بۇ كىشى ئالدىراپ كەتتى» دېدى. كېيىن ئۇنى چاقىرىپ: «قاچانكى ناماز ئوقۇساڭلار، ئاندىن نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىدا دۇئا قىلساڭلار، ئاۋۋال اللهقا ھەمدۇ سانا ئېيتىڭلار، ئاندىن اللهنىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان دۇئانى قىلىڭلار!» دېدى[2].

(تىرمىزى: 3477)

9247 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ إِن الدعَاءَ مَوْقُوفٌ بَيْنَ السمَاءِ وَالْأَرْضِ لَا يَصْعَدُ مِنْهُ شَيْءٌ حَتى تُصَليَ عَلَى نَبِيكَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

وزاد رزين: فلا تَجْعَلُونِي كَغُمْرِ الراكِبِ صَلوا عَلَيَّ أولَ الدعَاءِ وأَوسَطَهُ وآخِرَهُ».

9247 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (2766): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2767): سەھىھ ـ دېگەن.

«دۇئا ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدا ساقلاپ تۇرىدۇ، تاكى پەيغەمبىرىڭگە دۇرۇد ۋە سالام يوللىمىغىچە (دۇئادىن) ھېچبىر نەرسە (اللەنىڭ ھۇزۇرىغا) كۆتۈرۈلمەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 486)

رەزىن ئۇنىڭغا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: «مېنى يولۇچىنىڭ نوگىيىدەك قىلىۋالماڭلار (يەنى ئېھتىياجىڭلار چۈشكەندە، يادىڭلارغا ئېلىپ، بولمىسا ئۇنتۇپ كەتمەڭلار). ماڭا دۇئانىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا سالام يوللاڭلار».

9248 ـ عن أَبِي زُهَيْرٍ النمَيْرِي خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ لَيْلَةٍ فَأَتَيْنَا عَلَى رَجُلٍ قَدْ أَلَح فِي الْمَسْأَلَةِ فَوَقَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَمِعُ مِنْهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْجَبَ إِنْ خَتَمَ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ بِأَي شَيْءٍ يَخْتِمُ قَالَ بِآمِينَ فَإِنهُ إِنْ خَتَمَ بِآمِينَ فَقَدْ أَوْجَبَ فَانْصَرَفَ الرجُلُ الذِي سَأَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَى الرجُلَ فَقَالَ اخْتِمْ يَا فُلَانُ بِآمِينَ وَأَبْشِرْ.

9248 ـ ئەبۇ زۇھەير نۇمەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە (سىرتقا) چىقتۇق ۋە قاتتىق دۇئا قىلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىغا كەلدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن توختىدى ۋە:

ـ ئەگەر ئاخىرىنى (ياخشى) تۈگەتسە، سورىغان نەرسىسى بېرىلىدۇ، ـ دېدى. جامائەت ئارىسىدىن بىر كىشى:

ــ نېمە بىلەن تۈگىتىشى كېرەك؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (403): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ ”ئـامـىن“ بـىـلـەن. ئەگەر ئـۇ ”ئـامـىن“ بـىـلـەن تۈگەتسە دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوئال سورىغان كىشى ئۇ يەردىن كېتىپ، دۇئا قىلغان كىشىنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

ـ ئى پالانچى! ساڭا خۇشخەۋەر، دۇئانى ”ئامىن“ بىلەن تۈگەتكىن! ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 938)

9249 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَقُولَن أَحَدُكُمْ اللهُم اغْفِرْ لِي إِنْ شِئْتَ اللهُم ارْحَمْنِي إِنْ شِئْتَ لِيَعْزِمْ الْمَسْأَلَةَ فَإِنهُ لَا مُكْرِهَ لَهُ.

9249 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇئا قىلغاندا ھېچكىم: ”ئى رەببىم! خالىساڭ، مېنى ئەپۇ قىلغىن. ئى رەببىم! خالىساڭ، ماڭا رەھىم قىلغىن!“ دېمىسۇن، چۈنكى ھېچكىم اللهنى زورلىيالمايدۇ، بەلكى اللهقا يېلىنىپ دۇئا قىلسۇن».

(بۇخارى: 6339)

9250 ـ عَنْ ابْنٍ لِسَعْدٍ أَنهُ قَالَ سَمِعَنِي أَبِي وَأَنا أَقُولُ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ الْجَنةَ وَنَعِيمَهَا وَبَهْجَتَهَا وَكَذَا وَكَذَا وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ النارِ وَسَلَاسِلِهَا وَأَغْلَالِهَا وَكَذَا وَكَذَا فَقَالَ يَا بُنَي إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ سَيَكُونُ قَوْمٌ يَعْتَدُونَ فِي الدعَاءِ فَإِياكَ أَنْ تَكُونَ مِنْهُمْ إِنكَ إِنْ أُعْطِيتَ الْجَنةَ أُعْطِيتَهَا وَمَا فِيهَا مِنْ الْخَيْرِ وَإِنْ أُعِذْتَ مِنْ النارِ أُعِذْتَ مِنْهَا وَمَا فِيهَا مِنْ الشر.

9250 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: دادام مېنىڭ:

[1] ئەلبانى (119): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەببىم! مەن سەندىن جەننەتنى، ئۇنىڭ نېئمەتنى، شادلىقىنى، ئۇنى ـ بۇنى تىلەيمەن. سەندىن دوزاختىن، (ئۇنىڭ) زەنجىرلىرىدىن، تاقاقلىرىدىن ۋە ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دەپ دۇئا قىلغىنىمنى ئاڭلاپ:

ـ ئى ئوغلۇم! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «كېيىنچە، دۇئادا چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان بىر جامائەت كېلىدۇ. سەن ھەرگىز ئۇلاردىن بولۇپ قالمىغىن. ئەگەر ساڭا جەننەت بېرىلسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر دوزاختىن قۇتۇلساڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە يامانلىقتىن قۇتۇلغان بولىسەن» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1480)

9251 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ قَالَ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا وَهُوَ يَقُولُ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ فَقَالَ قَدْ اسْتُجِيبَ لَكَ فَسَلْ وَسَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا وَهُوَ يَقُولُ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ الصبْرَ فَقَالَ سَأَلْتَ اللهَ الْبَلَاءَ فَسَلْهُ الْعَافِيَةَ.

9251 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ:

ــ يا زەلجەلالى ۋەلئىكرام (ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك الله)“ دېگىنىنى ئاڭلاپ:

ــ سېنىڭ دۇئايىڭ قوبۇل بولدى، (خالىغىنىڭنى) تىلىگىن! ــ دېدى. يەنە بىر كىشىنىڭ:

ـ ئى رەببىم! مەن سەندىن سەۋر تىلەيمەن، ـ دېگىنىنى ئاڭلاپ:

ــ سەن بالا تىلىدىڭ، سەن ئۇنىڭدىن سالامەتلىك تىلىگىن! ــ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3527)

[1] ئەلبانى (1313): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (706): زەئىپ، ـ دېگەن.

9252 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَحِب الْجَوَامِعَ مِنْ الدعَاءِ وَيَدَعُ مَا سِوَى ذَلِكَ.

9252 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەۋامىئۇل كەلىم (ئۆزى ئىخچام، مەنىسى كەڭ سۆز) بىلەن دۇئا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنداق بولمىغان سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلمايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1482)

9253 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُسْتَجَابُ لِأَحَدِكُمْ مَا لَمْ يَعْجَلْ يَقُولُ دَعَوْتُ فَلَمْ يُسْتَجَبْ لِي.

9253 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«"دۇئا قىلدىم، ئەمما دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى" دەپ ئالدىراپ كەتمىگەنلىرىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ».

(بۇخارى: 6340)

9254 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَدْعُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَوْلَادِكُمْ وَلَا تَدْعُوا عَلَى خَدَمِكُمْ وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَمْوَالِكُمْ لَا تُوَافِقُوا مِنْ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى سَاعَةَ نَيْلٍ فِيهَا عَطَاءٌ فَيَسْتَجِيبَ لَكُمْ.

9254 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزەڭلارنى، بالىلىرىڭلارنى، خىزمەتكارىڭلارنى، مال ـ دۇنيالىرىڭلارنى قارغىماڭلار. چۈنكى ئۇ قارغىشلار الله تەرىپىدىن دۇئا قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسا، ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1532)

---

[1] ئەلبانى (1315): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1356): سەھىھ ـ دېگەن.

9255 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيَسْأَلْ أَحَدُكُمْ رَبهُ حَاجَتَهُ كُلهَا حَتى يَسْأَلَ شِسْعَ نَعْلِهِ إِذَا انْقَطَعَ.

9255 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەببىڭلاردىن بارلىق كەم ـ كۈتىڭلارنى سوراڭلار. ھەتتا بەتىنكىنىڭ شوينىسى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ سوراڭلار»[1].

(تىرمىزى: 3973)

9256 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَمْ يَسْأَلْ اللهَ يَغْضَبْ عَلَيْهِ.

9256 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ﷲتىن بىر نەرسە سورىمىسا، ﷲ ئۇنىڭغا غەزەب قىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3373)

9257 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَلُوا اللهَ مِنْ فَضْلِهِ فَإِن اللهَ عَز وَجَل يُحِب أَنْ يُسْأَلَ وَأَفْضَلُ الْعِبَادَةِ انْتِظَارُ الْفَرَجِ.

9257 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ﷲنىڭ پەزلى كەرەمىدىن سوراڭلار. چۈنكى ﷲ ئۆزىدىن بىر نەرسە سورىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەڭ ياخشى ئىبادەت (دۇئا) قىلىپ، قىيىنچىلىقنىڭ كېتىشىنى كۈتۈش (ئۈمىد قىلىش)تۇر»[3].

(تىرمىزى: 3571)

[1] ئەلبانى (735): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2686): ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (720): زەئىپ، ـ دېگەن.

9258 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن امْرَأَةً قَالَتْ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَل عَلَي وَعَلَى زَوْجِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى اللهُ عَلَيْكِ وَعَلَى زَوْجِكِ.

9258 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ماڭا ۋە ئېرىمگە دۇئا قىلغىن! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله ساڭا ۋە ئېرىڭگە رەھمەت قىلسۇن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1533)

9259 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ دَعَا عَلَى مَنْ ظَلَمَهُ فَقَدْ انْتَصَرَ.

9259 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىگە بەددۇئا قىلغان بولسا، (بۇ دۇنيادا) ئۇنىڭدىن ئىنتىقامىنى ئېلىپ بولغان بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3552)

9260 ـ عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لرجل من العرب: «إذا نزلت بكم رغبة أو رهبة إلى من تفزعون؟» قالوا: إلى الله قال: «فإذا أجابكم فإلى من تعودون؟» قالوا: إلى ما تعلم. قال: «تعلمون ولا تعملون وتعملون ولا تعلمون» ثلاثا.

9260 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئادەمدىن:

ـ قورققان چېغىڭلاردا كىمدىن پاناھلىق تىلەيسىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

[1] ئەلبانى (1357): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (710): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ﷲتىــن (تىلــەيمىــز)، ـ دېــدى. پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلــەيھــى ۋەسەللەم:

ــ تىلــەكــلــەر قوبــۇل بولغانــدا، كىــمــگە چوقــۇنــســىلــەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ سەن بىلگەن نەرسىگە (يەنى بۇدقا)، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىلگىنىڭلارغا چوقۇنماي، بىلمىگىنىڭلارغا چوقۇنىدىكەنسىلەر، ـ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

9261 ـ عَنْ أَبِي أَيوبَ أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا دَعَا بَدَأَ بِنفْسِهِ.

9261 ـ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلغاندا، ئۆزىدىن باشلايتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 4081)

9262 ـ عن أبي هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال ان الله تبارك وتعالى ليرفع للرجل الدرجة فيقول أنى لي هذه فيقول بدعاء ولدك لك.

9262 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ﷲ بىر كىشىنىڭ دەرىجىسىنى شۇنداق كۆتۈرىدۇكى، (ئاخىرى) ئۇ كىشى: ”بۇلار ماڭا نەدىن كەلدى؟“ دەپ سورايدۇ. ﷲ: ”بالاڭنىڭ سەن ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىدىن (كەلدى)“ دەيدۇ»[3].

(بەززار: 3141)

[1] ھەيسەمى (17217): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەنسۇر ئىبنى سەقىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17238): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (17240): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئاسىم ئىبنى بەھدەلەدىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ ھەدىسىمۇ ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

9263 ـ قال عبدالله بن مسعود لرجل إذا سألت ربك الخير فلا تسأل وفى يدك حجر.

9263 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىگە: ”ئەگەر رەببىڭدىن ياخشى بىر نەرسە تىلىمەكچى بولساڭ، قولۇڭدا تاش تۇتۇپ تۇرۇپ تىلىمىگىن!“ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 9217)

9264 ـ عن أبي موسى أن رجلا سأل رسول الله صلى الله عليه وسلم شيئا فقال أعجزت أن تكون مثل عجوز بني إسرائيل فقال أصحابه وما عجوز بني إسرائيل يارسول الله فقال إن موسى حين أمر أن يسير ببني إسرائيل ضل الطريق فسأل بني إسرائيل ماهـذا فقال علماء بني إسرائيل إن يوسف لما حضره الموت أخذ علينا موثقا من الله أن لا نخرج من مصر حتى ننقل عظامه فقال لهم موسى وأيكم يدرى أين قبر يوسف فقال لـه بنـو إسرائيل ما يدرى أين قبر يوسف إلا عجوز بني إسرائيل فأرسل إليها فقال دليني على قبر يوسف فقالت لا والله حتى تعطيني حكمي قال وما حكمك قالت أكون معك في الجنـة فكأنه ثقل ذلك عليه فقيل له اعطها حكمها فانطلقت معهم إلى بحيرة مستنقع ماء فقالـت انضبوا هذا المكان فلما انضبوه قالت احفروا في هذا المكان فلما احتفروا أخرجوا عظـام يوسف صلى الله عليه وسلم فلما استقلوها من الارض إذا الطريق مثل النهار.

9264 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر نەرسە سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا):

ـ بەنى ئىسرائىللىق قېرى ئايالدەك بولالمىدىڭمۇ؟! ـ دېدى. ئۇ ساھابە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بەنى ئىسرائىللىق ئۇ قېرى ئايال كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

① ھەيسەمى (17242): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەنى ئىسرائىلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئەمرى بېرىلدى. ئۇلار كېتىۋېتىپ يولدىن ئېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغا: "بۇ نېمە گەپ؟" دېگەندى، ئۇلارنىڭ ئالىملىرى: "يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا بىزدىن ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئالماي تۇرۇپ مىسىردىن چىقىپ كەتمەسلىككە مىزگە ۋەدە ئالغان ئىدى" دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: "يۇسۇپنىڭ قەۋرىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى قايسىڭلار بىلىسىلەر"؟ دەپ سورىغاندى، ئۇلار: "بۇنى پەقەت بەنى ئىسرائىللىق قېرى ئايال بىلىدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال چاقىرىپ كېلىندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: "مېنى يۇسۇپنىڭ قەۋرىسىگە باشلاپ بارغىن!" دېدى. ئۇ ئايال: "ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ماڭا بىر ۋەدە بەرمىگىچە، سېنى ھەرگىز باشلاپ بارمايمەن" دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: "نېمىگە ۋەدە بېرىمەن؟" دەپ سورىغاندى، ئۇ ئايال: سەن بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇشقا" دېدى. بۇ شەرت مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سەل ئېغىر تۇيۇلدى، ئەمما ھەمراھلىرى: "ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگىن" دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايال ئۇلارنى سۇيى ئاز قالغان بىر كۆلگە ئېلىپ باردى. ئاندىن: "بۇنىڭ سۇيىنى تارتىڭلار!" دېدى. كۆلنىڭ سۇيى تارتىلغاندىن كېيىن: "بۇ يەرنى كولاڭلار!" دېدى. ئۇ يەر كولىنىپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇستىخانلىرى چىقىرىلدى. ئۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يۆتكەپ ماڭغاندىن كېيىن، يولدا ئازماستىن يۈردى.

(تەبەرانى ۋە مەۋسىلى رىۋايەت قىلغان)

## ئىسمى ئەزەم ۋە اللهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

9265 ـ عَنْ بُرَيْدَةَ الْأَسْلَمِي قَالَ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم رَجُلًا يَدْعُو وَهُوَ يَقُولُ اللهُم إني أَسْأَلُكَ بِأني أَشْهَدُ أنكَ أنتَ اللهُ لَا إِلَهَ إلا أنتَ الْأَحَدُ الصمَدُ الذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ قَالَ فَقَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ سَأَلَ اللهَ بِاسْمِهِ الْأَعْظَمِ الذِي إِذَا دُعِيَ بِهِ أَجَابَ وَإِذَا سُئِلَ بِهِ أَعْطَى.

9265 ـ بۇرەيدە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ:

ـ ئى پەرۋەردىگارىم! (مەن سەندىن) سېنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇدنىڭ (بەرھەق) يوقلۇقىغا، سېنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىڭگە، ھەممىنىڭ ساڭىلا موھتاج ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىڭگە ۋە ھېچ كىشىنىڭ ساڭا تەڭداش بولالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىمنى شېپى كەلتۈرۈپ (ھاجىتىمنى) تىلەيمەن، ـ دەپ دۇئا قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ، اللهنىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمى (يەنى ئىسمى ئەزەم)نى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى، كىمكى بۇنداق دۇئا قىلسا، ئىجابەت بولىدۇ ۋە تىلىگەن نەرسىسى بېرىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3475)

9266 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كُنتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا يَعْنِي وَرَجُلٌ قَائِمٌ يُصَلي فَلَما رَكَعَ وَسَجَدَ وَتَشَهدَ دَعَا فَقَالَ فِي دُعَائِهِ اللهُم إني أَسْأَلُكَ

---

[1] ئەلبانى (2763): سەھىھ ـ دېگەن.

بِأَن لَكَ الْحَمْدَ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ الْمَنانُ بَدِيعُ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ يَا حَي يَا قَيومُ إِني أَسْأَلُكَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ تَدْرُونَ بِمَا دَعَا قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ دَعَا اللهَ بِاسْمِهِ الْعَظِيمِ الذِي إِذَا دُعِيَ بِهِ أَجَابَ وَإِذَا سُئِلَ بِهِ أَعْطَى.

9266 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئولتۇراتتىم، باشقا بىر كىشى ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ رۇكۇ، سەجدە ۋە تەشەھھۇدتا: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا ھەمدۇ سانالار بولسۇن، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن سېخىي، ئاسمان بىلەن يەرنى يوقتىن بار قىلغانسەن. ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك، مەڭگۈ ھايات تۇرغۇچى، بارلىق ئىشلارنى باشقۇرغۇچى پەرۋەردىگارىم! سەندىن تىلەيمەن“ دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن:

ــ (ئۇنىڭ) نېمە بىلەن دۇئا قىلغىنىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ اللهنىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمى (يەنى ئىسمى ئەزەم) بىلەن دۇئا قىلدى، كىمكى بۇنداق دۇئا قىلسا، ئىجابەت بولىدۇ ۋە تىلىگەن نەرسىسى بېرىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1300)

9267 ـ عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اسْمُ اللهِ الْأَعْظَمُ فِي هَاتَيْنِ الْآيَتَيْنِ {وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الرحْمَنُ الرحِيمُ} وَفَاتِحَةِ سُورَةِ آلِ عِمْرَانَ {الم اللهُ لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَي الْقَيومُ}.

[1] ئەلبانى (1233): سەھىھ ـ دېگەن.

9267 ـ ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«اللەنىڭ ئەڭ كاتتا ئىسمى (يەنى ئىسمى ئەزەم): ۋە ئىلاھۇكۇم ئىلاھۇن ۋاھىد لا ئىلاھە ئىللا ھۇۋەر رەھمانۇر رەھىم [1] ۋە: ئەلىف، لام، مىم. الله لا ئىلاھە ئىللاھۇ ۋەل ھەييۇل قەييۇم [2] دېگەن ئىككى ئايەتتە[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1496)

9268 ـ عن أنس بن مالك، عن النبي صلى الله عليه وسلم، أنه دخل على عائشة ذات غداة، فقالت: بأبي وأمي يا رسول الله، علمني اسم الله الذي إذا دعي به أجاب، وإذا سئل به أعطى، فأعرض النبي صلى الله عليه وسلم بوجهه، فقامت فتوضأت، فقالت: اللهم إني أسألك من الخير كله ما علمت منه، وما لم أعلم، وباسمك العظيم الذي إذا دعيت به أجبت، وإذا سئلت به أعطيت. فقال: «والله إنه لفي هذه الأسماء».

9268 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:
ـ ئى رەسۇلۇللاھ! اللەنىڭ شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىنسا، ئىجابەت بولىدىغان، ھاجىتى تىلەنسە بېرىلىدىغان ئەڭ كاتتا ئىسمىنى ئۆگىتىپ قويغىن! ـ دېدى. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:
ـ ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن بارلىق ياخشىلىقلارنى سەندىن سورايمەن. ساڭا شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىنسا، ئىجابەت بولىدىغان، ھاجىتى تىلەنسە بېرىلىدىغان ئەشۇ ئەڭ كاتتا

---

[1] سۈرە بەقەرە، 163 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 1 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (1327): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئىسمىڭ (يەنى ئىسمى ئەزەم) بىلەن سەندىن تىلەكلىرىمنى تىلەيمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىسمى ئەزەم مانا بۇ ئىسىملارنىڭ ئىچىدە، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

9269 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اسْمُ اللهِ الْأَعْظَمُ الذِي إِذَا دُعِيَ بِهِ أَجَابَ فِي سُوَرٍ ثَلَاثٍ الْبَقَرَةِ وَآلِ عِمْرَانَ وَطه.

9269 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«اللهنىڭ شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىنسا، ئىجابەت بولىدىغان ئەڭ كاتتا ئىسمى (يەنى ئىسمى ئەزەم) بەقەرە، ئالى ئىمران ۋە تاھا قاتارلىق ئۈچ سۈرىدە»[2].

(ئىبنى ماجە: 3856)

9270 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ بِاسْمِكَ الطاهِرِ الطيبِ الْمُبَارَكِ الْأَحَب إِلَيْكَ الذِي إِذَا دُعِيتَ بِهِ أَجَبْتَ وَإِذَا سُئِلْتَ بِهِ أَعْطَيْتَ وَإِذَا اسْتُرْحِمْتَ بِهِ رَحِمْتَ وَإِذَا اسْتُفْرِجَتَ بِهِ فَرجْتَ قَالَتْ وَقَالَ ذَاتَ يَوْمٍ يَا عَائِشَةُ هَلْ عَلِمْتِ أَن اللهَ قَدْ دَلنِي عَلَى الِاسْمِ الذِي إِذَا دُعِيَ بِهِ أَجَابَ قَالَتْ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي فَعَلمْنِيهِ قَالَ إِنهُ لَا يَنْبَغِي لَكِ يَا عَائِشَةُ قَالَتْ فَتَنَحيْتُ وَجَلَسْتُ سَاعَةً ثُم قُمْتُ فَقَبلْتُ رَأْسَهُ ثُم قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ عَلمْنِيهِ قَالَ إِنهُ لَا يَنْبَغِي لَكِ يَا عَائِشَةُ أَنْ أُعَلمَكِ إِنهُ لَا يَنْبَغِي لَكِ أَنْ تَسْأَلِينَ بِهِ شَيْئًا مِنْ الدنْيَا قَالَتْ فَقُمْتُ فَتَوَضأْتُ ثُم صَليْتُ رَكْعَتَيْنِ ثُم قُلْتُ اللهُم إِني أَدْعُوكَ اللهَ وَأَدْعُوكَ الرحْمَنَ وَأَدْعُوكَ الْبَر الرحِيمَ وَأَدْعُوكَ

[1] ھەيسەمى (17262): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3110): ھەسەن، ـ دېگەن.

بِأَسْمَائِكَ الْحُسْنَى كُلِّهَا مَا عَلِمْتُ مِنْهَا وَمَا لَمْ أَعْلَمْ أَنْ تَغْفِرَ لِي وَتَرْحَمَنِي قَالَتْ فَاسْتَضْحَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ ثُم قَالَ إِنَهُ لَفِي الْأَسْمَاءِ الِتي دَعَوْتِ بِهَا.

9270 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پاك ۋە مۇبارەك ئىسمىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ ھاجىتىمنى تىلەيمەنكى، كىم ئۇنى شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىسەن، تىلىكىنى تىلىسە بېرىسەن، رەھىم ـ شەپقەت سورىسا، رەھىم قىلىسەن، چىقىش يولى سورىسا، چىقىش يولى ئاتا قىلىسەن» دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. يەنە بىر كۈنى:

ــ ئى ئائىشە! اللهنىڭ شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلسا، ئىجابەت قىلىدىغان كاتتا ئىسمىنى (يەنى ئىسمى ئەزەمنى) ماڭا بىلدۈرگىنىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، ئۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن! ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئائىشە! ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ، بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سۆيدۈم، ئاندىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن! ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئائىشە! ئۇنى ساڭا ئۆگەتسەم بولمايدۇ. سەن ئۇنى شېپى كەلتۈرۈپ دۇنياۋى نەرسە تىلىسەڭ، ساڭا ياراشمايدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئى الله! ئى رەھمان! ئى ئەل بەررەر رەھىم! مەن ساڭا مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن بارلىق گۈزەل ئىسىملىرىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتىمەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن ۋە ماڭا رەھىم قىلغىن" دەپ دۇئا قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ قويۇپ:

- (ئاللاھنىڭ كاتتا ئىسىملىرى) ھازىر قىلغان دۇئايىڭنىڭ ئىچىدە، - دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3859)

9271 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِلهِ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ اسْمًا مِائَةً إِلا وَاحِدًا مَنْ أَحْصَاهَا دَخَلَ الْجَنةَ وَزَادَ هَمامٌ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنهُ وِتْرٌ يُحِب الْوِتْرَ.

9271 - ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار بولۇپ، كىمكى ئۇنى يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھ تاقتۇر، (شۇڭا) تاقنى ياخشى كۆرىدۇ».

(مۇسلىم: 2677)

9272 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِلهِ تَعَالَى تِسْعَةً وَتِسْعِينَ اسْمًا مِائَةً غَيْرَ وَاحِدٍ مَنْ أَحْصَاهَا دَخَلَ الْجَنةَ هُوَ اللهُ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الرحْمَنُ الرحِيمُ الْمَلِكُ الْقُدوسُ السلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبارُ الْمُتَكَبرُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَورُ الْغَفارُ الْقَهارُ الْوَهابُ الرزاقُ الْفَتاحُ الْعَلِيمُ الْقَابِضُ الْبَاسِطُ الْخَافِضُ الرافِعُ الْمُعِز الْمُذِل السمِيعُ الْبَصِيرُ الْحَكَمُ الْعَدْلُ اللطِيفُ الْخَبِيرُ الْحَلِيمُ الْعَظِيمُ الْغَفُورُ الشكُورُ الْعَلِي الْكَبِيرُ الْحَفِيظُ الْمُقِيتُ الْحَسِيبُ الْجَلِيلُ الْكَرِيمُ الرقِيبُ الْمُجِيبُ الْوَاسِعُ الْحَكِيمُ الْوَدُودُ الْمَجِيدُ الْبَاعِثُ الشهِيدُ الْحَق الْوَكِيلُ الْقَوِي الْمَتِينُ الْوَلِي الْحَمِيدُ الْمُحْصِي الْمُبْدِئُ الْمُعِيدُ الْمُحْيِي الْمُمِيتُ الْحَي الْقَيومُ الْوَاجِدُ الْمَاجِدُ الْوَاحِدُ الصمَدُ الْقَادِرُ الْمُقْتَدِرُ الْمُقَدمُ الْمُؤَخرُ الْأَولُ الْآخِرُ الظاهِرُ الْبَاطِنُ الْوَالِيَ الْمُتَعَالِي الْبَر التوابُ الْمُنْتَقِمُ الْعَفُو الرءُوفُ مَالِكُ الْمُلْكِ ذُو الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ الْمُقْسِطُ الْجَامِعُ الْغَنِي الْمُغْنِي الْمَانِعُ الضار النافِعُ النورُ الْهَادِي الْبَدِيعُ الْبَاقِي الْوَارِثُ الرشِيدُ الصبُور رواه الترمذي.

وللقزويني بلين: إِن لِلهِ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ اسْمًا مِائَةً إِلا وَاحِدًا إِنهُ وِتْرٌ يُحِب الْوِتْرَ مَنْ حَفِظَهَا دَخَلَ الْجَنةَ وَهِيَ اللهُ الْوَاحِدُ الصمَدُ الْأَولُ الْآخِرُ الظاهِرُ الْبَاطِنُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ

[1] ئەلبانى (841): زەئىپ، - دېگەن.

الْمُصَورُ الْمَلِكُ الْحَق السلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبارُ الْمُتَكَبرُ الرحْمَنُ الرحِيمُ اللطِيفُ الْخَبِيرُ السمِيعُ الْبَصِيرُ الْعَلِيمُ الْعَظِيمُ الْبَار الْمُتْعَالِ الْجَلِيلُ الْجَمِيلُ الْحَي الْقَيومُ الْقَادِرُ الْقَاهِرُ الْعَلِي الْحَكِيمُ الْقَرِيبُ الْمُجِيبُ الْغَنِي الْوَهابُ الْوَدُودُ الشكُورُ الْمَاجِدُ الْوَاجِدُ الْوَالِي الراشِدُ الْعَفُو الْغَفُورُ الْحَلِيمُ الْكَرِيمُ التوابُ الرب الْمَجِيدُ الْوَلِي الشهِيدُ الْمُبِينُ الْبُرْهَانُ الرءُوفُ الرحِيمُ الْمُبْدِئُ الْمُعِيدُ الْبَاعِثُ الْوَارِثُ الْقَوِي الشدِيدُ الضار النافِعُ الْبَاقِي الْوَاقِي الْخَافِضُ الرافِعُ الْقَابِضُ الْبَاسِطُ الْمُعِز الْمُذِل الْمُقْسِطُ الرزاقُ ذُو الْقُوةِ الْمَتِينُ الْقَائِمُ الدائِمُ الْحَافِظُ الْوَكِيلُ الْفَاطِرُ السامِعُ الْمُعْطِي الْمُحْيِي الْمُمِيتُ الْمَانِعُ الْجَامِعُ الْهَادِي الْكَافِي الْأَبَدُ الْعَالِمُ الصادِقُ النورُ الْمُنِيرُ التام الْقَدِيمُ الْوِتْرُ الْأَحَدُ الصمَدُ الذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ.

9272 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللّٰهنىڭ 99 ئىسمى بار بولۇپ، كىمكى ئۇنى يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇ ئىسىملار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: اللّٰه (ئاللاھتۇر)، ئەررەھمان (ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر)، ئەررەھىم (ناھايىتى مېھرىباندۇر)، ئەلمەلىك (مۇتلەق پادىشاھتۇر)، ئەلقۇددۇس (ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، ئەسسالام (سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر)، ئەلمۇئمىن (ئەمىن قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇھەيمىن (ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلئەزىز (غالىبتۇر)، ئەلجەببار (ھەممىنى قەھرى بىلەن تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلمۇتەكەببىر (ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر)، ئەلخالىق (ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر)، ئەلبارىئ (يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇسەۋۋىر (ھەممە نەرسىگە سۇرەت ‹شەكىل› بېغىشلىغۇچىدۇر)، ئەلغەففار (بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلقەھھار (ھەممىدىن غالىبتۇر)، ئەلۋەھھاب (بەندىلەرگە نازۇ نېئمەتنى، ئاتالارنى كۆپ بېغىشلىغۇچىدۇر)، ئەررەززاق (بەكمۇ رىزىق بەرگۈچىدۇر)، ئەلفەتتاھ (ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر)، ئەلئەلىم (ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلقابىز (جانلارنى قەبزى روھ قىلغۇچىدۇر، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلغۇچىدۇر)، ئەلباسىت (خالىغان بەندىنىڭ رىزقىنى كەڭ

قىلغۇچىدۇر)، ئەلخافىز (تۆۋەن قىلغۇچىدۇر)، ئەررافىئ (يۇقىرى كۆتۈرگۈچىدۇر)، ئەلمۇئىز (ئەزىز قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇزىل (خار قىلغۇچىدۇر)، ئەسسەمىئ (ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلبەسىر (ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلھەكەم (ھەل قىلغۇچ ھۆكۈم قىلغۇچى ‹يەنى ھۆكمىنى رەت قىلغۇچى بولمايدىغان ۋە كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان› زاتتۇر)، ئەلئەدل (ئەڭ مۇكەممەل ئادالەت ئىگىسىدۇر)، ئەللەتىف (ھەرقانداق ئىشنىڭ يوشۇرۇن ـ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە بەندىلەرگە كۆيۈنگۈچىدۇر)، ئەلخەبىر (ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلھەلىم (مۇلايىمدۇر، يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىگۈچىدۇر)، ئەلئەزىم (ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)، ئەلغەفۇر (ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر)، ئەششەكۇر (ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر)، ئەلئەلىي (ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈندۇر)، ئەلكەبىر (ھەممىدىن بۈيۈكتۇر)، ئەلھەفىز (ھەممىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇقىيت (ماددىي ۋە مەنىۋىي ئوزۇقلارنى ياراتقۇچى ھەممىگە قادىر زاتتۇر)، ئەلھەسىيب (ھېساب ئالغۇچى ۋە بەندىلەرنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە، زىيان ـ زەخمەتلەردىن ساقلىنىشىغا كۇپايە قىلغۇچىدۇر)، ئەلجەلىيل (ئۇلۇغدۇر)، ئەلكەرىيم (ناھايىتى سېخىيدۇر)، ئەررەقىيب (پۈتۈن ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلمۇجىيب (دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلۋاسىئ (كەڭچىلىك قىلغۇچىدۇر)، ئەلھەكىيم (ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر)، ئەلۋەدۇد (دوست تۇتقۇچىدۇر)، ئەلمەجىيد (مەدھىيەگە ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق زاتتۇر)، ئەلبائىس (قەبرىدىن ئۆلۈكلەرنى قوزغاپ چىقارغۇچىدۇر)، ئەششەھىيد (ھەممىگە شاھىد بولغۇچىدۇر)، ئەلھەققۇ (بارلىقى مۇتلەق ھەقىقەتتۇر)، ئەلۋەكىيل (بەندىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە ھامىيدۇر)، ئەلقەۋىي (ناھايىتى قۇۋۋەتلىكتۇر)، ئەلمەتىين (قۇۋۋىتى ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، ئەلۋەلىي (مەخلۇقاتلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر)، ئەلھەمىيد (ھەمدىگە لايىق زاتتۇر)،

ئەلمۇھسىي (ھەممىنىڭ سانىنى ئېلىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلمۇبدىئ (يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇئىيد (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگۈچىدۇر)، ئەلمۇھيىي (تىرىلدۈرگۈچىدۇر)، ئەلمۇمىيت (ئۆلتۈرگۈچىدۇر)، ئەلھەييۇ (ھەمىشە تىرىكتۇر)، ئەلقەييۇم (ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلۋاجىد (بىھاجەتتۇر)، ئەلماجىد (ئۇلۇغدۇر)، ئەلۋاھىد (بىردۇر)، ئەسسەمەد (ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر)، ئەلقادىر (ھەممىگە قادىردۇر)، ئەلمۇقتەدىر (ناھايىتى قۇدرەتلىكتۇر)، ئەلمۇقەددىم (خالىغان نەرسىنى ئالدىدا قويغۇچىدۇر)، ئەلمۇئەخخىر (خالىغان نەرسىنى ئارقىدا قويغۇچىدۇر)، ئەلئەۋۋەل (ھەممىدىن قەدىمدۇر)، ئەلئاخىر (ئىنتىھاسى يوقتۇر)، ئەززاھىر (ئاشكارىدۇر، يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، ئەلباتىن (مەخپىيدۇر، يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يەتمەيدۇ)، ئەلۋالىي (ئىگە بولغۇچىدۇر)، ئەلمۇتەئالىي (ھەممىدىن ئالىيدۇر)، ئەلبەررۇ (كۆپ ئېھسان قىلغۇچىدۇر)، ئەتتەۋۋاب (تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇنتەقىم (قاتتىق جازالىغۇچىدۇر)، ئەلئەفۇۋۇ (ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر)، ئەررەئۇف (تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر)، مالىكۇلمۇلك (پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر)، زۇلجەلالى ۋەلئىكرام (ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىكتۇر)، ئەلمۇقسىت (ئادىلدۇر)، ئەلجامىئ (كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا توپلىغۇچىدۇر)، ئەلغەنىي (ھەممىدىن بىھاجەتتۇر)، ئەلمۇغنى (خالىغان بەندىسىنى بىھاجەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلمانىئ (خالىغان بەندىسىنى نېئمەتتىن مەھرۇم قىلغۇچىدۇر)، ئەززاررۇ (خالىغان بەندىسىنى زىيانغا مۇبتىلا قىلغۇچىدۇر)، ئەننافىئ (خالىغان بەندىسىگە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر)، ئەننۇر (نۇردۇر)، ئەلھادى (ھىدايەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلبەدىيئ (ئۆرنەكسىز، يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر) ، ئەلباقى (مەڭگۈ باقىيدۇر)، ئەلۋارىس (پۈتۈن مەخلۇقاتلار

يوقىلىپ تۈگىگەندىن كېيىنمۇ باقى قالغۇچىدۇر)، ئەررەشىيد (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر)، ئەسسەبۇر (ناھايىتى سەۋرچاندۇر)»[1].
(تىرمىزى: 3507)

ئىبنى ماجەنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «اللهنىڭ 99 ئىسمى بار، الله تاقتۇر، (شۇڭا) تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ ئىسىملىرىنى يادلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلار: الله (ئاللاھتۇر)، ئەلۋاھىد (بىردۇر)، ئەسسەمەد (ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر)، ئەلئەۋۋەل (ھەممىدىن قەدىمدۇر)، ئەلئاخىر (ئىنتىھاسى يوقتۇر)، ئەززاھىر (ئاشكارىدۇر، يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، ئەلباتىن (مەخپىيدۇر، يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يەتمەيدۇ)، ئەلخالىق (ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر)، ئەلبارىئ (يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇسەۋۋىر (ھەممە نەرسىگە سۈرەت ‹شەكىل› بېغىشلىغۇچىدۇر)، ئەلمەلىك (مۇتلەق پادىشاھتۇر)، ئەلھەققۇ (بارلىقى مۇتلەق ھەقىقەتتۇر)، ئەسسالام (سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر)، ئەلمۇئمىن (ئەمىن قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇھەيمىن (ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلئەزىز (غالىبتۇر)، ئەلجەببار (ھەممىنى قەھرى بىلەن تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلمۇتەكەببىر (ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر)، ئەررەھمان (ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر)، ئەررەھىم (ناھايىتى مېھرىباندۇر)، ئەللەتىف (ھەرقانداق ئىشنىڭ يوشۇرۇن - ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە بەندىلەرگە كۆيۈنگۈچىدۇر)، ئەلخەبىر (ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەسسەمىئ (ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلبەسىير (ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلئەلىيم (ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلئەزىيم (ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)، ئەلبەررۇ (كۆپ ئېھسان قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇتەئالي (ھەممىدىن ئالىيدۇر)، ئەلجەلىيل (ئۇلۇغدۇر)، ئەلجەمىيل (ھەممىدىن

---

[1] ئەلبانى (696): گۈزەل ئىسىملارنىڭ رەت تەرتىۋى زەئىپ، ـ دېگەن.

گۈزەلدۇر)، ئەلھەييۇ (ھەممىشە تىرىكتۇر)، ئەلقەييۇم (ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلقادىر (ھەممىگە قادىردۇر)، ئەلقاھىر (ھەممىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەلئەلىي (ھەممىدىن ئۈستۈندۇر)، ئەلھەكىيم (ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر)، ئەلقەرىيب (ھەممىگە يېقىندۇر)، ئەلمۇجىيب (دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلغەنىي (ھەممىدىن بىھاجەتتۇر)، ئەلۋەھھاب (بەندىلەرگە نازۇ نېئمەتنى، ئاتالارنى كۆپ بېغىشلىغۇچىدۇر)، ئەلۋەدۇد (دوست تۇتقۇچىدۇر)، ئەششەكۇر (ئاز ياخشىلىق كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر)، ئەلماجىد (ئۇلۇغدۇر)، ئەلۋاجىد (بىھاجەتتۇر)، ئەلۋالى (ئىگە بولغۇچىدۇر)، ئەرراشىد (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر)، ئەلئەفۇۋ (ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر)، ئەلغەفۇر (ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلھەلىم (مۇلايىمدۇر، يەنى ئەمىرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىگۈچىدۇر)، ئەلكەرىيم (ناھايىتى سېخىيدۇر)، ئەتتەۋۋاب (تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر)، ئەررەببۇ (پەرۋەردىگاردۇر)، ئەلمەجىيد (مەدھىيەگە ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق زاتتۇر)، ئەلۋەلىي (دوست تۇتقۇچىدۇر، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر)، ئەششەھىيد (ھەممىگە شاھىد بولغۇچىدۇر)، ئەلمۇبىين (ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگۈچىدۇر)، ئەلبۇرھان (ھۆججىتى بىلەن غالىب كەلگۈچىدۇر)، ئەررەئۇف (تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر)، ئەررەھىيم (ناھايىتى مېھرىباندۇر)، ئەلمۇبدىئ (يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇئىيد (قايتا تىرىلدۈرگۈچىدۇر)، ئەلبائىس (قەبرىدىن ئۆلۈكلەرنى قوزغاپ چىقارغۇچىدۇر)، ئەششەھىيد (ھەممىگە شاھىد بولغۇچىدۇر)، ئەلۋارىس (پۈتۈن مەخلۇقاتلار يوقىلىپ تۈگىگەندىن كېيىنمۇ باقى قالغۇچىدۇر)، ئەلقەۋىي (ھەممىدىن كۈچلۈكتۇر)، ئەششەدىيد (قاتتىق ئازابلىغۇچىدۇر)، ئەززاررۇ (خالىغان بەندىسىنى زىيانغا مۇبتىلا قىلغۇچىدۇر)، ئەننافىئ (خالىغان بەندىسىگە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر)، ئەلباقىي (مەڭگۈ باقىيدۇر)، ئەلۋاقىي (مۆئمىنلەرنى دوزاختىن ساقلىغۇچىدۇر)، ئەلخافىز (تۆۋەن قىلغۇچىدۇر)، ئەررافىئ (يۇقىرى قىلغۇچىدۇر)، ئەلقابىز (خالىغان

بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلغۇچىدۇر)، ئەلباسىت (خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇئىز (ئەزىز قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇزىل (خار قىلغۇچىدۇر)، ئەلمۇقسىت (ئادىلدۇر)، ئەرراززاق (ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر)، زۇقۇۋۋەتىلمەتىين (ناھايىتى قۇدرەتلىكتۇر)، ئەلقائىم (كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر)، ئەددائىم (ھەمىشە مەۋجۇدتۇر)، ئەلھافىز (مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلۋەكىيل (بەندىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە ھامىيدۇر)، ئەلفاتىر (ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر)، ئەسسامىئ (ئاڭلىغۇچىدۇر)، ئەلمۇئتىي (بەرگۈچىدۇر)، ئەلمۇھيى (تىرىلدۈرگۈچىدۇر)، ئەلمۇمىيت (ئۆلتۈرگۈچىدۇر)، ئەلمانىئ (خالىغان بەندىسىنى نېئمەتتىن مەھرۇم قىلغۇچىدۇر)، ئەلجامىئ (كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا توپلىغۇچىدۇر)، ئەلھادى (ھىدايەت قىلغۇچىدۇر)، ئەلكافىي (ھەممىگە كۇپايىدۇر)، ئەلئەبەد (مەڭگۈدۇر)، ئەلئالىم (بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)، ئەسسادىق (راست سۆزلىگۈچىدۇر)، ئەننۇر (نۇردۇر)، ئەلمۇنىير (نۇرلاندۇرغۇچىدۇر)، ئەتتام (مۇكەممەلدۇر)، ئەلقەدىيم (ئەزەلىيدۇر)، ئەلۋىتر (تاقتۇر)، ئەلئەھەد (بىردۇر)، ئەسسەمەد (ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر)، ئەللەزى لەم يەلىد (ئۇ، بالا تاپقانمۇ ئەمەس) ۋە لەم يۇلەد (ئۇ، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس) ۋە لەم يەكۇل لەھۇ كۇفۇۋەن ئەھەد (ئۇنىڭ ھېچ تەڭدىشىمۇ يوقتۇر)».

(ئىبنى ماجە: 3861)

## نـامـاز دۇئـالـىرى

9273 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَبـرَ فِـي الصلَاةِ سَكَتَ هُنَيةً قَبْلَ أَنْ يَقْرَأَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي أَرَأَيتَ سُكُوتَكَ بَيْنَ التكْبِيرِ وَالْقِرَاءَةِ مَا تَقُولُ قَالَ أَقُولُ اللهُم بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَـا بَاعَـدْتَ بَـيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ اللهُم نَقنِي مِنْ خَطَايَايَ كَمَا يُنَقى الثوْبُ الْأَبْيَضُ مِنْ الـدنَسِ اللهُـم اغْسِلْنِي مِنْ خَطَايَايَ بِالثلْجِ وَالْمَاءِ وَالْبَرَدِ.

9273 ـ ئەبـۇ هـۇرەيرە رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇرغانـدا، قىرائەتنى باشلاشتىن بۇرۇن ئازراق سۈكۈت قىلىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن تەكبىر بىلەن قىرائەتنىڭ ئارىلىقىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان چېغىڭدا نىمە دەيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئۇ چاغدا: «ئى الله! مەن بىلەن گۇناھلىرىمنىڭ ئارىسىنى خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىنى يىراق قىلغاندەك يىراق قىلىۋەتكىن؛ ئى الله! مېنى گۇناھلىرىمدىن خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن پاكلىغاندەك پاكلىۋەتكىن؛ ئى الله! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى قار، سۇ ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇيۇۋەتكىن» دەيمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 598)

9274 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ نُصَلي مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ إِذْ قَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا وَالْحَمْدُ لِلهِ كَثِيرًا وَسُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ الْقَائِلُ كَلِمَةَ كَذَا وَكَذَا قَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ أَنَـا يَـا

رَسُولَ اللهِ قَالَ عَجِبْتُ لَهَا فُتِحَتْ لَهَا أَبْوَابُ السمَاءِ قَالَ ابْنُ عُمَرَ فَمَا تَرَكْتُهُن مُنْذُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ ذَلِكَ.

9274 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نامازدا تۇرغاندا، جامائەتتىن بىرەيلەن:

ـ اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا وَالْحَمْدُ لِلهِ كَثِيرًا وَسُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا (يەنى الله ناھايىتى بۈيۈكتۇر، اللهقا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسۇن، مەن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىمەن). ـ دېدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بايىقى سۆزنى دېگەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى. جامائەتتىن بىرەيلەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن دېدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئۇ سۆزۈڭگە بەك ھەيران قالدىم، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ـ دېدى.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۇ كەلىمىنى دېيىشنى تەرك ئەتمىدىم.

(مۇسلىم: 601)

9275 ـ عَنْ أَنسٍ أَنهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي بِنَا إِذْ جَاءَ رَجُلٌ فَدَخَلَ الْمَسْجِدَ وَقَدْ حَفَزَهُ النفَسُ فَقَالَ اللهُ أَكْبَرُ الْحَمْدُ لِلهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيبًا مُبَارَكًا فِيهِ فَلَما قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاتَهُ قَالَ أَيكُمْ الذِي تَكَلمَ بِكَلِمَاتٍ فَأَرَم الْقَوْمُ قَالَ إِنهُ لَمْ يَقُلْ بَأْسًا قَالَ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ جِئْتُ وَقَدْ حَفَزَنِي النفَسُ فَقُلْتُهَا قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ رَأَيْتُ اثْنَيْ عَشَرَ مَلَكًا يَبْتَدِرُونَهَا أَيهُمْ يَرْفَعُهَا.

9275 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، بىرى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا كېلىپ، مەسجىدكە كىرىپلا:

ــ اللهُ أَكْبَرُ الْحَمْدُ لِلهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيبًا مُبَارَكًا فِيهِ (الله بۈيۈكتۇر، اللهقا

نۇرغۇنلىغان پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن)، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن:

- باياتىنقى كەلىمىلەرنى دېگەن كىم؟ - دەپ سورىدى. جامائەتتىن ئۇن چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنىڭ دېگەنلىرى خاتا ئەمەس، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، جامائەتتىن بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى دېگەن مەن، كەلگىچە نەپەسىم قىستاپ كەتتى، شۇڭا مەسجىدكە كىرىپلا شۇ سۆزنى دېگەنىدىم، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئۇ سۆزنى ئاسمانغا ئەڭ ئاۋۋال ئېلىپ چىقىش شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 12 پەرىشتىنىڭ بەس - بەستە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆردۇم، - دېدى[1].

(نەسائى: 901)

9276 ـ عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ أَنَّهُ رَأَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي صَلَاةً قَالَ عَمْرٌو لَا أَدْرِي أَي صَلَاةٍ هِيَ فَقَالَ اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا وَالْحَمْدُ لِلهِ كَثِيرًا وَالْحَمْدُ لِلهِ كَثِيرًا وَالْحَمْدُ لِلهِ كَثِيرًا وَسُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا ثَلَاثًا أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ الشيْطَانِ مِنْ نَفْخِهِ وَنَفْثِهِ وَهَمْزِهِ قَالَ نَفْثُهُ الشعْرُ وَنَفْخُهُ الْكِبْرُ وَهَمْزُهُ الْمُوتَةُ.

9276 - جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نامازدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«الله ئەڭ بۈيۈكتۇر، الله ئەڭ بۈيۈكتۇر، الله ئەڭ بۈيۈكتۇر. اللهقا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسۇن، اللهقا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسۇن، اللهقا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسۇن. مەن اللهقا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىمەن، مەن اللهقا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىمەن، مەن

[1] ئەلبانى (866): سەھىھ - دېگەن.

اللهقا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىمەن. اللهقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ پۈۋلىشى، سۆپلىشى ۋە چېپىلىپ قويۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن».

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: (شەيتاننىڭ) سۆپلىشى ـ كىشىلەرنى يامان شېئىر توقۇشقا ئۈندىشى؛ پۈۋلىشى ـ تەكەببۇرلۇق قىلىشقا ئۈندىشى؛ چېپىلىپ قويۇشى بولسا، ساراڭ قىلىپ قويۇشىدۇر[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 764)

9277 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اسْتَفْتَحَ الصلَاةَ كَبرَ ثُم قَالَ إِن صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنْ الْمُسْلِمِينَ اللهُم اهْدِنِي لِأَحْسَنِ الْأَعْمَالِ وَأَحْسَنِ الْأَخْلَاقِ لَا يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلا أَنتَ وَقِنِي سَيئَ الْأَعْمَالِ وَسَيئَ الْأَخْلَاقِ لَا يَقِي سَيئَهَا إِلا أَنتَ.

9277 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا قۇلاق قېقىپ: «الله ئەكبەر» دېگەندىن كېيىن:

«إِن صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنْ الْمُسْلِمِينَ اللهُم اهْدِنِي لِأَحْسَنِ الْأَعْمَالِ وَأَحْسَنِ الْأَخْلَاقِ لَا يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلا أَنتَ وَقِنِي سَيئَ الْأَعْمَالِ وَسَيئَ الْأَخْلَاقِ لَا يَقِي سَيئَهَا إِلا أَنتَ»

دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. تەرجىمىسى: «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. اللهنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللهقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن. ئى الله! مېنى ئەڭ گۈزەل ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن، ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە قىلغىن. بۇ سەندىن باشقا بىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئى الله! مېنى

[①] ئەلبانى (160): زەئىپ، ـ دېگەن.

يامــان ئىــش ۋە يامــان ئەخلاقــتــىن ساقلىغىــن، بۇمــۇ سەنىڭدىن باشــقا بىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ»[1].

(نەسائى: 896)

9278 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اسْتَفْتَحَ الصلَاةَ قَالَ سُبْحَانَكَ اللهُم وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرَكَ.

9278 ـ ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا، قىرائەتتىن بۇرۇن: «سُبْحَانَكَ اللهُم وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ» دەيتتى. تەرجىمىسى: «ئى اﷲ! سەن پاكتۇرسەن، جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر، ئەزىمەتىڭ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، سەندىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 776)

9279 ـ سعد بن أبي وقاص ـ رضي الله عنه ـ : أن رجلا جـاء إلى الصـلاة ورسولُ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ يُصَلي، فقال حين انتهى إلى الصف: اللـهم إني أسألُكَ أفضلَ ما تُؤتي عبادَك الصالحين، فلما سلم رسولُ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ قال: مَنِ المتكمُ آنفا؟ قال الرجل: أنا يا رسول الله، قال: إذا يُعْقَرُ جوادُك، وتُسْتَشْهَدُ في سبيل الله.

9279 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتاتتى، بىر كىشى كېلىپ، سەپكە كىرىۋېتىپ:

ـ ئى اﷲ! ماڭا سالىھ بەندىلىرىڭگە ئاتا قىلغان ئىلتىپاتلىرىڭنىڭ ئەڭ ئالىيسىنى ئاتا قىلغايسەن! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولۇپ:

[1] ئەلبانى (861): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (702): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ باياتىن گەپ قىلغان كىم؟ ـ دېدى. ئۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! گەپ قىلغان مەن، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ تىلىكىڭگە بىنائەن ئېتىك ئۆلتۇرۇلۇپ، سەن شېھىد قىلىنىسەن، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9280 ـ عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ إِذَا قَامَ إِلَى الصلَاةِ قَالَ وَجهْتُ وَجْهِيَ لِلذِي فَطَرَ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنْ الْمُشْرِكِينَ إِن صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنْ الْمُسْلِمِينَ اللهُم أَنتَ الْمَلِكُ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ أَنتَ رَبي وَأَنَا عَبْدُكَ ظَلَمْتُ نَفْسِي وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعًا إِنهُ لَا يَغْفِرُ الذُنُوبَ إِلا أَنتَ وَاهْدِنِي لِأَحْسَنِ الْأَخْلَاقِ لَا يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلا أَنتَ وَاصْرِفْ عَني سَيئَهَا لَا يَصْرِفُ عَني سَيئَهَا إِلا أَنتَ لَبيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ كُلهُ فِي يَدَيْكَ وَالشر لَيْسَ إِلَيْكَ أَنَا بِكَ وَإِلَيْكَ تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ وَإِذَا رَكَعَ قَالَ اللهُم لَكَ رَكَعْتُ وَبِكَ آمَنْتُ وَلَكَ أَسْلَمْتُ خَشَعَ لَكَ سَمْعِي وَبَصَرِي وَمُخي وَعَظْمِي وَعَصَبِي وَإِذَا رَفَعَ قَالَ اللهُم رَبنَا لَكَ الْحَمْدُ مِلْءَ السمَاوَاتِ وَمِلْءَ الْأَرْضِ وَمِلْءَ مَا بَيْنَهُمَا وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ وَإِذَا سَجَدَ قَالَ اللهُم لَكَ سَجَدْتُ وَبِكَ آمَنتُ وَلَكَ أَسْلَمْتُ سَجَدَ وَجْهِي لِلذِي خَلَقَهُ وَصَورَهُ وَشَق سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ تَبَارَكَ اللهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ ثُم يَكُونُ مِنْ آخِرِ مَا يَقُولُ بَيْنَ التشَهدِ وَالتسْلِيمِ اللهُم اغْفِرْ لِي مَا قَدمْتُ وَمَا أَخرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ وَمَا أَسْرَفْتُ وَمَا أَنتَ أَعْلَمُ بِهِ مِني أَنتَ الْمُقَدمُ وَأَنتَ الْمُؤَخرُ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ.

9280 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى:

«وَجهْتُ وَجْهِيَ لِلذِي فَطَرَ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنْ الْمُشْرِكِينَ إِن صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنْ الْمُسْلِمِينَ اللهُم أَنتَ الْمَلِكُ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ أَنتَ رَبي وَأَنَا عَبْدُكَ ظَلَمْتُ نَفْسِي وَاعْتَرَفْتُ

بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعًا إِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ وَاهْدِنِي لِأَحْسَنِ الْأَخْلَاقِ لَا يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلَّا أَنْتَ وَاصْرِفْ عَنِّي سَيِّئَهَا لَا يَصْرِفُ عَنِّي سَيِّئَهَا إِلَّا أَنْتَ لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ كُلُّهُ فِي يَدَيْكَ وَالشَّرُّ لَيْسَ إِلَيْكَ أَنَا بِكَ وَإِلَيْكَ تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ» دېگەن دۇئا بىلەن باشلايتتى. تەرجىمىسى: «مەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن[1]. مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه ئۈچۈندۇر. اللّٰهنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللّٰهقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن. ئى اللّٰه! سەن مۇتلەق پادىشاھسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن. مەن ئۆزەمگە ئۆزەم زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلدىم. پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن. مېنى گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە قىلغىن، گۈزەل ئەخلاقتا پەقەت سەنلا ئىگە قىلىسەن، مېنى ناچار ئەخلاقتىن يىراق قىلغىن، ناچار ئەخلاقتىن پەقەت سەنلا يىراق قىلىسەن. مەن سېنىڭ ئەمر ـ پەرمانىڭغا ھازىرمەن، ساڭا ئىتائەت قىلىشنى بەخت دەپ بىلىمەن. ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس، مېنىڭ ھاياتلىقىم سېنىڭ بىلەندۇر، ئاخىرى ساڭا قايتىمەن. سەن بۈيۈكسەن، ئالىيسەن. سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن».

رۇكۇ قىلغاندا:

«اللَّهُمَّ لَكَ رَكَعْتُ وَبِكَ آمَنْتُ وَلَكَ أَسْلَمْتُ خَشَعَ لَكَ سَمْعِي وَبَصَرِي وَمُخِّي وَعَظْمِي وَعَصَبِي»

[1] سۈرە ئەنئام، 79 ـ ئايەت.

دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. تەرجىمىسى: «ئى اللە سەن ئۈچۈن رۇكۇ قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ئۆزەمنى ساڭا تاپشۇردۇم. قۇلىقىم، كۆزۈم، يىلىكىم، ئۇستىخانلىرىم ۋە پەيلىرىم ساڭا تازىم قىلىپ ئېگىلدى».

رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە:

«اللهم رَبَنا لَكَ الْحَمْدُ مِلْءَ السمَاوَاتِ وَمِلْءَ الْأَرْضِ وَمِلْءَ مَا بَيْنَهُمَا وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيءٍ بَعْدُ»

دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. تەرجىمىسى: «ئى اللە! ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تولدۇرۇۋەتكۈدەك، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەن خالىغان ھەرقانداق نەرسىنى تولدۇرۇۋەتكۈدەك ھەمدىلەر بولسۇن!»

سەجدە قىلغاندا:

«اللهم لَكَ سَجَدْتُ وَبِكَ آمَنتُ وَلَكَ أَسْلَمْتُ سَجَدَ وَجْهِي لِلذِي خَلَقَهُ وَصَورَهُ وَشَق سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ تَبَارَكَ اللهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ»

دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. تەرجىمىسى: «ئى اللە! سەن ئۈچۈن سەجدە قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ئۆزەمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈم ئۇنى ياراتقان ۋە گۈزەل شەكىلگە كىرگۈزگەن ۋە ئۇنىڭدا ئاجايىپ گۈزەل قۇلاق ۋە كۆزنى ياراتقان زاتقا سەجدە قىلدى، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى اللە نېمىدېگەن بۈيۈك؟!»

ئەڭ ئاخىرىدا، سالام بېرىشتىن بۇرۇن:

«اللهم اغْفِرْ لِي مَا قَدمْتُ وَمَا أَخرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ وَمَا أَسْرَفْتُ وَمَا أَنتَ أَعْلَمُ بِهِ مِني أَنتَ الْمُقَدمُ وَأَنتَ الْمُؤَخرُ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ» دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. تەرجىمىسى:

«ئى اللە! مېنىڭ بۇرۇن قىلغان، كېيىن قىلغان، مەخپىي قىلغان، ئاشكارا قىلغان، ھەددىن ئاشۇرۇپ قىلغان ۋە سەن مەندىنمۇ ئوبدان بىلىدىغان بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن. سەن

خالىغان كىشىنى تائىتىڭگە مۇۋەپپەق قىلىسەن، خالىغان كىشىنى تائىتىڭدىن مەھرۇم قىلىسەن. سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر».

(مۇسلىم: 771)

9281 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ كَشَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ السِتَارَةَ وَالناسُ صُفُوفٌ خَلْفَ أَبِي بَكْرٍ فَقَالَ أَيهَا الناسُ إِنهُ لَمْ يَبْقَ مِنْ مُبَشرَاتِ النُبوةِ إِلا الرؤْيَا الصالِحَةُ يَرَاهَا الْمُسْلِمُ أَوْ تُرَى لَهُ أَلَا وَإِني نُهِيتُ أَنْ أَقْرَأَ الْقُرْآنَ رَاكِعًا أَوْ سَاجِدًا فَأَما الركُوعُ فَعَظمُوا فِيهِ الرب عَز وَجَل وَأَما السجُودُ فَاجْتَهِدُوا فِي الدعَاءِ فَقَمِنٌ أَنْ يُسْتَجَابَ لَكُمْ.

9281 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: جامائەت ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئۈچۈن سەپ بولۇپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ: «ئى خالايىق پەيغەمبەرلىكنىڭ بېشارەتلىرىدىن پەقەت ياخشى چۈشلا قالدى، ئۇنى مۇسۇلمان كىشى يا ئۆزى كۆرىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار كۆرىدۇ. دىققەت قىلىڭلاركى، مەن رۇكۇ ۋە سەجدىدە قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەندىم. شۇڭا رۇكۇدا رەببىڭلارنى ئۇلۇغلاڭلار، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار، چۈنكى سەجدىدىكى دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر» دېدى.

(مۇسلىم: 479)

9282 ـ عن عَوْف بْن مَالِكٍ قال قُمْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةً فَلَما رَكَعَ مَكَثَ قَدْرَ سُورَةِ الْبَقَرَةِ يَقُولُ فِي رُكُوعِهِ سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ.

9282 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ نامازنىڭ رۇكۇسىدا:

«سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ»

دېگەن دۇئانى تەكرارلىغان هالدا سۈرە بەقەرەنى ئوقۇپ تۈگەتكۈدەك (ئۇزۇن) تۇردى. تەرجىمىسى: «كۈچ ـ قۇدرەت، سەلتەنەت، كاتتىلىق ۋە بۈيۈكلۈك ئىگىسى اللهنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن»①.

(نەسائى: 1049)

9283 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنها قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُكْثِرُ أَنْ يَقُولَ فِي رُكُوعِهِ وَسُجُودِهِ سُبْحَانَكَ اللهُم رَبنَا وَبِحَمْدِكَ اللهُم اغْفِرْ لِي يَتَأَولُ الْقُرْآنَ.

9283 ـ ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رۇكۇ ۋە سەجدىدە كۆپىنچە: «سُبْحَانَكَ اللهُم رَبنَا وَبِحَمْدِكَ اللهُم اغْفِرْ لِي» يەنى: «ئى الله! ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا تەسبىه ئېيتىمەن، هەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ئى الله! مېنىڭ گۇناهىمنى مەغپىرەت قىلغىن» دەيتتى. ئۇ، بۇ ئارقىلىق قۇرئانغا (يەنى سۈرە نەسرنىڭ 3 ـ ئايىتىگە) ئەمەل قىلماقچى ئىدى.

(بۇخارى: 817)

9284 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ فِي رُكُوعِهِ وَسُجُودِهِ سُبوdzٌ قُدوسٌ رَب الْمَلَائِكَةِ وَالروdzِ.

9284 ـ ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رۇكۇ ۋە سەجدىدە: «سُبوdzٌ قُدوسٌ رَب الْمَلَائِكَةِ وَالروdzِ» دەيتتى. تەرجىمىسى: «جىمى پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىبرىئىلنىڭ پەرۋەردىگارى الله بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، (ئۇنىڭ) شەنى ئۇلۇغدۇر»②.

(ئەبۇ داۋۇد: 872)

① ئەلبانى (1004): سەهىه ـ دېگەن.

② ئەلبانى (775): سەهىه ـ دېگەن.

9285 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ لَما نَزَلَتْ فَسَبحْ بِاسْمِ رَبكَ الْعَظِيمِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اجْعَلُوهَا فِي رُكُوعِكُمْ فَلَما نَزَلَتْ سَبحْ اسْمَ رَبكَ الْأَعْلَى قَالَ اجْعَلُوهَا فِي سُجُودِكُمْ. قَالَ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَكَعَ قَالَ سُبْحَانَ رَبيَ الْعَظِيمِ وَبِحَمْدِهِ ثَلَاثًا وَإِذَا سَجَدَ قَالَ سُبْحَانَ رَبيَ الْأَعْلَى وَبِحَمْدِهِ ثَلَاثًا.

9285 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئىپتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن[1]﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنى رۇكۇدا قىلىڭلار!» دېدى. ﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنى سەجدىدە قىلىڭلار!» دېدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ قىلغاندا، ئۈچ قېتىم: «سُبْحَانَ رَبيَ الْعَظِيمِ وَبِحَمْدِهِ (يەنى ئۇلۇغ رەببىمنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن)»؛ سەجدە قىلغاندا ئۈچ قېتىم: «سُبْحَانَ رَبيَ الْأَعْلَى وَبِحَمْدِهِ (يەنى ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن)» دەيتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 869)

9286 ـ عن عَبْد اللهِ بن أَبِي أَوْفَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يَقُولُ اللهُم لَكَ الْحَمْدُ مِلْءُ السمَاءِ وَمِلْءُ الْأَرْضِ وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ اللهُم طَهرْنِي بِالثلْجِ وَالْبَرَدِ وَالْمَاءِ الْبَارِدِ اللهُم طَهرْنِي مِنْ الذنُوبِ وَالْخَطَايَا كَمَا يُنَقى الثوْبُ الْأَبْيَضُ مِنْ الْوَسَخِ وَفِي رِوَايَةٍ يَزِيدَ مِنْ الدنَسِ.

9286 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

[1] سۈرە ھاققە، 52ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەئلا، 1ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (184): زەئىپ، ـ دېگەن.

«اللهُم لَكَ الْحَمْدُ مِلءُ السمَاءِ وَمِلءُ الْأَرْضِ وَمِلءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْـدُ اللهُـم طَهرْنِي بِالثلْجِ وَالْبَرَدِ وَالْمَاءِ الْبَارِدِ اللهُم طَهرْنِي مِنْ الذُنُوبِ وَالْخَطَايَا كَمَا يُنَقى الثـوْبُ الْأَبْيَضُ مِنْ الْوَسَخِ»

تەرجىمىسى: «ئى الله! ساڭا ئاسمان ـ زېمىننى تولدۇرۇۋەتكۈدەك، ئۇندىن باشقا يەنە سەن خالىغان ھەرقانداق نەرسىنى تولدۇرۇۋەتكۈدەك ھەمدىلەر بولسۇن. ئى الله! مېنى قار، مۆلدۈر ۋە سوغۇق سۇ بىلەن پاكلىغىن. ئى الله! مېنى گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن خۇددى ئاپئاق كىيىم كىردىن پاكلانغاندەك پاكلىغىن!»

(مۇسلىم: 476)

9287 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنْ الركُوعِ قَالَ رَبنَا لَكَ الْحَمْدُ مِلءُ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمِلءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ أَهْلَ الثنَاءِ وَالْمَجْدِ أَحَق مَا قَالَ الْعَبْدُ وَكُلنَا لَكَ عَبْدٌ اللهُم لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ وَلَـا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلَا يَنفَعُ ذَا الْجَد مِنْكَ الْجَد.

9287 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە مۇنداق دەيتتى:

«رَبنَا لَكَ الْحَمْدُ مِلءُ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمِلءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ أَهْلَ الثنَـاءِ وَالْمَجْدِ أَحَق مَا قَالَ الْعَبْدُ وَكُلنَا لَكَ عَبْدٌ اللهُم لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلَا يَنفَعُ ذَا الْجَد مِنْكَ الْجَد».

«ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئاسمان ـ زېمىننى تولدۇرۇۋەتكۈدەك، ئۇندىن باشقا يەنە سەن خالىغان ھەرقانداق نەرسىنى تولدۇرۇۋەتكۈدەك ھەمدىلەر بولسۇن. ئى ماختاشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا ئەڭ لايىق زات! بىز ھەممىمىز سېنىڭ بەندەڭدۇرمىز. ھەرقانداق بەندە ئېيتقان سۆزنىڭ ئەڭ توغرىسى: ”ئى الله! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ“ دېگەن كەلىمىدۇر».

(مۇسلىم: 477)

9288 ـ عَنْ رِفَاعَةَ بْنِ رَافِعٍ الزرَقِي قَالَ كُنا يَوْمًا نُصَلي وَرَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَفَعَ رَأْسَهُ مِنْ الركْعَةِ قَالَ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ قَالَ رَجُلٌ وَرَاءَهُ رَبنَا وَلَكَ الْحَمْدُ حَمْدًا كَثِيرًا طَيبًا مُبَارَكًا فِيهِ فَلَما انْصَرَفَ قَالَ مَنْ الْمُتَكَلمُ قَالَ أَنَا قَالَ رَأَيْتُ بِضْعَةً وَثَلَاثِينَ مَلَكًا يَبْتَدِرُونَهَا أَيهُمْ يَكْتُبُهَا أَولُ.

9288 ـ رىفائە ئىبنى رافىئ زۇرەقى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» دېگەندە، ئارقىسىدىكى بىر كىشى: «رَبنَا وَلَكَ الْحَمْدُ حَمْدًا كَثِيرًا طَيبًا مُبَارَكًا فِيهِ» يەنى: ”ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا نۇرغۇنلىغان پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

ـ باياتىنقى سۆزنى دېگەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى:

ـ مەن، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن 30 نەچچە پەرىشتىنىڭ ئۇ سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال يېزىۋېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بەس ـ بەستە يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 799)

9289 ـ وفي رواية: قَالَ صَليْتُ خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَطَسْتُ فَقُلْتُ الْحَمْدُ لِلهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيبًا مُبَارَكًا فِيهِ مُبَارَكًا عَلَيْهِ كَمَا يُحِب رَبنَا وَيَرْضَى فَلَما صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ انْصَرَفَ فَقَالَ مَنْ الْمُتَكَلمُ فِي الصلَاةِ فَلَمْ يَتَكَلمْ أَحَدٌ ثُم قَالَهَا الثانِيَةَ مَنْ الْمُتَكَلمُ فِي الصلَاةِ فَلَمْ يَتَكَلمْ أَحَدٌ ثُم قَالَهَا الثالِثَةَ مَنْ الْمُتَكَلمُ فِي الصلَاةِ فَقَالَ رِفَاعَةُ بْنُ رَافِعٍ ابْنُ عَفْرَاءَ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ كَيْفَ قُلْتَ قَالَ قُلْتُ الْحَمْدُ لِلهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيبًا مُبَارَكًا فِيهِ مُبَارَكًا عَلَيْهِ كَمَا يُحِب رَبنَا وَيَرْضَى فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ ابْتَدَرَهَا بِضْعَةٌ وَثَلَاثُونَ مَلَكًا أَيهُمْ يَصْعَدُ بِهَا.

9289 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇۋېتىپ چۈشكۈردۈم، شۇنىڭ بىلەن: «الْحَمْدُ لِلهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ مُبَارَكًا عَلَيْهِ كَمَا يُحِب رَبنَا وَيَرْضَى» يەنى: ”ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئۆزەڭ ياقتۇرىدىغان، ئۆزەڭ مەمنۇن بولىدىغان شەكىلدە، بەرىكەت ئۈستىگە بەرىكەت قوشىدىغان، نۇرغۇنلىغان پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن!“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن:

ـ نامازدا گەپ قىلغان كىم؟ ـ دېدى. بىراق ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. يەنە:

ـ نامازدا گەپ قىلغان كىم؟ ـ دېدى. يەنە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئۈچىنچى قېتىم:

ـ نامازدا گەپ قىلغان كىم؟ ـ دېدى، مەن (رىفائە ئىبنى رافىئ):

ـ مەن، ـ دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمە دېگەنىدىڭ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ”الْحَمْدُ لِلهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ مُبَارَكًا عَلَيْهِ كَمَا يُحِب رَبنَا وَيَرْضَى“ دېدىم، ـ دېگەنىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، 30 نەچچە پەرىشتە ئۇ سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال ئاسمانغا ئېلىپ چىقىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بەس ـ بەستە يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ـ دېدى[①]. (تىرمىزى: 404)

9290 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا قَالَ الْإِمَامُ سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ فَقُولُوا اللهُم رَبنَا لَكَ الْحَمْدُ فَإِنهُ مَنْ وَافَقَ قَوْلُهُ قَوْلَ الْمَلَائِكَةِ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدمَ مِنْ ذَنْبِهِ.

9290 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[①] ئەلبانى (331): ھەسەن، ـ دېگەن.

«ئىمام: ”سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ“ دېسە، سىلەر: ”اللهم رَبَنَا لَكَ الْحَمْدُ“ دەڭلار. چۈنكى كىمنىڭ بۇ سۆزنى دېگەن ۋاقتى پەرىشتىنىڭمۇ شۇ سۆزنى دېگەن ۋاقتىغا ئۇدۇل كەلسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

(بۇخارى: 796)

9291 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ فِي سُجُودِهِ اللهم اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلهُ دِقهُ وَجِلهُ وَأَولهُ وَآخِرَهُ وَعَلَانِيَتَهُ وَسِرهُ.

9291 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە مۇنۇ دۇئانى قىلاتتى: «اللهم اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلهُ دِقهُ وَجِلهُ وَأَولهُ وَآخِرَهُ وَعَلَانِيَتَهُ وَسِرهُ». تەرجىمىسى: «ئى الله! ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان چوڭ ـ كىچىك، ئاشكارا ـ مەخپىي گۇناھلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلغايسەن».

(مۇسلىم: 483)

9292 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ فَقَدْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةً مِنْ الْفِرَاشِ فَالْتَمَسْتُهُ فَوَقَعَتْ يَدِي عَلَى بَطْنِ قَدَمَيْهِ وَهُوَ فِي الْمَسْجِدِ وَهُمَا مَنْصُوبَتَانِ وَهُوَ يَقُولُ اللهم أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ.

9292 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆشەكتە يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۇنى ئىزدىدىم. ئۇ نامازگاھتا ئىككى پۇتىنى تىكلەپ سەجدە قىلىۋاتقان ئىكەن، قولۇم تاپىنىغا تەگدى. ئۇ سەجدىدە مۇنداق دۇئا قىلىۋاتاتتى: «اللهم أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ». تەرجىمىسى: «ئى الله! مەن سېنىڭ رازىلىقىڭغا سېغىنىپ غەزىپىڭدىن، ئەپۇچانلىقىڭغا سېغىنىپ جازالىشىڭدىن، ساڭا سېغىنىپ قەھرىڭدىن پاناھ

تىلەيمەن. مەن سېنى سەن ئۆزەڭنى مەدھىيىلىگەندەك ساڭا لايىق رەۋىشتە مەدھىيىلەشتىن ئاجىزمەن».

(مۇسلىم: 486)

9293 ـ عن عَائِشَةَ قَالَتْ افْتَقَدْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ لَيْلَةٍ فَظَنَنْتُ أَنهُ ذَهَبَ إِلَى بَعْضِ نِسَائِهِ فَتَجَسسْتُ ثُم رَجَعْتُ فَإِذَا هُوَ رَاكِعٌ أَوْ سَاجِدٌ يَقُولُ سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ فَقُلْتُ بِأَبِي وَأُمي إِنكَ لَفِي شَأْنٍ وَإِني لَفِي آخَرَ.

9293 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىمدا يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۇنى باشقا ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ھۇجرىلىرىنى ماربىلىدىم. (ھۇجرامغا) قايتىپ كىرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھۇجرامدا) رۇكۇ (ياكى سەجدىدە) تۇرۇپ: «سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ»، يەنى: «ئى الله! سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ساڭا ھەمدە ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر» دەۋاتقان ئىكەن، مەن بۇنى كۆرۈپ:

ــ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن نە كويدا، مەن نە كويدا (يۈرۈپتىمەن)؟! ـ دېدىم[①].

(نەسائى: 3962)

9294 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ بَيْنَ السجْدَتَيْنِ اللهُم اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي.

9294 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرغاندا مۇنداق دەيتتى: «اللهُم اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي». تەرجىمىسى: «ئى الله! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنىڭ كەم ـ

[①] ئەلبانى (3698): سەھىھ ـ دېگەن.

كۆتىلىرىمنى تولۇقلاپ بەرگىن، مېنى ھىدايەت يولىغا باشلىغىن ۋە ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن»[1].

(تىرمىزى: 284)

9295 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا تَشَهدَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَعِذْ بِاللهِ مِنْ أَرْبَعٍ يَقُولُ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنمَ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدجالِ.

9295 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، اللهقا سېغىنىپ، تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەپ: ”اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنمَ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدجالِ“ دېگەن دۇئانى ئوقۇڭلار. تەرجىمىسى: ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھايات ـ ماماتنىڭ پىتنىسىدىن ۋە كاززاب دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن».

(مۇسلىم: 588)

9296 ـ عَنْ جَابِرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ فِي صَلَاتِهِ بَعْدَ التشَهدِ أَحْسَنُ الْكَلَامِ كَلَامُ اللهِ وَأَحْسَنُ الْهَدْيِ هَدْيُ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9296 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (نامىزىدا) تەشەھھۇدتىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: «ئەڭ توغرا سۆز اللهنىڭ سۆزى، ئەڭ توغرا يول مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىدۇر»[2].

(نەسائى: 1311)

[1] ئەلبانى (233): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1243): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

9297 ـ عبد الله بن مسعود ـ رضي الله عنه ـ قال: كانَ رسولُ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ يُعَلمُهُمْ مِنَ الدعَاءِ بعد التشهد: ألفِ اللهم على الخيرِ قُلوبَنا وَأصلِحْ ذَاتَ بيننا وَاهْدِنا سُبُلَ السلامِ وَنجنا مِنَ الظلماتِ إلى النورِ وَجَنبَنا الفَواحِشَ والفِتَنَ ما ظَهَرَ مِنها وما بَطَنَ وَبارِكْ لَنا في أسماعِنا وَأبصارِنا وقُلُوبِنا وأزْوَاجِنَا وذُرياتِنا وتُبْ عَلَينا إنكَ أنتَ التوابُ الرحيمُ واجعَلْنا شاكرينَ لِنعْمَتِكَ قَابِلِيها وأتِمهَا علينا».

9297 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە تەشەھھۇدتىن كېيىن مۇنۇ دۇئانى قىلىشنى ئۆگەتكەن: «ئى رەببىم! بىزنىڭ قەلبىمىزنى ياخشى ئىشقا جەمئى قىلغىن، ئارىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىگىن، بىزنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن نۇرغا چىقارغىن. بىزنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلاردىن، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق قىلغىن. قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز، دىللىرىمىز ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغىن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن تەۋبىلەرنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، بەندىلىرىڭگە ناھايىتى مېھرىبانسەن. بىزنى نېئمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن قىلغايسەن ۋە بىزگە نېئمەتلىرىڭنى مول قىلىپ بەرگەيسەن».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9298 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أخَذَ بِيَدِهِ وَقَالَ يَا مُعَاذُ وَاللهِ إني لَأُحِبكَ وَاللهِ إني لَأُحِبكَ فَقَالَ أُوصِيكَ يَا مُعَاذُ لَا تَدَعَن فِي دُبُرِ كُل صَلَاةٍ تَقُولُ اللهُم أعِني عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ.

9298 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئى مۇئاز! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ساڭا تەۋسىيە قىلايكى، ھەر نامازدىن كېيىن: "اللهُم أعِني عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ" (تەرجىمىسى: ئى الله! مېنىڭ سېنى زىكرى قىلىشىمغا، ساڭا

شۈكرى قىلىشىمغا، ئىبادەتلىرىمنى جايىدا ئادا قىلىشىمغا ياردەم قىلغايسەن) دېگەن دۇئانى قىلىشنى تەرك ئەتمە»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1522)

9299 ـ عَنْ شَدادِ بْنِ أَوْسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ فِي صَلَاتِهِ اللهُم إني أَسْأَلُكَ الثبَاتَ فِي الْأَمْرِ وَالْعَزِيمَةَ عَلَى الرشْدِ وَأَسْأَلُكَ شُكْرَ نِعْمَتِكَ وَحُسْنَ عِبَادَتِكَ وَأَسْأَلُكَ قَلْبًا سَلِيمًا وَلِسَانًا صَادِقًا وَأَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا تَعْلَمُ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا تَعْلَمُ وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا تَعْلَمُ.

9299 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىدا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مېنى بۇ دىندا مۇستەھكەم قىلغىن، توغرا يولدا مېڭىشقا غەيرەت ئاتا قىلغىن. ئى الله! مېنى بەرگەن نېئمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىدىغان، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىدىغانلاردىن قىلغىن. ئى الله! ماڭا ساپ دىل، راستچىل تىل ئاتا قىلغىن. ئى الله! ماڭا سەن بىلىدىغان ياخشىلىقلاردىن نېسىۋە ئاتا قىلغىن. ئى الله! مېنى سەن بىلىدىغان يامانلىقلارنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن. ئى الله! مېنىڭ سەن بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن»[2].

(نەسائى: 1304)

9300 ـ عَنْ قَيْسِ بْنِ عُبَادٍ قَالَ صَلى عَمارُ بْنُ يَاسِرٍ بِالْقَوْمِ صَلَاةً أَخَفهَا فَكَأَنهُمْ أَنْكَرُوهَا فَقَالَ أَلَمْ أُتِم الركُوعَ وَالسجُودَ قَالُوا بَلَى قَالَ أَمَا إني دَعَوْتُ فِيهَا بِدُعَاءٍ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْعُو بِهِ اللهُم بِعِلْمِكَ الْغَيْبَ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ أَحْيِنِي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْرًا لِي وَتَوَفنِي إذَا عَلِمْتَ الْوَفَاةَ خَيْرًا لِي وَأَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشهَادَةِ وَكَلِمَةَ الْإِخْلَاصِ فِي الرضَا وَالْغَضَبِ وَأَسْأَلُكَ نَعِيمًا لَا يَنْفَدُ وَقُرةَ عَيْنٍ لَا تَنْقَطِعُ وَأَسْأَلُكَ الرضَاءَ بِالْقَضَاءِ وَبَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْتِ وَلَذةَ النظَرِ إلَى وَجْهِكَ وَالشوْقَ إلَى

[1] ئەلبانى (1347): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (70): زەئىپ، ـ دېگەن.

لِقَائِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ ضَرَاءَ مُضِرَةٍ وَفِتْنَةٍ مُضِلَةٍ اللهُم زَينا بِزِينَةِ الْإِيمَانِ وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ.

9300 ـ قەيس ئىبنى ئۇباد رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە ئىمام بولۇپ، نامازنى بەك يېنىكلا ئوقۇدى، ئاندىن جامائەتنىڭ بۇنىڭغا نارازىلىقىنى بايقاپ:

ــ رۇكۇ ۋە سەجدىنى جايىدا قىلمىدىممۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر:

ـ جايىدا قىلدىڭ، ـ دېدى، ئۇ:

ـ بىلىپ قېلىڭلاركى، مەن بۇ نامازدا شۇنداق بىر دۇئا قىلدىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ دۇئانى قىلاتتى، ئۇ:

«اللهُم بِعِلْمِكَ الْغَيبَ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ أَحْيِنِي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْرًا لِي وَتَوَفَنِي إِذَا عَلِمْتَ الْوَفَاةَ خَيْرًا لِي وَأَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيبِ وَالشهَادَةِ وَكَلِمَةَ الْإِخْلَاصِ فِي الرضَا وَالْغَضَبِ وَأَسْأَلُكَ نَعِيمًا لَا يَنفَدُ وَقُرةَ عَيْنٍ لَا تَنقَطِعُ وَأَسْأَلُكَ الرضَاءَ بِالْقَضَاءِ وَبَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْتِ وَلَذةَ النظَرِ إِلَى وَجْهِكَ وَالشوْقَ إِلَى لِقَائِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ ضَرَاءَ مُضِرَةٍ وَفِتْنَةٍ مُضِلَةٍ اللهُم زَينا بِزِينَةِ الْإِيمَانِ وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ

(ئى الله! غەيبنى بىلىدىغان ئىلمىڭنى، يارىتىشقا قادىر قۇدرىتىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ سەندىن سورايكى، ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ياشاتقىن. ئەگەر مەن ئۈچۈن ماماتلىق ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن. ئى الله! ماڭا كىشىلەر كۆرىدىغان، كۆرمەيدىغان ھەرقانداق جايدا سەندىن قورقۇشنى، خۇشاللىقتىمۇ، غەزەپلەنگەندىمۇ توغرا سۆزلەشنى ئاتا قىلغايسەن. ئى الله! ماڭا تۈگىمەس نېئمەت، ئۈزۈلمەس خۇشاللىق ئاتا قىلغايسەن. ئى الله! مېنى قازايى قەدەرگە رازى بولىدىغان بەندىلەردىن قىلغايسەن. ئى الله! ئاخىرەتتىكى تۇرمۇشۇمنى باياشات قىلغايسەن، ماڭا جامالىڭغا قاراش ھۇزۇرىنى، سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئىشتىياقىنى ئاتا قىلغايسەن. ئى الله! مېنى ھەرقانداق زىيانلىق ئىشتىن ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق پىتنىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئى الله! ئىچىمىزنى

ئىمان زىننىتى بىلەن زىننەتلىگەيسەن. ئى الله! بىزنى توغرا يول ئۈستىدە قىلغايسەن، باشقىلارنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلەشنى بىزگە نېسىپ قىلغايسەن)» دېگەن دۇئادۇر[1].

(نەسائى: 1306)

9301 ـ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخْبَرَتْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَدْعُو فِي الصلَاةِ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدجالِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَفِتْنَةِ الْمَمَاتِ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ فَقَالَ لَهُ قَائِلٌ مَا أَكْثَرَ مَا تَسْتَعِيذُ مِنْ الْمَغْرَمِ فَقَالَ إِن الرجُلَ إِذَا غَرِمَ حَدثَ فَكَذَبَ وَوَعَدَ فَأَخْلَفَ.

9301 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، كاززاب دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ھايات ـ ماماتنىڭ پىتنىسىدىن، گۇناھ ـ مەسىيەتتىن ۋە قەرزگە پېتىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن». بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قەرزگە پېتىپ قېلىشتىن نېمانچە كۆپ پاناھ تىلەيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چۈنكى ئىنسان قەرزگە پاتقاندا، يالغان ئېيتىدىغان ۋە ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 833)

9302 ـ عَنْ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ قَالَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلمْنِي دُعَاءً أَدْعُو بِهِ فِي صَلَاتِي قَالَ قُلْ اللهُم إني ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْمًا كَثِيرًا وَلَا يَغْفِرُ الذنُوبَ إِلا أَنتَ فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِي إِنك أَنتَ الْغَفُورُ الرحِيمُ.

9302 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

[1] ئەلبانى (1237): سەھىھ ـ دېگەن.

- ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويساڭ، نامىزىمدا شۇ دۇئانى قىلغان بولسام، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئۇنداق بولسا، سەن: «ئى الله! مەن ئۆزەمگە بەك كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، ئۆز پەزلىڭ بىلەن مېنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچىسەن» دەپ دۇئا قىلغىن! - دېدى.
(بۇخارى: 834)

9303 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ سَمِعْتُ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَيْلَةً حِينَ قَرَȟ مِنْ صَلَاتِهِ اللهُم إني أَسْأَلُكَ رَحْمَةً مِنْ عِنْدِكَ تَهْدِي بِهَا قَلْبِي وَتَجْمَعُ بِهَا أَمْرِي وَتَلُم بِهَا شَعَثِي وَتُصْلِحُ بِهَا غَائِبِي وَتَرْفَعُ بِهَا شَاهِدِي وَتُزَكي بِهَا عَمَلِي وَتُلْهِمُنِي بِهَا رُشْـدِي وَتَرُد بِهَا أُلْفَتِي وَتَعْصِمُنِي بِهَا مِنْ كُل سُوءٍ اللهُم أَعْطِنِي إِيمَانًا وَيَقِينًا لَيْس بَعْـدَهُ كُفْـرٌ وَرَحْمَةً أَنالُ بِهَا شَرَفَ كَرَامَتِكَ فِي الدنْيا وَالْآخِرَةِ اللهُم إني أَسْأَلُكَ الْفَوْزَ فِـي الْعَطَـاءِ وَنُزُلَ الشهَدَاءِ وَعَيْشَ السعَدَاءِ وَالنصْرَ عَلَى الْأَعْدَاءِ اللهُم إني أُنزِلُ بِكَ حَاجَتِي وَإِنْ قَصُرَ رَأْيِي وَضَعُفَ عَمَلِي افْتَقَرْتُ إِلَى رَحْمَتِكَ فَأَسْأَلُكَ يا قَاضِيَ الْأُمورِ وَيا شَافِيَ الصدُورِ كَمَا تُجِيرُ بَيْنَ الْبُحُورِ أَنْ تُجِيرَنِي مِنْ عَذَابِ السعِيرِ وَمِنْ دَعْوَةِ الثبُورِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْقُبورِ اللهُم مَا قَصُرَ عَنْهُ رَأْيِي وَلَمْ تَبْلُغْهُ نِيتِي وَلَمْ تَبْلُغْهُ مَسْأَلَتِي مِنْ خَيْرٍ وَعَدْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ أَوْ خَيْرٍ أَنتَ مُعْطِيهِ أَحَدًا مِنْ عِبَادِكَ فَإِني أَرْغَبُ إِلَيْكَ فِيهِ وَأَسْأَلُكَهُ بِرَحْمَتِكَ رَب الْعَالَمِينَ اللهُم ذَا الْحَبْلِ الشدِيدِ وَالْأَمْرِ الرشِيدِ أَسْأَلُكَ الْأَمْنَ يَوْمَ الْوَعِيدِ وَالْجَنةَ يَوْمَ الْخُلُودِ مَعَ الْمُقَربِينَ الشهُودِ الركعِ السجُودِ الْمُوفِينَ بِالْعُهُودِ إِنكَ رَحِيمٌ وَدُودٌ وَأَنتَ تَفْعَلُ مَا تُرِيـدُ اللهُـم اجْعَلْنَا هَادِينَ مُهْتَدِينَ غَيْرَ ضَالينَ وَلَا مُضِلينَ سِلْمًا لِأَوْلِيَائِكَ وَعَدُوا لِأَعْدَائِكَ نُحِب بِحُبكَ مَنْ أَحَبكَ وَنُعَادِي بِعَدَاوَتِكَ مَنْ خَالَفَكَ اللهُم هَذَا الدعَاءُ وَعَلَيْكَ الْإِجَابَةُ وَهَذَا الْجُهْـدُ وَعَلَيْكَ التكْلَانُ اللهُم اجْعَلْ لِي نُورًا فِي قَلْبِي وَنُورًا فِي قَبْرِي وَنُورًا مِنْ بَيْنِ يَدَي وَنُـورًا مِنْ خَلْفِي وَنُورًا عَنْ يَمِينِي وَنُورًا عَنْ شِمَالِي وَنُورًا مِنْ فَوْقِي وَنُورًا مِنْ تَحْتِي وَنُورًا فِـي سَمْعِي وَنُورًا فِي بَصَرِي وَنُورًا فِي شَعْرِي وَنُورًا فِي بَشَرِي وَنُورًا فِي لَحْمِي وَنُورًا فِـي دَمِي وَنُورًا فِي عِظَامِي اللهُم أَعْظِمْ لِي نُورًا وَأَعْطِنِي نُورًا وَاجْعَلْ لِي نُورًا سُبْحَانَ الـذِي

تَعطفَ الْعِز وَقَالَ بِهِ سُبْحَانَ الذِي لَبِسَ الْمَجْدَ وَتَكَرَمَ بِهِ سُبْحَانَ الذِي لَا يَنْبَغِي التسْبِيحُ إِلا لَهُ سُبْحَانَ ذِي الْفَضْلِ وَالنعَمِ سُبْحَانَ ذِي الْمَجْدِ وَالْكَرَمِ سُبْحَانَ ذِي الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ.

9303 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئاخشىمى نامازدىن يېنىپ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان: «ئى ﷲ! مەن سەندىن شۇنداق بىر رەھمەت تىلەيمەنكى، شۇ رەھمەت بىلەن قەلبىمنى يېتەكلىگەيسەن، ئىشلىرىمنى جەملەپ بەرگەيسەن، چېچىلىپ كەتكەنلىرىنى بىرلەشتۈرگەيسەن، ئىچكى دۇنيايىمنى ئىسلاھ قىلغايسەن، تاشقى مەرتىۋەمنى يۇقىرى كۆتۈرگەيسەن، ئەمەللىرىمنى پاكىزلىغايسەن، توغرا ئىشلىرىمغا تېخىمۇ ئىلھام بەرگەيسەن، خۇرسەن بولىدىغان ئىشلىرىمنى تەكرار نېسىپ قىلغايسەن ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلىغايسەن. ئى ﷲ! ماڭا كۇپىردىن ئەسەر قالدۇرمايدىغان ھەقىقىي ئىمان بەرگىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سېنىڭ كارامىتىڭنىڭ شەرىپىگە ئېرىشتۈرىدىغان رەھمەت ئاتا قىلغىن. ئى ﷲ! مەن سېنىڭ مول نېئمىتىڭگە ئېرىشىشنى، شېھىدلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتىشىشنى، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ مەئىشىتىنى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشنى تىلەيمەن. ئى ﷲ! بارلىق ھاجىتىمنى راۋا قىلىشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. كۆزۈم يەتمىگەن ۋە ئاجىز كەلگەن ئىشلىرىمدا سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئىلتىجا قىلىمەن. ئىشلارغا ھۆكۈم قىلغۇچى، دىللارغا شىپا بەرگۈچى ئى ﷲ! خۇددى دېڭىزلارنى (بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشتىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان) توساق بىلەن ساقلىغىنىڭدەك، مېنى جەھەننەم ئازابىدىن، ھالاك بولغۇچىلارنىڭ پەريادىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن ساقلىغايسەن. ئى ﷲ! مېنىڭ ئەقلىمگە كەلمىگەن، نىيەتمۇ قىلمىغان ۋە سەندىن تىلىمىگەن ياخشىلىقلارنى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرىگە ۋەدە قىلغان ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرىگە بەرمەكچى بولغان بولساڭ، شۇ ياخشىلىقلىرىڭغا مەنمۇ قىزىقىمەن ۋە ئۆز مەرھەمىتىڭنىڭ بەركىتى بىلەن ئۇنى سەندىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن. ئى

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە توغرا يولنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئامان قىلىشىڭنى، مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ جاي بولغان جەننىتىڭدە ساڭا يېقىن، جامالىڭنى كۆرەلەيدىغان، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇچى، ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلغۇچى بەندىلىرىڭ بىلەن بىرگە قىلىشىڭنى سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىبانسەن، ناھايىتى كۆيۈمچانسەن. سەن خالىغىنىڭنى قىلىسەن. ئى ئاللاھ! مېنى ئازغۇچى ۋە ئازدۇرغۇچى قىلماي، توغرا يولدا ماڭغۇچى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى قىلغىن. دوستلىرىڭ بىلەن چىقىشقاق، دۈشمەنلىرىڭگە دۈشمەن قىلغىن. سېنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى بىزمۇ پەقەت سېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىمىز، ساڭا قارشى چىققان كىشىنى بىزمۇ پەقەت سېنى دۈشمەن تۇتقانلىقى ئۈچۈنلا دۈشمەن تۇتىمىز. ئى ئاللاھ! بۇ بىزنىڭ دۇئايىمىز، ئىجابەت قىلىش سەندىندۇر. بۇ بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز، پەقەت ساڭىلا تايىنىمىز. ئى ئاللاھ! قەلبىمدە نۇر قىلغىن، قەبرەمدە نۇر قىلغىن، ئالدىمدا نۇر قىلغىن، ئارقامدا نۇر قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدە نۇر قىلغىن، سول تەرىپىمدە نۇر قىلغىن، ئۈستۈمدە نۇر قىلغىن، ئاستىمدا نۇر قىلغىن، قۇلىقىمدا نۇر قىلغىن، كۆزۈمدە نۇر قىلغىن، چاچلىرىمدا نۇر قىلغىن، تېرىلىرىمدە نۇر قىلغىن، گۆشلىرىمدە نۇر قىلغىن، قېنىمدا نۇر قىلغىن، سۆڭىكىمدە نۇر قىلغىن. ئى ئاللاھ! ماڭا ناھايىتى چوڭ نۇر ئاتا قىلغىن، ھەممە تەرىپىمنى نۇر قىلىۋەتكىن. ئى ئاللاھ! سەن بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن، غالىبسەن، سەن ئۆزەڭنى شۇنداق سۈپەتلىدىڭ، سەن ھەممىدىن ئۇلۇغسەن، بەندىلىرىڭگە نېئمەت ئاتا قىلىسەن، سەندىن باشقا نەرسىگە تەسبىھ ئېيتىشقا بولمايدۇ (پەقەت سەنلا تەسبىھ ئېيتىشقا لايىقسەن)، سەن پەزل ئىگىسىسەن، نېئمەتلىرىڭنى زىيادە قىلىسەن، سەن ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زاتسەن، بۈيۈكسەن، بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسىسەن»[1].

(تىرمىزى: 3419)

[1] ئەلبانى (678): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

9304 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا سَلمَ قَالَ اللهُم أَنتَ السلَامُ وَمِنْكَ السلَامُ تَبَارَكْتَ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ.

عَنْ ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَنصَرِفَ مِنْ صَلَاتِهِ اسْتَغْفَرَ ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم قَالَ اللهُم فَذَكَرَ مَعْنَى حَدِيثِ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا.

9304 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام بېرىپ نامازدىن چىققاندىن كېيىن: «اللهُم أَنتَ السلَامُ وَمِنْكَ السلَامُ تَبَارَكْتَ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ (ئى الله! سەن پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالىيدۇرسەن، ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالىي بولۇش پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن بولىدۇ. ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك الله! بەرىكەتلىك نېمەتلىرىڭ نېمىدېگەن بۈيۈكتۇر)» دېگەن زىكىرنى ئېيتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى سەۋباننىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن، ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتاتتى، ئاندىن يۇقىرىقى ھەدىستە كەلگەن زىكرىنى ئېيتاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1512)

9305 ـ عَنْ أَبِي الزبَيْرِ قَالَ كَانَ ابْنُ الزبَيْرِ يَقُولُ فِي دُبُرِ كُل صَلَاةٍ حِينَ يُسَلمُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَلَا نَعْبُدُ إِلا إِياهُ لَهُ النعْمَةُ وَلَهُ الْفَضْلُ وَلَهُ الثنَاءُ الْحَسَنُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ وَقَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُهَللُ بِهِن دُبُرَ كُل صَلَاةٍ.

9305 ـ ئەبۇ زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر نامازدا سالام بەرگەندىن كېيىنلا: «لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَلَا نَعْبُدُ

[1] ئەلبانى (1339): سەھىھ ـ دېگەن.

إلا إياهُ لَهُ النعْمَةُ وَلَهُ الْفَضْلُ وَلَهُ الثنَاءُ الْحَسَنُ لَا إلَهَ إلا اللهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ (تەرجىمىسى: يېگانە اللەتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق اللەقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر. اللەنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشقا كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز يەتمەيدۇ. اللەتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. بىز پەقەت اللەقىلا ئىبادەت قىلىمىز. اللە بەندىلىرىگە نازۇ ـ نېئمەت ئاتا قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. ئەڭ گۈزەل مەدھىيە اللەقا خاستۇر. اللەتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. كافىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ بىز ئىبادەتتە اللەقا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمايمىز)» دېگەن زىكىرنى ئوقۇيتتى. ئىبنى زۇبەير: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر نامازدىن كېيىن مۇشۇ زىكىرنى ئوقۇيتتى، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 594)

9306 ـ عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مُعَقبَاتٌ لَا يَخِيبُ قَائِلُهُن أَوْ فَاعِلُهُن دُبُرَ كُل صَلَاةٍ مَكْتُوبَةٍ ثَلَاثٌ وَثَلَاثُونَ تَسْبِيحَةً وَثَلَاثٌ وَثَلَاثُونَ تَحْمِيدَةً وَأَرْبَعٌ وَثَلَاثُونَ تَكْبِيرَةً.

9306 ـ كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر پەرز نامازدىن كېيىن 33 قېتىم ”سۇبھانەللاھ“، 33 قېتىم ”ئەلھەمدۇلىللاھ“، 34 قېتىم ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەن كىشى جەننەتتىن مەھرۇم قالمايدۇ».

(مۇسلىم: 596)

9307 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ أُمِرُوا أَنْ يُسَبحُوا دُبُرَ كُل صَلَاةٍ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَيَحْمَدُوا ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَيُكَبرُوا أَرْبَعًا وَثَلَاثِينَ فَأُتِيَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فِي مَنَامِهِ فَقِيلَ لَهُ أَمَرَكُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تُسَبحُوا دُبُرَ كُل صَلَاةٍ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَتَحْمَدُوا

ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَتُكَبِّرُوا أَرْبَعًا وَثَلَاثِينَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَاجْعَلُوهَا خَمْسًا وَعِشْرِينَ وَاجْعَلُوا فِيهَا التَّهْلِيلَ فَلَما أَصْبَحَ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ اجْعَلُوهَا كَذَلِكَ.

9307 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ"، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ"، 34 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر" دېيىشكە بۇيرۇلغانىدى، بىر كۈنى، ئەنسارىلاردىن بىرى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىرسى ئۇنىڭغا:

ــ سىلەرنى پەيغەمبىرىڭلار ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ"، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ"، 34 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر" دېيىشكە بۇيرىدىمۇ؟ ـ دەپتۇ، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىكەن، ئۇ:

ـ ئۇنى 25 تىن دەڭلار، قالغىنىغا: "لائىلاھە ئىللەللاھ" دەڭلار، ـ دەپتۇ. ئۇ كىشى تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى يەتكۈزگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، شۇنداق قىلىڭلار، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1350)

9308 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَبحَ فِي دُبُرِ صَلَاةِ الْغَدَاةِ مِائَةَ تَسْبِيحَةٍ وَهَللَ مِائَةَ تَهْلِيلَةٍ غُفِرَتْ لَهُ ذُنُوبُهُ وَلَوْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ.

9308 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بامدات نامىزىدىن كېيىن "سۇبھانەللاھ"نى 100 قېتىم، "لائىلاھە ئىللەللاھ"نى 100 قېتىم دېسە، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2].

(نەسائى: 1354)

[1] ئەلبانى (1279): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1282): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

9309 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن فُقَرَاءَ الْمُهَاجِرِينَ أَتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا ذَهَبَ أَهْلُ الدثُورِ بِالدرَجَاتِ الْعُلَى وَالنعِيمِ الْمُقِيمِ فَقَالَ وَمَا ذَاكَ قَالُوا يُصَلونَ كَمَا نُصَلي وَيَصُومُونَ كَمَا نَصُومُ وَيَتَصَدقُونَ وَلَا نَتَصَدقُ وَيُعْتِقُونَ وَلَا نُعْتِقُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفَلَا أُعَلمُكُمْ شَيْئًا تُدْرِكُونَ بِهِ مَنْ سَبَقَكُمْ وَتَسْبِقُونَ بِهِ مَنْ بَعْدَكُمْ وَلَا يَكُونُ أَحَدٌ أَفْضَلَ مِنْكُمْ إِلا مَنْ صَنَعَ مِثْلَ مَا صَنَعْتُمْ قَالُوا بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ تُسَبحُونَ وَتُكَبرُونَ وَتَحْمَدُونَ دُبُرَ كُل صَلَاةٍ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ مَرةً قَالَ أَبُو صَالِحٍ فَرَجَعَ فُقَرَاءُ الْمُهَاجِرِينَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا سَمِعَ إِخْوَانُنَا أَهْلُ الْأَمْوَالِ بِمَا فَعَلْنَا فَفَعَلُوا مِثْلَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَلِكَ فَضْلُ اللهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ.

9309 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بايلار يۇقىرى دەرىجە ۋە مەڭگۈلۈك نېئمەتلەرگە (جەننەتكە) ئېرىشىپ كەتتى، ـ دېيىشكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قانداق قىلىپ (ئېرىشىپ كەتتى)؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ بايلار بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇيدۇ، بىز تۇتقان روزىنى تۇتىدۇ. لېكىن ئۇلار سەدىقە بېرىدۇ، بىز بېرەلمەيمىز. ئۇلار قۇللارنى ئازاد قىلىدۇ، بىز ئازاد قىلالمايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ مەن سىلەرگە كەيىنىڭلاردىكىلەردىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئالدىڭلاردىكىلەرگە يېتىشىۋالىدىغان، سىلەر قىلغاننى قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم سىلەردىن ئارتۇق بولالمايدىغان بىر ئەمەلنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇلار:

ـ ۋاي! شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ھەر نامازدىن كېيىن بىراقلا 33 قېتىم سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەڭلار! ـ دېدى. كېيىن مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يەنە كېلىپ:

ـ بىزنىڭ پۇلدار قېرىنداشلىرىمىز بىز قىلغاننى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ قىلغىلى تۇردى، ـ دەپ شىكايەت قىلىشتۇقىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ــ بۇ، اللهنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولۇپ، الله ئۇنى خالىغان كىشىلەرگە بېرىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 595)

9310 ـ وفي رواية: تُسَبحُونَ فِي دُبرِ كُل صَلَاةٍ عَشْرًا وَتَحْمَدُونَ عَشْرًا وَتُكَبرُونَ عَشْرًا.

9310 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەر نامازدىن كېيىن ”سۇبھانەللاھ“نى 10 قېتىم، ”ئەلھەمدۇلىللاھ“نى 10 قېتىم، ”ئاللاھۇ ئەكبەر“نى 10 قېتىم دەڭلار! ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 6329)

9311 ـ وفي أخرى: إِحْدَى عَشْرَةَ إِحْدَى عَشْرَةَ.

9311 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: 11 قېتىمدىن دەڭلار! ـ دېيىلگەن.

9312 ـ وفي رواية: مَنْ سَبحَ اللهَ فِي دُبرِ كُل صَلَاةٍ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَحَمِدَ اللهَ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَكَبرَ اللهَ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ فَتِلْكَ تِسْعَةٌ وَتِسْعُونَ وَقَالَ تَمَامَ الْمِائَةِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ غُفِرَتْ خَطَايَاهُ وَإِنْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ.

9312 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم ”سۇبھانەللاھ“، 33 قېتىم ”ئەلھەمدۇلىللاھ“، 33 قېتىم ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېسە، ئاندىن بۇ 99نى ”لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ (يېگانە اللهتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق اللهقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اللهقا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر)“ دېگەن كەلىمە بىلەن 100 قىلسا، دېڭىزنىڭ

كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»
دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 597)

9313 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ سَمِعْتُ نَبِيَّ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ وَقَالَ سُلَيْمَانُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي دُبُرِ صَلَاتِهِ اللهُم رَبنَا وَرَب كُل شَيْءٍ أَنا شَهِيدٌ أَنكَ أَنتَ الرب وَحْدَكَ لَا شَرِيكَ لَكَ اللهُم رَبنَا وَرَب كُل شَيْءٍ أَنا شَهِيدٌ أَن مُحَمدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ اللهُم رَبنَا وَرَب كُل شَيْءٍ أَنا شَهِيدٌ أَن الْعِبَادَ كُلهُمْ إِخْوَةٌ اللهُم رَبنَا وَرَب كُل شَيْءٍ اجْعَلْنِي مُخْلِصًا لَكَ وَأَهْلِي فِي كُل سَاعَةٍ فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ اسْمَعْ وَاسْتَجِبْ اللهُ أَكْبَرُ الْأَكْبَرُ اللهُم نُورَ السمَوَاتِ وَالْأَرْضِ قَالَ سُلَيْمَانُ بْنُ دَاوُدَ رَب السمَوَاتِ وَالْأَرْضِ اللهُ أَكْبَرُ الْأَكْبَرُ حَسْبِيَ اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ اللهُ أَكْبَرُ الْأَكْبَرُ.

9313 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: «ئى بىزنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى الله! مەن سېنىڭ يېگانە پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى بىزنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى الله! مەن مۇھەممەدنىڭ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى بىزنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى الله! مەن بارلىق بەندىلەرنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى بىزنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى الله! مېنى ۋە ئائىلەمنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەر زامان ساڭا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدىغانلاردىن قىلغىن. ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك الله! دۇئايىمنى ئاڭلىغىن، ئىجابەت قىلغايسەن. ئى بۈيۈكلەرنىڭمۇ بۈيۈكى الله! ئى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرى الله!».

سۇلايمان ئىبنى داۋۇد يۇقىرىقى دۇئانىڭ ئاخىرىنى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «ئى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى الله! ئى بۈيۈكلەرنىڭمۇ

بۇيۈكى اﷲ! سەن ماڭا كۆپايە، سەن نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! سەن بۇيۈكلەرنىڭمۇ بۇيۈكىدۇرسەن، ئى اﷲ!»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1508)

9314 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ أَمَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أَقْـرَأَ بِالْمُعَوذَاتِ دُبُرَ كُل صَلَاةٍ.

9314 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھەرنامازدىن كېيىن فەلەق بىلەن ناس سۈرىسىنى ئوقۇشقا بۇيرىغان[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1523)

9315 ـ عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ كُنا إِذَا صَلَّيْنَا خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْبَبْنَا أَنْ نَكُونَ عَنْ يَمِينِهِ يُقْبِلُ عَلَيْنَا بِوَجْهِهِ قَالَ فَسَمِعْتُهُ يَقُولُ رَب قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَـثُ أَوْ تَجْمَعُ عِبَادَكَ.

9315 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇساق، (سالام بەرگەندە ئەڭ ئاۋۋال) بىز تەرەپكە قارىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتۇق. مەن بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان كۈندىكى ئازابىڭدىن ساقلىغىن».

(مۇسلىم: 709)

9316 ـ عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي مَرْوَانَ عَنْ أَبِيهِ أَن كَعْبًا حَلَفَ لَهُ بِاللهِ الذِي فَلَقَ الْبَحْرَ لِمُوسَى إِنا لَنَجِدُ فِي التوْرَاةِ أَن دَاوُدَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا انْصَرَفَ مِـنْ صَلَاتِهِ قَالَ اللهُم أَصْلِحْ لِي دِينِي الذِي جَعَلْتَهُ لِي عِصْمَةً وَأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ التِي جَعَلْـتَ

---

[①] ئەلبانى (325): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1348): سەھىھ ـ دېگەن.

فِيهَا مَعَاشِي اللهُم إني أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَأَعُوذُ بِعَفْوِكَ مِنْ نِقْمَتِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلَا يَنفَعُ ذَا الْجَد مِنْكَ الْجَد قَالَ وَحَدثَنِي كَعْبٌ أن صُهَيْبًا حَدثَهُ أن مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُهُن عِنْدَ انْصِرَافِهِ مِنْ صَلَاتِهِ.

9316 ـ ئەتا ئىبنى ئەبۇ مەرۋان دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كەئب ماڭا مۇنداق دېدى: مۇساغا دېڭىزنى يېرىپ بەرگەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تەۋراتتا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسانىڭ نامازدىن كېيىن: ”ئى ئاللاھ! مېنىڭ نىجاتلىق يولۇم بولغان دىيانىتىمنى ياخشى قىلغايسەن، مېنىڭ ياشاش يولۇم بولغان دۇنيالىقىمنى ياخشى قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ رازىلىقىڭغا سېغىنىپ غەزىپىڭدىن، ئەپۇچانلىقىڭغا سېغىنىپ جازالىشىڭدىن، ساڭا سېغىنىپ قەھرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ“ دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ نامازدىن كېيىن مۇشۇنداق دۇئا قىلاتتىكەن[1].

(نەسائى: 1346)

9317 ـ عَنْ مُسْلِمِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ كَانَ أَبِي يَقُولُ فِي دُبُرِ الصلَاةِ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْكُفْرِ وَالْفَقْرِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ فَكُنْتُ أَقُولُهُن فَقَالَ أَبِي أَيْ بُنَي عَمنْ أَخَذْتَ هَذَا قُلْتُ عَنْكَ قَالَ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُهُن فِي دُبُرِ الصلَاةِ.

9317 ـ مۇسلىم ئىبنى ئەبۇ بەكرە مۇنداق دەيدۇ: دادام ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدىن كېيىن: ”ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سېغىنىپ كۇپرىدىن، كەمبەغەللىكتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن“ دەپ دۇئا قىلاتتى. مەنمۇ شۇنداق دۇئا قىلغانىدىم، دادام:

[1] ئەلبانى (73): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

- ئوغلۇم! سەن بۈنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن:
- سەندىن ئۆگەندىم، - دېۋىدىم، دادام:
- پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەر نامازدىن كېيىن مۇشۇنداق دەيتتى،
- دېدى[1].

(نەسائى: 1347)

9318 ـ عن أنس بن مالك؛ عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «من قال قبل صلاة الغداة يوم الجمعة ثلاث مرار: أستغفر الله الذي لا إله إلا هو وأتوب إليه؛ غفرت ذنوبه وإن كانت أكثر من زبد البحر».

9318 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم: ”ئۆزىدىن باشقا هېچبىر ئىلاھ بولمىغان اللهتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن“ دېسە، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدىن كۆپ گۇناهى بولسىمۇ، هەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

9319 ـ عَنْ أَبِي ذَر أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ فِي دُبرِ صَلَاةِ الْفَجْرِ وَهُوَ ثَانٍ رِجْلَيْهِ قَبْلَ أَنْ يَتَكلمَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ عَشْرَ مَراتٍ كُتِبَتْ لَهُ عَشْرُ حَسَنَاتٍ وَمُحِيَتْ عَنْهُ عَشْرُ سَيئَاتٍ وَرُفِعَ لَهُ عَشْرُ دَرَجَاتٍ وَكَانَ يَوْمَهُ ذَلِكَ كُلهُ فِي حِرْزٍ مِنْ كُل مَكْرُوهٍ وَحُرِسَ مِنْ الشيْطَانِ وَلَمْ يَنْبَغِ لِذَنْبٍ أَنْ يُدْرِكَهُ فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ إِلا الشرْكَ بِاللهِ.

9319 - ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1276): سەنەدى سەھىھ - دېگەن.
[2] هەيسەمى (3019): بۇ هەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇرراهمان بالىسى ئىسىملىك هەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

«كىمكى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، گەپ قىلماي تۇرۇپ، پۇتىنى قاتلاپ ئولتۇرغان پېتى ئون قېتىم: "لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ"[1] دېسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئون ساۋاب يېزىلىدۇ، گۇناھىدىن ئونى ئۆچۈرۈلىدۇ، دەرىجىسى ئون دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، شۇ كۈنى ھەرقانداق خېيىم - خەتەردىن ئامان قالىدۇ، شەيتاندىن قوغدىلىدۇ، شېرىكتىن باشقا ھېچقانداق گۇناھ ئۇنىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3474)

9320 ـ أم سلمة ـ رضي الله عنها ـ : أن رسولَ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ كانَ يقول في دُبرِ الفجر: «اللهُم إنى أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَعَمَلاً مُتقَبلاً وَرِزْقًا طَيِّبا».

9320 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتتىن كېيىن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مەن سەندىن مەنپەئەتلىك ئىلىم، مەقبۇل ئەمەل ۋە پاك رىزىق تەلەپ قىلىمەن».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9321 ـ عَنْ مُسْلِمِ بنِ الْحَارِثِ التمِيمِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ أَسَر إِلَيْهِ فَقَالَ إِذَا انْصَرَفْتَ مِنْ صَلَاةِ الْمَغْرِبِ فَقُلْ اللهُم أَجِرْنِي مِنْ النارِ سَبْعَ مَراتٍ فَإِنكَ إِذَا قُلْتَ ذَلِكَ ثُم مِت فِي لَيْلَتِكَ كُتِبَ لَكَ جِوَارٌ مِنْهَا وَإِذَا صَليْتَ الصبْحَ فَقُلْ كَذَلِكَ فَإِنكَ إِنْ مِت فِي يَوْمِكَ كُتِبَ لَكَ جِوَارٌ مِنْهَا أَخْبَرَنِي أَبو سَعِيدٍ عَنْ الْحَارِثِ أنهُ قَالَ أَسَرهَا إِلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَحْنُ نَخُص بِهَا إِخْوَانَنَا.

9321 ـ مۇسلىم ئىبنى ھارىس تەمىمى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا پىچىرلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ناماز شامنى ئوقۇپ

[1] تەرجىمىسى: يېگانە اللهتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق اللهقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اللهقا خاستۇر، الله تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئۆلتۈرەلەيدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

[2] ئەلبانى (688): زەئىپ، ـ دېگەن.

بولغاندىن كېيىن يەتتە قېتىم: ”ئى الله! مېنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن“ دېگىن، شۇنداق قىلساڭ، ئاندىن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلىسەن. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە يەتتە قېتىم شۇنى دېسەڭ، ئاندىن شۇ كۈنى ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ، يەنە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلىسەن».

راۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە پىچىرلاپ تۇرۇپ دەپ بەرگەچكە، بىزمۇ ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىغىلا دەپ بېرىمىز[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5079)

9322 ـ عَنْ عُمَارَةَ بْنِ شَبِيبٍ السَبَإِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ عَشْرَ مَراتٍ عَلَى إِثْرِ الْمَغْرِبِ بَعَثَ اللهُ مَسْلَحَةً يَحْفَظُونَهُ مِنْ الشيْطَانِ حَتى يُصْبِحَ وَكَتَبَ اللهُ لَهُ بِهَا عَشْرَ حَسَنَاتٍ مُوجِبَاتٍ وَمَحَا عَنْهُ عَشْرَ سَيئَاتٍ مُوبِقَاتٍ وَكَانَتْ لَهُ بِعَدْلِ عَشْرِ رِقَابٍ مُؤْمِنَاتٍ.

9322 ـ ئۇمارە ئىبنى شەبىيب سەبەئىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ناماز شامنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئون قېتىم: ”لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ“ دېسە، الله تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنى شەيتاندىن قوغداپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئون ساۋاب يازىدۇ، ئۇنى هالاك قىلىدىغان گۇناھلىرىدىن ئوننى ئۆچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇئمىن قۇلدىن ئوننى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3534)

---

[1] ئەلبانى (1083): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2800): ھەسەن، ـ دېگەن.

9323 ـ عن ابي أُمَامَةَ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمْ: "مَنْ قَرَأَ آيَـةَ الْكُرْسِي دُبُرَ كُل صَلاةٍ مَكْتُوبَةٍ لَمْ يَمْنَعْهُ مِنْ دُخُولِ الْجَنةِ إلا الْمَوْتُ".

9323 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇسا، ئۆلگەن ھامان جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 7532)

9324 ـ وفي رواية: "وَقُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ".

9324 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇسا» دېيىلگەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 7532)

9325 ـ عن حسن بن علي قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ قَرَأَ آيَةَ الْكُرْسِي فِي دُبرِ الصلاةِ الْمَكْتُوبَةِ كَانَ فِي ذِمةِ اللهِ إِلى الصلاةِ الأُخْرَى".

9325 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەرز نامازدىن كېيىن ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇغان ئادەم يەنە بىر نامازغىچە اللهنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 2733)

9326 ـ عن أنس بن مالك قال كان مقامي بين كتفي رسول الله صلى الله عليه وسلم فكان إذا سلم قال اللهم اجعل خير عمرى آخره اللهم اجعل خواتيم عملي رضوانك اللهم اجعل خيار أيامى يوم ألقاك.

---

[1] ھەيسەمى (16922): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدى خېلى ياخشى، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16923): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدى خېلى ياخشى، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (16924): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

9326 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىلا تۇراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى خەيرلىك قىلغىن، ئەمەللىرىمنىڭ ئاخىرىنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى نېسىپ قىلغىن، سەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنۈمنى كۈنلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۈن قىلغىن»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

9327 ـ عن ابن عباس رضي الله عنهما قال كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا قام من الليل يتهجد قال اللهم لك الحمد أنت قيم السموات والأرض ومن فيهن ولك الحمد لك ملك السموات والأرض ومن فيهن ولك الحمد أنت نور السموات والأرض ومن فيهن ولك الحمد أنت ملك السموات والأرض ولك الحمد أنت الحق ووعدك الحق ولقاؤك حق وقولك حق والجنة حق والنار حق والنبيون حق ومحمد صلى الله عليه وسلم حق والساعة حق اللهم لك أسلمت وبك آمنت وعليك توكلت وإليك أنبت وبك خاصمت وإليك حاكمت فاغفر لي ما قدمت وما أخرت وما أسررت وما أعلنت أنت المقدم وأنت المؤخر لا إله إلا أنت أو لا إله غيرك.

9327 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن تۇرغاندا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! بارلىق ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلغۇچى زاتتۇرسەن. ئى الله! بارلىق ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. ئى الله! بارلىق ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق

[1] ھەيسەمى (16974): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ مالىك نەخەئى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

مەخلۇقاتلارنىڭ نۇرىدۇرسەن. ئى الله! بارلىق ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن بولساڭ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پادىشاھىدۇرسەن. ئى الله! بارلىق ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن ھەقتۇرسەن، سېنىڭ ۋەدىلىرىڭ ھەقتۇر، سەن بىلەن ئۇچرىشىش ھەقتۇر، سېنىڭ سۆزلىرىڭ ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر، بارلىق پەيغەمبەرلەر ھەقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقتۇر ۋە قىيامەت ھەقتۇر. ئى الله! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىشەندىم، ساڭا تەۋەككۈل قىلدىم. بىر ساڭىلا قايتتىم. ھەقنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن سەن ماڭا بەرگەن دەلىل - پاكىتقا تايىنىپ تۇرۇپ مۇجادىلە قىلدىم. ئارىمىزدا سېنى ھۆكۈمران قىلدىم. ئىلگىرى - كېيىن ۋە يوشۇرۇن - ئاشكارا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن. سەن خالىغان كىشىنى تائەتكە مۇۋەپپەق قىلىسەن، خالىغان كىشىنى تائەتتىن مەھرۇم قىلىسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر».

(بۇخارى: 1120)

9328 - عن عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَامَ مِنْ الليْلِ افْتَتَحَ صَلَاتَهُ اللهُم رَب جَبْرَائِيلَ وَمِيكَائِيلَ وَإِسْرَافِيلَ فَاطِرَ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشهَادَةِ أَنتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِيمَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ اهْدِنِي لِمَا اخْتُلِفَ فِيهِ مِنْ الْحَق بِإِذْنِكَ إِنكَ تَهْدِي مَنْ تَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ.

9328 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇد ئوقۇغاندا، نامىزىنى مۇنۇ دۇئا بىلەن باشلايتتى: «ئى الله! ئى جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى الله! ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۇچى الله! سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن. ئى الله! ئۆز ئىرادەڭ بويىچە مېنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلغىن. سەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەيسەن».

(مۇسلىم: 770)

9329 ـ عن شَرِيقٍ الْهَوْزَنِي قَالَ دَخَلْتُ عَلَى عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَسَأَلْتُهَا بِمَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَفْتَتِحُ إِذَا هَب مِنْ اللَّيْلِ فَقَالَتْ لَقَدْ سَأَلْتَنِي عَنْ شَيْءٍ مَا سَأَلَنِي عَنْهُ أَحَدٌ قَبْلَكَ كَانَ إِذَا هَب مِنْ اللَّيْلِ كَبرَ عَشْرًا وَحَمدَ عَشْرًا وَقَالَ سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَشْرًا وَقَالَ سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدوسِ عَشْرًا وَاسْتَغْفَرَ عَشْرًا وَهَلل عَشْرًا ثُم قَالَ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ ضِيقِ الدنْيَا وَضِيقِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ عَشْرًا ثُم يَفْتَتِحُ الصلَاةَ.

9329 ـ شەرىق ھەۋزەنى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇدقا تۇرغاندا، نامازنى قانداق باشلايتتى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ سەن مەندىن بۇندىن بۇرۇن ھېچكىم سوراپ باقمىغان بىر سوئالنى سورىدىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى نامازغا تۇرغاندا، ”الله ئەكبەر“نى ئون قېتىم، ”ئەلھەمدۇلىللاھ“نى ئون قېتىم ”سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى“نى ئون قېتىم، ”سۇبھانەلمەلىكىلقۇددۇس“نى ئون قېتىم، ”ئەستەغفىرۇللاھ“نى ئون قېتىم، ”لائىلاھە ئىللاللاھ“نى ئون قېتىم دەيتتى، ئاندىن ئون قېتىم: «ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ، دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىدىن ۋە قىيامەت كۈنىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى، ئاندىن نامازنى باشلايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1617)

9330 ـ عَنْ عَاصِمِ بْنِ حُمَيْدٍ قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ بِمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَفْتِحُ قِيَامَ اللَّيْلِ قَالَتْ لَقَدْ سَأَلْتَنِي عَنْ شَيْءٍ مَا سَأَلَنِي عَنْهُ أَحَدٌ قَبْلَكَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُكَبرُ عَشْرًا وَيَحْمَدُ عَشْرًا وَيُسَبحُ عَشْرًا وَيُهَللُ عَشْرًا

[1] ئەلبانى (4242): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

وَيَسْتَغْفِرُ عَشْرًا وَيَقُولُ اللهُم اغْفِرْ لِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي وَعَافِنِي أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ ضِيقِ الْمَقَامِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

9330 ـ ئاسىم ئىبنى ھۇمەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامىزىنى قانداق باشلايتتى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

ــ سەن مەندىن بۇندىن بۇرۇن ھېچكىم سوراپ باقمىغان بىر سوئالنى سورىدىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى نامازغا تۇرغاندا ”الله ئەكبەر“نى ئون قېتىم، ”ئەلھەمدۇلىللاھ“نى ئون قېتىم، ”سۇبھانallاھ“نى ئون قېتىم، ”لائىلاھە ئىللallاھ“نى ئون قېتىم، ”ئەستەغفىرۇللاھ“نى ئون قېتىم دەيتتى، ئاندىن: «ئى الله! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغىن، ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن، تېنىمنى ساغلام قىلغىن. ئى الله! مەن ساڭا سىغىنىپ، مەھشەرگاھتىكى جاپا ـ مۇشەققەتتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى[1].

(نەسائى: 1617)

9331 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَامَ إِلَى الصلَاةِ بِاللَيْلِ كَبرَ ثُم يَقُولُ سُبْحَانَكَ اللهُم وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ ثُم يَقُولُ اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا ثُم يَقُولُ أَعُوذُ بِاللهِ السمِيعِ الْعَلِيمِ مِنْ الشيْطَانِ الرجِيمِ مِنْ هَمْزِهِ وَنَفْخِهِ وَنَفْثِهِ.

9331 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تەھەججۇدقا تۇرغاندا، تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشلىغاندىن كېيىن (قىرائەتتىن بۇرۇن): «سُبْحَانَكَ اللهُم وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ (ئى الله! سەن پاكتۇرسەن، جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر،

[1] ئەلبانى (1525): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ئەزىمىتىنىڭ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر)» دەيتتى. ئاندىن: «اللهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا» دەيتتى. ئاندىن: «أَعُوذُ بِاللهِ السميع الْعَلِيمِ مِنْ الشَّيْطَانِ الرجِيمِ مِنْ هَمْزِهِ وَنَفْخِهِ وَنَفْثِهِ (ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچى اللهقا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ پۈۋلىشى، سۈپلىشى ۋە چېپىلىپ قويۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن)» دەيتتى[①].
(تىرمىزى: 242)

9332 ـ عن أنس، أن رسول الله صلى الله عليه وسلم مر بأعرابي وهو يدعو في صلاته، وهو يقول: يا من لا تراه العيون، ولا تخالطه الظنون، ولا يصفه الواصفون، ولا تغيره الحوادث، ولا تخشى الدوائر، يعلم مثاقيل الجبال، ومكاييل البحار، وعدد قطر الأمطار، وعدد ورق الأشجار، وعدد ما أظلم عليه الليل، وأشرق عليه النهار، لا تواري منه سماء سماء، ولا أرض أرضا، ولا بحر ما في قعره، ولا جبل ما في وعره، اجعل خير عمري آخره، وخير عملي خواتمه، وخير أيامي يوم ألقاك فيه، فوكل رسول الله صلى الله عليه وسلم بالأعرابي رجلا، فقال: «إذا صلى فائتني به» فلما صلى أتاه، وقد كان أهدي لرسول الله صلى الله عليه وسلم ذهب من بعض المعادن، فلما أتاه الأعرابي وهب له الذهب، وقال: «ممن أنت يا أعرابي؟» قال: من بني عامر بن صعصعة يا رسول الله قال: «هل تدري لم وهبت لك الذهب؟» قال: للرحم بيننا وبينك يا رسول الله، فقال: «إن للرحم حقا، ولكن وهبت لك الذهب بحسن ثنائك على الله عز وجل».

9332 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئەئرابىينىڭ يېنىدىن ئۆتتۈپ قالدى، ئۇ نامىزىدا: "ئى كۆزلەر كۆرەلمەيدىغان، خىياللار يېتەلمەيدىغان، سۈپەتلىگۈچىلەر سۈپەتلەپ بېرەلمەيدىغان، ھادىسىلەر ئۆزگەرتەلمەيدىغان، بالايىئاپەتتىن قورقمايدىغان، تاغ ۋە دەريالارنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمىنى، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ سانىنى بىلىدىغان زات! ئى

---

[①] ئەلبانى (201): سەھىھ ـ دېگەن.

ئاسمانلىرىدىكى، زېمىنلىرىدىكى، دېڭىز ئاستىدىكى ۋە تاغ قاتلاملىرىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى بىلىدىغان زات! ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى خەيرلىك قىلغىن، ئەمەللىرىمنىڭ ئاخىرىنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى نېسىپ قىلغىن، سەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنۈمنى كۈنلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۈن قىلغىن“ دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە:

ـ بۇ ئەئرابى نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن! ــ دەپ تاپىلاپ قويۇپ كەتتى. ئەئرابى نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزى كانلاردىن چىققان ئالتۇن سوۋغا قىلىنغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ئالتۇننى ھېلىقى ئەئرابىغا بەردى ۋە:

ـ ئى ئەئرابى سەن قايسى قەبىلىدىن؟ ـ دەپ سورىدى. ئەئرابى:

ـ مەن بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىسىدىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مېنىڭ بۇ ئالتۇننى ساڭا نېمە ئۈچۈن بەرگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟

ـ دەپ سورىغانىدى، ئەئرابى:

ـ بىز بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق يۈزىسىدىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ توغرا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقنىڭمۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەققى بار، ئەمما مەن ساڭا بۇ ئالتۇننى دۇئايىڭدا ئاللاھقا گۈزەل ھەمدۇ سانا ئېيتقانلىقىڭ ئۈچۈن بەردىم، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (17267): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەزرەمىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ئەتىگەن ـ ئاخشامدا، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋە ئۇيقۇدىن قوپقاندا ئېيتىلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەر

9333 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ يَا رَسُولَ اللهِ مُرْنِي بِشَيْءٍ أَقُولُهُ إِذَا أَصْبَحْتُ وَإِذَا أَمْسَيْتُ قَالَ قُلْ اللَّهُمَّ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَاطِرَ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكِهِ قَالَ قُلْهُ إِذَا أَصْبَحْتَ وَإِذَا أَمْسَيْتَ وَإِذَا أَخَذْتَ مَضْجَعَكَ.

9333 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇيدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويغىن! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ۋە يوتقانغا كىرگەندە: ”ئى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، ھەممە شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى الله! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ شەررىدىن ۋە ئۇنىڭ مېنى شېرىككە دەۋەت قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن“ دېگىن! ـ دېدى.

(تىرمىزى: 3392)

9334 ـ عَنْ أَبِي عَيَّاشٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ قَالَ إِذَا أَصْبَحَ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ كَانَ لَهُ عِدْلَ رَقَبَةٍ مِنْ وَلَدِ إِسْمَعِيلَ وَكُتِبَ لَهُ عَشْرُ حَسَنَاتٍ وَحُطَّ عَنْهُ عَشْرُ سَيِّئَاتٍ وَرُفِعَ لَهُ عَشْرُ دَرَجَاتٍ وَكَانَ فِي حِرْزٍ مِنْ الشَّيْطَانِ حَتَّى يُمْسِيَ وَإِنْ قَالَهَا إِذَا أَمْسَى كَانَ لَهُ مِثْلُ

ذَلِكَ حَتى يُصْبِحَ قَالَ فِي حَدِيثِ حَمادٍ فَرَأَى رَجُلٌ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا يَرَى النائِمُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن أَبَا عَياشٍ يُحَدثُ عَنْكَ بِكَذَا وَكَذَا قَالَ صَدَقَ أَبُو عَياشٍ.

9334 ـ ئەبۇ ئەييـاش رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەتىگەندە: ”لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (يېگانە اﷲتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق اﷲقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اﷲقا خاستۇر، اﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر)“ دېسە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بىر قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، ئۇنىڭغا ئون ساۋاب يېزىلىدۇ ۋە گۇناھلىرىدىن ئونى ئۆچۈرۈلىدۇ، مەرتىۋىسى ئون دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، تاكى كەچ كىرگۈچە شەيتان ئۇنىڭغا چېقىلالمايدۇ. بۇ زىكىرنى كەچتە دېسە، يۇقىرىقىدەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە شەيتان تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇنىڭغا چېقىلالمايدۇ.

ھەممادنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر كىشى چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپتۇ، ئۇ چۈشىدە: ”ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ ئەيياش سىزنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق دېگەنلىكىڭىزنى رىۋايەت قىلىۋاتىدۇ“ دېگەنىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەبۇ ئەيياشنىڭ دېگىنى توغرا» دەپتۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5077)

9335 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ حِينَ يُصْبِحُ أَوْ يُمْسِي اللهُم إِني أَصْبَحْتُ أُشْهِدُكَ وَأُشْهِدُ حَمَلَةَ عَرْشِكَ وَمَلَائِكَتَكَ وَجَمِيعَ خَلْقِكَ أَنكَ أَنتَ اللهُ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ وَأَن مُحَمدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ أَعْتَقَ اللهُ رُبُعَهُ مِنْ النارِ

[1] ئەلبانى (4240): سەھىھ ـ دېگەن.

فَمَنْ قَالَهَا مَرَّتَيْنِ أَعْتَقَ اللهُ نِصْفَهُ وَمَنْ قَالَهَا ثَلَاثًا أَعْتَقَ اللهُ ثَلَاثَةَ أَرْبَاعِهِ فَإِنْ قَالَهَا أَرْبَعًا أَعْتَقَهُ اللهُ مِنْ النارِ.

9335 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەتىگەن ياكى ئاخشامدا: ”ئى الله! مەن سېنى ۋە سېنىڭ ئەرشىڭنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنى، بارلىق پەرىشتىلەرنى، جىمى مەخلۇقلىرىڭنى، سېنىڭ الله ئىكەنلىكىڭگە، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنىڭ بەندەڭ ۋە ئەلچىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ قىلغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇم“ دېسە، الله ئۇنىڭ جىسمىنىڭ تۆتتىن بىرىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ. بۇ كەلىمىنى ئىككى قېتىم دېسە، دوزاختىن جىسمىنىڭ يېرىمىنى ئازاد قىلىدۇ. ئۈچ قېتىم دېسە، دوزاختىن جىسمىنىڭ تۆتتىن ئۈچىنى ئازاد قىلىدۇ. تۆت قېتىم دېسە، الله ئۇنى دوزاختىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلىۋېتىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5069)

9336 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلمُ أَصْحَابَهُ يَقُولُ إِذَا أَصْبَحَ أَحَدُكُمْ فَلْيَقُلْ اللهُم بِكَ أَصْبَحْنَا وَبِكَ أَمْسَيْنَا وَبِكَ نَحْيَا وَبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ وَإِذَا أَمْسَى فَلْيَقُلْ اللهُم بِكَ أَمْسَيْنَا وَبِكَ أَصْبَحْنَا وَبِكَ نَحْيَا وَبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ النشُورُ.

9336 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن:

«تاڭ ئاتقاندا: ”ئى الله! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كەچلىدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ھايات كەچۈرىمىز، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۆلىمىز، ئاخىرى سېنىڭ

[1] ئەلبانى (1077): زەئىپ، ـ دېگەن.

دەرگاھىڭغا قايتىمىز“ دەڭلار؛ كەچ كىرگەندە: ”ئى اللە! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كەچلىدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ھايات كەچۈرىمىز، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۆلىمىز، ئاخىرى سېنىڭ دەرگاھىڭغا قايتىمىز“ دەڭلار»[1].

(تىرمىزى: 3391)

9337 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَانَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَمْسَى قَالَ أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ قَالَ أُرَاهُ قَالَ فِيهِن لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ رَب أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذِهِ اللَّيْلَةِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا فِي هَذِهِ اللَّيْلَةِ وَشَر مَا بَعْدَهَا رَب أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ رَب أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ وَإِذَا أَصْبَحَ قَالَ ذَلِكَ أَيْضًا أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلهِ.

9337 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچ بولغاندا مۇنداق دەيتتى: «بىز كەچلىدۇق، پۈتكۈل پادىشاھلىق اللەقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ بولدى، جىمى ھەمدۇ سانا اللەقا مەنسۇپتۇر. بىر اللەتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، اللە يەككە يېگانىدۇر، ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر. پۈتكۈل پادىشاھلىق اللەقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا اللەقا خاستۇر، اللە ھەرنەرسىگە قادىردۇر. پەرۋەردىگارىم! سەندىن بۇ كېچىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەردىكى ياخشىلىقلارنى سورايمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ بۇ كېچىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەردىكى يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندىمۇ مۇشۇ دۇئانى قىلاتتى، ئەمما: «بىز كەچلىدۇق، پۈتكۈل پادىشاھلىق اللەقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ

---

[1] ئەلبانى (2700): سەھىھ ـ دېگەن.

بولىدى...» دېگەن سۆزنى ئالماشتۇرۇپ: «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پۈتكۈل پادىشاھلىق اللهقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى...» دەيتتى.

(مۇسلىم: 2723)

9338 ـ عن عَبْد الْحَمِيدِ مَوْلَى بَنِي هَاشِمٍ حَدثَه أن أُمهُ حَدثَتْهُ وَكَانَتْ تَخْدِمُ بَعْضَ بَنَاتِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن ابْنَةَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدثَتْهَا أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُعَلمُهَا فَيَقُولُ قُولِي حِينَ تُصْبِحِينَ سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ لَا قُوةَ إِلا بِاللهِ مَا شَاءَ اللهُ كَانَ وَمَا لَمْ يَشَأْ لَمْ يَكُنْ فَإِنهُ مَنْ قَالَهُن حِينَ يُصْبِحُ حُفِظَ حَتى يُمْسِيَ وَمَنْ قَالَهُن حِينَ يُمْسِي حُفِظَ حَتى يُصْبِحَ.

9338 ـ بەنى ھاشىمنىڭ ئازادگەردىسى ئابدۇلھەمىد مۇنداق دەيدۇ: ئانام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ قىزى ئانامغا مۇنداق دەپتۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئى قىزىم! تاڭ ئاتقۇزغان ۋاقتىڭدا: "سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ لَا قُوةَ إِلا بِاللهِ مَا شَاءَ اللهُ كَانَ وَمَا لَمْ يَشَأْ لَمْ يَكُنْ (اللهنى ھەرقانداق ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە اللهقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن، اللهنىڭ ياردىمىسىز ھېچ ئىشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ، الله خالىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، الله خالىمىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ)" دېگىن، بۇ سۆزنى ئەتىگەندە دېگەن كىشى تاكى كەچ بولغۇچە (بالايىئاپەت، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن) ساقلىنىدۇ. كەچتە دېگەن كىشى تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر (بالايىئاپەت، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن) ساقلىنىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5075)

9339 ـ عَنْ أنس بن مالك قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ قَالَ إِذَا أَصْبَحَ وَإِذَا أَمْسَى رَضِينَا بِاللهِ رَبا وَبِالْإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمدٍ رَسُولًا إِلا كَانَ حَقا عَلَى اللهِ أَنْ يُرْضِيَهُ.

---

[①] ئەلبانى (1080): زەئىپ، ـ دېگەن.

9339 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: « الله ئەتىگەن ـ ئاخشامدا: ”ئىگىمىزنىڭ الله، دىنىمىزنىڭ ئىسلام ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولغانلىقىدىن ھەقىقەتەن مەمنۇنمىز“ دېگەن كىشىنى (ئاخىرەتتە) ھەقىقەتەن مەمنۇن قىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5072)

9340 ـ عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ حِينَ يُصْبِحُ أَوْ حِينَ يُمْسِي اللهُم أَنتَ رَبي لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ خَلَقْتَنِي وَأَنا عَبْدُكَ وَأَنا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا صَنَعْتُ أَبُوءُ بِنِعْمَتِكَ وَأَبُوءُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي إِنهُ لَا يَغْفِرُ الذنُوبَ إِلا أَنتَ فَمَاتَ مِنْ يَوْمِهِ أَوْ مِنْ لَيْلَتِهِ دَخَلَ الْجَنةَ.

9340 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەتىگەن ياكى ئاخشامدا: ”ئى الله! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن. مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ساڭا بەرگەن ئەھدەمدە ۋە ۋەدەمدە تۇرىمەن، مەن ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمغا ئىقرار بولىمەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ“ دېسە، ئاندىن شۇ كۈنى ياكى شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5070)

[1] ئەلبانى (1078): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4237): سەھىھ ـ دېگەن.

9341 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ غَنامٍ الْبَياضِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ حِينَ يُصْبِحُ اللهُم مَا أَصْبَحَ بِي مِنْ نِعْمَةٍ فَمِنْكَ وَحْدَكَ لَا شَرِيكَ لَكَ فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشكْرُ فَقَدْ أَدى شُكْرَ يَوْمِهِ وَمَنْ قَالَ مِثْلَ ذَلِكَ حِينَ يُمْسِي فَقَدْ أَدى شُكْرَ لَيْلَتِهِ.

9341 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى غەننام بەيازىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەتىگەندە: ”ئى الله! بۈگۈن ماڭا ئاتا قىلىنىدىغان ھەرقانداق نېئمەت يالغۇز سېنىڭلا تەرىپىڭدىن بولۇپ، ئۇ نېئمەتنى يارىتىشتا ساڭا ھېچكىم شېرىك ئەمەستۇر. ساڭىلا ھەمدە ئېيتىمەن، ساڭىلا شۈكۈر ئېيتىمەن“ دېسە، شۇ كۈنلۈك نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. كىمكى بۇ سۆزنى كەچ كىرگەندە دېسە، شۇ كېچىلىك نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5073)

9342 ـ عن ابْن عُمَرَ قال لَمْ يَكُنْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَعُ هَؤُلَاءِ الدعَوَاتِ حِينَ يُمْسِي وَحِينَ يُصْبِحُ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ الْعَافِيَةَ فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي دِينِي وَدُنْيَايَ وَأَهْلِي وَمَالِي اللهُم اسْتُرْ عَوْرَتِي وَقَالَ عُثْمَانُ عَوْرَاتِي وَآمِنْ رَوْعَاتِي اللهُم احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَي وَمِنْ خَلْفِي وَعَنْ يَمِينِي وَعَنْ شِمَالِي وَمِنْ فَوْقِي وَأَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي.

9342 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مۇنۇ دۇئالارنى قىلىشنى ھېچقاچان تەرك ئەتمەيتتى: «ئى الله! مەن سەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئامانلىق تىلەيمەن. ئى الله! مەن سەندىن دىيانىتىمگە، دۇنيالىقىمغا بالا ـ چاقىلىرىمغا ۋە مال ـ مۈلكۈمگە ئامان ـ ئېسەنلىك ۋە ئەپۇ تىلەيمەن. ئى الله! مېنىڭ ئەيبلىرىمنى ياپقايسەن، كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلغايسەن. ئى الله! مېنى ئالدىمدىن، ئارقامدىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمدىن قوغدىغايسەن. ئى الله! مەن

[1] ئەلبانى (1079): زەئىپ، ـ دېگەن.

سىنىڭ بۇيۇكلۇكىڭگە سىغىنىپ، ئاستى تەرىپىمدىن تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۇچراپ هالاك بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5074)

9343 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ قَالَ مَنْ قَالَ حِينَ يُصْبِحُ فَسُبْحَانَ اللهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيا وَحِينَ تُظْهِرُونَ إِلَى وَكَذَلِكَ تُخْرَجُونَ أَدْرَكَ مَا فَاتَهُ فِي يَوْمِهِ ذَلِكَ وَمَنْ قَالَهُن حِينَ يُمْسِي أَدْرَكَ مَا فَاتَهُ فِي لَيْلَتِهِ.

9343 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەتىگەندە: "فَسُبْحَانَ اللهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ. وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيا وَحِينَ تُظْهِرُونَ. يُخْرِجُ الْحَي مِنَ الْمَيتِ وَيُخْرِجُ الْمَيتَ مِنَ الْحَي وَيُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَكَذَلِكَ تُخْرَجُونَ" سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە اللهقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇسانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇسانالارنىڭ ھەممىسى اللهقا خاستۇر. الله جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا، شۇ كۈنى قىلالماي قالغان ئەمەللەرنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ. كىمكى ئۇنى كەچتە ئوقۇسا، شۇ كېچىسى قىلالماي قالغان ئەمەللەرنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 5076)

[1] ئەلبانى (4239): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۇرە رۇم، 18 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (1081): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

9344 ـ عَنْ أَبِي مَالِكٍ قَالَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ حَدِّثْنَا بِكَلِمَةٍ نَقُولُهَا إِذَا أَصْبَحْنَا وَأَمْسَيْنَا وَاضْطَجَعْنَا فَأَمَرَهُمْ أَنْ يَقُولُوا اللهُم فَاطِرَ السمَوَاتِ وَالْأَرْضِ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشهَادَةِ أَنتَ رَب كُل شَيْءٍ وَالْمَلَائِكَةُ يَشْهَدُونَ أَنكَ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ فَإِنا نَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر أَنفُسِنَا وَمِنْ شَر الشيْطَانِ الرجِيمِ وَشِرْكِهِ وَأَنْ نَقْتَرِفَ سُوءًا عَلَى أَنفُسِنَا أَوْ نَجُرهُ إِلَى مُسْلِمٍ.

9344 ـ ئەبۇ مالىكتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ۋە يېتىش ئالدىدا ئوقۇيدىغان بىرەر دۇئا ئۆگىتىپ قويغان بولساڭ. ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداق بولسا: ”ئى رەببىم! ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى الله! سەن بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىسەن. پەرىشتىلەرمۇ سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئى الله! بىز ساڭا سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ۋە ئۇنىڭ بىزنى شېرىككە دەۋەت قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمىز. يەنە بىز ساڭا سېغىنىپ ئۆزىمىزگە ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا زىيان سالىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز“ دېگەن دۇئانى ئوقۇڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5083)

9345 ـ قَالَ أَبو دَاوُد وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَصْبَحَ أَحَدُكُمْ فَلْيَقُلْ أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ خَيْرَ هَذَا الْيَوْمِ فَتْحَهُ وَنَصْرَهُ وَنُورَهُ وَبَرَكَتَهُ وَهُدَاهُ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا فِيهِ وَشَر مَا بَعْدَهُ ثُم إِذَا أَمْسَى فَلْيَقُلْ مِثْلَ ذَلِكَ.

9345 ـ ئەبۇ داۋۇد يەنە يۇقىرىقى سەنەد بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەتىگەندە:

[1] ئەلبانى (1086): زەئىپ. ـ دېگەن.

”بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، مۇتلەق پادىشاھلىق ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲقا خاس بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى. ئى اﷲ! مەن بۇگۈننىڭ ياخشىلىقىنى، غەلىبىسىنى، نۇسرىتىنى، نۇرىنى، بەرىكىتىنى ۋە ھىدايىتىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ، بۇگۈننىڭ ۋە بۇگۈندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن“ دەڭلار. كەچ بولغاندا، يەنە شۇنداق دەڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5084)

9346 ـ عن الْقَاسِم قَالَ كَانَ أُبو ذَر يَقُولُ مَنْ قَالَ حِينَ يُصْبِحُ اللهُم مَا حَلَفْتُ مِنْ حَلِفٍ أَوْ قُلْتُ مِنْ قَوْلٍ أَوْ نَذَرْتُ مِنْ نَذْرٍ فَمَشِيئَتُكَ بَيْنَ يَدَيْ ذَلِكَ كُلِهِ مَا شِئْتَ كَانَ وَمَا لَمْ تَشَأْ لَمْ يَكُنْ اللهُم اغْفِرْ لِي وَتَجَاوَزْ لِي عَنْهُ اللهُم فَمَنْ صَلَيتَ عَلَيْهِ فَعَلَيْهِ صَلَاتِي وَمَنْ لَعَنتَ فَعَلَيْهِ لَعْنَتِي كَانَ فِي اسْتِثْنَاءٍ يَوْمَهُ ذَلِكَ أَوْ قَالَ ذَلِكَ الْيَوْمَ.

9346 ـ قاسىم مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: كىمكى ئەتىگەندە: ”ئى اﷲ! مەن بىرەر قەسەم قىلسام ياكى بىرەر سۆز قىلسام ۋەياكى بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلسام، بۇ سۆزلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى سېنىڭ ئىرادەڭگە باغلىقتۇر، سەن ئىرادە قىلغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، سەن ئىرادە قىلمىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئى اﷲ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، مېنىڭ گۇناھىمدىن كەچكىن. ئى اﷲ! سەن كىمگە رەھىم قىلىشنى ئىرادە قىلغان بولساڭ، مېنىڭ تىلىكىممۇ شۇنىڭغا بولسۇن. سەن كىمگە لەنەت ئېيتقان بولساڭ، مەن ئېيتقان لەنەتمۇ شۇنىڭغا بولسۇن“ دېسە، شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5087)

9347 ـ عن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ عَبْدٍ يَقُولُ فِي صَبَاحِ كُل يَوْمٍ وَمَسَاءِ كُل لَيْلَةٍ بِسْمِ اللهِ الذِي لَا يَضُر مَعَ

---

[1] ئەلبانى (1087): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1088): سەنەدى زەئىپ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السمَاءِ وَهُوَ السمِيعُ الْعَلِيمُ ثَلَاثَ مَراتٍ لَمْ يَضُرهُ شَيْءٌ وَكَانَ أَبَانُ قَدْ أَصَابَهُ طَرَفُ فَالِجٍ فَجَعَلَ الرجُلُ يَنظُرُ إِلَيْهِ فَقَالَ لَهُ أَبَانُ مَا تَنظُرُ أَمَا إِن الْحَدِيثَ كَمَا حَدثْتُكَ وَلَكِني لَمْ أَقُلْهُ يَوْمَئِذٍ لِيُمْضِيَ اللهُ عَلَي قَدَرَهُ.

9347 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى، ھەركۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئۈچ قېتىم: "بِسْمِ اللهِ الذِي لَا يَضُر مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السمَاءِ وَهُوَ السمِيعُ الْعَلِيمُ (ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ھەرقانداق زىياندىشىنىڭ زىيىنىدىن قوغدانغىلى بولىدىغان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن قوغدىنىمەن، الله ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە بىلگۈچىدۇر)" دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتمەيدۇ».

بۇ ھەدىسنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ئەبان ئىبنى ئوسمان يېرىم پالەچ بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا باشقىچە قارىغىلى تۇرغاندى، ئەبان: "نېمىگە (بۇنداق) قارايسەن؟! بۇ ھەدىسنى ئۆز ئەينى ئېيتىپ بەردىم (يەنى راستلىقىدا شەك يوق). ئەمما مەن ئۇ كۈنى بۇ دۇئانى ئوقۇمىغان ئىدىم، اللهنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق ئىكەن" دېدى[1].

(تىرمىزى: 3388)

9348 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ خُبَيْبٍ قَالَ خَرَجْنَا فِي لَيْلَةٍ مَطِيرَةٍ وَظُلْمَةٍ شَدِيدَةٍ نَطْلُبُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي لَنَا قَالَ فَأَدْرَكْتُهُ فَقَالَ قُلْ فَلَمْ أَقُلْ شَيْئًا ثُم قَالَ قُلْ فَلَمْ أَقُلْ شَيْئًا قَالَ قُلْ فَقُلْتُ مَا أَقُولُ قَالَ قُلْ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَالْمُعَوذَتَيْنِ حِينَ تُمْسِي وَتُصْبِحُ ثَلَاثَ مَراتٍ تَكْفِيكَ مِنْ كُل شَيْءٍ.

9348 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز يامغۇرلۇق، قاپقاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] ئەلبانى (2698): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ چىقتۇق، ئۇنى ھەممىدىن بۇرۇن مەن تاپتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

- ئوقۇغىن! - دېدى، مەن ھېچنېمە دېمىدىم. يەنە:

ــ ئوقۇغىن! ــ دېدى، مەن يەنە ھېچنېمە دېمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

- ئوقۇغىن! ــ دېدى. مەن:

- نېمىنى ئوقۇيمەن؟ - دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئەتىگەن ــ ئاخشامدا ئۈچ قېتىم ئوقۇغىن! بۇ، سەندىن ھەر قانداق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 3575)

9349 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ حِينَ يُصْبِحُ وَحِينَ يُمْسِي سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ مِائَةَ مَرةٍ لَمْ يَأْتِ أَحَدٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِأَفْضَلَ مِما جَاءَ بِهِ إِلا أَحَدٌ قَالَ مِثْلَ مَا قَالَ أَوْ زَادَ عَلَيْهِ.

9349 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا يۈز قېتىم ”سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ (سۇبھانەللاھ ۋەبىھەمدىھى)“ دېسە، قىيامەت كۈنى ھېچكىم ئۇنىڭكىدىن ئەۋزەل ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ دېگەن كىشىلا ئۇنىڭكىدەك ياكى ئۇنىڭكىدىن ئەۋزەلرەك ساۋابقا ئېرىشىشى مۇمكىن»[2].

(تىرمىزى: 3469)

[1] ئەلبانى (2829): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2762): سەھىھ ـ دېگەن.

9350 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ عَلَمَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قُولِي اللهُم هَذَا اسْتِقْبَالُ لَيْلِكَ وَاسْتِدْبَارُ نَهَارِكَ وَأَصْوَاتُ دُعَاتِكَ وَحُضُورُ صَلَوَاتِكَ أَسْأَلُكَ أَنْ تَغْفِرَ لِي.

9350 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تەلىم بېرىپ: «"ئى اﷲ! مانا بۇ، سېنىڭ كېچەڭ ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتقان، كۈندۈزىڭ ئارقىسىنى قىلىپ كېتىۋاتقان (چاغدىكى ئەزانىڭ) ۋاقتى، مانا بۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاتاپ توۋلاۋاتقان مۇئەززىنلەرنىڭ ئاۋازى، مانا بۇ نامازنىڭ ۋاقتى، ئى اﷲ! (مۇشۇ ئۇلۇغ ۋاقىتنىڭ ھۆرمىتىدىن) مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن" دەپ دۇئا قىلغىن!» دېدى[1].

(تىرمىزى: 3589)

9351 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبْزَى قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَصْبَحَ يَقُولُ أَصْبَحْنَا عَلَى فِطْرَةِ الْإِسْلَامِ وَكَلِمَةِ الْإِخْلَاصِ وَدِينِ نَبِينَا مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمِلةِ أَبِينَا إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَمَا كَانَ مِنْ الْمُشْرِكِينَ.

9351 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقاندا مۇنداق دەيتتى: «ئىسلام دىنى، ئىخلاس كەلىمىسى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە مۇشرىكلاردىن بولمىغان بوۋىمىز ئىبراھىمنىڭ مىللىتى ئۈستىدە بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇق».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9352 ـ عَن زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلمَهُ دُعَاءً وَأَمَرَهُ أَنْ يَتَعَاهَدَ بِهِ أَهْلَهُ كُل يَوْمٍ قَالَ قُلْ كُل يَوْمٍ حِينَ تُصْبِحُ لَبيْكَ اللهُم لَبيْكَ وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ فِي يَدَيْكَ وَمِنْكَ وَبِكَ وَإِلَيْكَ اللهُم مَا قُلْتُ مِنْ قَوْلٍ أَوْ نَذَرْتُ مِنْ نَذْرٍ أَوْ حَلَفْتُ مِنْ حَلِفٍ فَمَشِيئَتُكَ بَيْنَ يَدَيْهِ مَا شِئْتَ كَانَ وَمَا لَمْ تَشَأْ لَمْ يَكُنْ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِكَ إِنكَ

[1] ئەلبانى (724): زەئىپ. ـ دېگەن.

عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ اللهُم وَمَا صَلَّيْتُ مِنْ صَلَاةٍ فَعَلَى مَنْ صَلَّيْتَ وَمَا لَعَنْتُ مِنْ لَعْنَةٍ فَعَلَى مَنْ لَعَنْتَ إِنكَ أَنتَ وَلِيي فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ تَوفنِي مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصالِحِينَ أَسْـأَلُكَ اللهُم الرضَا بَعْدَ الْقَضَاءِ وَبَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَمَاتِ وَلَذةَ نَظَرٍ إِلَى وَجْهِكَ وَشَوْقًا إِلَى لِقَائِكَ مِنْ غَيْرِ ضَراءَ مُضِرةٍ وَلَا فِتْنَةٍ مُضِلةٍ أَعُوذُ بِكَ اللهُم أَنْ أَظْلِمَ أَوْ أُظْلَمَ أَوْ أَعْتَدِيَ أَوْ يُعْتَدَى عَلَي أَوْ أَكْتَسِبَ خَطِيئَةً مُحْبِطَةً أَوْ ذَنْبًا لَا يُغْفَرُ اللهُم فَاطِرَ السمَوَاتِ وَالْأَرْضِ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشهَادَةِ ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ فَإِني أَعْهَدُ إِلَيْكَ فِي هَذِهِ الْحَيَاةِ الدنْيَا وَأُشْهِدُكَ وَكَفَى بِكَ شَهِيدًا أَني أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ وَحْدَكَ لَا شَرِيكَ لَكَ لَكَ الْمُلْكُ وَلَكَ الْحَمْدُ وَأَنْـتَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ وَأَشْهَدُ أَن وَعْدَكَ حَق وَلِقَـاءَكَ حَق وَالْجَنةَ حَق وَالساعَةَ آتِيَةٌ لَا رَيْبَ فِيهَا وَأَنتَ تَبْعَثُ مَنْ فِي الْقُبُورِ وَأَشْـهَدُ أَنـكَ إِنْ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي تَكِلْنِي إِلَى ضَيْعَةٍ وَعَوْرَةٍ وَذَنْبٍ وَخَطِيئَةٍ وَإِني لَا أَثِقُ إِلا بِرَحْمَتِكَ فَاغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلهُ إِنهُ لَا يَغْفِرُ الذنُوبَ إِلا أَنتَ وَتُبْ عَلَي إِنكَ أَنتَ التوابُ الرحِيمُ.

9352 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بىر دۇئانى ئۆگەتتى، ئۇنى ھەر كۈنى ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە ئوقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ھەر كۈنى ئەتىگەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن: "ئى ئاللاھىم! مەن سېنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىڭغا ھازىرمەن، ساڭا ئىتائەت قىلىشنى بەخت دەپ بىلىمەن. ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سېنىڭدىندۇر، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەندۇر ۋە ساڭا مەنسۇپتۇر. ئى ئاللاھىم! مەن بىرەر سۆز قىلسام ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئاتاپ نەزر قىلسام ۋەياكى بىرەر قەسەم قىلسام، بۇ سۆزلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى سېنىڭ ئىرادەڭگە باغلىقتۇر. سەن ئىرادە قىلغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، سەن ئىرداە قىلمىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. سېنىڭ ياردىمىڭسىز بىزنىڭ ھېچ ئىشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ. سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن. ئى ئاللاھىم! مەن بىرەرسىگە رەھمەت تىلىگەن بولسام، ئۇ تىلىكىم سەن رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىگە بولسۇن. مەن بىرەرسىگە لەنەت ئېيتقان بولسام، ئۇ، سەن لەنەت ئېيتقان كىشىگە بولسۇن. ئى الله! سەن مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىگەمسەن،

مېنى مۇسۇلمان ھالدا ۋاپات تاپقۇزغىن ۋە مېنى سالىھ بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىغا قوشقىن. ئى ئاللاھىم! مېنى قازايى قەدەرگە رازى بولىدىغان بەندىلەردىن قىلغايسەن، ئى الله! ئاخىرەتتىكى تۇرمۇشۇمنى باياشات قىلغايسەن، ماڭا جامالىڭغا قاراش ھوزۇرىنى، سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئىشتىياقىنى ئاتا قىلغايسەن، ئى الله! مېنى ھەرقانداق زىيانلىق ئىشتىن ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق پىتنىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئى ئاللاھىم! مەن ساڭا سېغىنىپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇم قىلىنىشتىن، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ياكى تاجاۋۇزغا ئۇچراشتىن، ئەمەللىرىمنى بىكار قىلىۋېتىدىغان خاتالىق سادىر قىلىشتىن ياكى كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھىم! ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك الله! مەن سەندىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، سېنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىڭگە، ھېچ شېرىكىڭ يوقلۇقىغا، مۇتلەق پادىشاھلىقىنىڭ ساڭا مەنسۇپلىقىغا، بارلىق ھەمدۇ سانانىڭ ساڭا خاسلىقىغا ۋە سېنىڭ ھەرنەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. مەن بۇنىڭغا بۇ دۇنيادا سېنى گۇۋاھلىققا تارتىمەن، سېنىڭ گۇۋاھلىقىڭ يېتەرلىكتۇر. مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ ئىكەنلىكىگە، سەن ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ ھەقلىقىگە، سەن بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ھەقلىقىگە، جەننەتنىڭ ھەقلىقىگە، قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىغا ۋە سېنىڭ قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى الله! سەن مېنى ئۆزەمگە تاشلاپ قويساڭ، جەزمەنكى مەن ئازىمەن، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىم ئېچىلىشقا باشلايدۇ ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىم ئاشىدۇ. مېنى سېنىڭ رەھمىتىڭدىن باشقا ھېچنەرسىنىڭ قۇتقۇلدۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ. مېنىڭ تەۋبەمنى قوبۇل

قىلغىن، سەن تەۋبىلەرنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرسەن، بەندىلىرىڭگە ناھايىتى مېھرىباندۇرسەن»[1].

(ئەھمەد: 21158؛ «ئەلكەبىر»)

9353 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّهُ حَدثَّهُ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ إِذَا أَخَذَ مَضْجَعَهُ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي كَفَانِي وَآوَانِي وَأَطْعَمَنِي وَسَقَانِي وَالذِي مَن عَلَي فَأَفْضَلَ وَالذِي أَعْطَانِي فَأَجْزَلَ الْحَمْدُ لِلهِ عَلَى كُل حَالٍ اللهُم رَب كُل شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ وَإِلَهَ كُل شَيْءٍ أَعُوذُ بِكَ مِنْ النارِ.

9353 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياتىدىغان چاغدا مۇنداق دەيتتى: «مېنى كىشىلەردىن بىھاجەت قىلغان، ياتىدىغانغا جاي بەرگەن، يەيدىغانغا يېمەك بەرگەن، ئىچىدىغانغا ئۇسسۇلۇق بەرگەن ۋە ماڭا مول نازۇ ـ نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغان اللهقا ھەمدىلەر بولسۇن. ھەر ئەھۋالدا اللهقا ھەمدىلەر بولسۇن. ئى ئاللاھىم! ئى بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسى! ئى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىلاھى! مەن ساڭا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5058)

9354 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنهُ أَمَرَ رَجُلًا إِذَا أَخَذَ مَضْجَعَهُ قَالَ اللهُم خَلَقْتَ نَفْسِي وَأَنتَ تَوَفاهَا لَكَ مَمَاتُهَا وَمَحْيَاهَا إِنْ أَحْيَيْتَهَا فَاحْفَظْهَا وَإِنْ أَمَتهَا فَاغْفِرْ لَهَا اللهُم إِني أَسْأَلُكَ الْعَافِيَةَ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ أَسَمِعْتَ هَذَا مِنْ عُمَرَ فَقَالَ مِنْ خَيْرٍ مِنْ عُمَرَ مِنْ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9354 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كىشىگە:

[1] ھەيسەمى (16988): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، قالغان سەنەدلەردە ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4229): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئۇخلاش ئالدىدا: ”ئى الله! مېنىڭ جېنىمنى سەن ياراتتىڭ، ئۇنى سەن ۋاپات تاپقۇزىسەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋە ھاياتى سېنىڭ ئىلكىڭدە. ئەگەر ئۇنى تىرىك قويساڭ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا. ۋاپات تاپقۇزساڭ، ئۇنى مەغپىرەت قىل. ئى الله! مەن سەندىن سالامەتلىك تىلەيمەن“ دېگەن دۇئانى ئوقۇغىن! ـ دېدى، بىرىدىكى بىر ئادەم ئۇنىڭدىن:

ــ سەن بۇنى ئۆمەردىن ئاڭلىغانمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

ـ ئۆمەردىنمۇ ياخشى كىشىدىن، يەنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2712)

9355 ـ عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أَوى إِلى فِرَاشِهِ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَكَفَانَا وَآوَانَا فَكَمْ مِمنْ لَا كَافِيَ لَهُ وَلَا مُؤْوِيَ.

9355 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوتقانغا كىرگەندە: «جىمى ھەمدۇ سانا بىزگە تائام بەرگەن، ئۇسسۇلۇق بەرگەن، ئېھتىياجىمىزنى قامدىغان ۋە بىزنى ئورۇنلاشتۇرغان اللهقا خاستۇر. قانچىلىغان كىشىلەر ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرىدىغان كىشىسى يوق يۈرۈۋاتامدۇ؟!» دەيتتى.

(مۇسلىم: 2715)

9356 ـ عَنْ رَجُلٍ مَنْ بَنِي حَنْظَلَةَ قَالَ صَحِبْتُ شَدادَ بْنَ أَوْسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فِي سَفَرٍ فَقَالَ أَلَا أُعَلمُكَ مَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلمُنَا أَنْ نَقُولَ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ الثبَاتَ فِي الْأَمْرِ وَأَسْأَلُكَ عَزِيمَةَ الرشْدِ وَأَسْأَلُكَ شُكْرَ نِعْمَتِكَ وَحُسْنَ عِبَادَتِكَ وَأَسْأَلُكَ لِسَانًا صَادِقًا وَقَلْبًا سَلِيمًا وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا تَعْلَمُ وَأَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا تَعْلَمُ وَأَسْتَغْفِرُكَ مِما تَعْلَمُ إِنكَ أَنتَ عَلامُ الْغُيُوبِ قَالَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَأْخُذُ مَضْجَعَهُ يَقْرَأُ سُورَةً مِنْ كِتَابِ اللهِ إِلا وَكلَ اللهُ بِهِ مَلَكًا فَلَا يَقْرَبُهُ شَيْءٌ يُؤْذِيهِ حَتى يَهُب مَتى هَب.

9356 ـ بەنى ھەنزەلە قەۋمىدىن بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر قېتىم شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە سەپەر قىلغانىدىم، ئۇ ماڭا:

ــ مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆگىتىپ قويغان دۇئالاردىن ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ (دېدى ۋە مەندىن جاۋاب كۈتمەستىنلا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «ئى الله! مېنى بۇ دىندا مۇستەھكەم قىلغىن، توغرا يولدا مېڭىشقا غەيرەت ئاتا قىلغىن. ئى الله! مېنى بەرگەن نېئمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىدىغان، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىدىغانلاردىن قىلغىن. ئى الله! ماڭا راستچىل تىل، ساپ دىل ئاتا قىلغىن. ئى الله! مېنى سەن بىلىدىغان يامانلىقلارنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن. ئى الله! ماڭا سەن بىلىدىغان ياخشىلىقلاردىن نېسىۋە ئاتا قىلغىن. ئى الله! مېنىڭ سەن بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، شۈبھىسىزكى، سەن غەيبلەرنى بىلگۈچى زاتتۇرسەن» دېگەن دۇئانى ئۆگىتىپ قويغان، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە گەپ باشلاپ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ياتار چېغىدا اللهنىڭ كىتابىدىن بىرەر سۈرە ئوقۇيدىكەن، الله ئۇنىڭغا چوقۇم بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا تاكى ئويغانغانغا قەدەر زىيان يەتكۈزىدىغان بىر نەرسە يېقىنلىشالمايدۇ» دەيتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3407)

9357 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ نَفَثَ فِي كَفَّيْهِ بِقُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَبِالْمُعَوذَتَيْنِ جَمِيعًا ثُم يَمْسَحُ بِهِمَا وَجْهَهُ وَمَا بَلَغَتْ يَدَاهُ مِنْ جَسَدِهِ قَالَتْ عَائِشَةُ فَلَما اشْتَكَى كَانَ يَأْمُرُنِي أَنْ أَفْعَلَ ذَلِكَ بِهِ.

9357 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوتقانغا كىرگەندە، ئىككى ئالىقىنىنى

[1] ئەلبانى (675): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئېچىپ تۇرۇپ، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇپ، ئالقىنىغا ھۈرەتتى. ئاندىن ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ۋە بەدىنىنى (ئالقىنى يەتكەن يەرگىچە) سىلايتتى. كېيىن ئاغرىپ قالغان چېغىدا، مەندىن شۇنداق قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان.

(بۇخارى: 5748)

9358 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ قَالَ اللهُم بِاسْمِكَ أَحْيَا وَأَمُوتُ وَإِذَا أَصْبَحَ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النشُورُ.

9358 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوتقانغا كىرگەندە: «ئى الله! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ياشايمەن ۋە سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن» دەيتتى. سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندا: «جىمى ھەمدۇ سانا بىزنى ۋاپات تاپقۇزغاندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن اللهقا خاستۇر. ئاخىرى شۇ اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيتتى.

(بۇخارى: 7394)

9359 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا فُلَانُ إِذَا أَوَيْتَ إِلَى فِرَاشِكَ فَقُلْ اللهُم أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ وَوَجهْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ وَفَوضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ لَا مَلْجَأَ وَلَا مَنْجَا مِنْكَ إِلا إِلَيْكَ آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الذِي أَنْزَلْتَ وَبِنَبِيكَ الذِي أَرْسَلْتَ فَإِنكَ إِنْ مُت فِي لَيْلَتِكَ مُت عَلَى الْفِطْرَةِ وَإِنْ أَصْبَحْتَ أَصَبْتَ أَجْرًا.

9359 ـ بەرا ئىبنى ئازىبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

«ئى پالانى! ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىڭدا: ”ئى الله! ئۇممەد قىلغان ۋە سەندىن قورققان ھالدا ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا يۈزلەندىم، ئىشلىرىمنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم ۋە ساڭا تاياندىم. سەندىن باشقا پاناھگاھىمىز يوق، قۇتۇلدۇرغۇچىمىز يوق. مەن سەن نازىل قىلغان

كىتابقا، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتىم" دېسەڭ، ئاندىن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن، ئۆلمەي قالساڭ، ئەجىر ئالىسەن».

(بۇخارى: 7488)

9360 ـ عن الْبَرَاءِ بْن عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَتَيتَ مَضْجَعَكَ فَتَوضأْ وَضُوءَكَ لِلصلَاةِ ثُم اضْطَجِعْ عَلَى شِقكَ الْأَيمَنِ وَقُلْ اللهُم أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ وَفَوضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ رَهْبَةً وَرَغْبَةً إِلَيْكَ لَا مَلْجَأَ وَلَا مَنْجَا مِنْكَ إِلا إِلَيْكَ آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الذِي أَنْزَلْتَ وَبِنَبِيكَ الذِي أَرْسَلْتَ فَإِنْ مُت مُت عَلَى الْفِطْرَةِ فَاجْعَلْهُن آخِرَ مَا تَقُولُ. فَقُلْتُ أَسْتَذْكِرُهُن وَبِرَسُولِكَ الذِي أَرْسَلْتَ قَالَ لَا وَبِنَبِيكَ الذِي أَرْسَلْتَ.

9360 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئۇخلاش ئۈچۈن ياتماقچى بولغىنىڭدا، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ ياتقىن ۋە: "ئى الله! ئۆمىد قىلغان ۋە سەندىن قورققان ھالدا ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا يۈزلەندىم، ئىشلىرىمنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم ۋە ساڭا تاياندىم. سەندىن باشقا پاناھگاھىممۇ يوق، قۇتۇلدۇرغۇچىممۇ يوق. مەن سەن نازىل قىلغان كىتابقا، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتىم" دېگىن! شۇنىڭ بىلەن، سەن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن. بۇ سۆزلەر سېنىڭ شۇ كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ بولسۇن» دېدى.

مەن (راۋى): بۇ دۇئانى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئالدىدا قايتىلاپ: «سەن ئەۋەتكەن ئەلچى(رەسۇل)گە...» دەپ ئوقۇغانىدىم. ئۇ:

ـ ياق، «سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر(نەبىي)گە...» دەپ ئوقۇ! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6311)

9361 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم كَانَ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَنَامَ وَضَعَ يَدَهُ تَحْتَ رَأْسِهِ ثُم قَالَ اللهُم قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَجْمَعُ أَوْ تَبْعَثُ عِبَادَكَ.

9361 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلىماقچى بولغاندا قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! بەندىلىرىڭنى ھەشر قىلىدىغان (يەنى قىيامەت) كۈنى مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن!» دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 3398)

9362 ـ عَنْ فَرْوَةَ بْنِ نَوْفَلٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ أَتى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ عَلمْنِي شَيْئًا أَقُولُهُ إِذَا أَوَيْتُ إِلى فِرَاشِي قَالَ اقْرَأْ قُلْ يَا أَيهَا الْكَافِرُونَ فَإِنهَا بَرَاءَةٌ مِنْ الشرْكِ.

9362 ـ فەرۋە ئىبنى نەۋفەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئۇخلاش ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويغىن! ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سۈرە كافىرۇننى ئوقۇ! چۈنكى ئۇ شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇشتۇر، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3403)

363 ـ عَنْ عِرْبَاضِ بْنِ سَارِيَةَ أَنهُ حَدثَهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ الْمُسَبحَاتِ قَبْلَ أَنْ يَرْقُدَ وَيَقُولُ إِن فِيهِن آيَةً خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ آيَةٍ.

9363 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاشتىن ئىلگىرى مۇسەببىھات (سەببەھە

---

[1] ئەلبانى (2705): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2709): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋە سۇبھانە بىلەن باشلانغان سۈرىلەر)نى ئوقۇيتتى ۋە: «بۇلارنىڭ ئىچىدە مىڭ ئايەتتىن ئەۋزەل بولغان بىر ئايەت بار» دەيتتى[①].

9364 ـ قَالَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنَامُ حَتى يَقْرَأَ الزمَرَ وَبَنِي إِسْرَائِيلَ.

9364 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە زۇمەر ۋە سۈرە بەنى ئىسرائىلنى ئوقۇماستىن ئۇخلىمايتتى[②].

(تىرمىزى: 3405)

9365 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ فِرَاشَهُ فَلْيَنْفُضْهُ بِصَنِفَةِ ثَوْبِهِ ثَلَاثَ مَراتٍ وَلْيَقُلْ بِاسْمِكَ رَب وَضَعْتُ جَنْبِي وَبِكَ أَرْفَعُهُ إِنْ أَمْسَكْتَ نَفْسِي فَاغْفِرْ لَهَا وَإِنْ أَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبَادَكَ الصالِحِينَ.

9365 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار (ئۇخلاش ئۈچۈن) كۆرپىسىگە كەلگەندە، ئۇنى كىيىمىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن ئۈچ قېتىم سۈپۈرىۋەتسۇن ۋە: ”ئى رەببىم! يېنىمنى سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ قويدۇم، سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ كۆتۈرىمەن (يەنى ئورنۇمدىن تۇرىمەن). ئى رەببىم! مېنى مۇشۇ ئۇيقۇمدا ۋاپات تاپقۇزساڭ، مېنى مەغپىرەت قىل. ھايات قالدۇرساڭ، مېنى سالىھ بەندىلىرىڭنى قوغدىغاندەك قوغدىغىن“ دېسۇن».

(بۇخارى: 7393)

9366 ـ وفي رواية: ثُم لِيَضْطَجِعْ عَلَى شِقهِ الْأَيْمَنِ.

---

[①] ئەلبانى (2712): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2711): سەھىھ ـ دېگەن.

9366 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاندىن ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتسۇن» دېيىلگەن[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5050)

9367 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْمُرُنَا إِذَا أَرَادَ أَحَدُنَا أَنْ يَنَامَ أَنْ يَضْطَجِعَ عَلَى شِقهِ الْأَيمَنِ ثُم يَقُولُ اللهُم رَب السمَاوَاتِ وَرَب الْأَرْضِ وَرَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ رَبنَا وَرَب كُل شَيْءٍ فَالِقَ الْحَب وَالنوَى وَمُنْزِلَ التوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْفُرْقَانِ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر كُل شَيْءٍ أَنتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ اللهُم أَنتَ الْأَولُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ وَأَنتَ الْآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ وَأَنتَ الظاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ وَأَنتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ اقْضِ عَنا الديْنَ وَأَغْنِنَا مِنْ الْفَقْرِ.

9367 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلىماقچى بولغاندا ئوڭ تەرىپىمىزنى بېسىپ يېتىشقا ۋە: ”ئى ئاللاھىم! ئى ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى! ئى بىزنىڭ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! دان ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە فۇرقانلارنى نازىل قىلغۇچى الله! ساڭا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. ئى الله! سەن ئەۋۋەلسەن، سەندىن ئىلگىرى بىرى يوق. سەن ئاخىرسەن، سەندىن كېيىن بىرى يوق. سەن ئاشكارىسەن (يەنى مەۋجۇتلۇقۇڭ دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاشكارىدۇر)، سېنىڭدەك ئاشكارا بىرى يوق. سەن مەخپىيسەن (يەنى سېنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، سېنىڭ زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يېتەلمەيدۇ)، سېنىڭدەك مەخپىي بىرى يوق. بىزنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، نامراتلىقتىن قۇتقازغىن“ دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

(مۇسلىم: 2713)

[①] ئەلبانى (4223): سەھىھ ـ دېگەن.

9368 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا اسْتَيقَظَ مِنْ اللَيْلِ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ سُبْحَانَكَ اللهُم أَسْتَغْفِرُكَ لِذَنْبِي وَأَسْأَلُكَ رَحْمَتَكَ اللهُم زِدْنِي عِلْمًا وَلَا تُزِغْ قَلْبِي بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنِي وَهَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً إِنكَ أَنْتَ الْوَهابُ.

9368 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان چاغدا: «سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. ئى الله! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن، رەھمەت بېغىشلىشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. ئى الله! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىلىمنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتاالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5061)

9369 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ حِينَ يَأْوِي إِلَى فِرَاشِهِ أَسْتَغْفِرُ اللهَ الْعَظِيمَ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَي الْقَيومَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ ثَلَاثَ مَراتٍ غَفَرَ اللهُ لَهُ ذُنُوبَهُ وَإِنْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ وَإِنْ كَانَتْ عَدَدَ وَرَقِ الشجَرِ وَإِنْ كَانَتْ عَدَدَ رَمْلِ عَالِجٍ وَإِنْ كَانَتْ عَدَدَ أَيامِ الدنْيَا.

9369 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ياتىدىغان چاغدا ئۈچ قېتىم: ”ئۇلۇغ اللهتىن مەغپىرەت تىلەيمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. الله ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، مەن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن“ دېسە، گەرچە ئۇنىڭ گۇناھلىرى خۇددى دېڭىزنىڭ كۆپۈكلىرىدەك، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنىڭ ساناندەك، قۇم

[1] ئەلبانى (1074): زەئىپ، ـ دېگەن.

بارخانلىرىدىكى قۇملارنىڭ سانىدەك، دۇنيانىڭ كۆللىرىنىڭ سانىدەك كۆپ بولسىمۇ، الله ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 3397)

**9370 ـ عن عُبَادَة بن الصامتِ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ تَعَارَّ مِنْ اللَّيْلِ فَقَالَ لَا إِلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ الْحَمْدُ لِلهِ وَسُبْحَانَ اللهِ وَلَا إِلَهَ إلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إلا بِاللهِ ثُم قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِي أَوْ دَعَا اسْتُجِيبَ لَهُ فَإِنْ تَوَضأَ وَصَلى قُبِلَتْ صَلَاتُهُ.**

9370 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىسى ئويغىنىپ كەتكەن كىشى: ”ھېچ شېرىكى يوق يېگانە اللهتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللهقا خاستۇر، الله پاكتۇر، اللهتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، الله بۈيۈكتۇر. اللهنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ ـ قۇدرەت يوقتۇر“ دېسە، ئاندىن: ”ئى الله! مېنى مەغپىرەت قىلغىن!“ دېسە ياكى دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. ئەگەر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، نامىزى قوبۇل بولىدۇ».

(بۇخارى: 1154)

**9371 ـ عَنْ أَبِي الْأَزْهَرِ الْأَنمَارِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أَخَذَ مَضْجَعَهُ مِنْ اللَّيْلِ قَالَ بِسْمِ اللهِ وَضَعْتُ جَنْبِي اللهُم اغْفِرْ لِي ذَنْبِي وَأَخْسِئْ شَيْطَانِي وَفُك رِهَانِي وَاجْعَلْنِي فِي الندِي الْأَعْلَى.**

9371 ـ ئەبۇ ئەزھەر ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا: «ئى الله! يېنىمنى سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن قويىمەن، گۇناھلىرىمنى

[①] ئەلبانى (674): زەئىپ، ـ دېگەن.

مەغپىرەت قىلغىن، شەيتىنىمنى قوغلىۋەتكىن، ئۈستۈمدىكى ھەق - ھوقۇقلارنى خالاس قىلغىن، مېنى ئۈستۈنكى ئالەمنىڭ جامائىتى (يەنى پەرىشتىلەر) ئىچىدە قىلغىن!» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5054)

9372 ـ عَنْ عَلِي رَحِمَهُ اللهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يَقُولُ عِنْدَ مَضْجَعِهِ اللهُم إِني أَعُوذُ بِوَجْهِكَ الْكَرِيمِ وَكَلِمَاتِكَ التامةِ مِنْ شَر مَا أَنتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ اللهُم أَنتَ تَكْشِفُ الْمَغْرَمَ وَالْمَأْثَمَ اللهُم لَا يُهْزَمُ جُنْدُكَ وَلَا يُخْلَفُ وَعْدُكَ وَلَا يَنفَعُ ذَا الْجَد مِنْكَ الْجَد سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ.

9372 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتىدىغان چاغدا: «ئى اللە! ئۇلۇغ زاتىڭ ۋە مۇكەممەل سۆزلىرىڭگە سېغىنىپ، بارلىق نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. ئى اللە! سەن قەرزلەرنى كۆتۈرۈۋېتىسەن، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىسەن. ئى اللە! سېنىڭ قوشۇنۇڭ ھەرگىز مەغلۇب بولمايدۇ، ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلىنمايدۇ، بايىنىڭ بايلىقى سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ (يەنى ئۇنى پەقەت ياخشى ئەمەللا قۇتقۇزالايدۇ)، سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر بىلەن مەدھىيەلەيمەن» دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5052)

9373 ـ عَنْ سُلَيْمَانَ بنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ شَكَا خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ الْمَخْزُومِي إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَنَامُ الليْلَ مِنْ الْأَرَقِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَوَيْتَ إِلَى فِرَاشِكَ فَقُلْ اللهُم رَب السمَوَاتِ السبْعِ وَمَا أَظَلتْ وَرَب

---

[1] ئەلبانى (4226): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1072): زەئىپ، ـ دېگەن.

الْأَرضِينَ وَمَا أَقَلتْ وَرَب الشيَاطِينِ وَمَا أَضَلتْ كُنْ لِي جَارًا مِنْ شَر خَلْقِكَ كُلهِمْ جَمِيعًا أَنْ يَفْرُطَ عَلَي أَحَدٌ مِنْهُمْ أَوْ أَنْ يَبْغِيَ عَز جَارُكَ وَجَل ثَنَاؤُكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ.

9373 ـ سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خالىد ئىبنى ۋەلىد مەخزۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! كېچىسى ئۇيقۇم قېچىپ كېتىپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ياتقان چېغىڭدا: ”ئى يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرنىڭ، قاتمۇقات زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ، پۈتۈن جىن ـ شەيتانلارنىڭ ۋە ئۇلار ئازدۇرغانلارنىڭ پەرۋەردىگارى الله! سەن مېنى پاناھلىقىڭغا ئېلىپ، بارلىق مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىنىڭ ماڭا يامانلىق قىلىشىدىن ياكى زىيانكەشلىك قىلىشىدىن مېنى ساقلىغىن، سېنىڭ پاناھلىقىڭ بۈيۈكتۇر، شەنىڭ كاتتىدۇر، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پەقەت سەنلا بەرھەق مەبۇدسەن“ دېگىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3523)

9374 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا فَزِعَ أَحَدُكُمْ فِي النوْمِ فَلْيَقُلْ أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التامَاتِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَر عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ فَإِنهَا لَنْ تَضُرهُ وَكَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ يُلَقنُهَا مَنْ بَلَغَ مِنْ وَلَدِهِ وَمَنْ لَمْ يَبْلُغْ مِنْهُمْ كَتَبَهَا فِي صَك ثُم عَلقَهَا فِي عُنُقِهِ.

9374 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ

[1] ئەلبانى (704): زەئىپ، ـ دېگەن.

كەتكەنىدە: ”ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ ئۇنىڭ غەزىپىدىن، جازاسىدىن، بەندىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئەمەللىرىمگە شېرىك بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن“ دېسە، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرى ئۇنىڭغا ھەرگىز زىيان سالالمايدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما باللىرى ئىچىدىن بالاغەتكە يەتكەنلىرىگە بۇ دۇئانى ئۆگىتەتتى ياكى بۇنى بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قوياتتى[1].

(تىرمىزى: 3528)

9375 ـ عن جابر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قـال إذا آوى الرجـل إلى فراشه ابتدره ملك وشيطان فيقول الملك اختم بخير ويقول الشيطان اختم بشر فان ذكـر الله ثم نام بات الملك يكلؤه وإذا استيقظ قال الملك افتح بخير وقال الشيطان افتح بشر فان قال الحمد لله الذى رد على نفسي ولم يمتها في منامها الحمد لله الذى يمسك السـموات والارض أن تزولا إلى آخر الآية الحمد لله الذى يمسك السماء أن تقع علـى الارض إلا باذنه فان وقع عن سريره فمات دخل الجنة.

9375 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشى ئۇخلايدىغان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىغا بىر پەرىشتە ۋە بىر شەيتان كېلىدۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ”كۈنىڭنى ياخشىلىق بىلەن تاماملىغىن!“ دېسە، شەيتان: ”كۈنىڭنى يامانلىق بىلەن تاماملىغىن!“ دەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئاللاھنى ياد ئېتىپ ئۇخلاپ قالسا، پەرىشتە كېچىچە ئۇنى قوغدايدۇ. ئۇ كىشى ئويغانغان چاغدا پەرىشتە ئۇنىڭغا: ”كۈنىڭنى ياخشىلىق بىلەن باشلىغىن!“ دېسە، شەيتان: ”كۈنىڭنى يامانلىق بىلەن باشلىغىن!“ دەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى:

[1] ئەلبانى (2793): ھەسەن، ـ دېگەن.

‘‘ئۇيقۇمدا جېنىمنى ئالماي، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن‘‘ دېسە ۋە: ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەلىمدۇر (يەنى كۇففارلار ئازابقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [1]؛ (ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا [2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇسا، كارۋىتىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[3].

(رەزىن؛ مەۋسىلى: 1791)

[1] سۈرە فاتىر، 41ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 65ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (17028): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىبراھىم ئىبنى ھەججاج شامىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

## ئۆيگە ۋە مەسجىدكە كىرگەن ـ چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئالار

9376 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا خَرَجَ مِنْ بَيْتِهِ قَالَ بِسْمِ اللهِ تَوَكلْتُ عَلَى اللهِ اللهُم إِنا نَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ نَزِل أَوْ نَضِل أَوْ نَظْلِمَ أَوْ نُظْلَمَ أَوْ نَجْهَلَ أَوْ يُجْهَلَ عَلَيْنا.

9376 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدىن سىرتقا چىققاندا: «اللهنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە اللهقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا چىقىمەن. ئى الله! ساڭا سىغىنىپ ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن، زۇلۇمغا ئۇچراشتىن، نادانلىق قىلىشتىن ۋە نادانلار قاتارىدا كۆرۈلۈشتىن پاناھ تىلەيمىز!» دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 3427)

9377 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا خَرَجَ الرجُلُ مِنْ بَيْتِهِ فَقَالَ بِسْمِ اللهِ تَوَكلْتُ عَلَى اللهِ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ قَالَ يُقَالُ حِينَئِذٍ هُدِيتَ وَكُفِيتَ وَوُقِيتَ فَتَتَنَحى لَهُ الشيَاطِينُ.

9377 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشى ئۆيىدىن چىققاندا: ”اللهنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە اللهقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا چىقىمەن، اللهنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ ـ قۇدرەت يوقتۇر“ دېسە، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا: ”(توغرا يولغا) يېتەكلەندىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ (يەنى ھاجەتلىرىڭ راۋا بولدى)، (دۈشمەنلىرىڭنىڭ

---

[1] ئەلبانى (2725): سەھىھ ـ دېگەن.

يامانلىقلىرىدىن) ساقلاندىڭ“ دەپ نىدا قىلىنىدۇ ۋە شەيتانلار ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5095)

9378 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ خَرَجَ مِنْ بَيْتِهِ إِلَى الصلَاةِ فَقَالَ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ بِحَق السائِلِينَ عَلَيْكَ وَأَسْأَلُكَ بِحَق مَمْشَايَ هَذَا فَإِني لَمْ أَخْرُجْ أَشَرًا وَلَا بَطَرًا وَلَا رِيَاءً وَلَا سُمْعَةً وَخَرَجْتُ اتقَاءَ سُخْطِكَ وَابْتِغَاءَ مَرْضَاتِكَ فَأَسْأَلُكَ أَنْ تُعِيذَنِي مِنْ النارِ وَأَنْ تَغْفِرَ لِي ذُنُوبِي إِنهُ لَا يَغْفِرُ الذُنُوبَ إِلا أَنتَ أَقْبَلَ اللهُ عَلَيْهِ بِوَجْهِهِ وَاسْتَغْفَرَ لَهُ سَبْعُونَ أَلْفِ مَلَكٍ.

9378 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ناماز ئۇچۇن ئۆيىدىن چىققاندا: ”ئى الله! سەندىن نەرسە تىلىگۈچىلەرنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن تىلەكلىرىمنى سەندىن تىلەيمەن، نامازغا كېتىۋاتقان مۇشۇ قەدەملىرىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىشىڭنى سورايمەن. مەن ھەرگىزمۇ ھەددىدىن ئاشقان، چوڭچىلىق قىلغان، رىيا ۋە كۆز ـ كۆز قىلغان ھالدا چىقمىدىم، مەن پەقەت سېنىڭ غەزىپىڭدىن قورقۇپ، رازىلىقىڭنى تىلەپ چىقتىم. مېنى دوزاختىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىشىڭنى ۋە گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن. گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن“ دېسە، الله ئۇنىڭغا جامالى بىلەن يۈزلىنىدۇ، 70 مىڭ پەرىشتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەيدۇ»[②].

(ئىبنى ماجە: 778)

9379 ـ عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقول: «مَن خرج من بيته إلى المسجد فقال: أعوذ بالله العظيم وسلطانِه القديم من

[①] ئەلبانى (4249): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (168): زەئىپ ـ دېگەن.

الشيطان الرجيم۞ رَبيَ اللهُ۞ توكلتُ على الله۞ وفَوضتُ أمري إلى الله۞ لا حول ولا قوة إلا بالله۞ قال له المَلك: كُفِيتَ۞ وهُدِيت۞ وَوُقِيتَ».

9379 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆيىدىن مەسجىدگە چىققاندا: ”ئۇلۇغ اللهقا ۋە ئۇنىڭ قەدىمىي پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم اللهتۇر، مەن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم، اللهنىڭ ياردىمىدىن باشقا ھېچ كۈچ ـ قۇدرەت يوقتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر“ دېسە، بىر پەرىشتە ئۇنىڭغا: ”كۇپايە قىلىندىڭ (يەنى ھاجەتلىرىڭ راۋا بولدى)، (توغرا يولغا) يېتەكلەندىڭ، (دۈشمەنلىرىڭنىڭ يامانلىقلىرىدىن) ساقلاندىڭ“ دەپ نىدا قىلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9380 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمْ الْمَسْجِدَ فَلْيُسَلمْ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلْيَقُلْ اللهُم افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ وَإِذَا خَرَجَ فَلْيُسَلمْ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلْيَقُلْ اللهُم اعْصِمْنِي مِنْ الشيْطَانِ الرجِيمِ.

9380 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسجىدكە كىرگەندە، اللهنىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار (يەنى ئاللاھۇممە سەللى ئەلا... نى ئوقۇڭلار) ۋە: ”ئى الله! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن!“ دەڭلار. مەسجىدتىن چىقسا، يەنە اللهنىڭ رەسۇلىغا سالام يوللاڭلار ۋە: ”ئى الله! مېنى قوغلاندى شەيتاندىن ساقلىغىن!“ دەڭلار»[1].

(ئىبنى ماجە: 773)

---

[1] ئەلبانى (627): سەھىھ ـ دېگەن.

9381 ـ عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ عَنْ النبِي صَلى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ إِذَا دَخَلَ الْمَسْجِدَ قَالَ أَعُوذُ بِاللّٰهِ الْعَظِيمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيمِ وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيمِ مِـنْ الشـيْطَانِ الرجِيمِ قَالَ أَقَطْ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَإِذَا قَالَ ذَلِكَ قَالَ الشيْطَانُ حُفِظَ مِني سَائِرَ الْيَوْمِ.

9381 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە: «ئۇلۇغ ئاللاھقا، ئۇنىڭ كەرەملىك جامالىغا، قەدىمىي پادىشاھلىقىغا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.

ئۇقبە (راۋىي) ھەيۋەدىن (ئۇمۇ راۋىي):

ــ ساڭا بۇ ھەدىسنىڭ مۇشۇنچىلىك قىسمى يەتتىمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ھەيۋە:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئۇقبە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

ـ مەسجىدكە كىرگەن كىشى بۇ دۇئانى ئوقۇسا، شەيتان: ”بۇ بەندە بۈگۈن كەچ كىرگىچە مەندىن قوغدىلىدۇ“ دەيدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 466)

9382 ـ عَنْ أَبِي حُمَيْدٍ أَوْ عَنْ أَبِي أُسَيْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمْ الْمَسْجِدَ فَلْيَقُلْ اللهُم افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ وَإِذَا خَرَجَ فَلْيَقُلْ اللهُـم إِني أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ.

9382 ـ ئەبۇ ھۇمەيد ياكى ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسجىدكە كىرگەندە: ”ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن!“ دەڭلار. مەسجىدتىن چىققاندا بولسا: ”ئى ئاللاھ! پەزلى ـ مەرھەمىتىڭنى تىلەيمەن“ دەڭلار».

(مۇسلىم: 713)

[1] ئەلبانى (441): سەھىھ ـ دېگەن.

9383 ـ وفي رواية: فَلْيَسَلمْ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم لِيَقُلْ اللهُم افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ فَإِذَا خَرَجَ فَلْيَقُلْ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ.

9383 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مەسجىدكە كىرگەندە، اﷲنىڭ پەيغەمبىرىگە سالام يوللاڭلار، ئاندىن: ”ئى اﷲ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن!“ دەڭلار. مەسجىدتىن چىققاندا بولسا: ”ئى اﷲ! پەزلى ـ مەرھەمىتىڭنى تىلەيمەن“ دەڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 465)

9384 ـ عَنْ فَاطِمَةَ الْكُبْرَى قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دَخَلَ الْمَسْجِدَ صَلى عَلَى مُحَمدٍ وَسَلمَ وَقَالَ رَب اغْفِرْ لِي ذُنُوبِي وَافْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ وَإِذَا خَرَجَ صَلى عَلَى مُحَمدٍ وَسَلمَ وَقَالَ رَب اغْفِرْ لِي ذُنُوبِي وَافْتَحْ لِي أَبْوَابَ فَضْلِكَ.

9384 ـ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرگەندە، ئالدى بىلەن ئۆزىگە رەھمەت ۋە سالام يوللايتتى، ئاندىن: «پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن!» دەيتتى. مەسجىدتىن چىققاندىمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە رەھمەت ۋە سالام يوللايتتى، ئاندىن: «پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا پەزلىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتكىن!» دەيتتى[2].

(تىرمىزى: 314)

9385 ـ عَنْ أَبِي مَالِكٍ الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَلَجَ الرجُلُ بَيْتَهُ فَلْيَقُلْ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ خَيْرَ الْمَوْلَجِ وَخَيْرَ الْمَخْرَجِ بِسْمِ اللهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللهِ خَرَجْنَا وَعَلَى اللهِ رَبنَا تَوَكلْنَا ثُم لِيُسَلمْ عَلَى أَهْلِهِ.

9385 ـ ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (440): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (259): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىشى ئۆيىگە كىرگەندە: ”ئى الله! سەندىن ياخشىلىق بىلەن كىرىپ، ياخشىلىق بىلەن چىققىلى نېسىپ قىلىشىڭنى تىلەيمەن. اللهنىڭ ئىسمى بىلەن كىرىپ، اللهنىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمىز. ئى پەرۋەردىگارىمىز الله! ساڭىلا تەۋەككۇل قىلدۇق“ دېسۇن، ئاندىن ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام قىلسۇن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5096)

9386 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ جَلَسَ فِي مَجْلِسٍ فَكَثُرَ فِيهِ لَغَطُهُ فَقَالَ قَبْلَ أَنْ يَقُومَ مِنْ مَجْلِسِهِ ذَلِكَ سُبْحَانَكَ اللهُم وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ إِلا غُفِرَ لَهُ مَا كَانَ فِي مَجْلِسِهِ ذَلِكَ.

9386 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر سورۇندا قاتنىشىپ، ئۇ يەردە بىھۇدە سۆزلەرنى جىقراق قىلىپ سالغان بولسا، شۇ سورۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن: ”ئى الله! مەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدى ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن“ دېسە، ئۇنىڭ شۇ سورۇندا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3433)

3877 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنهُ قَالَ كَلِمَاتٌ لَا يَتَكَلمُ بِهِن أَحَدٌ فِي مَجْلِسِهِ عِنْدَ قِيَامِهِ ثَلَاثَ مَراتٍ إِلا كُفِرَ بِهِن عَنْهُ وَلَا يَقُولُهُن فِي مَجْلِسِ خَيْرٍ وَمَجْلِسِ ذِكْرٍ إِلا خُتِمَ لَهُ بِهِن عَلَيْهِ كَمَا يُخْتَمُ بِالْخَاتَمِ عَلَى الصحِيفَةِ سُبْحَانَكَ اللهُم وَبِحَمْدِكَ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ.

---

[1] ئەلبانى (1091): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2730): سەھىھ ـ دېگەن.

9387 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىرقانچە كەلىمە بار بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم بىرەر سورۇندىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ كەلىمىلەرنى ئۈچ قېتىم ئېيتسا، گۇناھلىرى مەغپىرەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كەلىمىلەرنى ھەرقانداق بىر ياخشى سورۇندا ۋە زىكرى سورۇنلىرىدا ئېيتسا، ئۇنىڭغا (يەنى ياخشىلىق دەپتىرىگە) خۇددى قەغەزگە مۆھۈر بېسىلغاندەك مۆھۈر بېسىلىدۇ. ئۇ كەلىمىلەر: ”ئى الله! سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن، ساڭا ھەمدى ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن“ دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر①.

(ئەبۇ داۋۇد: 4857)

9388 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ إِنْ كُنا لَنَعُد لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَجْلِسِ الْوَاحِدِ مِائَةَ مَرةٍ رَب اغْفِرْ لِي وَتُبْ عَلَي إِنكَ أَنتَ التوابُ الرحِيمُ.

9388 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرەر سورۇندا ئولتۇرسا، 100 قېتىم: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، سەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن» دەيتتى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 1516)

9389 ـ عن ابْنَ عُمَرَ قَالَ قَلمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُومُ مِنْ مَجْلِسٍ حَتى يَدْعُوَ بِهَؤُلَاءِ الدعَوَاتِ لِأَصْحَابِهِ اللهُم اقْسِمْ لَنَا مِنْ خَشْيَتِكَ مَا يَحُولُ بَيْنَنَا وَبَيْنَ مَعَاصِيكَ وَمِنْ طَاعَتِكَ مَا تُبَلغُنَا بِهِ جَنتَكَ وَمِنْ الْيَقِينِ مَا تُهَونُ بِهِ عَلَيْنَا مُصِيبَاتِ الدنْيَا وَمَتعْنَا بِأَسْمَاعِنَا وَأَبْصَارِنَا وَقُوتِنَا مَا أَحْيَيْتَنَا وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِنا وَاجْعَلْ ثَأْرَنَا عَلَى مَنْ

---

① ئەلبانى (4066): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (1342): سەھىھ ـ دېگەن.

وَلِّمَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى مَنْ عَادَانَا وَلَا تَجْعَلْ مُصِيبَتَنَا فِي دِينِنَا وَلَا تَجْعَلْ الدُّنْيَا أَكْبَرَ هَمِّنَا وَلَا مَبْلَغَ عِلْمِنَا وَلَا تُسَلِّطْ عَلَيْنَا مَنْ لَا يَرْحَمُنَا.

9389 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداقلىكى بىر سورۇندىن ئايرىلماقچى بولسا، ساھابىلىرىگە مۇنداق دۇئا قىلماي تۇرۇپ ئايرىلمايتتى: «ئى ﷲ! بىزگە بىزنى ساڭا ئاسىيلىق قىلىشتىن توسۇپ قالىدىغان قورقۇنچ ئاتا قىلغىن، جەننىتىڭگە يەتكۈزىدىغان تائەت ـ ئىبادەت نېسىپ قىلغىن، دۇنيادىكى مۇسىبەتلىرىمىزنى يەڭگىللىتىدىغان ئىشەنچ ـ ئىمان ئاتا قىلغىن، بىز ھايات قالغان مۇددەتكىچە قۇلاقلىرىمىزدىن، كۆزلىرىمىزدىن، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىمىزدىن بىزنى بەھرىمەن قىلغىن ۋە بۇلارنى بىز ئۆلگەنگە قەدەر بىزدىن ئايرىۋەتمىگىن! بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئىنتىقامىمىزنى ئېلىشنى مۇيەسسەر قىلغىن! دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، مۇسىبەتلىرىمىزنى دىنىمىزدا قىلمىغىن، مال ـ دۇنياغا ئېرىشىشنى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە ئىلىم ئۆگىنىشتىكى غايىمىز قىلىپ قويمىغىن، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان زالىملارنى مۇسەللەت قىلمىغىن»[①].

(تىرمىزى: 3507)

9390 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا قَفَلَ مِنْ غَزْوٍ أَوْ حَج أَوْ عُمْرَةٍ يُكَبرُ عَلَى كُل شَرَفٍ مِنْ الْأَرْضِ ثَلَاثَ تَكْبِيرَاتٍ ثُم يَقُولُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ سَاجِدُونَ لِرَبنَا حَامِدُونَ صَدَقَ اللهُ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ.

9390 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر غازاتتىن ياكى ھەج سەپىرىدىن ۋەياكى ئۆمرە سەپىرىدىن قايتىپ كەلسە، يول بويى چىققان

[①] ئەلبانى (2783): ھەسەن، ـ دېگەن.

ھەر بىر تۆپىلىكتە ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن: «شېرىكى يوق يېگانە اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر، پۈتكۈل پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بىز پەرۋەردىگارىمىز اللەقا قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، سەجدە قىلغۇچى ۋە ھەمدى ئېيتقۇچىلارمىز. الله ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، ئەھزابنى (يەنى ئىتتىپاقداش قوشۇننى) ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى» دەيتتى.

(بۇخارى: 1797)

9391 ـ عن ابن عمر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان إذا استوى على بعيره خارجًا إلى سفر كبر ثلاثًا ثم قال سبحان الذي سخر لنا هذا وما كنا له مقرنين وإنا إلى ربنا لمنقلبون اللهم إنا نسألك في سفرنا هذا البر والتقوى ومن العمل ما ترضى اللهم هون علينا سفرنا هذا واطو عنا بعده اللهم أنت الصاحب في السفر والخليفة في الأهل اللهم إني أعوذ بك من وعثاء السفر وكآبة المنظر وسوء المنقلب في المال والأهل وإذا رجع قالهن وزاد فيهن آيبون تائبون عابدون لربنا حامدون.

9391 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە ئاتلىنىپ تۆگىسىگە مىنگەندە، ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن: بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغۇچىلارمىز[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى ۋە: «ئى الله! بىز بۇ سەپىرىمىزدە سەندىن ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقنى، سەن رازى بولىدىغان ئەمەلنى تىلەيمىز. ئى الله! بۇ سەپىرىمىزنى ئاسان قىلىپ بەرگىن، يىراقلىقنى قىسقارتىپ بەرگىن! ئى الله! سەپەردە سەن ھەمراھىمىزسەن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىسەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن، چۈشكۈنلۈكتىن، پۇل ـ مال ۋە

[1] سۈرە زۇخرۇف، 13 ـ ئايەت.

خوتۇن ـ بالىلارنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىمۇ يۇقىرىدىكى دۇئانى قىلاتتى ۋە ئاخىرىدا: «اللهقا قايتقان، گۇناھلىرىمىزدىن تەۋبە قىلغان، پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلغان ۋە ئۇنى مەدھىيىلىگەن ھالدا قايتىپ كەلدۇق» دېگەن دۇئانى قوشۇپ ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 1342)

9392 ـ عن مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إذَا وَضَعَ رِجْلَهُ فِي الْغَرْزِ وَهُوَ يُرِيدُ السفَرَ يَقُولُ بِاسْمِ اللهِ اللهُم أنتَ الصاحِبُ فِي السفَرِ وَالْخَلِيفَةُ فِي الْأَهْلِ اللهُم ازْوِ لَنا الْأَرْضَ وَهَونْ عَلَيْنا السفَرَ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السفَرِ وَمِنْ كَآبَةِ الْمُنقَلَبِ وَمِنْ سُوءِ الْمَنْظَرِ فِي الْمَالِ وَالْأَهْلِ.

9392 ـ ئىمام مالىكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە ئاتلىنىپ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويغاندا: «ئى الله! سەپەردە سەن ھەمراھىمىزسەن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىسەن. ئى الله! يولىمىزنى قىسقارتىپ، سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئى الله! ساڭا سېغىنىپ سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن، چۈشكۈنلۈكتىن، پۇل ـ مال ۋە خوتۇن ـ بالىلارنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

9393 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إذَا كَانَ فِي سَفَرٍ وَأَسْحَرَ يَقُولُ سَمِعَ سَامِعٌ بِحَمْدِ اللهِ وَحُسْنِ بَلَائِهِ عَلَيْنا رَبنَا صَاحِبْنا وَأَفْضِلْ عَلَيْنا عَائِذًا بِاللهِ مِنْ النارِ.

9393 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندا: «بۇ يەرگە ھازىر بولغانلار بىزنىڭ اللهقا ھەمدى ئېيتقانلىقىمىزنى ئاڭلىدى ۋە اللهنىڭ بىزنى ياخشى سىناقلار بىلەن سىنىغانلىقىنى كۆردى. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىمايە قىلغىن،

پەزلى ـ مەرھەمىتىڭنى ئاتا قىلغىن، بىز ساڭا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمىز» دەيتتى.

(مۇسلىم: 2718)

9394 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أُرِيدُ سَفَرًا فَزَودْنِي قَالَ زَودَكَ اللهُ التقْوَى قَالَ زِدْنِي قَالَ وَغَفَرَ ذَنْبَكَ قَالَ زِدْنِي بِأَبِي أَنتَ وَأُمي قَالَ وَيَسرَ لَكَ الْخَيْرَ حَيْثُمَا كُنْتَ.

9394 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋاتىمەن، ماڭا دۇئا قىلىپ قويساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله ساڭا تەقۋادارلىقنى يار قىلسۇن! ـ دېدى. ئۇ:

ـ يەنە دۇئا قىلساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن! ـ دېدى. ئۇ:

ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، يەنە دۇئا قىلساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەيلى قەيەردە بولمىغىن، الله ساڭا ياخشىلىقنى مۇيەسسەر قىلسۇن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3444)

9395 ـ عن ابْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ لِلرجُلِ إِذَا أَرَادَ سَفَرًا ادْنُ مِني أُوَدعْكَ كَمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوَدعُنَا فَيَقُولُ أَسْتَوْدِعُ اللهَ دِينَكَ وَأَمَانَتَكَ وَخَوَاتِيمَ عَمَلِكَ.

[1] ئەلبانى (2739): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

9395 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سەپەر قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمگە مۇنداق دەيتتى:

ـ ماڭا يېقىن كەلگىن، مەن سېنىڭ بىلەن خۇددى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن خوشلاشقاندەك خوشلىشىۋالاي، ئۇ سەپەرگە ماڭغان كىشى بىلەن خوشلاشقاندا: «دىنىڭنى، مال ـ مۈلكىڭنى ۋە ئەمىلىڭنىڭ خاتىمىسىنى اللهقا تاپشۇردۇم» دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 3443)

9396 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَدعَ رَجُلاً ـ ا أَخَذَ بِيَدِهِ فَلَا يَدَعُهَا حَتى يَكُونَ الرجُلُ هُوَ يَدَعُ يَدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9396 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرى بىلەن خوشلاشسا، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتاتتى. ئۇ قولىنى تارتمىغىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى تارتمايتتى[2].

(تىرمىزى: 3442)

9397 ـ عَنْ عَبْدِ اللِهِ بْنِ عُمَرٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَافَرَ فَأَقْبَلَ الليْلُ قَالَ يَا أَرْضُ رَبي وَرَبكِ اللهُ أَعُوذُ بِاللِهِ مِنْ شَركِ وَشَر مَا فِيكِ وَشَر مَا خُلِـ ـقَ فِيكِ وَمِنْ شَر مَا يَدِب عَلَيْكِ وَأَعُوذُ بِاللِهِ مِنْ أَسَدٍ وَأَسْوَدَ وَمِنْ الْحَيةِ وَالْعَقْـ ـرَبِ وَمِـ ـنْ سَاكِنِ الْبَلَدِ وَمِنْ وَالِدٍ وَمَا وَلَدَ.

9397 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقسا، كەچ كىرگەندە: «ئى زېمىن! مېنىڭ ۋە سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ اللهتۇر، مەن اللهقا سېغىنىپ سېنىڭ يامانلىقىڭدىن، سەندىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، سەندە يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، سېنىڭ

[1] ئەلبانى (2738): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2738): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇستۇڭدە ئۆمىلەپ يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ شىردىن، چوڭ قارا يىلاندىن، يىلاندىن، چاياندىن، زېمىندا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن، ئاتىنىڭ (يەنى ئىبلىسنىڭ) يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ (يەنى شەيتانلارنىڭ) يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2603)

9398 ـ عَنْ خَوْلَةَ بِنْتِ حَكِيمٍ السلمِيةِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ نَزَلَ مَنْزِلًا ثُم قَالَ أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التاماتِ مِنْ شَر مَا خَلَقَ لَمْ يَضُرهُ شَيْءٌ حَتى يَرْتَحِلَ مِنْ مَنْزِلِهِ ذَلِكَ.

9398 ـ خەۋلە بىنتى ھەكىم سۇلەمىييەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر جايغا چۈشكۈن قىلغاندىن كېيىن: "اللهنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن" دېسە، ئۇ شۇ يەردىن كېتىپ بولغۇچە، ھېچنەرسە ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3437)

9399 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَرْجِسَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَافَرَ يَقُولُ اللهُم أَنتَ الصاحِبُ فِي السفَرِ وَالْخَلِيفَةُ فِي الْأَهْلِ اللهُم اصْحَبْنا فِي سَفَرِنَا وَاخْلُفْنَا فِي أَهْلِنَا اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السفَرِ وَكَآبَةِ الْمُنْقَلَبِ وَمِنْ الْحَوْرِ بَعْدَ الْكَوْنِ وَمِنْ دَعْوَةِ الْمَظْلُومِ وَمِنْ سُوءِ الْمَنْظَرِ فِي الْأَهْلِ وَالْمَالِ.

9399 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقسا: «ئى الله! سەن سەپەردە ھەمراھىمىزسەن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى مۇھاپىزەت

[1] ئەلبانى (560): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2733): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلغۇچىسەن. ئى اﷲ! سەپەردە بىزگە ھەمراھ بولغىن، بالا - چاقىلىرىمىزنى ئۆزەڭ ھىمايە قىلغىن. ئى اﷲ! ساڭا سېغىنىپ سەپەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىدىن، چۈشكۈنلۈكتىن، نېئمەتلىرىمىزنىڭ (كۆپەيگەندىن كېيىن) كېمىيىشكە يۈزلىنىشىدىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بەددۇئاسىدىن، پۇل - مال ۋە خوتۇن - بالىلارنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى[1].

(تىرمىزى: 3437)

9400 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَخْرُجُ مِنْ بَيْتِهِ يُرِيدُ سَفَرًا أَوْ غَيْرَهُ فَقَالَ حِينَ يَخْرُجُ بِسْمِ اللهِ آمَنْتُ بِاللهِ اعْتَصَمْتُ بِاللهِ تَوَكلْتُ عَلَى اللهِ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ إِلا رُزِقَ خَيْرَ ذَلِكَ الْمَخْرَجِ وَصُرِفَ عَنْهُ شَر ذَلِكَ الْمَخْرَجِ.

9400 - ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان سەپەر ياكى بىرەر ئىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىققان چاغدا: ”اﷲنىڭ ئىسمى بىلەن يولغا چىقىمەن، اﷲقا ئىمان ئېيتتىم، كىتابىغا مەھكەم ئېسىلىمەن، اﷲقا تەۋەككۇل قىلدىم، اﷲنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ - قۇۋۋەت يوقتۇر“ دېسە، شۇ قېتىم مەقسەت قىلىپ چىققان ئىشىدا ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ ۋە يامانلىقتىن ساقلىنىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 473)

9401 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أَرَادَ سَفَرًا قَالَ اللهُم بِكَ أَصُولُ وَبِكَ أَحُولُ وَبِكَ أَسِيرُ.

---

[1] ئەلبانى (2735): سەھىھ - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17077): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

9401 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر ئۈچۈن يولغا چىقسا: «ئى الله! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا (دۈشمەنگە) ھۇجۇم قىلىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا (دۈشمەنلىرىمنىڭ) ھىيلە ـ مىكرىسىدىن ساقلىنىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا (ھەربىي) يۈرۈش قىلىمەن» دەيتتى[1].

(ئەھمەد: 1298)

9402 ـ عن اΣسين بن علي قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: أمان أمتي من الغرق إذا ركبوا أن يقولوا: (بسم الله f راها ومرساها إن ربي لغفور رحيم) وما قدروا الله حق قدره.

9402 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىمدىن دېڭىز سەپىرى قىلغانلار: كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى اللهنىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر[2] ۋە: ئۇلار اللهنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللهنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللهنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۇستۇندۇر[3] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇسا، دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ»[4].

(مەۋسىلى: 6781)

---

[1] ھەيسەمى (17088): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ھۇد، 41 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زۇمەر، 67 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (17101): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەببارە ئىبنى مۇغلىس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9403 ـ عنْ عُتْبَةَ بن غَزْوَانَ عَنْ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "إِذَا أَضَل أَحَدُكُمْ شَيْئًا أَوْ أَرَادَ أَحَدُكُمْ عَوْنًا وَهُوَ بِأَرْضٍ لَيْسَ بِهَا أَنِيسٌ فَلْيَقُلْ: "يَا عِبَادَ اللهِ أَغِيثُونِي يَا عِبَادَ اللهِ أَغِيثُونِي فَإِن لِلهِ عِبَادًا لا نَرَاهُمْ" وَقَدْ جَرب ذَلِكَ.

9493 ـ ئۇتبە ئىبنى غەزۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىنسى ـ جىن يوق بىر چۆلدە كېتىۋېتىپ، بىرەر نەرسىسىنى يۈتتۈرۈپ قويسا ياكى بىرەر ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالسا: "ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ماڭا ياردەم قىلىڭلار" دەپ نىدا قىلسۇن. چۈنكى زېمىندا ئاللاھنىڭ بىز كۆرمەيدىغان مەخلۇقاتلىرى بار». بۇ مەسىلە سىناق قىلىپ تەجرىبىدىن ئۆتكەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 117/17 ـ ـ 118)

9404 ـ عن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال ان لله ملائكـة في الارض سوى الحفظة يكتبون ما يسقط من ورق الشجر فإذا أصاب أحدكم عرجة بأرض فلاة فليناد أعينوا عباد الله.

9404 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدە بەندىلەرنىڭ نامە ـ ئەماللىرىنى يازىدىغان پەرىشتىلىرىدىن باشقا يەنە دەرەختىن چۈشكەن بىر تال يوپۇرماق چاغلىق نەرسىنىمۇ قالدۇرماي يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرى بار. كىمكى چۆل ـ باياۋاندا كېتىۋېتىپ، بېشىغا كۈن چۈشسە: "ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ماڭا ياردەم قىلىڭلار!" دەپ توۋلىسۇن»[2].

(بەززار: 3128)

[1] ھەيسەمى (17103): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇنىڭ سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپرەك كىشىلەر بار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17104): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9405 ـ عن عبدالله ابن مسعود أنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا انفلتت دابة أحدكم بارض فلاة فليناد يا عباد الله احسبوا يا عباد الله احبسوا فان لله حاصرا في الارض سيحبسه.

9405 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى چۆل ـ باياۋاندا كېتىۋېتىپ، ئۇلىغى قېچىپ كەتسە: ”ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۇلىغىمنى توسۇۋېلىڭلار. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۇلىغىمنى توسۇۋېلىڭلار!“ دەپ نىدا قىلسۇن! چۈنكى ئاللاھنىڭ شۇ زېمىنغا قاراۋاتقان پەرىشتىسى ئۇنىڭ ئۇلىغىنى توسۇۋالىدۇ»[①].

(مەۋسىلى: 5269؛ «ئەلكەبىر»)

9406 ـ عَنِ ٱبنِ عُمَرَ عَنِ النبيِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الضالةِ أنَهُ كَانَ يَقُولُ: اللهُم رَاد الضالةِ وَهَادِيَ الضلالَةِ تَهْدِي مِنَ الضلالَةِ ارْدُدْ عَلَي ضَالتِي بِقُدْرَتِكِ وَسُلْطَانِكَ فَإنهَا مِنْ عَطَائِكَ وَفَضْلِكَ.

9406 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈتۈپ كەتكەن ئۇلاغ ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«يۈتۈپ كەتكەننى ئىگىسىگە قايتۇرغۇچى، ئېزىپ كەتكەننى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئى ئاللاھ! يۈتۈپ كەتكەن ئۇلىغىمنى قۇدرىتىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىقىڭنىڭ بەركىتىدىن ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، چۈنكى ئۇ سەن بەرگەن نېئمەتتۇر ۋە سېنىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىڭدۇر»[②].

(«ئەلكەبىر»: 13289)

[①] ھەيسەمى (17105): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەئرۇف ئىبنى ھەسسان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (17106): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى يەئقۇب ئىبنى ئەبۇ ئۇبادە مەككى ئىسىملىك ماڭا ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9407 ـ عن أَنس ْبن مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا عَلَا َنشْزًا مِنْ الْأَرْضِ قَالَ اللهُم لَكَ الشرَفُ عَلَى كُل شَرَفٍ وَلَكَ الْحَمْدُ عَلَى كُل حَالٍ.

9407 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداقلىكى بىر ئېگىز يەرگە چىقسا: «ئى الله! ھەرقانداق ئۈستۈنلۈك ئۈستىدىكى ئۈستۈنلۈك ساڭا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ھەر زامان ساڭا مەنسۇپتۇر» دەيتتى[1].
(ئەھمەد: 13092؛ مەۋسىلى)

9408 ـ عن جبير بن مطعم قال قال Б رسول الله صلى الله عليه وسلم أϬب يـا جبير إذا خرجت في سفر أن تكون من أمثل أصحابك هيئة وأكثرهم زادا فقلت نعم بأŷ أنت وأمى قَالَ فاقرأ هذه السور ʅمس قل يا أيها الكافرون وإذا جاء نصر الله والفـتح وقل هو الله أحد وقل أعوذ برب الفلق وقل أعوذ برب الناس وافتتح كل سورة ببسم الله الرϸن الرحيم واختم قراءتك ببسم الله الرϸن الرحيم قال جبير وكنت غنيا كثير اﻤـال فكنت أخرج في سفر فأكون أبذهم هيئة وأقلهم زادا فما زلت منذ علمنيهن رسـول الله صلى الله عليه وسلم وقرأت ŏن أكون من أحسنهم هيئة وأكثرهم زادا حǴ رجع مـن سفري.

9408 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:
ــ ئى جۇبەير! سەپەرگە چىقساڭ، ھەمراھلىرىڭ ئىچىدە ئەڭ سۆلەتلىك ۋە ئەڭ كۆپ پايدىغا ئېرىشىدىغان كىشى بولۇشنى خالامسەن؟ ـ دېگەنىدى، مەن:
ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئەلۋەتتە خالايمەن، ـ دېدىم. ئۇ ماڭا:
ـ ئۇنداق بولسا، سەن كافىرۇن، نەسر، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناستىن ئىبارەت بۇ بەش سۈرىنى ئوقۇغىن، ھەر بىرىنى ئوقۇغاندا "بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم" بىلەن باشلاپ، قىرائىتىڭنى يەنە

---

[1] ھەيسەمى (17111): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زىياد ئىبنى نەمرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ بىلەن تۇگەتكىن! ـ دېدى. مەن مېلى ئەڭ جىق بايلاردىن بىرى ئىدىم، بىراق سەپەرگە چىقسام ئەڭ كۆرۈمسىز، پايدىسىمۇ ئەڭ ئاز كىشى مەن بولاتتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويغان ۋە مەن ئۇلارنى ئوقۇغان كۈندىن تارتىپ سەپىرىمدىن قايتىپ كەلگۈچە ھەمراھلىرىم ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكەن ۋە پايدىغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن كىشى مەن بولۇپ كەلدىم[1].

(مەۋسىلى: 7419)

9409 ـ عن ابن عمر قال كنا نسافر مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فإذا رأى قرية يريد أن يدخلها قال اللهم بارك لنا فيها ثلاث مرات اللهم ارزقنا حياها وحببنا إلى أهلها وحبب صالحي أهلها إلينا.

9409 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەپەرگە چىققاندا، ئۇ بىرەر مەھەللىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرمەكچى بولسا، ئۈچ قېتىم: «ئى الله! بىزگە ئۇ مەھەللىدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئى الله! بىزگە ئۇنىڭ جانلىقلىرىدىن رىزىق قىلىپ بەرگىن، بىزنى ئۇنىڭ ئاھالىسىگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكىن، ئۇنىڭ ياخشى كىشىلىرىنى بىزگىمۇ سۆيۈملۈك كۆرسەتكىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

9410 ـ عن أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قُلْنَا يَوْمَ الْخَنْدَقِ يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ مِنْ شَيْءٍ نَقُولُهُ فَقَدْ بَلَغَتْ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ قَالَ نَعَمْ اللهُم اسْتُرْ عَوْرَاتِنَا وَآمِنْ رَوْعَاتِنَا قَالَ فَضَرَبَ اللهُ عَز وَجَل وُجُوهَ أَعْدَائِهِ بِالريحِ فَهَزَمَهُمْ اللهُ عَز وَجَل بِالريحِ.

---

[1] ھەيسەمى (17112): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا ناتونۇش بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17115): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى خېلى ياخشى، ـ دېگەن.

9410 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: خەندەك ئۇرۇشى بولغان كۈنى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! (ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن) جان ھەلقۇمغا يېتىپ قالدى، بىز قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر دۇئا بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەلۋەتتە بار، ”ئى الله! ئەۋرەتلىرىمىزنى ياپقىن، بىزنى قورقۇنچلىرىمىزدىن ئەمىن قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلىڭلار! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا دۈشمەنلىرىگە قارشى بوران چىقاردى ۋە ئۇلارنى شۇ بوران بىلەن مەغلۇپ قىلدى[1].

(ئەھمەد: 10613؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (17128): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## باشقا كۈن چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا، ئىستىخارە (ياخشىلىق تىلەش) دۇئاسى، ياد ئېلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدىغان دۇئا، تاماق يېگەن، بىر نەرسە ئىچكەن، كىيىم كىيگەن ۋە باشقا ئىشلارنى قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

9411 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ عِنْدَ الْكَرْبِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ رَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ رَب السـمَوَاتِ وَرَب الْأَرْضِ وَرَب الْعَرْشِ الْكَرِيمِ.

9411 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىغا كۈن چۈشكەندە: «بىر اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغدۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، بۈيۈك ئەرشىنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دەپ دۇئا قىلاتتى.

(بۇخارى: 6346)

9412 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَدْعُو بِمثله.

9412 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدىمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش دۇئا قىلغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

(تىرمىزى: 3435)

9413 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِ قَالَ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ الْمَسْجِدَ فَإِذَا هُوَ بِرَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ يُقَالُ لَهُ أَبو أُمَامَةَ فَقَالَ يَا أَبا أُمَامَةَ مَا لِـي أَرَاكَ جَالِسًا فِي الْمَسْجِدِ فِي غَيْرِ وَقْتِ الصلَاةِ قَالَ هُمُومٌ لَزِمَتْنِي وَدُيُونٌ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَفَلَا أُعَلمُكَ كَلَامًا إِذَا أَنتَ قُلْتَهُ أَذْهَبَ اللهُ عَز وَجَل هَمكَ وَقَضَى عَنْكَ دَيْنَكَ قَالَ قُلْتُ بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ قُلْ إِذَا أَصْبَحْتَ وَإِذَا أَمْسَيْتَ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْهَم وَالْحَزَنِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ الْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الديْنِ وَقَهْـرِ الرجَالِ قَالَ فَفَعَلْتُ ذَلِكَ فَأَذْهَبَ اللهُ عَز وَجَل هَمي وَقَضَى عَني دَيْنِي.

9413 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە، ئەبۇ ئۇمامە ئىسىملىك بىر ئەنسارى تۇرغانىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ــ ئى ئەبۇ ئۇمامە! ھازىر ناماز ۋاقتى بولمىسا، مەسجىدتە ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى غەم بېسىۋالدى، قەرزلىرىم بار ئىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، مەن ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئەگەر سەن ئۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، الله تائالا سېنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ ۋە قەرزلىرىڭنى ئادا قىلىدۇ، ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا: «ئى الله! ساڭا سېغىنىپ غەم ـ قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ غەزىپىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇغىن! ـ دېدى.

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېيىن مۇنداق دېگەن: مەن شۇنداق قىلغانىدىم، الله تائالا مېنى غەملىرىمدىن خالاس قىلدى ۋە قەرزلىرىمنى ئادا قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1555)

9414 ـ عَنْ أنس ْبن مَالِكٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ إِذَا كَرَبَهُ أمْرٌ قَالَ يَا حَي يَا قَيومُ بِرَحْمَتِكَ أسْتَغِيثُ.

9414 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر ئىش قىيىن كەلسە: «ئى ھەمىشە تىرىك تۇرغۇچى، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلغۇچى الله! سېنىڭ رەھمىتىڭگە يېلىنىپ ياردەم تىلەيمەن» دەيتتى[2].

(تىرمىزى: 3524)

9415 ـ عَنْ أسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيْسٍ قَالَتْ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ ألَا أعَلمُكِ كَلِمَاتٍ تَقُولِيَنهُن عِنْدَ الْكَرْبِ أوْ فِي الْكَرْبِ ألله ألله رَبي لَا أشْرِكُ بِهِ شَيْئًا.

9415 ـ ئۇمەيسنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ساڭا بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئوقۇيدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي (ئەگەر شۇنداق ئەھۋالغا يولۇقساڭ): "الله بىردۇر، الله مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايمەن" دېگىن!» دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1525)

9416 ـ عن عَبْد الرحْمَنِ بن أبِي بَكْرَةَ أنهُ قَالَ لِأبِيهِ يَا أبَتِ إِني أسْمَعُكَ تَدْعُو كُل غَدَاةٍ اللهُم عَافِنِي فِي بَدَنِي اللهُم عَافِنِي فِي سَمْعِي اللهُم عَافِنِي فِي بَصَرِي لَا إِلَهَ إِلا

[1] ئەلبانى (333): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2796): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1349): سەھىھ ـ دېگەن.

أَنتَ تُعِيدُهَا ثَلَاثًا حِينَ تُصْبِحُ وَثَلَاثًا حِينَ تُمْسِي فَقَالَ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللــهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْعُو بِهِن فَأَنَا أُحِب أَنْ أَسْتَن بِسُنتِهِ.

9416 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاتامدىن:

ـ ئى ئاتا! مەن سىنىڭ ھەر كۈنى: ”ئى الله! تېنىمنى سالامەت قىلغىن، ئى الله! قۇلىقىمنى سالامەت قىلغىن، ئى الله! كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلغانلىقىڭنى ئاڭلايمەن، سەن بۇ دۇئانى ھەر ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم، كەچتە ئۈچ قېتىم ئوقۇيسەن، بۇنىڭ سىرى نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىم، شۇڭا مەن ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5090)

9417 ـ عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه: أن رسولَ الله صلى الله عليه وسلم قال: «مَن كَثُر هَمهُ فَلْيَقُل: اللهم إني عَبدُكَ، وابن عبدكَ، وابنُ أَمتـكَ، وفي قبضَـتِكَ، ناصِيتي بيدِكَ، ماضٍ في حكمُكَ، عدلٌ في قضاؤُكَ، أسألُك بكل اسمٍ هو لكَ، سَميتَ به نفسكَ، أو أنزَلته في كتابكَ، أو استأثَرتَ به في مكْنون الغيب عندَك: أن تجعـلَ القـرآن ربيعَ قلبي، وجَلاءَ هَمي وغَمي، ما قالها عبدٌ قط إلا أذْهَبَ الله غَمهُ، وأبدله به فرحا».

9417 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمنىڭ غېمى كۆپىيىپ كەتسە: ”ئى الله! مەن سېنىڭ بەندەڭ، بەندەڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلى، مەن سېنىڭ چاڭگىلىڭدىمەن، كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، ھەققىمدە چىقارغان ھۆكمىڭ ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە بۇ ھۆكۈم ئادىللىق بىلەن چىقىرىلغاندۇر. ئى الله! سېنىڭ ئۆزەڭنى ئاتىغان، كىتابىڭدا نازىل قىلغان ۋە ئۆز دەرگاھىڭدا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي يوشۇرۇن ساقلىغان بارلىق ئىسىملىرىڭنى

---

[1] ئەلبانى (4245): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

شېپى كەلتۈرۈپ سورايمەنكى، قۇرئان كەرىمنى قەلبىمنىڭ باھارى، غەم ـ قايغۇلىرىمنىڭ ئىلاجى قىلىپ بەرگىن!" دېسۇن. كىمكى بۇ دۇئانى ئوقۇسا، الله ئۇنى غەم ـ قايغۇلىرىدىن خالاس قىلىپ، چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9418 ـ عَنْ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أَرَادَ أَمْرًا قَالَ اللهُم خِرْ لِي وَاخْتَرْ لِي.

9418 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا: «ئى الله! ماڭا ياخشى ئىشنى مۇيەسسەر قىلغىن ۋە پايدىلىقىنى ئۆزەڭ تاللاپ بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى[1].

(تىرمىزى: 3516)

9419 ـ عَنْ شَدادِ بن أَوْسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلمُنَا أَنْ نَقُولَ اللهُم إني أَسْأَلُكَ الثبَاتَ فِي الْأَمْرِ وَأَسْأَلُكَ عَزِيمَةَ الرشْدِ وَأَسْأَلُكَ شُكْرَ نِعْمَتِكَ وَحُسْنَ عِبَادَتِكَ وَأَسْأَلُكَ لِسَانًا صَادِقًا وَقَلْبًا سَلِيمًا وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا تَعْلَمُ وَأَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا تَعْلَمُ وَأَسْتَغْفِرُكَ مِما تَعْلَمُ إِنكَ أَنتَ عَلامُ الْغُيُوبِ.

9419 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: «ئى الله! دىندا مۇستەھكەم، توغرا ئىشتا قەتئىي ئىرادىلىك قىلىشىڭنى، نېئمىتىڭگە شۈكرى قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشىمغا مۇۋەپپەق قىلىشىڭنى، تىلىمنى راستچىل، قەلبىمنى ساغلام قىلىشىڭنى سەندىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ، سەن بىلىدىغان يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن ۋە سەن بىلىدىغان ياخشىلىقلاردىن سورايمەن. شۇنداقلا سەن بىلىدىغان بارلىق

[1] ئەلبانى (699): زەئىپ، ـ دېگەن.

گۇناھلىرىمغا سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن. سەن ھەقىقەتەن غەيبلەرنى ناھايىتى بەك بىلىپ تۇرغۇچىسەن!» دېگەن دۇئانى ئۆگەتتى[1].

(تىرمىزى: 3407)

9421 ـ عن أبي بكر الصديق رضي الله عنه قال: «علمَني رسولُ الله صلى الله عليه وسلم هذا الدعاء، قال: قل: اللهم إني أسألك بمحمد نبيك، وبإبراهيم خليلك، وبموسى نجيك، وبعيسى رُوحِك وكلمتِك، وبتوراة موسى، وإنجيل عيسى، وزبور داودَ، وفُرقان مُحمدٍ، وكل وَحي أوحَيْتَهُ، وقضاءٍ قَضَيْتَهُ، وأسألك بكل اسمٍ هو لك، أَنزَلْتَه في كتابك، أو استأثرت به في غيبك، وأسألك باسمك المطهر الطاهر، بالأحَد الصمد الوِتْر، وبعظَمَتِك وكِبْريائك، وبِنور وجهك: أن ترزُقَني القرآن، والعلمَ، وأنْ تَخْلِطَهُ بِلحْمي، ودمي، وسمعي، وبصري، وَتَستَعمل به جسدي، بحولك وقوتك، فإنه لا حول ولا قوة إلا بك».

9421 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا دۇئا ئۆگەتتى ۋە: «ئى الله! پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، خەلىلىڭ (دوستۇڭ) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى، سەن بىۋاسىتە مۇناجاتلاشقان پەيغەمبىرىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى، سەن تەرەپتىن كەلگەن روھ ۋە سېنىڭ كەلىمەڭ بىلەن يارىتىلغان ئىسا ئەلەيھىسسالامنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن تەۋراتنى، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىنجىلنى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن زەبۇرنى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلگەن قۇرئاننى، سەن ۋەھيى قىلغان پۈتكۈل ۋەھيىنى ۋە سەن ھۆكۈم قىلغان پۈتكۈل ھۆكۈمنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، شۇنداقلا، سەن كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئۆز ئىلمىڭدە يوشۇرۇن ساقلىغان ئىسىملىرىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ، سېنىڭ بارلىق گۈزەل ۋە پاك

[1] ئەلبانى (675): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىسىملىرىڭنى، بىر، ھەممە موھتاج ۋە يېگانە ئىكەنلىكىڭنى، ئۇلۇغلۇقىڭنى، بۈيۈكلىكىڭنى، جامالىڭنىڭ نۇرىنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ماڭا قۇرئاننى ۋە باشقا ئىلىملەرنى ئاتا قىلىشىڭنى، ئۇنى تېنىمگە، قېنىمغا، قۇلاقلىرىمغا ۋە كۆزلىرىمگە مۇجەسسەملەشتۈرۈۋېتىشىڭنى، سېنىڭ كۈچ - قۇدرىتىڭنىڭ ياردىمى بىلەن جىسمىمنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدۇرۇشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن، سېنىڭ ياردىمىڭسىز ھېچ كۈچ - قۇۋۋەت يوقتۇر“ دېگىن!» دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9422 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَكَلَ أَوْ شَرِبَ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مُسْلِمِينَ.

9422 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماق يېگەندە ياكى بىر نەرسە ئىچكەندە: «بىزگە يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن ۋە بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قىلغان ﷲقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلاتتى[①].

(تىرمىزى: 3457)

9423 - عَنْ أَبِي أَيوبَ الْأَنصَارِي قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَكَلَ أَوْ شَرِبَ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَطْعَمَ وَسَقَى وَسَوغَهُ وَجَعَلَ لَهُ مَخْرَجًا.

9423 - ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماق يېگەندە ياكى بىر نەرسە ئىچكەندە: «يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن، ئۇنى سىڭىشلىك قىلغان ۋە ئۇنىڭغا چىقىش يولى (يەنى تەرەت يولى) قىلغان ﷲقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلاتتى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3851)

[①] ئەلبانى (681): زەئىپ، - دېگەن.

[②] ئەلبانى (3261): سەھىھ - دېگەن.

9424 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا رَفَعَ مَائِدَتَهُ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ غَيْرَ مَكْفِي وَلَا مُوَدعٍ وَلَا مُسْتَغْنًى عَنْهُ رَبنَا.

9424 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داستىخاندىن تۇرسا: «سانسىزلىغان، پاك ۋە مۇبارەك ھەمدۇسانالار اللهقا خاستۇركى، ئۇنىڭ نېئمىتىدىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدۇ، ئۇ نېئمەتكە بولغان تىلەكلىرىمىز توختاپ قالمايدۇ، بىز ئۇنىڭغا ھەمىشە موھتاجمىز، الله بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر» دەپ دۇئا قىلاتتى.

(بۇخارى: 5458)

9425 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذِ بْنِ أَنَسٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَكَلَ طَعَامًا فَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَطْعَمَنِي هَذَا وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِني وَلَا قُوةٍ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدمَ مِنْ ذَنْبِهِ.

9425 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى تاماق يەپ بولۇپ: ”بۇ تاماقنى ماڭا يېگۈزگەن ۋە ئۇنى مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمسىز رىزىق قىلىپ بەرگەن اللهقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!“ دېسە، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3458)

9426 ـ وفي زيادة: وَمَنْ لَبِسَ ثَوْبًا فَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي كَسَانِي هَذَا الثوْبَ وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِني وَلَا قُوةٍ غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدمَ مِنْ ذَنْبِهِ وَمَا تَأَخرَ.

9426 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى يېڭى كىيىم كىيگەندە: ”بۇ كىيىمنى ماڭا كىيگۈزگەن ۋە ئۇنى مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمسىز رىزىق قىلىپ بەرگەن اللهقا

[1] ئەلبانى (2751): ھەسەن، ـ دېگەن.

ھەمدۇسانالار بولسۇن“ دېسە، ئۇنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4023)

9427 ـ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ كَانَ لَا يُؤْتَى أَبَدًا بِطَعَامٍ وَلَا شَرَابٍ حَتى الدوَاءُ فَيَطْعَمَهُ أَوْ يَشْرَبَهُ إِلا قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي هَدَانَا وَأَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَنعمَنَا اللهُ أَكْبَـرُ اللهُم أَلْفَتْنَا نِعْمَتُكَ بِكُل شَر فَأَصْبَحْنَا مِنْهَا وَأَمْسَيْنَا بِكُل خَيْرٍ فَنَسْأَلُكَ تَمَامَهَا وَشُكْرَهَا لَا خَيْرَ إِلا خَيْرُكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ إِلَهَ الصالِحِينَ وَرَب الْعَالَمِينَ الْحَمْدُ لِلهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ مَا شَاءَ اللهُ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ اللهُم بَارِكْ لَنَا فِيمَا رَزَقْتَنَا وَقِنَا عَذَابَ النارِ.

9427 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاتامغا قانداقلىكى تاماق ياكى ئىچىدىغان نەرسە كەلتۈرۈلسە، ھەتتا دورا بولسىمۇ، ئۇنى يەپ ياكى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن: ”بىزنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگەن، بىزگە يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن ۋە نېئمەت بەرگەن اللهقا ھەمدۇسانالار بولسۇن! الله ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. ئى الله! سېنىڭ نېئمىتىڭ بىزنى پۈتۈن يامانلىقتىن ساقلاپ قالدى، شۇ نېئمەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق ۋە نۇرغۇن ياخشىلىق بىلەن كەچ قىلدۇق. سەندىن شۇ نېئمىتىڭنىڭ داۋامىنى ۋە بىزنىڭ شۇ نېئمەت ئۈچۈن ساڭا شۈكرى قىلىشىمىزنى تىلەيمىز! سەن ئاتا قىلغان ياخشىلىقتىن باشقا ھېچ ياخشىلىق يوق، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بەرھەق يوق، سەن ياخشى كىشىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئەھلى جاھاننىڭ پەرۋەردىگارىسەن. جىمى ھەمدۇسانا اللهقا خاستۇر، بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله خالىغان نەرسە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت اللهقا مەنسۇپتۇر. ئى الله! بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى بەرىكەتلىك قىلغىن ۋە بىزنى دوزاختىن ساقلىغىن!“ دەپ دۇئا قىلاتتى.

(مالىك: 1740)

---

[①] ئەلبانى (3394): ھەسەن، ـ دېگەن.

9428 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ دَخَلْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنا وَخَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ عَلَى مَيْمُونَةَ فَجَاءَتْنا بِإِنَاءٍ فِيهِ لَبَنٌ فَشَرِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا عَلَى يَمِينِهِ وَخَالِدٌ عَلَى شِمَالِهِ فَقَالَ لِي الشرْبَةُ لَكَ فَإِنْ شِئْتَ آثَرْتَ بِهَا خَالِدًا فَقُلْتُ مَا كُنتُ أُوثِرُ عَلَى سُؤْرِكَ أَحَدًا ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَطْعَمَهُ اللهُ الطعَامَ فَلْيَقُلْ اللهُم بَارِكْ لَنا فِيهِ وَأَطْعِمْنا خَيْرًا مِنْهُ وَمَنْ سَقَاهُ اللهُ لَبَنًا فَلْيَقُلْ اللهُم بَارِكْ لَنا فِيهِ وَزِدْنا مِنْهُ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ شَيْءٌ يُجْزِئُ مَكَانَ الطعَامِ وَالشرَابِ غَيْرُ اللبَنِ.

9428 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچىمىز مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇ بىزگە بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى. سۈتتىن ئالدى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچتى. مەن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد سول تەرىپىدە ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ سۈت ئىچىش نۆۋىتى سىنىڭ، ئەمما خالىساڭ، خالىد ئالدىدا ئىچىۋالسۇن، ـ دېگەندى، مەن:

ــ سىنىڭ ئاغزىڭ تەگكەن سۈتنى باشقىلارغا ھەرگىز ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن، ـ دېدىم. كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله كىمگە تاماق يېگۈزسە، ئۇ: ”ئى الله! تامىقىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى تاماق بەرگىن!“ دەپ دۇئا قىلسۇن! الله كىمگە سۈت ئىچكۈزسە، ئۇ: ”ئى الله! سۈتىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغىن، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سۈت بەرگىن!“ دەپ دۇئا قىلسۇن!» دېدى. ئۇ يەنە: «سۈتتىن باشقا نەرسە يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ» دېدى[1].

(تىرمىزى: 3455)

[1] ئەلبانى (2749): ھەسەن، ـ دېگەن.

9429 ـ عَنْ أنسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَاءَ إلَى سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ فَجَاءَ بِخُبزٍ وَزَيْتٍ فَأَكَلَ ثُم قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفْطَرَ عِنْدَكُمْ الصائِمُونَ وَأَكَلَ طَعَامَكُمْ الْأَبْرَارُ وَصَلتْ عَلَيْكُمْ الْمَلَائِكَةُ.

9429 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى، ئۇ داستىخانغا نان ۋە ياغ ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يېدى، ئاندىن: «ئۆيۈڭلاردا روزا تۇتقانلار ئىپتار قىلدى، تامىقىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلدى» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3854)

9430 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ صَنَعَ أُبو الْهَيْثَمِ بْنُ التيْهَانِ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَعَامًا فَدَعَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابَهُ فَلَما فَرَغُوا قَالَ أَثِيبُوا أَخَاكُمْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا إثَابَتُهُ قَالَ إن الرجُلَ إذَا دُخِلَ بَيْتُهُ فَأُكِلَ طَعَامُهُ وَشُرِبَ شَرَابُهُ فَدَعَوْا لَهُ فَذَلِكَ إثَابَتُهُ.

9430 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تەيھان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاتاپ تاماق ئەتتى، ئاندىن ئۇنى ۋە ساھابىلىرىنى تاماققا چاقىردى. تاماقتىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قېرىندىشىڭلارغا ساۋاب تىلەڭلار! ـ دېگەنىدى، ساھابىلەر:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ساۋاب تىلەش قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (3263): سەھىھ ـ دېگەن.

ـــ بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ تامىقىنى ۋە چېيىنى ئىچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش (ئۇنىڭغا) ساۋاب تىلىگەنلىكتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3853)

9431 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اسْتَجَد ثَوْبًا سَماهُ بِاسْمِهِ إِما قَمِيصًا أَوْ عِمَامَةً ثُم يَقُولُ اللهُم لَكَ الْحَمْدُ أَنتَ كَسَوْتَنِيهِ أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِهِ وَخَيْرِ مَا صُنِعَ لَهُ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرهِ وَشَر مَا صُنِعَ لَهُ.

9431 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى كۆينەك كىيسە ياكى سەللە يۆگىسە، ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالاتتى ۋە: «ئى الله! ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، بۇ كىيىمنى ماڭا سەن كىيگۈزدۇڭ، سەندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىشنى تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنى يامان ئىشلارغا ئىشلىتىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4020)

9432 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ لَبِسَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ ثَوْبًا جَدِيدًا فَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي كَسَانِي مَا أُوَارِي بِهِ عَوْرَتِي وَأَتَجَملُ بِهِ فِي حَيَاتِي ثُم عَمَدَ إِلَى الثوْبِ الذِي أَخْلَقَ فَتَصَدقَ بِهِ ثُم قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ لَبِسَ ثَوْبًا جَدِيدًا فَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي كَسَانِي مَا أُوَارِي بِهِ عَوْرَتِي وَأَتَجَملُ بِهِ فِي حَيَاتِي ثُم عَمَدَ إِلَى الثوْبِ الذِي أَخْلَقَ فَتَصَدقَ بِهِ كَانَ فِي كَنَفِ اللهِ وَفِي حِفْظِ اللهِ وَفِي سَتْرِ اللهِ حَيا وَمَيتًا.

9432 ـ ئەبۇ ئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

---

[1] ئەلبانى (830): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3393): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «يېڭى كىيىم كىيگەن كىشى: ”ئەۋرىتىمنى يېپىش ۋە ھاياتىمدا ياسىنىش ئۈچۈن ماڭا كىيىم بەرگەن اللهقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!“ دېگەندىن كېيىن، كونا كىيىمىنى سەدىقە قىلىۋەتسە، الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھىمايىسىگە ئالىدۇ، قوغدايدۇ ۋە (يامان ئىشلاردىن) ساقلايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3560)

9433 ـ عَنْ أَبِي رَافِعٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: إِذَا طَنـتْ أُذُنُ أَحَدِكُمْ فَلْيَذْكُرْنِي وَلْيُصَل عَلَيَّ وَلْيَقُلْ: ذَكَرَ اللهُ بِخَيْرٍ مَنْ ذَكَرَنِي.

9433 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمنىڭ قۇلىقى غوڭۇلدىسا، مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىپ، دۇرۇد يوللىسۇن ۋە: ”الله مېنىڭ گېپىمنى قىلغان كىشىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغاي“ دېسۇن»[2].

(«ئەلكەبىر»: 958)

9434 ـ عن أنس قال كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا نظر في المرآة قـال الحمد لله الذى سوى خلقي وأحسن صورتي وزان مني ما شان من غيرى.

9434 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەيىنەككە قارىغان چاغدا: «مېنى بېجىرىم، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان ۋە باشقىلاردىن ئالاھىدە قىلغان اللهقا ھەمدىلەر بولسۇن!» دەيتتى[3].

(بەززار: 3124)

[1] ئەلبانى (713): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17142): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ «ئەلكەبىر»دىكى سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (17143): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە داۋۇد ئىبنى مۇھەببەر ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## يېڭى ئاينى كۆرگەندە، چاقماق چاقـقاندا، بۇلۇت قاپلـىغاندا، بوران چىقـقاندا، چۈشكۈرگەندە، ئەرافات ۋە قەدىر كېچىسىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار

9435 ـ عَنْ طَلْحَةَ بنِ عُبَيْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا رَأى الْهِلَالَ قَالَ اللهُم أَهْلِلْهُ عَلَيْنَا بِالْيُمْنِ وَالْإِيمَانِ وَالسلَامَةِ وَالْإِسْلَامِ رَبي وَرَبكَ اللهُ.

9435 ـ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى ئاينى كۆرگەندە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت، ئىمان، سالامەتلىك ۋە ئىسلام ئېيى قىلغىن. (ئى ئاي!) مېنىڭمۇ، سېنىڭمۇ رەببىڭ اللهتۇر»[1].

(تىرمىزى: 3451)

9436 ـ عن قَتَادَة أَنهُ بَلَغَهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا رَأى الْهِلَالَ قَالَ هِلَالُ خَيْرٍ وَرُشْدٍ هِلَالُ خَيْرٍ وَرُشْدٍ هِلَالُ خَيْرٍ وَرُشْدٍ آمَنْتُ بِالذِي خَلَقَكَ ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم يَقُولُ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي ذَهَبَ بِشَهْرِ كَذَا وَجَاءَ بِشَهْرِ كَذَا.

9436 ـ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى ئاينى كۆرگەندە، ئۈچ قېتىم: «ياخشىلىق ۋە ھىدايەت ئېيى، ياخشىلىق ۋە ھىدايەت ئېيى، ياخشىلىق ۋە ھىدايەت ئېيى، سېنى ياراتقان زاتقا ئىمان كەلتۈردۈم. پالانى ئاينى ئېلىپ كېتىپ، بۇ ئاينى ئېلىپ كەلگەن اللهقا ھەمدۇ سانا بولسۇن» دەيتتى[2].

(تىرمىزى: 5092)

---

[1] ئەلبانى (2745): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبىناى (1089): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

9437 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إذَا سَـمِعَ صَوْتَ الرعْدِ وَالصوَاعِقِ قَالَ اللهُم لَا تَقْتُلْنَا بِغَضَبِكَ وَلَا تُهْلكْنَا بِعَذَابِكَ وَعَافِنَا قَبْلَ ذَلِكَ.

9437 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! غەزىپىڭ بىلەن بىزنى ئۆلتۈرمىگىن، ئازابىڭ بىلەن ھالاك قىلمىغىن، ئازابىڭ چۈشۈشتىن بۇرۇن بىزنى دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەت!» دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 3450)

9438 ـ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهَا قَالَتْ كَانَ النبِي صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إذَا عَصَفَتْ الريحُ قَالَ اللهُم إني أسْألُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا فِيهَا وَخَيْـرَ مَـا أُرْسِلَتْ بِهِ وَأعُوذُ بِكَ مِنْ شَرهَا وَشَر مَا فِيهَا وَشَر مَا أُرْسِلَتْ بِهِ.

9438 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: قاتتىق بوران چىققاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! مەن بۇنىڭ (بوراننىڭ) ياخشىلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقنى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭدىكى يامانلىقتىن ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن».

(مۇسلىم: 899)

9439 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَـانَ إذَا رَأى نَاشِئًا فِي أُفُقِ السمَاءِ تَرَكَ الْعَمَلَ وَإنْ كَانَ فِي صَلَاةٍ ثُم يَقُولُ اللهُم إني أعُوذُ بِـكَ مِـنْ شَرهَا فَإنْ مُطِرَ قَالَ اللهُم صَيبًا هَنِيئًا.

9439 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمان ئۇپۇقلىرىدا بىر بۇلۇتنى كۆرگەندە، ئىشىنى

[1] ئەلبانى (680): زەئىپ، ـ دېگەن.

تاشلاپ، ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، قىسقىلا ئوقۇپ، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! ساڭا سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن». ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا: «ئى الله! بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغان يامغۇر ئەۋەتكىن!» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5099)

9440 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الـريحُ مِنْ رَوْحِ اللهِ قَالَ سَلَمَةُ فَرَوْحُ اللهِ تَأْتِي بِالرحْمَةِ وَتَأْتِي بِالْعَذَابِ فَإِذَا رَأَيْتُمُوهَا فَلَا تَسُبوهَا وَسَلُوا اللهَ خَيْرَهَا وَاسْتَعِيذُوا بِاللهِ مِنْ شَرهَا.

9440 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شامال الله تەرىپىدىن بولۇپ، بەزىدە رەھمەت ئېلىپ كەلسە، يەنە بەزىدە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا (شامالنى) كۆرگەن چېغىڭلاردا، ئۇنى تىللىماڭلار! ھەممىڭلار بىرلىكتە اللهتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سوراپ، يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5097)

9441 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا عَطَـسَ أَحَـدُكُمْ فَلْيَقُلْ الْحَمْدُ لِلهِ عَلَى كُل حَالٍ وَلْيَقُلْ أَخُوهُ أَوْ صَاحِبُهُ يَرْحَمُكَ اللهُ وَيَقُولُ هُوَ يَهْـدِيكُمُ اللهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ.

9441 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى چۈشكۈرسە: ”ئەلھەمدۇلىللاھى ئەلا كۇللى ھال“ (يەنى ھەر قانداق ئەھۋالدا اللهقا ھەمدە ئېيتىمەن) دېسۇن. يېنىدىكى بۇرادىرى

---

[1] ئەلبانى (4252): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4250): سەھىھ ـ دېگەن.

ياكى دوستى ئۇنىڭغا: ”يەرھەمۇكەللا“ (يەنى الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېسۇن. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن (چۈشكۈرگۈچى): ”يەھدىكۇمۇللاھ ۋە يۇسلىھ بالەكۇم“ (يەنى الله سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشىڭلارنى ئوڭلىسۇن) دەپ جاۋاب قايتۇرسۇن»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5033)

9442 ـ عَنْ هِلَالِ بْنِ يَسَافٍ قَالَ كُنا مَعَ سَالِمِ بْنِ عُبَيْدٍ فَعَطَسَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ فَقَالَ سَالِمٌ وَعَلَيْكَ وَعَلَى أُمكَ ثُم قَالَ بَعْدُ لَعَلكَ وَجَدْتَ مِما قُلْتُ لَكَ قَالَ لَوَدِدْتُ أَنكَ لَمْ تَذْكُرْ أُمي بِخَيْرٍ وَلَا بِشَر قَالَ إِنمَا قُلْتُ لَكَ كَمَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنا بَيْنَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ عَطَسَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْكَ وَعَلَى أُمكَ ثُم قَالَ إِذَا عَطَسَ أَحَدُكُمْ فَلْيَحْمَدْ اللهَ قَالَ فَذَكَرَ بَعْضَ الْمَحَامِدِ وَلْيَقُلْ لَهُ مَنْ عِنْدَهُ يَرْحَمُكَ اللهُ وَلْيَرُد يَعْنِي عَلَيْهِمْ يَغْفِرُ اللهُ لَنَا وَلَكُمْ.

9442 ـ ھىلال ئىبنى يەسافتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن سالىم ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، بىر ئادەم (ئۇنىڭ يېنىدا) چۈشكۈرۈپ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ـ دېدى. سالىم ئۇنىڭغا:

ـ ساڭا ۋە ئاناڭغا بولسۇن! ـ دەپ جاۋاب قايتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن، سالىم ئۇ كىشىگە:

ـ مېنىڭ سۆزۈمدىن رەنجىپ قالدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئانامنى تىلغا ئالمىغان بولساڭ سۆيۈنەتتىم، ـ دېگەندى، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ مەن ساڭا ئەينەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىنى دېدىم. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق، ئادەملەردىن بىرى چۈشكۈرۈپ: ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ دېگەندى، پەيغەمبەر

[①] ئەلبانى (4209): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالام: «ساڭا ۋە ئائىلەڭگە ساق-سالامەتلىك بولسۇن» دېدى. كېيىن: «سىلەردىن كىم چۈشكۈرسە: ''ئەلھەمدۇلىللاھ'' (اللهقا ھەمدۇسانا بولسۇن) دېسۇن. يېنىدىكى ئادەم ئۇنىڭغا: ''يەرھەمۇكەللاھ'' (الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېسۇن. چۈشكۈرگەن ئادەم ئۇنىڭغا: ''يەغفىرۇللاھۇ لەنا ۋە لەكۇم'' (يەنى الله بىزنى ۋە سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن) دېسۇن'' دېدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5031)

9443 ـ عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا عَطَسَ فَقِيلَ لَهُ يَرْحَمُكَ اللهُ قَالَ يَرْحَمُنَا اللهُ وَإِياكُمْ وَيَغْفِرُ لَنا وَلَكُمْ.

9443 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر چۈشكۈرگەن ۋاقىتتا، باشقىلار ئۇنىڭغا:

ـ يەرھەمۇكەللاھ! ـ دېسە، ئۇ جاۋابەن:

ـ الله بىزگە ۋە سىلەرگە مەرھەمەت ۋە مەغپىرەت قىلسۇن! ـ دەيتتى.

(مالىك: 1800)

9444 ـ عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ أَكْثَرُ مَا دَعَا بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَشِيةَ عَرَفَةَ فِي الْمَوْقِفِ اللهُم لَكَ الْحَمْدُ كَالذِي نَقُولُ وَخَيْرًا مِما نَقُولُ اللهُم لَكَ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي وَإِلَيْكَ مَآبِي وَلَكَ رَب تُرَاثِي اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَوَسْوَسَةِ الصدْرِ وَشَتَاتِ الْأَمْرِ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا تَجِيءُ بِهِ الريحُ.

9444 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافاتتا تۇرغان كۈنى كەچتە مۇنۇ دۇئالارنى ئەڭ كۆپ قىلغان: «ئى الله! بىز ئېيتىۋاتقان ۋە ئېيتقىنىمىزدىنمۇ كۆپرەك ھەمدۇ سانالار ساڭا بولسۇن. ئى الله! نامىزىم، ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ھەممىسى سەن ئۈچۈندۇر. بارىدىغان جايىم سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر، پۈتۈن بايلىقىم سېنىڭدۇر. ئى الله! قەبرە ئازابىدىن،

---

[1] ئەلبانى (1067): زەئىپ، ـ دېگەن.

نەپسىمنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن، ئىشىمنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى اﷲ! شامال ئېلىپ كەلگەن ئاپەتنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

(تىرمىزى: 3520)

9445 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَيْرُ الدعَاءِ دُعَاءُ يَوْمِ عَرَفَةَ وَخَيْرُ مَا قُلْتُ أَنا وَالنبِيونَ مِنْ قَبْلِي لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ.

9445 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇئالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەرافات كۈنى قىلىنغان دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى: ''اﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر'' دېگەن سۆزدۇر»[2].

(تىرمىزى: 3585)

9446 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيْتَ إِنْ عَلِمْتُ أَي لَيْلَةٍ لَيْلَةُ الْقَدْرِ مَا أَقُولُ فِيهَا قَالَ قُولِي اللهُم إِنكَ عُفُو كَرِيمٌ تُحِب الْعَفْوَ فَاعْفُ عَني.

9446 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! قەدىر كېچىسىنى تاپسام، نېمە دەيمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

[1] ئەلبانى (702): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2837): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ ئــى الله! ســەن كــەچۈرگــۈچى كــەرەمــلــىــك زاتســەن، ئەپــۇ قــىــلــىــشــنــى ياخشى كۆرسەن، مېنى كەچۈرگىن! ـ دېگىن[1].

(تىرمىزى: 3513)

[1] ئەلبانى (2789): سەھىھ ـ دېگەن.

## مۇئەييەن ۋاقىتقا بەلگىلەنمىگەن دۇئالار

9447 ـ عَنْ سَعْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعْوَةُ ذِي النـون إذْ دَعَا وَهُوَ فِي بَطْنِ الْحُوتِ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِني كُنتُ مِنْ الظالِمِينَ فَإِنهُ لَمْ يَدْعُ بِهَا رَجُلٌ مُسْلِمٌ فِي شَيْءٍ قَط إِلا اسْتَجَابَ اللهُ لَهُ.

9447 ـ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ: ”ئى الله! سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن كەمچىلىكلەردىن پاكسەن، ھەقىقەتەن مەن زالىملاردىن بولدۇم“ دەپ دۇئا قىلغانىدى. قانداق بىر مۇسۇلمان مانا مۇشۇ دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسا، الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3505)

9448 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ مِنْ دُعَاءِ دَاوُدَ يَقُولُ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ حُبكَ وَحُب مَنْ يُحِبكَ وَالْعَمَلَ الذِي يُبَلغُنِي حُبكَ اللهُـم اجْعَلْ حُبكَ أَحَب إِلَي مِنْ نَفْسِي وَأَهْلِي وَمِنْ الْمَاءِ الْبَارِدِ قَالَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا ذَكَرَ دَاوُدَ يُحَدثُ عَنْهُ قَالَ كَانَ أَعْبَدَ الْبَشَرِ.

9448 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«داۋۇد ئەلەيھىسسالام: ”ئى الله! سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنى سۆيگەنلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە

---

[1] ئەلبانى (2785): سەھىھ ـ دېگەن.

يېتەكلەيدىغان ئەمەلنى تىلەيمەن. ئى الله! مۇھەببىتىڭنى ماڭا ئۆز نەپسىمدىن، ئەھلىمدىن ۋە چاڭقىغان ۋاقىتتا ئىچىلگەن سوغۇق سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن“ دەپ دۇئا قىلاتتى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىگەندە: «ئۇ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىبادەتگۆي كىشى ئىدى» دەيتتى①.

(تىرمىزى: 3490)

9449 ـ أبو هريرة رضي الله عنه يرفعه: «أن دعاءَ قوم يونس: يا حَي يا قيومُ يا حي حينَ لا حيُ يا مُحْيِيُ يا مُمِيتُ يا ذا الجلال والإكرام».

9449 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ دۇئاسى مۇنداق ئىدى: ”ئى الله! سەن ھەمىشە ھاياتسەن، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىسەن، ھېچكىم ھايات ئەمەس چاغدا سەن ھايات ئىدىڭ، سەن تىرىلدۈرگۈچىسەن، ئۆلتۈرگۈچىسەن، ئۇلۇغلۇق ۋە كەرەم ئىگىسىسەن“».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9450 ـ عن عائشةُ عن النƑ صلى الله عليه وسلم قال: «لما أهـبط الله آدم إƂ الأرض قام وجاه الكعبةُ فصلى ركعتينُ فأƮمه الله هذا الدعاء: اللهم إنك تعلم سريرƺُ وعلانيتي فاقبل معذرƺُ وتعلم حاجتي فأعطƗ سؤƂُ وتعلم ما في نفسي فاغفر Ƃ ذنƑ. اللهم إƆ أسألك إيمانا يباشر قلƑُ ويقينا صادقا حƓ أعلم أنه لا يصيبƗ إلا ما كتبت Ƃُ ورضا بما قسمت Ƃ. فأوحى الله إليه: يا آدمُ إƆ قد قبلت توبتكُ وغفرت لك ذنبـكُ ولن يدعوƆ أحد ŏذا الدعاء إلا غفرت له ذنبهُ وكفيته المهم من أمرهُ وزجـرت عنـه الشيطانُ واƟرت له من وراء كل تاجرُ وأقبلت إليه الدنيا راغمةُ وإن Ɓ يردها».

9450 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

① ئەلبانى (691): زەئىپ، ـ دېگەن.

«ئادەم ئەلەيھىسسالام اﷲ تائالا تەرىپىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەندە، كەئبىگە يۈزلىنىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. اﷲ تائالا ئۇنىڭغا مۇنۇ دۇئانى ئىلھام قىلدى: ”ئى اﷲ! سەن مېنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا ھەممە ئىشىمنى بىلىسەن، ئۆزرىمنى قوبۇل قىلغىن. ھاجىتىمنى بىلىسەن، تىلىگىنىمنى بەرگىن. ئىچىمدىكىنى بىلىسەن، گۇناھىمنى كەچۈرگىن. ئى اﷲ! مەن سەندىن قەلبىمنى تولدۇرىدىغان ئىمان، ھەقىقىي ئىشەنچ تىلەيمەنكى، سەن ماڭا تەقدىر قىلغان نەرسىدىن ئەسلا ئارتۇقى بولمايدۇ، مەن ئۈچۈن تەقسىم قىلغان نەرسەڭگە رازى قىل“. اﷲ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ: ”ئى ئادەم! تەۋبەڭنى قوبۇل قىلدىم، گۇناھىڭنى كەچۈردۈم. قانداق بىر كىشى بۇ دۇئا بىلەن ماڭا دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىمەن، ئۇنىڭ مۇھىم ئىشىغا ئۆزەم كېپىللىك قىلىمەن، شەيتاننى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىمەن. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى كۆپەيتىپ بېرىمەن. ئۇ ئادەم دۇنيانى خالىمىسىمۇ، دۇنيا ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ، ـ دېدى»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

9451 ـ عن عبد الله بن مسعود قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «ألا أعلمكم الكلمات التي تكلم بها موسى عليه السلام حين جاوز البحر ببني إسرائيل؟» فقلنا: بلى، يا رسول الله قال: «قولوا: اللهم لك الحمد، وإليك المشتكى، وأنت المستعان، ولا حول ولا قوة إلا بالله العظيم» قال: فما تركتهن منذ سمعتهن من شقيق وقال شقيق: ما تركتهن منذ سمعتهن من عبد الله، وقال عبد الله: ما تركتهن منذ سمعتهن من رسول الله صلى الله عليه وسلم قال الأعمش: فأتاني آت في منامي، فقال: «يا سليمان، زد في هؤلاء الكلمات: ونستعينك على فساد هو فينا، ونسألك صلاح أمرنا كله».

9451 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ھەيسەمى (17426): بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نەزر ئىبنى تاھىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

- سىلەرگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەنى ئىسرائىل بىلەن دېڭىزدىن ئۆتكەن چاغدا ئوقۇغان دۇئانى ئۆگىتەيمۇ؟ - دېدى.

— ماقۇل، ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- "ئى الله! ساڭا ھەمدۇ سانا بولسۇن، دەردىمىزنى ساڭا ئېيتىمىز، سەندىن ياردەم تىلەيمىز، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ اللهنىڭ كۈچىدىن باشقا ھېچقانداق كۈچ ۋە قۇدرەت يوقتۇر" دەڭلار! - دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ:

- مەن بۇ دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغاندىن بېرى تاشلىمىدىم. شەقىق:

- مەن بۇ دۇئانى ئابدۇللاھتىن ئاڭلىغاندىن بېرى ھېچ تاشلىمىدىم، - دېدى. ئەئمەش:

— مەن بۇ دۇئانى شەقىقتىن ئاڭلىغاندىن بېرى تاشلىمىدىم، چۈشۈمدە بىرى ماڭا: "ئى سۇلايمان! بۇ دۇئاغا: ئارىمىزدىكى بۇزغۇنچىلارغا قارشى سەندىن ياردەم تىلەيمىز، بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تۈزىلىشىنى سەندىن تىلەيمىز، - دېگەن سۆزلەرنىمۇ قوشۇپ دۇئا قىلغىن!" دەپ تەۋسىيە قىلدى، - دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 339)

9452 ـ عَنْ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ رَأى صَاحِبَ بَلَـاءٍ فَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي عَافَانِي مِما ابْتَلَاكَ بِهِ وَفَضلَنِي عَلَى كَثِيرٍ مِمنْ خَلَقَ تَفْضِيلًا إلا عُوفِيَ مِنْ ذَلِكَ الْبَلَاءِ كَائِنًا مَا كَانَ مَا عَاشَ.

9452 - ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بالاغا يولۇققان كىشىنى كۆرگەندە: سېنى يولۇقتۇرغان بۇ بالادىن مېنى ساقلىغان ۋە مېنى (خاتىرجەملىكتە) بىر مۇنچە

---

[1] ھەيسەمى (17427): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان بىر قانچە كىشى بار، - دېگەن.

مەخلۇقلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا بولسۇن، ـ دېسە، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ بالادىن ساقلىنىپ قالىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3431)

9453 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُم أَصْلِحْ لِي دِينِي الذِي هُوَ عِصْمَةُ أَمْرِي وَأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ التِي فِيهَا مَعَاشِي وَأَصْلِحْ لِي آخِرَتِي التِي فِيهَا مَعَادِي وَاجْعَلْ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُل خَيْرٍ وَاجْعَلْ الْمَوْتَ رَاحَةً لِي مِنْ كُل شَر.

9453 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

«ئى ئاللاھ! پۈتۈن ئىشلىرىمنىڭ ھىمايىچىسى بولغان دىيانىتىمنى ئىسلاھ قىلغىن، ياشىشىم ئۈچۈن كېرەك بولغان دۇنيالىقىمنى تۈزەتكىن، بارار جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشى قىلغىن، ھاياتىمدا ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۆلۈم ئارقىلىق مېنى دۇنيانىڭ پۈتكۈل يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم قىلغىن».

(مۇسلىم: 2720)

9454 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم انْفَعْنِي بِمَا عَلمْتَنِي وَعَلمْنِي مَا يَنْفَعُنِي وَزِدْنِي عِلْمًا الْحَمْدُ لِلهِ عَلَى كُل حَالٍ وَأَعُوذُ بِاللهِ مِنْ حَالِ أَهْلِ النارِ.

9454 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى ئاللاھ! ماڭا پايدىلىق ئىلىمنى ئۆگەتكىن ۋە ئۆگەنگەن ئىلمىمنى مەنپەئەتلىك قىلغىن. بىلىمىمنى زىيادە قىلغىن. ھەر قانداق ھالەتتە

[1] ئەلبانى (2728): ھەسەن، ـ دېگەن.

ﷲقا ھەمدۇ سانا بولسۇن. ﷲ تائالاغا سىغىنىپ، دوزاخ ئەھلىنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

(تىرمىزى: 3599)

9455 ـ عَنْ أَبِي سَعْدٍ الْحِمْصِي قَالَ سَمِعْتُ أَبا هُرَيْرَةَ يَقُولُ دُعَاءٌ حَفِظْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا أَدَعُهُ اللهُم اجْعَلْنِي أُعْظِمُ شُكْرَكَ وَأُتبِعُ نَصِيحَتَكَ وَأُكْثِرُ ذِكْرَكَ وَأَحْفَظُ وَصِيتَكَ.

9455 ـ ئەبۇ سەئد ھىمسىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن مۇنۇ دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياد ئېلىۋالغاندىن بېرى تاشلىماي ئوقۇدۇم: «ئى ﷲ! مېنى ساڭا كۆپ شۈكۈر قىلىدىغان، نەسىھىتىڭگە قۇلاق سالىدىغان، سېنى كۆپ ياد ئېتىدىغان ۋە ۋەسىيىتىڭنى ئەڭ ياخشى ساقلايدىغان كىشى قىلغىن».

(ئەھمەد: 9823)

9456 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْعُو فَيَقُولُ اللهُم مَتعْنِي بِسَمْعِي وَبَصَرِي وَاجْعَلْهُمَا الْوَارِثَ مِني وَانْصُرْنِي عَلَى مَنْ يَظْلِمُنِي وَخُذْ مِنْهُ بِثَأْرِي.

9456 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ﷲ! مېنى قۇلىقىمدىن ۋە كۆزۈمدىن بەھرىمەن قىلغىن، تاكى ئۆلگىچە مېنى كۆز ۋە قۇلىقىمدىن ئايرىۋەتمىگىن. ماڭا زۇلۇم قىلغانغا قارشى ياردەم بەرگىن ۋە ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بەرگىن»[2].

(تىرمىزى: 3972)

[1] ئەلبانى (2845): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2854): ھەسەن، ـ دېگەن.

9457 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ سَمِعْتُ دُعَاءَكَ اللَّيْلَةَ فَكَانَ الذِي وَصَلَ إِلَي مِنْهُ أَنكَ تَقُولُ اللهُم اغْفِرْ لِي ذَنْبِي وَوَسعْ لِي فِي دَارِي وَبَارِكْ لِي فِيمَا رَزَقْتنِي قَالَ فَهَلْ تَرَاهُن تَرَكْنَ شَيْئًا.

9457 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! بۇ كېچە (يېنىڭغا) بارسام، دۇئا قىلىۋاتقان ئىكەنسەن، سېنىڭ: «ئى اللە! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۆيۈمنى كەڭ قىلغىن، ماڭا بەرگەن رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگىن» دېگەن دۇئالىرىڭنى ئاڭلىدىم، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ سېنىڭچە بۇ دۇئالار ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بىرەر تىلەك قالغانمىدۇ؟! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3500)

9458 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ كَانَ أَكْثَرُ دُعَاءِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم رَبنَا آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ.

9458 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە ھاللاردا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

(بۇخارى: 6389)

9459 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَجُلًا جَاءَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الدعَاءِ أَفْضَلُ قَالَ سَلْ رَبكَ الْعَافِيَةَ وَالْمُعَافَاةَ فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ ثُم أَتَاهُ فِي الْيَوْمِ الثانِي فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الدعَاءِ أَفْضَلُ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ ثُم أَتَاهُ فِي الْيَوْمِ الثالِثِ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ قَالَ فَإِذَا أُعْطِيتَ الْعَافِيَةَ فِي الدنْيَا وَأُعْطِيتَهَا فِي الْآخِرَةِ فَقَدْ أَفْلَحْتَ.

[1] ئەلبانى (694): زەئىپ، ـ دېگەن.

9459 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! ئەڭ ئەۋزەل دۇئا قايسى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ رەببىڭدىن سالامەتلىك ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەت سائادىتىنى سورىغىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم ئىككىنچى كۈنى يەنە كېلىپ:

ـ ئەڭ ئەۋزەل دۇئا قايسى؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى كۈنى يەنە كېلىپ، ئوخشاش سوئالنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئوخشاش جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

ــ ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەت ئاتا قىلىنسا، ھەقىقەتەن نىجات تاپقان بولىسەن، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 3512)

9460 ـ عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَادَ رَجُلًا مِنْ الْمُسْلِمِينَ قَدْ خَفَتَ فَصَارَ مِثْلَ الْفَرْخِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ كُنْتَ تَدْعُو بِشَيْءٍ أَوْ تَسْأَلُهُ إِياهُ قَالَ نَعَمْ كُنْتُ أَقُولُ اللهُم مَا كُنْتَ مُعَاقِبِي بِهِ فِي الْآخِرَةِ فَعَجلْهُ لِي فِي الدنْيَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُبْحَانَ اللهِ لَا تُطِيقُهُ أَوْ لَا تَسْتَطِيعُهُ أَفَلَا قُلْتَ اللهُم آتِنَا فِي الدنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النارِ قَالَ فَدَعَا اللهَ لَهُ فَشَفَاهُ.

9460 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇشنىڭ بالىسىدەك ئاجىزلاپ كەتكەن بىر مۇسۇلماننى يوقلىدى ۋە ئۇنىڭدىن:

ـ اللەتىن بىرەر نەرسە تىلەپ دۇئا قىلغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ھەئە. مەن: ”ئى الله! ماڭا ئاخىرەتتە بەرمەكچى بولغان ئازابنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا بېرىۋەتكىن!“ دەپ دۇئا قىلغانىدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

① ئەلبانى (698): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ سۇبھانالالاھ! ئۇنىڭ ئازابىغا كۈچۈڭ قانداق يېتىدۇ؟ ئۇنداق دېگىچە: ”پەرۋەردىگارىم! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن“ دەپ دۇئا قىلساڭ بولماسمىدى؟! ــ دېدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دۇئا قىلغانىدى، الله تائالا ئۇنىڭغا دەرھال شىپالىق بەردى.

(مۇسلىم: 2688)

9461 ـ عَنْ أَنسٍ بنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَأَلَ اللهَ الْجَنةَ ثَلَاثَ مَراتٍ قَالَتْ الْجَنةُ اللهُم أَدْخِلْهُ الْجَنةَ وَمَنْ اسْتَجَارَ مِنْ النارِ ثَلَاثَ مَراتٍ قَالَتْ النارُ اللهُم أَجِرْهُ مِنْ النارِ.

9461 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم اللهتىن جەننەتنى ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت: ”ئى الله! ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن!“ دەيدۇ. كىم دوزاختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسە، دوزاخ: ”ئى الله! ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!“ دەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2572)

9462 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْعُو يَقُولُ رَب أَعِني وَلَا تُعِنْ عَلَي وَانْصُرْنِي وَلَا تَنْصُرْ عَلَي وَامْكُرْ لِي وَلَا تَمْكُرْ عَلَي وَاهْدِنِي وَيَسرْ الْهُدَى لِي وَانْصُرْنِي عَلَى مَنْ بَغَى عَلَي رَب اجْعَلْنِي لَكَ شَكارًا لَكَ ذَكارًا لَكَ رَهابًا لَكَ مِطْوَاعًا لَكَ مُخْبِتًا إِلَيْكَ أَواهًا مُنِيبًا رَب تَقَبلْ تَوْبَتِي وَاغْسِلْ حَوْبَتِي وَأَجِبْ دَعْوَتِي وَثَبتْ حُجتِي وَسَددْ لِسَانِي وَاهْدِ قَلْبِي وَاسْلُلْ سَخِيمَةَ صَدْرِي.

9462 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا پايدىلىق ئىشلاردا ياردەمچى بولغىن،

[1] ئەلبانى (2079): سەھىھ ـ دېگەن.

زىيانلىق ئىشلاردا ياردەمچى بولمىغىن. ماڭا ياردەم بەرگىن، دۈشمەنلىرىمگە ياردەم بەرمىگىن. ماڭا ھىيلە ئىشلەتكەن ئادەملەرگە قارشى ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگىن ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا قارشى ھىيلە ئىشلىتىشىگە ياردەم بەرمىگىن. مېنى توغرا يولغا باشلىغىن، توغرا يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن. ماڭا تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن. ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى سېنى كۆپ زىكرى قىلىدىغان، ساڭا بەك شۈكۈر ئېيتىدىغان، سەندىن بەك قورقىدىغان، ساڭا بويسۇنىدىغان، ساڭا كەمتەرلىك قىلىدىغان ۋە بەك تەۋبە قىلىدىغان قىلغىن. ئى پەرۋەردىگارىم! تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، گۇناھلىرىمنى يۇغىن، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن، مېنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، تىلىمنى توغرا سۆزلەيدىغان قىلغىن. قەلبىمنى ھىدايەتكە باشلىغىن، كۆڭلۈمدىكى ئاداۋەتلەرنى چىقىرىپ تاشلىغىن»[1].

(تىرمىزى: 3551)

9463 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ أَعُوذُ بِعِزتِكَ الذِي لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ الذِي لَا يَمُوتُ وَالْجِن وَالْإِنسُ يَمُوتُونَ.

9463 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «سېنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىڭگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەنكى، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. الله ئۆلمەيدۇ، ئىنسان ۋە جىنلار ئۆلىدۇ».

(بۇخارى: 7383)

9464 ـ عن رِفَاعَةَ قَالَ قَامَ أَبو بَكْرٍ الصديقُ عَلَى الْمِنْبَرِ ثُم بَكَى فَقَالَ قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْأَولِ عَلَى الْمِنْبَرِ ثُم بَكَى فَقَالَ اسْأَلُوا اللهَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فَإِن أَحَدًا لَمْ يُعْطَ بَعْدَ الْيَقِينِ خَيْرًا مِنْ الْعَافِيَةِ.

[1] ئەلبانى (2816): سەھىھ - دېگەن.

9464 ـ رىفائە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەرگە چىقىپ، يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتكەن يىلى مۇنبەرگە چىقىپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «اللهتىن كەچۈرۈم ۋە ئامانلىق سوراڭلار. چۈنكى ھېچكىمگە ئىماندىن قالسىلا ئامانلىقتىنمۇ ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ» دېگەنىدى[1].

(تىرمىزى: 3558)

9465 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ عَلمَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قُلْ اللهُم اجْعَلْ سَرِيرَتِي خَيْرًا مِنْ عَلَانِيَتِي وَاجْعَلْ عَلَانِيَتِي صَالِحَةً اللهُم إنِي أَسْأَلُكَ مِنْ صَالِحِ مَا تُؤْتِي الناسَ مِنْ الْمَالِ وَالْأَهْلِ وَالْوَلَدِ غَيْرِ الضال وَلَا الْمُضِل.

9465 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن:

«ئى الله! مەخپىي ئىشىمنى ئاشكارا ئىشىمدىن ياخشى قىلغىن، ئاشكارا ئىشىمنى دۇرۇست قىلغىن. ئى الله! ماڭا ئازمايدىغان ۋە ئازدۇرمايدىغان ياخشى مال، ياخشى ئايال ۋە ياخشى بالا بېرىشىڭنى سورايمەن»[2].

(تىرمىزى: 3586)

9466 ـ عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْ اللهُم اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي.

9466 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ ئى ئەلى! الله تائالاغا: ’’ئى الله! ماڭا ھىدايەت بەرگىن، مېنى ھەق يولغا مۇۋەپپەق قىلغىن‘‘ دەپ دۇئا قىلغىن.

(مۇسلىم: 2725)

[1] ئەلبانى (2821): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (722): زەئىپ، ـ دېگەن.

9467 ـ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ بْنِ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يَدْعُو بِهَذَا الدعَاءِ اللهُم اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي وَجَهْلِي وَإِسْرَافِي فِي أَمْرِي وَمَا أَنتَ أَعْلَمُ بِهِ مِني اللهُم اغْفِرْ لِي جِدي وَهَزْلِي وَخَطَئِي وَعَمْدِي وَكُل ذَلِكَ عِنْدِي اللهُم اغْفِرْ لِي مَا قَدمْتُ وَمَا أَخرْتُ وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ وَمَا أَنتَ أَعْلَمُ بِهِ مِني أَنتَ الْمُقَدمُ وَأَنتَ الْمُؤَخرُ وَأَنتَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ.

9467 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! گۇناھىمنى ۋە نادانلىقىمنى كەچۈرگىن، ئىشىمدىكى ئىسراپچىلىقىمنى ۋە مېنىڭ ھەققىمدە سەن مەندىن ياخشى بىلىدىغان كەمچىلىكلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن. ئى الله! مېنىڭ راستىن ياكى چاقچاقتىن، سەۋەنلىك بىلەن ياكى قەستەن سادىر بولۇپ قالغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله! مېنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، مەخپىي ۋە ئاشكارا، شۇنداقلا مېنىڭ ھەققىمدە سەن مەندىن ياخشى بىلىدىغان كەمچىلىكلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله! سەن خالىغان كىشىنى تائەتكە مۇۋەپپەق قىلىسەن، خالىغان كىشىنى تائەتتىن مەھرۇم قىلىسەن. سەن ھەممىگە قادىر زاتسەن».

(مۇسلىم: 2719)

9468 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ يَزِيدَ الْخَطْمِي الْأَنصَارِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يَقُولُ فِي دُعَائِهِ اللهُم ارْزُقْنِي حُبكَ وَحُب مَنْ يَنْفَعُنِي حُبهُ عِنْدَكَ اللهُم مَا رَزَقْتَنِي مِما أُحِب فَاجْعَلْهُ قُوةً لِي فِيمَا تُحِب اللهُم وَمَا زَوَيْتَ عَني مِما أُحِب فَاجْعَلْهُ فَرَاغًا لِي فِيمَا تُحِب.

9468 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد خەتمى ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! ماڭا مۇھەببىتىڭنى ئاتا قىلغىن ۋە سېنىڭ دەرگاھىڭدا مۇھەببىتى پايدا بېرىدىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنىمۇ ئاتا قىلغىن. ئى الله! سەن ماڭا ئاتا قىلغان نازۇنېمەتلەرنى سەن رازى

بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىم ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت قىلىپ بەرگىن.
مەن ئارزۇ قىلغان، ئەمما سەن مېنى مەھرۇم قىلغان نەرسىلەرنى
قەلبىمدىن يىراق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەن ياخشى كۆرىدىغان
ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنى نېسىپ قىلغىن»[1].

(تىرمىزى: 3491)

9469 ـ عَنْ عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَبِي يَا حُصَيْنُ كَمْ تَعْبُدُ الْيَوْمَ إِلَهًا قَالَ أَبِي سَبْعَةً سِتةً فِي الْأَرْضِ وَوَاحِدًا فِي السمَاءِ قَالَ فَأَيُّهُمْ تَعُدُّ لِرَغْبَتِكَ وَرَهْبَتِكَ قَالَ الذِي فِي السمَاءِ قَالَ يَا حُصَيْنُ أَمَا إِنكَ لَوْ أَسْلَمْتَ عَلمْتُكَ كَلِمَتَيْنِ تَنْفَعَانِكَ قَالَ فَلَما أَسْلَمَ حُصَيْنٌ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ عَلمْنِيَ الْكَلِمَتَيْنِ اللتَيْنِ وَعَدْتَنِي فَقَالَ قُلْ اللهُم أَلْهِمْنِي رُشْدِي وَأَعِذْنِي مِنْ شَر نَفْسِي.

9469 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادام ھۇسەينگە:

ـ ئى ھۇسەين! كۈندە نەچچە ئىلاھقا ئىبادەت قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. دادام:

ـ يەتتە ئىلاھقا. بۇلارنىڭ ئالتىسى يەر يۈزىدە، بىرى ئاسماندا، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئارزۇ ۋە ئامانلىقىڭ ئۈچۈن قايسىسىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى.

ـ ئاسماندىكىسىگە، ـ دېدى.

ـ ئى ھۇسەين! ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ، ساڭا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىككى كەلىمە ئۆگىتىپ قويىمەن، ـ دېدى. كېيىن ھۇسەين مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ۋەدە قىلغان ھېلىقى ئىككى كەلىمىنى ئۆگىتىپ قويساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (692): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ”ئى اللە! ماڭا ھەق يولنى بىلدۈرگىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن!“ دەپ دۇئا قىلغىن! ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 3483)

9470 ـ عن أم سَلَمَةَ قَالَتْ كَانَ أَكْثَرُ دُعَائِهِ يَا مُقَلبَ الْقُلُوبِ ثَبتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ قَالَتْ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَكْثَرَ دُعَاءَكَ يَا مُقَلبَ الْقُلُوبِ ثَبتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ قَالَ يَا أُم سَلَمَةَ إِنهُ لَيْسَ آدَمِي إِلا وَقَلْبُهُ بَيْنَ أُصْبُعَيْنِ مِنْ أَصَابِعِ اللهِ فَمَنْ شَاءَ أَقَامَ وَمَنْ شَاءَ أَزاغ.

9470 ــ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. مەن:

ــ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! بۇ دۇئانى نېمانچە كۆپ ئوقۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئۇممۇ سەلەمە! ھەر قانداق ئىنسانىنىڭ قەلبى اللەنىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدىدۇر. اللە كىمنى خالىسا، شۇنى ھىدايەتكە باشلايدۇ. كىمنى خالىسا، شۇنى ئازدۇرىدۇ. ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 3522)

9471 ـ عن ابي مَالِكٍ الْأَشْجَعِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلمُ مَنْ أَسْلَمَ يَقُولُ اللهُم اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي.

9471 ــ ئەبۇ مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى مۇسۇلمان بولغان بىرىگە ئاۋۋال ناماز ئوقۇشنى، ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۆگىتەتتى: «ئى اللە! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، ھىدايەتكە باشلىغىن، سالامەتلىك بەرگىن ۋە مېنى رىزىقلاندۇرغىن».

(مۇسلىم: 2697)

---

① ئەلبانى (690): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2792): سەھىھ ـ دېگەن.

9472 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُم عَافِنِي فِي جَسَدِي وَعَافِنِي فِي بَصَرِي وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِني لَا إِلَهَ إِلا اللهُ الْحَلِيمُ الْكَرِيمُ سُـبْحَانَ اللهِ رَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ وَالْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ.

9472 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى اللە! تېنىمنى، كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن، تاكى ۋاپات تاپقانغا قەدەر مېنى كۆزۈمدىن ئايرىمىغىن. اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ كۆيۈمچان ۋە كەرەملىك زاتتۇر. بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى بولغان اللە ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر، پۈتۈن ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر»[1].

(تىرمىزى: 3480)

9473 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُـم اغْسِـلْ خَطَايَايَ بِمَاءِ الثلْجِ وَالْبَرَدِ وَنَق قَلْبِي مِنْ الْخَطَايَا كَمَا نَقيْتَ الثوْبَ الْأَبْيَضَ مِنْ الدنَسِ.

9473 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى اللە! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى قار ۋە مۆلدۈر سۈيى بىلەن يۇغىن، ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغىنىڭدەك، مېنىڭ قەلبىمنى گۇناھلىرىمدىن تازىلىغىن»[2].

(نەسائى: 61)

9474 ـ عن أم سلمة عن رسول الله صلى الله عليه وسلمۨ أنه كان يدعو ŏ ـ ؤلاء الكلمات: «اللهم أنت الأول فلا شيء قبلكۨ وأنت اٰخر فلا شيء بعدكۨ أعوذ بك من شر كل دابة ناصيتها بيدكۨ وأعوذ بك من Żqا والكسلۨ ومن عذاب القبرۨ وفتنة الغا ۨ وفتنة الفقرۨ وأعوذ بك من المأŻۨ والمغرمۨ اللهم نق قلF من ا ٦طايا كما نقيت الثـوب

---

[1] ئەلبانى (689): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (60): سەھىھ ـ دېگەن.

الأبيض من الدنس، اللهم باعد بيني وبين خطيئتي كما باعدت بين المشرق والمغرب» هذا ما سأل محمد ربه: «اللهم إني أسألك خير المسألة، وخير الدعاء، وخير النجاح، وخير العمل، وخير الثواب، وخير الحياة، وخير الممات، وثبتني، وثقل موازيني، وارفع درجتي، وتقبل صلاتي، واغفر خطيئتي، وأسألك الدرجات العلى من الجنة. آمين، اللهم إني أسألك الجنة. آمين. اللهم إني أسألك خير ما فعل وخير ما عمل، وخير ما بطن وخير ما ظهر، والدرجات العلى من الجنة. آمين. اللهم إني أسألك أن ترفع ذكري، وتضع وزري، وتصلح أمري، وتطهر قلبي، وتحفظ فرجي، وتنور لي قلبي، وتغفر لي ذنبي، وأسألك الدرجات العلى من الجنة. آمين. اللهم نجني من النار».

9474 ــ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! سەن ئاۋۋال سەن، سەندىن بۇرۇن ھېچنېمە يوق ئىدى. سەن ئاخىر سەن، بارلىق مەۋجۇداتتىن كېيىن سەنلا قالىسەن. بارلىق ھايۋانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. گۇناھتىن، ھورۇنلۇقتىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىق ياكى كەمبەغەللىكنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ۋە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغىنىڭدەك، مېنى گۇناھلىرىمدىن تازىلىغىن. ئى الله! مەن بىلەن گۇناھلىرىمنىڭ ئارىسىنى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدەك يىراق قىلغىن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! سەندىن ئەڭ ياخشى نەرسىنى، ئەڭ ياخشى دۇئانى، ئەڭ ياخشى غەلىبىنى، ئەڭ ياخشى ئەمەلنى، ئەڭ ياخشى ساۋابنى، ئەڭ ياخشى ھاياتنى، ئەڭ ياخشى ئۆلۈمنى تىلەيمەن. ئايىغىمنى ھەقتىن تېيىلدۇرمىغىن. تارازامنى ئېغىر، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن. نامىزىمنى قوبۇل قىلغىن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، جەننەتتىن ئالىي ماقامنى سورايمەن. ئامىن! ئى الله! سەندىن جەننەتنى سورايمەن، ئامىن! ئى الله! سەندىن قىلىنغان ئىشنىڭ ياخشىسىنى،

قىلىنغان ئەمەلنىڭ ياخشىسىنى، مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلىنغاننىڭ ياخشىسىنى، جەننەتتىن يۇقىرى ماقامنى تىلەيمەن، ئامىن! ئى ﷲ! شەنىمنى يۇقىرى، يۈكۈمنى يەڭگىل، ئىشىمنى توغرا، قەلبىمنى پاك قىلغىن. ئەۋرىتىمنى ساقلىغىن، قەلبىمنى نۇرلاندۇرغىن. ئى ﷲ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن. سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي ماقامىنى تىلەيمەن، ئامىن! ئى ﷲ! مېنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن!»[1]

(«ئەلئەۋسەت»)

9475 ـ عن عَبْد اللهِ بن أَبِي أَوْفَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يَـدْعُو اللهُم طَهرْنِي مِنْ الذنُوبِ وَالْخَطَايَا اللهُم نَقنِي مِنْهَا كَمَا يُنَقى الثوْبُ الْأَبْيَضُ مِنْ الـدنَسِ اللهُم طَهرْنِي بِالثلْجِ وَالْبَرَدِ وَالْمَاءِ الْبَارِدِ.

9475 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ﷲ! مېنى گۇناھ ۋە خاتالاردىن پاكلىغىن. ئاق كىيىمدىن كىرلەرنى تازىلىغاندەك، مېنى گۇناھلاردىن پاكلىغىن. ئى ﷲ! مېنى قار ـ مۇز ۋە سوغۇق سۇ بىلەن پاكلىغىن»[2].

(نەسائى: 402)

9476 ـ عن عَبْد اللهِ بن أَبِي أَوْفَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال دَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْأَحْزَابِ فَقَالَ اللهُم مُنْزِلَ الْكِتَابِ سَرِيعَ الْحِسَابِ اهْزِمْ الْأَحْزَابَ اللهُـم اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ.

9476 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتتىپاقداش دۈشمەن

[1] ھەيسەمى (17380): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى زەمبۇر ۋە ئاسىم ئىبنى ئۇبەيد ئىسىملىك ئىككى كىشىدىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما ئۇ ئىككىسىمۇ ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (390): سەھىھ ـ دېگەن.

قوشۇنىغا بەددۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئى كىتاب نازىل قىلغۇچى ۋە تېز ھېساب ئالغۇچى الله! دۈشمەنلەرنى مەغلۇب قىلغىن، ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغىن!»

(بۇخارى: 4115)

9477 ـ عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللُه عَلْيِه وَسَلمَ كَانَ يَدْعُو فَيقُولُ اللهُم إني أَسْأَلُكَ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَتَرْكَ الْمُنكَرَاتِ وَحُب الْمَسَاكِينِ وَإِذَا أَرَدْتَ فِي الناسِ فِتْنَةً فَاقْبِضْنِي إِلَيْكَ غَيْرَ مَفْتُونٍ.

9477 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مەن سەندىن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، يامان ئىشلارنى تاشلاشنى، كەمبەغەللەرنى سۆيۈشنى تىلەيمەن، ئىنسانلارغا بىر بالانى ئەۋەتىشنى خالىساڭ، مېنى ئۇنىڭغا مۇپتىلا قىلماستىن، روھىمنى قەبزى قىلغىن».

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

9478 ـ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللُه عَلْيِه وَسَلمَ كَانَ يَدْعُو فَيقُولُ اللهُم فَالِقَ الْإِصْبَاحِ وَجَاعِلَ اللْيلِ سَكَنًا وَالشمْسِ وَالْقَمَرِ حُسْبَانًا اقْضِ عَني الديْنَ وَأَغْنِنِي مِنْ الْفَقْرِ وَأَمْتِعْنِي بِسَمْعِي وَبَصَرِي وَقُوتي فِي سَبِيلِكَ.

9478 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى تاڭ ئاتقۇزغۇچى، كېچىنى ئارام ئېلىش ۋاقتى قىلغۇچى، قۇياش بىلەن ئاينى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلاندۇرغۇچى الله! مېنى قەرزىمدىن خالاس قىلغىن، كەمبەغەللىكتىن يىراق قىلغىن. قۇلىقىم، كۆزۈم ۋە قۇۋۋىتىم يەنى پۈتۈن ئەزايىمنى سېنىڭ يولۇڭدا خىزمەت قىلدۇرغىن».

(مالىك: 493)

9479 ـ عَنْ عَبْدِ اللِه قَالَ قَالَتْ أُم حَبِيبَةَ زَوْجُ النبِي صَلى اللُه عَلْيِه وَسَلمَ اللهُم أَمْتِعْنِي بِزَوْجِي رَسُولِ اللِه صَلى اللُه عَلْيِه وَسَلمَ وَبِأَبِي أَبِي سُفْيَانَ وَبِأَخِي مُعَاوِيَةَ قَالَ فَقَالَ

النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ سَأَلْتِ اللهَ لِآجَالٍ مَضْرُوبَةٍ وَأَيامٍ مَعْدُودَةٍ وَأَرْزَاقٍ مَقْسُومَةٍ لَنْ يُعَجلَ شَيْئًا قَبْلَ حِلِهِ أَوْ يُؤَخرَ شَيْئًا عَنْ حِلِهِ وَلَوْ كُنْتِ سَأَلْتِ اللهَ أَنْ يُعِيذَكِ مِنْ عَذَابٍ فِي النارِ أَوْ عَذَابٍ فِي الْقَبْرِ كَانَ خَيْرًا وَأَفْضَلَ.

9479 ـ ئۇممۇ ھەبىبەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن الله تائالاغا: ”ئى الله! ئېرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دادام ئەبۇ سۇفيان ۋە ئاكام مۇئاۋىيە بىلەن ئۇزۇن مەزگىل بىرگە ياشاشنى نېسىپ قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ھەقىقەتەن اللهتىن تەقدىر قىلىنغان ئەجەلنى، بەلگىلەنگەن كۈنلەرنى، تەقسىم قىلىنغان رىزىقنى سورىدىڭ. چۈنكى بۇلار ۋاقتىدىن بۇرۇنمۇ كەلمەيدۇ، كېيىنمۇ قالمايدۇ. اللهتىن دوزاخ ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلىگەن بولساڭ، ياخشى ۋە ئەۋزەل بولار ئىدى» دېدى.

(مۇسلىم: 2663)

9480 ـ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن مُكَاتَبًا جَاءَهُ فَقَالَ إِني قَدْ عَجَزْتُ عَنْ كِتَابَتِي فَأَعِني قَالَ أَلَا أُعَلمُكَ كَلِمَاتٍ عَلمَنِيهِن رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ كَانَ عَلَيْكَ مِثْلُ جَبَلِ صِيرٍ دَيْنًا أَداهُ اللهُ عَنْكَ قَالَ قُلْ اللهُم اكْفِنِي بِحَلَالِكَ عَنْ حَرَامِكَ وَأَغْنِنِي بِفَضْلِكَ عَمنْ سِوَاكَ.

9480 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ يېنىغا بىر مۇكاتەب (يەنى خوجايىنىغا مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىپ، ئازاد بولۇشقا پۈتۈشكەن قۇل) كېلىپ:

ـ مېنىڭ ئازادلىققا چىقىشىمغا ياردەم بەرگىن! ـ دېگەنىدى، ئەلى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن دۇئاسىنى ئۆگىتىپ قوياي، شۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، سىر تېغىدەك قەرزىڭ بولسىمۇ، الله ساڭا ياردەم بېرىپ، قەرزىڭنى ئادا قىلىدۇ. مانا مۇنداق دۇئا قىلغىن:

«ئى اﷲ! ھارامدىن ساقلاپ، ھالال رىزىق بىلەن مېنى قانائەتلەندۈرگىن. پەزلى كەرەمىڭ بىلەن مېنى ھېچكىمگە موھتاج قىلمىغىن!»[1].
(تىرمىزى: 3563)

9481 ـ عَنْ مُعَاذِ بن جَبَلٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ افْتَقَدَهُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَلَما صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتى مُعَاذًا فَقَالَ لَهُ: "يا مُعَاذُ مَا لِي لَمْ أَرَكَ؟" قَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ لِيَهُودِي عَلَي أُوقِيةٌ مِنْ تِبْرٍ فَخَرَجْتُ إِلَيْكَ فَحَبَسَنِي عَنْكَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يا مُعَاذُ أَلا أُعَلمُكَ دُعَاءً تَدْعُو بِهِ؟ فَلَوْ كَانَ عَلَيْكَ مِنَ الدينِ مِثْلُ جَبَلِ صَبِرٍ أَداهُ اللهُ عَنْكَ وَصَبِرٌ جَبَلٌ بِالْيَمَنِ فَادْعُ بِهِ يَا مُعَاذُ قُلِ: اللهُم مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمنْ تَشَاءُ وَتُعِز مَنْ تَشَاءُ وَتُذِل مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكِ الْخَيْرُ إنكَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ تُولِجُ اللَّيْلَ فِي النهَارِ وَتُولِجُ النهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَي مِنَ الْمَيتِ وَتُخْرِجُ الْمَيتَ مِنَ الْحَي وَتَرْزُقُ مَنْ تَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ رَحْمَنَ الدنْيَا وَالآخِرَةِ وَرَحِيمَهُمَا تُعْطِي مَنْ تَشَاءُ مِنْهُمَا وَتَمْنَعُ مَنْ تَشَاءُ ارْحَمْنِي رَحْمَةً تُغْنِينِي بِهَا عَنْ رَحْمَةِ مَنْ سِوَاكَ".

9481 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى مېنى كۆرمىگىنى ئۈچۈن، نامازدىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ:

ـ ئى مۇئاز! بۈگۈن سېنى كۆرمىدىمغۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! بىر يەھۇدىيغا بىر ئۇقىيە ئالتۇن قەرزىم بار ئىدى، سېنىڭ يېنىڭغا ماڭسام، ئۇ كېلىپ مېنى مەشغۇل قىلىپ قويدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چىقالمىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ئى مۇئاز! ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي. ئەگەر ئۇ دۇئانى قىلساڭ، سۇبەير (يەمەندىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى) تېغىدەك قەرزىڭ بولسىمۇ، اﷲ ئۇنى تۆلىشىڭگە ياردەم قىلىدۇ. ئى مۇئاز مۇنداق دۇئا قىل: ئى اﷲ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن

[1] ئەلبانى (2822): ھەسەن، ـ دېگەن.

پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن. خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن. جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن. ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن [1]. ئى الله! دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ رەھمان ۋە رەھىمى سەن. بۇ ئىككىسىدىن خالىغىنىڭنى بېرىسەن، خالىغىنىڭنى بەرمەيسەن. ماڭا باشقىلارنىڭ مەرھەمىتىگە موھتاج قىلمايدىغان رەھمەت ئاتا قىلغىن»[2].

(«ئەلكەبىر»: /20154)

9482 ـ عَنْ عُثْمَانَ بنِ حُنَيْفٍ أن رَجُلًا ضَرِيرَ الْبَصَرِ أَتى النبي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَقَالَ ادْعُ اللهَ أنْ يُعَافِيَنِي قَالَ إنْ شِئْتَ دَعَوْتُ وَإِنْ شِئْتَ صَبَرْتَ فَهُوَ خَيْرٌ لَكَ قَالَ فَادْعُهْ قَالَ فَأَمَرَهُ أنْ يَتَوضأَ فَيُحْسِنَ وُضُوءَهُ وَيَدْعُوَ بِهَذَا الدعَاءِ اللهُم إني أَسْأَلُكَ وَأَتَوجهُ إلَيْكَ بِنَبِيكَ مُحَمدٍ نَبِي الرحْمَةِ إني تَوَجهْتُ بِكَ إلَى رَبي فِي حَاجَتِي هَذِهِ لِتُقْضَى لِـي اللهُم فَشَفعْهُ فِي.

9482 ـ ئوسمان ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قارىغۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ اللهقا دۇئا قىلغىن، ماڭا شىپالىق بەرسۇن! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ خالىساڭ ساڭا دۇئا قىلاي، خالىساڭ سەۋر قىلغىن. بۇ سەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ دۇئا قىلىپ قويغىن! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كامىل تاھارەت ئېلىپ، مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشقا

[1] سۈرە ئال ئىمران، 26 ـ ۋە 27 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (17441): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدلىرىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

بۇيرىدى: «ئى اﷲ! مەرھەمەت پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساڭا يۈزلىنىۋاتىمەن. ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! مەن سېنىڭ ھۆرمىتىڭ بىلەن اﷲقا مۇناجات قىلىۋاتىمەن. ئى اﷲ! پەيغەمبىرىڭنى مەن ئۈچۈن شاپائەتچى قىلغىن»[1].

(تىرمىزى: 3578)

9483 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَتَتْ فَاطِمَةُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَسْأَلُهُ خَادِمًـا فَقَالَ لَهَا مَا عِنْدِي مَا أُعْطِيكِ فَرَجَعَتْ فَأَتَاهَا بَعْدَ ذَلِكَ فَقَالَ الذِي سَأَلْتِ أَحَب إِلَيْكِ أَوْ مَا هُوَ خَيْرٌ مِنْهُ فَقَالَ لَهَا عَلِي قُولِي لَا بَلْ مَا هُوَ خَيْرٌ مِنْهُ فَقَالَتْ فَقَالَ قُـولِي اللهُـم رَب السمَاوَاتِ السبْعِ وَرَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ رَبنَا وَرَب كُل شَيْءٍ مُنْزِلَ التوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ الْعَظِيمِ أَنتَ الْأَولُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ وَأَنتَ الْآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ وَأَنتَ الظاهِرُ فَلَـيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ وَأَنتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ اقْضِ عَنا الديْنَ وَأَغْنِنَا مِنْ الْفَقْرِ.

9483 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر خىزمەتچى سوراپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ساڭا بەرگۈدەك خىزمەتچىم يوق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، فاتىمە قايتىپ كەتتى. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ساڭا مەندىن سورىغان نەرسىنى بېرەيمۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق نەرسىنى بېرەيمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەپكە ئارىلىشىپ:

ــ تېخىمۇ ياخشى بولغان نەرسىنى سورىغىن! ــ دىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ تېخىمۇ ياخشىسىنى خالايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

[1] ئەلبانى (2832): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن! ـ دېدى: «ئى يەتتە قەۋەت ئاسمان ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى! بىزنىڭ ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ رەببى! (سەن) تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى چۈشۈرگۈچى زاتسەن. سەن ئاۋۋال سەن، سەندىن بۇرۇن ھېچنېمە يوق ئىدى. سەن ئاخىر سەن، بارلىق مەۋجۇداتتىن كېيىن سەنلا قالىسەن. سەن ئاشكارىسەن (يەنى مەۋجۇتلۇقىڭ دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاشكارىدۇر)، سېنىڭدەك ئاشكارا بىرى يوق. سەن يوشۇرۇنسەن (يەنى سېنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، سېنىڭ زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يېتەلمەيدۇ)، سېنىڭدەك يوشۇرۇن بىرسى يوق. (ئى الله!) بىزنى قەرزدىن قۇتقۇزغىن ۋە كەمبەغەللىكتىن ساقلىغىن»[1].

(ئىبنى ماجە: 3831)

9484 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ دَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِدُعَاءٍ كَثِيرٍ لَمْ نَحْفَظْ مِنْهُ شَيْئًا قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ دَعَوْتَ بِدُعَاءٍ كَثِيرٍ لَمْ نَحْفَظْ مِنْهُ شَيْئًا فَقَالَ أَلَا أَدُلكُمْ عَلَى مَا يَجْمَعُ ذَلِكَ كُلهُ تَقُولُ اللهُم إِنا نَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ مِنْهُ نَبِيكَ مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا اسْتَعَاذَ مِنْهُ نَبِيكَ مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنتَ الْمُسْتَعَانُ وَعَلَيْكَ الْبَلَاغُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ.

9484 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى كۆپ دۇئا قىلدى، لېكىن بىز ھېچنەرسىنى يادىمىزدا تۇتۇۋالالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! كۆپ دۇئا قىلدىڭ، لېكىن بىز ھېچبىرىنى يادا ئالالمىدۇق، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن سىلەرگە ئۇ دۇئانىڭ خۇلاسىسىنى ئاڭلىتايمۇ؟ مۇنداق دەڭلار: «ئى الله! بىز سەندىن پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سورىغان ياخشىلىقنى سورايمىز. پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساڭا سېغىنىپ نېمىدىن پاناھ تىلىگەن بولسا، بىزمۇ

[1] ئەلبانى (3089): سەھىھ ـ دېگەن.

ساڭا سىغىنىپ ئۇ يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمىز. ياردەم سەندىن سورىلىدۇ، بارىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر، كۈچ ۋە قۇۋۋەت پەقەت سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر»[①].

(تىرمىزى: 3521)

9485 ـ عَنْ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اللهُم ارْزُقْنِي شَهَادَةً فِي سَبِيلِكَ وَاجْعَلْ مَوْتِي فِي بَلَدِ رَسُولِكَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9485 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى الله! مېنى سېنىڭ يولىڭدا شېھىد قىلغىن ۋە ئۆلۈمىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىدا قىلغىن».

(بۇخارى: 1890)

9486 ـ عن أنسَ بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال كَانَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ.

9486 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! ساڭا سىغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەبرە ئازابىدىن، ھايات ـ مامات پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن».

(بۇخارى: 6367)

9487 ـ عَنْ أَنسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْبَرَصِ وَالْجُنُونِ وَالْجُذَامِ وَمِنْ سَيئْ الْأَسْقَامِ.

9487 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى الله! ساڭا

[①] ئەلبانى (703): زەئىپ، ـ دېگەن.

سىغىنىپ ئاق كىيسىلى، ساراڭلىق، ماخاۋ كېسىلى ۋە باشقا يامان كېسەللىكلەردىن پاناھ تىلەيمەن»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1554)

9488 ـ عَنْ عَائِشَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْكَسَلِ وَالْهَرَمِ وَالْمَغْرَمِ وَالْمَأْثَمِ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ النارِ وَفِتْنَةِ النارِ وَفِتْنَةِ الْقَبْرِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ وَشَر فِتْنَةِ الْغِنَى وَشَر فِتْنَةِ الْفَقْرِ وَمِنْ شَر فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدجالِ اللهُم اغْسِلْ خَطَايَايَ بِمَاءِ الثلْجِ وَالْبَرَدِ وَنَق قَلْبِي مِنْ الْخَطَايَا كَمَا يُنَقى الثوْبُ الْأَبْيَضُ مِنْ الدنَسِ وَبَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ.

9488 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! ساڭا سىغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەرزدارلىقتىن، گۇناھتىن، دوزاخ ئازابىدىن، دوزاخ ۋە قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىق ياكى كەمبەغەللىك پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن، دەججال پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! گۇناھلىرىمنى قار ۋە مۆز سۈيى بىلەن يۇغىن، ئاق كىيىمنى كىرلەردىن پاكلىغىنىڭدەك، قەلبىمنى گۇناھلاردىن پاكلىغىن. مەن بىلەن گۇناھلىرىمنىڭ ئارىسىنى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك يىراق قىلغىن».

(بۇخارى: 6375)

9489 ـ عَنْ فَرْوَةَ بْنِ نَوْفَلٍ الْأَشْجَعِي قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ عَما كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْعُو بِهِ اللهَ قَالَتْ كَانَ يَقُولُ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا عَمِلْتُ وَمِنْ شَر مَا لَمْ أَعْمَلْ.

9489 ـ فەرۋە ئىبنى نەۋفەل ئەشجەئىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

[①] ئەلبانى (1375): سەھىھ ـ دېگەن.

- پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللە تائالاغا نېمە دەپ دۇئا قىلاتتى؟ - دەپ سورىغانىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللە! ساڭا سېغىنىپ قىلغان ۋە قىلمىغان بارلىق ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

(مۇسلىم: 2716)

9490 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلمَهَا هَذَا الدعَاءَ اللهُم إني أَسْأَلُكَ مِنْ الْخَيْرِ كُلهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ الشر كُلهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ اللهُم إني أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ عَبْدُكَ وَنَبِيكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا عَاذَ بِهِ عَبْدُكَ وَنَبِيكَ اللهُم إني أَسْأَلُكَ الْجَنةَ وَمَا قَربَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ النارِ وَمَا قَربَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ وَأَسْأَلُكَ أَنْ تَجْعَلَ كُل قَضَاءٍ قَضَيْتَهُ لِي خَيْرًا.

9490 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنۇ دۇئانى ئۆگەتكەن: «ئى اللە! مەن سەندىن ھازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممە ياخشىلىقلارنى سورايمەن. ھازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممە يامانلىقلاردىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ سەندىن سورىغان ياخشىلىقلارنى سورايمەن. قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ سەندىن پاناھ تىلىگەن يامانلىقلاردىن مەنمۇ پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! مەن سەندىن جەننەتنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكلەيدىغان سۆز ۋە ئەمەلنى سورايمەن. جەھەننەم ئوتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەلدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا چىقارغان ھەممە ھۆكۈملىرىڭنى مەن ئۈچۈن خەيرلىك قىلىشىڭنى سورايمەن»[1].

(ئىبنى ماجە: 3846)

[1] ئەلبانى (3102): سەھىھ - دېگەن.

9491 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ «اللهُم إِنِى أَعُوذُ بِكَ مِنْ قَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ وَدُعَاءٍ لاَ يُسْمَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لاَ تَشْبَعُ وَمِنْ عِلْمٍ لاَ يَنفَعُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَؤُلاَءِ الأَرْبَعِ».

9491 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى الله! مەن سەندىن قورقمايدىغان قەلبتىن، قوبۇل بولمايدىغان دۇئادىن، تويمايدىغان نەپستىن ۋە پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن» دەپ، مانا بۇ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەيتتى[1].

(تىرمىزى: 3482)

9492 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ مِنْ دُعَاءِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ وَتحَولِ عَافِيَتِكَ وَفُجَاءَةِ نِقْمَتِكَ وَجَمِيعِ سَخَطِكَ.

9492 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! نېئمىتىڭنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن، خاتىرجەملىكىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، تۇيۇقسىز ئازابتىن ۋە بارلىق غەزىپىڭدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن».

(مۇسلىم: 2839)

9493 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْفَقْرِ وَالْقِلةِ وَالذلةِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ أَظْلِمَ أَوْ أُظْلَمَ.

9493 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مەن پېقىرلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن، خارلىقتىن، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ۋە زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1544)

[1] ئەلبانى (2769): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1366): سەھىھ ـ دېگەن.

9494 ـ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَدْعُو يَقُولُ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الشقَاقِ وَالنفَاقِ وَسُوءِ الْأَخْلَاقِ.

9494 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! ھەقتىن يۈز ئۆرۈشتىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە يامان ئەخلاقتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1546)

9495 ـ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْجُوعِ فَإِنهُ بِئْسَ الضجِيعُ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ الْخِيَانَةِ فَإِنها بِئْسَتِ الْبِطَانَة.

9495 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! ساڭا سىغىنىپ ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. چۈنكى ئۇ بەك يامان ھەمراھتۇر. خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن، چۈنكى ئۇ بەك يامان ئىللەتتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1547)

9496 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَعوذُ مِنْ جَهْدِ الْبَلَاءِ وَدَرَكِ الشقَاءِ وَسُوءِ الْقَضَاءِ وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ.

9496 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئېغىر بالادىن، بەختسىزلىكتىن، يامان مۇسىبەتتىن ۋە دۈشمەنلىنىڭ سۆيۈنۈشىدىن اللهقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

(بۇخارى: 6347)

[1] ئەلبانى (332): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1368): ھەسەن، ـ دېگەن.

9497 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَدْعُو بِهَؤُلَاءِ الْكَلِمَاتِ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الديْنِ وَغَلَبَةِ الْعَدُو وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ.

9497 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى اﷲ! مەن قەرزىمنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن، دۈشمىنىمنىڭ ئۈستۈن كېلىشىدىن ۋە دۈشمىنىمنىڭ سۆيۈنىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

(نەسائى: 5475)

9498 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَعَوذُوا بِاللهِ مِنْ جَارِ السوْءِ فِي دَارِ الْمُقَامِ فَإِن جَارَ الْبَادِيَةِ يَتَحَولُ عَنْكَ.

9498 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جايدىكى يامان قوشنىدىن اﷲقا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭلار، چۈنكى يايلاقتىكى قوشنا ئالمىشىپ تۇرىدۇ (يەنى ئۆزۈن تۇرماستىن كۆچۈپ كېتىدۇ)»[2].

(نەسائى: 5502)

9499 ـ عَنْ أَبِي الْيَسَرِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَدْعُو اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْهَدْمِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ التَرَدي وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ الْغَرَقِ وَالْحَرَقِ وَالْهَرَمِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ يَتَخَبطَنِي الشيْطَانُ عِنْدَ الْمَوْتِ وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ فِي سَبِيلِكَ مُدْبِرًا وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ لَدِيغًا.

9499 ـ ئەبۇ يەسەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى اﷲ!

---

[1] ئەلبانى (5055): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (5076): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

تـام بىـسـۋىلـشــتـىـن، غـۇلاپ كـېـتـىـشــتـىـن، غـەرق بولۇشــتـىـن، كۆيـۈپ كـېـتـىـشــتـىـن، بـەك قـېـرىــپ كـېـتـىـشــتـىـن، ئۆلـۈم ئالـدىــدا شــەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىـدىـن، سـېـنـىـڭ يولۇڭـدىكى جـىهاد مـەيدانـىـدا كـەيـنـىـمنى قـىـلـىـپ ئۆلۈشــتـىـن ۋە زەهـەرلـىــك جــانـلـىقلار چـېـقـىـۋېلـىــپ ئۆلۈشــتـىـن ســاڭا سـېـغـىـنـىـپ پاناھ تـىـلـەيمەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1552)

9500 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَعَوذُ مِنْ خَمْسٍ مِنْ الْبُخْلِ وَالْجُبْنِ وَسُوءِ الْعُمُرِ وَفِتْنَةِ الصدْرِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ.

9500 ـ ئـىـبـنـى مـەسئۇد رەزىـيـەللاھۇ ئەنهۇ مۇنـداق دەيـدۇ: پـەيغەمــبـەر سـەلـلاللاھۇ ئـەلـەيهى ۋەسـەللـەم بـېـخـىـلـلـىــق، قورقۇنچـاقلـىق، بەك قـېـرىــپ كـېـتـىـش، ئـېـزىـپ كـېـتـىـش ۋە قـەبرە ئازابى قاتارلـىق بەش نەرسـىـدىـن اللهقـا سـېـغـىـنـىـپ پاناھ تـىـلـەيتتى[2].

(نەسائى: 5446)

9501 ـ عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ اللهُم إني أَعُوذُ بِكَ مِنْ صَلَاةٍ لَا تَنْفَعُ وَذَكَرَ دُعَاءً آخَرَ.

9501 ـ ئـەنـەس رەزىـيـەللاھــۇ ئـەنهــۇدىـن رىــۋايـەت قـىـلـىـنـىـــدۇكى، پـەيغەمـبـەر سـەلـلاللاھۇ ئـەلـەيهى ۋەسـەللـەم مۇنداق دەيتـتـى: «ئـى الله! مـەن پايدىسى بولـمـىغان نامازدىن ساڭا سـېـغـىـنـىـپ پاناھ تـىـلـەيـمـەن» (ۋە باشـقا بـىـر دۇئانى زىـكـىـر قـىـلـدى)[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1549)

9502 ـ عَنْ زِيَادِ بْنِ عِلَاقَةَ عَنْ عَمِهِ قَالَ كَانَ النبِى ـ صلى الله عليه وسـلم ـ يَقُولُ «اللهُم إنى أَعُوذُ بِكَ مِنْ مُنْكَرَاتِ الأَخْلاَقِ وَالأَعْمَالِ وَالأَهْوَاءِ».

---

[1] ئەلبانى (1373): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (412): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1370): سەھىھ ـ دېگەن.

9502 ـ زىياد ئىبنى ئىلاقە تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مەن يامان ئەخلاق، يامان ئىش ۋە يامان خىياللاردىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[1].

(تىرمىزى: 3591)

9503 ـ عن ابي سَعِيدٍ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ أَعُـوذُ بِاللهِ مِنْ الْكُفْرِ وَالدَّيْنِ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَتَعْدِلُ الدَّيْنَ بِالْكُفْرِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ.

9503 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ كۇفرىدىن ۋە قەرزدىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېدى، بىر كىشى:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! قەرزنى كۇفرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(نەسائى: 5473)

9504 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَعَوذُ مِنْ عَـيْنِ الْجَانِ وَعَيْنِ الْإِنسِ فَلَما نَزَلَتْ الْمُعَوذَتَانِ أَخَذَ بِهِمَا وَتَرَكَ مَا سِوَى ذَلِكَ.

9504 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزگە جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىشىدىن پاناھ تىلەيتتى. مۇئەۋۋىزەتەين (يەنى فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى) نازىل بولغاندا، بۇرۇنقى پاناھ تىلەپ قىلىدىغان دۇئالىرىنى تاشلاپ، شۇ ئىككى سۈرىنىلا ئوقۇيدىغان بولدى[3].

(نەسائى: 5494)

[1] ئەلبانى (2840): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (417): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (5069): سەھىھ ـ دېگەن.

9505 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِ فَجِئْتُ فَجَلَسْتُ إِلَيْهِ فَقَالَ يَا أَبَا ذَر تَعَوذْ بِاللهِ مِنْ شَر شَيَاطِينِ الْجِن وَالْإِنسِ قُلْتُ أَوَ لِلْإِنسِ شَيَاطِينُ قَالَ نَعَمْ.

9505 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەسجىدكە كىرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرغانىدىم:

ــ ئى ئەبۇ زەر! ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىدىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئىنسانلارنىڭمۇ شەيتانلىرى بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(نەسائى: 5507)

9506 ـ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن أَبَاهُ حَدثَهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا خَافَ قَوْمًا قَالَ اللهُم إِنا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ.

9506 ـ ئەبۇ بۇردە ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنگە يولۇققاندا مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! بىز ئۇلارنى ساڭا ھاۋالە قىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1537)

9507 ـ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنهُ قَالَ أُسْرِيَ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَأَى عِفْرِيتًا مِنْ الْجِن يَطْلُبُهُ بِشُعْلَةٍ مِنْ نَارٍ كُلمَا الْتَفَتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَآهُ فَقَالَ لَهُ جِبْرِيلُ أَفَلَا أُعَلمُكَ كَلِمَاتٍ تَقُولُهُن إِذَا قُلْتَهُن طَفِئَتْ شُعْلَتُهُ وَخَر لِفِيهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَلَى فَقَالَ جِبْرِيلُ فَقُلْ أَعُوذُ بِوَجْهِ اللهِ الْكَرِيمِ وَبِكَلِمَاتِ اللهِ التامَاتِ اللاتِي لَا يُجَاوِزُهُن بَر وَلَا فَاجِرٌ مِنْ شَر مَا يَنْزِلُ مِنْ السمَاءِ وَشَر مَا يَعْرُجُ فِيهَا

[①] ئەلبانى (424): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1360): سەھىھ ـ دېگەن.

وَشَرِّ مَا ذَرَأَ فِي الْأَرْضِ وَشَرِّ مَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمِنْ فِتَنِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمِنْ طَوَارِقِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ إِلَّا طَارِقًا يَطْرُقُ بِخَيْرٍ يَا رَحْمَنُ.

9507 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن مىراج كېچىسى جىنلاردىن ئىفرىتنىڭ قولىدا مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان ھالدا ئارقامدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ھەر قېتىم ئارقامغا قارىسام، ئۇنى كۆرەتتىم، جىبرىئىل ماڭا:

ـ مەن ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي، ئۇنى ئوقۇساڭ، ئىفرىتنىڭ قولىدىكى مەشئەل ئۆچۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئىفرىت دۈم چۈشىدۇ. مانا بۇ دۇئانى ئوقۇغىن دېدى: "كەرەملىك اللهنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ۋە مەيلى تەقۋادار ياكى گۇناھكار بولسۇن، ھېچكىم ئېيتالمايدىغان كامىل سۆزلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئاسماندىن بالا بولۇپ چۈشكەن ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يامانلىقلاردىن، يەر يۈزىگە تېرىلغان ۋە يەر ئاستىدىن چىققان يامانلىقلاردىن، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پىتنىلىرىدىن، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ مۇسىبەتلىرىدىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن ھادىسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئى رەھمان!"».

(مالىك: 1773)

9508 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ مَا لَقِيتُ مِنْ عَقْرَبٍ لَدَغَتْنِي الْبَارِحَةَ قَالَ أَمَا لَوْ قُلْتَ حِينَ أَمْسَيْتَ أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ لَمْ تَضُرَّكَ.

9508 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! تۈنۈگۈن ئاخشام چايان چېقىۋالغانىدى، بەكمۇ قىينىلىپ كەتتىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- تۇنۇگۇن ئاخشام ۋاقتىدا: ''اللەنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن اللەقا سېغىنىپ ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن'' دېگەن بولساڭ، چايان ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى، - دېدى.

(مۇسلىم: 2790)

9509 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَـالَ إِذَا أَمْسَـى ثَلَاثَ مَراتٍ أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التاماتِ مِنْ شَر مَا خَلَقَ لَمْ تَضُرهُ حُمَةٌ تِلْكَ الليْلَةَ قَـالَ فَكَانَ أَهْلُنَا قَدْ تَعَلمُوهَا فَكَانُوا يَقُولُونَهَا فَلُدِغَتْ جَارِيَةٌ مِنْهُمْ فَلَمْ تَجِدْ لَهَا وَجَعًا.

9509 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كەچقۇرۇن ئۈچ قېتىم: ''اللەنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن اللەقا سېغىنىپ ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن'' دېسە، ئۇ كېچە ئۇنى يىلان ياكى چايان چېقىۋالسىمۇ، زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».

(راۋى) سۇھەيل مۇنداق دەيدۇ: بىز بۇ كەلىمىلەرنى ئۆگەندۇق ۋە ھەر كېچىسى ئوقۇيدىغان بولدۇق. (بىر نەچچە كۈندىن كېيىن) بىر چۆرىمىزنى چايان چېقىۋالدى، لېكىن ئۇ ھېچقانداق ئاغرىق ھېس قىلمىدى.

(ئەھمەد: 7838)

9510 ـ عَنْ شَكَلِ بْنِ حُمَيْدٍ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ عَلمْنِي تَعَوذًا أَتَعَوذُ بِهِ قَالَ فَأَخَذَ بِكَتِفِي فَقَالَ قُلْ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر سَـمْعِي وَمِنْ شَر بَصَرِي وَمِنْ شَر لِسَانِي وَمِنْ شَر قَلْبِي وَمِنْ شَر مَنِيي يَعْنِي فَرْجَهُ.

9510 ـ شەكەل ئىبنى ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا پاناھ تىلەيدىغان بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويساڭ، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دولامدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـ ”ئى اﷲ! قۇلىقىمنىڭ، كۆزۈمنىڭ، تىلىمنىڭ، قەلبىمنىڭ ۋە ئەۋرىتىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن“ دەپ دۇئا قىلغىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3492)

9511 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَوذُ الْحَسَنَ وَالْحُسَيْنَ وَيَقُولُ إِن أَبَاكُمَا كَانَ يُعَوذُ بِهَا إِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التامةِ مِنْ كُل شَيْطَانٍ وَهَامةٍ وَمِنْ كُل عَيْنٍ لَامةٍ.

9511 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن بىلەن ھۈسەينگە: ”اﷲنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن اﷲقا سېغىنىپ ھەرقانداق شەيتاندىن، زەھەرلىك ھاشارەتتىن ۋە يامان كۆزدىن سىلەرنى ساقلىشىنى تىلەيمەن“ دەپ، دۇئا ئوقۇپ قوياتتى ۋە: «چوڭ دادائڭلار (ئىبراھىم) بالىلىرى ئىسمائىل بىلەن ئىسھاق ئۈچۈن مۇشۇنداق دۇئا قىلىپ قوياتتى» دەيتتى.

(بۇخارى: 3371)

9512 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُعَلمُهُمْ هَذَا الدعَاءَ كَمَا يُعَلمُهُمْ السورَةَ مِنْ الْقُرْآنِ يَقُولُ قُولُوا اللهُم إِنا نَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنمَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدجالِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ.

9512 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە: «ئى اﷲ! ساڭا سېغىنىپ جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمىز» دېگەن دۇئانى خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى ئۆگەتكىنىدەك ئۆگىتەتتى.

(مۇسلىم: 590)

---

[1] ئەلبانى (2775): سەھىھ ـ دېگەن.

9513 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ لَا أَقُولُ لَكُمْ إِلا كَمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ كَانَ يَقُولُ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ اللهُم آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكهَا أَنتَ خَيْرُ مَنْ زَكاهَا أَنتَ وَلِيهَا وَمَوْلَاهَا اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لَا يَنفَعُ وَمِنْ قَلْبٍ لَا يَخْشَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لَا تَشْبَعُ وَمِنْ دَعْوَةٍ لَا يُسْتَجَابُ لَهَا.

9513 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەرگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە دېگەن بولسا، شۇنى دەيمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «ئى الله! مەن ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! نەپسىمنى تەقۋا قىلغىن ۋە ئۇنى پاكلىغىن، ئۇنى يالغۇز سەنلا پاكلايسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى سەن. ئى الله! پايدىسىز ئىلىمدىن، قورقمايدىغان قەلبتىن، تويمايدىغان نەپستىن، قوبۇل بولمايدىغان دۇئادىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن».

(مۇسلىم: 2722)

9514 ـ عَنْ الْقَعْقَاعِ بْنِ حَكِيمٍ أَن كَعْبَ الْأَحْبَارِ قَالَ لَوْلَا كَلِمَاتٌ أَقُولُهُن لَجَعَلَتْنِي يَهُودُ حِمَارًا فَقِيلَ لَهُ وَمَا هُن فَقَالَ أَعُوذُ بِوَجْهِ اللهِ الْعَظِيمِ الذِي لَيْسَ شَيْءٌ أَعْظَمَ مِنْهُ وَبِكَلِمَاتِ اللهِ التامات التِي لَا يُجَاوِزُهُن بَر وَلَا فَاجِرٌ وَبِأَسْمَاءِ اللهِ الْحُسْنَى كُلهَا مَا عَلِمْتُ مِنْهَا وَمَا لَمْ أَعْلَمْ مِنْ شَر مَا خَلَقَ وَبَرَأَ وَذَرَأَ.

9514 ـ قەئقائ ئىبنى ھەكىمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كەئبۇل ئەھبار:

ـ مەن ئوقۇيدىغان دۇئا بولمىغان بولسا، يەھۇدىيلار مېنى ئېشەك قىلغان بولاتتى، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن:

ـ ئۇ قايسى دۇئا؟ ـ دەپ سورالغانىدى، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ھەممىدىن بۈيۈك اللهقا، ئۇنىڭ مەيلى گۇناھكار ياكى تەقۋادار بولسۇن، ھېچكىم يېتەلمەيدىغان كامىل سۆزلىرىگە ۋە اللهنىڭ مەن

بىلگەن ۋە بىلمىگەن بارلىق گۈزەل ئىسىملىرىڭگە سېغىنىپ، ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.
(مالىك: 1775)

9515 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ: إِذَا أَتَيْتَ سُلْطَانًا مَهِيبًا تَخَافُ أَنْ يَسْطُوَ بِكَ فَقُلْ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ مِنْ خَلْقِهِ جَمِيعًا اللهُ أَعَز مِما أَخَافُ وَأَحْذَرُ أَعُوذُ بِاللهِ الذِي لا إِلَهَ إِلا هُوَ الْمُمْسِكِ السمَاوَاتِ السبْعَ أَنْ تَقَعْنَ عَلَى الأَرْضِ إِلا بِإِذْنِهِ مِنْ شَر عَبْدِكَ فُلانٍ وَجُنُودِهِ وَأَتْبَاعِهِ وَأَشْيَاعِهِ مِنَ الْجِن وَالإِنْسِ إِلَهِي كُنْ لِي جَارًا مِنْ شَرهِمْ جَل ثَنَاؤُكَ وَعَز جَارُكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَلا إِلَهَ غَيْرُكَ ثَلاثَ مَراتٍ.

9515 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن سۈرلۈك بىر پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولساڭ ۋە ئۇنىڭ ساڭا چېقىلىشىدىن قورقساڭ، مۇنۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغىن: ”الله كاتتىدۇر، ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بۈيۈكتۇر. ئۇ مەن قورققان ۋە ھەزەر ئەيلىگەن نەرسىلەردىن كۈچلۈكتۇر. يەتتە قەۋەت ئاسماننى زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرغۇچى يېگانە اللهقا سېغىنىپ، پالانى بەندىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنسى ـ جىنلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇنلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! مېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن. مەدھىيەڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، ھىمايەڭ نەقەدەر كۈچلۈك، ئىسمىڭ نەقەدەر پاك ۋە بەرىكەتلىك؟! ئى الله! سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر“[1].
(«ئەلكەبىر»)

9516 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بن مَسْعُودٍ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: إِذَا تَخَوفَ أَحَدُكُمُ السلْطَانَ فَلْيَقُلِ: اللهُم رَب السمَاوَاتِ السبْعِ وَرَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ كُنْ لِي جَارًا

[1] ھەيسەمى (17447): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

مِنْ شَر فُلانِ بن فُلانٍ يَعْنِي الذِي يُرِيدُ وَشَر الْجِن وَالإِنْسِ وَأُتبَاعِهِمْ أَنْ يَفْرُطَ عَلَي أَحَدٌ مِنْهُمْ عَز جَارُكَ وَجَل ثَنَاؤُكَ وَلا إِلَهَ غَيْرُكَ.

9516 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىرەر پادىشاھتىن قورقسا، مۇنداق دېسۇن: «ئى يەتتە قەۋەت ئاسمان ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى بولغان الله! مېنى پالانچىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن. جىنلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ماڭا يامانلىق قىلىشىدىن قوغدىغىن. سېنىڭ ھىمايەڭ نەقەدەر كۈچلۈك، مەدھىيەڭ نەقەدەر ئۇلۇغ؟! ئى الله! سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر»[①].

(«ئەلكەبىر»)

---

[①] ھەيسەمى (17446): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى جەنادا ئىبنى سىلدىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇنىڭغا ھەرخىل باھا بېرىلگەن، ـ دېگەن.

## ئىستىغفار، تەسبىھ تەھلىل، تەكبىر، تەھمىد، ھەۋقەلە (لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە) ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللاش

9517 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَلَتَانِ لَا يُحْصِيهِمَا رَجُلٌ مُسْلِمٌ إِلا دَخَلَ الْجَنةَ أَلَا وَهُمَا يَسِيرٌ وَمَنْ يَعْمَلُ بِهِمَا قَلِيلٌ يُسَبحُ اللهَ فِي دُبُرِ كُل صَلَاةٍ عَشْرًا وَيَحْمَدُهُ عَشْرًا وَيُكَبرُهُ عَشْرًا قَالَ فَأَنَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْقِدُهَا بِيَدِهِ قَالَ فَتِلْكَ خَمْسُونَ وَمِائَةٌ بِاللسَانِ وَأَلْفٌ وَخَمْسُ مِائَةٍ فِي الْمِيزَانِ وَإِذَا أَخَذْتَ مَضْجَعَكَ تُسَبحُهُ وَتُكَبرُهُ وَتَحْمَدُهُ مِائَةً فَتِلْكَ مِائَةٌ بِاللسَانِ وَأَلْفٌ فِي الْمِيزَانِ فَأَيكُمْ يَعْمَلُ فِي الْيَوْمِ وَاللَيْلَةِ أَلْفَيْنِ وَخَمْسَ مِائَةِ سَيئَةٍ قَالُوا فَكَيْفَ لَا يُحْصِيهَا قَالَ يَأْتِي أَحَدَكُمْ الشيْطَانُ وَهُوَ فِي صَلَاتِهِ فَيَقُولُ اذْكُرْ كَذَا اذْكُرْ كَذَا حَتى يَنْفَتِلَ فَلَعَلهُ لَا يَفْعَلُ وَيَأْتِيهِ وَهُوَ فِي مَضْجَعِهِ فَلَا يَزَالُ يُنَومُهُ حَتى يَنَامَ.

9517 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىككى خىسلەت بار. بۇلارنى قىلىش ئاسان بولسىمۇ، ئەمەل قىلىدىغانلار ئاز. ھەركىم ھەر بىر نامازدىن كېيىن ئون قېتىم ”سۇبھانەللاھ“، ئون قېتىم ”ئەلھەمدۇلىللاھ“، ئون قېتىم ”الله ئەكبەر“ دېسۇن (مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن سانىغىنىنى كۆردۈم). بۇ، تىلدا (بەش ۋاخ نامازدا) يۈز ئەللىك، ئەمما تارازىدا بىر مىڭ بەش يۈز بولىدۇ. (ئىككىنچى خىسلەت شۇكى) ئۇخلايدىغان چېغىڭدا يۈز قېتىم تەسبىھ، تەكبىر ۋە ھەمدى ئېيتىسەن. بۇ، تىلدا يۈز قېتىم، ئەمما تارازىدا مىڭ بولىدۇ. قايسى بىرىڭلار بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئىككى مىڭ بەش يۈز قېتىم گۇناھ قىلالايدۇ؟ ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ قانــداق قىلالىســۇن؟ قىلالمايــدۇ، ـ دېگەنــدى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، شەيتان كېلىپ: ”بۇنى ئويلىغىن، ئۇنى ئەسلىگىن“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم ئۆزى سەزمىگەن ھالدىلا نامىزىنى ئوقۇپ تۈگىتىدۇ. ئۇخلايدىغان چېغىدا شەيتان يەنە كېلىپ، ئۇنى تېز ئۇخلاشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم بۇلار (زىكىر، تەسبىھ)نىڭ ھېچبىرىنى ئادا قىلمايلا ئۇخلاپ قالىدۇ[1].

(تىرمىزى: 3410)

9518 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني لَا أَسْتَطِيعُ أَنْ آخُذَ مِنْ الْقُرْآنِ شَيْئًا فَعَلمْنِي مَا يُجْزِئُنِي مِنْهُ قَالَ قُلْ سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ الْعَلِي الْعَظِيمِ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا لِلهِ عَز وَجَل فَمَا لِي قَالَ قُلْ اللهُم ارْحَمْنِي وَارْزُقْنِي وَعَافِنِي وَاهْدِنِي فَلَما قَامَ قَالَ هَكَذَا بِيَدِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما هَذَا فَقَدْ مَلَأَ يَدَهُ مِنْ الْخَيْرِ.

9518 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن قۇرئاننى ياد ئالالمايۋاتىمەن، ماڭا بىر نەرسە ئۆگەتكىن! ــ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ ”ئى الله! سەن پاكسەن، بارلىق ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر. اللهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، الله بۈيۈكتۇر. بىزدە ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر. الله ئالىي ۋە بۈيۈك زاتتۇر“ دېگىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ دېگەنلىرىڭ الله ئۈچۈندۇر. مەن ئۆچۈن ئېيتقۇدەك بىر نەرسە يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (2714): سەھىھ ـ دېگەن.

- بار، ”ئى ئاللاھ! ماڭا رەھىم قىلغىن، رىزىق بەرگىن مېنى سالامەت قىلغىن ۋە توغرا يولغا باشلىغىن“ دېگىن! - دېدى. ئۇ كىشى قولىنى يۇمۇپ تۇرۇپ:

- مانا ئەمدى بولدى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇ ئادەمنىڭ قولى ياخشىلىققا تولدى، - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 832)

9519 ـ عن سفينة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «بخ بخ، لخمس ما أثقلهن في الميزان: سبحان الله، والحمد لله، ولا إله إلا الله، والله أكبر، وفرط صالح يفرط الرجل».

9519 ـ سەفىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان مۇنۇ بەش نەرسىگە ھەيرانمەن: ”ئاللاھ پاكتۇر“، ”ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر“، ”ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق“، ”ئاللاھ بۈيۈكتۇر“ دېگەن كەلىمىلەر ۋە ئازارغا ئۇچرىغان ياخشى ئادەمنىڭ سەۋر - تاقىتى»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

9520 ـ عَنْ عِمْرَانَ بن الْحُصَيْنِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "أَمَا يَسْتَطِيعُ أَحَدُكُمْ أَنْ يَعْمَلَ كُل يَوْمٍ مِثْلَ أُحُدٍ عَمَلا؟"، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، وَمَنْ يَسْتَطِيعُ أَنْ يَعْمَلَ كُل يَوْمٍ مِثْلَ أُحُدٍ عَمَلا؟ قَالَ: "كُلكُمْ يَسْتَطِيعُهُ"، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ مَاذَا؟ قَالَ: "سُبْحَانَ اللهِ أَعْظَمُ مِنْ أُحُدٍ، وَلا إِلَهَ إِلا اللهُ أَعْظَمُ مِنْ أُحُدٍ، وَالْحَمْدُ لِلهِ أَعْظَمُ مِنْ أُحُدٍ، وَاللهُ أَكْبَرُ أَعْظَمُ مِنْ أُحُدٍ".

9520 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] ئەلبانى (742): ھەسەن، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16846): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

ــ قايسىڭلار بىر كۈندە ئۈزلۈكسىز مىڭ ياخشىلىق قىلىشقا قادىر بولالايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ــ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭغا كىمنىڭ كۈچى يېتىدۇ؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەممىڭلارنىڭ كۈچى يېتىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ قانداق ئەمەل؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ''اللە پاكتۇر'' دېگەن كەلىمە ئۈزلۈكسىز مىڭ ياخشىلىقتۇر. ''اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق'' دېگەن كەلىمە ئۈزلۈكسىز مىڭ ياخشىلىقتۇر. ''اللەقا ھەمدۇ سانا بولسۇن!'' دېگەن كەلىمە ئۈزلۈكسىز مىڭ ياخشىلىقتۇر. ''اللە بۈيۈكتۇر'' دېگەن كەلىمىمۇ ئۈزلۈكسىز مىڭ ياخشىلىقتۇر، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 175/18؛ بەززار)

9521 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ أَنهُ دَخَلَ مَعَ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى امْرَأَةٍ وَبَيْنَ يَدَيْهَا نَوًى أَوْ حَصًى تُسَبحُ بِهِ فَقَالَ أُخْبِرُكِ بِمَا هُوَ أَيْسَرُ عَلَيْكِ مِنْ هَذَا أَوْ أَفْضَلُ فَقَالَ سُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي السمَاءِ وَسُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي الْأَرْضِ وَسُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ مَا خَلَقَ بَيْنَ ذَلِكَ وَسُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ مَا هُوَ خَالِقٌ وَاللهُ أَكْبَرُ مِثْلُ ذَلِكَ وَالْحَمْدُ لِلهِ مِثْلُ ذَلِكَ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ مِثْلُ ذَلِكَ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ مِثْلُ ذَلِكَ.

9521 ــ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىز بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئايالنىڭ قولىدا تەسبىھ ئېيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاش ياكى ئۆرۈك بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ۋە ياخشىراق نەرسىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئاسماندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ سانىچە ''سۇبھانەللاھ''، يەردىكى مەخلۇقاتلارنىڭ سانىچە ''سۇبھانەللاھ''، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى

[1] ھەيسەمى (16859): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانچە "سۇبھانەللاھ"، ياراتماقچى بولغان نەرسىلەرنىڭ سانچە "سۇبھانەللاھ"، يەنە شۇنچىلىك "ئاللاھۇ ئەكبەر"، يەنە شۇنچىلىك "ئەلھەمدۇلىللاھ"يەنە شۇنچىلىك "لا ئىلاھە ئىللەللاھ"، يەنە شۇنچىلىك "لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە" دېگىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1500)

9522 ـ عَنْ أَبِي ذَر أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ سُئِلَ أَي الْكَلَامِ أَفْضَلُ قَالَ مَا اصْطَفَى اللهُ لِمَلَائِكَتِهِ أَوْ لِعِبَادِهِ سُبْحَانَ اللِهِ وَبِحَمْدِهِ.

9522 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ قايسى سۆز ئەڭ ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله پەرىشتىلىرى ۋە بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان: "الله پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر" دېگەن سۆزدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2731)

9523 ـ عَنْ الْأَغَر أَبِي مُسْلِمٍ قَالَ أَشْهَدُ عَلَى أَبِي سَعِيدٍ وَأَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُمَا شَهِدَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ صَدقَهُ رَبهُ فَقَالَ لَا إِلَهَ إِلا أَنَا وَأَنَا أَكْبَرُ وَإِذَا قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ قَالَ يَقُولُ اللهُ لَا إِلَهَ إِلا أَنَا وَحْدِي وَإِذَا قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ قَالَ اللهُ لَا إِلَهَ إِلا أَنَا وَحْدِي لَا شَرِيكَ لِي وَإِذَا قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ قَالَ اللهُ لَا إِلَهَ إِلا أَنَا لِيَ الْمُلْكُ وَلِيَ الْحَمْدُ وَإِذَا قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللِهِ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا أَنَا وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِي وَكَانَ يَقُولُ مَنْ قَالَهَا فِي مَرَضِهِ ثُم مَاتَ لَمْ تَطْعَمْهُ النارُ.

9523 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (323): زەئىپ، ـ دېگەن.

«كىمكى: ”ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، ﷲ بۈيۈكتۇر“ دېسە، ﷲ ئۇنى تەستىقلاپ: ”مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن بۈيۈكتۇرمەن“ دەيدۇ. بەندە: ”يېگانە ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېسە، ﷲ: ”مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن يېگانىدۇرمەن“ دەيدۇ. بەندە: ”ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يېگانىدۇر، شېرىكى يوقتۇر“ دېسە، ﷲ: ”مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن يېگانىدۇرمەن، مېنىڭ شېرىكىم يوقتۇر“ دەيدۇ. بەندە: ”ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر“ دېسە، ﷲ: ”مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، پادىشاھلىق ماڭا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ماڭا خاستۇر“ دەيدۇ. بەندە: ”ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت ﷲقا خاستۇر“ دېسە، ﷲ: ”مەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت ماڭا خاستۇر“ دەيدۇ. كىمكى كېسەلدە بۇ سۆزلەرنى دېسە، ئاندىن ئۆلۈپ كەتسە، دوزاخ ئوتى ئۇنى كۆيدۈرمەيدۇ»[①].

(تىرمىزى: 3430)

9524 ـ عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر بِشَجَرَةٍ يَابِسَةِ الْـوَرَقِ فَضَرَبَهَا بِعَصَاهُ فَتَنَاثَرَ الْوَرَقُ فَقَالَ إِن الْحَمْدَ لِلهِ وَسُبْحَانَ اللهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَـرُ لَتُسَاقِطُ مِنْ ذُنوبِ الْعَبْدِ كَمَا تَسَاقَطَ وَرَقُ هَذِهِ الشجَرَةِ.

9524 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوپۇرمىقى قۇرۇپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاسىسى بىلەن ئۇرغان ئىدى، غازاڭلار يەرگە تۆكۈلۈپ چۈشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «”ھەمدۇ سانا ﷲقا خاستۇر، ﷲ پاكتۇر، ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ﷲ بۈيۈكتۇر“ دېگەن كەلىمىلەر بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى مۇشۇ دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋېتىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 3533)

[①] ئەلبانى (2727): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2799): ھەسەن ـ دېگەن.

9525 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقِيتُ إِبْرَاهِيمَ لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِي فَقَالَ يَا مُحَمدُ أَقْرِئْ أُمَتكَ مِني السلَامَ وَأَخْبِرْهُمْ أَن الْجَنةَ طَيبَةُ التُرْبَةِ عَذْبَةُ الْمَاءِ وَأَنهَا قِيعَانٌ وَأَن غِرَاسَهَا سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ.

9525 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مىراجغا چىققىنىمدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئۈممىتىڭگە مەندىن سالام دېگىن! ئۇلارغا جەننەتنىڭ بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، توپىسىنىڭ مۇشكى ـ ئەنبەر، سۈيىنىڭ بەكمۇ تاتلىق، يېرىنىڭ تۈپتۈز، تىكىلگەن دەرەخلىرىنىڭ: "الله پاكتۇر، ھەمدۇ سانا اللهقا خاستۇر، اللهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە الله بۈيۈكتۇر" دېگەن سۆزدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىن! ـ دېدى»[1].

(تىرمىزى: 3462)

9526 ـ وزاد الأوسط والصغير: ولا حول ولا قوة إلا بالله.

9526 ـ «ئەلئەۋسەت ۋە «ئەلسەغىر»دە مۇنۇ سۆزلەر قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: «اللهنىڭ ياردىمىسىز بىزدە ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر»[2].

9527 ـ عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ وَبِحَمْدِهِ غُرِسَتْ لَهُ نَخْلَةٌ فِي الْجَنةِ.

9527 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2755): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16863): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئىسھاق ئەبۇ شەيبە كۇفىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

«كىمكى: ”اللە پاك ۋە ئۇلۇغدۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر“ دېسە، جەننەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 3464)

9528 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَبحَ اللهَ مِائَةً بِالْغَدَاةِ وَمِائَةً بِالْعَشِي كَانَ كَمَنْ حَج مِائَةَ مَرةٍ وَمَنْ حَمِدَ اللهَ مِائَةً بِالْغَدَاةِ وَمِائَةً بِالْعَشِي كَانَ كَمَنْ حَمَلَ عَلَى مِائَةِ فَرَسٍ فِي سَبِيلِ اللهِ أَوْ قَالَ غَزَا مِائَةَ غَزْوَةٍ وَمَنْ هَللَ اللهَ مِائَةً بِالْغَدَاةِ وَمِائَةً بِالْعَشِي كَانَ كَمَنْ أَعْتَقَ مِائَةَ رَقَبَةٍ مِنْ وَلَدِ إِسْمَعِيلَ وَمَنْ كَبرَ اللهَ مِائَةً بِالْغَدَاةِ وَمِائَةً بِالْعَشِي لَمْ يَأْتِ فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ أَحَدٌ بِأَكْثَرَ مِما أَتَى بِهِ إِلا مَنْ قَالَ مِثْلَ مَا قَالَ أَوْ زَادَ عَلَى مَا قَالَ.

9528 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللەقا ئەتىگەندە يۈز قېتىم، كەچتە يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتسا (يەنى: ”سۇبھانەللاھ“ دېسە)، يۈز قېتىم ھەج قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى ئەتىگەندە يۈز قېتىم، كەچتە يۈز قېتىم ھەمدى ئېيتسا (يەنى: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دېسە)، اللە يولىدا (جىھادقا) يۈز تۇياق ئات جابدۇغاندەك ياكى يۈز قېتىم جىھادقا چىققاندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى اللەقا ئەتىگەندە يۈز قېتىم، كەچتە يۈز قېتىم تەھلىل ئېيتسا (يەنى: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ دېسە)، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن يۈز قۇلنى ئازاد قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى اللەقا ئەتىگەندە يۈز قېتىم، كەچتە يۈز قېتىم تەكبىر ئېيتسا (يەنى: ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېسە)، ئۇ كۈنى ھېچكىم ئۇنىڭدەك كۆپ ساۋابلىق ئىش قىلغان بولمايدۇ. ئەمما تەكبىرنى تېخىمۇ كۆپ ئېيتقان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[②].

(تىرمىزى: 3471)

[①] ئەلبانى (2757): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (685): مۇنكەر ـ دېگەن.

9529 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا عَلَى الْأَرْضِ أَحَدٌ يَقُولُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ إِلا كُفِرَتْ عَنْهُ خَطَايَاهُ وَلَوْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ.

9529 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ قايسى بىرى: ”اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، الله بۈيۈكتۇر، اللەنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر“ دېسە، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3460)

9530 ـ عن جَابِر بْن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ أَفْضَلُ الذكْرِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَفْضَلُ الدعَاءِ الْحَمْدُ لِلهِ.

9530 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زىكرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ“، دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسى: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“تۇر»[2].

(تىرمىزى: 3383)

9531 ـ عَنْ أُم هَانِئٍ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ لَا يَسْبِقُهَا عَمَلٌ وَلَا تَتْرُكُ ذَنْبًا.

9531 ـ ئۇممۇ ھانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېچقانداق ئەمەل: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ“ (دېگەن كەلىمە)نىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. شۇنداقلا، بۇ كەلىمە ھەرقانداق گۇناھنى ئۆچۈرمەي قالمايدۇ»[3].

(ئىبنى ماجە: 3797)

[1] ئەلبانى (2753): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2694): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (827): زەئىپ، ـ دېگەن.

9532 ـ عَنْ يُسَيْرَةَ وَكَانَتْ مِنْ الْمُهَاجِرَاتِ قَالَتْ قَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْكُن بِالتسْبِيحِ وَالتهْلِيلِ وَالتقْدِيسِ وَاعْقِدْنَ بِالْأَنَامِلِ فَإِنهُن مَسْئُولَاتٌ مُسْتَنطَقَاتٌ وَلَا تَغْفُلْنَ فَتَنْسَيْنَ الرحْمَةَ.

9532 ـ دەسلەپكى مۇھاجىر ئاياللاردىن يۇسەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇنداق دېگەن:

«ئى ئاياللار! الله تائالاغا تەسبىھ، تەھلىل (لا ئىلاھە ئىللاللاھ) ۋە تەقدىس (ئۇلۇغلاش) ئېيتىشىڭلار لازىم. بۇلارنى بارمىقىڭلاردا ساناپ ئېيتىڭلار، چۈنكى بارماقلاردىن سورىلىدۇ ۋە ئۇلار سۆزلىتىلىدۇ. شۇڭا ھەرگىز غەپلەتتە قالماڭلار! بولمىسا، رەھمەتنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر»[1].

(تىرمىزى: 3583)

9533 ـ عَنْ أَبِي بَكْرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَصَر مَنْ اسْتَغْفَرَ وَلَوْ فَعَلَهُ فِي الْيَوْمِ سَبْعِينَ مَرةً.

9533 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىستىغفار ئېيتقان كىشى كۈندە تۆۋبىسىدىن يەتمىش قېتىم قايتسىمۇ، گۇناھتا چىڭ تۇرغان ھېسابلانمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3559)

9534 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ اللهُم اجْعَلْنِي مِنْ الذِينَ إِذَا أَحْسَنُوا اسْتَبْشَرُوا وَإِذَا أَسَاءُوا اسْتَغْفَرُوا.

9534 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2835): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (712): زەئىپ، ـ دېگەن.

«ئى الله! مېنى ياخشى ئەمەل قىلغاندا سۆيۈنىدىغان، يامان ئەمەل قىلغاندا مەغپىرەت تىلەيدىغانلاردىن قىلغىن»[1].

(ئىبنى ماجە: 3820)

9535 ـ عَنْ الْأَغَر الْمُزَنِي وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إنهُ لَيُغَانُ عَلَى قَلْبِي وَإِني لَأَسْتَغْفِرُ اللهَ فِي الْيَوْمِ مِائَةَ مَرةٍ.

9535 ـ ئەغەر مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بەزىدە قەلبىمنى غەپلەت قاپلايدۇ. ئەلۋەتتە، مەن اللهقا كۈندە يۈز قېتىم ئىستىغفار ئېيتىمەن».

(مۇسلىم: 2702)

9536 ـ وفي رواية: يَا أَيهَا الناسُ تُوبُوا إِلَى اللهِ فَإِني أَتُوبُ فِي الْيَوْمِ إِلَيْهِ مِائَةَ مَرةٍ.

9536 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋبە قىلىڭلار، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا كۈندە يۈز قېتىم تۆۋبە قىلىمەن».

(مۇسلىم: 2702)

9537 ـ عن شَدادُ بْنُ أَوْسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَيدُ الِاسْتِغْفَارِ أَنْ تَقُولَ اللهُم أَنتَ رَبي لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ خَلَقْتَنِي وَأَنا عَبْدُكَ وَأَنا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَر مَا صَنَعْتُ أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَي وَأَبُوءُ لَكَ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي فَإِنهُ لَا يَغْفِرُ الذنُوبَ إِلا أَنتَ قَالَ وَمَنْ قَالَهَا مِنْ النهَارِ مُوقِنًا بِهَا فَمَاتَ مِنْ يَوْمِهِ قَبْلَ أَنْ يُمْسِيَ فَهُوَ مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ وَمَنْ قَالَهَا مِنْ الليْلِ وَهُوَ مُوقِنٌ بِهَا فَمَاتَ قَبْلَ أَنْ يُصْبِحَ فَهُوَ مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ.

[1] ئەلبانى (835): زەئىپ، ـ دېگەن.

9537 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۆۋەندىكى دۇئا دۇئالارنىڭ ئەڭ بۈيۈكىدۇر: ”ئى الله! سەن مېنىڭ رەببىم سەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سېنىڭ ئەھدى ـ پەرمانىڭدىمەن. قىلغان گۇناھلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، ماڭا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھىمنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھلارنى كەچۈرەلمەيدۇ“. كىمكى چىن كۆڭلىدىن ھەقىقىي ئىشىنىپ، بۇ دۇئانى كۈندۈزى ئوقۇسا ۋە (شۇ كۈنى) كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ئۆلسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. كىمكى چىن كۆڭلىدىن ھەقىقىي ئىشىنىپ، بۇ دۇئانى كەچقۇرۇن ئوقۇسا ۋە (شۇ كېچە) تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۆلسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ».

(بۇخارى: 6306)

9538 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَنَّهُ حَدثَهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَزِمَ الِاسْتِغْفَارَ جَعَلَ اللهُ لَهُ مِنْ كُل ضِيقٍ مَخْرَجًا وَمِنْ كُل هَم فَرَجًا وَرَزَقَهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ.

9538 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهقا داۋاملىق ئىستىغفار ئېيتسا، الله ئۇنىڭ ھەر بىر قىيىنچىلىقىغا چىقىش يولى، ھەر بىر غەم ـ غۇسسىسىگە خۇرسەنلىك ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنى (ئۇ) ئويلىمىغان يەردىن رىزىقلاندۇرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1518)

[1] ئەلبانى (327): زەئىپ، ـ دېگەن.

9539 ـ عن بِلَال بْن يَسَارِ بْنِ زَيْدٍ مَوْلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدثَنِي أبِـي عَنْ جَدي سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ قَالَ أَسْتَغْفِرُ اللهَ الْعَظِيمَ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَي الْقَيومَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ غُفِرَ لَهُ وَإِنْ كَانَ فَر مِنْ الزحْفِ.

9539 ـ بىلال ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى: ”اللهتىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەممىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن“ دېسە، ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچسىمۇ، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3577)

9540 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ فِي يَوْمٍ مِائَةَ مَـرةٍ كَانَتْ لَهُ عَدْلَ عَشْرِ رِقَابٍ وَكُتِبَتْ لَهُ مِائَةُ حَسَنَةٍ وَمُحِيَتْ عَنْهُ مِائَةُ سَيئَةٍ وَكَانَتْ لَهُ حِرْزًا مِنْ الشيْطَانِ يَوْمَهُ ذَلِكَ حَتى يُمْسِيَ وَلَمْ يَأْتِ أَحَدٌ أَفْضَلَ مِما جَاءَ بِهِ إِلا أَحَدٌ عَمِلَ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ وَمَنْ قَالَ سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ فِي يَوْمٍ مِائَةَ مَرةٍ حُطتْ خَطَايَاهُ وَلَوْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ.

9540 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كۈندە يۈز قېتىم: ”يالغۇز اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر“ دېسە، ئۇن قۇل ئازاد قىلغان ۋە يۈز ياخشىلىق قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، يۈز گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ، (شۇ كۈنى) كەچ كىرگىچە شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىدۇ. ئۇ كەلتۈرگەن ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ زىكرى قىلغانلاردىن باشقا ھېچكىم (شۇ كۈن ئىچىدە)

[1] ئەلبانى (2831): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنىڭچىلىك ساۋابلىق ئىش قىلالمىغان بولىدۇ. كىمكى: ”ﷲ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر“ دېگەن سۆزنى يۈز قېتىم ئېيتسا، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ».

(مۇسلىم: 2691)

9541 ـ عن أبي أيوبَ الأنصاري عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَـنْ قَالَ لَا إلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ عَشْرَ مِرَارٍ كَانَ كَمَنْ أَعْتَقَ أَرْبَعَةَ أَنفُسٍ مِنْ وَلَدِ إِسْمَعِيلَ.

9541 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئون قېتىم: ”يالغۇز ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر“ دېسە، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن ئون قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ».

(مۇسلىم: 2693)

9542 ـ عَنْ تَمِيمٍ الداري عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ قَـالَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ إلَهًا وَاحِدًا أَحَدًا صَمَدًا لَمْ يَتخِذْ صَاحِبَةً وَلَـا وَلَدًا وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ عَشْرَ مَراتٍ كَتَبَ اللهُ لَهُ أَرْبَعِينَ أَلْفَ أَلْفِ حَسَنَةٍ.

9542 ـ تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئون قېتىم: ”يالغۇز ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ئۇ يەككە يېگانىدۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىسى يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق تەڭدىشى يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن“ دېسە، ئۇنىڭغا قىرىق مىليون ساۋاب يېزىلىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 3473)

[①] ئەلبانى (687): زەئىپ، ـ دېگەن.

9543 ـ عن ابْن عُمَرَ عن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال:مَنْ قَالَ: لا إِلَهَ إلا اللـهُ وَحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ الْحَي الذِي لا يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ , لا يُرِيدُ بِهَا إلا وَجْهَهُ أَدْخَلَهُ اللهُ بِهَا جَناتِ النعِيمِ.

9543 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پەقەت الله رىزاسى ئۈچۈن: ”ياڭغۇز اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھاياتتۇر، ئۆلمەيدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭدىندۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر“ دېسە، الله ئۇنى نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»: 13311)

9544 ـ عن سلمان قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من قال اللـهم انى أشهدك وأشهد ملائكتك وþلة عرشك وأشهد من في السموات أنك أنت الله لا إله إلا أنت وحدك لا شريك لك وأن Ţمدا عبدك ورسولك من قاTا مرة أعتق الله ثلثه من النار ومن قاTا مرتين أعتق ثلثاه من النار ومن قاTا ثلاثا عتق كله من النار.

9544 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى: ”ئى الله! مەن سېنى، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەرنى ۋە ئاسماندىكى بارلىق پەرىشتىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن يېگانىسەن، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭدۇر“ دېگەن سۆزنى بىر قېتىم دېسە، الله ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ، كىمكى بۇ سۆزنى ئىككى قېتىم دېسە، الله ئۇنىڭ ئۈچتىن

[①] ھەيسەمى (16825): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ بابىلتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىر بار، ـ دېگەن.

ئىككىسىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ، كىمكى بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دېسە، ئۇنى دوزاختىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلىدۇ»[①].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

9545 ـ عن أŷ الدرداء عن النF صلى الله عليه وسلم قال من قال لا إلـه إلا الله والله أكبر أعتق الله ربعه من النار ولا يقوTا اثنتين إلا أعتق الله شطره من النار وإن قاTـا أربعا أعتقه الله من النار.

9545 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى: ”ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق، ﷲ بۈيۈكتۇر“ دېسە، ﷲ ئۇنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ، كىمكى ئىككى قېتىم دېسە، يېرىمىنى؛ كىمكى تۆت قېتىم دېسە، پۈتۈنلەي ئازاد قىلىدۇ»[②].

(«ئەلكەبىر» 160/20)

9546 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مَا قَالَ عَبْدٌ لَا إِلَهَ إِلَا اللَّهُ قَط مُخْلِصًا إِلَا فُتِحَتْ لَهُ أَبْوَابُ السمَاءِ حَتى تُفْضِيَ إِلَى الْعَرْشِ مَـا اجْتَنَبَ الْكَبَائِرَ.

9546 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىپ، چىن قەلبىدىن: ”ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېسە، ئۇ كەلىمىگە ئاسماننىڭ بارلىق ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە ئۇ تاكى ئەرشكىچە يېتىپ بارىدۇ»[③].

(تىرمىزى: 3590)

---

[①] ھەيسەمى (16828): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان، سەنەدىدە ئەبۇ ئەلقەمەنىڭ ئازادگەردىسى ھۇمەيد بار بولۇپ، ئۇ ھەدىسى زەئىپ كىشىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (16833): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2839): ھەسەن، ـ دېگەن.

9547 ـ عن أبي سعيد، عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «قال موسى : يا رب، علمني شيئا أذكرك وأدعوك به، قال: قل يا موسى: لا إله إلا الله، قال: كل عبادك يقول هذا، قال: قل: لا إله إلا الله، قال: لا إله إلا أنت، إنما أريد شيئا تخصني به، قال: يا موسى، لو أن السماوات السبع وعامرهن غيري والأرضين السبع في كفة، ولا إله إلا الله في كفة مالت بهن لا إله إلا الله».

9547 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەھىي ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى رەببىم! ماڭا سېنى ئەسلەيدىغان ۋە سېنى چاقىرىدىغان بىر دۇئا ئۆگەتكىن! ـ دېگەندى، الله تائالا: ئى مۇسا! ’’اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق‘‘ دېگىن! ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: بۇنى ھەممە بەندەڭ دەيدۇ، ـ دېگەندى، الله تائالا: ’’اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق‘‘ دېگىن! ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى الله! سەندىن باشقا ئىلاھ يوق. مەن سەندىن خاس بىر دۇئا خالايمەن، ـ دېگەندى، الله تائالا: ئى مۇسا! يەتتە قەۋەت ئاسمان، مەندىن باشقا ئۇ (يەتتە قەۋەت ئاسمان)نى ئاۋات قىلغۇچى بارلىق مەخلۇقات ۋە يەتتە قات زېمىن مىزاننىڭ بىر تەرىپىگە، ’’اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق‘‘ كەلىمىسى يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلسا، شۈبھىسىزكى، ’’اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق‘‘ كەلىمىسى ئۇلاردىن ئېغىر كېلىدۇ، ـ دېدى»[①].

(مەۋسىلى: 1393)

9548 ـ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أُعَلمُكَ كَلِمَاتٍ إِذَا قُلْتَهُن غَفَرَ اللهُ لَكَ وَإِنْ كُنتَ مَغْفُورًا لَكَ قَالَ قُلْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ الْعَلِي الْعَظِيمُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ الْحَلِيمُ الْكَرِيمُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ سُبْحَانَ اللهِ رَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ.

9548 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

[①] ھەيسەمى (16802): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ راك كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

«ساڭا بىر نەچچە كەلىمە ئۆگىتەيمۇ؟ ئەگەر ئۇنى ئېيتساڭ، گەرچە سېنىڭ (چوڭ) گۇناھىڭ كەچۈرۈلۈپ بولغان تەقدىردىمۇ، الله ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ (كىچىك) گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ”بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، كەرەملىك، كۆيۈمچان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، بارلىق نۇقسان كەمچىلىكلەردىن پاك، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى بولغان اللهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر“ دېگىن!» دېدى[1].

(تىرمىزى: 3504)

9549 ـ عَنْ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ دَخَلَ السوقَ فَقَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ حَي لَا يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُل شَيْءٍ قَدِيرٌ كَتَبَ اللهُ لَهُ أَلْفَ أَلْفِ حَسَنَةٍ وَمَحَا عَنْهُ أَلْفَ أَلْفِ سَيئَةٍ وَرَفَعَ لَهُ أَلْفَ أَلْفِ دَرَجَةٍ.

9549 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بازارغا كىرگەندە: ”يالغۇز اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر. بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ئۆلتۈرىدۇ ۋە تىرىلدۈرىدۇ. ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر“ دېسە، الله ئۇنىڭغا بىر مىليون ساۋاب يېزىپ، بىر مىليون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى بىر مىليون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3428)

9550 ـ عَنْ جُوَيْرِيَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ مِنْ عِنْدِهَا بُكْرَةً حِينَ صَلى الصبْحَ وَهِيَ فِي مَسْجِدِهَا ثُم رَجَعَ بَعْدَ أَنْ أَضْحَى وَهِيَ جَالِسَةٌ فَقَالَ مَا زِلْتِ عَلَى

[1] ئەلبانى (965): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2726): ھەسەن، ـ دېگەن.

الْحَالِ الَّتِي فَارَقْتُكِ عَلَيْهَا قَالَتْ نَعَمْ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ قُلْتُ بَعْدَكِ أَرْبَعَ كَلِمَاتٍ ثَلَاثَ مَراتٍ لَوْ وُزِنَتْ بِمَا قُلْتِ مُنْذُ الْيَوْمِ لَوَزَنَتْهُن سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ وَرِضَا نَفْسِهِ وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ.

9550 ـ جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتتى، مەن مەسجىدتە ئولتۇرۇپ قالدىم. چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىردى ۋە مېنىڭ تېخىچە ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

ـ سەن تېخىچە ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن: "الله پاكتۇر، مەن ئۇنىڭغا مەخلۇقاتىنىڭ سانىچە، ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقىچە، كەلىمەلىرىنىڭ سانىچە ۋە ئۆزى رازى بولغۇچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن" دېگەن تۆت كەلىمىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇدۇم. ئەگەر بۇ تۆت كەلىمە بىلەن سېنىڭ بىر كۈن كەچكىچە ئوقۇغانلىرىڭ تارتىلسا، بۇ تۆت كەلىمە چوقۇم ئېغىر كېلىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2726)

9551 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَلِمَتَانِ خَفِيفَتَانِ عَلَى اللسَانِ ثَقِيلَتَانِ فِي الْمِيزَانِ حَبِيبَتَانِ إِلَى الرحْمَنِ سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ.

9551 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تىلغا ( ئېيتىلىشى) يەڭگىل، تارازىغا ئېغىر، اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئىككى كەلىمە بار. ئۇلار: "الله پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، الله پاكتۇر ۋە بۈيۈكتۇر" دېگەن كەلىمىلەردۇر».

(بۇخارى: 6682)

9552 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ: خَرَجَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأنا جَالِسٌ أُحَرك شَفَتيِ فَقَالَ: "بِمَ تُحَركُ شَفَتَيْكَ؟" قُلْتُ: أَذْكُرُ اللهَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ: "ألا أُخْبِرُكَ بِشَيْءٍ إِذَا قُلْتَهُ ثُم دَأَبْتَ اللْيلَ وَالنهَارَ لَمْ تَبْلُغْهُ؟" قُلْتُ: بَلَى فَقَالَ: "تَقُولُ: الْحَمْدُ لِلهِ عَدَدَ مَا أَحْصَى كِتَابُهُ وَالْحَمْدُ لِلهِ عَدَدَ مَا فِي كِتَابِهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ عَدَدَ مَا أَحْصَى خَلْقُهُ وَالْحَمْدُ لِلهِ عَلَى مَا فِي خَلْقِهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ مِلْءَ سَمَاوَاتِهِ وَأَرْضِهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ عَدَدَ كُل شَيْءٍ وَالْحَمْدُ لِلهِ مِلْءَ كُل شَيْءٍ وَتُسَبحُ مِثْلَ ذَلِكَ وَتُكَبرُ مِثْلَ ذَلِكَ".

9552 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئاغزىمنى مىدىرلىتىپ ئولتۇراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

ـ ئاغزىڭنى نېمىشقا مىدىرلىتىپ ئولتۇرىسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ﷲنى زىكىر قىلىۋاتىمەن، ـ دېگەنىدىم:

ـ ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئۇنى ئوقۇساڭ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېچە ـ كۈندۈز يۇگۈرسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ماقۇل، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ـ "ﷲقا كىتابلىرىنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا بولسۇن؛ ﷲقا كىتابلىرىنىڭ ئىچىدىكى (ھەرپ)لەرنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا بولسۇن؛ ﷲقا مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا بولسۇن؛ ﷲقا مەخلۇقاتلىرى تولغىچە ھەمدۇ سانا بولسۇن؛ ﷲقا ئاسمان ۋە زېمىن تولغىچە ھەمدۇ سانا بولسۇن؛ ﷲقا بارلىق نەرسىلەرنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا بولسۇن" دېگىن! ئاندىن مۇشۇ بويىچە تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتقىن![1]

(«ئەلكەبىر»: 7930)

[1] ھەيسەمى (16870): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

9553 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ أَنَّهُ أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ بَيْنَمَا أَنَا أُصَلِّي إِذْ سَمِعْتُ مُتَكَلِّمًا يَقُولُ اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كُلُّهُ وَلَكَ الْمُلْكُ كُلُّهُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ كُلُّهُ إِلَيْكَ يُرْجَعُ الْأَمْرُ كُلُّهُ عَلَانِيَتُهُ وَسِرُّهُ فَأَهْلٌ أَنْ تُحْمَدَ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي جَمِيعَ مَا مَضَى مِنْ ذَنْبِي وَاعْصِمْنِي فِيمَا بَقِيَ مِنْ عُمْرِي وَارْزُقْنِي عَمَلًا زَاكِيًا تَرْضَى بِهِ عَنِّي فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاكَ مَلَكٌ أَتَاكَ يُعَلِّمُكَ تَحْمِيدَ رَبِّكَ.

9553 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، بىرىنىڭ يېنىمغا كېلىپ: ”ئى الله! بارلىق ھەمدۇ سانا ساڭا بولسۇن، پۈتۈن پادىشاھلىق ساڭا بولسۇن. پۈتۈن ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، بارلىق ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىشلار ساڭا قايتىدۇ، سەن ماختاشقا لايىقسەن، سەن ھەممە نەرسىگە قادىرسەن. ئى الله! ئۆتمۈشتە قىلغان بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئۆمرۈمنىڭ قالغان قىسمىدا مېنى گۇناھتىن ساقلىغىن، ماڭا سەن رازى بولىدىغان پاك بىر ئەمەلنى نېسىپ قىلغىن“ دېگىنىنى ئاڭلىدىم، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ كىشى پەرىشتە ئىكەن، رەببىڭگە قانداق ھەمدى ئېيتىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن يېنىڭغا كەپتۇ، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 22846)

9554 ـ عَنْ سَهْلٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ آيَةُ الْعِزِّ الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا الْآيَةَ كُلَّهَا.

9554 ـ سەھل دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ھەيسەمى (16888): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

«ئىززەت ئايىتى بۇدۇر: جىمى ھەمدۇ سانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتاج بولمىغان) اللەقا خاستۇر! اللەنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن»[1][2].
(ئەھمەد: 15207)

9555 ـ عن ابْنَ عُمَرَ قال: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ: مَنْ قَالَ: الْحَمْدُ لِلهِ الذِي تَوَاضَعَ كُل شَيْءٍ لعَظَمَتِهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ الذِي ذَل كُل شَيْءٍ لِعِزتِهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ الذِي خَضَعَ كُل شَيْءٍ لِمُلْكِهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ الذِي اسْتَسْلَمَ كُل شَيْءٍ لِقُدْرَتِهِ فَقَالَهَا مَا يَطْلُبُ بِهَا مَا عِنْدَهُ كَتَبَ اللهُ لَهُ بِهَا أَلْفَ حَسَنَةٍ وَرَفَعَ لَهُ بِهَا أَلْفَ دَرَجَةٍ وَوَكلَ بِهِ سَبْعِينَ أَلْفَ مَلَكٍ يَسْتَغْفِرُونَ لَهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

9555 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللەنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىدىن تەلەپ قىلىپ: ”ھەممە نەرسە بۈيۈكلۈكىگە باش ئەگكەن اللەقا ھەمدۇسانا بولسۇن، ھەممە نەرسە ئىززىتى ئالدىدا خار بولغان اللەقا ھەمدۇسانا بولسۇن، ھۆكۈمرانلىقىغا ھەر نەرسە بويسۇنىدىغان اللەقا ھەمدۇسانا بولسۇن، قۇدرىتىگە ھەممە نەرسە تەسلىم بولىدىغان اللەقا ھەمدۇسانا بولسۇن“ دېسە، الله ئۇنىڭغا مىڭ ساۋاب بېرىدۇ، دەرىجىسىنى مىڭ ھەسسە يۇقىرى قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتىدىغان 70 مىڭ پەرىشتىنى تەيىنلەپ قويىدۇ»[3].
(«ئەلكەبىر»: 13562)

---

[1] سۈرە ئىسرا، 111 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (16890): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ رەك بەزى راۋىيلار بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (16891): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ بابىلتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9556 ـ عن عَبْد اللهِ بْن عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدثَهُمْ أن عَبْدًا مِنْ عِبَادِ اللهِ قَالَ يَا رَب لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي لِجَلَالِ وَجْهِكَ وَلِعَظِيمِ سُلْطَانِكَ فَعَضلَتْ بِالْمَلَكَيْنِ فَلَمْ يَدْرِيَا كَيْفَ يَكْتُبَانِهَا فَصَعِدَا إِلَى السمَاءِ وَقَالَا يَا رَبنَا إِن عَبْدَكَ قَدْ قَالَ مَقَالَةً لَا نَدْرِي كَيْفَ نَكْتُبُهَا قَالَ اللهُ عَز وَجَل وَهُوَ أَعْلَمُ بِمَا قَالَ عَبْدُهُ مَاذَا قَالَ عَبْدِي قَالَا يَا رَب إِنهُ قَالَ يَا رَب لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي لِجَلَالِ وَجْهِكَ وَعَظِيمِ سُلْطَانِكَ فَقَالَ اللهُ عَز وَجَل لَهُمَا اكْتُبَاهَا كَمَا قَالَ عَبْدِي حَتى يَلْقَانِي فَأَجْزِيَهُ بِهَا.

9556 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ بەندىلىرىدىن بىرى: ”ئى رەببىم! ساڭا سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ ۋە پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى باراۋەرىدە ھەمدۇسانا بولسۇن“ دېگەنىدى، يېزىشنى بىلەلمەي، تەمتىرەپ قالدى ۋە ئاسمانغا چىقىپ: ”ئى رەببىمىز! بەندىلىرىڭدىن بىرى شۇنداق بىر سۆز ئېيتتىكى، بىز ئۇنى نېمە دەپ يېزىشنى بىلەلمىدۇق“ دېيىشتى. بەندىسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بەكمۇ ئوبدان بىلىدىغان الله تائالا پەرىشتىلەردىن: ”بەندەم نېمە دېدى؟“ دەپ سورىدى. پەرىشتىلەر: ”ئى رەببىم! ئۇ: ئى الله! ساڭا سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ ۋە پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى باراۋەرىدە ھەمدۇسانا بولسۇن! ـ دېدى“ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇ ئىككى پەرىشتىگە: ”بەندەمنىڭ سۆزىنى ئەينەن يېزىڭلار، دەرگاھىمغا كەلگەندە، مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن» دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3801)

9557 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَأَى مَا يُحِب قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي بِنِعْمَتِهِ تَتِم الصالِحَاتُ وَإِذَا رَأَى مَا يَكْرَهُ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ عَلَى كُل حَالٍ.

9557 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچانكى خۇرسەن بولىدىغان بىر نەرسە

---

[1] ئەلبانى (829): زەئىپ، ـ دېگەن.

كۆرسە: «نېئمەتنى بىلەن ياخشى ئىشلار تاماملىنىدىغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن» دەيتتى. قاچانكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىر نەرسە كۆرسە: «ھەر قانداق ھالەتتە ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن» دەيتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 3803)

9558 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ فَكُنا إِذَا عَلَوْنَا كَبرْنَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيهَا الناسُ ارْبَعُوا عَلَى أَنفُسِكُمْ فَإِنكُمْ لَا تَدْعُونَ أَصَم وَلَا غَائِبًا وَلَكِنْ تَدْعُونَ سَمِيعًا بَصِيرًا ثُم أَتَى عَلَي وَأَنَا أَقُولُ فِي نَفْسِي لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ فَقَالَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ قَيْسٍ قُلْ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ فَإِنهَا كَنْزٌ مِنْ كُنُوزِ الْجَنةِ أَوْ قَالَ أَلَا أَدُلكَ عَلَى كَلِمَةٍ هِيَ كَنْزٌ مِنْ كُنُوزِ الْجَنةِ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ.

9558 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەرگە چىققانىدۇق. بىر تۆپىلىككە چىققاندا، تەكبىر ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئىنسانلار! جېنىڭلارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. سىلەر گاس ياكى گاچىنى ئەمەس، بەلكى سىلەرنى ھەر دائىم ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرىدىغان زاتقا دۇئا قىلىۋاتىسىلەر، ـ دېدى. ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. مەن ئىچىمدە: "ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر" دەۋاتاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس! "ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر" دېگىن! چۈنكى ئۇ جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىرىدۇر، ـ دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس! ساڭا جەننەت خەزىنىلىرىدىن بىر كەلىمە ئۆگىتەيمۇ؟ ئۇ بولسا: "كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر" دېگەن كەلىمە» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

(بۇخارى: 6384)

[1] ئەلبانى (3066): ھەسەن، ـ دېگەن.

9559 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ كُنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَـزَاةٍ فَذَكَرَ الْحَدِيثَ وَقَالَ فِيهِ وَالذِي تَدْعُونَهُ أَقْرَبُ إِلَى أَحَدِكُمْ مِنْ عُنُقِ رَاحِلَةِ أَحَدِكُمْ وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِ ذِكْرُ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ.

9559 ــ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر غازاتقا چىقتۇق، ـ دەپ يۇقىرىدىكى ھەدىسنى بايان قىلغان. بۇ ھەدىستە يەنە: «(دۇئا قىلغان) رەببىڭلار سىلەرگە مىنگەن تۆگەڭلارنىڭ بويىنىدىنمۇ يېقىندۇر» دېيىلگەن، ئەمما ئۇنىڭدا: «كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت اللهقىلا خاستۇر» دېگەن سۆز رىۋايەت قىلىنمىغان.

(مۇسلىم: 2704)

9560 ـ عَنْ قَيْسِ بْنِ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ أَن أَبَاهُ دَفَعَهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْدُمُهُ قَالَ فَمَر بِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ صَلَيْتُ فَضَرَبَنِي بِرِجْلِهِ وَقَالَ أَلَا أَدُلكَ عَلَى بَابٍ مِنْ أَبْوَابِ الْجَنةِ قُلْتُ بَلَى قَالَ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ.

9560 ــ قەيس ئىبنى سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادام مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىگە ئاپىرىپ بەرگەن ئىدى. مەن نامازنى ئوقۇپ تۇرۇشۇمغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پۇتۇمغا تېپىپ قويۇپ:

ـ سېنى جەننەت دەرۋازىلىرىدىن بىرىگە باشلاپ قويايمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ماقۇل، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت اللهقىلا خاستۇر، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3581)

[1] ئەلبانى (2834): سەھىھ ـ دېگەن.

9561 ـ عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «لا حـول ولا قوة إلا بالله دواء من تسعة وتسعين داء أيسرها الهم».

9561 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«"كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەندۇر" دېگەن بۇ كەلىمە ئەڭ تۆۋىنى غەمدىن تارتىپ، جەمئىي 99 كېسەلگە قارشى ئەڭ ياخشى دەۋادۇر»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

9562 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكْثِرْ مِنْ قَوْلِ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ فَإِنهَا كَنْزٌ مِنْ كُنُوزِ الْجَنةِ قَالَ مَكْحُولٌ فَمَنْ قَالَ لَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ وَلَا مَنْجَأَ مِنْ اللهِ إِلا إِلَيْهِ كَشَفَ عَنْهُ سَبْعِينَ بَابًا مِنْ الضر أَدْنَاهُن الْفَقْرُ.

9562 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «"كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەندۇر" دېگەن سۆزنى كۆپ دېگىن، چۈنكى ئۇ سۆز جەننەت خەزىنىلىرىدىن بىرىدۇر» دېدى.

(راۋىيلاردىن) مەكھۇل مۇنداق دەيدۇ: كىمكى: "كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەندۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا قاچىدىغان جاي يوقتۇر" دېسە، ئەڭ تۆۋىنى كەمبەغەللىكتىن تارتىپ، جەمئىي 70 تۈرلۈك زىيانلىق ئىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ[2].

(تىرمىزى: 3601)

9563 ـ عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الْأَنْصَارِي قَالَ أَتَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ وَنَحْنُ فِي مَجْلِسِ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ فَقَالَ لَهُ بَشِيرُ بْنُ سَعْدٍ أَمَرَنَا اللهُ تَعَالَى أَن نُصَليَ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَكَيْفَ نُصَلي عَلَيْكَ قَالَ فَسَكَتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى تَمَنيْنَا

[1] ھەيسەمى (16901): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بىشر ئىبنى رافىئ ھارىسى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2847): سەھىھ ـ دېگەن.

أَنهُ لَمْ يَسْأَلْهُ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُولُوا اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا صَليْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ وَبَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ فِي الْعَالَمِينَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ وَالسلَامُ كَمَا قَدْ عَلِمْتُمْ.

9563 ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ مەجلىسىدە ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. بەشىر ئىبنى سەئد ئۇنىڭدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا بىزنى ساڭا دۇرۇد ۋە سالام يوللاشقا بۇيرىدى، بىز ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى. بىز: ”كاشكى سورىمىغان بولسىچۇ“ دەپ ئويلىدۇق. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ ”ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن. ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن“ دەڭلار! سالام بولسا، سىلەر بىلگىنىڭلاردەك (يەنى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئادۇر).

(مۇسلىم: 405)

9564 ـ وفي رواية: وَبَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ فِي الْعَالَمِينَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ. وفي أخرى: اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ النبِي الْأُمي وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ.

9564 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ

ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگىن. ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن» دېيىلگەن[1].

(تىرمىزى: 3220)

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى اللە! ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن» دېيىلگەن.

9565 ـ عن عَبْد الرحْمَنِ بن أَبِي لَيْلَى قَالَ لَقِيَنِي كَعْبُ بْنُ عُجْرَةَ فَقَالَ أَلَا أُهْدِي لَكَ هَدِيَةً إن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ عَلَيْنَا فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ عَلِمْنَا كَيْـفَ نُسَلمُ عَلَيْكَ فَكَيْفَ نُصَلي عَلَيْكَ قَالَ فَقُولُوا اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا صَلَيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ اللهُم بَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَـا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

9565 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا مۇنداق دەيدۇ: كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ ساڭا بىر ھەدىيە بېرەيمۇ؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا كەلدى، بىز: ''ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا قانداق سالام قىلىشنى بىلىمىز، ئەمما ساڭا قانداق دۇرۇت ئېيتىمىز؟ ـ دەپ سورىغاندۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ ''ئى اللە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق ئۇلۇغ زاتسەن. ئى اللە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگىن! ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن'' دەڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6357)

[1] ئەلبانى (2572): سەھىھ ـ دېگەن.

9566 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ سَـرهُ أَنْ يَكْتَـالَ بِالْمِكْيَالِ الْأَوْفَى إِذَا صَلى عَلَيْنَا أَهْلَ الْبَيتِ فَلْيَقُلْ اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَأَزْوَاجِهِ أُمهَاتِ الْمُؤْمِنِينَ وَذُريتِهِ وَأَهْلِ بَيْتِهِ كَمَا صَلَيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

9566 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەھلى بەيتكە سالام يوللاش ئارقىلىق تولۇق ساۋابقا ئىگە بولاي دېسە، مۇنداق دېسۇن: ''ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللىرىغا، ئائىلىسىگە ۋە ئەھلى بەيتىگە رەھمەت قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن''»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 982)

9567 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا السلَامُ عَلَيْكَ فَكَيْـفَ نُصَلي قَالَ قُولُوا اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ عَبْدِكَ وَرَسُولِكَ كَمَا صَلَيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَبَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَآلِ إِبْرَاهِيمَ.

9567 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا سالام يوللاشنى بىلىمىز، ئەمما قانداق دۇرۇت ئېيتىمىز؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ ''ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، پەيغەمبىرىڭ، قۇلۇڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلغىن. ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن!'' دەڭلار.

(بۇخارى: 6358)

---

[1] ئەلبانى (207): زەئىپ، ـ دېگەن.

9568 ـ عَنْ طَلْحَةَ أَن رَجُلًا أَتى نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كَيْفَ نُصَلي عَلَيْكَ يَا نَبِي اللهِ قَالَ قُولُوا اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا صَـلَيْتَ عَلَـى إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ وَبَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

9568 ـ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا قانداق دۇرۇت ئېيتىمىز؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ”ئى اللە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق ئۇلۇغ زاتسەن. ئى اللە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگىن، ھەقىقەتەن سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن“ دەڭلار! - دېدى[①].

(نەسائى: 1291)

9569 ـ عن ابي حُمَيْدٍ الساعِدِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ كَيْـفَ نُصَلي عَلَيْكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُولُوا اللهُم صَل عَلَى مُحَمدٍ وَأَزْوَاجِهِ وَذُرِيتِهِ كَمَا صَلَيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ وَبَارِكْ عَلَى مُحَمدٍ وَأَزْوَاجِهِ وَذُرِيتِهِ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

9569 ـ ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر:

ــ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ساڭا قانداق سالام يوللايمىز؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مۇنداق دەڭلار دېدى: «ئى اللە! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،

---

[①] ئەلبانى (1224): سەھىھ ـ دېگەن.

ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە رەھمەت قىلغىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە بەرىكەت بەرگىن، ئەلۋەتتە سەن ماختاشقا لايىق بۈيۈك زاتسەن».

(بۇخارى: 3369)

9570 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ إِذَا صَلَّيْتُمْ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَحْسِنُوا الصلَاةَ عَلَيْهِ فَإِنكُمْ لَا تَدْرُونَ لَعَل ذَلِكَ يُعْرَضُ عَلَيْهِ قَالَ فَقَالُوا لَهُ فَعَلمْنَا قَالَ قُولُوا اللهُم اجْعَلْ صَلَاتَكَ وَرَحْمَتَكَ وَبَرَكَاتِكَ عَلَى سَيدِ الْمُرْسَلِينَ وَإِمَامِ الْمُتقِينَ إلى آخرها.

9570 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: قاچانكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتساڭلار، چىرايلىق رەۋىشتە دۇرۇت ئېيتىڭلار! سىلەر بىلمەيسىلەر، بەلكى بۇ دۇرۇت ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىشى مۇمكىن، ـ دېگەنىدى، جامائەت ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنداق بولسا، بىزگە دۇرۇت ئېيتىشنى ئۆگىتىپ قويغىن! ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـــ ”ئى الله! سالامىڭنى، رەھمىتىڭنى، بەرىكىتىڭنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەييىدى، تەقۋادارلارنىڭ ئىمامى ئۈستىگە ياغدۇرغىن!“ ـ دەڭلار[1].

(ئىبنى ماجە: 906)

9571 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صَلى عَلَي صَلَاةً وَاحِدَةً صَلى اللهُ عَلَيْهِ عَشْرَ صَلَوَاتٍ وَحُطتْ عَنْهُ عَشْرُ خَطِيئَاتٍ وَرُفِعَتْ لَهُ عَشْرُ دَرَجَاتٍ.

9571 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (191): زەئىپ، ـ دېگەن.

«كىمكى ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، الله ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايدۇ، ئون گۇناھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى ئون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[1].

(نەسائى: 1297)

9572 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَاءَ ذَاتَ يَوْمٍ وَالْبُشْرَى فِي وَجْهِهِ فَقُلْنا إِنا لَنَرَى الْبُشْرَى فِي وَجْهِكَ فَقَالَ إِنهُ أَتَانِي الْمَلَكُ فَقَالَ يَا مُحَمدُ إِن رَبكَ يَقُولُ أَمَا يُرْضِيكَ أَنهُ لَا يُصَلي عَلَيْكَ أَحَدٌ إِلا صَليْتُ عَلَيْهِ عَشْرًا وَلَا يُسَلمُ عَلَيْكَ أَحَدٌ إِلا سَلمْتُ عَلَيْهِ عَشْرًا.

9572 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال ـ خۇرام يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! يۈزۈڭدىن خۇشاللىق ئىپادىسى چىقىپ تۇرىدۇ، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ يېنىمغا بىر پەرىشتە كېلىپ مۇنداق دېدى: ”ئى مۇھەممەد! رەببىڭ ساڭا سالام يوللىدى ۋە: كىمكى ساڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن. ساڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، مەن ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايمەن. بۇ سېنى خۇرسەن قىلمامدۇ؟ ـ دېدى“[2].

(نەسائى: 1283)

9573 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَوْلَى الناسِ بِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَكْثَرُهُمْ عَلَي صَلَاةً.

9573 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1230): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1228): ھەسەن، ـ دېگەن.

«قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغان كىشى ماڭا كۆپ دۇرۇت ۋە سالام يوللىغان كىشىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 484)

9574 ـ عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْبَخِيلُ الذِي مَنْ ذُكِرْتُ عِنْدَهُ فَلَمْ يُصَل عَلَي.

9574 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئىسمىم زىكىر قىلىنغاندا، ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللىمىغان كىشى ھەقىقىي بېخىلدۇر»[2].

(تىرمىزى: 3546)

9575 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِلهِ مَلَائِكَةً سَياحِينَ فِي الْأَرْضِ يُبَلغُونِي مِنْ أُمتِي السلَامَ.

9575 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ يەر يۈزىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئۈممىتىمنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ»[3].

(نەسائى: 1282)

9576 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ دِينَارٍ قَالَ رَأَيْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ يَقِفُ عَلَى قَبْرِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيُصَلي عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَى أَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ.

9576 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرە بېشىدا

[1] ئەلبانى (74): زەئىپ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2811): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1215): سەھىھ ـ دېگەن.

تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئەبۇ بەكرىگە ۋە ئۆمەرگە سالام يوللىغىنىنى كۆردۈم.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

9577 ـ عَنْ مُحَمدِ بن يَحْيى بن حَبانَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدهِ حَبانَ بن مُنقِذٍ أن رَجُلا، قَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَجْعَلُ ثُلُثَ صَلاتِي عَلَيْكَ؟ قَالَ: "نَعَمْ إِنْ شِئْتَ "، قَالَ: الثلُثَيْنِ؟ قَالَ: "نَعَمْ "، قَالَ: فَصَلاتِي كُلهَا؟ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَنْ يَكْفِيكَ اللهُ مَا أَهَمكَ مِنْ أَمرِ دُنْيَاكَ وَآخِرَتِكَ".

9577 ـ مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئىبنى ھەببان دادىسى ئارقىلىق چوڭ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! دۇئايىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ساڭا قىلايمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ خالىساڭ، شۇنداق قىلغىن! ـ دېدى.

ـ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى قىلسامچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـ ماقۇل، ـ دېدى.

ـ ھەممىسىنى قىلسامچۇ؟ ـ دېگەنىدى:

ـ ئۇنداقتا، دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىڭ ئۈچۈن، ھەر ئىككى ھاياتتا (مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشىڭ ئۈچۈن) الله ساڭا يېتەرلىكتۇر، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 3574)

9578 ـ عن عمار بن ياسر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إن الله وكل بقبري ملكا أعطاه أسماع الخلائق فلا يصلي على أحد إلى يوم القيامة إلا أبلغني باسمه واسم أبيه هذا فلان بن فلان قد صلى عليك.

9578 ـ ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (17281): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

«اللّٰه قەبرەمدە بىر پەرىشتە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان. قىيامەتكە قەدەر كىم ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللىسا، ئۇ پەرىشتە: ”پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچى ساڭا سالام يوللىدى“ دەپ، ئۇنىڭ ۋە دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ماڭا يەتكۈزىدۇ»[1].

(بەززار: 31629)

9579 ـ عن أنس بن مالك قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من صلى على صلاة واحدة صلى الله عليه بها عشرا ومن صلى على عشرا صلى الله عليه مائة ومن صلى على مائة كتب الله له براءة من النفاق بين عينيه وبراءة من النار وأنزله الله يوم القيامة مع الشهداء.

9579 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، اللّٰه ئۇنىڭغا ئون قېتىم سالام يوللايدۇ. كىم ماڭا ئون قېتىم سالام يوللىسا، اللّٰه ئۇنىڭغا يۈز قېتىم سالام يوللايدۇ. كىم ماڭا يۈز قېتىم سالام يوللىسا، اللّٰه ئۇنىڭ پېشانىسىگە: بۇ بەندە نىفاقتىن ۋە دوزاختىن خالاستۇر دەپ پۈتۈۋېتىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى شېھىدلەر بىلەن بىرگە قىلىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 899)

9580 ـ عن سلامة الكندى قال كان على رضى الله عنه يعلم الناس الصلاة على النبي صلى الله عليه وسلم يقول اللهم داحى المدحوات وبارئ المسوكات وجبار القلوب على فطراتها شقيها وسعيدها اجعل شرائف صلواتك ونوامى بركاتك ورأفة

[1] ھەيسەمى (17291): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى ھۇمەيرى ۋە نۇئەيىن ئىبنى زەمزەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك ئىككى كىشى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17298): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى سالىم ئىبنى شەبەل ھۇجەيمى ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنى تونۇمايمەن، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

Ơيتك على ˥مد عبدك ورسولك ا˥Źا لما سبق والفاتح لما أغلق والمعين على اΣق باΣق والدامغ جيشات الاباطيل كما ϸل فاضطلع بأمرك لطاعتك مستوفزا في مرضاتك بغير نكل عن قدم ولا وهن في عزم داعيا لوحيك حافظا لعهدك ماضيا على نفاذ أمرك حـG أورى تبسما لقابس به هديت القلوب بعد خوضان الفـ ƒ والاŻ بموضحات الاعلام ومنيرات الاسلام ونائرات الاحكام فهو أمينك المأمون وخازن علمك المخزون وشهيدك يوم الدين وبعثتك له نعمة ورسولك باΣق رϸة اللهم افسح له مفسحا في عدلك واجزه مضاعفة ا˥ير من فضلك مهنئات غير مكدرات من فوز ثوابك المعلوم وجزيل عطائك اŎزول.

9580 ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالام يوللاشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېدى: ئى دۇنيالارنى كەڭ يايغان، ئاسمانلارنى ياراتقان، بەختلىك ۋە بەختسىز قەلبلەرنى ئالدىن بېكىتىۋەتكەن رەببىم! دۇرۇتلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرىنى، مول بەرىكىتىڭنى، رەھمەت ۋە شەپقىتىڭنى قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغىن! ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزىدىن ئالدىن كەلگەنلەرنىڭ ئاخىرقىسى، قامىلىپ قالغانلارنىڭ ئاچقۇچىسى، ھەقنى ھەق بىلەن ئېلان قىلغۇچى، باتىل قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر. ئۇ سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن ساڭا بويسۇنۇپ، سېنىڭ رازىلىقىڭ بىلەن روھلاندى ۋە ئەسلا رەئىپلەشمەي، داۋاملىق كۈچلەندى. ۋەھيىڭگە بەكمۇ ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۆتمۈشتە سېنىڭ ئەمرىڭگە ئىتائەت ھەققىدە بەرگەن ئەھدىڭگە ۋاپا قىلدى. پەتنە ۋە گۇناھقا پاتقان قەلبلەر ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئوچۇق ئىشارەت، ئىسلامىي يوليورۇق ۋە ھۆكۈملەرنىڭ نۇرى ئاستىدا ھىدايەتكە ئېرىشتى. ئۇ سېنىڭ ئەمىن ۋە ئىشەنچلىك بەندەڭدۇر. مەخپىي ئىلمىڭنىڭ قاراۋۇلى، قىيامەت كۈنىنىڭ گۇۋاھچىسى، ھەق ۋە مەرھەمەت قىلىپ ئەۋەتكەن نېئمىتىڭدۇر. ئى الله! ئۇنىڭغا ئەدىن جەننىتىڭدىن بۈيۈك بىر ماكان ئاتا قىلغىن. ئۇنىڭغا پەزىلىتىڭدىن

ھەسسە ـ ھەسسىلەپ ياخشىلىق بەرگىن. ئۇنى مۇشەققەتسىز، غەم ـ غۇسسىسىز، كەڭ مەرھەمىتىڭ بىلەن مۇكاپاتلىغىن![1]

(«ئەلئەۋسەت»)

9581 ـ عَنْ كَعْبِ بن عُجْرَةَ، أنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، خَرَجَ يَوْمًا إلَى الْمِنْبَرِ، فَقَالَ حِينَ ارْتَقَى دَرَجَةً: "آمِينَ، ثُم ارْتَقَى الأُخْرَى، فَقَالَ: آمِينَ، ثُم ارْتَقَى الثالِثَةَ فَقَالَ: آمِينَ"، فَلَما نَزَلَ عَنِ الْمِنْبَرِ وَفَرَغَ، قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللهِ، لَقَدْ سَمِعْنَا مِنْكَ كَلامًا الْيَوْمَ مَا كُنا نَسْمَعُهُ قَبْلَ الْيَوْمِ؟ قَالَ: "وَسَمِعْتُمُوهُ؟" قَالُوا: نَعَمْ، قَالَ: "إن جِبْرِيلَ عَلَيْهِ السَلامَ، عَرَضَ لِي حِينَ ارْتَقَيْتُ دَرَجَةً، فَقَالَ: بَعُدَ، مَنْ أَدْرَكَ أَبَوَيْهِ عِنْدَ الْكِبَرِ أَوْ أَحَدَهُمَا لَمْ يُدْخِلاهُ الْجَنةَ، قَالَ: قُلْتُ: آمِينَ، وَقَالَ: بَعُدَ مَنْ ذُكِرْتُ عِنْدَهُ وَلَمْ يُصَلِّ عَلَيْكَ، فَقُلْتُ: آمِينَ، ثُم قَالَ: بَعُدَ مَنْ أَدْرَكَ رَمَضَانَ، فَلَمْ يُغْفَرْ لَهُ، فَقُلْتُ: آمِينَ".

9581 ـ كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقماقچى بولۇپ، بىرىنچى پەشتاقنى قويغاندا: «ئامىن!» دېدى. ئاندىن ئىككىنچىسىگە چىققاندا يەنە: «ئامىن!» دېدى. ئاندىن ئۈچىنچىسىگە چىققاندىمۇ: «ئامىن!» دېدى. ئۇ مۇنبەردىن چۈشكەندىن كېيىن، بىز:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۈگۈن بىز سەندىن بىر سۆز ئاڭلىدۇق، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ــ ھەئە، ئاڭلىدۇق، ـ دېۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ــ بىرىنچى پەشتاقنى ئاياغ باسقىنىمدا، جىبرىئىل يېنىمغا كېلىپ: "ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى ھايات تۇرۇپ،

---

[1] ھەيسەمى (16306): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى سەلامە كىندى ئىسىملىك كىشى ئەلىدىن مۇرسەل رىۋايەت قىلغان، قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئۇلار تۇپەيلى (يەنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماي) جەننەتكە كىرمىگەنلەر بەدبەخت بولسۇن!“ دېگەنىدى، مەن ئۇنى تەستىقلاپ: «ئامىن!» دېدىم. ئاندىن ئىككىنچى پەشتاققا ئاياغ باسقىنىمدا، جىبرىئىل: ”ئىسمىڭنىڭ تىلغا ئېلىنغىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ساڭا سالام يوللىمىغان كىشى بەدبەخت بولسۇن!“ دېگەنىدى، مەن: «ئامىن!» دېدىم. ئۈچىنچى پەشتاقتا: ”رامىزان ئېيى يېتىپ كىرسىمۇ، گۇناھلىرى مەغپىرەت بولمىغان كىشى بەدبەخت بولسۇن!“ دېگەنىدى. مەن يەنە: «ئامىن!» دېدىم[1].

(«ئەلكەبىر» 144/19)

9582 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ نَسِيَ الصلَاةَ عَلَي خَطِئَ طَرِيقَ الْجَنةِ.

9582 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللاشنى ئۇنۇتسا، جەننەت يولىدىن ئاداشقان بولىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 908)

[1] ھەيسەمى (17317): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (740): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

## زاھىدلىق، كەمبەغەللىك، ئارزۇ - ئۈمىد ۋە ھېرىسمەنلىك بۆلۈمى

9583 ـ عَنْ أَبِي ذَرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الزهَادَةُ فِي الدنْيَا لَيْسَتْ بِتَحْرِيمِ الْحَلَالِ وَلَا إِضَاعَةِ الْمَالِ وَلَكِن الزهَادَةَ فِي الدنْيَا أَنْ لَا تَكُونَ بِمَا فِي يَدَيْكَ أَوْثَقَ مِما فِي يَدَيْ اللهِ وَأَنْ تَكُونَ فِي ثَوَابِ الْمُصِيبَةِ إِذَا أَنتَ أُصِبْتَ بِهَا أَرْغَبَ فِيهَا لَوْ أَنهَا أُبْقِيَتْ لَكَ.

9583 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇنيادا زاھىدلىق ئۆزەڭگە ھالال قىلىنغان نەرسىنى ھارام قىلىش ۋە مال - دۇنيادىن ۋاز كېچىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىلكىڭدىكى نەرسىدىن ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىگە بەكرەك ئىشىنىش؛ بىر بالاغا يولۇققان چېغىڭدا، ئۇنىڭدىن قولغا كېلىدىغان ساۋابنى كۆزلەپ، ئۇ مۇسىبەتنىڭ سەندە (داۋاملىق) قېلىشىنى بەك ئارزۇ قىلىشىڭ بىلەن بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2340)

9584 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَرَدْتِ اللحُوقَ بِي فَلْيَكْفِكِ مِنْ الدنْيَا كَزَادِ الراكِبِ وَإِياكِ وَمُجَالَسَةَ الْأَغْنِيَاءِ وَلَا تَسْتَخْلِقِي ثَوْبًا حَتى تُرَقِعِيهِ.

9584 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (405): ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

«ئى ئائىشە! ئەگەر مېنىڭ ئارقامدىن ماڭا قوشۇلۇشنى (يەنى ئاخىرەتتە مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى) خالىساڭ، دۇنيادىن ساڭا يولۇچىنىڭ ئوزۇقلۇقىدەك ئوزۇقلۇق يەتكەي. ھەرگىز بايلار بىلەن بىرگە ئولتۇرمىغىن، كىيىمگە ياماق چۈشمىگىچە "كونىردى" دېمىگىن!»[1]

(تىرمىزى: 1780)

9585 ـ وزاد رزين في كتابه: قال عروة: «فما كانت عائشة تَستَجِد ثوبا حتى تُرقَعَ ثوبَها وتُنكسَهُ، قال: ولقد جاءها يوما من عند معاوية ثمانون ألفا، فما أمسى عندها دَرهمٌ، قالت لها جاريتها: فهلا اشْتَرَيتِ لنا منه لحما بدرهم؟ قالت: لو ذكرتيني لفعلتُ».

9585 ـ ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىيىمىنى ياماپ، ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈپ، راسا كونىراتماي تۇرۇپ يېڭى كىيىم كىيمەيتتى. بىر كۈنى، مۇئاۋىيەدىن ئۇنىڭغا 80 مىڭ تىللا كەلدى. لېكىن شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىللامۇ قالمىدى. چۆرىسى ئۇنىڭغا:

- ئۇ پۇلدىن بىر تىللاغا بىز ئۈچۈن گۆش سېتىۋالساڭ، ياخشى بولماسمىدى؟ - دېگەنىدى، ئۇ:

- بالدۇرراق ئېيتقان بولساڭ، شۇنداق قىلاتتىم، - دەپ جاۋاب بەردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9586 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم اجْعَلْ رِزْقَ آلِ مُحَمدٍ قُوتًا.

9586 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى رەببىم! مۇھەممەد ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى ئۆتتۈرلۈق قىلىپ بەرگىن».

(مۇسلىم: 1055)

[1] ئەلبانى (298): ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

9587 ـ وفي رواية: وقال كَفَافًا.

9587 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاران يەتكۈدەك قىلىپ بەرگىن!» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 1055)

9588 ـ عَنْ أنسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُم أحْيِنِي مِسْكِينًا وَأمِتْنِي مِسْكِينًا وَاحْشُرْنِي فِي زُمْرَةِ المَسَاكِينِ يَوْمَ القِيَامَةِ فَقَالَتْ عَائِشَةُ لِمَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ إنهُمْ يَدْخُلُونَ الجَنةَ قَبْلَ أغْنِيَائِهِمْ بِأرْبَعِينَ خَرِيفًا يَا عَائِشَةُ لَا تَرُدي المِسْكِينَ وَلَوْ بِشِق تَمْرَةٍ يَا عَائِشَةُ أحِبي المَسَاكِينَ وَقَربِيهِمْ فَإن اللهَ يُقَربُكِ يَوْمَ القِيَامَةِ.

9589 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى الله! مېنى مىسكىن ھالەتتە ياشاتقىن، مىسكىن ھالەتتە قەبزى روھ قىلغىن. قىيامەت كۈنىمۇ مېنى مىسكىنلەر قاتارىدا تىرىلدۈرگىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن بۇنداق دۇئا قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ چۈنكى ئۇلار جەننەتكە بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن كىرىدۇ. ئى ئائىشە! يوقسۇللارنى قۇرۇق قول قايتۇرما، ئۇلارغا يېرىم خورما بولسىمۇ بەرگىن. ئى ئائىشە! يوقسۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن ۋە ئۇلارنى ئۆزەڭگە يېقىن تۇتقىن. (شۇنداق قىلساڭ) قىيامەت كۈنى الله سېنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ[1].

(تىرمىزى: 2352)

9589 ـ عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْخُلُ الفُقَرَاءُ الجَنةَ قَبْلَ الأغْنِيَاءِ بِخَمْسِ مِائَةِ عَامٍ نِصْفِ يَوْمٍ.

[1] ئەلبانى (410): ئىسنادىنى زەئىپ، ـ دېگەن.

9589 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كەمبەغەللەر جەننەتكە بايلاردىن 500 يىل بۇرۇن كىرىدۇ. بۇ (اللەنىڭ نەزەرىدە) يېرىم كۈندۇر»[1].
(تىرمىزى: 2353)

9590 – عن ابي عَبْدِ الرحْمَنِ الْحُبُلِي قَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ وَسَأَلَهُ رَجُلٌ فَقَالَ أَلَسْنَا مِنْ فُقَرَاءِ الْمُهَاجِرِينَ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ أَلَكَ امْرَأَةٌ تَأْوِي إِلَيْهَا قَالَ نَعَمْ قَالَ أَلَكَ مَسْكَنٌ تَسْكُنُهُ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَنتَ مِنْ الْأَغْنِيَاءِ قَالَ فَإِنَ لِي خَادِمًا قَالَ فَأَنتَ مِنْ الْمُلُوكِ قَالَ أَبُو عَبْدِ الرحْمَنِ وَجَاءَ ثَلَاثَةُ نَفَرٍ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ وَأَنَا عِنْدَهُ فَقَالُوا يَا أَبَا مُحَمدٍ إنا وَاللهِ مَا نَقْدِرُ عَلَى شَيْءٍ لَا نَفَقَةٍ وَلَا دَابةٍ وَلَا مَتَاعٍ فَقَالَ لَهُمْ مَا شِئْتُمْ إِنْ شِئْتُمْ رَجَعْتُمْ إِلَيْنَا فَأَعْطَيْنَاكُمْ مَا يَسرَ اللهُ لَكُمْ وَإِنْ شِئْتُمْ ذَكَرْنَا أَمْرَكُمْ لِلسلْطَانِ وَإِنْ شِئْتُمْ صَبَرْتُمْ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن فُقَرَاءَ الْمُهَاجِرِينَ يَسْبِقُونَ الْأَغْنِيَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِلَى الْجَنةِ بِأَرْبَعِينَ خَرِيفًا قَالُوا فَإِنا نَصْبِرُ لَا نَسْأَلُ شَيْئًا.

9590 ـ ئەبۇ ئابدۇرراھمان ھۇبۇلىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:
ـ بىز مۇھاجىرلار كەمبەغەللەردىن ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:
ـ سېنىڭ ئايالىڭ يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:
ـ بار، ـ دېدى.
ـ ياشىغۇدەك ئۆيۈڭ يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:
ـ ئۆيۈممۇ بار، ـ دېدى.
ـ ئۇنداقتا، سەن بايلاردىن ھېسابلىنىسەن، ـ دېدى. ئۇ كىشى:
ـ مېنىڭ خىزمەتكارىممۇ بار، ـ دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس:
ـ ئۇنداقتا، سەن پادىشاھلاردىن ئىكەنسەن، ـ دېدى.

[1] ئەلبانى (1918): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ئەبۇ ئابدۇرراھماندىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ چاغدا، مەن ئىبنى ئاسنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇلار:

— ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر! بىزنىڭ نە پۇلىمىز، نە مال ـ مۈلكىمىز يوق، ـ دېگەنىدى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئۇلارغا:

— نېمە خالايسىلەر؟ ئەگەر خالىساڭلار، بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىڭلار، بىز سىلەرگە اﷲنىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرىدىن بېرەيلى. ئەگەر خالىساڭلار، قىيىنچىلىقىڭلارنى سۇلتانغا يەتكۈزەيلى. خالىساڭلار، سەۋر قىلىڭلار! چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇھاجىرلارنىڭ كەمبەغەللىرى قىيامەت كۈنى جەننەتكە بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن كىرىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېگەنىدى، ئۇلار:

ـ ئۇنداقتا بىز سەۋر قىلىمىز، ھېچنەرسە سورىمايمىز، ـ دېيىشتى.

(مۇسلىم: 2979)

9591 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ جَلَسْتُ فِي عِصَابَةٍ مِنْ ضُعَفَاءِ الْمُهَاجِرِينَ وَإِن بَعْضَهُمْ لَيَسْتَتِرُ بِبَعْضٍ مِنْ الْعُرْيِ وَقَارِئٌ يَقْرَأُ عَلَيْنَا إِذْ جَاءَ رَسُولُ اللهِ صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ عَلَيْنَا فَلَما قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَكَتَ الْقَارِئُ فَسَلمَ ثُم قَالَ مَا كُنْتُمْ تَصْنَعُونَ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ إِنهُ كَانَ قَارِئٌ لَنَا يَقْرَأُ عَلَيْنَا فَكُنا نَسْتَمِعُ إِلى كِتَابِ اللهِ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي جَعَلَ مِنْ أُمتِي مَنْ أُمِرْتُ أَنْ أَصْبِرَ نَفْسِي مَعَهُمْ قَالَ فَجَلَسَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسْطَنَا لِيَعْدِلَ بِنَفْسِهِ فِينَا ثُم قَالَ بِيَدِهِ هَكَذَا فَتَحَلقُوا وَبَرَزَتْ وُجُوهُهُمْ لَهُ قَالَ فَمَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَرَفَ مِنْهُمْ أَحَدًا غَيْرِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْشِرُوا يَا مَعْشَرَ صَعَالِيكِ الْمُهَاجِرِينَ بِالنورِ التام يَوْمَ الْقِيَامَةِ تَدْخُلُونَ الْجَنةَ قَبْلَ أَغْنِيَاءِ الناسِ بِنِصْفِ يَوْمٍ وَذَاكَ خَمْسُ مِائَةِ سَنَةٍ.

9591 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بىر قانچە يوقسۇل مۇھاجىرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتىم،

بەزىلەر بەزىلىرىنىڭ يالىڭاچ يەرلىرىنى توسۇۋالغانىدى. بىر قارى بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، قارى قۇرئان ئوقۇشتىن توختىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سالام بەرگەندىن كېيىن:

ـ نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قارى قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى، بىز اللهنىڭ كىتابىنى ئاڭلاۋاتاتتۇق، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۈممىتىمدىن مۇشۇنداق كىشىلەرنى ياراتقان ۋە مېنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەۋر قىلىشقا بۇيرىغان اللهقا ھەمدى ئېيتىمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۆزىنى بىز بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇش ئۈچۈن قاق ئوتتۇرىمىزغا كىرىپ ئولتۇردى، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، ھەممەيلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەندىن (راۋى) باشقا ھېچكىمنى ياخشى تونىمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى مۇھاجىر يوقسۇللىرى! قىيامەت كۈنى كامىل نۇرغا ئىگە بولىدىغانلىقىڭلاردىن خۇرسەن بولۇڭلار! سىلەر جەننەتكە ئىنسانلارنىڭ بايلىرىدىن يېرىم كۈن بۇرۇن كىرىسىلەر، ئۇ يېرىم كۈن (دۇنيا كۈنىگە نىسبەتەن) 500 يىلغا تەڭدۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3666)

9592 ـ وزاد البزار في آخره: حَتَّى إن الغا ا يود لو كان سائلا.

9592 ــ بەززار بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا: «ھەتتا باي كىشى: كاشكى مەنمۇ تىلەمچى بولغان بولسامچۇ؟! ــ دەپ كېتىدۇ» دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

[1] ئەلبانى (792): زەئىپ، ـ دېگەن.

9593 ـ عَنْ أُسَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قُمْتُ عَلَى بَابِ الْجَنةِ فَكَانَ عَامةَ مَنْ دَخَلَهَا الْمَسَاكِينُ وَأَصْحَابُ الْجَد مَحْبُوسُونَ غَيْرَ أن أَصْحَابَ النارِ قَدْ أُمِرَ بِهِمْ إِلَى النارِ وَقُمْتُ عَلَى بَابِ النارِ فَإِذَا عَامةُ مَنْ دَخَلَهَا النسَاءُ.

9593 ـ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(مىئراجدا) جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردۇم. كىرىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقسۇللار بولۇپ، بايلار توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئاندىن دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرىشكە بۇيرۇلدى، مەن دوزاخ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردۇم، كىرىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىدى».

(بۇخارى: 5196)

9594 ـ عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ ظَن أن لَهُ فَضْلًا عَلَى مَنْ دُونَهُ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا يَنْصُرُ اللهُ هَذِهِ الْأُمةَ بِضَعِيفِهَا بِدَعْوَتِهِمْ وَصَلَاتِهِمْ وَإِخْلَاصِهِمْ.

9594 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (دادام) سەئد ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا كەمبەغەل ساھابىلىرىگە نىسبەتەن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«الله بۇ ئۈممەتكە ئاجىزلارنىڭ نامىزى، دۇئالىرى ۋە ئىخلاسلىرى سايىسىدا ياردەم بېرىدۇ»[1].

(نەسائى: 3178)

9595 ـ عَنْ سَهْلٍ قَالَ مَر رَجُلٌ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا تَقُولُونَ فِي هَذَا قَالُوا حَرِي إِنْ خَطَبَ أَنْ يُنْكَحَ وَإِنْ شَفَعَ أَنْ يُشَفعَ وَإِنْ قَالَ أَنْ يُسْتَمَعَ قَالَ ثُم سَكَتَ فَمَر رَجُلٌ مِنْ فُقَرَاءِ الْمُسْلِمِينَ فَقَالَ مَا تَقُولُونَ فِي هَذَا قَالُوا حَرِي إِنْ

[1] ئەلبانى (2978): سەھىھ ـ دېگەن.

خَطَبَ أَنْ لَا يُنْكَحَ وَإِنْ شَفَعَ أَنْ لَا يُشَفَّعَ وَإِنْ قَالَ أَنْ لَا يُسْتَمَعَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا خَيْرٌ مِنْ مِلْءِ الْأَرْضِ مِثْلَ هَذَا.

9595 ــ سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدا تۇرغانلاردىن:

ـ بۇ كىشىگە قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر، بىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلسا، رەت قىلىنمايدۇ. بىرىگە كېپىل بولسا، كېپىللىكى بىجا كەلتۈرۈلىدۇ. بىرەر ئىشقا ئارىلاشسا، گېپى ئۆتىدۇ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچنېمە دېمىدى. كېيىن ئۇ يەردىن بىر كەمبەغەل مۇسۇلمان كىشى ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ كىشىگە قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ بۇ بىر كەمبەغەل مۇسۇلمان. بىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا قىز بېرىشنى خالىمايدۇ. بىرىگە كېپىل بولسا، كېپىللىكى رەت قىلىنىدۇ، بىرەر ئىشقا ئارىلاشسا، گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ، ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ــ بۇ ئادەم بايىقى ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرمىگىلىغان كىشىلەردىن ياخشىدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5091)

9596 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رُب أَشْعَثَ مَدْفُوعٍ بِالْأَبْوَابِ لَوْ أَقْسَمَ عَلَى اللهِ لَأَبَرهُ.

9596 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چېچى پاخپاي ۋە ئىشىك ئالدىدىن ھەيدىۋېتىلگەن قانچىلىغان ئىنسانلار باركى، بىرەر نەرسىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن الله تائالاغا قەسەم قىلسا، الله ئۇلارنىڭ قەسىمىنى روياپقا چىقىرىدۇ».

(مۇسلىم: 2622)

9597 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا بَعَثَ اللهُ نَبِيا إلا رَعَى الْغَنَمَ فَقَالَ أَصْحَابُهُ وَأَنتَ فَقَالَ نَعَمْ كُنتُ أَرْعَاهَا عَلَى قَرَارِيطَ لِأَهْلِ مَكةَ.

9597 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدە قوي باقمىغىنى يوق، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ قوي باققانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، مەنمۇ مەككە خەلقىنىڭ قويلىرىنى ئازغىنا تەڭگە بەدىلىگە بېقىپ بېرەتتىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 2262)

9598 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُغَفلٍ قَالَ قَالَ رَجُلٌ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا رَسُولَ اللهِ وَاللهِ إِني لَأُحِبكَ فَقَالَ انْظُرْ مَاذَا تَقُولُ قَالَ وَاللهِ إِني لَأُحِبكَ فَقَالَ انْظُرْ مَاذَا تَقُولُ قَالَ وَاللهِ إِني لَأُحِبكَ ثَلَاثَ مَراتٍ فَقَالَ إِنْ كُنتَ تُحِبنِي فَأَعِد لِلْفَقْرِ تِجْفَافًا فَإِن الْفَقْرَ أَسْرَعُ إِلَى مَنْ يُحِبنِي مِنْ السيْلِ إِلَى مُنْتَهَاهُ.

9598 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئېيتقان سۆزۈڭگە دىققەت قىلغىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم يەنە:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر سەن مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، كەمبەغەللىك ئۈچۈن ئۆزەڭگە بىر قالقان ھازىرلىغىن (يەنى يوقسۇللۇققا سەۋر قىل). چۈنكى كەمبەغەللىك مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە سەل سۈيىدىنمۇ تېز يېتىپ بارىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2350)

9599 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ كَعْبٍ الْقُرَظِي حَدثَنِي مَنْ سَمِعَ عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ يَقُولُ إِنا لَجُلُوسٌ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَسْجِدِ إِذْ طَلَعَ مُصْعَبُ بْنُ عُمَيْرٍ مَا عَلَيْهِ إِلا بُرْدَةٌ لَهُ مَرْقُوعَةٌ بِفَرْوٍ فَلَما رَآهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَكَى لِلذِي كَانَ فِيهِ مِنْ النعْمَةِ وَالذِي هُوَ الْيَوْمَ فِيهِ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيْفَ بِكُمْ إِذَا غَدَا أَحَدُكُمْ فِي حُلةٍ وَرَاحَ فِي حُلةٍ وَوُضِعَتْ بَيْنَ يَدَيْهِ صَحْفَةٌ وَرُفِعَتْ أُخْرَى وَسَتَرْتُمْ بُيُوتَكُمْ كَمَا تُسْتَرُ الْكَعْبَةُ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ نَحْنُ يَوْمَئِذٍ خَيْرٌ مِنا الْيَوْمَ نَتَفَرغُ لِلْعِبَادَةِ وَنُكْفَى الْمُؤْنَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَأَنْتُمْ الْيَوْمَ خَيْرٌ مِنْكُمْ يَوْمَئِذٍ.

9599 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە تېرە پارچىسىدىن ياماق سېلىنغان يەكتەكتىن باشقا كىيىم يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ (مەككىدىكى) بۇرۇنقى دەبدەبىلىك ۋە ھەشەمەتلىك ھاياتىنى ئەسلەپ يىغلىدى. كېيىن:

ـ سىلەر ئەتىگەندە باشقا، چۈشتىن كېيىن باشقا چىرايلىق كىيىم كىيىدىغان، ئالدىڭلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن ھەر تۈرلۈك تاماق

[1] ئەلبانى (409): زەئىپ، ـ دېگەن.

كەلتۈرۈلىدىغان ۋە ئۆيۈڭلارنى خۇددى كەئبىنى ئورىغاندەك ئورايدىغان (بېزەيدىغان) چاغ كەلگەندە ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر! ـ دېدى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بۈگۈنكىدىن ياخشى بولۇپ كەتكۈدەك، ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ئىبادەتكە ئاتىيالىغۇدەكمىز، تۇرمۇشىمىزدا قىيىنچىلىق بولمىغۇدەك، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، سىلەرنىڭ بۈگۈنكى ھالىڭلار ئۇ كۈنكىدىن كۆپ ئەۋزەل، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 2476)

9600 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ ذَكَرَ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا عِنْدَهُ الدنْيَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا تَسْمَعُونَ أَلَا تَسْمَعُونَ إِن الْبَذَاذَةَ مِنْ الْإِيمَانِ إِن الْبَذَاذَةَ مِنْ الْإِيمَانِ يَعْنِي التقَحلَ.

9600 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا مال ـ دۇنيا ئۇستىدە پاراڭ سېلىشقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئاددىي ـ ساددا كىيىنىش ئىماندىندۇر، ئاددىي ـ ساددا كىيىنىش ئىماندىندۇر» دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4161)

9601 ـ زيد بن أسلم قال: «اسْتَقَى يوما عمرُ بن الخطاب ـ رضي الله عنه ـ فجيء بماءٍ قد شِيبَ بعسلٍ، فقال: إنه لَطيبٌ، لكني أسمع الله عز وجل نَعَى على قومٍ شَهَوَاتِهم، فقال: {أَذْهَبْتم طَيِّبَاتِكُمْ فِي حَيَاتِكُمْ الدنْيَا وَاسْتَمْتَعْتُمْ بِهَا} فأخاف أن تكونَ حسناتُنا عُجلَت لنا، فلم يَشْرَبْه».

① ئەلبانى (440): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3507): سەھىھ ـ دېگەن.

9601 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇ سورىدى. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ كەلتۈرۈلگەنىدى، ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ بۇ ياخشى نەرسە، لېكىن الله تائالا قۇرئاندا ئازرۇ ـ ئارمانلىرىغا ئېرىشىپ بولغان كىشىلەرنى ئەيىپلەپ: دۇنيا ھاياتىڭلاردا نازۇنېمەتلىرىڭلارنى يەپ تۈگەتتىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلاندىڭلار دېگەن، شۇڭا مەن ياخشى ئەمەللىرىمنىڭ مۇكاپىتىنى دۇنيادىلا ئېلىپ بولغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن، ـ دېدى ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۇنى ئىچمىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9602 ـ جابر بن عبد الله ـ رضي الله عنهما ـ قال: «ذُكِرَ رجلٌ عند رسـول الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ بعبادةٍ واجتهادٍ وذُكر آخرُ بورعٍ فقال رسـول الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ : لا يُعدَلُ الوَرَعُ بشيءٍ».

9602 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كۆپ ئىبادەت قىلىش بىلەن نامى چىققان بىر كىشى بىلەن تەقۋادار بىر كىشى (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا) تىلغا ئېلىنغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەقۋادارلىققا ھېچنەرسە تەڭ بولالمايدۇ» دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9603 ـ عَنْ عَطِيةَ السعْدِي وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَبْلُغُ الْعَبْدُ أَنْ يَكُونَ مِنْ الْمُتقِينَ حَتى يَدَعَ مَا لَا بَأْسَ بِهِ حَذَرًا لِمَا بِهِ الْبَأْسُ.

9603 ــ ئەتىييە سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان گۇناھ بولمايدىغان ئىشنىمۇ ”گۇناھ بولۇپ قالارمىكىن“ دەپ تەرك ئەتمىگىچە، تەقۋادارلىق دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ»[1].
(تىرمىزى: 2451)

9604 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ يَأْتِي عَلَيْنَا الشَّهْرُ مَا نُوقِدُ فِيهِ نَارًا إِنَّمَا هُوَ التَّمْرُ وَالْمَاءُ إِلَّا أَنْ نُؤْتَى بِاللُّحَيْمِ.

9604 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە) بىرەر ئايغىچە قازان قايناتمايدىغان ۋاقىتلىرىمىز بولاتتى. سوۋغا سۈپىتىدە كېلىپ قالغان ئانچە ـ مۇنچە گۆشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا خورما بىلەن سۇدىن باشقا نەرسە يېمەيتتۇق.
(بۇخارى: 6458)

9605 ـ قَالَتْ عَائِشَةُ مَا شَبِعَ آلُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ خُبْزِ الْبُرِّ ثَلَاثًا حَتَّى مَضَى لِسَبِيلِهِ.

9605 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغانغا قەدەر ئائىلىسى بۇغداي نېنىنى (ئۇدا) ئۈچ كۈن تويغىچە يەپ باقمىدى.
(مۇسلىم: 2970)

9606 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا شَبِعَ آلُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ خُبْزِ الشَّعِيرِ حَتَّى قُبِضَ.

9606 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغانغا قەدەر ئائىلىسى ئارپا نېنىنى تويغىچە يەپ باقمىدى[2].
(ئىبنى ماجە: 3346)

---

[1] ئەلبانى (435): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2702): سەھىھ ـ دېگەن.

9607 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ مَا أَكَلَ آلُ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكْلَتَيْنِ فِي يَوْمٍ إِلا إِحْدَاهُمَا تَمْرٌ.

9607 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى بىر كۈندە ئىككى ۋاق تاماق يېسە، بىر ۋاقىت تامىقى چوقۇم خورما بولاتتى.

(بۇخارى: 6455)

9608 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنهَا قَالَتْ لِعُرْوَةَ ابْنَ أُخْتِي إِنْ كُنا لَنَنْظُرُ إِلَى الْهِلَالِ ثُم الْهِلَالِ ثَلَاثَةَ أَهِلةٍ فِي شَهْرَيْنِ وَمَا أُوقِدَتْ فِي أَبْيَاتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَارٌ فَقُلْتُ يَا خَالَةُ مَا كَانَ يُعِيشُكُمْ قَالَتْ الْأَسْوَدَانِ التمْرُ وَالْمَاءُ إِلا أَنهُ قَدْ كَانَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جِيرَانٌ مِنْ الْأَنْصَارِ كَانَتْ لَهُمْ مَنَائِحُ وَكَانُوا يَمْنَحُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَلْبَانِهِمْ فَيَسْقِينَا.

9608 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇرۋەگە:

ـ ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى! بىز (پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى) ئۇدا ئىككى ئاينى قازان قايناتماي ئۆتكۈزەتتۇق، ـ دېدى، ئۇرۋە:

ـ ئى ھاما! نېمە يەپ ـ ئىچەتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىغاندى، ھەزرىتى ئائىشە:

ـ خورما يەپ، سۇ ئىچەتتۇق. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسار قوشنىلىرى مال ـ چارۋىلىرىنىڭ سۈتىدىن يوللىغان كۈنلىرى شۈنى ئىچەتتۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2567)

9609 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا تُوُفيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ شَبِعْنَا مِنْ الْأَسْوَدَيْنِ التمْرِ وَالْمَاءِ.

9609 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما بىلەن سۇغا تويغۇدەك زامان كەلگەندە ۋاپات بولدى.

(بۇخارى: 5383)

9610 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ تُوُفِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ شَبِعَ الناسُ مِنْ الْأَسْوَدَيْنِ التمْرِ وَالْمَاءِ.

9610 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر خورما بىلەن سۇغا تويغۇدەك زامان كەلگەندە ۋاپات بولغانىدى، ـ دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2957)

9611 ـ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ لَقَدْ مَاتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا شَبِعَ مِنْ خُبْزٍ وَزَيْتٍ فِي يَوْمٍ وَاحِدٍ مَرتَيْنِ.

9611 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈندە ئىككى قېتىم نان بىلەن زەيتۇن يېگىلى تويماستىن ۋاپات بولدى.

(مۇسلىم: 2974)

9612 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَبِيتُ الليَالِي الْمُتَتَابِعَةَ طَاوِيًا وَأَهْلُهُ لَا يَجِدُونَ عَشَاءً وَكَانَ أَكْثَرُ خُبْزِهِمْ خُبْزَ الشعِيرِ.

9612 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى بىلەن بىرقانچە كېچىنى تائامسىز ئۆتكۈزەتتى، چۈنكى كەچلىك تاماققا يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمايتتى. يەيدىغىنىنىڭ كۆپىنچىسى ئارپا نېنىدىن ئىبارەت ئىدى[1].

(تىرمىزى: 2360)

9613 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ لَبِسَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصوفَ وَاحْتَذَى الْمَخْصُوفَ وَقَالَ أَكَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَشِعًا وَلَبِسَ خَشِنًا.

[1] ئەلبانى (1923): ھەسەن، ـ دېگەن.

9613 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇڭ كىيىم، ياماق ئاياغ، يىرىك كىيىم كىيەتتى ۋە قاتتىق قۇرۇق نانلارنى يەيتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 3348)

9615 ـ عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ قَالَ سَمِعْتُ النُعْمَانَ يَخْطُبُ قَالَ ذَكَرَ عُمَرُ مَا أَصَابَ الناسُ مِنْ الدنْيَا فَقَالَ لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَظَل الْيَوْمَ يَلْتَوِي مَا يَجِدُ دَقَلًا يَمْلَأُ بِهِ بَطْنَهُ.

9615 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانلارنىڭ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى تىلغا ئالدى ۋە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈن بويى قورسىقى تويغۇدەك ناچار خورمىمۇ تاپالمىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

(مۇسلىم: 2978)

9616 ـ عَنْ قَتَادَةَ قَالَ كُنا نَأْتِي أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَخَبازُهُ قَائِمٌ قَالَ كُلُوا فَمَا أَعْلَمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَى رَغِيفًا مُرَققًا حَتى لَحِقَ بِاللهِ وَلَا رَأَى شَاةً سَمِيطًا بِعَيْنِهِ قَط.

9616 ـ قەتادە رەھىمەھۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلسەك، ناۋىيى يېنىدا بولاتتى. ئەنەس بىزگە نان بېرىپ، مۇنداق دەيتتى:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر نېپىز قىلىپ يېقىلغان نان كۆرگىنىنى بىلمەيمەن. يەنە ئۇنىڭ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر پۈتۈن كاۋاپ قىلىنغان قوي (گۆشى) كۆرگىنىنىمۇ بىلمەيمەن.

(بۇخارى: 5421)

[1] ئەلبانى (728): زەئىپ، ـ دېگەن.

9617 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ أُخِفْتُ فِي اللهِ وَمَا يُخَافُ أَحَدٌ وَلَقَدْ أُوذِيتُ فِي اللهِ وَمَا يُؤْذَى أَحَدٌ وَلَقَدْ أَتتْ عَلَي ثَلَاثُونَ مِنْ بَيْنِ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ وَمَا لِي وَلِبِلَالٍ طَعَامٌ يَأْكُلُهُ ذُو كَبِدٍ إِلا شَيْءٌ يُوَارِيهِ إِبْطُ بِلَالٍ قَالَ أَبُو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ وَمَعْنَى هَذَا الْحَدِيثِ حِينَ خَرَجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَارِبًا مِنْ مَكةَ وَمَعَهُ بِلَالٌ إِنمَا كَانَ مَعَ بِلَالٍ مِنْ الطعَامِ مَا يَحْمِلُهُ تَحْتَ إِبْطِهِ.

9617 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېچكىم الله يولىدا مەنچىلىك قورقىتىلمىدى. مەندىن بۇرۇن ھېچكىم الله يولىدا مەنچىلىك ئەزىيەت تارتمىدى. كېچە ـ كۈندۈز تولۇق بىر ئاي بىلال ئىككىمىزدە بىلالنىڭ قولتۇقىدىكى ئازغىنە ئوزۇقلۇقتىن باشقا يېمىكىمىز يوق ئىدى»[1].

(تىرمىزى: 2472)

تىرمىزى بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھلىگەن: بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىققان چېغىدا يېنىدا بىلال بار بولۇپ، بىلالنىڭ قولتۇقىغا قىسىۋالغان ئازغىنە ئوزۇقلۇقتىن باشقا يېمەكلىك يوق ئىدى.

9618 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ لَما فُتِحَتْ خَيْبَرُ قُلْنَا الْآنَ نَشْبَعُ مِنْ التمْرِ.

9618 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: خەيبەر فەتھە قىلىنغاندا: ’’ئەمدى خورمىغا تويىدىغان بولدۇق‘‘ دېدۇق.

(بۇخارى: 2424)

9619 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ مَا شَبِعْنَا حَتى فَتَحْنَا خَيْبَرَ.

[1] ئەلبانى (2012): سەھىھ ـ دېگەن.

9619 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: خەيبەر فەتھ بولغىچە، خورمىنى تويغۇدەك يەپ باقمىغانىدۇق.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

9620 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ تُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا فِي بَيْتِي مِنْ شَيْءٍ يَأْكُلُهُ ذُو كَبِدٍ إلا شَطْرُ شَعِيرٍ فِي رَف لِي فَأَكَلْتُ مِنْهُ حَتى طَالَ عَلَي فَكِلْتُهُ فَفَنِيَ.

9620 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغان چاغدا، ئۆيۈمدە ئويۇقتىكى يېرىم خالتا ئارپىدىن باشقا، ئادەم زاتى يېگۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. ئۇزۇن مەزگىلگىچە شۇنى (تارتماستىن) يېدىم. (كېيىن: ''قانچىلىك قالغاندۇ'' دەپ) تارتقان ئىدىم، بەرىكىتى كېتىپ، تۈگەپ كەتتى.

(بۇخارى: 3097)

9621 ـ وفي رواية: فَلَوْ كُنا تَرَكْنَاهُ لَأَكَلْنَا مِنْهُ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ.

9621 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر (تارتماستىن) ئۆز پېتى قويغان بولساق، يەنە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە يېگەن بولاتتۇق[①].

(تىرمىزى: 2467)

9622 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ تُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدِرْعُهُ مَرْهُونَةٌ عِنْدَ يَهُودِي بِثَلَاثِينَ صَاعًا مِنْ شَعِيرٍ.

9622 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغان چاغدا، ئۇنىڭ ساۋۇتى بىر يەھۇدىنىڭ قولىدا گۆرەدە ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى 30 سا ئارپىغا گۆرەگە قويغانىدى.

(بۇخارى: 2916)

---

[①] ئەلبانى (2011): سەھىھ ـ دېگەن.

9623 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسُب أَحَدًا وَلَا يُطْوَى لَهُ ثَوْبٌ.

9623 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر كىشىنى تىللىغىنىنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ قاتلاپ ئېلىپ قويىدىغان زاپاس كىيىمى بولۇپ باقمىغان[1].

(ئىبنى ماجە: 3554)

9624 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ كَعْبٍ الْقُرَظِي حَدثَنِي مَنْ سَمِعَ عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ يَقُولُ خَرَجْتُ فِي يَوْمٍ شَاتٍ مِنْ بَيْتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ أَخَذْتُ إِهَابًا مَعْطُوبًا فَحَولْتُ وَسَطَهُ فَأَدْخَلْتُهُ عُنُقِي وَشَدَدْتُ وَسَطِي فَحَزَمْتُهُ بِخُوصِ النخْلِ وَإِني لَشَدِيدُ الْجُوعِ وَلَوْ كَانَ فِي بَيْتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَعَامٌ لَطَعِمْتُ مِنْهُ فَخَرَجْتُ أَلْتَمِسُ شَيْئًا فَمَرَرْتُ بِيَهُودِي فِي مَالٍ لَهُ وَهُوَ يَسْقِي بِبَكَرَةٍ لَهُ فَاطلَعْتُ عَلَيْهِ مِنْ ثُلْمَةٍ فِي الْحَائِطِ فَقَالَ مَا لَكَ يَا أَعْرَابِي هَلْ لَكَ فِي كُل دَلْوٍ بِتَمْرَةٍ قُلْتُ نَعَمْ فَافْتَحْ الْبَابَ حَتى أَدْخُلَ فَفَتَحَ فَدَخَلْتُ فَأَعْطَانِي دَلْوَهُ فَكُلمَا نَزَعْتُ دَلْوًا أَعْطَانِي تَمْرَةً حَتى إِذَا امْتَلَأَتْ كَفي أَرْسَلْتُ دَلْوَهُ وَقُلْتُ حَسْبِي فَأَكَلْتُهَا ثُم جَرَعْتُ مِنْ الْمَاءِ فَشَرِبْتُ ثُم جِئْتُ الْمَسْجِدَ فَوَجَدْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِ.

9624 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قىش كۈنى، ئاشلانغان كونا تېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بېشىمنى چىقىرىپ، بېلىمنى خورما تالالىرى بىلەن باغلىغان ھالدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدىن چىقتىم. قورسىقىم بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېگۈدەك بىر نەرسە بولسا، (چوقۇم) يېگەن بولاتتىم. يېگۈدەك بىر نەرسە ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، بېغىدا سوغا بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتقان بىر يەھۇدىينى كۆردۈم ۋە تامنىڭ يېرىقىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. يەھۇدىي (مېنى كۆرۈپ):

[1] ئەلبانى (780): زەئىپ ـ دېگەن.

ـ ئى ئەئرابى! نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ بىر تال خورما بەدىلىگە بىر سوغا سۇ تارتامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ تارتىمەن، ئىشىكنى ئاچقىن! ئىچىگە كىرەي، ـ دېدىم. ئىشىكنى ئېچىپ، قولۇمغا بىر سوغا تۇتقۇزدى. ھەر بىر سوغا سۇ تارتقىنىمدا بىر تال خورما بەردى، ئالقىنىم توشقاندا، سۇ تارتىشتىن توختىدىم ۋە:

ـ مۇشۇ ماڭا يېتىدۇ، ـ دېدىم. ئاندىن خورما يەپ، سۇ ئىچكەندىن كېيىن، مەسجىدكە باردىم. قارىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئىكەن[①].

(تىرمىزى: 2473)

9625 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ أَوْ لَيْلَةٍ فَإِذَا هُوَ بِأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ فَقَالَ مَا أَخْرَجَكُمَا مِنْ بُيُوتِكُمَا هَذِهِ الساعَةَ قَالَا الْجُوعُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ وَأَنَا وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَأَخْرَجَنِي الذِي أَخْرَجَكُمَا قُومُوا فَقَامُوا مَعَهُ فَأَتَى رَجُلًا مِنْ الْأَنصَارِ فَإِذَا هُوَ لَيْسَ فِي بَيْتِهِ فَلَما رَأَتْهُ الْمَرْأَةُ قَالَتْ مَرْحَبًا وَأَهْلًا فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيْنَ فُلَانٌ قَالَتْ ذَهَبَ يَسْتَعْذِبُ لَنَا مِنْ الْمَاءِ إِذْ جَاءَ الْأَنصَارِي فَنَظَرَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَاحِبَيْهِ ثُم قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ مَا أَحَدٌ الْيَوْمَ أَكْرَمَ أَضْيَافًا مِني قَالَ فَانْطَلَقَ فَجَاءَهُمْ بِعِذْقٍ فِيهِ بُسْرٌ وَتَمْرٌ وَرُطَبٌ فَقَالَ كُلُوا مِنْ هَذِهِ وَأَخَذَ الْمُدْيَةَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِياكَ وَالْحَلُوبَ فَذَبَحَ لَهُمْ فَأَكَلُوا مِنْ الشاةِ وَمِنْ ذَلِكَ الْعِذْقِ وَشَرِبُوا فَلَما أَنْ شَبِعُوا وَرَوُوا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتُسْأَلُن عَنْ هَذَا النعِيمِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُيُوتِكُمْ الْجُوعُ ثُم لَمْ تَرْجِعُوا حَتى أَصَابَكُمْ هَذَا النعِيمُ.

9625 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى (ياكى بىر ئاخشىمى) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىدىن چىقتى ۋە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلاردىن:

---

① ئەلبانى (438): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ بۇ ۋاقىتتا كوچىغا چىقىشىڭلارغا نېمە سەۋەب بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاچلىق سەۋەبىدىن چىقتۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى كوچىغا چىقارغان سەۋەب مېنىمۇ چىقاردى. قېنى يۈرۈڭلار! ــ دېدى. ئۈچى بىرلىكتە بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن ئەنسارى ئۆيىدە يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى:

ــ مەرھابا، خۇش كەپسىلەر! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ (يولدىشىڭ) پالانچى نەدە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئايال:

ـ بىزگە سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى، ـ دېدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئەنسارى يېتىپ كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككى دوستىنى كۆرۈپ:

ــ اللهقا ھەمدۇسانا بولسۇن، بۈگۈن سىلەردەك قىممەتلىك مېھمانلارغا ساھىبخانلىق قىلغان مەندەك ھېچكىم يوق، ـ دېدى ۋە بېرىپ خورما شېخىدىن بىرنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ شاختا قۇرۇق ۋە ھۆل خورما بار ئىدى. ئاندىن:

ــ مەرھەمەت، قېنى يېقىڭلار! ـ دېدى. ئاندىن قولىغا پىچاقنى ئالغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سۈت بېرىدىغان مالنى سويۇۋەتمىگىن! ـ دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇ قويىدىن بىرنى سويدى. مېھمانلار گۆشتىن تويغۇدەك يەپ، سۇدىن قانغۇدەك ئىچكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى ئەلۋەتتە بۇ نېئمەتتىن سورىلىسىلەر. چۈنكى سىلەر ئاچلىق سەۋەبىدىن ئۆيىدىن چىقتىڭلار، ئاندىن بۇ نېئمەتكە ئېرىشتىڭلار، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2038)

9626 ـ عن عُتْبَةَ بْنَ غَزْوَانَ قال لَقَدْ رَأَيْتُنِي سَابِعَ سَبْعَةٍ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا طَعَامُنَا إلا وَرَقُ الْحُبْلَةِ حَتى قَرِحَتْ أَشْدَاقُنَا.

9626 ـ ئۇتبە ئىبنى غەزۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (بىر سەپەردە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە يەتتە كىشى ئىكەنلىكىمىز ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ. (ئۇ كۈنلەردە) يەيدىغىنىمىز دەرەخ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرماقنى يەۋېرىپ قوۋۇزلىرىمىز يارا بولۇپ كەتكەنىدى.

(مۇسلىم: 2967)

9627 ـ عَنْ أَبِي طَلْحَةَ قَالَ شَكَوْنَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجُوعَ وَرَفَعْنَا عَنْ بُطُونِنَا عَنْ حَجَرٍ حَجَرٍ فَرَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ حَجَرَيْنِ.

9627 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاچلىقتىن شىكايەت قىلدۇق ۋە قورسىقىمىزغا تېڭىۋالغان تاشلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتۇق. قارىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچلىقتىن قورسىقىغا ئىككى تاش تېڭىۋالغان ئىكەن[1].

(تىرمىزى: 2371)

9628 ـ عن خَبابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ هَاجَرْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَلْتَمِسُ وَجْهَ اللهِ فَوَقَعَ أَجْرُنَا عَلَى اللهِ فَمِنا مَنْ مَاتَ لَمْ يَأْكُلْ مِنْ أَجْرِهِ شَيْئًا مِنْهُمْ مُصْعَبُ بْنُ عُمَيْرٍ وَمِنا مَنْ أَيْنَعَتْ لَهُ ثَمَرَتُهُ فَهُوَ يَهْدِبُهَا قُتِلَ يَوْمَ أُحُدٍ فَلَمْ نَجِدْ مَا نُكَفنُهُ إلا بُرْدَةً إِذَا غَطيْنَا بِهَا رَأْسَهُ خَرَجَتْ رِجْلَاهُ وَإِذَا غَطيْنَا رِجْلَيْهِ خَرَجَ رَأْسُهُ فَأَمَرَنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نُغَطيَ رَأْسَهُ وَأَنْ نَجْعَلَ عَلَى رِجْلَيْهِ مِنْ الْإِذْخِرِ.

9628 ـ خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن پەقەت ﷲ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلدۇق. بەلكىم ئەجرىمىزنى ﷲ بەرگەندۇر. ئارىمىزدا غازاتنىڭ مېۋىسىدىن (ئەجرىدىن) ھېچنېمە يېمەي ئۆلۈپ كەتكەنلەر

---

[1] ئەلبانى (413): زەئىپ، ـ دېگەن.

بولدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير شۇلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇھۇد غازىتىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا بىر يەكتەكتىن باشقا كېپەنلىك قىلغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدۇق. يەكتەكنى بېشىغا ياپساق پۇتى، پۇتىغا ياپساق بېشى ئېچىلىپ قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەكتەكنى ئۇنىڭ بېشىغا يېپىپ، (ئوچۇق قالغان) پۇتىنى چىغ بىلەن يېپىشقا بۇيرىدى.

(بۇخارى: 1276)

9629 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَقَدْ رَأَيْتُ سَبْعِينَ مِنْ أَصْحَابِ الصفةِ مَا مِنْهُمْ رَجُـلٌ عَلَيْهِ رِدَاءٌ إما إِزَارٌ وَإِما كِسَاءٌ قَدْ رَبَطُوا فِي أَعْنَاقِهِمْ فَمِنْهَا مَا يَبْلُغُ نِصْفَ الساقَيْنِ وَمِنْهَا مَا يَبْلُغُ الْكَعْبَيْنِ فَيَجْمَعُهُ بِيَدِهِ كَرَاهِيَةَ أَنْ تُرَى عَوْرَتُهُ.

9629 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سۇپا ئەھلىدىن 70 كىشىنى كۆردۈم. ھېچقايسىسىنىڭ ئۈستىدە (بېلىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغۇدەك) كىيىم يوق ئىدى. ئۇلار تامبال كىيىۋالاتتى ياكى بىر پارچە رەختنى يەلكىسىگە ئارتىۋالاتتى. يەلكىسىگە ئارتىۋالغان رەخت بەزىلەرنىڭ ئوشۇقىغا يەتسە، بەزىلەرنىڭ پاچىقىغا ئاران يېتەتتى. ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەشلىرىنى قاماللاپ تۇتۇۋالاتتى.

(بۇخارى: 442)

9630 ـ قَالَ أَنسُ بْنُ مَالِكٍ رَأَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَهُوَ يَوْمَئِذٍ أَمِيرُ الْمَدِينَةِ وَقَدْ رَقَعَ بَيْنَ كَتِفَيْهِ بِرِقَاعٍ ثَلَاثٍ لَبدَ بَعْضَهَا فَوْقَ بَعْضٍ.

9630 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردۈم، ئۇ يەلكىسىگە ئۈچ قات ياماق سېلىنغان كىيىم ئارتىۋالغانىدى.

(مالىك: 1706)

9631 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ ابْتُلِينَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالضراءِ فَصَبَرْنا ثُم ابْتُلِينَا بِالسراءِ بَعْدَهُ فَلَمْ نَصْبِرْ.

9631 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولساقمۇ، سەۋر قىلغانىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن راھەت ـ پاراغەت بىلەن سىنالدۇق ۋە سەۋر قىلالمىدۇق[1].

(تىرمىزى: 2464)

9632 ـ عَنْ مُحَمدٍ قَالَ كُنا عِنْدَ أَبِي هُرَيْرَةَ وَعَلَيْهِ ثَوْبَانِ مُمَشقَانِ مِنْ كَتانٍ فَتَمَخطَ فَقَالَ بَخٍ بَخٍ أَبُو هُرَيْرَةَ يَتَمَخطُ فِي الْكَتانِ لَقَدْ رَأَيْتُنِي وَإِني لَأَخِر فِيمَا بَيْنَ مِنْبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى حُجْرَةِ عَائِشَةَ مَغْشِيا عَلَي فَيَجِيءُ الْجَائِي فَيَضَعُ رِجْلَهُ عَلَى عُنُقِي وَيُرَى أَني مَجْنُونٌ وَمَا بِي مِنْ جُنُونٍ مَا بِي إِلا الْجُوعُ.

9632 ـ مۇھەممەدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۇستىدە سېغىزرەڭ چىگە رەختتىن توقۇلغان ئىككى قۇر كىيىم بار ئىدى. ئۇ كىيىمگە بۇرنىنى سۈرتكەندىن كېيىن:

ــ پاھ، پاھ! ئەبۇ ھۇرەيرە بۇرنىنى كىيىمگە سۈرتۈۋاتىدۇ. بىر ۋاقىتلار شۇنچىلىك كەمبەغەل ئىدىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسى ئارىسىدا يىقىلىپ قالاتتىم. بىرىنىڭ مېنى "ساراڭ بولۇپ قاپتۇ" دەپ ئويلاپ، بويىنۇمغا دەسسىگىنىنى بىلىمەن. ھالبۇكى، مەن ساراڭ بولۇپ قالمىغان، بەلكى ئاچ ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 7324)

---

[1] ئەلبانى (2004): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

9633 ـ عَنْ فَضَالَةَ بْنِ عُبَيْدٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم كَانَ إِذَا صَلى بِالناسِ يَخِر رِجَالٌ مِنْ قَامَتِهِمْ فِي الصلَاةِ مِنْ الْخَصَاصَةِ وَهُمْ أَصْحَابُ الصفةِ حَتى يَقُولَ الْأَعْرَابُ هَؤُلَاءِ مَجَانِينُ أَوْ مَجَانُونَ فَإِذَا صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ انْصَرَفَ إِلَيْهِمْ فَقَالَ لَوْ تَعْلَمُونَ مَا لَكُمْ عِنْدَ اللهِ لَأَحْبَبْتُمْ أَنْ تَزْدَادُوا فَاقَةً وَحَاجَةً.

9633 ـ فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئارقىدا تۇرغان كىشىلەردىن بەزىلىرى ئاچلىقتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتى، ئۇلار سۇپا ئەھلىدىن ئىدى. بەدەۋىيلەر ئۇلارنى ”ساراڭ“ دەپمۇ قوياتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇرۇلۇپ: «ئەگەر ﷲنىڭ نەزىرىدىكى ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلگەن بولساڭلار، بۇ پېقىرلىقنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىڭلار» دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 2368)

9634 ـ قَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُفْتَحُ الدنْيَا عَلَى أَحَدٍ إلا أَلْقَى اللهُ عَز وَجَل بَيْنَهُمْ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

9634 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان: «دۇنيا كىملەرگە بېرىلگەن بولسا، ئەلۋەتتە، ﷲ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىۋېتىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 94)

---

[1] ئەلبانى (1930): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17741): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

9635 ـ عن ابي ذَر؛ قال: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: يَا أَبَا ذَر تَقُولُ كَثْرَةُ الْمَالِ الْغِنَى؟ قُلْتُ: نَعَمْ؛ قَالَ: تَقُولُ قِلةُ الْمَالِ الْفَقْرُ؟ قُلْتُ: نَعَمْ؛ قَالَ ذَلِكَ ثَلاثًا؛ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: الْغِنَى فِي الْقَلْبِ؛ وَالْفَقْرُ فِي الْقَلْبِ؛ مَنْ كَانَ الْغِنَى فِي قَلْبِهِ لا يَضُرهُ مَا لَقِيَ مِنَ الدنْيَا؛ وَمَنْ كَانَ الْفَقْرُ فِي قَلْبِهِ؛ فَلا يُغْنِيهِ مَا أَكْثَرَ لَهُ فِي الدنْيَا؛ وَإِنمَا يَضُر نَفْسَهُ شُحها.

9635 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:

ـ ئى ئەبۇ زەر! مالنىڭ كۆپلۈكىنى بايلىق دەپ قارامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېدىم. يەنە:

ـ مالنىڭ ئازلىقىنى كەمبەغەللىك دەپ قارامسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ھەئە، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن:

ـ ئى ئەبۇ زەر! بايلىقمۇ، كەمبەغەللىكمۇ قەلبتە بولىدۇ. قەلبى باي كىشى مال ـ دۇنياغا پىسەنت قىلمايدۇ. قەلبى كەمبەغەل كىشى مال ـ دۇنياغا تويمايدۇ. بېخىل كىشى ئۆزىنى ئۆزى قىينايدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 1643)

9636 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ سَاهِمُ الْوَجْهِ قَالَتْ فَحَسِبْتُ أَن ذَلِكَ مِنْ وَجَعٍ فَقُلْتُ يَا نَبِي اللهِ مَا لَكَ سَاهِمُ الْوَجْهِ قَالَ مِنْ أَجْلِ الدنَانِيرِ السبْعَةِ التِي أَتَتْنَا أَمْسِ أَمْسَيْنَا وَهِيَ فِي خُصْمِ الْفِرَاشِ.

9636 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزى ئۆڭۈپ كەتكەن ھالدا يېنىمغا كىردى. "ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ:

---

[1] ھەيسەمى (17749): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! يۇزۇڭ نېمىگە بۇنچىۋالا ئۆڭۈپ كەتتى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ تۈنۈگۈن بىزگە كەلگەن يەتتە دىنار تۆپەيلىدىن مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم. چۈنكى كەچ كىرىپ كەتتى، ئۇ پۇلنى تېخىچە سەدىقە قىلىۋېتەلمەي، كۆرپە ئاستىدا ساقلاۋاتىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(ئەھمەد: 25975)

9637 ـ عَنْ بُرَيْدِ بْنِ أَصْرَمَ قَالَ سَمِعْتُ عَلِيا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ مَاتَ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الصفةِ وَتَرَكَ دِينَارَيْنِ أَوْ دِرْهَمَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيتَانِ صَلوا عَلَى صَاحِبِكُمْ.

9637 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سۇپا ئەھلىدىن بىر كىشى ئۆلۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئىككى دىنار (ياكى ئىككى دەرھەم) چىقتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يېنىدىن پۇل چىقتىمۇ؟! ئۇنداق بولسا، قېرىنداشلىرىڭلار نامىزىنى سىلەر چۈشۈرۈڭلار!» دېدى[②].

(ئەھمەد: 790)

9638 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ: دَخَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى بِلالٍ وَعِنْدَهُ صُبْرٌ مِنْ تَمْرٍ فَقَالَ: مَا هَذَا يَا بِلالُ؟ قَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ ذَخَرْتُهُ لَكَ وَلِضِيفَانِكَ قَالَ: أَمَا تَخْشَى أَنْ يفورَ لَهَا بُخَارٌ مِنْ جَهَنمَ؟ أَنْفِقْ يَا بِلالُ وَلا تَخْشَ مِنْ ذِي الْعَرْشِ إِقْلالا.

9638 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ قېشىدا بىر خالتا خورما تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

① ھەيسەمى (17752): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (17764): بۇ ھەدىسنى بەززار، ئىمام ئەھمەد ۋە ئوغلى ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇتەيبە زەرىر ئىسىملىك كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ـ ئى بىلال! بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، بىلال:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلارنى ساڭا ۋە مېھمانلىرىڭغا يىغىۋاتىمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى بىلال! بۇنىڭ دوزاختا تۈتۈن بولۇشىدىن قورقمامسەن؟ بۇنى سەدىقە قىلىۋەتكىن ۋە ئەرش ئىگىسىنىڭ سېنى ئاچ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلمىغىن! ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 1020)

9639 ـ عن نافع قال: سمع ابن عمر، رجلا يقول: الشحيح أعذر من الظالم، فقال ابن عمر: كذبت، سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «الشحيح لا يدخل الجنة».

9639 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى:

ـ زالىمغا قارىغاندا بېخىلنىڭ ئۆزرىسى مەقبۇلدۇر، ـ دېگەنىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ يالغان ئېيتتىڭ. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بېخىل جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

9640 ـ عن البراء بن عازب قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من قضى نهمته في الدنيا حيل بينه وبين شهوته في الآخرة، ومن مد عينه إلى زينة المترفين كان مهينا في ملكوت الدنيا، ومن صبر على القوت الشديد صبرا جميلا أسكنه الله من الفردوس حيث شاء».

---

[①] ھەيسەمى (17777): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (17784): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى مەسلەمە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9640 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم دۇنيادا باياشات تۇرمۇشتا ياشىسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە چەك قويۇلىدۇ. كىم كۆزىنى بايلارنىڭ مال - دۇنياسىغا تىكسە، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن خورلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىگە بېرىلگەن ئازغىنە رىزىققا چىرايلىقچە سەۋر قىلسا، الله ئۇنى فىردەۋس جەننىتىدىن خالىغان يېرىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 1071)

9641 ـ عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما ذئبان ضاريان في حظيرة يأكلان ويفسدان بأضرفيها من حب الشرف وحب المال في دين المرء المسلم.

9641 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مال ۋە مەنسەپ سەۋداسىنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىغا بەرگەن زىيىنى، ئىككى بۆرىنىڭ بىر قوتانغا كىرىپ، يېگىنىنى يەپ، قالغىنىنى ئۆلتۈرۈپ (مال ئىگىسىگە) سالغان زىيىنىدىن تېخىمۇ چوڭدۇر» دېگەن[2].

(بەززار: 3608)

9642 ـ عن ابن عباس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما عال مقتصـد قط.

9642 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تېجەشلىك ئادەم ھەرگىز كەمبەغەل بولمايدۇ» دېگەن[3].

(«ئەلكەبىر»: 12656)

---

[1] ھەيسەمى (17820): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى ئەمر ئىبنى باجىلى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17830): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قۇتبە ئىبنى ئەلا ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار، قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (17849): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9643 ـ عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَراحِ قَالَ ذَكَرَ مَنْ دَخَلَ عَلَيْهِ فَوَجَدَهُ يَبْكِي فَقَالَ مَا يُبْكِيكَ يَا أَبا عُبَيْدَةَ فَقَالَ نَبْكِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَكَرَ يَوْمًا مَا يَفْتَحُ اللهُ عَلَى الْمُسْلِمِينَ وَيُفِيءُ عَلَيْهِمْ حَتى ذَكَرَ الشامَ فَقَالَ إِنْ يَنْسَأْ فِي أَجَلِكَ يَا أَبا عُبَيْدَةَ فَحَسْبُكَ مِنْ الْخَدَمِ ثَلَاثَةٌ خَادِمٌ يَخْدُمُكَ وَخَادِمٌ يُسَافِرُ مَعَكَ وَخَادِمٌ يَخْدُمُ أَهْلَكَ وَيَرُد عَلَيْهِمْ وَحَسْبُكَ مِنْ الدوَاب ثَلَاثَةٌ دَابةٌ لِرَحْلِكَ وَدَابةٌ لِثَقَلِكَ وَدَابةٌ لِغُلَامِكَ ثُم هَذَا أَنا أَنْظُرُ إِلَى بَيْتِي قَدْ امْتَلَأَ رَقِيقًا وَأَنْظُرُ إِلَى مِرْبَطِي قَدْ امْتَلَأَ دَوَاب وَخَيْلًا فَكَيْفَ أَلْقَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ هَذَا وَقَدْ أَوْصَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَحَبكُمْ إِلَي وَأَقْرَبَكُمْ مِني مَنْ لَقِيَنِي عَلَى مِثْلِ الْحَالِ الذِي فَارَقَنِي عَلَيْهَا.

9643 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرگەن بىر كىشى ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

ـ نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا كۆپ فەتىھ ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ شامنىمۇ قولغا كىرگۈزىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: «ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! ئەگەر ئاشۇ چاغقىچە ياشىساڭ، ساڭا ئۈچ خىزمەتچى كۇپايە. ئۇلاردىن بىرى ساڭا خىزمەت قىلىدۇ، بىرى سەن بىلەن سەپەر قىلىدۇ، يەنە بىرى ئائىلەڭگە خىزمەت قىلىدۇ. ساڭا يەنە ئۈچ تۇياغ ئۇلاغ كۇپايە. بىرى، مىنىشىڭ ئۈچۈن، بىرى، يۈك ـ ۆڭنى توشۇش ئۈچۈن، يەنە بىرى، خىزمەتچىڭنىڭ مىنىشى ئۈچۈن» دېگەنىدى. ھازىر قارىغۇدەك بولسام، ئۆيۈم خىزمەتچى بىلەن، قوتىنىم ئات ـ ئۇلاغ بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن. ھالبۇكى، ئۇ بىزگە: «سىلەردىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار، مەن ۋاپات بولغاندا قانداق قالغان بولسا، (كېيىن) مەن بىلەن شۇ پېتى ئۇچرىشىدىغىنىڭلاردۇر» دېگەنىدى[1].

(ئەھمەد: 1698)

---

[1] ھەيسەمى (17853): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر راۋىي بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9644 ـ عَنْ أنسٍ رَضِيَ اللہُ تَعالٰى عَنْہُ قالَ: دَخَلْتُ عَلٰى سَلْمَانَ فَرَأَيتُ بَيْتَہُ رَثًا فَقَالَ لَہُ فِي ذَلِكَ فَقَالَ: "إن رَسُولَ اللہِ صَلى اللہُ عَلَيْہِ وَسَلمَ عَہِدَ إلَي أَنْ يَكُونَ زَادُكُمْ فِي الدُنيا كَزَادِ الراكِبِ".

9644 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەلماننىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئۆيلىرى بەكمۇ ۋەيرانە ئىدى. ئۇنىڭدىن:

- بۇ نېمە ئەھۋال؟ - دەپ سورىغانىدىم، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

- پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «دۇنيالىق ئوزۇق - تۈلۈكىڭ يولۇچىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىچىلىك بولسۇن!» دېگەنىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 6069)

9645 ـ عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ دَخَلَ رَجُلٌ عَلٰى أهْلِہِ فَلَما رَأى مَا بِہِمْ مِنْ الْحَاجَـةِ خَرَجَ إلٰى الْبَرِيةِ فَلَما رَأتْ امْرَأتُہُ قَامَتْ إلٰى الرحَى فَوَضَعَتْہَا وَإلٰى التنورِ فَسَجَرَتْہُ ثُم قَالَتْ اللہُم ارْزُقْنا فَنظَرَتْ فَإذَا الْجَفْنَةُ قَدْ امْتَلَأَتْ قَالَ وَذَهَبَتْ إلٰى التنورِ فَوَجَدَتْہُ مُمْتَلِئًـا قَـالَ فَرَجَعَ الزوْجُ قَالَ أَصَبْتُمْ بَعْدِي شَيْئًا قَالَتْ امْرَأتُہُ نَعَمْ مِنْ رَبنَا قَامَ إلٰى الرحَى فَذُكِرَ ذَلِـكَ لِلنبِي صَلى اللہُ عَلَيْہِ وَسَلمَ فَقَالَ أمَا إنہُ لَوْ لَمْ يَرْفَعْہَا لَمْ تَزَلْ تَدُورُ إلٰى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

9645 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئۆيىگە كەلدى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاچ ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تاشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئايالى يارغۇنچاقنى چۆرىدى، تونۇرنى قىزىتتى، ئاندىن: "ئى اللہ! بىزگە رىزىق بەرگىن!" دەپ دۇئا قىلدى. قارىغۇدەك بولسا، قاچىسى ئۇنغا، تونۇر نانغا تولۇپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئېرى قايتىپ كېلىپ:

ـ مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يېگۈدەك بىر نەرسە تاپقان ئوخشىمامسىلەر؟ - دەپ سورىدى، ئايالى:

---

[1] ھەيسەمى (17855): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھەسەن ئىبنى يەھيا ئىبنى جەئدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ـ شۇنداق، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رىزىق بەردى، ـ دېدى. ئۇ ئادەم يارغۇنچاقنى ئېلىۋەتتى. كېيىن، بۇ ئىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بېرىلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر ئۇ ئادەم يارغۇنچاقنى ئېلىۋەتمىگەن بولسا، (يارغۇنچاق) تاكى قىيامەتكىچە توختىماي ئۇن تارتقان بولاتتى، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 10280)

9646 ـ عن عقبة بن عامر أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول إذا أحب الله عبدا ϸاه الدنيا كما 3مى أحدكم مريضه الماء ليشفى.

9646 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار كېسەل قېرىندىشىنىڭ تېزراق ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى سۇدىن قوغدىغىنىدەك، اللە تائالا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بەندىسىنى مال ـ دۇنيادىن شۇنداق قوغدايدۇ»[2].

(مەۋسىلى: 6865)

9647 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعْجِبُهُ مِنْ الدُنْيا ثَلَاثَةٌ الطعَامُ وَالنسَاءُ وَالطيبُ فَأَصَابَ ثِنْتَيْنِ وَلَمْ يُصِبْ وَاحِدَةً أَصَابَ النسَاءَ وَالطيبَ وَلَمْ يُصِبْ الطعَامَ.

9647 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنيالىقتىن ئۈچ نەرسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار: تائام، ئايال ۋە خۇشپۇراق. ئۇ ئايالغا ئېرىشتى، خۇشپۇراققا ئېرىشتى، ئەمما تائامغا ئېرىشەلمىدى[3].

(ئەھمەد: 23919)

[1] ھەيسەمى (17873): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ ئۇستازى بىلەن تەبەرانىنىڭ ئۇستازىدىن باشقا ھەممىسىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇ ئىككىسىمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18054): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (18255): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

9648 ـ عن عائشةۂ قالت: أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم بقدح فيه لبن وعسلۂ فقال: شربتين في شربة؟ وأدمين في قدح؟ لا حاجة لي بهۂ أما إني لا أزعم أنه حرامۂ أكره أن يسألني الله عن فضول الدنيا يوم القيامة.

9648 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچىدا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت كەلتۈرۈلگەنىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «قان بولىدىغان بۇ ئىككى ماددىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر قاچىدا ئەكەلدىڭلارمۇ؟! مېنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق. مەن بۇنى ھارام دېمەيمەن، ئەمما قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ئالدىدا دۇنيا نېئمەتلىرىدىن ئارتۇق ھېسابقا قېلىشنى خالىمايمەن»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

9649 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ خَط النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَطا مُرَبعًا وَخَط خَطا فِي الْوَسَطِ خَارِجًا مِنْهُ وَخَط خُطَطًا صِغَارًا إِلَى هَذَا الذِي فِي الْوَسَطِ مِنْ جَانِبِهِ الذِي فِي الْوَسَطِ وَقَالَ هَذَا الْإِنسَانُ وَهَذَا أَجَلُهُ مُحِيطٌ بِهِ أَوْ قَدْ أَحَاطَ بِهِ وَهَذَا الذِي هُوَ خَارِجٌ أَمَلُهُ وَهَذِهِ الْخُطَطُ الصغَارُ الْأَعْرَاضُ فَإِنْ أَخْطَأَهُ هَذَا نَهَشَهُ هَذَا وَإِنْ أَخْطَأَهُ هَذَا نَهَشَهُ هَذَا.

9649 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (يەرگە) تۆت چاسا شەكىل سىزدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇچى سىرتقا چىقىپ تۇرغان بىر سىزىق سىزدى. ئاندىن چاسا ئوتتۇرىسىدىكى سىزىققا قارىتىپ كىچىك ـ كىچىك سىزىقلار سىزغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: «مانا بۇ ئىنسان بولۇپ، چاسا سىزىق ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئەجىلى بولىدۇ. تاشقىرىغا چىقىپ تۇرغان بۇ سىزىق ئۇنىڭ ئارزۇسى، كىچىك سىزىقلار بولسا، مۇسىبەتلەردۇر. بۇ مۇسىبەت ئوقى يولىدىن چىقىپ

[1] ھەيسەمى (18294): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نۇئەيم ئىبنى مۇۋەررىئ ئەنبەرى ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

كېتىپ، ئىنسانغا تەگمەي قالسا، يەنە بىرى كېلىپ تېگىدۇ. ئەگەر ئۇمۇ تەگمەي قالسا، ئەجەل ئوقى تېگىدۇ».

(بۇخارى: 6417)

9650 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ خَط النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُطُوطًا فَقَالَ هَذَا الْأَمَـلُ وَهَذَا أَجَلُهُ فَبَيْنَمَا هُوَ كَذَلِكَ إِذْ جَاءَهُ الْخَط الْأَقْرَبُ.

9650 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىزىقلار سىزىپ مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئىنساننىڭ ئارزۇسى، بۇ ئەجىلىدۇر. ئىنسان مانا بۇ ئارىلىقتا تىرىشىپ، ئارزۇسىغا يېقىنلاشقاندا، (ئۇنىڭ) ئەجىلى يېتىپ كەلگەن بولىدۇ».

(بۇخارى: 6418)

9651 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَنْكِبِي فَقَالَ كُنْ فِي الدنْيَا كَأَنكَ غَرِيبٌ أَوْ عَابِرُ سَبِيلٍ وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يَقُـولُ إِذَا أَمْسَيْتَ فَلَا تَنْتَظِرْ الصبَاحَ وَإِذَا أَصْبَحْتَ فَلَا تَنْتَظِرْ الْمَسَاءَ وَخُذْ مِنْ صِحتِكَ لِمَرَضِكَ وَمِنْ حَيَاتِكَ لِمَوْتِكَ للخاري وللترمذي وزاد بعد أَوْ عَابِرُ سَبِيلٍ: وَعُد نَفْسَكَ فِي أَهْلِ الْقُبُورِ.

9651 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دولامدىن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «دۇنيادا مۇساپىر ياكى يولۇچىغا ئوخشاش ياشىغىن».

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيتتى: كەچ بولغاندا تاڭ ئېتىشىنى، تاڭ ئاتقاندا كەچ بولۇشىنى ساقلىما. ساغلام چېغىڭدا كېسەللىككە، ھايات چېغىڭدا ئۆلۈمگە تەييار تۇر!

(بۇخارى: 6416)

تىرمىزى: بۇ ھەدىستىكى ”يولۇچى“ دېگەن سۆزدىن كېيىن: «ئۆزەڭنى قەبرە ئەھلىدىن سانىغىن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

9652 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَعْذَرَ اللهُ إِلَى امْرِئٍ أَخرَ أَجَلَهُ حَتى بَلغَهُ سِتينَ سَنَةً.

9652 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا 60 يىل ئۆمۈر بەرگەن كىشىدىن ھەر تۈرلۈك ئۆزرە ۋە باھانىنى قوبۇل قىلمايدۇ».

(بۇخارى: 6419)

9653 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَلْبُ الشيْخِ شَابٌ عَلَى حُب اثْنَتَيْنِ حُب الْعَيْشِ وَالْمَالِ.

9653 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان قېرىسىمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىش ۋە مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتە كۆڭلى قېرىمايدۇ».

(مۇسلىم: 1046)

9654 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَهْرَمُ ابْنُ آدَمَ وَتَشِب مِنْهُ اثْنَتَانِ الْحِرْصُ عَلَى الْمَالِ وَالْحِرْصُ عَلَى الْعُمُرِ.

9654 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادەم بالىسى قېرىسىمۇ، ئۇنىڭ مالغا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى قېرىمايدۇ».

(مۇسلىم: 1048)

9655 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ كَانَ لِابْنِ آدَمَ وَادِيَانِ مِنْ مَالٍ لَابْتَغَى وَادِيًا ثَالِثًا وَلَا يَمْلَأُ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلا الترَابُ وَيَتُوبُ اللهُ عَلَى مَنْ تَابَ.

9655 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئىنسان ئوغلىنىڭ ئىككى تاغ ئالتۇنى بولسا، ئۈچىنچىسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەتلا توپا تولدۇرىدۇ. الله تائالا تۆۋبە قىلغۇچىنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 1048)

# قورقۇش، مۇلايىملىق ۋە نەسىھەت بۆلۈمى

9656 ـ حَدثَنَا أُبو بَكْرِ بْنُ أَبِي النضْرِ حَدثَنَا أُبو النضْرِ حَدثَنَا أُبو عَقِيلٍ الثقَفِـي حَدثَنَا أُبو فَرْوَةَ يَزِيدُ بْنُ سِنَانٍ التمِيمِي حَدثَنِي بُكَيْرُ بْنُ فَيْرُوزَ قَال سَمِعْتُ أَبا هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ خَافَ أَدْلَجَ وَمَنْ أَدْلَجَ بَلَغَ الْمَنْزِلَ أَلَا إِن سِـلْعَةَ اللهِ غَالِيَةٌ أَلَا إِن سِلْعَةَ اللهِ الْجَنةُ قَالَ أُبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ غَرِيبٌ لَا نَعْرِفُهُ إِلا مِنْ حَدِيثِ أَبِي النضْرِ.

9656 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى (كېچىنىڭ ئاخىرىدا دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن) قورقسا، قونماستىن يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كىمكى يولىنى داۋاملاشتۇرسا، مەنزىلىگە يېتىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ﷲنىڭ مېلى قىممەتتۇر، بىلىپ قويۇڭلاركى، ﷲنىڭ مېلى جەننەتتۇر»[1].

(تىرمىزى: 2450)

9657 ـ عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَى شَاب وَهُوَ فِي الْمَوْتِ فَقَالَ كَيْفَ تَجِدُكَ قَالَ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ أَني أَرْجُو اللهَ وَإِني أَخَافُ ذُنُوبِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَجْتَمِعَانِ فِي قَلْبِ عَبْدٍ فِي مِثْلِ هَذَا الْمَوْطِنِ إِلا أَعْطَاهُ اللهُ مَا يَرْجُو وَآمَنَهُ مِما يَخَافُ قَالَ أُبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ غَرِيبٌ وَقَدْ رَوَى بَعْضُهُمْ هَذَا الْحَدِيثَ عَنْ ثَابِتٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُرْسَلًا.

---

[1] ئەلبانى (1993): سەھىھ ـ دېگەن.

9657 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكرات ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىتنىڭ يېنىغا كىرىپ:

ـ ئۆزەڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! گۇناھلىرىمدىن قورقىۋاتىمەن، ئەمما اللهتىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىمەن، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ بۇنداق بىر ھالەتتە مۇئمىنىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد بىلەن قورقۇنچ جەم بولسا، الله ئۇنىڭغا ئۈمىد قىلغىنىنى بېرىدۇ، قورققان ئىشىدىن ساقلايدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 983)

9658 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا قَالَتْ مَا رَأَيتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُسْتَجْمِعًا قَط ضَاحِكًا حَتى أَرى مِنْهُ لَهَوَاتِهِ إنمَا كَانَ يَتَبسمُ.

9658 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇ پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قوياتتى.

(بۇخارى: 6092)

9659 ـ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِى ـ صلى الله عليه وسلم ـ أَنهَا قَالَتْ كَانَ النبِى ـ صلى الله عليه وسلم ـ إِذَا عَصَفَتِ الريحُ قَالَ «اللهُم إِنى أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا فِيهَا وَخَيْرَ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرهَا وَشَر مَا فِيهَا وَشَر مَا أُرْسِلَتْ بِهِ». قَالَتْ وَإِذَا تَخَيلَتِ السمَاءُ تَغَيرَ لَوْنُهُ وَخَرَجَ وَدَخَلَ وَأَقْبَلَ وَأَدْبَرَ فَإِذَا مطَرَتْ سُرىَ عَنْهُ فَعَرَفْتُ ذَلِكَ فِى وَجْهِهِ. قَالَتْ عَائِشَةُ فَسَأَلْتُهُ فَقَالَ «لَعَلهُ يَا عَائِشَةُ كَمَا قَالَ قَوْمُ عَادٍ (فَلَما رَأَوْهُ عَارِضًا مُسْتَقْبِلَ أَوْدِيَتِهِمْ قَالُوا هَذَا عَارِضٌ مُمْطِرُنَا)».

9659 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: شامال چىقسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى الله! مەن بۇ

[1] ئەلبانى (785): ھەسەن، ـ دېگەن.

شامالدىن ياخشىلىقنى تىلەيمەن. ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەۋەتىلگەن ياخشىلىقنى تىلەيمەن. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭدىكى يامانلىقتىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەۋەتىلگەن يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى. كۆندۈزى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئۆيگە بىر كىرىپ، بىر چىقاتتى ۋە بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ماڭاتتى. يامغۇر يېغىشى بىلەن چىرايى ئېچىلىپ كېتەتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئائىشە! كىم بىلسۇن؟ بەلكىم ئۇ بۇلۇت ئەينى چاغدا ئاد قەۋمىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسىغا سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇتنى كۆرۈپ: ”مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر“ دېيىشكەن (لېكىن ئۇلارنىڭ بېشىغا تاش ياغقان)، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 899)

9660 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إني أَرَى مَا لَا تَرَوْنَ وَأَسْمَعُ مَا لَا تَسْمَعُونَ أَطتْ السمَاءُ وَحُق لَهَا أَنْ تَئِط مَا فِيهَا مَوْضِعُ أَرْبعِ أَصَابِعَ إلا وَمَلَكٌ وَاضِعٌ جَبْهَتَهُ سَاجِدًا لِلهِ وَاللهِ لَوْ تَعْلَمُونَ مَا أَعْلَمُ لَضَحِكْتُمْ قَلِيلًا وَلَبَكَيْتُمْ كَثِيرًا وَمَا تَلَذذْتُمْ بِالنسَاءِ عَلَى الْفُرُشِ وَلَخَرَجْتُمْ إلَى الصعُدَاتِ تَجْأَرُونَ.

9660 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن سىلەر كۆرمىگەننى كۆرىمەن. سىلەر ئاڭلىمىغاننى ئاڭلايمەن. ھەقىقەتەن، ئاسمان ئىنجىقلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىنجىقلىشى ھەقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ يەردە پەرىشتىلەر الله ئۈچۈن بېشىنى سەجدىگە قويغان بولۇپ، تۆت بارماق سىغقىدەكمۇ بوش جاي قالمىغانىدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار.

ئاياللىرىڭلار بىلەن بىرگە بولمايتتىڭلار. چۆللەرگە چىقىپ، اللەقا يىلىنىپ ـ يىلىنىپ يالۋۇرغان بولاتتىڭلار»[1].

(تىرمىزى: 2312)

9661 ـ أن أبا ذر قَالَ لَوَدِدْتُ أني كُنْتُ شَجَرَةً تُعْضَدُ.

9661 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغاندىن كېيىن: كاشكى مەن كېسىۋېتىلگەن بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ، ـ دېگەن[2].

(تىرمىزى: 2312)

9662 ـ عَنْ حَنْظَلَةَ الْأُسَيْدِيِّ قَالَ وَكَانَ مِنْ كُتَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَقِيَنِي أَبُو بَكْرٍ فَقَالَ كَيْفَ أَنتَ يَا حَنْظَلَةُ قَالَ قُلْتُ نَافَقَ حَنْظَلَةُ قَالَ سُبْحَانَ اللهِ مَا تَقُولُ قَالَ قُلْتُ نَكُونُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُذَكِّرُنَا بِالنارِ وَالْجَنةِ حَتى كَأَنا رَأْيُ عَيْنٍ فَإِذَا خَرَجْنَا مِنْ عِنْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَافَسْنَا الْأَزْوَاجَ وَالْأَوْلَادَ وَالضيْعَاتِ فَنَسِينَا كَثِيرًا قَالَ أَبُو بَكْرٍ فَوَاللهِ إِنا لَنَلْقَى مِثْلَ هَذَا فَانْطَلَقْتُ أَنَا وَأَبُو بَكْرٍ حَتى دَخَلْنَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ نَافَقَ حَنْظَلَةُ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا ذَاكَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ نَكُونُ عِنْدَكَ تُذَكِّرُنَا بِالنارِ وَالْجَنةِ حَتى كَأَنا رَأْيُ عَيْنٍ فَإِذَا خَرَجْنَا مِنْ عِنْدِكَ عَافَسْنَا الْأَزْوَاجَ وَالْأَوْلَادَ وَالضيْعَاتِ نَسِينَا كَثِيرًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنْ لَوْ تَدُومُونَ عَلَى مَا تَكُونُونَ عِنْدِي وَفِي الذكْرِ لَصَافَحَتْكُمْ الْمَلَائِكَةُ عَلَى فُرُشِكُمْ وَفِي طُرُقِكُمْ وَلَكِنْ يَا حَنْظَلَةُ سَاعَةً وَسَاعَةً ثَلَاثَ مَراتٍ.

9662 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاتىبلىرىدىن بولغان ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى ماڭا ئۇچراپ قېلىپ:

ـ ئى ھەنزەلە! قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

---

[1] ئەلبانى (1882): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1882): "كاشكى..." دېگەن سۆزدىن باشقىسى ھەسەن، ـ دېگەن.

- ھەنزەلە مۇناپىق بولدى، - دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ:
- سۇبھانەللاھ! نىمە دەۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن:
ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە دوزاخ بىلەن جەننەتنى ئاڭلاتقىنىدا، ئۇلارنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك بولىمىز. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىققىنىمىزدا، ئاياللىرىمىز، ماللىرىمىز ۋە باللىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز، - دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى:
ـ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىۋاتىدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى ئىككىمىز بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدۇق. مەن سۆزۈمنى باشلاپ:
- ئى رەسۇلۇللاھ! ھەنزەلە مۇناپىق بولدى، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ساڭا نىمە بولدى؟ - دەپ سورىدى. مەن:
- ئى رەسۇلۇللاھ! يېنىڭدا ئولتۇرغىنىمىزدا جەننەت بىلەن دوزاخنى ئاڭلاتساڭ، خۇددى ئۇلارنى كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولىمىز. ئەمما سېنىڭ يېنىڭدىن چىققىنىمىزدا، ئاياللىرىمىز، ماللىرىمىز ۋە باللىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز، - دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سىلەر داۋاملىق مېنىڭ يېنىمدىكىدەك زىكىردە بولساڭلار، پەرىشتىلەر ئۆيۈڭلار ۋە يولۇڭلارغا كېلىپ، سىلەر بىلەن كۆرۈشكەن بولاتتى. ئى ھەنزەلە! ئەمما ئىنسان بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە بۇنداق بولىدۇ، - دېدى ۋە بۇ سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.
(مۇسلىم: 2750)

9663 ـ عَنْ أَبِي ذَر عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا رَوَى عَنْ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَنهُ قَالَ يَا عِبَادِي إِني حَرمْتُ الظلْمَ عَلَى نَفْسِي وَجَعَلْتُهُ بَيْنَكُمْ مُحَرمًا فَلَا تَظَالَمُوا يَا عِبَادِي كُلكُمْ ضَال إِلا مَنْ هَدَيْتُهُ فَاسْتَهْدُونِي أَهْدِكُمْ يَا عِبَادِي كُلكُمْ جَائِعٌ إِلا مَنْ أَطْعَمْتُهُ فَاسْتَطْعِمُونِي أُطْعِمْكُمْ يَا عِبَادِي كُلكُمْ عَارٍ إِلا مَنْ كَسَوْتُهُ فَاسْتَكْسُونِي أَكْسُكُمْ يَا عِبَادِي إِنكُمْ تُخْطِئُونَ بِالليْلِ وَالنهَارِ وَأَنَا أَغْفِرُ الذنُوبَ جَمِيعًا فَاسْتَغْفِرُونِي أَغْفِرْ لَكُمْ يَا عِبَادِي إِنكُمْ لَنْ تَبْلُغُوا ضَري فَتَضُرونِي وَلَنْ تَبْلُغُوا نَفْعِي فَتَنْفَعُونِي يَا عِبَادِي لَوْ أَن أَولَكُمْ وَآخِرَكُمْ وَإِنْسَكُمْ وَجِنكُمْ كَانُوا عَلَى أَتْقَى قَلْبِ رَجُلٍ وَاحِدٍ مِنْكُمْ مَا زَادَ ذَلِكَ فِي مُلْكِي شَيْئًا يَا عِبَادِي لَوْ أَن أَولَكُمْ وَآخِرَكُمْ وَإِنْسَكُمْ وَجِنكُمْ كَانُوا عَلَى أَفْجَرِ قَلْبِ رَجُلٍ وَاحِدٍ مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِنْ مُلْكِي شَيْئًا يَا عِبَادِي لَوْ أَن أَولَكُمْ وَآخِرَكُمْ وَإِنْسَكُمْ وَجِنكُمْ قَامُوا فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ فَسَأَلُونِي فَأَعْطَيْتُ كُل إِنْسَانٍ مَسْأَلَتَهُ مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِما عِنْدِي إِلا كَمَا يَنْقُصُ الْمِخْيَطُ إِذَا أُدْخِلَ الْبَحْرَ يَا عِبَادِي إِنمَا هِيَ أَعْمَالُكُمْ أُحْصِيهَا لَكُمْ ثُم أُوَفيكُمْ إِياهَا فَمَنْ وَجَدَ خَيْرًا فَلْيَحْمَدْ اللهَ وَمَنْ وَجَدَ غَيْرَ ذَلِكَ فَلَا يَلُومَن إِلا نَفْسَهُ.

9663 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسى قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا مۇنداق دېدى: ئى بەندىلىرىم! مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، شۇڭا ھەرگىز بىر ـ بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار. ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەتكە باشلىغان كىشىلەردىن باشقا ھەممىڭلار يولدىن ئازغانسىلەر، مەندىن ھىدايەت تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلاي. ئى بەندىلىرىم! مەن تويغازغاندىن باشقا ھەممىڭلار ئاچسىلەر، مەندىن رىزىق تىلەڭلار، مەن سىلەرگە رىزىق بېرەي. ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىندۈرگەندىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچسىلەر، مەندىن ئۆزەڭلارنى كىيىندۈرۈشۈمنى سوراڭلار، مەن سىلەرنى كىيىندۈرەي. ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە ـ كۈندۈز گۇناھ قىلىسىلەر، مەن گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلىمەن. مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ئەپۇ

قىلاي. ئى بەندىلىرىم! سىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، كېيىن كېلىدىغان، ئىنسان ۋە جىن ھەممىڭلار ئەڭ تەقۋادار بىر ئادەمدەك بولغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ پادىشاھلىقىمغا ھېچنەرسىنى زىيادە قىلالمايسىلەر. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، كېيىن كېلىدىغان، ئىنسان ۋە جىن ھەممىڭلار ئەڭ گۇناھكار بىر ئادەمدەك بولغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ پادىشاھلىقىمدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، كېيىن كېلىدىغان، ئىنسان ۋە جىن ھەممىڭلار بىر تۈزلەڭلىككە چىقىپ مەندىن تىلەكلىرىڭلارنى سورىساڭلار، مەن ھەر بىرىڭلارنىڭ سورىغىنىنى بەرسەممۇ، بۇ خۇددى بىر يىڭنىنى دېڭىزغا تىقىپ تارتسا، دېڭىز سۈيىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتمىگەندەك، مېنىڭ خەزىنەمدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! مەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىرمۇ بىر ھېسابلاپ قويىمەن، كېيىن شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىمەن. كىمكى ياخشىلىقنى قىلىشقا مۇيەسسەر بولسا، اللەقا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن. يامان بىر ئىشنى قىلغان بولسا، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە مالامەت قىلمىسۇن».

(مۇسلىم: 2577)

9664 ـ عَنْ أُبي بن كَعْبٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا ذَهَبَ ثُلُثَا الليْلِ قَامَ فَقَالَ يَا أَيهَا الناسُ اذْكُرُوا اللهَ اذْكُرُوا اللهَ جَاءَتْ الراجِفَةُ تَتْبَعُهَا الرادِفَةُ جَاءَ الْمَوْتُ بِمَا فِيهِ جَاءَ الْمَوْتُ بِمَا فِيهِ.

9664 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: «ئى ئىنسانلار! اللەنى زىكىر قىلىڭلار، اللەنى زىكىر قىلىڭلار! بىرىنچى سۇر

چېلىنىدۇ، ئارقىدىنلا ئىككىنچى سۇر چېلىنىدۇ. ۋەھىمىلىك ئۆلۈم يېقىنلىشىپ كەلمەكتە»[1].

(تىرمىزى: 2457)

9665 ـ حَدثَنا مُحَمدُ بْنُ يَحْيى الْأَزْدِي الْبَصْرِي حَدثَنا عَبْدُ الصمَدِ بْـنُ عَبْـدِ الْوَارِثِ حَدثَنا هَاشِمٌ وَهُوَ ابْنُ سَعِيدٍ الْكُوفِي حَدثَنِي زَيْدٌ الْخَثْعَمِي عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيسٍ الْخَثْعَمِيةِ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ بِئْسَ الْعَبْدُ عَبْـدٌ تَخَيـلَ وَاخْتَالَ وَنَسِيَ الْكَبِيرَ الْمُتَعَالِ بِئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ تَجَبرَ وَاعْتَدَى وَنَسِيَ الْجَبارَ الْأَعْلَى بِـئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ سَهَا وَلَهَا وَنَسِيَ الْمَقَابِرَ وَالْبِلَى بِئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ عَتَا وَطَغَـى وَنَسِـيَ الْمُبْتَـدَا وَالْمُنْتَهَى بِئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ يَخْتِلُ الدنْيَا بِالدينِ بِئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ يَخْتِلُ الدينَ بِالشُّبُهَاتِ بِـئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ طَمَعٌ يَقُودُهُ بِئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ هَوًى يُضِلهُ بِئْسَ الْعَبْدُ عَبْدٌ رَغَبٌ يُذِلهُ قَـالَ أَبُـو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ لَا نَعْرِفُهُ إِلا مِنْ هَذَا الْوَجْهِ وَلَيْسَ إِسْنَادُهُ بِالْقَوِي.

9665 ـ ئەسما بىنتى ئۇمەيس خەسئەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قورۇق خىياللارغا بېرىلىپ ۋە كۆرەڭلىك قىلىپ، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ اللهنى ئۇنۇتقان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! مۇشتۇمزورلۇق قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ، قەھرلىك اللهنى ئۇنۇتقان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! غەپلەتكە چۆمۈپ، ئويۇن ـ كۈلكىگە بېرىلىپ، قەبرىلەرنى ۋە (يەر ئاستىدا) چىرىشنى ئۇنۇتقان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! ھەددىدىن ئاشقان، كىبىرلىق قىلىپ، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشنى ئېسىدىن چىقارغان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! دۇنياغا بېرىلىپ، دىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويغان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! شۈبھىلەرگە بېرىلىپ، دىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويغان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! نەفسىگە بويسۇنىدىغان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! ئازدۇرغۇچى ئارزۇ ـ ھەۋەسكە

[1] ئەلبانى (1999): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئەگىشىدىغان بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟! خورلۇققا يېتەكلىگۈچى ھەۋەسكە بېرىلگۈچى بەندە نېمىدېگەن يامان ـ ھە؟!»[1].

(تىرمىزى: 2448)

9666 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَانَتْ الْآخِرَةُ هَمهُ جَعَلَ اللهُ غِنَاهُ فِي قَلْبِهِ وَجَمَعَ لَهُ شَمْلَهُ وَأَتَتْهُ الدنْيَا وَهِيَ رَاغِمَةٌ وَمَنْ كَانَتْ الدنْيَا هَمهُ جَعَلَ اللهُ فَقْرَهُ بَيْنَ عَيْنَيْهِ وَفَرقَ عَلَيْهِ شَمْلَهُ وَلَمْ يَأْتِهِ مِنْ الدنْيَا إِلا مَا قُدرَ لَهُ.

9666 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمنىڭ ئەس ـ يادى ئاخىرەتتە بولسا، الله ئۇنىڭ قەلبىنى باي قىلىدۇ، خاتىرىنى جەم قىلىدۇ، (ئۇ بەندە) مال ـ دۇنياغا ئاسان ئېرىشىدۇ. كىمنىڭ ئەس ـ يادى مال ـ دۇنيا تېپىشتىلا بولسا، الله ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى تېخىمۇ كەمبەغەللەشتۈرۈۋېتىدۇ، خاتىرىنى چېچىۋېتىدۇ. (ئۇ بەندە) شۇنچە جاپا تارتسىمۇ، دۇنيادىن پەقەت تەقدىر قىلىنغان نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2465)

9667 ـ زاد في رواية: «فلا يُمسي إلا فقيرا، ولا يُصْبِحُ إلا فقيرا، وما أقْبَلَ عبد الله بِقَلْبِهِ إلا جعَلَ الله قُلُوبَ المؤمنين تنقاد إليه بالوُد والرحمة، وكان الله بكل خير إليه أسْرَع».

9667 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ ئادەم كەمبەغەل يېتىپ، كەمبەغەل قوپىدۇ. قانداق بىر قۇل اللەقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنسە، الله مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىغا ئۇنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى سالىدۇ ۋە ھەرقانداق ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا ئاسانلا مۇيەسسەر قىلىدۇ».

(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (433): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2005): سەھىھ ـ دېگەن.

9668 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ تَعَالَى يَقُولُ يَا ابْنَ آدَمَ تَفَرغْ لِعِبَادَتِي أَمْلأْ صَدْرَكَ غِنًى وَأَسُد فَقْرَكَ وَإِلا تَفْعَلْ مَلأْتُ يَدَيْكَ شُغْلًا وَلَمْ أَسُد فَقْرَكَ.

9668 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم ئەۋلادى! ئۆزەڭنى مېنىڭ ئىبادىتىمگە بېغىشلا، مەن سېنىڭ قەلبىڭنى بايلىققا تولدۇراي. كەمبەغەل بولۇشۇڭنىڭ ئالدىنى ئالاي. ئەگەر بۇنى قىلمىساڭ، قولۇڭنى ھەر دائىم ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويىمەن ۋە كەمبەغەل بولۇشۇڭغا يول ئاچىمەن»[1].

(تىرمىزى: 2466)

9669 ـ عَنْ شَدادِ بْنِ أَوْسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْكَيسُ مَنْ دَانَ نَفْسَهُ وَعَمِلَ لِمَا بَعْدَ الْمَوْتِ وَالْعَاجِزُ مَنْ أَتْبَعَ نَفْسَهُ هَوَاهَا وَتَمَنى عَلَى اللهِ.

9669 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەقىللىق كىشى ـ ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچى؛ ئاجىز كىشى بولسا، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، اللہتىن ئۈمىد كۈتۈپ ياتقۇچىدۇر»[2].

(تىرمىزى: 2459)

9670 ـ عَنْ أَبِى هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ قَالَ «بَادِرُوا بِالأَعْمَالِ سَبْعًا هَلْ تَنْظُرُونَ إِلا فَقْرًا مُنْسِيًا أَوْ غِنًى مُطْغِيًا أَوْ مَرَضًا مُفْسِدًا أَوْ هَرَمًا مُفَنِّدًا أَوْ مَوْتًا مُجْهِزًا أَوِ الدجالَ فَشَر غَائِبٍ يُنْتَظَرُ أَوِالساعَةَ فَالساعَةُ أَدْهَى وَأَمر». وزاد رزين «أكثروا من ذكر هادم اللذات».

[1] ئەلبانى (2006): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (436): زەئىپ ـ دېگەن.

9670 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بېشىڭلارغا مۇنۇ يەتتە نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئالدىراڭلار: كىشىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان كەمبەغەللىك، ئازدۇرىدىغان بايلىق، تەن ساقلىقىنى بۇزىدىغان كېسەللىك، ئەقلىدىن ئاداشتۇرىدىغان قېرىلىق، تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئۆلۈم، دەججال (ئۇ كېلىشى كۈتۈلۈۋاتقان ئەڭ يامان ئاپەتتۇر)، قىيامەت (بۇ ناھايىتى قاتتىق ۋە ئېغىر كۈندۇر)»[①].

(تىرمىزى: 2306)

رەزىن: «باياشات كۈنلەرنى يوق قىلىدىغان (ئۆلۈمنى) بەك ئەسلەڭلار!» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

9671 ـ عَنْ عَبْدَ اللهِ بنَ مَسْعُودٍ قَالَ لِإِنسَانٍ إِنكَ فِي زَمَانٍ كَثِيرٌ فُقَهَاؤُهُ قَلِيلٌ قُرَّاؤُهُ تُحْفَظُ فِيهِ حُدُودُ الْقُرْآنِ وَتُضَيعُ حُرُوفُهُ قَلِيلٌ مَنْ يَسْأَلُ كَثِيرٌ مَنْ يُعْطِي يُطِيلُونَ فِيهِ الصلَاةَ وَيَقْصُرُونَ الْخُطْبَةَ يُبَدونَ أَعْمَالَهُمْ قَبْلَ أَهْوَائِهِمْ وَسَيَأْتِي عَلَى الناسِ زَمَانٌ قَلِيلٌ فُقَهَاؤُهُ كَثِيرٌ قُرَّاؤُهُ يُحْفَظُ فِيهِ حُرُوفُ الْقُرْآنِ وَتُضَيعُ حُدُودُهُ كَثِيرٌ مَنْ يَسْأَلُ قَلِيلٌ مَنْ يُعْطِي يُطِيلُونَ فِيهِ الْخُطْبَةَ وَيَقْصُرُونَ الصلَاةَ يُبَدونَ فِيهِ أَهْوَاءَهُمْ قَبْلَ أَعْمَالِهِمْ.

9671 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمگە مۇنداق دېگەن: سەن ئالىملىرى كۆپ، تالىبلىرى ئاز؛ قۇرئاننىڭ تىلاۋىتىدىن بەكرەك ھۆكۈملىرىگە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان؛ ھاجەتمەنلىرى ئاز، بېرىدىغان كىشىلىرى كۆپ؛ نامازنى ئۇزۇن، خۇتبىنى قىسقا ئوقۇيدىغان؛ ئەمەل ـ ئىبادەتنى دەپ ھاۋايى ـ ھەۋەسىدىن كېچىدىغان كىشىلەرنىڭ زامانىدا ياشاۋاتىسەن. شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئالىملىرى ئاز، تالىبلىرى كۆپ بولىدۇ؛ قۇرئاننىڭ ھەرپلىرى ياد ئېلىنىپ، ھۆكۈملىرى تەرك ئېتىلىدۇ؛ ھاجەتمەنلىرى

---

[①] ئەلبانى (400): زەئىپ، ـ دېگەن.

كۆپ، بېرىدىغان كىشىلىرى ئاز بولىدۇ؛ نامازنى قىسقا، خۇتبىنى ئۇزۇن ئوقۇيدۇ؛ هاۋايى ـ هەۋەسنى دەپ ئەمەل ـ ئىبادەتنى تەرك ئېتىدۇ».

(مالىك: 419)

9672 ـ علي بن أبي طالب رضي الله عنه قال: «ألا لا خير في قراءة ليس فيها تدبرٌ ولا في عبادة ليس فيها فِقْهٌ الفقيهُ كل الفقيه: من لم يُقَنط الناسَ مِنْ رحمة اللهِ ولم يُؤمِنهُمْ من مَكْرِ اللهِ ولم يَدَعِ القرآن رغبة عنه إلى ما سواه».

9672 ـ ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «دىققەت قىلىڭلار! مەنىسىنى تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ ئوقۇغان تىلاۋەتتە خەير يوقتۇر. تەپەككۇرسىز ۋە ئىلىمسىز قىلىنغان ئىبادەتتىمۇ خەير يوقتۇر. اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئىنسانلارنى ئۈمىدسىز قىلمايدىغان ھەم ئۇلارنى اللهنىڭ جازاسىدىنمۇ خاتىرجەم قىلمايدىغان، قۇرئاننى تاشلاپ باشقا نەرسىگە بېرىلىپ كەتمەيدىغان كىشى ھەقىقىي ئالىمدۇر».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9673 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ يَا مَعْشَرَ النسَاءِ تَصَدقْنَ وَأَكْثِرْنَ الِاسْتِغْفَارَ فَإِني رَأَيْتُكُن أَكْثَرَ أَهْلِ النارِ فَقَالَتْ امْرَأَةٌ مِنْهُن جَزْلَةٌ وَمَا لَنَا يَا رَسُولَ اللهِ أَكْثَرَ أَهْلِ النارِ قَالَ تُكْثِرْنَ اللعْنَ وَتَكْفُرْنَ الْعَشِيرَ وَمَا رَأَيْتُ مِنْ نَاقِصَاتِ عَقْلٍ وَدِينٍ أَغْلَبَ لِذِي لُب مِنْكُن قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا نُقْصَانُ الْعَقْلِ وَالدينِ قَالَ أَما نُقْصَانُ الْعَقْلِ فَشَهَادَةُ امْرَأَتَيْنِ تَعْدِلُ شَهَادَةَ رَجُلٍ فَهَذَا نُقْصَانُ الْعَقْلِ وَتَمْكُثُ الليَالِي مَا تُصَلي وَتُفْطِرُ فِي رَمَضَانَ فَهَذَا نُقْصَانُ الدينِ.

9673 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئى ئاياللار جامائەسى! سەدىقە بېرىڭلار، كۆپ ئىستىغپار ئېيتىڭلار! چۈنكى مەن سىلەرنىڭ جەھەننەم ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆردۈم، ـ دېدى. ئارىدىن بىر ئەقىللىق ئايال:

- ئى رەسۇلۇللاھ! نىمە ئۇچۇن بىز (ئايالالار) جەھەننەمنىڭ كۆپىنچىسىنى تەشكىل قىلىمىز؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— چۈنكى سىلەر بەك كۆپ يامان سۆز قىلىسىلەر ۋە (ئەرلىرىڭلارنىڭ) ياخشىلىقىغا تۇزكورلۇق قىلىسىلەر. ئاراڭلاردىكى ئەڭ ئەقىللىق ئايالالارنىڭمۇ ئەقىل ۋە دىنىدا نۇقسانى بارلىقىنى كۆردۈم، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئايال:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئەقىل ۋە دىندىكى نۇقسان قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ ئىكەنلىكى (ئايالالارنىڭ) ئەقلىدىكى نۇقسانىدۇر. ئايالالار ھەيىزدار ۋاقتىدا ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ. مانا بۇ، (ئايالالارنىڭ) دىنىدىكى نۇقسانىدۇر، - دېدى.

(مۇسلىم: 80)

**9674 ـ مَالِكٌ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ كَانَ يَقُولُ لاَ تُكْثِرُوا الْكَلاَمَ بِغَيْرِ ذِكْرِ اللهِ فَتَقْسُوَ قُلُوبُكُمْ فَإِن الْقَلْبَ الْقَاسِيَ بَعِيدٌ مِنَ اللهِ وَلَكِنْ لاَ تَعْلَمُونَ وَلاَ تَنْظُرُوا فِى ذُنوبِ الناسِ كَأَنكُمْ أَرْبَابٌ وَٱنْظُرُوا فِى ذُنوبِكُمْ كَأَنكُمْ عَبِيدٌ فَإِنمَا الناسُ مُبْتَلَى وَمُعَافَى فَارْحَمُوا أَهْلَ الْبَلاَءِ وَاحْمَدُوا اللهَ عَلَى الْعَافِيَةِ.**

9674 ــ مالىك رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: "اﷲنىڭ زىكرىدىن باشقا گەپلەر بىلەن كۆپ مەشغۇل بولماڭلار، بولمىسا قەلبىڭلار قېتىپ كېتىدۇ. قەلبى قاتقان كىشى اﷲتىن يىراقلىشىدۇ، ئەمما سىلەر بۇنى بىلەلمەيسىلەر. ئۆزەڭلارنى خوجايىن ھېسابلاپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى باھالىماڭلار. بەلكى ئۆزەڭلارنى قۇل ھېسابلاپ، ئۆز گۇناھىڭلارغا قاراڭلار. ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولسا، يەنە بەزىلىرىنىڭ تېنى ساغلام بولىدۇ.

كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولغان كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆزەڭلارنىڭ ساغلام بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن اللهقا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار!“

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

9675 ـ عمر بن الخطاب قال يوما في خُطْبَتِهِ: «تعلمون أيها الناسُ: أن الطَمَعَ فَقْرٌ وأن اليأسَ غِنًى وأن المرءَ إذا يئس من شيء من أمور الدنيا استغنى عنه».

9675 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى خۇتبىدە مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، ئاچكۆزلۈك كەمبەغەللىك، كۆزى توقلۇق بايلىقتۇر. چۈنكى ئىنسان دۇنيا ئىشىدىن كۆزى توق بولسا، ئۇنىڭغا (يەنى دۇنياغا) ئېھتىياجى قالمايدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9676 ـ مالك بن أنس ـ رحمه الله ـ أن لقمان قال لابنه: «يا بُنَي إن الناسَ قد تطاول عليهم ما يُوعَدُونَ وهم إلى الآخرةِ سِرَاعا يذهَبُونَ وإنك قد استدبرتَ الدنيا منذ كنتَ واستَقْبَلتَ الآخرةَ وإن دارا تَسِيرُ إليها أقربُ إليك من دار تخرج عنها».

9676 ـ مالىك رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، لوقمان ھەكىم ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: ”ئى ئوغلۇم! ئىنسانلار ئۆزىگە ۋەدە قىلىنغان ئاخىرەتنى بەك يىراق چاغلايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئاخىرەت تەرەپكە ناھايىتى تېز كېتىپ بارماقتا. سەن تۇغۇلغىنىڭدىن تارتىپ دۇنياغا ئارقاڭنى، ئاخىرەتكە ئالدىڭنى قىلدىڭ، چۈنكى بارىدىغان ئۆيۈڭ چىققان ئۆيۈڭگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىندۇر“.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9677 ـ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ قَالَ كُونُوا يَنَابِيعَ الْعِلْمِ مَصَابِيحَ الْهُدَى أَحْلَاسَ الْبُيُوتِ سُرُجَ اللَّيْلِ جُدُدَ الْقُلُوبِ خُلْقَانَ الثِّيَابِ تُعْرَفُونَ فِي أَهْلِ السَمَاءِ وَتَخْفَوْنَ عَلَى أَهْلِ الْأَرْضِ.

9677 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئىلىم بۇلاقلىرى، ھىدايەت چىراقلىرى، ئۆينىڭ پالاسلىرى، كېچىنىڭ

نۇرلىرى بولۇۋېلار. يېپيېڭى قەلبلەرگە ۋە ئەسكى ـ تۆسكى كىيىملەرگە ئىگە بولۇۋېلاركى، ئاسمان ئەھلىگە تونۇلۇپ، زېمىن ئەھلىگە بىلىنمىگەيسىلەر.

(دارىمى: 256)

9678 ـ حَدثَنا سَعِيدُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ قَالَ كَتَبَ عُمَرُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ إِلى أَهْلِ الْمَدِينَةِ إِنهُ مَنْ تَعَبدَ بِغَيْرِ عِلْمٍ كَانَ مَا يُفْسِدُ أَكْثَرَ مِما يُصْلِحُ وَمَنْ عَد كَلَامَهُ مِنْ عَمَلِهِ قَل كَلَامُهُ إِلا فِيمَا يَعْنِيهِ وَمَنْ جَعَلَ دِينَهُ غَرَضًا لِلْخُصُومَةِ كَثُرَ تَنَقلُهُ.

9678 ـ سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەدىنە ئەھلىگە مۇنداق دەپ خەت يازدى: ”كىمكى ئىلىمسىز ئىبادەت قىلسا، بۇزغانلىرى تۈزەتكەنلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. كىم سۆز قىلىشنى ئەمەل قاتارىدا سانىسا، ئۇ ھالدا پايدىسىز سۆزلەرنى كەم قىلىدۇ. كىم دىنىنى تالاش ـ تارتىشنىڭ نىشانى قىلسا، كۆز قارىشى خىلمۇخىللىشىپ كېتىدۇ.

(دارىمى: 305)

9679 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا رَأَيْتُ مِثْلَ النارِ نَامَ هَارِبُهَا وَلَا مِثْلَ الْجَنةِ نَامَ طَالِبُهَا.

9679 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دوزاخقا ئوخشايدىغىنىنى كۆرمىدىم، (لېكىن) ئۇنىڭدىن قاچقۇچى ئۇخلىماقتا. جەننەتكە ئوخشايدىغىنىنىمۇ كۆرمىدىم، (لېكىن) ئۇنىڭغا ئىنتىلگۈچىمۇ ئۇخلىماقتا»[1].

(تىرمىزى: 2601)

9680 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ أَن أَبَا طَلْحَةَ الْأَنْصَارِي كَانَ يُصَلي فِي حَائِطِهِ فَطَارَ دُبْسِي فَطَفِقَ يَتَرَددُ يَلْتَمِسُ مَخْرَجًا فَأَعْجَبَهُ ذَلِكَ فَجَعَلَ يُتْبِعُهُ بَصَرَهُ سَاعَةً ثُم رَجَعَ

[1] ئەلبانى (2097): ھەسەن، ـ دېگەن.

إِلَى صَلَاتِهِ فَإِذَا هُوَ لَا يَدْرِي كَمْ صَلَّى فَقَالَ لَقَدْ أَصَابَتْنِي فِي مَالِي هَذَا فِتْنَةٌ فَجَاءَ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرَ لَهُ الَّذِي أَصَابَهُ فِي حَائِطِهِ مِنْ الْفِتْنَةِ وَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ هُوَ صَدَقَةٌ لِلَّهِ فَضَعْهُ حَيْثُ شِئْتَ.

9680 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە ئەنسارى بىغىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى، بىر قۇش باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، چىقىپ كېتىدىغان يەر ئىزدەشكە باشلىدى، لېكىن باغنىڭ بۇك ـ باراقسانلىقىدىن چىقىدىغان يەر تاپالمىدى. بۇ ئىشتىن خۇرسەن بولغان ئەبۇ تەلھە قۇشقا بىردەم قاراپ قالدى، ئاندىن نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما قانچە رەكئەت ئوقۇغىنىنى ئۇنتۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن: ”بۇ مېلىم تۈپەيلىدىن پىتنىگە يولۇقتۇم“ دەپ ئويلىدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ مېلىم (يەنى بېغىم)نى الله يولىدا سەدىقە قىلىۋەتتىم، خالىغان ئىشقا ئىشلەتكىن! ـ دېدى.

(مالىك: 222)

9681 ـ عَنْ عُتْبَةَ بْنِ عَبْدٍ قَالَ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْ أَنَّ رَجُلًا يُجَرُّ عَلَى وَجْهِهِ مِنْ يَوْمِ وُلِدَ إِلَى يَوْمِ يَمُوتُ هَرَمًا فِي مَرْضَاةِ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ لَحَقَرَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

9681 ـ ئۇتبە ئىبنى ئەبد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم تۇغۇلغان كۈنىدىن تارتىپ، قېرىپ ئۆلگەن كۈنىگە قەدەر اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يۈزىنى يەرگە سۈۋاپ كەلگەن بولسا، قىيامەت كۈنى (بېرىلگەن ئىنئاملارنىڭ ئالدىدا قىلغان) ئەمەللىرىنىڭ ھېچنەرسىگە ئەرزىگۈچىلىكى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 17197)

[1] ھەيسەمى (17680): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى خېلى ياخشى، ـ دېگەن.

9682 ـ عن أنس قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "أربعة من الشقاء: جمود العين وقسوة القلب وطول الأمل والحرص على الدنيا".

9682 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئىش بەدبەختلىكنىڭ ئالامىتىدۇر: بىرىنچىسى، كۆزدىن ياش چىقماسلىق؛ ئىككىنچىسى، قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشى؛ ئۈچىنچىسى، چەكسىز ئارزۇ؛ تۆتىنچىسى دۇنيا ھېرىسمەنلىكى»[1].

(بەززار: 3230)

9683 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ يَأْخُذُ عَنِّي هَؤُلَاءِ الْكَلِمَاتِ فَيَعْمَلُ بِهِن أَوْ يُعَلمُ مَنْ يَعْمَلُ بِهِن فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ فَقُلْتُ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ فَأَخَذَ بِيَدِي فَعَد خَمْسًا وَقَالَ اتقِ الْمَحَارِمَ تَكُنْ أَعْبَدَ الناسِ وَارْضَ بِمَا قَسَمَ اللهُ لَكَ تَكُنْ أَغْنَى الناسِ وَأَحْسِنْ إِلَى جَارِكَ تَكُنْ مُؤْمِنًا وَأَحِب لِلناسِ مَا تُحِب لِنَفْسِكَ تَكُنْ مُسْلِمًا وَلَا تُكْثِرْ الضحِكَ فَإِن كَثْرَةَ الضحِكِ تُمِيتُ الْقَلْبَ.

9683 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىم مەندىن بەش كەلىمەنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ ياكى ئەمەل قىلىدىغان بىر كىشىگە ئۆگىتىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆگىنىمەن، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ھارامدىن ساقلانغىن، ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ئىبادەتگۈي بولىسەن. اللهنىڭ ساڭا تەقسىم قىلغىنىغا رازى بولغىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بېيى بولىسەن. قوشناڭغا ياخشىلىق قىلغىن، مۆئمىن بولىسەن. ئۆزەڭگە

[1] ھەيسەمى (17685): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھانىئ ئىبنى مۇتەۋەككىل ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

نېمىنى ياخشى كۆرسەڭ، باشقىلارغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرگىن، مۇسۇلمان بولىسەن. كۆپ كۈلمىگىن، چۈنكى كۆپ كۈلكە قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ[1].

(تىرمىزى: 2305)

9684 ـ عَنْ أبي هريرة ـ رضي الله عنه ـ : أن رسولَ الله ـ صلى الله عليـه وسلم ـ قال: «أَمَرَنِي رَبي بِتِسْع: خَشْيَةِ الله في السر والعلانية، وكلمة العدل في الغضب والرضى، والقصد في الفقر والغنا، وأن أَصِلَ مَنْ قَطَعَنِي، وأعطي مَنْ حَرَمَنِـي، وأَعْفُـوَ عَمنْ ظَلَمَنِي، وأن يكون صَمْتي فِكْرا، وُنطْقِي ذِكْرا، ونظري عبرة، وآمرُ بالْعُرْف، وقيل: بالمعروف».

9684 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا ماڭا مۇنداق توققۇز نەرسىنى بۇيرىدى: بىرىنچى، اللەتىن مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە قورقۇش؛ ئىككىنچى، خۇشال بولغاندىمۇ، ئاچچىقلانغاندىمۇ ھەق سۆزنى سۆزلەش؛ ئۈچىنچى، كەمبەغەللىكتىمۇ، باي بولغاندىمۇ بىر خىل ياشاش؛ تۆتىنچى، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەنلەرگە سىلە ـ رەھىم قىلىش؛ بەشىنچى، بەرمىگەنگە بېرىش؛ ئالتىنچى، زۇلۇم قىلغاننى ئەپۇ قىلىش؛ يەتتىنچى، تەپەككۇر ئۈچۈن سۈكۈت قىلىش؛ سەككىزىنچى، زىكىر ئۈچۈن سۆز قىلىپ، ئىبرەت ئۈچۈن نەزەر سېلىش؛ توققۇزىنچى، ياخشىلىققا بۇيرۇش».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9685 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اتقِ اللهِ حَيْثُمَـا كُنْتَ وَأَتْبِعْ السيئَةَ الْحَسَنَةَ تَمْحُهَا وَخَالِقِ الناسَ بِخُلُقٍ حَسَنٍ.

9685 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1876): ھەسەن، ـ دېگەن.

«قەيەردە بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر اﷲتىن قورققىن، يامانلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى يۇيىدىغان بىر ياخشىلىق قىلغىن، ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن!»[1]

(تىرمىزى: 1987)

9686 ـ عَنْ أَبِي بَكْرَةَ أَن رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الناسِ خَيْرٌ قَالَ مَنْ طَالَ عُمُرُهُ وَحَسُنَ عَمَلُهُ قَالَ فَأَي الناسِ شَر قَالَ مَنْ طَالَ عُمُرُهُ وَسَاءَ عَمَلُهُ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ.

9686 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىم؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۆمرى ئۇزۇن ۋە ئەمەلى ياخشى بولغان كىشى، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:

ــ ئىنسانلارنىڭ يامىنى كىم؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۆمرى ئۇزۇن، ئەمەلى يامان بولغان كىشى، - دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 2330)

9687 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ خَصْلَتَانِ مَنْ كَانَتَا فِيهِ كَتَبَهُ اللهُ شَاكِرًا صَابِرًا وَمَنْ لَمْ تَكُونَا فِيهِ لَمْ يَكْتُبْهُ اللهُ شَاكِرًا وَلَا صَابِرًا مَنْ نَظَرَ فِي دِينِهِ إِلَى مَنْ هُوَ فَوْقَهُ فَاقْتَدَى بِهِ وَمَنْ نَظَرَ فِي دُنْيَاهُ إِلَى مَنْ هُوَ دُونَهُ فَحَمِدَ اللهَ عَلَى مَا فَضلَهُ بِهِ عَلَيْهِ كَتَبَهُ اللهُ شَاكِرًا صَابِرًا وَمَنْ نَظَرَ فِي دِينِهِ إِلَى مَنْ هُوَ

[1] ئەلبانى (1618): ھەسەن، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (1899): سەھىھ - دېگەن.

دُونَهُ وَنَظَرَ فِي دُنْيَاهُ إِلَى مَنْ هُوَ فَوْقَهُ فَأَسِفَ عَلَى مَا فَاتَهُ مِنْهُ لَمْ يَكْتُبْهُ اللهُ شَاكِرًا وَلَا صَابِرًا أَخْبَرَنَا مُوسَى بْنُ حِزَامٍ الرجُلُ الصالِحُ.

9687 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ئىككى خىسلەت باركى، بۇ خىسلەت كىمدە تېپىلسا، اللّٰه ئۇنى شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەۋر قىلغۇچى قاتارىدا يازىدۇ. كىمدە بۇ خىسلەت تېپىلمىسا، اللّٰه ئۇنى شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەۋر قىلغۇچى قاتارىدا يازمايدۇ. كىمكى دىنى ھەققىدە ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىگە ئەگەشسە ۋە دۇنياسى ھەققىدە ئۆزىدىن تۆۋەن تەبىقىدە بولغان كىشىگە قاراپ، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن قىلغان اللّٰهقا ھەمدە ئېيتسا، اللّٰه ئۇنى شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەۋر قىلغۇچى قاتارىدا يازىدۇ. كىمكى دىنى ھەققىدە ئۆزىدىن تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىگە قارىسا ۋە دۇنياسى ھەققىدە ئۆزىدىن يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىگە قاراپ، قولغا كەلتۈرەلمىگەن نەرسىلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلانسا، اللّٰه ئۇنى شۈكۈر قىلغۇچى ۋە سەۋر قىلغۇچى قاتارىدا يازمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2512)

9688 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا النجَاةُ قَالَ أَمْسِكْ عَلَيْكَ لِسَانَكَ وَلْيَسَعْكَ بَيْتُكَ وَابْكِ عَلَى خَطِيئَتِكَ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ.

9688 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نىجاتلىق نېمىدۇر؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ تىلىڭنى يىغ، ئۆيۈڭدە ئولتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن يىغلا (مانا بۇ نىجاتلىق)! ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 2406)

---

[1] ئەلبانى (451): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1961): سەھىھ ـ دېگەن.

9689 ـ عَنْ أَبِى سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «لاَ حَلِيمَ إِلا ذُو عَثْرَةٍ وَلاَ حَكِيمَ إِلا ذُو تَجْرِبَةٍ».

9689 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يىقىلىپ قوپمىغىچە ئادەم بولالمايدۇ، تەجرىبىسى يوق كىشى ھەكىم (ھېكمەت ئىگىسى) بولالمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2033)

9690 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَكُونُوا إِمَّعَةً تَقُولُونَ إِنْ أَحْسَنَ الناسُ أَحْسَنا وَإِنْ ظَلَمُوا ظَلَمْنَا وَلَكِنْ وَطِّنُوا أَنْفُسَكُمْ إِنْ أَحْسَنَ الناسُ أَنْ تُحْسِنُوا وَإِنْ أَسَاءُوا فَلَا تَظْلِمُوا.

9690 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«"باشقىلار ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق قىلىمىز. يامانلىق قىلسا، يامانلىق قىلىمىز" دەيدىغان دورامچىۇقلاردىن بولماڭلار. ئۆزەڭلارنى شۇنداق بىر روھتا تەربىيىلەڭلاركى، ئىنسانلار ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق قىلىڭلار. يامانلىق قىلسا، زۇلۇم قىلماڭلار!»[2]

(تىرمىزى: 2007)

9691 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْبَغِي لِلْمُؤْمِنِ أَنْ يُذِل نَفْسَهُ قَالُوا وَكَيْفَ يُذِل نَفْسَهُ قَالَ يَتَعَرضُ مِنْ الْبَلَاءِ لِمَا لَا يُطِيقُ.

9691 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇئمىن كىشى ئۆزىنى خار قىلماسلىقى لازىم، ـ دېدى.

---

[1] ئەلبانى (349): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (345): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇئمىن ئۆزىنى ئۆزى قانداق خار قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇش بىلەن (خار قىلىدۇ)، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(تىرمىزى: 2254)

9692 ـ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ قَالَ كَتَبَ مُعَاوِيَةُ إِلَى عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنْ اكْتُبِي إِلَي كِتَابًا تُوصِينِي فِيهِ وَلَا تُكْثِرِي عَلَي فَكَتَبَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا إِلَى مُعَاوِيَةَ سَلَامٌ عَلَيْكَ أَما بَعْدُ فَإِنِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَـنْ الْتَمَسَ رِضَا اللهِ بِسَخَطِ الناسِ كَفَاهُ اللهُ مُؤْنَةَ الناسِ وَمَنْ الْتَمَسَ رِضَا الناسِ بِسَخَطِ اللـهِ وَكَلَهُ اللهُ إِلَى الناسِ وَالسلَامُ عَلَيْكَ.

9692 ـ مەدىنە ئەھلىدىن بىر كىشىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا خەت يېزىپ: ”ماڭا بىر پارچە نەسىھەت خېتى يازغىن، ئەمما ئۇزۇن بولمىسۇن!“ دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت يازدى: ”ساڭا سالام بولسۇن! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى الله رازىلىقى يولىدا ئىنسانلارنىڭ غەزىپىگە يولۇقسا، الله ئۇنى ئىنسانلارنىڭ شەررىدىن قوغدايدۇ. كىمكى اللهنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنى خۇشال قىلسا، الله ئۇنى ئىنسانلارغا ھاۋالە قىلىپ قويىدۇ» ساڭا سالام بولسۇن!“[②]

(تىرمىزى: 2414)

9693 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُؤْمِنُ غِر كَرِيمٌ وَالْفَاجِرُ خِب لَئِيمٌ.

[①] ئەلبانى (1838): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1967): سەھىھ ـ دېگەن.

9693 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن دېگەن ئېسىل ئەخلاقلىق ۋە سېخىي بولىدۇ، فاجىر دېگەن ئالدامچى ۋە رەزىل بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1964)

9694 ـ أن أبا هُرَيْرَةَ أَخْبَرَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُلْدَغُ الْمُؤْمِنُ مِنْ جُحْرٍ مَرَّتَيْنِ.

9694 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن دېگەن بىر تۇزاقتا ئىككى قېتىم چۈشمەيدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 3982)

9695 ـ مَالِكٌ أنهُ بَلَغَهُ أنهُ قِيلَ لِلُقْمَانَ مَا بَلَغَ بِكَ مَا نَرَى يُرِيدُونَ الْفَضْلَ. فَقَالَ لُقْمَانُ صِدْقُ الْحَدِيثِ وَأَدَاءُ الأَمَانَةِ وَتَرْكُ مَا لاَ يَعْنِينِي.

9695 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ماڭا يېتىشىچە، لۇقمان ھەكىمدىن:

ـ بۇ مەرتىۋىگە قانداق ئېرىشتىڭ؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ:

ـ راست سۆزلەش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، كېرەكسىز ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

9696 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَةٌ لَا يَنْظُرُ اللهُ عَز وَجَل إِلَيْهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ الْعَاقِ لِوَالِدَيْهِ وَالْمَرْأَةُ الْمُتَرَجلَةُ وَالديوثُ وَثَلَاثَةٌ لَا يَدْخُلُونَ الْجَنةَ الْعَاقِ لِوَالِدَيْهِ وَالْمُدْمِنُ عَلَى الْخَمْرِ وَالْمَنانُ بِمَا أَعْطَى.

---

[1] ئەلبانى (1599): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3217): سەھىھ ـ دېگەن.

9696 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«قىيامەت كۈنى، الله مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئەر كىشىگە ئوخشىۋالغان ئايال؛ ئۈچىنچىسى، دۆيۈز (خوتۇنىنى كۈنلىمەيدىغان ئادەم). مۇنداق ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان؛ ئىككىنچىسى، ھاراقكەش؛ ئۈچىنچىسى، بەرگىنىگە مىننەت قىلىدىغان كىشى»[1].

(نەسائى: 2562)

9697 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ اللهُ ثَلَاثَةٌ أَنا خَصْمُهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ رَجُلٌ أَعْطَى بِي ثُم غَدَرَ وَرَجُلٌ بَاعَ حُرا فَأَكَلَ ثَمَنَهُ وَرَجُلٌ اسْتَأْجَرَ أَجِيرًا فَاسْتَوْفَى مِنْهُ وَلَمْ يُعْطِ أَجْرَهُ.

9697 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى، مەن مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن: بىرىنچىسى، مېنىڭ نامىمنى شېپى كەلتۈرۈپ ۋەدە بېرىپ، (ۋەدىسىنىڭ) ھۆددىسىدىن چىقمىغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ھۆر ئادەمنى (ئالداپ) سېتىپ پۇلىنى يېگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، بىر كىشىنى ئىشلىتىپ، ھەققىنى (تەلەپ قىلسا) بەرمىگەن كىشى».

(بۇخارى: 2227)

9698 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ يَضْمَنْ لِي مَا بَيْنَ لَحْيَيْهِ وَمَا بَيْنَ رِجْلَيْهِ أَضْمَنْ لَهُ الْجَنةَ.

[1] ئەلبانى (2402): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

9698 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى ئىككى لېۋى بىلەن ئىككى پاچىقىنىڭ ئارىسىنى مەھكەم ساقلاشقا كېپىللىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن».

(بۇخارى: 6474)

9699 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ شَر مَا فِي رَجُلٍ شُح هَالِعٌ وَجُبْنٌ خَالِعٌ.

9699 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:
«ھەددىدىن زىيادە بېخىللىق ۋە ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاقلىق ئىنساندىكى ئەڭ يامان ئىللەتتۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2511)

9700 ـ عَنْ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ خِب وَلَا مَنانٌ وَلَا بَخِيلٌ.

9700 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ھىيلىگەر، مىننەتخور ۋە بېخىل (كىشى) جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1963)

---

[1] ئەلبانى (2193): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (336): زەئىپ، ـ دېگەن.

9701 ـ عَنْ عِيَاضِ بْنِ حِمَارٍ أَنَّهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ : «إِنَّ اللهَ أَوْحَى إِلَىَّ أَنْ تَوَاضَعُوا حَتَّى لاَ يَبْغِىَ أَحَدٌ عَلَى أَحَدٍ وَلاَ يَفْخَرَ أَحَدٌ عَلَى أَحَدٍ».

9701 ـ ئىياز ئىبنى ھىمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا ماڭا: ”كەمتەر بولۇڭلار! ھېچكىم ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمىسۇن، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئالدىدا چوڭچىلىق قىلمىسۇن“ دەپ ۋەھيى قىلدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4895)

9702 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَبْغَضُ النَّاسِ إِلَى اللَّهِ ثَلَاثَةٌ مُلْحِدٌ فِي الْحَرَمِ وَمُبْتَغٍ فِي الْإِسْلَامِ سُنَّةَ الْجَاهِلِيَّةِ وَمُطَّلِبُ دَمِ امْرِئٍ بِغَيْرِ حَقٍّ لِيُهَرِيقَ دَمَهُ.

9702 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا ئىنسانلاردىن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى يامان كۆرىدۇ: بىرىنچىسى، ھەرەمدە زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىق قىلغان؛ ئىككىنچىسى، مۇسۇلمان تۇرۇپ ھەققىنى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئۇسۇل بويىچە تەلەپ قىلغان؛ ئۈچىنچىسى، بىگۇناھ ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈشكە تىرىشقان».

(بۇخارى: 6882)

9703 ـ عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ حَرَّمَ عَلَيْكُمْ عُقُوقَ الْأُمَّهَاتِ وَوَأْدَ الْبَنَاتِ وَمَنَعَ وَهَاتِ وَكَرِهَ لَكُمْ قِيلَ وَقَالَ وَكَثْرَةَ السُّؤَالِ وَإِضَاعَةَ الْمَالِ

[1] ئەلبانى (4093): سەھىھ ـ دېگەن.

9703 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«الله تائالا سىلەرگە ئاتا ـ ئانىڭلارنى قاخشىتىش، قىزلىرىڭلارنى تىرىك كۆمۈش، ۋە باشقىلارغا بەرمەستىن، ھەردائىم (باشقىلاردىن) تىلەشنى ھارام قىلدى. ئۇندىن باشقا قۇرۇق پاراڭ قىلىش، كۆپ سوئال سوراش ۋە پۇل ـ مالنى بوزۇپ چېچىشنى مەكرۇھ قىلدى».
(بۇخارى: 2408)

9704 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ حُبكَ الشيْءَ يُعْمِـي وَيُصِم.
9704 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«بىر نەرسىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كېتىش سېنى (باشقا نەرسىلەرگە نىسبەتەن) قارىغۇ ۋە گاس قىلىپ قويىدۇ»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 5130)

9705 ـ أبو هريرة ـ رضي الله عنه ـ أن النF ـ صلى الله عليه وسلم ـ قال: «ألا أُنبئكم بشراركم؟ الذي يأكل وحده؛ وَيَجْلِدُ عبده؛ ويمنع رِفْده».
9705 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:
«ئاگاھ بولۇڭلاركى! سىلەرنىڭ ئەڭ يامىنىڭلار ــ يالغۇز تاماق يەيدىغان، قۇلىنى قامچىلايدىغان، (باشقىلارغا) ياردەم قولىنى سۇنمايدىغان كىشىلەردۇر».
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (1097): زەئىپ، ـ دېگەن.

9706 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَصْبَحَ ابْنُ آدَمَ فَإِن الْأَعْضَاءَ كُلهَا تُكَفرُ اللسَانَ فَتقُولُ اتقِ اللهَ فِينَا فَإِنمَا نَحْنُ بِكَ فَإِنْ اسْتَقَمْتَ اسْتَقَمْنَا وَإِنْ اعْوَجَجْتَ اعْوَجَجْنَا.

9706 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادەم ئەۋلادى تاڭ ئاتقۇزۇشى بىلەن بارلىق ئەزالىرى تىلغا يالۋۇرۇپ: ”بىزنىڭ ھەققىمىزدە اللەتىن قورققىن! چۈنكى بىز سەن بىلەن بىرگىمىز. ئەگەر سەن توغرا بولساڭ، بىزمۇ توغرا بولىمىز. سەن ئېزىقساڭ، بىزمۇ ئېزىقىمىز“ دەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2407)

9707 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ تُوُفيَ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَ يَعْنِي رَجُلًا أَبْشِرْ بِالْجَنةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوَلَا تَدْرِي فَلَعَلهُ تَكَلمَ فِيمَا لَا يَعْنِيهِ أَوْ بَخِلَ بِمَا لَا يَنْقُصُهُ قَالَ هَذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ.

9707 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەردىن بىرىنىڭ ۋاپاتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر كىشى:

ـ بۇ ئادەم جەننەتتە بولىدۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ ئۆزىگە ئالاقىسى يوق سۆزلەرنى سۆزلىگەندۇ ياكى ئۆزىگە كېرەك بولمىغان نەرسىگە بېخىللىق قىلىپ باشقىلارغا بەرمىگەندۇ؟! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2316)

9708 ـ عَنْ أُم حَبِيبَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُل كَلَامِ ابْنِ آدَمَ عَلَيْهِ لَا لَهُ إِلا أَمْرٌ بِمَعْرُوفٍ أَوْ نَهْيٌ عَنْ مُنْكَرٍ أَوْ ذِكْرُ اللهِ.

---

[1] ئەلبانى (1962): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (402): زەئىپ، ـ دېگەن.

9708 ـ ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان بالىسىنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە اللهنى زىكىر قىلىشتىن باشقا بارلىق سۆزىنىڭ (ئۆزىگە) قىلچە پايدىسى يوق»[1].

(تىرمىزى: 2412)

9709 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْعَبْدَ لَيَتَكَلمُ بِالْكَلِمَةِ مِنْ رِضْوَانِ اللهِ لَا يُلْقِي لَهَا بَالًا يَرْفَعُهُ اللهُ بِهَا دَرَجَاتٍ وَإِن الْعَبْدَ لَيَتَكَلمُ بِالْكَلِمَةِ مِنْ سَخَطِ اللهِ لَا يُلْقِي لَهَا بَالًا يَهْوِي بِهَا فِي جَهَنمَ.

9709 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەي اللهنى رازى قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىدۇ ۋە بۇ سۆزى سەۋەبىدىن الله ئۇنىڭ جەننەتتىكى ماقامىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىر ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەيلا اللهنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بىر سۆزنى قىلىدۇ ۋە بۇ سۆزى سەۋەبىدىن الله ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ».

(بۇخارى: 6478)

9710 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَعَلمَ صَرْفَ الْكَلَامِ لِيَسْبِيَ بِهِ قُلُوبَ الرجَالِ أَوْ الناسِ لَمْ يَقْبَلْ اللهُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ صَرْفًا وَلَا عَدْلًا.

9710 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن گەپتانلىقنى ئۆگەنگەن كىشىنىڭ نە پەرز، نە نەفلە ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5006)

[1] ئەلبانى (424): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1065): زەئىپ، ـ دېگەن.

9711 ـ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ لَقِيَ خِنْزِيرًا بِالطرِيقِ فَقَالَ لَهُ انْفُذْ بِسَلَامٍ فَقِيلَ لَهُ تَقُولُ هَذَا لِخِنْزِيرٍ فَقَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ إِني أَخَافُ أَنْ أُعَوِدَ لِسَانِي الْمَنْطِقَ بِالسوءِ.

9711 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام يولدا بىر چوشقىغا يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتكىن! ـ دېدى. ئەتراپىدىكىلەر:

ــ سەن چوشقىغىمۇ شۇنداق گەپ قىلامسەن؟ ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەندى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن تىلىمنى يامان سۆزلەرگە ئادەتلەندۈرۈپ قويۇشتىن قورقىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1847)

9712 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن رَجُلًا اسْتَأْذَنَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَآهُ قَالَ بِئْسَ أَخُو الْعَشِيرَةِ وَبِئْسَ ابْنُ الْعَشِيرَةِ فَلَما جَلَسَ تَطَلقَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي وَجْهِهِ وَانْبَسَطَ إِلَيْهِ فَلَما انْطَلَقَ الرجُلُ قَالَتْ لَهُ عَائِشَةُ يَا رَسُولَ اللهِ حِينَ رَأَيْتَ الرجُلَ قُلْتَ لَهُ كَذَا وَكَذَا ثُم تَطَلقْتَ فِي وَجْهِهِ وَانْبَسَطْتَ إِلَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَائِشَةُ مَتَى عَهِدْتِنِي فَحاشًا إِن شَر الناسِ عِنْدَ اللهِ مَنْزِلَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَنْ تَرَكَهُ الناسُ اتقَاءَ شَرِهِ.

9712 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپلا:

ـ بۇ ئەجەپ ناچار ئادەم! ـ دېدى. لېكىن ئۇ ئادەم كىرگەندىن كېيىن، ناھايىتى خۇش چىراي كۆتۈۋېلىپ، قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ ئادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئادەم تېخى ئىشىكتىن كىرمىگەن چاغدا، بايىقى سۆزنى ئېيتتىڭ ـ يۇ؟! ئۇ كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى

خۇشـــپېئىـل كۈتۈۋالـــدىڭغۇ؟ ـ دەپ ســــورىغانىدىم، پەيغەمــــبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئـى ئائىشــە! سـەن قاچـان مېنىــڭ باشـقىلارغا ئەخلاقسـىزلىق قىلغىنىمنـــى كۆرگەنىـــدىڭ؟ خۇيىنىـــڭ ئەســكىلىكى تۈپەيلىـــدىن باشقىلار تەرىپىدىن تەرك ئېتىلگەن كىشى اللهنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ناچار يەردىن ئورۇن ئالىدىغان كىشىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 6032)

9713 ـ و في رواية: اتقَاءَ فُحْشِهِ.

9713 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە: سەت ۋە قوپال سۆزلىرى تۈپەيلىدىن (باشقىلار تەرىپىدىن تەرك ئېتىلگەن كىشى)، ـ دەپ كەلگەن.

9714 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا قَالَ الرجُلُ هَلَكَ الناسُ فَهُوَ أَهْلَكُهُمْ. فسّره مالك: إذا قال مُعْجِبا بِنَفْسِهِ، مُزْرِيا بغيره. فهو أشدّ هلاكا منهم؛ لأنه لا يدري سرائر الله في خَلْقِهِ. وأما إذا قاله، وهو يرى نفسه معهم، وهو لنفسه أشدّ احتقارا منه لغيره. فلا بأس به.

9714 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشىنىڭ: ''ئىنسانلار ھالاك بولدى'' دېگىنىنى ئاڭلىساڭلار، بىلىڭلاركى، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ ھالاك بولغۇچىدۇر».

(مۇسلىم: 2623)

مالىك بۇنى مۇنداق شەرھىلىدى: كىشى بۇ سۆزنى ئۆزىنى ئىنسانلاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي ئېيتقان بولسا، ئۇ ئۇلاردىن بەتتەر ھالەتتە ھالاك بولغۇچىدۇر. ئەمما ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆزىنىمۇ ئۇلاردىن بىرى دەپ ھېسابلىغان ھالدا ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.

9715 ـ عَنْ أَبِي قِلَابَةَ قَالَ قَالَ أَبُو مَسْعُودٍ لِأَبِي عَبْدِ اللهِ أَوْ قَالَ أَبُو عَبْدِ اللهِ لِأَبِي مَسْعُودٍ مَا سَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي زَعَمُوا قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ بِئْسَ مَطِيةُ الرجُلِ زَعَمُوا قَالَ أَبُو دَاوُد أَبُو عَبْدِ اللهِ هَذَا حُذَيْفَةُ.

9715 ـ ئەبۇ قىلابەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئابدۇللاھتىن ياكى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەبۇ مەسئۇدتىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ''دەپتىمىش، ئېتىپتىمىش'' دېگەن سۆز ھەققىدە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر كىشىنىڭ دەلىلسىز سۆزلەرنى ئېيتىپ يۈرۈشى نېمىدېگەن يامان؟!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4972)

9717 ـ عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ كُلُ أُمتِي مُعَافًى إلا الْمُجَاهِرِينَ وَإِن مِنْ الْمُجَاهَرَةِ أَنْ يَعْمَلَ الرجُلُ بِاللَّيْلِ عَمَلًا ثُم يُصْبِحَ وَقَدْ سَتَرَهُ اللهُ عَلَيْهِ فَيَقُولَ يَا فُلَانُ عَمِلْتُ الْبَارِحَةَ كَذَا وَكَذَا وَقَدْ بَاتَ يَسْتُرُهُ رَبهُ وَيُصْبِحُ يَكْشِفُ سِتْرَ اللهِ عَنْهُ.

9717 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ئۈممىتىمدىن ئۆز گۇناھىنى جار سالىدىغانلاردىن باشقا ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. گۇناھىنى جار سېلىش شۇكى، ئىنسان كېچىسى بىر گۇناھنى قىلىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، الله ئۇنىڭ گۇناھىنى يوشۇرىدۇ. ئەمما ئۇ: ''ئى پالانچى! مەن بۈگۈن كېچە مۇنداق ـ مۇنداق ئىش

---

[①] ئەلبانى (4158): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلدىم“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ﷲ تائالا كېچىسى يوشۇرغان گۇناھىنى تاڭ ئاتقاندا ئېچىپ تاشلايدۇ».

(بۇخارى: 6069)

9718 ـ عَنْ بُرَيْدَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن مِنْ الْبَيانِ سِحْرًا وَإِن مِنْ الْعِلْمِ جَهْلًا وَإِن مِنْ الشعْرِ حُكْمًا وَإِن مِنْ الْقَوْلِ عِيَالًا فَقَالَ صَعْصَعَةُ بْنُ صُوحَانَ صَدَقَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما قَوْلُهُ إن مِنْ الْبَيانِ سِحْرًا فَالرجُلُ يَكُونُ عَلَيْهِ الْحَق وَهُوَ أَلْحَنُ بِالْحُجَجِ مِنْ صَاحِبِ الْحَق فَيَسْحَرُ الْقَوْمَ بِبَيانِهِ فَيَذْهَبُ بِالْحَق وَأَما قَوْلُهُ إن مِنْ الْعِلْمِ جَهْلًا فَيَتَكلفُ الْعَالِمُ إِلَى عِلْمِهِ مَا لَا يَعْلَمُ فَيُجَهلُهُ ذَلِكَ وَأَما قَوْلُهُ إن مِنْ الشعْرِ حُكْمًا فَهِيَ هَذِهِ الْمَوَاعِظُ وَالْأَمْثَالُ التِي يَتعِظُ بِهَا الناسُ وَأَما قَوْلُهُ إن مِنْ الْقَوْلِ عِيَالًا فَعَرْضُكَ كَلَامَكَ وَحَدِيثَكَ عَلَى مَنْ لَيْسَ مِنْ شَأْنِهِ وَلَا يُرِيدُهُ.

9718 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ناتىقلىق سېھرى كۆچكە ئىگىدۇر، بىلەرمەنلىك نادانلىقتۇر، بەزى شېئىرلار ۋەز ـ نەسىھەتتۇر، ئۇدۇل كەلگەن يەردە سۆزلەش ئۆزىنى خارلىغانلىقتۇر». سەئسەئە ئىبنى سۇھان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتقان، ـ دېدى.

ئەمما (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ): «ناتىقلىق سېھرى كۈچكە ئىگىدۇر» دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، بىراۋنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولىدۇ، لېكىن ئۇ سۆز قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ھەق ساھىبىدىن ئۈستۈن بولۇپ چىقىدۇ. ئاجايىپ نۇتۇقلىرى بىلەن قەۋمنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق ھەقكە ئىگە بولۇۋالىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ): «بىلەرمەنلىك نادانلىقتۇر» دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، بۇ، بىر كىشىنىڭ بىلمىگەن نەرسىسى ھەققىدە بىلەرمەنلىك قىلىشى بولۇپ، ئۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ ساھەدە نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ): «بەزى شېئىرلار

ۋەز ـ نەسىھەتتۇر» دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، بۇ، ۋەز ـ نەسىھەتلەر ۋە ئۆلگىلىك مىساللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئادەملەر ئىبرەت ئالىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ): «ئۇدۇل كەلگەن يەردە سۆزلەش ئۆزىنى خارلىغانلىقتۇر» دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، خالىمايدىغان ۋە قىزىقمايدىغان كىشىگە سۆزلەپ يۈرۈش دېمەكتۇر[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5012)

9719 ـ عَنْ عِيَاضِ بْنِ حِمَارٍ الْمُجَاشِعِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ذَاتَ يَوْمٍ فِي خُطْبَتِهِ أَلَا إِن رَبي أَمَرَنِي أَنْ أُعَلمَكُمْ مَا جَهِلْتُمْ مِما عَلمَنِي يَوْمِي هَذَا كُل مَالٍ نَحَلْتُهُ عَبْدًا حَلَالٌ وَإِني خَلَقْتُ عِبَادِي حُنَفَاءَ كُلهُمْ وَإِنهُمْ أَتَتْهُمْ الشيَاطِينُ فَاجْتَالَتْهُمْ عَنْ دِينِهِمْ وَحَرمَتْ عَلَيْهِمْ مَا أَحْلَلْتُ لَهُمْ وَأَمَرَتْهُمْ أَنْ يُشْرِكُوا بِي مَا لَمْ أُنْزِلْ بِهِ سُلْطَانًا وَإِن اللهَ نَظَرَ إِلَى أَهْلِ الْأَرْضِ فَمَقَتَهُمْ عَرَبَهُمْ وَعَجَمَهُمْ إِلا بَقَايَا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ وَقَالَ إِنمَا بَعَثْتُكَ لِأَبْتَلِيَكَ وَأَبْتَلِيَ بِكَ وَأَنْزَلْتُ عَلَيْكَ كِتَابًا لَا يَغْسِلُهُ الْمَاءُ تَقْرَؤُهُ نَائِمًا وَيَقْظَانَ وَإِن اللهَ أَمَرَنِي أَنْ أُحَرقَ قُرَيْشًا فَقُلْتُ رَب إِذًا يَثْلَغُوا رَأْسِي فَيَدَعُوهُ خُبْزَةً قَالَ اسْتَخْرِجْهُمْ كَمَا اسْتَخْرَجُوكَ وَاغْزُهُمْ نُغْزِكَ وَأَنْفِقْ فَسَنُنْفِقَ عَلَيْكَ وَابْعَثْ جَيْشًا نَبْعَثْ خَمْسَةً مِثْلَهُ وَقَاتِلْ بِمَنْ أَطَاعَكَ مَنْ عَصَاكَ قَالَ وَأَهْلُ الْجَنةِ ثَلَاثَةٌ ذُو سُلْطَانٍ مُقْسِطٌ مُتَصَدقٌ مُوَفقٌ وَرَجُلٌ رَحِيمٌ رَقِيقُ الْقَلْبِ لِكُل ذِي قُرْبَى وَمُسْلِمٍ وَعَفِيفٌ مُتَعَففٌ ذُو عِيَالٍ قَالَ وَأَهْلُ النارِ خَمْسَةٌ الضعِيفُ الذِي لَا زَبْرَ لَهُ الذِينَ هُمْ فِيكُمْ تَبَعًا لَا يَبْتَغُونَ أَهْلًا وَلَا مَالًا وَالْخَائِنُ الذِي لَا يَخْفَى لَهُ طَمَعٌ وَإِنْ دَق إِلا خَانَهُ وَرَجُلٌ لَا يُصْبِحُ وَلَا يُمْسِي إِلا وَهُوَ يُخَادِعُكَ عَنْ أَهْلِكَ وَمَالِكَ وَذَكَرَ الْبُخْلَ أَوْ الْكَذِبَ وَالشنْظِيرُ الْفَحاشُ.

9719 ـ ئىياز ئىبنى ھىمار مۇجاشىئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1066): زەئىپ، ـ دېگەن.

«قۇلاق سېلىڭلار! بۇگۈن رەببىم ماڭا بىلدۈرگەنلىرىنى سىلەرگە ئۆگىتىشىمنى ئەمر قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: ”بەندىلىرىمگە ئېھسان قىلغان ھەممە نەرسە ھالالدۇر، مەن بەندىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى توغرا يول ئۈستىدە ياراتتىم. كېيىن شەيتانلار ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى دىنىدىن ئازدۇردى، ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگىنىمنى شەيتان ھارام قىلدى، ھېچقانداق ئاساسسىزلا ئۇلارنىڭ ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشىنى ئەمر قىلدى. الله زېمىن ئەھلىگە نەزەر سالدى، بىر قىسىم ئەھلى كىتابتىن باشقا ھەممىگە غەزەپ قىلدى“.

رەببىم يەنە: ”مەن سېنى پەقەت سىناش ئۈچۈن ئەۋەتتىم، سەن ئارقىلىق باشقىلارنى سىنايمەن، ساڭا كىتابنى نازىل قىلدىم، ئۇنى سۇ يۇيىۋېتەلمەيدۇ. ئۇنى ئۇخلاۋاتقاندا ۋە ئويغانغان چېغىڭدا ئوقۇيسەن“ دېدى ۋە قۇرەيشنى كۆيدۈرۈشۈمنى ئەمر قىلدى. مەن: ”ئى رەببىم! ئۇ چاغدا، ئۇلار مېنىڭ بېشىمنى ناننى پارچىلىغاندەك پارچىلىۋېتىدۇ“ دېدىم. الله: ”ئۇلار سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى ھەيدەپ چىقارغىن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغىن، ساڭا ياردەم بېرىمىز. ئايىماي خەجلىگىن، بىز ساڭا مول رىزىق بېرىمىز. قوشۇن ئەۋەتكىن، بىزمۇ ئۇنىڭ بەش ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىمىز. ساڭا بويسۇنغانلار بىلەن بىرلىكتە ساڭا ئاسىيلىق قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغىن!“ دېدى. يەنە دېدىكى، ”جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈكتۇر: 1 ـ ئادالەتلىك، سەدىقە بېرىپ تۇرىدىغان، غالىب پادىشاھ؛ 2 ـ مېھرى ـ شەپقەتلىك، بارلىق قېرىنداشلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى؛ 3 ـ ئىپپەتلىك، بالا ـ چاقىلىق ۋە موھتاج تۇرۇپمۇ باشقىلاردىن تىلىمەيدىغان كىشى. جەھەننەم ئەھلى بەشتۇر: بىرىنچىسى: ئاجىز، دۆت، جېنىنى بېقىشتىن باشقا غېمى يوق كىشى. ئىككىنچىسى: ئەرزىمىگەن نەرسىلەرگىمۇ خىيانەت قىلىدىغان ئاچكۆز خىيانەتچى. ئۈچىنچىسى: كېچە ۋە كۈندۈز سېنىڭ ئائىلەڭ ۋە مېلىڭغا كۆز قىزارتىدىغان كىشى. تۆتىنچىسى: بېخىل (ياكى يالغانچى) بەشىنچىسى: ھاياسىز“».

(مۇسلىم: 2865)

9720 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا الناسُ كَالإِبِلِ الْمِائَةِ لَا يَجِدُ الرجُلُ فِيهَا رَاحِلَةً.

9720 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم:

«يۈزلەرچە تۆگە ئىچىدىن مىنىشكە يارايدىغان بىرسى چىقمىغاندەك، يۈزلەرچە ئىنسان ئىچىدىن كېرەككە كېلىدىغان بىرەرسى چىقماي قالىدۇ».

(بۇخارى: 6498)

9721 _ وَقَالَ لَا تَجِدُ فِيهَا رَاحِلَةً أَوْ قَالَ لَا تَجِدُ فِيهَا إِلا رَاحِلَةً.

9721 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئارىسىدىن مىنىشكە يارايدىغان بىرىنىمۇ تاپالمايسەن ياكى ئارىسىدا مىنىشكە يارايدىغان پەقەت بىرىنىلا تاپىسەن»[1].

(تىرمىزى: 2872)

9722 ـ أَن أُم الْعَلَاءِ امْرَأَةً مِنْ الْأَنصَارِ بَايَعَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخْبَرَتْهُ أَنهُ اقْتُسِمَ الْمُهَاجِرُونَ قُرْعَةً فَطَارَ لَنَا عُثْمَانُ بْنُ مَظْعُونٍ فَأَنْزَلْنَاهُ فِي أَبْيَاتِنَا فَوَجِعَ وَجَعَهُ الذِي تُوُفيَ فِيهِ فَلَما تُوُفيَ وَغُسلَ وَكُفنَ فِي أَثْوَابِهِ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ رَحْمَةُ اللهِ عَلَيْكَ أَبَا السائِبِ فَشَهَادَتِي عَلَيْكَ لَقَدْ أَكْرَمَكَ اللهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا يُدْرِيكِ أَن اللهَ قَدْ أَكْرَمَهُ فَقُلْتُ بِأَبِي أَنتَ يَا رَسُولَ اللهِ فَمَنْ يُكْرِمُهُ اللهُ فَقَالَ أَما هُوَ فَقَدْ جَاءَهُ الْيَقِينُ وَاللهِ إِني لَأَرْجُو لَهُ الْخَيْرَ وَاللهِ مَا أَدْرِي وَأَنَا رَسُولُ اللهِ مَا يُفْعَلُ بِي قَالَتْ فَوَاللهِ لَا أُزَكي أَحَدًا بَعْدَهُ أَبَدًا.

9722 ـ ئۇممۇ ئەلا ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: (ئەنسارىلار ئارىسىدا) مۇھاجىرلارنى تەقسىملەش ئۈچۈن چەك تاشلاندى، بىزگە ئوسمان ئىبنى مەزئۇن تەگدى. ئۇنى ئۆيىمىزگە ئېلىپ باردۇق،

[1] ئەلبانى (2303): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەمما ئۇ ئىغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، شۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. ئۇنى يۇيۇپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىگە كېپەنلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئىچكىرىگە كىردى. مەن (ئۆلگەن ئوسمانغا قاراپ):

- ئى ئەبۇ سائىب! اللهنىڭ رەھمىتى سېنىڭ ئۈستۈڭگە بولسۇن، مەن شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله سېنى ئۇلۇغلىدى، - دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- اللهنىڭ ئۇنى ئۇلۇغلىغىنىنى قەيەردىن بىلىسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ، ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! الله (بۇنى ئۇلۇغلىمىسا) كىمنى ئۇلۇغلايدۇ؟ - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلدى، ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭغا اللهتىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر تۇرۇپ ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى بىلمەيمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن:

- بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە باھا بەرمەيمەن، - دېدىم.

(بۇخارى: 1243)

9723 ـ قَالَتْ فَنِمْتُ فَأُرِيتُ لِعُثْمَانَ عَيْنًا تَجْرِي فَجِئْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ ذَاكِ عَمَلُهُ.

9723 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مەن چۈشۈمدە ئوسماننىڭ ئېقىۋاتقان بىر بۇلىقىنى كۆردۈم. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاڭلاتقىنىمدا، ئۇ (كۆرگىنىڭ) ئۇنىڭ ئەمىلىدۇر، - دېدى.

(بۇخارى: 2687)

9724 ـ عيسى بن واقد: أن النبي ـ صلى الله عليه وسلم ـ قال: «إذا كانت سنة ثمانين ومائة فقد أحللتُ لأمتي العزوبَة والترهب في رؤوس الجبال».

9724 ـ ئىسا ئىبنى ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«180 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇممىتىمنىڭ بويتاق ياشىشى ۋە ھاياتىنى تاغ باغرىدا زاھىدلىق قىلىپ ئۆتكۈزىشىگە رۇخسەت قىلىمەن».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9725 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ سَكَنَ الْبَادِيَةَ جَفَا وَمَنْ اتبَعَ الصيْدَ غَفَلَ وَمَنْ أَتى أَبْوَابَ السلْطَانِ افْتُتِنَ.

9725 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جاڭگالدا ياشىسا، باغرى قاتتىق بولۇپ قالىدۇ. كىمكى ئوۋ بىلەن مەشغۇل بولسا، قەلبىنى غەپلەت باسىدۇ. كىمكى پادىشاھقا يېقىنلاشسا، پىتنىگە يولۇقىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2257)

9726 ـ وَمَا ازْدَادَ عَبْدٌ مِنْ السلْطَانِ دُنُوا إلا ازْدَادَ مِنْ اللهِ بُعْدًا.

9726 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بەندە پادىشاھقا قانچىلىك يېقىنلاشسا، اﷲتىن شۇنچىلىك يىراقلىشىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2859)

9727 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صِنْفَانِ مِنْ أَهْلِ النارِ لَمْ أَرَهُمَا قَوْمٌ مَعَهُمْ سِيَاطٌ كَأَذْنَابِ الْبَقَرِ يَضْرِبُونَ بِهَا الناسَ وَنِسَاءٌ كَاسِيَاتٌ عَارِيَاتٌ

[1] ئەلبانى (1840): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (612): زەئىپ ـ دېگەن.

مُمِيلَاتٌ مَائِلَاتٌ رُءُوسُهُن كَأَسْنِمَةِ الْبُخْتِ الْمَائِلَةِ لَا يَدْخُلْنَ الْجَنةَ وَلَا يَجِدْنَ رِيحَهَـا وَإِن رِيحَهَا لَيُوجَدُ مِنْ مَسِيرَةِ كَذَا وَكَذَا.

9727 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى تۈرلۈك دوزاخ ئەھلى (ئىنسان) بار بولۇپ، ئۇلار تېخى دۇنياغا كەلمىدى، بىرىنچىسى: قوللىرىغا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى ئېلىۋېلىپ، ئىنسانلارنى قامچىلايدۇ. ئىككىنچىسى: كىيىنگەن ئەمما يالىڭاچ، چاچلىرىنى تۆگىنىڭ لوككىسىغا ئوخشاش تۈگۈپ، نايناقلاپ مېڭىشلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاياللاردۇر. ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ، ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ ھىدى مۇنچىلىك ـ مۇنچىلىك يىراق مۇساپىدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ».

(مۇسلىم: 2128)

9728 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الشخيرِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مُثلَ ابْنُ آدَمَ وَإِلَى جَنْبِهِ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ مَنِيةً إِنْ أَخْطَأَتْهُ الْمَنَايَا وَقَعَ فِي الْهَرَمِ حَتى يَمُوتَ.

9728 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئادەم ئەۋلادى بىلەن ئۆلۈمنىڭ 99 خىل سەۋەبلىرى بىللە يارىتىلغان بولۇپ، پۈتۈن سەۋەبلەردىن قۇتۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، نىھايەت قېرىپ كېتىپ ئۆلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2150)

9729 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ نِعْمَتَانِ مَغْبُونٌ فِيهِمَا كَثِيرٌ مِنْ الناسِ الصحةُ وَالْفَرَاغُ.

9729 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1747): ھەسەن، ـ دېگەن.

«ئىككى چوڭ نېئمەت بار بولۇپ، كۆپىنچە ئىنسانلار ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. بىرى، سالامەتلىك؛ ئىككىنچىسى، بىكار ۋاقىت».
(بۇخارى: 6412)

9730 ـ عن أنس قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إن لِلهِ عِبَادًا يَعْرِفُونَ الناسَ بِالتَوسمِ».

9730 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«اللەنىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، كىشىلەرنى پاراسەت بىلەن تونۇۋالىدۇ»[1].
(بەززار رىۋايەت قىلغان)

9731 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ، قَالَ: "اتقُوا فِرَاسَةَ الْمُؤْمِنِ، فَإِنهُ يَنظُرُ بنورِ اللِهِ".

9731 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«مۇئمىنىنىڭ پاراسىتىدىن ساقلانغىن! چۈنكى ئۇ اللەنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ»[2].
(«ئەلكەبىر»: 7497)

9732 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ: "أَفْرَسُ الناسِ ثَلاثَةٌ: صَاحِبَةُ مُوسَى التِي قَالَتْ: "يَا أَبتِ اسْتَأْجِرْهُ إِن خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِي الأَمِينُ"، وَصَاحِبُ يُوسُفَ حَيْثُ قَالَ: "أَكْرِمِي مَثْوَاهُ عَسَى أَنْ يَنفَعَنا أَوْنَتخِذَهُ وَلَدًا"، وَأَبو بَكْرٍ حِينَ اسْتَخْلَفَ عُمَرَ".

9732 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پاراسەتلىك ئىنسان ئۈچتۇر. بىرىنچىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئاتىسىغا: "ئى ئاتا، بۇ (يىگىت)نى

[1] ھەيسەمى (17939): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.
[2] ھەيسەمى (17940): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىكتۇر!“ دېگەن. ئىككىنچىسى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خوجىسى بولۇپ، ئۇ ئايالىغا: ”بۇنىڭغا ياخشى قارىغىن، بەلكى بىزگە پايدىسى بولۇپ قالار ۋە ياكى ئۇنى بالا قىلىۋالارمىز“ دېگەن. ئۈچىنچىسى، ئەبۇ بەكرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېيىن ئۆمەرنى خەلىپىلىككە نامزات قىلىپ كۆرسەتكەن[1].

(«ئەلكەبىر»)

9733 ـ عن علي بن زيد قال: قيل لعمرو بن العاص: صف لنا أهـل الأمصـار، قال: أهل الحجاز أحرص الناس على فتنة وأعجزهم عنها، وأهل العراق أحرصه على علم وأبعده منه، وأهل الشام أطوع الناس للمخلوق في معصية الله، وأهل مصـر أكـيس الناس صغيراً وأحمقه كبيراً.

9733 ـ ئەلى ئىبنى زەيدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ئەمر ئىبنى ئاسقا:

— بىزگە ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئىنسانلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ بەرگىن! ـ دېگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن:

ـ ھىجاز ئەھلى پىتنىگە ئامراق، ئەمما غەلىبە قازىنالمايدۇ. ئىراق ئەھلى ئىلىمگە ئامراق، ئەمما ئۇنىڭدىن يىراق. شام ئەھلى اللهقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا بەك ئىتائەت قىلىدۇ. مىسىر ئەھلىنىڭ كىچىكلىرى ھۇشيار بولۇپ، چوڭلىرى ئەخمەق كېلىدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»: 13185)

9734 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: لِكُل شَيْءٍ مَعْدِنٌ وَمَعْدِنُ التقْوَى قُلُوبُ الْعَارِفِينَ.

---

[1] ھەيسەمى (17941): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى كەسىردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (17943): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى يەئلا ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9734 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر نەرسىنىڭ كانى بار، تەقۋانىڭ كانى ئالىملارنىڭ قەلبىدۇر»[①].

(«ئەلكەبىر»)

9735 ـ عن أبي أمامة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «ما من ناشـئ ينشأ في العبادة حتى يدركه الموت إلا أعطاه الله أجر تسعة وتسعين صديقا».

9735 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزىنى ئۆلگەنگە قەدەر ئىبادەتكە بېغىشلىغان كىشىگە الله تائالا 99 سىددىق (راستچىل)نىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

9735 ـ عَنْ وَاثِلَةَ أَنَّهُ سَمِعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ: خَيْرُ شَبَابِكُمْ مَنْ تَشَبَهَ بِكُهُولِكُمْ وَشَر كُهُولِكُمْ مَنْ تَشَبَهَ بِشَبَابِكُمْ.

9736 ـ ۋاسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ياشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى (مىجەز ـ خۇلقتا) ئوتتۇرا ياشلىقلارغا ئوخشىغانلىرى، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئۆزىنى ياشلارغا ئوخشىتىۋالغىنىدۇر»[③].

(«ئەلئەۋسەت»؛ بەززار)

---

[①] ھەيسەمى (17944): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى رەجائ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (17955): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۇسۇف ئىبنى ئەتىيە سەففار ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (17957): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەنەدىدە ھەسەن ئىبنى ئەبۇ جەئفەر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9737 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ الساعِدِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلَمَ الْمُؤْمِنُ مَأْلَفَةٌ وَلَا خَيْرَ فِيمَنْ لَا يَأْلَفُ وَلَا يُؤْلَفُ.

9737 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن چىقىشقاق كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق»[①].

(ئەھمەد: 22333)

9738 ـ عن أم سلمة قالت: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: "مـن لم تكن فيه واحدة من ثلاث فلا يعتد بشيء من عمل: تقوى تحجزه عن المحارم أو حلم يكف به السفيه أو خلق يعيش به في الناس".

9738 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق ئۈچ نەرسىدىن بىرى ئۆزىدە تېپىلمىغان كىشىنىڭ قەدر ـ قىممىتى بولمايدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنى هارامدىن ساقلايدىغان تەقۋالىق؛ ئىككىنچىسى، جاھىللىقتىن ساقلاپ قالىدىغان ئەقىل ـ ئىدراك؛ ئۈچىنچىسى، ئىنسانلار ئىچىدە ياشىيالىغىدەك دەرىجىدە ئەدەب ـ ئەخلاق»[②].

(«ئەلكەبىر»: 23395/)

9739 ـ عَنْ أَبِي مَالِكٍ الْأَشْعَرِي قَالَ: قُلْتُ: يَا يَا رَسُولَ اللهِ مَا تَمَـامُ الْبِـر ؟ قَالَ: "أَنْ تَعْمَلَ فِي السر عَمَلَ الْعَلانِيَةِ".

---

[①] ھەيسەمى (17976): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى خېلى ياخشى، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (18039): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇسلىم ئىبنى ھۆرمۆز ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9739 ــ ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:
ــ كامىل ياخشىلىق نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ــ ئاشكارا ھالەتتە قىلغان ئەمەلنى مەخپىي ھالەتتىمۇ (يەنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردىمۇ) قىلىش، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].
(«ئەلكەبىر»)

9740 ـ عَنْ عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: ”كَفَى بِالْمَرْءِ مِنَ اqثْمِ أنْ يُشَارَ إِلَيْهِ بِالأَصَابِعِ“ قِيلَ: يَا رَسُولَ اللهِ وَإِنْ كَانَ خَيْرًا؟ قَالَ: ”وَإِنْ كَانَ خَيْرًا فَهُوَ شَر لَهُ إلا مَنْ رَحِمَ اللهُ وَإِنْ كَانَ شَرا فَهُوَ شَر له“.
9740 ــ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ بىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە يامانلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:
ــ ئەگەر ئۇ ياخشى ئادەم بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ گەرچە ئۇ ياخشى ئادەم بولسىمۇ، ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇنىڭغا قىلىنغان يامانلىقتۇر، پەقەت الله رەھىم قىلغان كىشىلا بۇ يامانلىقتىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ. ئەگەر ئۇ يامان ئادەم بولسا، ماختاش ئۇنى تېخىمۇ ئەسكىلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ـ دېدى[②].
(«ئەلكەبىر»)

9741 ـ عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَاشِرَ عَشَرَةٍ فَجَاءَ رَجُلٌ مِنَ الأَنصَارِ فَقَالَ: يَا نَبِي اللهِ مَنْ أَكْيَسُ الناسِ؟ وَأَحْزَمُ الناسِ؟ قَالَ: أَكْثَرُهُمْ ذِكْرًا

[①] ھەيسەمى (18089): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى زىياد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.
[②] ھەيسەمى (18132): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەسىر ئىبنى مەرۋان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

لِلْمَوْتِ وَأَشَدهُمُ اسْتِعْدَادًا لِلْمَوْتِ قَبْلَ نُزُولِ الْمَوْتِ أُولَئِكَ هُمُ الأَكْيَاسُ ذَهَبُوا بِشَرَفِ الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ.

9741 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسى بولۇپ كەلگەنىدىم، مەندىن كېيىن ئەنسارىلاردىن بىرى كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زېرىكى ۋە ئەڭ پۇختىسى كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق قىلىدىغان كىشىدۇر. ئەنە شۇنداق كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شان ـ شەرەپ قازىنىدىغانلاردۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلسەغىر»: 1008)

9742 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: عَلَيْكُمْ بِالْحُزْنِ فَإِنهُ مِفْتَاحُ الْقَلْبِ قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ كَيفَ الْحُزْنُ؟ قَالَ: أَجِيعُوا أَنفُسَكُمْ بِالْجُوعِ وأَطْمِئُوها.

9742 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ غەمناك بولۇڭلار! چۈنكى غەم قەلبنىڭ ئاچقۇسىدۇر، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قانداق قىلغاندا غەمناك بولغىلى بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نەپسىڭلارنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇڭلار! ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(«ئەلكەبىر»: 11694)

[1] ھەيسەمى ( 18214): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18216): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

9743 ـ عَنْ الْعَباسِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: إِذَا اقْشَعَر جِلْدُ الْعَبْدِ مِنْ خَشْيَةِ اللهِ تَحَاتتْ عَنْهُ خَطَايَاهُ كَمَا تَحَات عَنِ الشجَرَةِ الْبَالِيَةِ وَرَقُهَا.

9743 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئىنساننىڭ تېنى اللّٰه قورقۇنچىسىدىن شۈركۈنسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى خۇددى قۇرۇپ قالغان دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ»[1].

(بەززار: 1231)

[1] ھەيسەمى (18217): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئابباس ئىسىملىك بىر ئايال بار، مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلمەيمەن، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

# تەۋبە، ئەپۇ ۋە مەغپىرەت تىلەش بۆلۈمى

9744 ـ عَنْ الْحَارِثِ بْنِ سُوَيْدٍ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى عَبْدِ اللهِ أَعُودُهُ وَهُوَ مَرِيضٌ فَحَدَّثَنَا بِحَدِيثَيْنِ حَدِيثًا عَنْ نَفْسِهِ وَحَدِيثًا عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَلهُ أَشَد فَرَحًا بِتَوْبَةِ عَبْدِهِ الْمُؤْمِنِ مِنْ رَجُلٍ فِي أَرْضٍ دَوِيةٍ مَهْلَكَةٍ مَعَهُ رَاحِلَتُهُ عَلَيْهَا طَعَامُهُ وَشَرَابُهُ فَنَامَ فَاسْتَيْقَظَ وَقَدْ ذَهَبَتْ فَطَلَبَهَا حَتى أَدْرَكَهُ الْعَطَشُ ثُم قَالَ أَرْجِعُ إِلَى مَكَانِيَ الذِي كُنْتُ فِيهِ فَأَنَامُ حَتى أَمُوتَ فَوَضَعَ رَأْسَهُ عَلَى سَاعِدِهِ لِيَمُوتَ فَاسْتَيْقَظَ وَعِنْدَهُ رَاحِلَتُهُ وَعَلَيْهَا زَادُهُ وَطَعَامُهُ وَشَرَابُهُ فَاللهُ أَشَد فَرَحًا بِتَوْبَةِ الْعَبْدِ الْمُؤْمِنِ مِنْ هَذَا بِرَاحِلَتِهِ وَزَادِهِ.

9744 ـ هارىس ئىبنى سۇۋەيد مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد كېسەل بولۇپ قالغاندى، مەن ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئىككىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «الله تائالا مۇئمىن بەندىنىڭ تۆۋبىسىدىن ناھايىتى بەك خۇرسەن بولىدۇ. چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاپ قېلىپ، يېمەك ـ ئىچمىكى ئارتىلغان ئۇلىغىنى يوقىتۇرۇپ قويغان ۋە ھەر قانچە ئىزدەپمۇ ھېچيەردىن تاپالمىغان، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە: ”كەلگەن جايىمغا قايتىپ باراي، شۇ يەردە ئۇخلاپ يېتىپ ئۆلۈپ قالارمەن“ دېگەن ۋە ئۆلۈش ئۈچۈن بېشىنى قويۇپ ئۇخلىغان، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئويغىنىپ، يېمەك ـ ئىچمىكى ئارتىلغان ئۇلىغىنىڭ يېنىدا تۇرغىنىنى كۆرگەن كىشى قانداق خۇرسەن بولسا، الله تائالا مۇئمىن بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىگە ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خۇرسەن بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2744)

9745 ـ عن أنسÛ نحوه وفيه: فَأَخَذَ بِخِطَامِهَا ثُم قَالَ مِنْ شِدةِ الْفَرَحِdz اللهُم أَنْـتَ عَبْدِي وَأَنا رَبكَ أَخْطَأَ مِنْ شِدةِ الْفَرَحِdz.

9745 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ ئادەم ئۇلىغىنىڭ نۇقتىسىدىن تۇتقىنىچە قاتتىق خۇشاللىقىدىن: ”ئى الله! سەن مېنىڭ قۇلۇم، مەن سېنىڭ رەببىڭ بولىمەن“ دەپ سالىدۇ. يەنى ئۇ خۇشاللىقىدىن خاتا سۆزلەپ سالىدۇ.

(مۇسلىم: 2747)

9746 ـ عن صَفْوَانَ بْنَ عَسالٍ الْمُرَادِي قال مَازَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ يُحَدثُنَا حَتى ذَكَرَ بَابًا مِنْ قِبَلِ الْمَغْرِبِ مَسِيرَةُ سَبْعِينَ عَامًا عَرْضُهُ أَوْ يَسِيرُ الراكِـبُ فِـي عَرْضِهِ أَرْبَعِينَ أَوْ سَبْعِينَ عَامًا قَالَ سُفْيَانُ قِبَلَ الشامِ خَلَقَهُ اللهُ يَوْمَ خَلَقَ السمَوَاتِ وَالْأَرْضَ مَفْتُوحًا يَعْنِي لِلتوْبَةِ لَا يُغْلَقُ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ مِنْهُ.

9746 ـ سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەغرىب تەرەپتە بىر دەرۋازا بار بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكىنى ئاتلىق كىشى قىرىق (ياكى يەتمىش) يىلدا بېسىپ ئۆتىدۇ. الله ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتقان كۈندە شۇ دەرۋازىنىمۇ ياراتقان بولۇپ، تەۋبە ئۈچۈن داۋاملىق ئېچىپ قويغان. قۇياش ئۇنىڭدىن چىقمىغىچە، ئۇ دەرۋازا تاقالمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3535)

9747 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَابَ قَبْلَ أَنْ تَطْلُعَ الشمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا تَابَ اللهُ عَلَيْهِ.

9747 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2801): ھەسەن، ـ دېگەن.

«كىم قۇياش مەغرىبتىن چىقىشتىن بۇرۇن تۆۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2703)

9748 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن اللهَ يَقْبَلُ تَوْبَةَ الْعَبْدِ مَا لَمْ يُغَرْغِرْ.

9748 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىنى جېنى ھەلقۇمىغا يېتىپ قالغانغا قەدەر قوبۇل قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3537)

9749 ـ عَنْ أبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن اللهَ عَز وَجَل يَبْسُطُ يَدَهُ بِاللَّيْلِ لِيَتُوبَ مُسِيءُ النهَارِ وَيَبْسُطُ يَدَهُ بِالنهَارِ لِيَتُوبَ مُسِيءُ اللَّيْلِ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا.

9749 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇياش مەغرىبتىن چىققانغا قەدەر، الله تائالا كۈندۈزى گۇناھ قىلغانلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن كېچىسى قولىنى ئاچىدۇ. كېچىسى گۇناھ قىلغانلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى ئاچىدۇ».

(مۇسلىم: 2759)

9750 ـ عَنْ أبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ فِيمَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ رَجُلٌ قَتَلَ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ نَفْسًا فَسَأَلَ عَنْ أعْلَمِ أهْلِ الْأرْضِ فَدُل عَلَى رَاهِبٍ فَأتَاهُ فَقَالَ إنهُ قَتَلَ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ نَفْسًا فَهَلْ لَهُ مِنْ تَوْبَةٍ فَقَالَ لَا فَقَتَلَهُ فَكَملَ بِهِ مِائَةً ثُم

[1] ئەلبانى (2802): ھەسەن، ـ دېگەن.

سَأَلَ عَنْ أَعْلَمِ أَهْلِ الْأَرْضِ فَدُل عَلَى رَجُلٍ عَالِمٍ فَقَالَ إِنهُ قَتلَ مِائَةَ نفْسٍ فَهَلْ لَهُ مِنْ تَوْبَةٍ فَقَالَ نَعَمْ وَمَنْ يَحُولُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ التوْبَةِ انْطَلِقْ إِلَى أَرْضِ كَذَا وَكَذَا فَإِن بِهَا أُنَاسًا يَعْبُدُونَ اللهَ فَاعْبُدْ اللهَ مَعَهُمْ وَلَا تَرْجِعْ إِلَى أَرْضِكَ فَإِنهَا أَرْضُ سَوْءٍ فَانْطَلَقَ حَتى إِذَا نَصَفَ الطرِيقَ أَتَاهُ الْمَوْتُ فَاخْتَصَمَتْ فِيهِ مَلَائِكَةُ الرحْمَةِ وَمَلَائِكَةُ الْعَذَابِ فَقَالَتْ مَلَائِكَةُ الرحْمَةِ جَاءَ تَائِبًا مُقْبِلًا بِقَلْبِهِ إِلَى اللهِ وَقَالَتْ مَلَائِكَةُ الْعَذَابِ إِنهُ لَمْ يَعْمَلْ خَيْرًا قَط فَأَتَاهُمْ مَلَكٌ فِي صُورَةِ آدَمِي فَجَعَلُوهُ بَيْنَهُمْ فَقَالَ قِيسُوا مَا بَيْنَ الْأَرْضَيْنِ فَإِلَى أَيتِهِمَا كَانَ أَدْنَى فَهُوَ لَهُ فَقَاسُوهُ فَوَجَدُوهُ أَدْنَى إِلَى الْأَرْضِ التِي أَرَادَ فَقَبَضَتْهُ مَلَائِكَةُ الرحْمَةِ.

9750 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىچىدە 99 كىشىنى ئۆلتۈرگەن بىرى بار ئىدى. ئۇ (تۆۋبە قىلىش ئۈچۈن) يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئىلىملىك كىشىنى سورىغانىدى، ئۇنىڭغا راھىبنىڭ ئالدىغا بېرىش تەۋسىيە قىلىندى، ئۇ راھىبنىڭ قېشىغا بېرىپ: "مەن 99 كىشىنى ئۆلتۈردۈم، تۆۋبىگە يول بارمۇ؟" دەپ سورىغانىدى، راھىب: "يوق" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، سانىنى يۈزگە يەتكۈزدى. ئاندىن يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئىلىملىك كىشىنى سورىغانىدى، بىر ئالىم كىشىنىڭ يېنىغا بېرىش تەۋسىيە قىلىندى، ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن: "مەن 100 كىشىنى ئۆلتۈردۈم، تۆۋبىگە يول بارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئالىم: "ھەئە، تۆۋبە يولى بار. ھېچكىم بۇنى توسۇپ قالالمايدۇ. پالانى جايغا بارغىن! ئۇ يەردە ئىنسانلار اللهقا ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلغىن، جايىڭغا قايتمىغىن. چۈنكى ئۇ يامان جايدۇر، - دېدى. ئۇ كىشى يولغا ئاتلاندى. يېرىم يولغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەجەل كەلدى. رەھمەت پەرىشتىسى بىلەن ئازاب پەرىشتىسى ئۇنى تالىشىپ تارتىشىپ قالدى. رەھمەت پەرىشتىسى: "ئۇنىڭ جېنى بىزنىڭكى. چۈنكى ئۇ تۆۋبە قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللهقا يۈزلىنىۋاتاتتى" دېسە، ئازاب پەرىشتىسى: "ئۇنىڭ جېنى بىزنىڭكى. چۈنكى ئۇ ھېچقانداق ياخشى ئەمەل قىلمىدى" دېدى. دەل شۇ پەيتتە، ئادەم

قىيامەتتە بىر كىشى تۇرۇپ كۆپ ۋە ئۆلگەندىن كېيىن يەقىنلاشتىڭ، مەن ئۇنىڭغا تېگىپ ئۆتتۈم - ھەدىسنىڭ باشقا...

قىياپىتىگە كىرگەن بىر پەرىشتە كەلدى. ئىككى پەرىشتە بۇ مەسىلىنى ئايرىش ئۈچۈن، ئۇ پەرىشتىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ پەرىشتە: ”سىلەر بۇ ئىككى شەھەر ئارىسىنى ئۆلچەڭلار. ئۇنىڭ ئۆلگەن يېرى قايسى شەھەرگە يېقىن بولسا، بۇ ئادەم ئۇنىڭغا تېگىشلىكتۇر“ دېدى. ئۇلار ئىككى شەھەرنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەپ، ئۇ ئادەمنىڭ بارماقچى بولغان شەھەرگە بىر غېرىچ يېقىن يەردە ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىسى ئالدى».

(مۇسلىم: 2766)

9751 ـ وفي رواية: فَأَدْرَكَهُ الْمَوْتُ فَنَاءَ بِصَدْرِهِ نَحْوَهَا فَاخْتَصَمَتْ فِيهِ مَلَائِكَةُ الرَّحْمَةِ وَمَلَائِكَةُ الْعَذَابِ فَأَوْحَى اللَّهُ إِلَى هَذِهِ أَنْ تَقَرَّبِي وَأَوْحَى اللَّهُ إِلَى هَذِهِ أَنْ تَبَاعَدِي وَقَالَ قِيسُوا مَا بَيْنَهُمَا فَوُجِدَ إِلَى هَذِهِ أَقْرَبَ بِشِبْرٍ فَغُفِرَ لَهُ.

9751 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: يولنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەجەل كەلدى، كۆكسى بىلەن ئىلگىرىلەشكە ھەرىكەت قىلدى. بۇ چاغدا، رەھمەت پەرىشتىسى بىلەن ئازاب پەرىشتىسى تارتىشىپ قالدى. الله ئۇ كېتىۋاتقان شەھەرگە: ”يېقىنلاشقىن!“، يەنە بىرىگە: ”يىراقلاشقىن!“ دېگەندىن كېيىن پەرىشتىلەرگە: ”ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەڭلار!“ دېدى. ئۇ ئادەمگە ئەجەل كەلگەن يەر ھىجرەت قىلماقچى بولغان شەھەرگە بىر غېرىچ يېقىن چىقتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ مەغپىرەت قىلىندى.

(بۇخارى: 3470)

9752 ـ وفي أخرى وزاد فيه: فَأَوْحَى اللَّهُ إِلَى هَذِهِ أَنْ تَبَاعَدِي وَإِلَى هَذِهِ أَنْ تَقَرَّبِي.

9752 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: الله بىرىگە: ”يىراقلاشقىن!“، يەنە بىرىگە: ”يېقىنلاشقىن!“ دېدى.

(مۇسلىم: 2766)

9753 ـ عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُل ابْنِ آدَمَ خَطـاءٌ وَخَيْـرُ الْخَطائِينَ التوابُونَ

9753 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئەمما خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[1].

(تىرمىزى: 2499)

9754 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِـي بِيَدِهِ لَوْ لَمْ تُذْنِبُوا لَذَهَبَ اللهُ بِكُمْ وَلَجَاءَ بِقَوْمٍ يُذْنِبُونَ فَيَسْتَغْفِرُونَ اللهَ فَيَغْفِرُ لَهُمْ.

9754 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىغىنىڭلاردا الله سىلەرنى يوق قىلىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرگەن بولاتتى. ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن تەۋبە قىلاتتى، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلاتتى».

(مۇسلىم: 2749)

9755 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا يَحْكِي عَنْ رَبهِ عَـز وَجَل قَالَ أَذْنَبَ عَبْدٌ ذَنْبًا فَقَالَ اللهُم اغْفِرْ لِي ذَنْبِي فَقَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَذْنَبَ عَبْدِي ذَنْبًـا فَعَلِمَ أَن لَهُ رَبا يَغْفِرُ الذنْبَ وَيَأْخُذُ بِالذنْبِ ثُم عَادَ فَأَذْنَبَ فَقَالَ أَيْ رَب اغْفِرْ لِي ذَنْبِـي فَقَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى عَبْدِي أَذْنَبَ ذَنْبًا فَعَلِمَ أَن لَهُ رَبا يَغْفِرُ الذنْبَ وَيَأْخُذُ بِالذنْبِ ثُم عَـادَ فَأَذْنَبَ فَقَالَ أَيْ رَب اغْفِرْ لِي ذَنْبِي فَقَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَذْنَبَ عَبْدِي ذَنْبًا فَعَلِمَ أَن لَهُ رَبـا يَغْفِرُ الذنْبَ وَيَأْخُذُ بِالذنْبِ اعْمَلْ مَا شِئْتَ فَقَدْ غَفَرْتُ لَكَ.

9755 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2029): ھەسەن، ـ دېگەن.

«بىر بەندە گۇناھ قىلدى ۋە: ئى رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن! ـ دېدى. اللە تائالا: بەندەم گۇناھ قىلدى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، قىلغان گۇناھتىن سوراق قىلىدىغان بىر پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، ـ دېدى. ئۇ بەندە كېيىن يەنە گۇناھ قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن! ـ دېدى. اللە تائالا: بەندەم گۇناھ قىلدى ۋە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، قىلغان گۇناھتىن سوراق قىلىدىغان بىر پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، ـ دېدى. ئۇ بەندە كېيىن يەنە گۇناھ قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن! ـ دېدى. اللە تائالا: بەندەم گۇناھ قىلدى ۋە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان، قىلغان گۇناھتىن سوراق قىلىدىغان بىر پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئى بەندەم! خالىغان ئىشىڭنى قىلغىن، مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈردۈم، ـ دېدى».
(مۇسلىم: 2758)

9756 ـ عن أنس بن مَالِكٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَا ابْنَ آدَمَ إنكَ مَا دَعَوْتَنِي وَرَجَوْتَنِي غَفَرْتُ لَكَ عَلَى مَا كَانَ فِيكَ وَلَا أُبَالِي يَا ابْنَ آدَمَ لَوْ بَلَغَتْ ذُنُوبُكَ عَنَانَ السمَاءِ ثُم اسْتَغْفَرْتَنِي غَفَرْتُ لَكَ وَلَا أُبَالِي يَا ابْنَ آدَمَ إنكَ لَوْ أَتَيْتَنِي بِقُرَابِ الْأَرْضِ خَطَايَا ثُم لَقِيتَنِي لَا تُشْرِكُ بِي شَيْئًا لَأَتَيْتُكَ بِقُرَابِهَا مَغْفِرَةً.

9756 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا: ئى ئادەم ئەۋلادى! سەن قاچان ماڭا دۇئا قىلساڭ ۋە مەندىن بىر نەرسىنى ئۈمىد قىلساڭ، سەندىن سادىر بولغان گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىمەن، ھېچ پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم ئەۋلادى! گۇناھلىرىڭ ئاسمانغا تاقاشسىمۇ، كېيىن مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭ، گۇناھىڭنى كەچۈرىمەن، ھېچ پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم ئەۋلادى! مېنىڭ ئالدىمغا ناھايىتى كۆپ گۇناھ قىلغان، لېكىن ماڭا

ھېچنېمىنى شېرىك قىلمىغان ھالدا كەلسەڭ، مەنمۇ ساڭا بەكمۇ كۆپ مەغپىرەت بىلەن كېلىمەن، ـ دېدى»[1].

(تىرمىزى: 3540)

9757 ـ عَنْ جُنْدَبٍ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدثَ أَن رَجُلًا قَالَ وَاللِهِ لَا يَغْفِرُ اللهُ لِفُلَانٍ وَإِن اللهَ تَعَالَى قَالَ مَنْ ذَا الذِي يَتَأَلى عَلَي أَنْ لَا أَغْفِرَ لِفُلَانٍ فَإِني قَدْ غَفَرْتُ لِفُلَانٍ وَأَحْبَطْتُ عَمَلَكَ.

9757 ـ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى: ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ﷲ پالانچى ئادەمنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، ـ دېگەنىدى، ﷲ تائالا: مېنىڭ پالانچىنى كەچۈرمەسلىكىمگە قەسەم ئىچكەن كىشى كىم؟ ئەلۋەتتە، مەن پالانچىنىڭ گۇناھىنى كەچۈردۇم ۋە سېنىڭ قىلغان ئەمەلىڭنى بىكار قىلدىم، ـ دېدى».

(مۇسلىم: 2621)

9758 ـ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ كَانَ رَجُلَانِ فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ مُتَوَاخِيَيْنِ فَكَانَ أَحَدُهُمَا يُذْنِبُ وَالْآخَرُ مُجْتَهِدٌ فِي الْعِبَادَةِ فَكَانَ لَا يَزَالُ الْمُجْتَهِدُ يَرَى الْآخَرَ عَلَى الذنبِ فَيَقُولُ أَقْصِرْ فَوَجَدَهُ يَوْمًا عَلَى ذَنبٍ فَقَالَ لَهُ أَقْصِرْ فَقَالَ خَلنِي وَرَبي أَبُعِثْتَ عَلَي رَقِيبًا فَقَالَ وَاللِهِ لَا يَغْفِرُ اللهُ لَكَ أَوْ لَا يُدْخِلُكَ اللهُ الْجَنةَ فَقَبَضَ أَرْوَاحَهُمَا فَاجْتَمَعَا عِنْدَ رَب الْعَالَمِينَ فَقَالَ لِهَذَا الْمُجْتَهِدِ أَكُنتَ بِي عَالِمًا أَوْ كُنتَ عَلَى مَا فِي يَدِي قَادِرًا وَقَالَ لِلْمُذْنِبِ اذْهَبْ فَادْخُلْ الْجَنةَ بِرَحْمَتِي وَقَالَ لِلْآخَرِ اذْهَبُوا بِهِ إِلَى النارِ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَكَلمَ بِكَلِمَةٍ أَوْبَقَتْ دُنْيَاهُ وَآخِرَتَهُ.

9758 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

[1] ئەلبانى (2805): سەھىھ ـ دېگەن.

«بەنى ئىسرائىل قەۋمىدە بىر ـ بىرىنى قېرىنداش تۇتقان ئىككى كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى گۇناھكار، يەنە بىرى ناھايىتى دىندار ئىدى. دىندار كىشى قېرىندىشىنى ھەر دائىم گۇناھ قىلىۋاتقان ھالەتتە ئۇچرىتاتتى ۋە ئۇنىڭغا: بۇ ئىشنى قىلمىغىن! ـ دەيتتى. بىر كۈنى، ئۇنىڭ يەنە گۇناھ قىلغىنىنى كۆرۈپ: بۇ ئىشنى قىلمىغىن! ـ دېدى. قېرىندىشى: مېنى رەببىم بىلەن يالغۇز قويغىن ۋە مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشمىغىن! چۈنكى سەن ماڭا كۆزەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتىلمىدىڭ، ـ دېدى. دىندار: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله سېنى مەغپىرەت قىلمايدۇ (ياكى الله سېنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ)، ـ دېدى. شۇ ئەسنادا، الله ئۇلارنىڭ روھىنى قەبزى قىلدى. ئۇ ئىككىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. الله دىندارغا: سەن مېنىڭ نېمە قىلىشىمنى بىلەمتىڭ ۋەياكى مېنىڭ ئىلكىمدىكىگە كۈچۈڭ يېتەمتى؟ ـ دېدى. ئاندىن گۇناھكارغا: ماڭ! رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرگىن! ـ دېدى. ئاندىن دىندارغا بۇرۇلۇپ: بۇنى جەھەننەمگە تاشلاڭلار! ـ دېدى».

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: «اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دىندار كىشى شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىكى، بۇ سۆزى بىلەن ھەم دۇنياسىنى ھەم ئاخىرىتىنى ۋەيران قىلدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4901)

9759 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ رَجُلٌ يُسْرِفُ عَلَى نَفْسِهِ فَلَما حَضَرَهُ الْمَوْتُ قَالَ لِبَنِيهِ إِذَا أَنا مُت فَأَحْرِقُونِي ثُم اطْحَنُونِي ثُم ذَرونِي فِي الريحِ فَوَاللهِ لَئِنْ قَدَرَ عَلَي رَبي لَيُعَذبَنِي عَذَابًا مَا عَذبَهُ أَحَدًا فَلَما مَاتَ فُعِلَ بِهِ ذَلِكَ فَأَمَرَ اللهُ الْأَرْضَ فَقَالَ اجْمَعِي مَا فِيكِ مِنْهُ فَفَعَلَتْ فَإِذَا هُوَ قَائِمٌ فَقَالَ مَا حَمَلَكَ عَلَى مَا صَنَعْتَ قَالَ يَا رَب خَشْيَتُكَ فَغَفَرَ لَهُ.

[1] ئەلبانى (4097): سەھىھ ـ دېگەن.

9759 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۇناھ قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان بىر كىشى، ئۆلۈش ئالدىدا بالىلىرىغا: مەن ئۆلگەندىن كېيىن، جەسىتىمنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن ئۇندەك ئېزىپ، كۈلۈمنى شامالغا سورۇۋېتىڭلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ مېنى تىرىلدۈرۈپ قالسا، ماڭا ھېچكىمگە بەرمىگەن ئازابنى بېرىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئۆلگىنىدە، بالىلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى بىجا كەلتۈردى. ئەمما ئاللاھ يەرگە: ئۇنىڭ كۈلىنى يىغقىن! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى. يەر بۇيرۇقنى ئورۇنلىدى. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ تىك تۇراتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن: بۇنى قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن قورققىنىم ئۈچۈن قىلدىم، ـ دېگەنىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى».

(بۇخارى: 3481)

9760 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَجُلٌ لَمْ يَعْمَلْ حَسَنَةً قَط لِأَهْلِهِ إِذَا مَاتَ فَحَرقُوهُ ثُم اذْرُوا نِصْفَهُ فِي الْبر وَنِصْفَهُ فِي الْبَحْرِ فَوَاللهِ لَئِنْ قَدَرَ اللهُ عَلَيْهِ لَيُعَذبَنهُ عَذَابًا لَا يُعَذبُهُ أَحَدًا مِنْ الْعَالَمِينَ فَلَما مَاتَ الرجُلُ فَعَلُوا مَا أَمَرَهُمْ فَأَمَرَ اللهُ الْبر فَجَمَعَ مَا فِيهِ وَأَمَرَ الْبَحْرَ فَجَمَعَ مَا فِيهِ ثُم قَالَ لِمَ فَعَلْتَ هَذَا قَالَ مِنْ خَشْيَتِكَ يَا رَب وَأَنتَ أَعْلَمُ فَغَفَرَ اللهُ لَهُ.

9760 ــ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ھاياتىدا ھېچقانداق ياخشىلىق قىلمىغان بىر كىشى ئائىلىسىگە: ئەگەر ئۆلسەم، مېنى كۆيدۈرۈڭلار، ئاندىن (كۈلىنىڭ) يېرىمىنى قۇرۇغلۇققا، يېرىمىنى دېڭىزغا سورۇۋېتىڭلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ مېنى تىرىلدۈرۈپ قالسا، ماڭا ھېچكىمگە بەرمىگەن ئازابنى بېرىدۇ، ـ دېدى. ئۇ كىشى ئۆلگەندە، (ئائىلىسى) ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى بىجا كەلتۈردى. ئاللاھ زېمىنغا ئەمر قىلغانىدى، (زېمىن) ئۇنىڭ كۈلىنى يىغدى. ئاندىن دېڭىزغا ئەمر قىلغانىدى، (دېڭىزمۇ) ئۇنىڭ كۈلىنى يىغدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ: ئى

پەرۋەردىگارىم! سەندىن قورققىنىم ئۈچۈن قىلدىم، سەن بۇنى بىلگۈچىسەن، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنى مەغپىرەت قىلدى».
(مۇسلىم: 2756)

9761 ـ قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ فَاسْتَأْذَنَ الْحُر لِعُيَيْنَةَ فَأَذِنَ لَهُ عُمَرُ فَلَما دَخَلَ عَلَيْهِ قَالَ هِيْ يَا ٱبْنَ الْخَطابِ فَوَاللهِ مَا تُعْطِينَا الْجَزْلَ وَلَا تَحْكُمُ بَيْنَنَا بِالْعَدْلِ فَغَضِبَ عُمَرُ حَتى هَم أَنْ يُوقِعَ بِهِ فَقَالَ لَهُ الْحُر يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ إِن اللهَ تَعَالَى قَالَ لِنَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُذْ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنْ الْجَاهِلِينَ وَإِن هَذَا مِنْ الْجَاهِلِينَ وَاللهِ مَا جَاوَزَهَا عُمَرُ حِينَ تَلَاهَا عَلَيْهِ وَكَانَ وَقافًا عِنْدَ كِتَابِ اللهِ.

9761 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ھۇر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇيەينەگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت ئېلىپ بەردى. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپلا:

ـ ئى ئىبنى خەتتاب! خىجىل بولماسەن؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزگە كۆپرەك مال بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە، ئارىمىزدا ئادىللىق قىلمايۋاتىسەن، ـ دېدى. ئۆمەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىغى كەلدى، ھەتتا ئېتىلماقچى بولغانىدى، ھۇر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله تائالا پەيغەمبىرىگە قۇرئان كەرىمدە: ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرىغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن[1] دېگەن. بۇ كىشىنىڭ (يەنى ئۇيەينىنىڭ) نادان ئىكەنلىكىنى بىلىسەنغۇ؟! ـ دېدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆمەر بۇنى ئاڭلاش بىلەن ھېچقانداق ئاۋاز چىقارمىدى. چۈنكى ئۇ اللهنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىغان ھامان توختايتتى.

(بۇخارى: 4642)

[1] سۈرە ئەئراف، 199ـ ئايەت.

# پىتنە بۆلۈمى

## پىتنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش

9762 ـ عن أَبِي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيّ قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيْفَ تَقُولُ فِي هَذِهِ الْآيَةِ عَلَيْكُمْ أَنفُسَكُمْ. فَقَالَ بَلْ ائْتَمِرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَتَنَاهَوْا عَنْ الْمُنْكَرِ حَتى إِذَا رَأَيْتَ شُحا مُطَاعًا وَهَوًى مُتبَعًا وَدُنْيَا مُؤْثَرَةً وَإِعْجَابَ كُل ذِي رَأْيٍ بِرَأْيِهِ فَعَلَيْكَ يَعْنِي بِنَفْسِكَ وَدَعْ عَنْكَ الْعَوَام فَإِن مِنْ وَرَائِكُمْ أَيامَ الصبْرِ الصبْرُ فِيهِ مِثْلُ قَبْضٍ عَلَى الْجَمْرِ لِلْعَامِلِ فِيهِمْ مِثْلُ أَجْرِ خَمْسِينَ رَجُلًا يَعْمَلُونَ مِثْلَ عَمَلِهِ وَزَادَنِي غَيْرُهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَجْرُ خَمْسِينَ مِنْهُمْ قَالَ أَجْرُ خَمْسِينَ مِنْكُمْ.

9762 ـ ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن يىراق تۇرۇڭلار. كىشىلەردە بېخىللىق، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىش، دۇنيا پەرەسلىك ۋە ھەر كىشى ئۆزىنىڭ پىكرىنى قالتىس چاغلايدىغان ئەھۋاللار ئومۇملىشىپ كەتكەندە، سەن ئۆزەڭگە دىققەت قىلغىن ۋە ئاۋام خەلق بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. سىلەردىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىڭ تۇرۇش ـ ئالىقاندا چوغ

---

[1] سۈرە مائىدە، 105 ـ ئايەت.

تۇتۇپ تۇرغانغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ زاماندا بىر ئەمەلنى قىلغان كىشى شۇ ئەمەلنى قىلغان 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزدىن 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالامدۇ ياكى ئۇلاردىن 50 كىشىنىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىلەردىن 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4341)

9763 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنكُمْ فِي زَمَانٍ مَنْ تَرَكَ مِنْكُمْ عُشْرَ مَا أُمِرَ بِهِ هَلَكَ ثُم يَأْتِي زَمَانٌ مَنْ عَمِلَ مِنْكُمْ بِعُشْرِ مَا أُمِرَ بِهِ نَجَا.

9763 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۇنداق بىر زاماندا ياشاۋاتىسەنكى، ئىنسان بۇيرۇلغىنىنىڭ ئوندىن بىرىنى تاشلىسا، ھالاك بولىدۇ. كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئىنسان بۇيرۇلغىنىنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلسا، نىجات تاپىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2267)

9764 ـ عن عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ حَوْلَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ ذَكَرَ الْفِتْنَةَ فَقَالَ إِذَا رَأَيْتُمْ الناسَ قَدْ مَرِجَتْ عُهُودُهُمْ وَخَفتْ أَمَانَاتُهُمْ وَكَانُوا هَكَذَا وَشَبكَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ قَالَ فَقُمْتُ إِلَيْهِ فَقُلْتُ كَيْفَ أَفْعَلُ عِنْدَ ذَلِكَ جَعَلَنِي اللهُ فِدَاكَ قَالَ الْزَمْ بَيْتَكَ وَامْلِكْ عَلَيْكَ لِسَانَكَ وَخُذْ بِمَا تَعْرِفُ وَدَعْ مَا تُنْكِرُ وَعَلَيْكَ بِأَمْرِ خَاصةِ نَفْسِكَ وَدَعْ عَنْكَ أَمْرَ الْعَامةِ.

9764 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتۇق. ئۇ

[1] ئەلبانى (934): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (394): زەئىپ، ـ دېگەن.

پىتــنــه ھەققىـــدە ســۆزلەپ كېلىـــپ، بارمــاقلىرىنى بىـــر - بىـــرىگە گىـرەلەشتۈرگەن ھالدا:

- ئىـنسانلار ۋەدىسىگە ۋاپـا قىـلمايـدىغان، ئامـانەتكە سـەل قارايـدىغان بولۇپ كەتكەندە، ھالـىڭلار نېمە بولۇپ كېتـەر؟ - دېدى. مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئـۇ چاغـدا قانـداق قىـلاي؟ - دېگەنىـدىم، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۆيۈڭــدە ئولتــۇر، ئــاغزىڭنى چىـــڭ تــۇت! بىـلگىـــنىڭگە ئەمەل، قـارىغۇلارچە ئەمەل قىـلمـا! ئۆزەڭنىـڭ دىنىـغا پۇختـا بـول، ئـاۋام خەلـق بىـلەن كـارىڭ بولمىسۇن! - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4343)

9765 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أَبَا ذَر قُلْتُ لَبيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ وَسَعْدَيْكَ فَذَكَرَ الْحَدِيثَ قَالَ فِيهِ كَيفَ أَنتَ إِذَا أَصَابَ الناسَ مَوْتٌ يَكُونُ الْبَيتُ فِيهِ بِالْوَصِيفِ يَعْنِي الْقَبْرَ قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ أَوْ قَالَ مَا خَارَ اللهُ لِي وَرَسُولُهُ قَالَ عَلَيْكَ بِالصبْرِ أَوْ قَالَ تَصْبِرُ ثُم قَالَ لِي يَا أَبَا ذَر قُلْتُ لَبيْكَ وَسَعْدَيْكَ قَالَ كَيفَ أَنتَ إِذَا رَأَيتَ أَحْجَارَ الزيْتِ قَدْ غَرِقَتْ بِالدمِ قُلْتُ مَا خَارَ اللهُ لِي وَرَسُولُهُ قَالَ عَلَيْكَ بِمَنْ أَنتَ مِنْهُ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَفَلَا آخُذُ سَيْفِي وَأَضَعُهُ عَلَى عَاتِقِي قَالَ شَارَكْتَ الْقَوْمَ إِذَنْ قُلْتُ فَمَا تَأْمُرُنِي قَالَ تَلْزَمُ بَيْتَكَ قُلْتُ فَإِنْ دُخِلَ عَلَي بَيْتِي قَالَ فَإِنْ خَشِيتَ أَنْ يَبْهَرَكَ شُعَاعُ السيْفِ فَأَلْقِ ثَوْبَكَ عَلَى وَجْهِكَ يَبُوءُ بِإِثْمِكَ وَإِثْمِهِ.

9765 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىـلىنىـدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئى ئەبۇ زەر! - دېگەنىدى، مەن:

- لەببەيكە، ئى رەسۇلۇللاھ! - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- كىشىلەرگە ئـاپەت كېلىـپ، ئىنسـانلار تـوپ ــ تـوپ ئۆلـۈپ، قەبـرە كولايدىغانلار يېتىشمەي قالغاندا، سېنىڭ ھالىڭ نېمە بولـۇپ كېتـەر؟ - دېدى. مەن:

[1] ئەلبانى (3649): ھەسەن ۋە سەھىھ - دېگەن.

ـ اللہ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر (پاكى اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغاننى قىلىمەن)، ـ دېگەنىدىم:

ـ سەۋىر قىلىشىڭ لازىم، سەۋىر قىل! ـ دېدى. ئاندىن يەنە:

ـ ئى ئەبۇ زەر! ـ دەپ چاقىردى. مەن:

ـ لەببەيكە، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەھجارۇ زەيت كەنتىنىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆرسەڭ، نېمە قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغاننى قىلىمەن، ـ دېگەنىدىم:

ـ ئۇ چاغدا، ئۆزەڭنىڭ يېقىنلىرىڭ بىلەن بىرگە بولغىن! ــ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قىلىچىمنى بوينۇمغا ئېسىپ چىقايمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ئۇ چاغدا، سەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلغان بولىسەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ئۇنداقتا، مېنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن! ـ دېدى.

ــ ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرسىچۇ؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەگەر قىلىچنىڭ يالتىرىشىدىن قورقساڭ، كىيىمىڭ بىلەن يۈزۈڭنى ئورىۋالغىن (يەنى سەن قول ياندۇرما)، چۈنكى قاتىل سېنى ئۆلتۈرگەننىڭ گۇناھىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4261)

9766 ـ عَنْ عُدَيْسَةَ بِنْتِ أُهْبَانَ بْنِ صَيْفِي الْغِفَارِي قَالَتْ جَاءَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ إِلَى أَبِي فَدَعَاهُ إِلَى الْخُرُوجِ مَعَهُ فَقَالَ لَهُ أَبِي إِن خَلِيلِي وَابْنَ عَمكَ عَهِدَ إِلَي إِذَا اخْتَلَفَ النَّاسُ أَنْ أَتخِذَ سَيْفًا مِنْ خَشَبٍ فَقَدْ اتخَذْتُهُ فَإِنْ شِئْتَ خَرَجْتُ بِهِ مَعَكَ قَالَتْ فَتَرَكَهُ.

[1] ئەلبانى (3583): سەھىھ ـ دېگەن.

9766 ـ ئۇدەيسە بىنتى ئۇھبان رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىشقا چاقىردى. دادام ئۇنىڭغا:

ـ مېنىڭ دوستۇم ۋە سېنىڭ تاغاڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ماڭا ئىنسانلار ئىختىلاپقا چۈشكەندە، ياغاچتىن قىلىچ ياساشنى بۇيرىغان ئىدى. مەن ئۇنى ياساپ قويغان ئىدىم. ئەگەر خالىساڭ، ئۇنى ئېلىپ، سەن بىلەن بىرلىكتە چىقاي، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تاشلاپ كەتتى[1].

(تىرمىزى: 2203)

9767 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن بَيْنَ يَدَيْ الساعَةِ فِتَنًا كَقِطَعِ اللَّيْلِ الْمُظْلِمِ يُصْبِحُ الرجُلُ فِيهَا مُؤْمِنًا وَيُمْسِي كَافِرًا وَيُمْسِي مُؤْمِنًا وَيُصْبِحُ كَافِرًا الْقَاعِدُ فِيهَا خَيْرٌ مِنْ الْقَائِمِ وَالْمَاشِي فِيهَا خَيْرٌ مِنْ الساعِي فَكَسرُوا قِسِيكُمْ وَقَطعُوا أَوْتَارَكُمْ وَاضْرِبُوا سُيُوفَكُمْ بِالْحِجَارَةِ فَإِنْ دُخِلَ يَعْنِي عَلَى أَحَدٍ مِنْكُمْ فَلْيَكُنْ كَخَيْرِ ابْنَيْ آدَمَ.

9767 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەتتىن بۇرۇن قاپ ـ قاراڭغۇ كېچىلەردەك (ھەق بىلەن باتىلنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان) پىتنىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، ئادەملەر ئەتىگىنى مۇئمىن بولۇپ تاڭ ئاتقۇزسا، كەچتە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئاخشىمى مۇئمىن ھالەتتە ياتسا، ئەتىگىنى كاپىر بولۇپ قوپىدۇ. ئۇ زاماندا، ئولتۇرغان ئۆرە تۇرغاندىن، ماڭغان يۈگۈرگەندىن ياخشىراق بولىدۇ. ئۇ زاماندا، ياچاق ۋە قىلىچىڭلارنى سۇندۇرۇپ تاشلاڭلار. بۇ پىتنە بىرىڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۇ، ئادەم

[1] ئەلبانى (1794): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى (يەنى قول ياندۇرماي ئۆلگىنى) بولسۇن!»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4259)

9768 ـ وفي رواية: قَالُوا فَمَا تَأْمُرُنَا قَالَ كُونُوا أَحْلَاسَ بُيُوتِكُمْ.

9768 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ كۈندە نېمە قىلىشىمىزغا بۇيرۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ كۈندە ئۆيلىرىڭلارنىڭ پالاسلىرى بولۇڭلار (يەنى ئۆيدىن ئايرىلماڭلار)! ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4262)

9769 ـ عَنْ ابْنِ الْمُسَيبِ وَأَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ أن أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَتَكُونُ فِتَنٌ الْقَاعِدُ فِيهَا خَيْرٌ مِنْ الْقَائِمِ وَالْقَائِمُ فِيهَا خَيْرٌ مِنْ الْمَاشِي وَالْمَاشِي فِيهَا خَيْرٌ مِنْ الساعِي وَمَنْ يُشْرِفْ لَهَا تَسْتَشْرِفْهُ وَمَنْ وَجَدَ مَلْجَأً أَوْ مَعَاذًا فَلْيَعُذْ بِهِ.

9769 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەلگۈسىدە نۇرغۇن پىتنىلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇ چاغدا، ئولتۇرغان تىك تۇرغاندىن، تىك تۇرغان ماڭغاندىن، ماڭغان يۈگۈرگەندىن ياخشىراق بولىدۇ. كىم ئۇنىڭغا يۈزلەنسە، ئۇمۇ ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. كىم ساقلىنىدىغان بىر پاناھ جاي تاپالىسا، ئۇنىڭدىن ساقلانسۇن».

(بۇخارى: 3602)

[1] ئەلبانى (3582): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3584): سەھىھ ـ دېگەن.

9770 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يُوشِكُ أَنْ يَكُونَ خَيْرَ مَالِ الْمُسْلِمِ غَنَمٌ يَتْبَعُ بِهَا شَعَفَ الْجِبَالِ وَمَوَاقِعَ الْقَطْرِ يَفِر بِدِينِهِ مِنْ الْفِتَنِ.

9770 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(بىر زامان كېلىدۇكى) مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ياخشى مېلى قوي بولۇپ قالىدۇ. دىنىنى ساقلاش مەقسىتىدە پىتنىدىن قېچىپ، قويلىرىنى تاغ باغرىغا ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ. قەيەردە يامغۇر بولسا، شۇ يەردە ئوتلىتىدۇ».

(بۇخارى: 19)

9771 ـ عَنْ أُم مَالِكٍ الْبَهْزِيةِ قَالَتْ ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِتْنَةً فَقَربَهَا قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ خَيْرُ الناسِ فِيهَا قَالَ رَجُلٌ فِي مَاشِيَتِهِ يُؤَدي حَقهَا وَيَعْبُدُ رَبهُ وَرَجُلٌ آخِذٌ بِرَأْسِ فَرَسِهِ يُخِيفُ الْعَدُو وَيُخِيفُونَهُ.

9771 ـ ئۇممۇ مالىك بەھزىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتنە ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مال ـ چارۋىسى بىلەن ۋە رەببىگە ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان، مېلىنىڭ زاكىتىنى جايىدا ئادا قىلىدىغان ۋە دۈشمەنگە قارشى ھەرزامان تەييار ھالەتتە تۇرىدىغان كىشى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2177)

9772 ـ عن حَرْمَلَةَ مَوْلَى أُسَامَةَ أَخْبَرَهُ قَالَ عَمْرٌو قَدْ رَأَيْتُ حَرْمَلَةَ قَالَ أَرْسَلَنِي أُسَامَةُ إِلَى عَلِي وَقَالَ إِنهُ سَيَسْأَلُكَ الْآنَ فَيَقُولُ مَا خَلفَ صَاحِبَكَ فَقُلْ لَهُ يَقُولُ لَكَ لَوْ

[1] ئەلبانى (1769): سەھىھ ـ دېگەن.

كُنْتَ فِي شِدْقِ الْأَسَدِ لَأَحْبَبْتُ أَنْ أَكُونَ مَعَكَ فِيهِ وَلَكِن هَذَا أَمْرٌ لَمْ أَرَهُ فَلَمْ يُعْطِنِي شَيْئًا فَذَهَبْتُ إِلَى حَسَنٍ وَحُسَيْنٍ وَابْنِ جَعْفَرٍ فَأَوْقَرُوا لِي رَاحِلَتِي.

9772 ــ (ئۇسامەنىڭ ئازادگەردىسى) ھەرمەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇسامە مېنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا (بىر نەرسە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن) ئەۋەتتى ۋە:

ـ ئۇ سەندىن: ”خوجايىنىڭ نېمە ئۈچۈن (ئۇرۇشقا) قاتناشمىدى؟“ دەپ سورايدۇ، شۇ چاغدا، مېنىڭ نامىمدىن ئۇنىڭغا: ”ئەگەر سەن شىرنىڭ ئاغزىدا بولساڭمۇ، سەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالايتتى، ئەمما ئۇ بۇ ئۇرۇشنى توغرا تاپمىدى“ دېگىن! ـ دېدى. دەرۋەقە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن ئۇ سوئالنى سورىدى، مەنمۇ ئۇسامەنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى ماڭا ھېچنەرسە بەرمىدى. مەن دەرھال ھەسەن ـ ھۈسەين ۋە (ئابدۇللاھ) ئىبنى جەئفەرلەرنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، ئۇلار مېنىڭ تۆگەمگە كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ نەرسە ـ كېرەك ئارتىپ بەردى.

(بۇخارى: 7110)

9773 ـ قَالَ حُذَيْفَةُ مَا أَحَدٌ مِنْ النَّاسِ تُدْرِكُهُ الْفِتْنَةُ إِلا أَنَا أَخَافُهَا عَلَيْهِ إِلا مُحَمَّدُ بْنُ مَسْلَمَةَ فَإِنِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَضُرُكَ الْفِتْنَةُ.

9773 ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەدىن باشقا ھەر بىر ئىنساننىڭ پىتنىگە يولۇقىشىدىن قورقاتتىم. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «ساڭا پىتنە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4663)

9774 ـ عَنْ مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْعِبَادَةُ فِي الْهَرْجِ كَهِجْرَةٍ إِلَيَ.

[1] ئەلبانى (3898): سەھىھ ـ دېگەن.

9774 ـ مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پىتنە زامانىدا ئىبادەت قىلىش، ماڭا ھىجرەت قىلىش بىلەن باراۋەردۇر».

(مۇسلىم: 2948)

9775 ـ عَنْ الْمِقْدَادِ بْنِ الْأَسْوَدِ قَالَ ايْمُ اللهِ لَقَدْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن السعِيدَ لَمَنْ جُنبَ الْفِتَنَ إِن السعِيدَ لَمَنْ جُنبَ الْفِتَنِ إِن السعِيدَ لَمَنْ جُنبَ الْفِتَنُ وَلَمَنْ ابْتُلِيَ فَصَبَرَ فَوَاهًا.

9775 ـ مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پىتنىدىن قۇتۇلغانلار بەختىياردۇر، پىتنىدىن قۇتۇلغانلار بەختىياردۇر، پىتنىدىن قۇتۇلغانلار بەختىياردۇر. پىتنىگە مۇبتىلا بولۇپ، سەۋر قىلغان ئىنسان نېمىدېگەن بەختلىك؟!»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 4263)

9776 ـ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي عُبَيْدٍ قَالَ لَما قُتِلَ عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ خَرَجَ سَلَمَةُ بْنُ الْأَكْوَعِ إِلَى الربَذَةِ وَتَزَوجَ هُنَاكَ امْرَأَةً وَوَلَدَتْ لَهُ أَوْلَادًا فَلَمْ يَزَلْ بِهَا حَتى قَبْلَ أَنْ يَمُوتَ بِلَيَالٍ فَنَزَلَ الْمَدِينَةَ.

9776 ـ يەزىد ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەبزەگە كەتتى. ئۇ يەردە بىر ئايالغا ئۆيلەندى ۋە بىر نەچچە بالىسى بولدى. ئۆلۈمىدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن مەدىنىگە كەلدى ۋە مۇشۇ يەردە ۋاپات بولدى.

(بۇخارى: 7087)

---

[1] ئەلبانى (3585): سەھىھ ـ دېگەن.

9777 ـ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي عُبَيْدٍ عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الْأَكْوَعِ أَنَّهُ دَخَلَ عَلَى الْحَجَّاجِ فَقَالَ يَا ابْنَ الْأَكْوَعِ ارْتَدَدْتَ عَلَى عَقِبَيْكَ تَعَرَّبْتَ قَالَ لَا وَلَكِنْ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَذِنَ لِي فِي الْبَدْوِ.

9777 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ ھەججاجنىڭ يېنىغا كىردى. ھەججاج ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئىبنى ئەكۋەئ! ھىجرىتىڭدىن يانىدىڭمۇ؟ مەدىنىنى تەرك ئېتىپ، سەھرالىق ئەرەب بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ ياق (ئۇنداق بولۇپ كەتمىدىم). ئەمما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ سەھرادا ياشىشىمغا رۇخسەت بەرگەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1862)

9778 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ وَيْلٌ لِلْعَرَبِ مِنْ شَرٍّ قَدِ اقْتَرَبَ أَفْلَحَ مَنْ كَفَّ يَدَهُ.

9778 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەرەبنىڭ ھالىغا ۋاي! پىتنە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن قولىنى تارتقانلار نىجات تاپقۇسى»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 4249)

9779 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ قَالَ كُنَّا عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرَ فِتْنَةً فَعَظَّمَ أَمْرَهَا فَقُلْنَا أَوْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ لَئِنْ أَدْرَكَتْنَا هَذِهِ لَتُهْلِكَنَّا فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَلَّا إِنَّ بِحَسْبِكُمُ الْقَتْلُ قَالَ سَعِيدٌ فَرَأَيْتُ إِخْوَانِي قُتِلُوا.

9779 ـ سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، پىتنە ۋە

---

① ئەلبانى (3574): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان ئاجايىپ ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ پىتنە بىزگە يېتىپ كەلسە، بىزنى ھالاك قىلامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق. سىلەرگە ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

سەئىد مۇنداق دەيدۇ: مەن پىتنە زامانىدا قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى كۆردۈم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4277)

9780 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أُمتِي عَلَى خَمْسِ طَبقَاتٍ فَأَرْبَعُونَ سَنَة أَهْلُ بِر وَتَقْوَى ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ إِلَى عِشْرِينَ وَمِائَةِ سَنَةٍ أَهْلُ تَرَاحُمٍ وَتَوَاصُلٍ ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ إِلَى سِتينَ وَمِائَةِ سَنَةٍ أَهْلُ تَدَابُرٍ وَتَقَاطُعٍ ثُم الْهَرْجُ الْهَرْجُ النجَا النجَا.

9780 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇممىتىم بەش باسقۇچتا بولىدۇ: 40 ـ يىلغىچە ياخشىلىق ۋە تەقۋا يىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، 120 ـ يىلغا قەدەر بىر ــ بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىش يىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، 160 ـ يىلغا قەدەر بىر ـ بىرىدىن يۈز ئۆرۈش ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش يىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، پىتنە زامانى كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزەڭلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئالدىراڭلار»[②].

(ئىبنى ماجە: 4058)

[①] ئەلبانى (3596): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (880): زەئىپ، ـ دېگەن.

9781 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا تَذْهَبُ الدنْيَا حَتى يَأْتِيَ عَلَى الناسِ يَوْمٌ لَا يَدْرِي الْقَاتِلُ فِيمَ قَتَلَ وَلَا الْمَقْتُولُ فِيمَ قُتِلَ فَقِيلَ كَيْفَ يَكُونُ ذَلِكَ قَالَ الْهَرْجُ الْقَاتِلُ وَالْمَقْتُولُ فِي النارِ.

9781 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۆلتۈرگۈچى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگىنىنى، ئۆلگۈچىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆلگىنىنى بىلمەيدۇ، ـ دېدى.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ پىتنە سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى ھەر ئىككىسى دوزاختا چۈشىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2908)

9782 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنهَا سَتَكُونُ فِتْنَةٌ تَسْتَنْظِفُ الْعَرَبَ قَتْلَاهَا فِي النارِ اللسَانُ فِيهَا أَشَد مِنْ وَقْعِ السيْفِ.

9782 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەلگۈسىدە بىر پىتنە بولىدۇ، ئۇ پىتنە ئەرەبلەرنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆلگەنلەر دوزاختا كىرىدۇ. ئۇ چاغدا، تىل قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4265)

9783 ـ عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَشْرَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أُطُمٍ مِنْ آطَامِ الْمَدِينَةِ ثُم قَالَ هَلْ تَرَوْنَ مَا أَرَى إِني أَرَى مَوَاقِعَ الْفِتَنِ خِلَالَ بُيُوتِكُمْ كَمَوَاقِعِ الْقَطْرِ.

[1] ئەلبانى (918): زەئىپ، ـ دېگەن.

9783 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە سېپىللىرىدىن بىرىگە چىقىپ: «مەن كۆرگەننى سىلەرمۇ كۆرەۋاتامسىلەر؟ مەن ئۆيۈڭلارنىڭ ئارىسىدىكى پىتنە يەرلىرىنى يامغۇر (تامچىسى) چۈشكەن يەرلەرنى كۆرگەندەك كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.

(بۇخارى: 2467)

9784 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَتَتبِعُن سَنَنَ الذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ شِبْرًا بِشِبْرٍ وَذِرَاعًا بِذِرَاعٍ حَتى لَوْ دَخَلُوا فِي جُحْرِ ضَب لَاتبَعْتُمُوهُمْ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ آلْيَهُودَ وَالنصَارَى قَالَ فَمَنْ.

9784 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىلەر ئۆزەڭلاردىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ يوللىرىغا غېرىچ ـ غېرىچ، غۇلاچ ـ غۇلاچ ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كېلەرنىڭ تۆشىكىگە كىرسە، سىلەرمۇ ئۇ يەرگە كىرىپ كېتىسىلەر، ـ دېدى.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار (يەنى بىزدىن بۇرۇنقىلار) يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلاردىن باشقا كىم بولاتتى؟ ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2669)

9785 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَذْهَبُ الليْلُ وَالنهَارُ حَتى تُعْبَدَ اللاتُ وَالْعُزى فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ كُنْتُ لَأَظُن حِينَ أَنْزَلَ اللهُ هُوَ الذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَق لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدينِ كُلهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ أَن ذَلِكَ تَاما قَالَ إِنهُ سَيَكُونُ مِنْ ذَلِكَ مَا شَاءَ اللهُ ثُم يَبْعَثُ اللهُ رِيحًا طَيبَةً فَتَوَفى كُل مَنْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبةِ خَرْدَلٍ مِنْ إِيمَانٍ فَيَبْقَى مَنْ لَا خَيْرَ فِيهِ فَيَرْجِعُونَ إِلَى دِينِ آبَائِهِمْ.

9785 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

ـ ئىنسانلار لات ۋە ئۇززاغا چوقۇنمىغىچە، قىيامەت قائىم بولمايدۇ، ـ دېگىنىنى ئاڭلىدىم ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا كىتابىدا: مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش بىلەن بۇ دىننى تاماملىدى دەپ ئويلايتتىم، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇنداق، بىر زامانغىچە شۇنداق بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن، الله مەيىن شامال ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بار ھەممە كىشى ۋاپات تاپىدۇ. قەلبىدە ياخشىلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق كىشىلەر قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا قايتىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2907)

9786 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَتَكُونُ فِتْنَةٌ صَماءُ بَكْماءُ عَمْيَاءُ مَنْ أَشْرَفَ لَهَا اسْتَشْرَفَتْ لَهُ وَإِشْرَافُ اللسَانِ فِيهَا كَوُقُوعِ السيْفِ.

9786 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەلگۈسىدە (كىشىلەرنى ھەقىقەتنى ئاڭلىمايدىغان) گاس، (ھەقنى سۆزلىمەيدىغان) گاچا، (ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان) قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان پىتنىلەر پەيدا بولىدۇ. كىم ئۇنىڭغا يۈزلەنسە، ئۇمۇ ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. ئۇ پىتنىدە تىلنىڭ تەسىرى كەسكىن قىلىچتەك ئۆتكۈر بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4264)

---

[1] سۈرە سەپ، 9ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (917): زەئىپ، ـ دېگەن.

9787 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا مَشَتْ أُمتِي بِالْمُطَيْطِيَاءِ وَخَدَمَهَا أَبْنَاءُ الْمُلُوكِ أَبْنَاءُ فَارِسَ وَالرومِ سُلطَ شِرَارُهَا عَلَى خِيَارِهَا.

9787 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىم مۇتەيتىيادىن ئۆتۈپ، پارس ۋە رۇملۇقلار ئۇلارغا خىزمەت قىلغاندا، (ئۈممىتىمنىڭ) يامانلىرى ياخشىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ»①.

(تىرمىزى: 2261)

9788 ـ قَالَ مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ يَوْمًا إِن مِنْ وَرَائِكُمْ فِتَنًا يَكْثُرُ فِيهَا الْمَالُ وَيُفْتَحُ فِيهَا الْقُرْآنُ حَتى يَأْخُذَهُ الْمُؤْمِنُ وَالْمُنَافِقُ وَالرجُلُ وَالْمَرْأَةُ وَالصغِيرُ وَالْكَبِيرُ وَالْعَبْدُ وَالْحُرُ فَيُوشِكُ قَائِلٌ أَنْ يَقُولَ مَا لِلناسِ لَا يَتبِعُونِي وَقَدْ قَرَأْتُ الْقُرْآنَ مَا هُمْ بِمُتبِعِي حَتى أَبْتَدِعَ لَهُمْ غَيْرَهُ فَإِياكُمْ وَمَا ابْتُدِعَ فَإِن مَا ابْتُدِعَ ضَلَالَةٌ وَأُحَذرُكُمْ زَيْغَةَ الْحَكِيمِ فَإِن الشيْطَانَ قَدْ يَقُولُ كَلِمَةَ الضلَالَةِ عَلَى لِسَانِ الْحَكِيمِ وَقَدْ يَقُولُ الْمُنَافِقُ كَلِمَةَ الْحَق قَالَ قُلْتُ لِمُعَاذٍ مَا يُدْرِينِي رَحِمَكَ اللهُ أَن الْحَكِيمَ قَدْ يَقُولُ كَلِمَةَ الضلَالَةِ وَأَن الْمُنَافِقَ قَدْ يَقُولُ كَلِمَةَ الْحَق قَالَ بَلَى اجْتَنِبْ مِنْ كَلَامِ الْحَكِيمِ الْمُشْتَهِرَاتِ التِي يُقَالُ لَهَا مَا هَذِهِ وَلَا يُثْنِيَنكَ ذَلِكَ عَنْهُ فَإِنهُ لَعَلهُ أَنْ يُرَاجِعَ وَتَلَق الْحَق إِذَا سَمِعْتَهُ فَإِن عَلَى الْحَق نُورًا.

9788 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: كەلگۈسىدە پىتنە بولىدۇ. ئۇ چاغدا مال كۆپىيىدۇ، قۇرئاننى ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپ بولىدۇ. ھەتتا مۇئمىن، مۇناپىق، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك، ھۆر ۋە قۇل ھەممىسىنىڭ قولىدا قۇرئان بولىدۇ. ئارىدىن بىرسى چىقىپ:

ـ ئىنسانلارغا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار ماڭا ئەگەشمەيدۇ؟ مەن قۇرئان ئوقۇۋاتقان تۇرسام؟ مەن ئۇلارغا قۇرئاندىن باشقا نەرسە ئويدۇرۇپ چىقارمىغىمچە، ئۇلار ماڭا ئەگەشمىگۈدەك، ـ دەيدۇ. ئۇنىڭ ئويدۇرۇپ

① ئەلبانى (1846): سەھىھ ـ دېگەن.

چىقارغىنىدىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى دىندا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ھەرقانداق نەرسە گۇمراھلىقتۇر. ئالىمنىڭ خاتا كەتكەن سۆزلىرىگە ئەگىشىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى شەيتان بەزىدە ئالىمنى خاتا، مۇناپىقنى توغرا سۆزلىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

مەن (راۋى) مۇئازغا:

ــ مەن ئالىمنىڭ خاتا، مۇناپىقنىڭ توغرا سۆزلەپ سالغىنىنى قانداق بىلەلەيمەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ بىلەلەيسەن، ئالىمنىڭ كىشىلەر: ”قانداق گەپ بۇ!“ دەپ قالىدىغان سۆزلىرىدىن يىراق تۇر، ئۇنىڭ بۇ سۆزى سېنىڭ ھەقتىن يۈز ئۆرۈشىڭگە سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، چۈنكى ئۇ ئالىم بۇ سۆزىدىن يېنىشى مۇمكىن. سەن ھەقنى ئاڭلىساڭ، كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر قوبۇل قىلغىن، چۈنكى ھەقنىڭ ھەق ئىكەنلىكى سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا ئايان بولىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4611)

9789 ـ عن حُذَيْفَةَ بْنَ الْيَمَانِ قَالَ كَانَ النَّاسُ يَسْأَلُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْخَيْرِ وَكُنتُ أَسْأَلُهُ عَنْ الشر مَخَافَةَ أَنْ يُدْرِكَنِي فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنا كُنا فِي جَاهِلِيةٍ وَشَر فَجَاءَنَا اللهُ بِهَذَا الْخَيْرِ فَهَلْ بَعْدَ هَذَا الْخَيْرِ مِنْ شَر قَالَ نَعَمْ قُلْتُ وَهَلْ بَعْدَ ذَلِكَ الشر مِنْ خَيْرٍ قَالَ نَعَمْ وَفِيهِ دَخَنٌ قُلْتُ وَمَا دَخَنُهُ قَالَ قَوْمٌ يَهْدُونَ بِغَيْرِ هَدْيِي تَعْرِفُ مِنْهُمْ وَتُنْكِرُ قُلْتُ فَهَلْ بَعْدَ ذَلِكَ الْخَيْرِ مِنْ شَر قَالَ نَعَمْ دُعَاةٌ إِلَى أَبْوَابِ جَهَنمَ مَنْ أَجَابَهُمْ إِلَيْهَا قَذَفُوهُ فِيهَا قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ صِفْهُمْ لَنَا فَقَالَ هُمْ مِنْ جِلْدَتِنَا وَيَتَكَلمُونَ بِأَلْسِنَتِنَا قُلْتُ فَمَا تَأْمُرُنِي إِنْ أَدْرَكَنِي ذَلِكَ قَالَ تَلْزَمُ جَمَاعَةَ الْمُسْلِمِينَ وَإِمَامَهُمْ قُلْتُ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُمْ جَمَاعَةٌ وَلَا إِمَامٌ قَالَ فَاعْتَزِلْ تِلْكَ الْفِرَقَ كُلهَا وَلَوْ أَنْ تَعَض بِأَصْلِ شَجَرَةٍ حَتى يُدْرِكَكَ الْمَوْتُ وَأَنْتَ عَلَى ذَلِكَ.

9789 ــ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەمىشە ياخشى

[1] ئەلبانى (3855): سەنەدى سەھىھ مەۋقۇف، ـ دېگەن.

ئىشلار ھەققىدە سورايتتى. مەن بولسام، مۇبتىلا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يامان ئىشلار ھەققىدە سورايتتىم. بىر قېتىم:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە يامان ئىشلارنى قىلاتتۇق. كېيىن اللّٰه بىزگە بۇ ياخشى دىننى ئاتا قىلدى. بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق كېلەمدۇ؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھەئە، كېلىدۇ، - دېدى.

ــ ئۇ يامانلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىق كېلەمدۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم:

- ھەئە، لېكىن ئۇ چاغدا ساپلىق قالمايدۇ، - دېدى.

- ساپلىقنىڭ قالماسلىقى قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم:

- ئۇ چاغدا مېنىڭ سۈننىتىمدىن چەتنەپ كېتىدىغان كىشىلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى ياخشى، بەزى ئىشلىرى يامان، - دېدى.

ــ ئۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە يامانلىق كېلەمدۇ؟ - دەپ سورىدىم.

ــ ھەئە، جەھەننەم دەرۋازىلىرىغا چاقىرغۇچىلار بولىدۇ، كىمكى ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىسا، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمگە ئاتىدۇ، - دېدى.

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە تەرىپلەپ بەرگىن! - دېگەنىدىم:

ــ ئۇلار بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىزدا گەپلىشىدۇ، - دېدى.

- ئۇلارنى كۆرگىنىمدە نېمە قىلىشىم كېرەك؟ - دەپ سورىدىم.

- مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە ئىمامىلىرىدىن ئايرىلمىغىن! - دېدى.

ــ مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتى ۋە ئىمامى بولمىسىچۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم:

- ئۇ چاغدا، باشقا پىرقىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغىن، دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يەپ ياشاشقا توغرا كەلسىمۇ، ئۆلگىچە ئايرىم ياشىغىن! ــ دېدى.

(بۇخارى: 3606)

9790 ـ وفي رواية: يَكُونُ بَعْدِي أَئِمَّةٌ لَا يَهْتَدُونَ بِهُدَايَ وَلَا يَسْتَنُّونَ بِسُنَّتِي وَسَيَقُومُ فِيهِمْ رِجَالٌ قُلُوبُهُمْ قُلُوبُ الشَّيَاطِينِ فِي جُثْمَانِ إِنْسٍ قَالَ قُلْتُ كَيْفَ أَصْنَعُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ أَدْرَكْتُ ذَلِكَ قَالَ تَسْمَعُ وَتُطِيعُ لِلْأَمِيرِ وَإِنْ ضُرِبَ ظَهْرُكَ وَأُخِذَ مَالُكَ فَاسْمَعْ وَأَطِعْ.

9790 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ كەلگۈسىدە مېنىڭ يولۇمدا ماڭمايدىغان، سۈننىتىمگە ئەگەشمەيدىغان بىر قىسىم باشلىقلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن شەكلى ئىنسان، ئەمما قەلبلىرى شەيتان قەلبى بولغان بىر تۈركۈم ئىنسانلار چىقىدۇ، ـ دېدى.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ زامانغىچە ياشاپ قالسام، قانداق قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ باشلىقنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغىن! دۈمبەڭگە ئۇرۇپ، مېلىڭنى ئالسىمۇ، يەنە قۇلاق سېلىپ، ئىتائەت قىلغىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1847)

9791 ـ عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَبْدِ رَبِّ الْكَعْبَةِ قَالَ دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ فَإِذَا عَبْدُ اللهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ جَالِسٌ فِي ظِلِّ الْكَعْبَةِ وَالنَّاسُ مُجْتَمِعُونَ عَلَيْهِ فَأَتَيْتُهُمْ فَجَلَسْتُ إِلَيْهِ فَقَالَ كُنَّا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفَرٍ فَنَزَلْنَا مَنْزِلًا فَمِنَّا مَنْ يُصْلِحُ خِبَاءَهُ وَمِنَّا مَنْ يَنْتَضِلُ وَمِنَّا مَنْ هُوَ فِي جَشَرِهِ إِذْ نَادَى مُنَادِي رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الصَّلَاةَ جَامِعَةً فَاجْتَمَعْنَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ إِنَّهُ لَمْ يَكُنْ نَبِيٌّ قَبْلِي إِلَّا كَانَ حَقًّا عَلَيْهِ أَنْ يَدُلَّ أُمَّتَهُ عَلَى خَيْرِ مَا يَعْلَمُهُ لَهُمْ وَيُنْذِرَهُمْ شَرَّ مَا يَعْلَمُهُ لَهُمْ وَإِنَّ أُمَّتَكُمْ هَذِهِ جُعِلَ عَافِيَتُهَا فِي أَوَّلِهَا وَسَيُصِيبُ آخِرَهَا بَلَاءٌ وَأُمُورٌ تُنْكِرُونَهَا وَتَجِيءُ فِتْنَةٌ فَيُرَقِّقُ بَعْضُهَا بَعْضًا وَتَجِيءُ الْفِتْنَةُ فَيَقُولُ الْمُؤْمِنُ هَذِهِ مُهْلِكَتِي ثُمَّ تَنْكَشِفُ وَتَجِيءُ الْفِتْنَةُ فَيَقُولُ الْمُؤْمِنُ هَذِهِ هَذِهِ فَمَنْ أَحَبَّ أَنْ يُزَحْزَحَ عَنْ النَّارِ وَيُدْخَلَ الْجَنَّةَ فَلْتَأْتِهِ مَنِيَّتُهُ وَهُوَ يُؤْمِنُ

بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلْيَأْتِ إِلَى الناسِ الذِي يُحِب أَنْ يُؤْتَى إِلَيْهِ وَمَنْ بَايَعَ إِمَامًا فَأَعْطَاهُ صَفْقَةَ يَدِهِ وَثَمَرَةَ قَلْبِهِ فَلْيُطِعْهُ إِنْ اسْتَطَاعَ فَإِنْ جَاءَ آخَرُ يُنَازِعُهُ فَاضْرِبُوا عُنُقَ الْآخَرِ.

9791 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبدى رەببىلكەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەسجىدكە كىردىم. قارىسام، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدىۋالغانىكەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا بىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. ئۇ:

ـ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە بىللە ئىدۇق. بىر جايغا بىرىپ چۈشتۇق. بەزىلەر كىيىملىرىنى ياماشقا، بەزىلەر ئوقدانلىرىنى رەتلەشكە، يەنە بەزىلەر يايلاقتا ئۇلاغلىرىنى ئوتلىتىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى جامائەتنى ناماز ئوقۇشقا چاقىردى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يىغىلغىنىمىزدا، مۇنداق دېدى: «مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۈممىتىنى ئۆزى بىلگەن ياخشىلىققا چاقىرىشنى ھەق دەپ بىلمىگەن ۋە ئۇلارنى ئۆزى بىلگەن يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرمىغان بىرىمۇ يوق. بۇ ئۈممەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ ئەۋۋىلىگە ئامانلىق، ئاخىرىغا بالايىئاپەت يېتىدۇ. سىلەر بىلمەيدىغان بەزى ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بىر ـ بىرىدىن ئېغىر پىتنىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. بىر پىتنە كەلگەندە، مۆئمىن كىشى: "بۇ مېنىڭ ھالاكىتىم" دەيدۇ. كېيىن پىتنە توگەيدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە بىر پىتنە كەلگەندە، مۆئمىن كىشى: "مانا بۇ، مانا بۇ" دەيدۇ. كىم جەھەننەمدىن يىراقلىشىپ، جەننەتكە كىرىشنى خالىسا، الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا ئۆلسۇن. ئۆزەڭگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىشنى خالىساڭ، باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلغىن. كىم بىر ئەمىرگە قول بېرىپ، ساداقىتىنى بىلدۈرگەن بولسا، مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن. باشقىسى كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەمىرلىكنى تالاشسا، ئۇنىڭ بوينىنى ئۇزۇپ تاشلاڭلار».

(مۇسلىم: 1844)

9792 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ إِن إِبْلِيسَ يَضَعُ عَرْشَهُ عَلَى الْمَاءِ ثُم يَبْعَثُ سَرَايَاهُ فَأَدْنَاهُمْ مِنْهُ مَنْزِلَةً أَعْظَمُهُمْ فِتْنَةً يَجِيءُ أَحَدُهُمْ فَيَقُولُ فَعَلْتُ كَذَا وَكَذَا فَيَقُولُ مَا صَنَعْتَ شَيْئًا قَالَ ثُم يَجِيءُ أَحَدُهُمْ فَيَقُولُ مَا تَرَكْتُهُ حَتى فَرقْتُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ امْرَأَتِهِ قَالَ فَيُدْنِيهِ مِنْهُ وَيَقُولُ نِعْمَ أَنتَ.

9792 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىبلىس تەختىنى سۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئىنسانلارنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئىبلىسنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئەڭ چوڭ پىتنە چىقارغىنىدۇر. لەشكەرلىرىدىن بىرى كېلىپ: ”ئۇنى قىلدىم، بۇنى قىلدىم“ دېسە، ئىبلىس ئۇنىڭغا: ”ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن“ دەيدۇ. يەنە بىرسى كېلىپ: ”مەن بىر ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئاجراشتۇرۋېتىپ كەلدىم“ دېسە، ئىبلىس ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ: ”مانا سەن قالتىس ئىش قىلىپسەن“ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 2813)

9793 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ قَالَ مَنْ حَمَلَ عَلْيَنا السلَاحَ فَلْيسَ مِنا.

9793 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم بىزگە قارشى قورال كۆتۈرسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس».

(بۇخارى: 7071)

9794 ـ عَنْ ابْنِ الزبْيرِ عَنْ رَسُولِ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ قَالَ مَنْ شَهَرَ سَيْفَهُ ثُم وَضَعَهُ فَدَمُهُ هَدَرٌ.

9794 ـ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە قىساس كەلمەيدۇ»[①].

(نەسائى: 4097)

9795 ـ عَنْ جُنْدُبِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَاتَلَ تَحْتَ رَايَةٍ عُمِيةٍ يُقَاتِلُ عَصَبِيةً وَيَغْضَبُ لِعَصَبِيةٍ فَقِتْلَتُهُ جَاهِلِيةٌ.

9795 ـ جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى يۇرتۋازلىق ياكى مىللەتچىلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان، ئەمما نىشانى ئېنىق بولمىغان بايراق ئاستىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلسە، جاھىلىيەت ئۇستىدە ئۆلگەن بولىدۇ»[②].

(نەسائى: 4115)

9796 ـ عن سُفْيان قَالَ سَمِعْتُ رَجُلًا سَأَلَ جَابِرًا عَنْ قَوْلِهِ عَز وَجَل ﴿فَلَنْ أَبْرَحَ الْأَرْضَ حَتى يَأْذَنَ لِي أَبِي أَوْ يَحْكُمَ اللهُ لِي وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ﴾ فَقَالَ جَابِرٌ لَمْ يَجِئْ تَأْوِيلُ هَذِهِ قَالَ سُفْيَانُ وَكَذَبَ فَقُلْنَا لِسُفْيَانَ وَمَا أَرَادَ بِهَذَا فَقَالَ إِن الرافِضَةَ تَقُولُ إِن عَلِيا فِي السحَابِ فَلَا نَخْرُجُ مَعَ مَنْ خَرَجَ مِنْ وَلَدِهِ حَتى يُنَادِيَ مُنَادٍ مِنْ السمَاءِ يُرِيدُ عَلِيا أَنهُ يُنَادِي اخْرُجُوا مَعَ فُلَانٍ يَقُولُ جَابِرٌ فَذَا تَأْوِيلُ هَذِهِ الْآيَةِ وَكَذَبَ كَانَتْ فِي إِخْوَةِ يُوسُفَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9796 ـ سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كىشىنىڭ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن الله تائالانىڭ: ﴿ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغىچە ياكى الله مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارمىغىچە بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، الله ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر﴾[③] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى سورىغىنىنى ئاڭلىدىم. جابىر ئۇنىڭغا:

---

[①] ئەلبانى (277): شاز ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3835): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] سۈرە يۇسۇف، 80 ـ ئايەت.

- بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى رافىزىلەر چۈشەنگەندەك ئەمەس، ئۇلار يالغان ئېيتىدۇ، - دېدى. بىز سۇفيانىدىن:

- جابىر بۇ سۆزىدىن نېمىنى مەقسەت قىلغان؟ - دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

- رافىزىلەر: "ئەلى بىر بۇلۇتتا، ئۇ ئاسماندىن: پالانچى كىشى بىلەن ئۇرۇشقا چىقىڭلار! - دەپ نىدا قىلمىغۇچە، بىز ئۇنىڭ ھېچبىر بالىسى بىلەن ئۇرۇشقا چىقمايمىز" دېيىشىدۇ ۋە يۇقىرىقى ئايەتنى شۇنداق چۈشىنىشىدۇ. شۇڭا جابىر ئۇلارنىڭ مۇشۇ چۈشەنچىسىنى "يالغان" دېمەكچى. چۈنكى بۇ ئايەت ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى ھەققىدە نازىل بولغان.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

9797 - عن عَبد اللهِ بنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنهُمَا قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ أَلَا إِن الْفِتْنَةَ هَا هُنَا يُشِيرُ إِلَى الْمَشْرِقِ مِنْ حَيْثُ يَطْلُعُ قَرْنُ الشيْطَانِ.

9797 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ، مەشرىق تەرەپكە، يەنى كۈن چىقىش تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، پىتنە ئەنە شۇ تەرەپتىن چىقىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 3511)

9798 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ ذَكَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي شَأْمِنَا اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي يَمَنِنَا قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَفِي نَجْدِنَا قَالَ اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي شَأْمِنَا اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي يَمَنِنَا قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَفِي نَجْدِنَا فَأَظُنهُ قَالَ فِي الثالِثَةِ هُنَاكَ الزلَازِلُ وَالْفِتَنُ وَبِهَا يَطْلُعُ قَرْنُ الشيْطَانِ.

9798 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى رەببىم! بىزنىڭ شامغا بەرىكەت بەرگىن! ئى رەببىم! بىزنىڭ يەمەنگە بەرىكەت بەرگىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. بىز:

ـ بىزنىڭ نەجدكىمۇ (بەرىكەت بەرسۇن) ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ ئى رەببىم! بىزنىڭ شامغا بەرىكەت بەرگىن! ئى رەببىم! بىزنىڭ يەمەنگە بەرىكەت بەرگىن! ـ دېدى. بىز يەنە:

ـ بىزنىڭ نەجدكىمۇ (بەرىكەت بەرسۇن) ـ دېگەنىدۇق. ئۈچىنچى قېتىمدا بولسا كېرەك، مۇنداق دېدى:

ـ يەر تەۋرەش ۋە پىتنىلەر شۇ يەردە بولىدۇ، شەيتاننىڭ مۈڭگۈزىمۇ شۇ يەردىن چىقىدۇ.

(بۇخارى: 7094)

9799 ـ عن سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ: يَا أَهْلَ الْعِرَاقِ مَا أَسْأَلَكُمْ عَنْ الصغِيرَةِ وَأَرْكَبَكُمْ لِلْكَبِيرَةِ سَمِعْتُ أَبِي عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُا سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن الْفِتْنَةَ تَجِيءُ مِنْ هَاهُنَا وَأَوْمَأَ بِيَدِهِ نَحْوَ الْمَشْرِقِ مِنْ حَيْثُ يَطْلُعُ قَرْنَا الشيْطَانِ وَأَنْتُمْ يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ وَإِنمَا قَتَلَ مُوسَى الذِي قَتَلَ مِنْ آلِ فِرْعَوْنَ خَطَأً فَقَالَ اللهُ عَز وَجَل لَهُ وَقَتَلْتَ نَفْسًا فَنَجيْنَاكَ مِنْ الْغَم وَفَتَناكَ فُتُونًا .

9799 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى: ئى ئىراق ئەھلى! سىلەر دېگەن چوڭ گۇناھلارنى تەپ تارتماي قىلىدىغان، كىچىك گۇناھلارنىڭ ھۆكمىنى سوراپ يۈرىدىغان خەلقسىلەر! دادام (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر)نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشرىققە يەنى كۈن چىقىش تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «پىتنە ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن چىقىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىكەن. مانا سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنىڭ بويىنىنى چېپىۋاتىسىلەر. ھەزرىتى مۇسا فىرئەۋن ئائىلىسىدىن بولغان ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، الله تائالا: سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ

قويدۇق، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۇرلۇك بالالار بىلەن سىنىدۇق  دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغانىدى.

(مۇسلىم: 2905)

9800 ـ عَنْ الْأَحْنَفِ بْنِ قَيْسٍ قَالَ خَرَجْتُ وَأَنَا أُرِيدُ هَذَا الرجُلَ فَلَقِيَنِي أَبُو بَكْرَةَ فَقَالَ أَيْنَ تُرِيدُ يَا أَحْنَفُ قَالَ قُلْتُ أُرِيدُ نَصْرَ ابْنِ عَم رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْنِي عَلِيا قَالَ فَقَالَ لِي يَا أَحْنَفُ ارْجِعْ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا تَوَاجَهَ الْمُسْلِمَانِ بِسَيْفَيْهِمَا فَالْقَاتِلُ وَالْمَقْتُولُ فِي النارِ قَالَ فَقُلْتُ أَوْ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا الْقَاتِلُ فَمَا بَالُ الْمَقْتُولِ قَالَ إِنهُ قَدْ أَرَادَ قَتْلَ صَاحِبِهِ.

9800 ـ ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم، يولدا ئەبۇ بەكرە يولۇقۇپ قېلىپ:

ـ ئى ئەھنەف! نەگە كېتىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا (يەنى ئەلىگە) ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، ـ دېگەنىدىم، ئۇ ماڭا:

ـــ ئى ئەھنەف! ئارقىڭغا قايتقىن. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قارشى قىلىچ كۆتۈرسە، ئۆلگىنىمۇ، ئۆلتۈرۈلگىنىمۇ دوزاختا بولىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن: ”ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆلتۈرگۈچىغۇ دوزاختا بولار، ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھى نېمە؟“ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چۈنكى ئۇمۇ رەقىبىنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2888)

9801 – عَنْ عَبْد اللهِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سِبَابُ الْمُسْلِمِ فُسُوقٌ وَقِتَالُهُ كُفْرٌ.

9801 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىننى تىللاش پاسىقلىق، (ئۇنىڭ بىلەن) ئۇرۇشۇش كۇپۇرلۇقتۇر».

(بۇخارى: 48)

9802 ـ عَنْ ٱبْنِ عُمَرَ أَنَّهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَرْجِعُوا بَعْدِي كُفارًا يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ.

9802 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: «مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشۇش تۇپەيلى كاپىر بولۇپ كەتمەڭلار».

(بۇخارى: 7077)

9803 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ يَعْنِي ٱبْنَ سَمُرَةَ قَالَ كُنْتُ آخِذًا بِيَدِ ٱبْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ مَشَى إِلَى رَجُلٍ مِنْ أُمتِي لِيَقْتُلَهُ فَلْيَقُلْ هَكَذَا فَالْقَاتِلُ فِي النارِ وَالْمَقْتُولُ فِي الْجَنةِ.

9803 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇ ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان مۇنۇ ھەدىسنى ئېيتىپ بەردى: «كىم ئۇممىتىمدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە ماڭسا، ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۇنىڭغا: ''ئۆلتۈرگۈچى دوزاختا، ئۆلتۈرۈلگۈچى جەننەتتە (بولىدۇ)'' دېسۇن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4260)

9804 ـ قَالَ عَبْدُ اللهِ: "لا يَقُلْ أَحَدُكُمْ: اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْفِتْنَةِ فَإِنهُ لَيْسَ مِنْكُمْ أَحَدٌ إِلا يَشْتَمِلُ عَلَى فِتْنَةٍ وَلَكِنْ مَنِ اسْتَعَاذَ فَلْيَسْتَعِذْ مِنْ مُضِلاتِهَا فَإِن اللهَ عَز وَجَل يَقُولُ: "إِنمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلادُكُمْ فِتْنَةٌ".

---

[1] ئەلبانى (916): زەئىپ، ـ دېگەن.

9804 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: سىلەردىن ھېچكىم: ”ئى اﷲ! ساڭا سېغىنىپ، پىتنىدىن پاناھ تىلەيمەن“ دېمىسۇن! چۈنكى ئاراڭلاردا پىتنىگە يولۇقمايدىغان ھېچكىم يوق. ئەمما كىمكى پاناھ تىلىسە، پىتنىدە ئېزىپ كېتىشتىن پاناھ تىلىسۇن. چۈنكى اﷲ قۇرئاندا: ئەلۋەتتە ماللىرىڭلار ۋە بالا ـ چاقاڭلار پىتنىدۇر [1] دەيدۇ[2].

(ئەلكەبىر: 8931)

9805 ـ عَنْ أم حَبِيبَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ قَالَ رَأَيْتُ مَا تَلْقَى أُمتِي بَعْدِي وَسَفْكَ بَعْضِهِمْ دِمَاءَ بَعْضٍ وَسَبَقَ ذَلِكَ مِنْ اللهِ تَعَالَى كَمَا سَبَقَ فِي الْأُمَمِ فَسَأَلْتُهُ أَنْ يُوَلِّيَنِي شَفَاعَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ فِيهِمْ فَفَعَلَ.

9805 ـ ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەندىن كېيىن ئۇممىتىمنىڭ ئۆز ئارا قېنىنى تۆكۈشكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم. چۈنكى اﷲ بۇنى بۇرۇنقى ئۇممەتلەردە كۆرۈلگەندەك، بۇ ئۇممەتكىمۇ تەقدىر قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، قىيامەتتە ئۇلارغا شاپائەت قىلىش ھوقۇقىنى سورىغانىدىم، اﷲ تائالا ماڭا ئۇ ھوقۇقنى بەردى»[3].

(ئەھمەد: 26864)

9806 ـ عن أنس بن مالك؟ ـ رفعه إ؟ الن؟ صلى الله عليه وسلم ـ قال: «من اقتراب الساعة أن يرى ا؟لال قبلا؟ فيقال: لليلتين؟ وأن تتخذ المساجد طرقا؟ وأن يظهـر موت الفجاءة.

[1] سۇرە تەغابۇن، 15ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11959): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ئۇنىڭ سەنەدىدە يەنە مەسئۇدىي ئىسىملىك ھەدىس ئېلىشتىن قويىدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (11983): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

9806 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاينىڭ (مۇددىتىدىن) بۇرۇن كۆرۈلۈشى ۋە: ''بۇ ئىككى كۈنلۈك (ئاي)'' دېيىلىشى، مەسجىدلەرنىڭ ئۆتەر يولغا ئايلىنىپ كېتىشى، تۇيۇقسىز ئۆلۈملەرنىڭ كۆپ كۆرۈلۈشى قاتارلىقلار قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[①].

(«ئەلئەسەت» ۋە «ئەلسەغىر»)

9807 ـ عن عبد الله بن عمرو قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا تقـوم الساعة حتى يظهر الفحش وقطيعة الرحم وسوء الجار وتخون الامين قيل يـا رسـول الله فيكف المؤمن يومئذ قال كالنخلة وقعت فلم تفسد وأكلت فلم تكسر ووضعت طيبا.

9807 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ زىنا ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىنمىغىچە، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئۈزۈلمىگىچە، قوشنىلار ئۆز ئارا يامانلاشمىغىچە، ئامانەتدار كىشى خىيانەت قىلمىغىچە قىيامەت قوپمايدۇ، ـ دېدى.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا مۇئمىن قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يەرگە چۈشۈپ بۇزۇلمىغان، سۇندۇرۇلماي يېيىلگەن ۋە چىرايلىق تىزىلغان خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى[②].

(بەززار: 3409)

9808 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَـدْرُسُ الْإِسْلَامُ كَمَا يَدْرُسُ وَشْيُ الثوْبِ حَتى لَا يُدْرَى مَا صِيَامٌ وَلَا صَلَاةٌ وَلَا نُسُكٌ وَلَا صَـدَقَةٌ

[①] ھەيسەمى (12441): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەيسەمى ئىبنى خالىد مەسىسى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (12451): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى مەغرا ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

وَلَيُسْرَى عَلَى كِتَابِ اللهِ عَز وَجَل فِي لَيْلَةٍ فَلَا يَبْقَى فِي الْأَرْضِ مِنْهُ آيَةٌ وَتَبْقَى طَوَائِفُ مِنْ الناسِ الشيْخُ الْكَبِيرُ وَالْعَجُوزُ يَقُولُونَ أَدْرَكْنَا آبَاءَنَا عَلَى هَذِهِ الْكَلِمَةِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَنَحْنُ نَقُولُهَا فَقَالَ لَهُ صِلَةُ مَا تُغْنِي عَنْهُمْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَهُمْ لَا يَدْرُونَ مَا صَلَاةٌ وَلَا صِيَامٌ وَلَا نُسُكٌ وَلَا صَدَقَةٌ فَأَعْرَضَ عَنْهُ حُذَيْفَةُ ثُم رَدهَا عَلَيْهِ ثَلَاثًا كُل ذَلِكَ يُعْرِضُ عَنْهُ حُذَيْفَةُ ثُم أَقْبَلَ عَلَيْهِ فِي الثالِثَةِ فَقَالَ يَا صِلَةُ تُنْجِيهِمْ مِنْ النارِ ثَلَاثًا.

9808 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىيىمنىڭ پارقىرىقى كەتكىنىدەك، ئىسلامنىڭمۇ نۇرى كېتىدۇ. ھەتتا روزا، ناماز، قۇربانلىق، زاكاتنىڭ نېمىلىكى بىلىنمەي قالىدۇ. بىر كېچىنىڭ ئۆزىدە اللهنىڭ كىتابى يوقۇلىدۇ ۋە يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن بىرمۇ ئايەت قالمايدۇ. ئىنسانلاردىن پەقەت قېرى كىشىلەر ۋە ئاياللارلا قالىدۇ. ئۇلار: ”ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئۆگەنگەن ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ“ كەلىمىسىنى بولسىمۇ ئوقۇيلى“ دەيدۇ».

(راۋىي) سىلە: ناماز، روزا، قۇربانلىق ۋە زاكاتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىگە بۇ كەلىمىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ھۇزەيفە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇۋالدى. سىلە بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم سورىدى. ئۈچىنچى قېتىمدىن كېيىن، ھۇزەيفە ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، ئۈچ قېتىم:

ـ ئى سىلە! ئۇ كەلىمە ئۇلارنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ـ دېدى[1]. (ئىبنى ماجە: 4049)

9809 ـ عَنْ عَوْفِ بن مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يَكُونُ أَمَامَ الدجالِ سِنُونَ خَوَادِعُ يَكْثُرُ فِيهَا الْمَطَرُ وَيَقِل فِيهَا النبْتُ وَيُكَذبُ فِيهَا الصادِقُ

[1] ئەلبانى (3273): سەھىھ ـ دېگەن.

ويُصَدقُ فِيهَا الْكَاذِبُ، وَيُؤْتَمَنُ فِيهَا الْخَائِنُ، وَيُخَونُ فِيهَا الأَمِينُ، وتَنْطِقُ فِيهَا الروَيْبِضَةُ"، قِيلَ: يَا رَسُولَ اللهِ، وَمَا الروَيْبِضَةُ؟ قَالَ: "مَنْ لا يُؤْبَهُ لَهُ".

9809 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دەججالدىن بۇرۇن ئالدامچى يىللار بولىدۇ، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر ئاز بولىدۇ. راستچىل كىشىلەر يالغانچىغا، يالغانچى كىشىلەر راستچىلغا چىقىرىلىدۇ. خائىن ئىشەنچكە ئېرىشىدۇ، ئىشەنچلىك كىشى بولسا، خائىنغا چىقىرىلىدۇ. رۇۋەيبىزە نۇتۇق ئىگىسى بولىدۇ، ـ دېدى.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇۋەيبىزە كىم؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ باشقىلار كۆزگە ئىلمايدىغان كىشى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].
(«ئەلكەبىر»: 68/18)

[1] ھەيسەمى (12469): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدلەرنىڭ ئەڭ ياخشى بىرىدە ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك ھەدىسنى مۇدەللەس بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

## ئىسمى ئاتالغان پىتنىلەر ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

9810 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَيكُمْ يَحْفَظُ قَـوْلَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْفِتْنَةِ فَقَالَ حُذَيْفَةُ أَنا أَحْفَظُ كَمَا قَالَ قَالَ هَاتِ إِنكَ لَجَرِيءٌ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِتْنَةُ الرجُلِ فِي أَهْلِهِ وَمَالِهِ وَجَارِهِ تُكَفرُهَـا الصلَاةُ وَالصدَقَةُ وَالْأَمْرُ بِالْمَعْرُوفِ وَالنهْيُ عَنْ الْمُنْكَرِ قَالَ لَيْسَتْ هَذِهِ وَلَكِنْ التِي تَمُـوجُ كَمَوْجِ الْبَحْرِ قَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ لَا بَأْسَ عَلَيْكَ مِنْهَا إِن بَيْنَكَ وَبَيْنَهَا بَابًا مُغْلَقًا قَالَ يُفْتَحُ الْبَابُ أَوْ يُكْسَرُ قَالَ لَا بَلْ يُكْسَرُ قَالَ ذَاكَ أَحْرَى أَنْ لَا يُغْلَقَ قُلْنَا عَلِمَ عُمَرُ الْبَابَ قَالَ نَعَمْ كَمَا أَن دُونَ غَدٍ الليْلَةَ إِني حَدثْتُهُ حَدِيثًا لَيْسَ بِالْأَغَالِيطِ فَهِبْنَا أَنْ نَسْأَلَهُ وَأَمَرْنَا مَسْـرُوقًا فَسَأَلَهُ فَقَالَ مَنْ الْبَابُ قَالَ عُمَرُ

9810 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ قايسىڭلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىتنە ھەققىدىكى ھەدىسىنى يادقا بىلىسىلەر؟ ـ دېدى. مەن:

ـ مەن يادقا بىلىمەن، ـ دېدىم. ئۆمەر:

ـ قېنى دېگىن، جۈرئەتلىك ئىكەنسەن، ـ دېدى. مەن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىنىڭ ئائىلىسى، مال دۇنياسى ۋە قوشنىسى ھەققىدە مۇبتىلا بولغان پىتنىسىنى ناماز، زاكات، ئەمر ـ مەرۇف، نەھى ـ مۇنكەر يۇيۇپ تاشلايدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدىم. لېكىن ئۆمەر:

ـ مەن بۇنى مەقسەت قىلمايۋاتىمەن، مېنىڭ مەقسەت قىلغىنىم دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆرلەيدىغان پىتنە، ـ دېدى. مەن:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ پىتنە بىلەن سىنىڭ نېمە ئالاقەڭ بار؟ ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ ئاراڭدا بىر تاقاقلىق ئىشىك بار، - دېدىم. ئۆمەر:

- بۇ ئىشىك ئېچىلامدۇ ياكى چېقىلامدۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئېچىلمايدۇ، بەلكى چېقىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. ئۆمەر:

- ئۇنداقتا، بۇ ئىشىك ئۇندىن كېيىن پەقەت تاقالمىغۇدەك، - دېدى. بىز ھۇزەيفەدىن:

— ئۆمەر ئىشىكنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىمۇ؟ - دەپ سورىغانىدۇق، ھۇزەيفە:

- ھەئە، خۇددى كۈندۈزدىن كېيىن كېچىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندەك ئېنىق بىلەتتى، مېنىڭ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنلىرىم بىھۇدە سۆزلەر ئەمەس، - دېدى.

راۋى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇنىڭدىن ئىشىكنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراشقا پېتىنالماي، مەسرۇقنى سوراپ بېقىشقا بۇيرىدۇق، مەسرۇق:

- ئىشىك كىم؟ - دەپ سورىغان ئىدى، ھۇزەيفە:

- ئۆمەر، - دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 3586)

9811 - وفي رواية: قَالَ أَنتَ لِلهِ أَبوكَ قَالَ حُذَيْفَةُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ تُعْرَضُ الْفِتَنُ عَلَى الْقُلُوبِ كَالْحَصِيرِ عُودًا عُودًا فَأَي قَلْبٍ أُشْرِبَهَا نُكِتَ فِيهِ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ وَأَي قَلْبٍ أَنكَرَهَا نُكِتَ فِيهِ نُكْتَةٌ بَيْضَاءُ حَتى تَصِيرَ عَلَى قَلْبَيْنِ عَلَى أَبْيَضَ مِثْلِ الصفَا فَلَا تَضُرهُ فِتْنَةٌ مَا دَامَتْ السمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَالْآخَرُ أَسْوَدُ مُرْبَادا كَالْكُوزِ مُجَخيًا لَا يَعْرِفُ مَعْرُوفًا وَلَا يُنكِرُ مُنكَرًا إِلا مَا أُشْرِبَ مِنْ هَوَاهُ قَالَ حُذَيْفَةُ وَحَدثْتُهُ أَن بَيْنَكَ وَبَيْنَهَا بَابًا مُغْلَقًا يُوشِكُ أَنْ يُكْسَرَ قَالَ عُمَرُ أَكَسْرًا لَا أَبَا لَكَ فَلَوْ أَنهُ فُتِحَ لَعَلهُ كَانَ يُعَادُ قُلْتُ لَا بَلْ يُكْسَرُ وَحَدثْتُهُ أَن ذَلِكَ الْبَابَ رَجُلٌ يُقْتَلُ أَوْ يَمُوتُ حَدِيثًا لَيْسَ بِالْأَغَالِيطِ قَالَ أَبُو خَالِدٍ فَقُلْتُ لِسَعْدٍ يَا أَبَا مَالِكٍ مَا أَسْوَدُ مُرْبَادا قَالَ شِدةُ الْبَيَاضِ فِي سَوَادٍ قَالَ قُلْتُ فَمَا الْكُوزُ مُجَخيًا قَالَ مَنكُوسًا.

9811 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ شۇنداق، ئۇنى سەن بىلىسەن! ـ دېدى. ھۇزەيفە مۇنداق دېدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پىتنە ـ پاسات قەلبلەرگە خۇددى بورا توقۇلغاندەك توقۇلىدۇ. قايسى قەلبكە بەكرەك توقۇۋېتىلسە، ئۇنىڭغا بىر قارا نوقتا قويۇلىدۇ. قايسى قەلب ئۇنى رەت قىلسا، ئۇنىڭغا بىر ئاق نوقتا قويۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قەلب مەيدانغا كېلىدۇ. ئاق قەلب ياقۇتقا ئوخشاش نۇرلۇق بولۇپ، ئاسمان ـ زېمىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانغا قەدەر پىتنە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. يەنە بىرى قاپقارا بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى دۈم كۆمتۈرۈلگەن قازانغا ئوخشايدۇ. ئۇ ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ بىلمەيدۇ. پەقەت ھاۋايى ـ ھەۋىسىگىلا ئەگىشىدۇ (يەنى ھەقنى بىلەلمەيدۇ)» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. ئى ئۆمەر! سەن بىلەن ئۇ پىتنە ئارىسىدا چېقىلىپ كېتەي دەپ قالغان بىر تاقاقلىق ئىشىك بار، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـ ۋاي ساڭا! ئۇ ئىشىك چېقىلامدۇ؟! كاشكى چېقىلماي ئېچىلغان بولسا، قايتا ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولاتتى ـ ھە؟! ــ دېدى. ھۇزەيفە:

ـ ياق (ئېچىلمايدۇ)، بەلكى چېقىلىدۇ، ـ دېدى.

ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: يالغان بولمىغان بىر ھەدىسنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئىشىكنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان ياكى ئۆلىدىغان بىر ئادەمنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم.

(مۇسلىم: 144)

9812 ـ عَنْ عُمَيْرِ بْنِ هَانِئٍ الْعَنْسِي قَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُ كُنا قُعُودًا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ فَذَكَرَ الْفِتَنَ فَأَكْثَرَ فِي ذِكْرِهَا حَتى ذَكَرَ فِتْنَةَ الْأَحْلَاسِ فَقَالَ قَائِلٌ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا فِتْنَةُ الْأَحْلَاسِ قَالَ هِيَ هَرَبٌ وَحَرْبٌ ثُم فِتْنَةُ السراءِ دَخَنُهَا مِنْ تَحْتِ قَدَمَيْ رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ بَيْتِي يَزْعُمُ أَنهُ مِني وَلَيْسَ مِني وَإِنمَا أَوْلِيَائِي الْمُتقُونَ ثُم يَصْطَلِحُ الناسُ عَلَى رَجُلٍ

كَوَرِكٍ عَلَى ضِلَعٍ ثُمَّ فِتْنَةُ الدُّهَيْمَاءِ لَا تَدَعُ أَحَدًا مِنْ هَذِهِ الْأُمَّةِ إِلَّا لَطَمَتْهُ لَطْمَةً فَإِذَا قِيلَ انْقَضَتْ تَمَادَتْ يُصْبِحُ الرَّجُلُ فِيهَا مُؤْمِنًا وَيُمْسِي كَافِرًا حَتَّى يَصِيرَ النَّاسُ إِلَى فُسْطَاطَيْنِ فُسْطَاطِ إِيمَانٍ لَا نِفَاقَ فِيهِ وَفُسْطَاطِ نِفَاقٍ لَا إِيمَانَ فِيهِ فَإِذَا كَانَ ذَاكُمْ فَانْتَظِرُوا الدَّجَّالَ مِنْ يَوْمِهِ أَوْ مِنْ غَدِهِ.

9812 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ پىتنە ھەققىدە ناھايىتى كۆپ توختالدى، ھەتتا ئەھلاس پىتنىسىنىمۇ تىلغا ئالدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھلاس پىتنىسى دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ، بىر ـ بىرىدىن قېچىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش پىتنىسى، ـ دېدى. ئاندىن باياشات تۇرمۇشنىڭ پىتنىسىدىن سۆز قىلىپ:

ـ بۇ پىتنىنىڭ سەۋەبچىسى ئەھلى بەيتىمدىن بىر كىشى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ، ئەمما ئۇ مەندىن ئەمەس، مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىم تەقۋادارلاردۇر. كېيىن ئادەملەر ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدىغان، قورچاق بىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. ئاندىن زۇلمەتلىك بىر پىتنە چىقىدۇ، بۇ پىتنىگە دۇچار بولمايدىغان بىرمۇ ئىنسان قالمايدۇ. بۇ پىتنە ئەمدى تۈگەيدىغۇ دەپ تۇرسا، تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ. ئىنسانلار ئۇ پىتنە ئىچىدە مۆئمىن بولۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر بولۇپ كەچ قىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئىنسانلار ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئىمان گۇرۇھى بولۇپ، ئۇنىڭدا نىپاق بولمايدۇ. يەنە بىرى، نىپاق گۇرۇھى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمان بولمايدۇ. ئۇ زامان كەلگەندە، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتىسى دەججالنى كۈتۈڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4242)

[1] ئەلبانى (3568): سەھىھ ـ دېگەن.

9813 ـ عن مُسْلِم بْن أَبِي بَكْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَبِي يُحَدثُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَنزِلُ نَاسٌ مِنْ أُمتِي بِغَائِطٍ يُسَمونَهُ الْبَصْرَةَ عِنْدَ نَهْرٍ يُقَالُ لَهُ دِجْلَةُ يَكُـونُ عَلَيْهِ جِسْرٌ يَكْثُرُ أَهْلُهَا وَتَكُونُ مِنْ أَمْصَارِ الْمُهَاجِرِينَ.

وفي رواية وَتَكُونُ مِنْ أَمْصَارِ الْمُسْلِمِينَ فَإِذَا كَانَ فِي آخِرِ الزمَانِ جَاءَ بَنُو قَنْطُـورَاءَ عِرَاضُ الْوُجُوهِ صِغَارُ الْأَعْيُنِ حَتى يَنزِلُوا عَلَى شَط النهْرِ فَيَتَفَرقُ أَهْلُهَا ثَلَاثَ فِـرَقٍ فِرْقَـةٌ يَأْخُذُونَ أَذْنَابَ الْبَقَرِ وَالْبَريةِ وَهَلَكُوا وَفِرْقَةٌ يَأْخُذُونَ لِأَنفُسِهِمْ وَكَفَرُوا وَفِرْقَـةٌ يَجْعَلُـونَ ذَرَارِيهُمْ خَلْفَ ظُهُورِهِمْ وَيُقَاتِلُونَهُمْ وَهُمْ الشهَدَاءُ.

9813 ـ مۇسلىم ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن دادامدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇھ ئىنسان ئۈستىگە كۆۋرۈك قۇرۇلغان ۋە دىجلە دەپ ئاتالغان دەريا بويىدىكى بەسرە دېگەن جايغا يەرلىشىپ، نوپۇسى كۆپىيىدۇ ۋە ئۇ مۇھاجىرلارنىڭ شەھىرىگە ئايلىنىدۇ».

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ شەھەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىغا ئايلىنىدۇ، ئاخىر زامان بولغاندا، كەڭ يۈزلۈك، كىچىك كۆزلۈك قەنتۇرا ئەۋلاتلىرى كېلىپ، ئۇ يەرنى باسىدۇ. بۇ چاغدا شەھەر ئەھلى ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىر پىرقىسى چارۋا ـ ماللىرىنى ھەيدەپ يېزا ـ قىشلاقلارغا چىقىپ كېتىدۇ ۋە شۇ يەردە ھالاك بولىدۇ. يەنە بىر پىرقىسى قەنتۇرا ئەۋلاتلىرىدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئامانلىق تىلەپ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر پىرقىسى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. مانا بۇلار شېھىدلەردۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4306)

9814 ـ عَنْ ذِي مِخْبَرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ يَقُـولُ سَتُصَالِحُونَ الرومَ صُلْحًا آمِنًا فَتَغْزُونَ أَنْتمْ وَهُمْ عَدُوا مِنْ وَرَائِكُمْ فَتُنْصَـرُونَ وَتَغْنَمُـونَ

[1] ئەلبانى (3618): ھەسەن ـ دېگەن.

وَتَسْلَمُونَ ثُم تَرْجِعُونَ حَتى تَنْزِلُوا بِمَرْجٍ ذِي تُلُولٍ فَيَرْفَعُ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ النصْرَانِيةِ الصلِيبَ فَيَقُولُ غَلَبَ الصلِيبُ فَيَغْضَبُ رَجُلٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ فَيَدُقُهُ فَعِنْدَ ذَلِكَ تَغْدِرُ الرومُ وَتَجْمَـعُ لِلْمَلْحَمَةِ.

9814 ـ زۇ مىخبەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر رۇملۇقلار بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزىسىلەر. ئاندىن دۈشمەنگە قارشى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشىسىلەر ۋە غەلىبە قازىنىپ، غەنىمەتلەرنى قولغا كىرگۈزىسىلەر. ساق سالامەت قايتىپ، بىر تۆپىلىككە كەلگىنىڭلاردا، ناسارالاردىن بىر كىشى كرىستتىنى كۆتۈرۈپ: ”كرىستت غەلىبە قىلدى“ دەيدۇ. بىر مۇسۇلمان دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنى ئۇرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، رۇملۇقلار سىلەرگە خىيانەت قىلىپ، قوللىرىغا قورال ئالىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4292)

9815 ـ وزاد في رواية: وَيَثُورُ الْمُسْلِمُونَ إِلَى أَسْلِحَتِهِمْ فَيَقْتَتِلُونَ فَيُكْرِمُ اللهُ تِلْكَ الْعِصَابَةَ بِالشهَادَةِ.

9815 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق قوشۇمچە قىلىنغان: «ئۇلار قوزغىلىدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولۇپ، قوللىرىغا قورال ئالىدۇ. الله تائالا ئۇ جامائەتنى شېھىدلىك مەرتىۋىسى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4292)

9816 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ قَالَ يَكُونُ اخْتِلَافٌ عِنْدَ مَوْتِ خَلِيفَةٍ فَيَخْرُجُ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ هَارِبًا إِلَى مَكةَ فَيَأْتِيهِ نَاسٌ مِنْ أَهْلِ مَكةَ فَيُخْرِجُونَهُ وَهُوَ كَارِهٌ فَيُبَايِعُونَهُ بَيْنَ الركْنِ وَالْمَقَامِ وَيُبْعَثُ إِلَيْـهِ بَعْثٌ مِنْ أَهْلِ الشامِ فَيُخْسَفُ بِهِمْ بِالْبَيْدَاءِ بَيْنَ مَكةَ وَالْمَدِينَةِ فَإِذَا رَأَى الناسُ ذَلِـكَ أَتَـاهُ

[1] ئەلبانى (3607): سەھىھ ـ دېگەن

[2] ئەلبانى (3608): سەھىھ ـ دېگەن.

أَبْدَالُ الشامِ وَعَصَائِبُ أَهْلِ الْعِرَاقِ فَيُبَايِعُونَهُ بَيْنَ الركْنِ وَالْمَقَامِ ثُم يَنْشَأُ رَجُلٌ مِنْ قُـرَيْشٍ أَخْوَالُهُ كَلْبٌ فَيَبْعَثُ إِلَيْهِمْ بَعْثًا فَيَظْهَرُونَ عَلَيْهِمْ وَذَلِكَ بَعْثُ كَلْبٍ وَالْخَيْبَةُ لِمَنْ لَمْ يَشْهَدْ غَنِيمَةَ كَلْبٍ فَيَقْسِمُ الْمَالَ وَيَعْمَلُ فِي الناسِ بِسُنةِ نَبِيهِمْ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ وَيُلْقِـي الْإِسْلَامُ بِجِرَانِهِ فِي الْأَرْضِ فَيَلْبَثُ سَبْعَ سِنِينَ ثُم يُتَوَفى وَيُصَلي عَلَيْهِ الْمُسْلِمُونَ.

9816 ــ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر خەلىپە ئۆلگەندە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا (خەلىپىلىك ھەققىدە) ئىختىلاپ چىقىدۇ، بىر ئادەم بۇ ئىختىلاپتىن قېچىپ مەدىنىدىن مەككىگە كېلىدۇ. مەككىلىك كىشىلەر ئۇنى مەجبۇرى كەئبىگە ئېلىپ چىقىپ، ھەجەرى ئەسۋەد بىلەن ماقامى ئىبراھىم ئارىسىدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا قارشى شامدىن لەشكەر ئەۋەتىلىدۇ. (بۇ لەشكەرلەر) مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بەيدا دېگەن جايغا كەلگەندە، يەر يۇتۇپ كېتىدۇ. ئىنسانلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، شام ۋە ئىراق ئەھلىدىن ياخشى كىشىلەر كېلىپ، ماقامى ئىبراھىم بىلەن ھەجەرى ئەسۋەد ئارىسىدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدۇ. كېيىن تاغىلىرى كەلب قەبىلىسىدىن بولغان قۇرەيشلىك بىر ئادەم چىقىپ، ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر ئەۋەتىدۇ. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلىدۇ. كەلب قەبىلىسىدىن ئېلىنغان بۇ غەنىمەتتىن نېسىۋىسىنى ئالالمىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇ ئالغان غەنىمەتلەرنى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، زېمىندا ئىسلام ئەھكاملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. (ئۇ كىشى) يەتتە يىل ياشايدۇ، كېيىن ئۆلىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4286)

[1] ئەلبانى (921): زەئىپ، ـ دېگەن.

9817 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقِصةِ جَيْشِ الْخَسْفِ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَيفَ بِمَنْ كَانَ كَارِهًا قَالَ يُخْسَفُ بِهِمْ وَلَكِنْ يُبْعَثُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى نِيتِهِ.

9817 ـ ئۇممۇ ھەبىبە مۇنداق دەيدۇ: مەككىگە مەجبۇرى ئەۋەتىلىپ، يەر يۇتۇپ كەتكەنلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىمۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يەر يۇتىدۇ، ئەمما قىيامەت كۈنى نىيىتىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4289)

9818 ـ عَنْ ثَوْبَانَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوشِكُ الْأُمَمُ أَنْ تَدَاعَى عَلَيْكُمْ كَمَا تَدَاعَى الْأَكَلَةُ إِلَى قَصْعَتِهَا فَقَالَ قَائِلٌ وَمِنْ قِلةٍ نَحْنُ يَوْمَئِذٍ قَالَ بَلْ أَنْتُمْ يَوْمَئِذٍ كَثِيرٌ وَلَكِنكُمْ غُثَاءٌ كَغُثَاءِ السيْلِ وَلَيَنْزَعَن اللهُ مِنْ صُدُورِ عَدُوكُمْ الْمَهَابَةَ مِنْكُمْ وَلَيَقْذِفَن اللهُ فِي قُلُوبِكُمْ الْوَهْنَ فَقَالَ قَائِلٌ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا الْوَهْنُ قَالَ حُب الدنْيَا وَكَرَاهِيَةُ الْمَوْتِ.

9818 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىنسانلارنىڭ خۇددى قاچىدىكى تاماققا دۇم چۈشكەندەك سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشىگە ئاز قالدى، ـ دېدى. بىرەيلەن:

ـ ئۇ چاغدا، بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، سانىڭلار كۆپ بولىدۇ. ئەمما كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىۋاتقان ئەخلەت ـ چاۋاردەك كۈچسىز بولىسىلەر. الله دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرنىڭ ھەيۋىتىڭلارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋەھن سېلىپ قويىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

---

[1] ئەلبانى (3605): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ۋەھىن دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4297)

9819 ـ قَالَ حُذَيْفَةُ بْنُ الْيَمَانِ وَاللهِ إني لَأَعْلَمُ الناسِ بِكُلِ فِتْنَةٍ هِيَ كَائِنَةٌ فِيمَا بَيْنِي وَبَيْنَ الساعَةِ وَمَا بِي إلا أَنْ يَكُونَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسَر إِلَي فِي ذَلِكَ شَيْئًا لَمْ يُحَدثْهُ غَيْرِي وَلَكِنْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَهُوَ يُحَدثُ مَجْلِسًا أَنا فِيهِ عَنْ الْفِتَنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَعُد الْفِتَنَ مِنْهُن ثَلَاثٌ لَا يَكَدْنَ يَذَرْنَ شَيْئًا وَمِنْهُن فِتَنٌ كَرِيَاحِ الصيْفِ مِنْهَا صِغَارٌ وَمِنْهَا كِبَارٌ قَالَ حُذَيْفَةُ فَذَهَبَ أُولَئِكَ الرهْطُ كُلُهُمْ غَيْرِي.

9819 ــ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن قىيامەتكىچە مەيدانغا كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك پىتنىلەرنى ھەممىدىن ياخشى بىلىمەن، بۇنداق بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ھېچكىمگە دەپ بەرمەي، ماڭا مەخپىي ئېيتىپ بەرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەجلىستە پىتنىلەر توغرۇلۇق سۆز قىلغاندا، مەنمۇ (ئۇ مەجلىستە) بار ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتنىلەرنى ساناپ كېلىپ: «ئۇ پىتنىلەردىن ئۈچى ھېچبىر نەرسىنى قالدۇرمايدۇ. ئۇ پىتنىلەرنىڭ بەزىسى ياز شامىلىغا ئوخشاش ھەممە ئادەمگە تېگىدۇ؛ ئۇنىڭ بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى چوڭ بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇ مەجلىستە مەن بىلەن بىللە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى، پەقەت مەنلا قالدىم.

(مۇسلىم: 2891)

[1] ئەلبانى (3610): سەھىھ ـ دېگەن.

9820 ـ قَالَ حُذَيْفَةُ بْنُ الْيَمَانِ وَاللهِ مَا أَدْرِي أَنسِيَ أَصْحَابِي أَمْ تَنَاسَوْا وَاللهِ مَـا تَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ قَائِدِ فِتْنَةٍ إِلَى أَنْ تَنقَضِيَ الدنْيَا يَبْلُغُ مَنْ مَعَهُ ثَلَاثَ مِائَةٍ فَصَاعِدًا إِلا قَدْ سَماهُ لَنَا بِاسْمِهِ وَاسْمِ أَبِيهِ وَاسْمِ قَبِيلَتِهِ.

9820 ــ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دوستلىرىم ئۇنۇتتىمۇ ياكى بۇ ھەقتە سۆزلەشنى خالىمىدىمۇ بىلمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتكە قەدەر مەيدانغا كېلىدىغان پىتنىلەرگە باشچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدىغان ئۈچ يۈزدىن كۆپ كىشىنىڭ كىملىكىنى، دادىسىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە قەبىلە ئىسىملىرىنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەنىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4243)

9821 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوشِكُ الْمُسْلِمُونَ أَنْ يُحَاصَرُوا إِلَى الْمَدِينَةِ حَتى يَكُونَ أَبْعَدَ مَسَالِحِهِمْ سَلَاdzِ. وعَنْ الزهْرِي قَالَ وَسَـلَاdzِ قَرِيبٌ مِنْ خَيْبَرَ.

9821 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار مەدىنىدە مۇھاسىرىگە ئېلىنىدىغان زامان كېلىشكە ئاز قالدى، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسى سەلاھ بولىدۇ».

زۇھرى: "سەلاھ" خەيبەرگە يېقىن بىر جاينىڭ ئىسمى، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4250)

9822 ـ عن أَبِي مَالِكٍ الْأَشْعَرِي انه سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَيَكُـونَن مِنْ أُمتِي أَقْوَامٌ يَسْتَحِلونَ الْحِرَ وَالْحَرِيرَ وَالْخَمْرَ وَالْمَعَازِفَ وَلَيَنزِلَن أَقْوَامٌ إِلَى جَنْبِ عَلَـمٍ

---

[1] ئەلبانى (913): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2575): سەھىھ ـ دېگەن.

يَرُوďz عَلَيْهِمْ بِسَارِحَةٍ لَهُمْ يَأْتِيهِمْ يَعْنِي الْفَقِيرَ لِحَاجَةٍ فَيَقُولُونَ ارْجِعْ إِلَيْنَا غَدًا فَيُبَيِّتُهُمْ اللـهُ وَيَضَعُ الْعَلَمَ وَيَمْسَŇ آخَرِينَ قِرَدَةً وَخَنَازِيرَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

9822 ـ ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر كېلىدۇ. ئۇلار زىنانى، يىپەكنى، ھاراقنى ۋە چالغۇلارنى ھالال دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىر تاغنىڭ باغرىغا يەرلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ قويچىسى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى شۇ ئەتراپتا باقىدۇ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر كەمبەغەل ئادەم ھاجىتى ئۈچۈن كەلگىنىدە: "ماڭ كېتىپ، ئەتىگەنلىككە كەل" دەيدۇ. شۇ كېچىسى الله ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرىدۇ، باشقىلارنى مايمۇن ۋە توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ».

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

9823 _ عَبْدُ اللهِ بْنُ زِيَادٍ الْأَسَدِي قَالَ لَمَّا سَارَ طَلْحَةُ وَالزُّبَيْرُ وَعَائِشَةُ إِلَى الْبَصْرَةِ بَعَثَ عَلِي عَمَّارَ بْنَ يَاسِرٍ وَحَسَنَ بْنَ عَلِي فَقَدِمَا عَلَيْنَا الْكُوفَةَ فَصَعِدَا الْمِنْبَرَ فَكَانَ الْحَسَنُ بْنُ عَلِي فَوْقَ الْمِنْبَرِ فِي أَعْلَاهُ وَقَامَ عَمَّارٌ أَسْفَلَ مِنْ الْحَسَنِ فَاجْتَمَعْنَا إِلَيْهِ فَسَمِعْتُ عَمَّـارًا يَقُولُ إِن عَائِشَةَ قَدْ سَارَتْ إِلَى الْبَصْرَةِ وَوَاللهِ إِنَهَا لَزَوْجَةُ نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَلَكِن اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى ابْتَلَاكُمْ لِيَعْلَمَ إِيَاهُ تُطِيعُونَ أَمْ هِيَ.

9823 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زىياد ئەسەدى مۇنداق دەيدۇ: تەلھە، زۇبەير ۋە ئائىشە قاتارلىقلار (ئەلىگە قارشى ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن) بەسرەگە يولغا چىققاندا، ھەزرىتى ئەلى ئەممار ئىبنى ياسىر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغلى ھەسەننى كۇفەگە ئەۋەتتى. ئۇلار يېتىپ كېلىپ، مۇنبەرگە چىقتى. ھەسەن ئىبنى ئەلى مۇنبەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە، ئەممار ئىبنى ياسىر ئاستى تەرىپىدە تۇردى. بىز ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدۇق. شۇ چاغدا، ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: "ھەزرىتى ئائىشە (ئەلىگە قارشى ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن) بەسرەگە يۈرۈپ كەتتى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ دۇنيا ۋە

ئاخىرەتتىكى ئايالىدۇر. لېكىن ﷲ سىلەرنىڭ ﷲقا ياكى ئائىشەگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن سىلەرنى بۇ سىناققا مۇبتىلا قىلدى“ دېدى.

(بۇخارى: 7100)

9824 ـ عن شقيق قَالَ: دَخَلَ أَبُو مُوسَى وَأَبُو مَسْعُودٍ عَلَى عَمارٍ حَيْثُ بَعَثَهُ عَلِي إِلَى أَهْلِ الْكُوفَةِ يَسْتَنْفِرُهُمْ فَقَالَا مَا رَأَيْنَاكَ أَتَيْتَ أَمْرًا أَكْرَهَ عِنْدَنَا مِنْ إِسْرَاعِكَ فِي هَذَا الْأَمْرِ مُنْذُ أَسْلَمْتَ فَقَالَ عَمارٌ مَا رَأَيْتُ مِنْكُمَا مُنْذُ أَسْلَمْتُمَا أَمْرًا أَكْرَهَ عِنْدِي مِنْ إِبْطَائِكُمَا عَنْ هَذَا الْأَمْرِ وَكَسَاهُمَا حُلةً حُلةً ثُم رَاحُوا إِلَى الْمَسْجِدِ.

9824 ـ شەقىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلچىسى ئەممار ئىبنى ياسىرنى ئۇرۇشقا قوشۇن توپلاش ئۈچۈن كۇفەگە ئەۋەتكەندە، ئەبۇ مۇسا ۋە ئەبۇ مەسئۇد ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ـ بىز سېنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىڭدىن تارتىپ، بۇ ئىشقا بۇنچىلىك ئالدىراپ ھەرىكەت قىلىشىڭدىن باشقا بىر يامانلىقىڭنى كۆرمىدۇق، ـ دېگەندى، ئەممار ئىبنى ياسىرمۇ ئۇلارغا:

ـ مەنمۇ سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغان كۈنۈڭلاردىن تارتىپ، بۇ ئىشقا سەل قارىغىنىڭلاردىن باشقا بىر يامانلىقىڭلارنى كۆرمىدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئەممار ئۇ ئىككىسىگە تون كىيدۈردى. كېيىن، بىرلىكتە مەسجىدكە چىقتى.

(بۇخارى: 7104)

9825 _ وفي رواية: أن أبا مسعود هو كسا عمارا أو أبا موسى حلة حلة.

9825 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ مەسئۇد ئەممارغا ياكى ئەبۇ مۇساغا تون كىيدۈردى.

9826 ـ عَنْ قيسِ بْنِ عَبَادٍ قَالَ قُلْتُ لِعَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَخْبِرْنَا عَنْ مَسِيرِكَ هَذَا أَعَهْدٌ عَهِدَهُ إِلَيْكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمْ رَأْيٌ رَأَيْتَهُ فَقَالَ مَا عَهِدَ إِلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشَيْءٍ وَلَكِنهُ رَأْيٌ رَأَيْتُهُ.

9826 ـ قەيس ئىبنى ئەبباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەزرىتى ئەلىدىن:

ــ سىنىڭ بۇ ئۇرۇشقا (تۆگە ئۇرۇشىغا) چىقىشىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرىقىغا ئاساسەن بولدىمۇ ياكى ئۆزەڭنىڭ پىكرىڭ بويىچە يۈرۈش قىلىۋاتامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا بۇ ھەقتە بۇيرىغىنى يوق. مەن ئۆزەمنىڭ پىكرىم بويىچە يۈرۈش قىلىۋاتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4666)

9827 ـ عَنْ أَبِي رَافِعٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِعَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ إِنهُ سَيَكُونُ بَيْنَكَ وَبَيْنَ عَائِشَةَ أَمْرٌ قَالَ أَنا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ نَعَمْ قَالَ أَنا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَنا أَشْقَاهُمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لَا وَلَكِنْ إِذَا كَانَ ذَلِكَ فَارْدُدْهَا إِلَى مَأْمَنِهَا.

9827 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا:

ـ كەلگۈسىدە ئائىشە ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئىش (ئۇرۇش) سادىر بولىدۇ، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بىلەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، سەن بىلەن، ـ دېدى. ھەزرىتى ئەلى يەنە:

ـ مەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئەلى:

ـ ئۇنداقتا، مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ بەختسىزىمۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق. ئەمما شۇ ۋاقىتتا سەن ئۇنى (ئائىشەنى) كەلگەن يېرىگە ئامان ـ ئېسەن قايتۇرغىن! ـ دېدى[2].

(ئەھمەد: 26657؛ بەززار؛ «ئەلكەبىر»)

[1] ئەلبانى (3900): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12024): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9828 ـ قَيسِ بْنِ أَبِي حَازِمٍ أَن عَائِشَةَ قَالَتْ لَما أَتتْ عَلَى الْحَوْأَبِ سَمِعَتْ نُبَاحَ الْكِلَابِ فَقَالَتْ مَا أَظُنني إِلا رَاجِعَةٌ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَنا أَيَتكُن تَنبحُ عَلَيْهَا كِلَابُ الْحَوْأَبِ فَقَالَ لَهَا الزبيْرُ تَرْجِعِينَ عَسَى اللهُ عَز وَجَل أَنْ يُصْلِحَ بِكِ بَيْنَ الناسِ.

9828 ـ قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە ھەۋئەب دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

ــ مەن قايتىپ كېتىشىم كېرەك، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە: «ھەۋئەب ئىتلىرى قايسى بىرىڭلارغا قاۋايدىكەن؟...» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، زۇبەير ئۇنىڭغا:

ـ قايتىپ كېتەمسەن؟ بەلكىم الله سەن ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلار، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 24133)

9829 ـ ابن عباس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لنسائه ليت شعري أيتكن صاحبة الجمل الادبب تخرج فينبحها كلاب الحوأب يقتل عن يمينها وعن يسارها قتلى كثير ثم تنجو بعد ما كادت.

9829 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا: «يۈڭلۈق تۆگىگە مىنىپ چىقىدىغىنىڭلار قايسىڭلار بولارسىلەر! ئۇ چىققاندا ھەۋئەب ئىتلىرى ئۇنىڭغا قاۋايدۇ ۋە ئونىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە قانچىلىغان ئىنسان ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇ ئۆلتۈرۈلۈشكە ئاز قالغاندا قۇتۇلۇپ قالىدۇ» دېدى[2].

(بەززار: 3274)

[1] ھەيسەمى (12025): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12026): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9830 ـ عن زيد بن وهب قال: بينا نحن حول حذيفة إذ قال: كيف أنتم وقـد خرج أهل بيت نبيكم صلى الله عليه وسلم فرقتين يضرب بعضهم وجوه بعض بالسيف؟ فقلنا: يا أبا عبد الله وإن ذلك لكائن؟ فقال بعض أصحابه: يا أبا عبد الله فكيف نصنع إن أدركنا ذلك زمان؟ قال: انظروا الفرقة التي تدعوا إلى أمر علي فالزموها فإنها على الهدى.

9830 ـ زەيد ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر كۈنى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتۇق، ئۇ بىزگە:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتى ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ چىقىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە قىلىچ بىلەن ئۇرغاندا، ھالىڭلار نېمە بولۇپ كېتەر؟ ـ دېدى. ئۇنىڭدىن:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! ئۇ زامانغىچە ياشاپ قالساق، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ـ ئەلىنىڭ بۇيرىقىدا بولغانلارغا قاراڭلار، ئۇلارغا ئەگىشىڭلار. چۈنكى ئۇ پىرقە ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(بەززار: 3283)

9831 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ: لَما بَلَغَ أَصْحَابَ عَلِي حِينَ سَارُوا إِلَى الْبَصْرَةِ أَن أَهْلَ الْبَصْرَةِ قَدِ اجْتَمَعُوا لِطَلْحَةَ وَالزبَيْرِ شَق عَلَيْهِمْ وَوَقَعَ فِي قُلُوبِهِمْ فَقَالَ عَلِي: وَالذِي لا إِلَهَ غَيْرُهُ لَيَظْهَرَن عَلَى أَهْلِ الْبَصْرَةِ وَلَيَقْتُلَن طَلْحَةَ وَالزبَيْرَ وَلَيَخْرُجَن إِلَيْكُمْ مِنَ الْكُوفَةِ سِـتةُ آلافٍ وَخَمْسُمِائَةٍ وَخَمْسُونَ رَجُلا أَوْ خَمْسَةُ آلافٍ وَخَمْسُمِائَةٍ وَخَمْسُونَ رَجُلا شَك الأَجْلَحُ قَالَ ابْنُ عَباسٍ: فَوَقَعَ ذَلِكَ فِي نَفْسِي فَلَما أَتى أَهْلُ الْكُوفَةِ خَرَجْتُ فَقُلْـتُ: لأَنظُرَن فَإِنْ كَانَ كَمَا تَقُولُ فَهُوَ أَمْرٌ سَمِعَهُ وَإِلا فَهِيَ خَدِيعَةُ الْحَرْبِ فَلَقِيتُ رَجُلا مِنَ الْجَيْشِ فَسَأَلْتُهُ فَوَاللهِ مَا عَتمَ أَنْ قَالَ مَا قَالَ عَلِي.

9831 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنلىرى بەسرەگە يۈرۈش قىلدى، لېكىن بەسرە خەلقىنىڭ تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ ئەتراپىغا

---

[1] ھەيسەمى (12032): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

يىغىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ خەۋەر ئۇلارغا ئېغىر كەلدى ۋە قەلبلىرى ئېزىلدى. بۇ چاغدا ئەلى:

ــ ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بەسرە خەلقىنى يېڭىپ، تەلھە بىلەن زۇبەيرنى ئۆلتۈرىمىز. كۇفەدىن 6550 كىشىلىك قوشۇن بىلەن چىقىمىز، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باشقىچە بولۇپ قالدىم، كۇفە ئەھلى كەلگەندە، چىقىپ قارىدىم ۋە ئۆز ـ ئۆزەمگە: ”ئەگەر ئەلىنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا، دېمەك ئۇ بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بولىدۇ. ئەكسى ھالدا، بۇ بىر ئۇرۇش ھىيلىسىدۇر“ دېدىم. شۇ چاغدا، ئەسكەرلەردىن بىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن (ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى) سورىغىنىمدا، ئۇ ئەلى دېگەننىڭ ئوخشىشىنى دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 10738)

9832 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى حَفْصَةَ وَنَسْوَاتُهَا تَنْطُفُ قُلْتُ قَدْ كَانَ مِنْ أَمْرِ النَّاسِ مَا تَرَيْنَ فَلَمْ يُجْعَلْ لِي مِنْ الْأَمْرِ شَيْءٌ فَقَالَتْ الْحَقْ فَإِنَّهُمْ يَنْتَظِرُونَكَ وَأَخْشَى أَنْ يَكُونَ فِي احْتِبَاسِكَ عَنْهُمْ فُرْقَةٌ فَلَمْ تَدَعْهُ حَتَّى ذَهَبَ فَلَمَّا تَفَرَّقَ النَّاسُ خَطَبَ مُعَاوِيَةُ قَالَ مَنْ كَانَ يُرِيدُ أَنْ يَتَكَلَّمَ فِي هَذَا الْأَمْرِ فَلْيُطْلِعْ لَنَا قَرْنَهُ فَلَنَحْنُ أَحَقُّ بِهِ مِنْهُ وَمِنْ أَبِيهِ قَالَ حَبِيبُ بْنُ مَسْلَمَةَ فَهَلَّا أَجَبْتَهُ قَالَ عَبْدُ اللَّهِ فَحَلَلْتُ حُبْوَتِي وَهَمَمْتُ أَنْ أَقُولَ أَحَقُّ بِهَذَا الْأَمْرِ مِنْكَ مَنْ قَاتَلَكَ وَأَبَاكَ عَلَى الْإِسْلَامِ فَخَشِيتُ أَنْ أَقُولَ كَلِمَةً تُفَرِّقُ بَيْنَ الْجَمْعِ وَتَسْفِكُ الدَّمَ وَيُحْمَلُ عَنِّي غَيْرُ ذَلِكَ فَذَكَرْتُ مَا أَعَدَّ اللَّهُ فِي الْجِنَانِ قَالَ حَبِيبٌ حُفِظْتَ وَعُصِمْتَ.

9832 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەفسەنىڭ يېنىغا كىردىم، ئۆرۈمە چاچلىرىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا:

---

[1] ھەيسەمى (12034): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى ئەمر بەجەلى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ كىشىلەرنىڭ (ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە) ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى كۆرۈۋاتىسەن، مېنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىدە ھېچقانداق رولۇم يوق، ـ دېگەنىدىم، ھەفسە:

ـ سەن (مەسلىھەت ئۈچۈن يىغىلغان) ئۇ كىشىلەرگە قوشۇلغىن! چۈنكى ئۇلار سېنى كۈتۈۋاتىدۇ، سېنىڭ ئۇزەڭنى چەتكە ئېلىپ تۇرىشىڭ، ئىنسانلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ـ دەپ مەجبۇرلىدى. ئىنسانلار تارقىلىپ بولغاندا، مۇئاۋىيە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ بۇ (خەلىپىلىك) خۇسۇستا كىم سۆز قىلىشنى خالىسا، بېشىنى كۆتەرسۇن. بىز بۇنىڭغا ئۇنىڭدىن (ئىبنى ئۆمەرنى دېمەكچى) ۋە ئۇنىڭ دادىسىدىنمۇ بەك ھەقلىقمىز، ـ دېدى. ھەبىب ئىبنى مەسلەمە:

ــ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئابدۇللاھ:

ــ مەن: ”بۇ ئىشقا سەندىن ھەقلىق بولغان كىشى ئىسلام ئۈچۈن ساڭا ۋە داداڭغا (ئەبۇ سۇفيانغا) قارشى ئۇرۇش قىلغان كىشىدۇر (يەنى ئەلىدۇر)“ دېيىشكە ئىرادە قىلدىم. ئەمما جامائەتنىڭ بۆلۈنۈپ، قان تۆكۈلۈشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتىم. اللهنىڭ جەننەتلەردە مۇسۇلمانلارغا تەييارلاپ قويغانلىرىنى ئەسلىدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەبىب:

ــ الله سېنى ساقلاپ قاپتۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4108)

9833 ـ على بن ربيعة قال سمعت عليا على منبركم هذا يقول عهد إلى النبي صلى الله عليه وسلم أن أقاتل الناكثين والقاسطين والمارقين.

9833 ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئەھدىنى بۇزغانلارغا، زالىملارغا ۋە

ئىسىيانكارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىمىدىن بېشارەت بەرگەن ئىدى[1].

(بەززار: 3269)

9834 ـ ابن عمر قال B أجدƆ آسى على شئ إلا أنى B أقاتل الفئة الباغية مـع على.

9834 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ھېچبىر ئىشقا ئەلى بىلەن بىرلىكتە ئىسىيانچى قوشۇنغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغىنىمغا ئەپسۇسلانغاندەك ئەپسۇسلانمىدىم»[2].

(«ئەلكەبىر»)

9835 ـ سيار أŷ اΣكم قال قالت بنو عبس Σذيفة إن أمير المؤمنين عثمان قـد قتل فما تأمرنا قال آمركم أن تلزموا عمارا قالوا ان عمارا لا يفارق عليا قال ان اΣسـد هو أهلك الجسد واΨا ينفركم من عمار قربه من على فوالله لعلى أفضل من عمارÛ أبعد ما بين التراب والسحاب وان عمارا لمن الأخيار وهو يعلم أŒم ان لزموا عمارا كـانوا مـع على.

9835 ـ سەييار ئەبۇلھەكەم مۇنداق دەيدۇ: بەنۇ ئەبس قەبىلىسى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان ئۆلتۈرۈلدى، بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دېگەنىدى، ھۇزەيفە:

ـ ئەمماردىن ئايرىلماڭلار، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئەمما ئەممار ئەلىدىن ئايرىلمايدۇ، ـ دېگەنىدى، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

[1] ھەيسەمى (12042): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ سەنەدلىرىدىن بىرىدىكى رەبىئ ئىبنى سەئىدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئىبنى ھىببان ئۇنىڭمۇ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12054): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـــ ھەســـەت جەســـەتنى ھـــالاك قىلىـــدۇ. ســـىلەرنى ئەمـــاردىن يىراقلاشتۇرىۋاتقان نەرسە ئۇنىڭ ئەلىگە يېقىن بولغانلىقىدۇر. اللهنىڭ نـامى بىـلەن قەســەمكى، ئەلـى ئەمـــاردىن ئەۋزەلــدۇر، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەمار ياخشىلاردىندۇر.

راۋى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئەمـاردىن ئايرىلمىسا، ئەلىنىڭ سېپىدە بولىدىغانلىقىنى ھۆزەيفە ياخشى بىلەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

9836 ـ عَنْ حَنْظَلَةَ بْنِ خُوَيْلِدٍ الْعَنْزِيِّ قَالَ بَيْنَمَا أَنَا عِنْدَ مُعَاوِيَةَ إِذْ جَاءَهُ رَجُلَانِ يَخْتَصِمَانِ فِي رَأْسِ عَمَّارٍ يَقُولُ كُلُّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا أَنَا قَتَلْتُهُ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عَمْرٍو لِيَطِبْ بِهِ أَحَدُكُمَا نَفْسًا لِصَاحِبِهِ فَإِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ تَقْتُلُهُ الْفِئَةُ الْبَاغِيَةُ قَالَ مُعَاوِيَةُ فَمَا بَالُكَ مَعَنَا قَالَ إِنَّ أَبِي شَكَانِي إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ أَطِعْ أَبَاكَ مَا دَامَ حَيًّا وَلَا تَعْصِهِ فَأَنَا مَعَكُمْ وَلَسْتُ أُقَاتِلُ.

9836 ـ ھەنـزەلە ئىبنـى خۇۋەيلىـد ئەنـزى مۇنـداق دەيـدۇ: مەن مۇئاۋىيەنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئەمارنىڭ بېشى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلغان ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. ئىككىلىسى: "ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم" دەپ غەۋغا قىلىشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئۇلارغا:

ــ ئىككىڭلارنىڭ بىرى دوستىغا ئۆتۈنۈپ بەرسۇن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنى (ئەمارنى) ئىسيانچى گۇرۇھنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېگەنىدى، مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنداقتا، سېنىڭ بىز بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ ـ دېدى. ئۇ:

ــ دادام (ئەمىر ئىبنى ئاس) مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "داداڭغا ئىتائەت قىلغىن، ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمىغىن!" دېگەن

[1] ھەيسەمى (12058): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئىدى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا تۇرۇۋاتىمەن، سىلەرنىڭ سېپىڭلاردا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 6502)

9837 ـ عَنْ ابْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْخَوَارِجُ كِلَابُ النارِ.

9837 ـ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر» دېگەن[2].

(ئىبنى ماجە: 173)

9838 ـ عن زَيْدِ بن وَهْبٍ الْجُهَنِي أَنهُ كَانَ فِي الْجَيْشِ الذِينَ كَانُوا مَعَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ الذِينَ سَارُوا إِلَى الْخَوَارِجِ فَقَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَيهَا الناسُ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَخْرُجُ قَوْمٌ مِنْ أُمتِي يَقْرَءُونَ الْقُرْآنَ لَيْسَ قِرَاءَتُكُمْ إِلَى قِرَاءَتِهِمْ بِشَيْءٍ وَلَا صَلَاتُكُمْ إِلَى صَلَاتِهِمْ بِشَيْءٍ وَلَا صِيَامُكُمْ إِلَى صِيَامِهِمْ بِشَيْءٍ يَقْرَءُونَ الْقُرْآنَ يَحْسِبُونَ أَنهُ لَهُمْ وَهُوَ عَلَيْهِمْ لَا تُجَاوِزُ صَلَاتُهُمْ تَرَاقِيَهُمْ يَمْرُقُونَ مِنْ الْإِسْلَامِ كَمَا يَمْرُقُ السهْمُ مِنْ الرمِيةِ لَوْ يَعْلَمُ الْجَيْشُ الذِينَ يُصِيبُونَهُمْ مَا قُضِيَ لَهُمْ عَلَى لِسَانِ نَبِيهِمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَاتكَلُوا عَنْ الْعَمَلِ وَآيَةُ ذَلِكَ أَن فِيهِمْ رَجُلًا لَهُ عَضُدٌ وَلَيْسَ لَهُ ذِرَاعٌ عَلَى رَأْسِ عَضُدِهِ مِثْلُ حَلَمَةِ الثدْيِ عَلَيْهِ شَعَرَاتٌ بِيضٌ فَتَذْهَبُونَ إِلَى مُعَاوِيَةَ وَأَهْلِ الشامِ وَتَتْرُكُونَ هَؤُلَاءِ يَخْلُفُونَكُمْ فِي ذَرَارِيكُمْ وَأَمْوَالِكُمْ وَاللهِ إِني لَأَرْجُو أَنْ يَكُونُوا هَؤُلَاءِ الْقَوْمَ فَإِنهُمْ قَدْ سَفَكُوا الدمَ الْحَرَامَ وَأَغَارُوا فِي سَرْحِ الناسِ فَسِيرُوا عَلَى اسْمِ اللهِ قَالَ سَلَمَةُ بْنُ كُهَيْلٍ فَنَزلَنِي زَيْدُ بْنُ وَهْبٍ مَنْزِلًا حَتى قَالَ مَرَرْنَا عَلَى قَنْطَرَةٍ فَلَما الْتَقَيْنَا وَعَلَى الْخَوَارِجِ يَوْمَئِذٍ عَبْدُ اللهِ بْنُ وَهْبٍ الراسِبِي فَقَالَ لَهُمْ أَلْقُوا الرمَاحَ وَسُلوا سُيُوفَكُمْ مِنْ

[1] ھەيسەمى (12048): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (143): سەھىھ ـ دېگەن.

جُفُونِهَا فَإِني أَخَافُ أَنْ يُنَاشِدُوكُمْ كَمَا نَاشَدُوكُمْ يَوْمَ حَرُورَاءَ فَرَجَعُوا فَوَحشُوا بِرِمَاحِهِمْ وَسَلوا السُيُوفَ وَشَجَرَهُمْ الناسُ بِرِمَاحِهِمْ قَالَ وَقُتِلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَمَا أُصِيبَ مِنْ الناسِ يَوْمَئِذٍ إِلا رَجُلَانِ فَقَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ الْتَمِسُوا فِيهِمْ الْمُخْدَجَ فَالْتَمَسُوهُ فَلَمْ يَجِدُوهُ فَقَامَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بِنَفْسِهِ حَتى أَتَى نَاسًا قَدْ قُتِلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ قَالَ أَخِرُوهُمْ فَوَجَدُوهُ مِما يَلِي الْأَرْضَ فَكَبرَ ثُم قَالَ صَدَقَ اللهُ وَبَلغَ رَسُولُهُ قَالَ فَقَامَ إِلَيْهِ عَبِيدَةُ السلْمَانِي فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَللَهَ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ لَسَمِعْتَ هَذَا الْحَدِيثَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِي وَاللهِ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ حَتى اسْتَحْلَفَهُ ثَلَاثًا وَهُوَ يَحْلِفُ لَهُ.

9838 ـ زەيد ئىبنى ۋەھب جۇھەنى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە خاۋارىجلارغا قارشى يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى خالايىق! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كەلگۈسىدە بىر قەۋم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ. سىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇشۇڭلار ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا، نامىزىڭلار ئۇلارنىڭ نامىزىغا، روزاڭلار ئۇلارنىڭ روزىسىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنەرسە ئەمەس. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، بۇنى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دەپ ئويلايدۇ. ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ، نامازلىرى قوبۇل بولمايدۇ، خۇددى ئوق يادىن چىقىپ كەتكەندەك، ئۇلار ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلغان قوشۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆزلىرىگە بېرىلگەن خۇشخەۋەرنى بىلگەن بولسا ئىدى، شۇنىڭدىن باشقا بىر ئەمەل قىلمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر چولاق كىشى بولىدۇ، ئۇنىڭ قولىسىز جەينىكىدە ئەمچەك توپچىسىدەك بىر مونەك، مونەكنىڭ ئۈستىدە بىر قانچە تال ئاق تۈك بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. سىلەر ھازىر مۇئاۋىيەگە ۋە شام ئەھلىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ كېتىۋاتىسىلەر، ئۇلار بىلەن كارىڭلار بولمايۋاتىدۇ. ئۇلار (يوقلۇقۇڭلاردىن پايدىلىنىپ) سىلەرنىڭ بالا ـ چاقا ۋە مال ـ مۈلكۈڭلارغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،

مەن بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دېگەن ئەشۇ قەۋمىمكىن دەپ ئويلايمەن، چۈنكى ئۇلار هارام قان تۆكتى، ئاددى خەلقنى تالان ـ تاراج قىلدى. شۇڭا اللهنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇلارغا هۇجۇم باشلاڭلار! ـ دېدى.

سەلەمە ئىبنى كۇهەيل مۇنداق دېدى: زەيد ئىبنى ۋەهب مېنى بىر جايغا چۈشۈردى، بىر كۆرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، (ئۇرۇش مەيدانىدا) بىر ـ بىرىمىزگە روبىرو كەلدۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەهب راسىبى خاۋارىجلارغا رەهبەرلىك قىلىۋاتاتتى، ئۇ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەهب راسىبى) ئۇلارغا:

ــ نەيزەڭلارنى تاشلاپ، قىلىچىڭلارنى قىنىدىن سۇغۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ سىلەردىن هەرۇرا كۈنىدىكىدەك سۈلھ تەلەپ قىلىشىدىن قورقىمەن، ـ دېدى. بۇنىڭغا بىنائەن ئۇلار ئارقىغا قايتىپ، نەيزىلىرىنى تاشلاپ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغاردى. ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ قوشۇنى (بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ) ئۇلارغا نەيزە ياغدۇردى، ئۆلۈكلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ قوشۇنىدىن ئاران ئىككى كىشى ئۆلدى. ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ:

ــ ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن چولاق بىرىنى تېپىپ كېلىڭلار! ــ دېدى. ئۇلار ئىزدەپ تاپالماستىن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئۆزى بېرىپ ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئۆلۈكلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە:

ـ ئاختۇرۇڭلار! ـ دېدى. ئۇنى ئەڭ ئاستىدا توپىغا مىلىنىپ ياتقان هالدا تاپتى ۋە (خۇشاللىقىدىن) تەكبىر توۋلىدى. ئاندىن:

ـ الله توغرا ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى توغرا يەتكۈزدى، ـ دېدى. ئەبىيدە سەلمانى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان اللهنىڭ نامى بىلەن ئېيتقىنكى، بۇ ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ:

ـ ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان اللهنىڭ نامى بىلەن ئېيتىمەنكى، شۇنداق (مەن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئاڭلىغان ئىدىم)، ـ

دېدى. ئەبىيدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۈچ قېتىم قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئۇ ئۈچ قېتىم قەسەم قىلدى.

(مۇسلىم: 1066)

9839 ـ عَنْ أَبِي مَرْيَمَ قَالَ إِنْ كَانَ ذَلِكَ الْمُخْدَجُ لَمَعَنَا يَوْمَئِذٍ فِي الْمَسْجِدِ نُجَالِسُهُ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَكَانَ فَقِيرًا وَرَأَيْتُهُ مَعَ الْمَسَاكِينِ يَشْهَدُ طَعَامَ عَلِيٍّ عَلَيْهِ السَّلَام مَعَ النَّاسِ وَقَدْ كَسَوْتُهُ بُرْنُسًا لِي قَالَ أَبُو مَرْيَمَ وَكَانَ الْمُخْدَجُ يُسَمَّى نَافِعًا ذَا الثُّدَيَّةِ وَكَانَ فِي يَدِهِ مِثْلُ ثَدْيِ الْمَرْأَةِ عَلَى رَأْسِهِ حَلَمَةٌ مِثْلُ حَلَمَةِ الثَّدْيِ عَلَيْهِ شُعَيْرَاتٌ مِثْلُ سِبَالَةِ السِّنَّوْرِ.

9839 ـ ئەبۇ مەريەم مۇنداق دېدى: ئۇ چولاق مەسجىدتە بىز بىلەن بىرگە ئىدى، كېچە ـ كۈندۈز بىللە ئولتۇراتتۇق. ئۇ كەمبەغەل ئىدى. شۇڭا ئۇنى مىسكىنلەر بىلەن بىللە ھەزرىتى ئەلىنىڭ مىسكىنلەرگە سالغان داستىخىنىدا كۆردۇم. ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ تونۇمنى كىيدۈرۈپ قويدۇم. ئۇ چولاقنىڭ ئىسمى نافىئ بولۇپ، قولىدا ئاياللارنىڭ ئەمچىكىدەك بىر ئۆسمە، ئۆسمىنىڭ ئۈستىدە ئەمچەك تۇپچىسىدەك بىر مونەك بولۇپ، ئۈستىدە بىر قانچە تال تۈك بار ئىدى. بۇ (تۈك) خۇددى مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىغا ئوخشايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4770)

9840 ـ عَنْ عُبَيْدِ اللَّهِ بْنِ أَبِي رَافِعٍ مَوْلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ الْحَرُورِيَّةَ لَمَّا خَرَجَتْ وَهُوَ مَعَ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالُوا لَا حُكْمَ إِلَّا لِلَّهِ قَالَ عَلِيٌّ كَلِمَةُ حَقٍّ أُرِيدَ بِهَا بَاطِلٌ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَصَفَ نَاسًا إِنِّي لَأَعْرِفُ صِفَتَهُمْ فِي هَؤُلَاءِ يَقُولُونَ الْحَقَّ بِأَلْسِنَتِهِمْ لَا يَجُوزُ هَذَا مِنْهُمْ وَأَشَارَ إِلَى حَلْقِهِ مِنْ أَبْغَضِ خَلْقِ اللَّهِ إِلَيْهِ مِنْهُمْ أَسْوَدُ إِحْدَى يَدَيْهِ طُبْيُ شَاةٍ أَوْ حَلَمَةُ ثَدْيٍ فَلَمَّا قَتَلَهُمْ عَلِيُّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ انْظُرُوا فَنَظَرُوا فَلَمْ يَجِدُوا شَيْئًا فَقَالَ ارْجِعُوا فَوَاللَّهِ مَا كَذَبْتُ وَلَا كُذِبْتُ مَرَّتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا ثُمَّ وَجَدُوهُ فِي خَرِبَةٍ فَأَتَوْا بِهِ حَتَّى وَضَعُوهُ بَيْنَ يَدَيْهِ.

[1] ئەلبانى (1021): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

9840 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خاۋارىجلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، مەن ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىرگە ئىدىم. خاۋارىجلار:

ـ ھۆكۈم پەقەت اللهقىلا خاستۇر، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇ ھەق سۆزدۇر، ئەمما بۇنىڭدىن باتىل مەقسەت قىلىنىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بىر تۈرلۈك ئىنسانلارنى ئاڭلاتقان ئىدى، مەن بۇلاردا ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇلار تىللىرى بىلەن ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئەمما بۇ سۆز بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ. مانا بۇلار اللهنىڭ ئەڭ يامان مەخلۇقاتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قولىدا قويىنىڭ يېلىنىدەك ياكى ئەمچەك توپچىسىدەك قارا مونىكى بار كىشى تېپىلىدۇ، ـ دېدى.

ئۇلار ئۇلتۇرۇلگەندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەتراپنى ئاختۇرۇپ، ئۇنى تېپىڭلار! ــ دېدى. لەشكەرلەر ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ يەنە ئىزدەڭلار! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن يالغان ئېيتمىدىم، ماڭا بۇنى سۆزلەپ بەرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يالغان ئېيتمىدى، ـ دېدى ۋە بۇ سۆزىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. كېيىن، ئەسكەرلەر ئۇنى خارابە بىر يەردىن تېپىپ كېلىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىغا قويدى.

(مۇسلىم: 1066)

9841 ـ عن سُوَيد بن غَفَلَةَ قَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِذَا حَدثْتُكُمْ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدِيثًا فَوَاللهِ لَأَنْ أَخِرَ مِنْ السمَاءِ أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أَكْذِبَ عَلَيْهِ وَإِذَا حَدثْتُكُمْ فِيمَا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ فَإِن الْحَرْبَ خِدْعَةٌ وَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ سَيَخْرُجُ قَوْمٌ فِي آخِرِ الزمَانِ أَحْدَاثُ الْأَسْنَانِ سُفَهَاءُ الْأَحْلَامِ يَقُولُونَ مِنْ خَيْرِ

قَوْلِ الْبَرِيةِ لَا يُجَاوِزُ إِيمَانُهُمْ حَنَاجِرَهُمْ يَمْرُقُونَ مِنْ الدينِ كَمَا يَمْرُقُ السهْمُ مِـنْ الرمِيـةِ فَأَيْنَمَا لَقِيتُمُوهُمْ فَاقْتُلُوهُمْ فَإِن فِي قَتْلِهِمْ أَجْرًا لِمَنْ قَتَلَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

9841 ـ سۇۋەيد ئىبنى غەفەلە مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلىپ: ئەگەر مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىسنى سۆزلىسەم، الله بىلەن قەسەمكى، ئاسماندىن يەرگە يىقىلىپ چۇشۇش مەن ئۇچۇن ئۇنىڭ نامىدا يالغان سۆزلەشتىن يەخشىلىرەكتۇر. ئەمما سىلەرگە ئۆزەمنىڭ نامىدىن بىرەر سۆزنى قىلسام، بىلىڭلاركى ئۇرۇش تاكتىكا بىلەن بولىدۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاخىر زاماندا، گۆدەك، كالتە پەم بىر بۆلۈك كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئىمانلىرى بوغىزىدىن ئۆتمەيدۇ، خۇددى ئوق يادىن چىقىپ كەتكەندەك ئۇلار دىندىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەرگە قىيامەت كۈنى ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6930)

9842 ـ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ وَعَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ أَنهُمَا أَتَيَا أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِي فَسَأَلَاهُ عَـنْ الْحَرُورِيةِ هَلْ سَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَذْكُرُهَا قَالَ لَا أَدْرِي مَنْ الْحَرُورِيةُ وَلَكِنِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَخْرُجُ فِي هَذِهِ الْأُمةِ وَلَمْ يَقُلْ مِنْهَا قَوْمٌ تَحْقِرُونَ صَلَاتَكُمْ مَعَ صَلَاتِهِمْ فَيَقْرَءُونَ الْقُرْآنَ لَا يُجَـاوِزُ حُلُـوقَهُمْ أَوْ حَنَـاجِرَهُمْ يَمْرُقُونَ مِنْ الدينِ مُرُوقَ السهْمِ مِنْ الرمِيةِ فَيَنْظُرُ الرامِي إِلَى سَهْمِهِ إِلَى نَصْلِهِ إِلَى رِصَـافِهِ فَيَتَمَارَى فِي الْفُوقَةِ هَلْ عَلِقَ بِهَا مِنْ الدمِ شَيْءٌ.

9842 ـ ئەبۇ سەلەمە ۋە ئەتا ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خاۋارىجلار ھەققىدە بىر نەرسە ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغاندۇق، ئۇ:

ــ خاۋارىجلارنىــڭ كىملىكىنــى بىلمەيــمەن، ئەممــا پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ: «بۇ ئۇممەت ئىچىـدە بىـر قەۋم چىقىـدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ نامىزى ئالدىدا ئۆزەڭلارنىڭ نامىزىنى ئاز سانايسىلەر، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقۇغان قۇرئانلىرى بوغىزىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار دىنىدىن خۇددى ئوق ئوۋغا تېگىپ، ھېچ نېمە يۇقماي چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1064)

9843 ـ وفي رواية: بَيْنَمَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقْسِمُ قِسْمًا أَتاهُ ذُو الْخُوَيْصِرَةِ وَهُوَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ اعْدِلْ فَقَالَ وَيْلَكَ وَمَنْ يَعْدِلُ إِذَا لَمْ أَعْدِلْ.

9843 ــ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتاتتى. زۇ خۇۋەيسىرە (بەنى تەمىم ئەۋلادىغا مەنسۇپ بىر كىشى)نىڭ نۆۋىتى كەلگەندە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئادىللىق قىلغىن! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! مەن ئادىللىق قىلمىسام، كىم ئادىللىق قىلىدۇ؟! ـ دېدى.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

9844 ـ وفي أخرى: قَدْ خِبْتَ وَخَسِرْتَ إِنْ لَمْ أَكُنْ أَعْدِلُ.

9844 ــ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ئادىللىق قىلمىسام، سەن تۇگەشكەن ۋە زىيان تارتقان بولاتتىڭ» دېدى.

(بۇخارى: 3610)

9845 – وفي رواية: قَالَ أَبو سَعِيدٍ فَأَشْهَدُ أَني سَمِعْتُ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَشْهَدُ أَن عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَاتَلَهُمْ وَأَنا مَعَهُ فَأَمَرَ بِذَلِكَ

الرجُلِ فَالْتُمِسَ فَوُجِدَ فَأُتِيَ بِهِ حَتى نَظَرْتُ إِلَيْهِ عَلَى نَعْتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذِي نَعَتَ.

9845 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ سەئىد مۇنداق دېدى: مەن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. يەنە شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. مەن ئەلى بىلەن بىرگە ئىدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمنى تېپىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ ئادەم تېپىپ كېلىنگەندە شۇنداق قارىۋىدىم، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەسۋىرلەپ بەرگەن سۈپەتلەرنى بىرمۇ بىر كۆردۈم.

(مۇسلىم: 1064)

9846 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَعَثَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِذُهَيْبَةٍ فَقَسَمَهَا بَيْنَ الْأَرْبَعَةِ الْأَقْرَعِ بْنِ حَابِسٍ الْحَنْظَلِي ثُم الْمُجَاشِعِي وَعُيَيْنَةَ بْنِ بَدْرٍ الْفَزَارِي وَزَيْدٍ الطائِي ثُم أَحَدِ بَنِي نَبْهَانَ وَعَلْقَمَةَ بْنِ عُلَاثَةَ الْعَامِرِي ثُم أَحَدِ بَنِي كِلَابٍ فَغَضِبَتْ قُرَيْشٌ وَالْأَنْصَارُ قَالُوا يُعْطِي صَنَادِيدَ أَهْلِ نَجْدٍ وَيَدَعُنَا قَالَ إِنمَا أَتَأَلفُهُمْ فَأَقْبَلَ رَجُلٌ غَائِرُ الْعَيْنَيْنِ مُشْرِفُ الْوَجْنَتَيْنِ نَاتِئُ الْجَبِينِ كَث اللحْيَةِ مَحْلُوقٌ فَقَالَ اتقِ اللهَ يَا مُحَمدُ فَقَالَ مَنْ يُطِعْ اللهَ إِذَا عَصَيْتُ أَيَأْمَنُنِي اللهُ عَلَى أَهْلِ الْأَرْضِ فَلَا تَأْمَنُونِي فَسَأَلَهُ رَجُلٌ قَتْلَهُ أَحْسِبُهُ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ فَمَنَعَهُ فَلَما وَلى قَالَ إِن مِنْ ضِئْضِئِ هَذَا أَوْ فِي عَقِبِ هَذَا قَوْمًا يَقْرَءُونَ الْقُرْآنَ لَا يُجَاوِزُ حَنَاجِرَهُمْ يَمْرُقُونَ مِنْ الدينِ مُرُوقَ السهْمِ مِنْ الرمِيةِ يَقْتُلُونَ أَهْلَ الْإِسْلَامِ وَيَدَعُونَ أَهْلَ الْأَوْثَانِ لَئِنْ أَنَا أَدْرَكْتُهُمْ لَأَقْتُلَنهُمْ قَتْلَ عَادٍ.

9846 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (يەمەندىكى چېغىدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالتۇن ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇننى ئەقرە ئىبنى ھابىس ھەنزەلى، ئۇيەينە ئىبنى بەدر فەزارى، زەيد تائى ۋە ئەلقەمە ئىبنى ئۇلاسە ئامىرى قاتارلىق تۆت كىشىگە بۆلۈپ بەردى. بۇنى كۆرگەن قۇرەيش خەلقى بىلەن ئەنسارىلار:

ـ نەجد خەلقىنىڭ كاتتىلىرىغا بەردى ـ يۇ، بىزگە بەرمىدى ـ دەپ ئاچچىقلانغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئالتۇننى ئۇلارغا بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىسلامغا مايىل قىلماقچىمەن، ـ دېدى. شۇ ئەسنادا، ئورا كۆزلۈك، ئىككى مەڭزى سەل ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، كەڭ پېشانىلىك، قويۇق ساقاللىق، چېچىنى چۇشۇرۇۋەتكەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە:

ـ ئى مۇھەممەد! ﷲتىن قورقىن! ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەگەر مەن ﷲقا ئاسىيلىق قىلسام، ئۇنىڭغا كىم ئىتائەت قىلىدۇ؟ ﷲ تائالا پۈتۈن دۇنيا خەلقى ھەققىدە ماڭا ئىشەنگەن تۇرسا، سىلەر ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟ ـ دېدى. ساھابىلەردىن بىرى (مەنچە، خالىد ئىبنى ۋەلىد بولسا كېرەك) ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى توسۇپ قويدى ۋە ئۇ ئادەم كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

ــ بۇنىڭ ئەۋلادىدىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما ئوقۇغان قۇرئانلىرى بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار خۇددى ئوق يادىن چىقىپ كەتكەندەك دىندىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇتپەرەستلەرنى تاشلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ زامانىغىچە ياشاپ قالسام، خۇددى ئاد قەۋمى تەلتۆكۈس يوقىتىلغاندەك بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىۋېتەتتىم (ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3344)

9847 ـ وفي رواية: أَلَا تَأْمَنُونِي وَأَنَا أَمِينُ مَنْ فِي السَمَاءِ يَأْتِينِي خَبَرُ السمَاءِ صَبَاحًا وَمَسَاءً قَالَ فَقَامَ رَجُلٌ غَائِرُ الْعَيْنَيْنِ مُشْرِفُ الْوَجْنَتَيْنِ نَاشِزُ الْجَبْهَةِ كَث اللحْيَةِ مَحْلُوقُ الرأْسِ مُشَمرُ الْإِزَارِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ اتقِ اللهَ قَالَ وَيْلَكَ أَوَلَسْتُ أَحَق أَهْلِ الْأَرْضِ أَنْ يَتقِيَ اللهَ قَالَ ثُم وَلى الرجُلُ قَالَ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا أَضْرِبُ عُنُقَهُ قَالَ لَا لَعَلهُ أَنْ يَكُونَ يُصَلي فَقَالَ خَالِدٌ وَكَمْ مِنْ مُصَل يَقُولُ بِلِسَانِهِ مَا لَيْسَ فِي قَلْبِهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَمْ أُومَرْ أَنْ أَنقُبَ عَنْ قُلُوبِ الناسِ وَلَا أَشُق بُطُونَهُمْ قَالَ ثُم نَظَرَ إِلَيْهِ وَهُوَ مُقَف فَقَالَ إِنهُ يَخْرُجُ مِنْ ضِئْضِئِ هَذَا قَوْمٌ يَتْلُونَ كِتَابَ اللهِ رَطْبًا.

9847 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەر ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟ مەن ئاسماندىكىلەرنىڭمۇ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرمەن. ئاسماندىن ماڭا كېچە ـ كۈندۈز خەۋەرلەر كېلىپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. شۇ ئەسنادا، ئورا كۆزلۈك، ئىككى مەڭزى سەل ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، كەڭ پېشانىلىك، قويۇق ساقاللىق، چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، ئىشتىنىنى تۈرۈۋالغان بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! اللهتىن قورققىن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھالىڭغا ۋاي! يەر يۈزىدە اللهتىن قورقۇشقا ئەڭ ھەقلىق كىشى مەن ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭغانىدى، خالىد ئىبنى ۋەلىد:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت بەرسەڭ، ئۇنىڭ بوينىنى چېپىپ تاشلىسام، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، بەلكىم ئۇ ناماز ئوقۇيدىغاندۇ، ـ دېدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد:

ــ قانچىلىغان ناماز ئوقۇيدىغانلار باركى، قەلبىدە يوق نەرسىنى تىلىدا سۆزلەيدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن ئىنسانلارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ قەلبىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇلمىدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

ــ بۇنىڭ ئەۋلادىدىن شۇنداق بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار اللهنىڭ كىتابىنى ئوقۇيدۇ... دېدى. داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

(بۇخارى: 4351)

9848 – وفى رواية: فَقَامَ إِلَيْهِ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ أَلَا أَضْرِبُ عُنُقَهُ قَالَ لَا قَالَ ثُم أَدْبَرَ فَقَامَ إِلَيْهِ خَالِدٌ سَيْفُ اللّٰهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ أَلَا أَضْرِبُ عُنُقَهُ قَالَ لَا.

9848 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت بەرسەڭ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي، ـ دېدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، ـ دېدى. ئاندىن خالىد ئىبنى ۋەلىد كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت بەرسەڭ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ:

ـ ياق، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1064)

9849 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَن النبِي صَلى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَكَرَ قَوْمًا يَكُونُونَ فِي أُمتِهِ يَخْرُجُونَ فِي فُرْقَةٍ مِنْ الناسِ سِيمَاهُمْ التحَالُقُ قَالَ هُمْ شَر الْخَلْقِ أَوْ مِنْ أَشَر الْخَلْقِ يَقْتُلُهُمْ أَدْنَى الطائِفَتَيْنِ إِلَى الْحَق.

9849 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگۈسىدە مەيدانغا كېلىدىغان ئىنسانلاردىن بىر گۇرۇھنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، ئۇلارنى ئىككى تائىپە ئىچىدىن ھەققە ئەڭ يېقىن بولغىنى ئۆلتۈرىدۇ.

(مۇسلىم: 1065)

9850 ـ عَنْ ابي برزة بنحوه وفيه: سِيمَاهُمْ التحْلِيقُ لَا يَزَالُونَ يَخْرُجُونَ حَتى يَخْرُجَ آخِرُهُمْ مَعَ الْمَسِيحِ الدجالِ.

9850 ـ ئەبۇ بەرزەمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «چېچىنى چۈشۈرۈش ئۇلارنىڭ

ئـالامـىتى بولـۇپ، ئـۇلار داۋامـلـىـق ئوتتۇرىغـا چىقىــپ تۇرىــدۇ. ھـەتتـا ئەڭ ئاخىـرقـىـسى مـەسـىھۇد دەججال بىـلـەن بىـللـە چىقـىـدۇ»[①].

(نەسائى: 4103)

9851 ـ عن أنس بن مالك قال كان رجل على عهد رسول الله صلى الله عليـه وسلم يغزو مع رسول رسول الله صلى الله عليه وسلم فإذا رجع وحط عن راحلته عمـد إلى مسجد الرسول فجعل يصلى فيه فيطيل الصلاة حتى جعل أصحاب رسول الله صـلى الله عليه وسلم يرون أن له فضلا عليهم فمر يوما ورسول الله صلى الله عليه وسلم قاعـد في أصحابه فقال له بعض أصحابه يا رسول الله هو ذاك الرجل فاما أرسل إليـه نـبي الله صلى الله عليه وسلم وإما جاء من قبل نفسه فلما رآه رسول الله صلى الله عليـه وسـلم مقبلا قال والذى نفسي بيده إن بين عينيه سفعة من الشيطان فلما وقف على المجلس قال له رسول الله صلى الله عليه وسلم أقلت في نفسك حين وقفت على المجلس ليس في القوم خير مني قال نعم ثم انصرف فأتى ناحية من المسجد فخط خطا برجله ثم صف كعبيه فقام يصلى فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم أيكم يقوم إلى هذا فيقتله فقام أبو بكر فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم أقتلت الرجل فقال وجدته يصلى فهبته فقال رسـول الله صلى الله عليه وسلم أيكم يقوم إلى هذا فيقتله فقال عمر أنا وأخذ السيف فوجده يصلى فرجع فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم لعمر أقتلت الرجل فقال يا رسول الله وجدته يصلى فهبته فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم أيكم يقوم إلى هذا فيقتله قال على أنـا قال رسول الله صلى الله عليه وسلم أنت له إن أدركته فذهب على فلم يجده قال رسول الله صلى الله عليه وسلم أقتلت الرجل قال لم أدر أين سلك من الارض فقال رسـول الله صلى الله عليه وسلم إن هذا أول قرن خرج في أمتي قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لو قتلته أو قتله ما اختلف في أمتي اثنان.

9851 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا

---

[①] ئەلبانى (278): زەئىپ، ـ دېگەن.

چىقىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئورۇشتىن قايتقان هامان مەسجىدكە كىرىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ناماز ئوقۇيتتى. شۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر ئۇنى ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. ساھابىلەردىن بىرى:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئادەم شۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەيتاننىڭ زەھىرى بار ئىكەن، - دېدى. ئۇ ئادەم يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

– سەن بۇ يەرگە كېلىپ ئىچىڭدە: ”بۇ سورۇندىكىلەر ئىچىدە مەندىن ياخشى بىرى يوق“ دېدىڭمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم:

- ھەئە، - دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن قايتىپ بېرىپ، مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ، پۇتى بىلەن سىزىق تارتىۋېتىپ، پۇتلىرىنى رۇسلاپ، نامازغا تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- كىم (بېرىپ) ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ؟ - دېگەنىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆلتۈرىمەن، - دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

- ئۆلتۈردىڭمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى:

– ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ بارغانىدىم، قارىسام، ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، شۇڭا قايتىپ كەلدىم، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

- قايسىڭلار بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىسىلەر؟ - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

- مەن ئۆلتۈرىمەن، - دېدى ۋە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن ئۆمەرمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۆلتۈردىڭمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ نامازنى ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلدىم، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

- كىم (بېرىپ) ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ؟ - دەپ سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئۆلتۈرىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنى پەقەت سەنلا ئۆلتۈرەلەيسەن، لېكىن ئۇنى تاپالىساڭ، - دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېرىپ، ئۇنى تاپالماي قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۆلتۈردىڭمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئۇنى تاپالمىدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- مانا بۇ، ئۈممىتىمدىن چىققان بىرىنچى مۈڭگۈزدۇر. ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ، ئۈممىتىمدىن ئىككى كىشىمۇ ئىختىلاپ قىلىشمىغان بولاتتى، - دېدى[1].

(مەۋسىلى: 90)

9852 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَتَاهُ رَجُلَانِ فِي فِتْنَةِ ابْنِ الزُّبَيْرِ فَقَالَا إِنَّ النَّاسَ صَنَعُوا وَأَنْتَ ابْنُ عُمَرَ وَصَاحِبُ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَمَا يَمْنَعُكَ أَنْ تَخْرُجَ فَقَالَ يَمْنَعُنِي أَنَّ اللهَ حَرَّمَ دَمَ أَخِي فَقَالَا أَلَمْ يَقُلْ اللهُ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ فَقَالَ قَاتَلْنَا حَتَّى لَمْ تَكُنْ فِتْنَةٌ وَكَانَ الدِّينُ لِلَّهِ وَأَنْتُمْ تُرِيدُونَ أَنْ تُقَاتِلُوا حَتَّى تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ لِغَيْرِ اللهِ.

[1] ھەيسەمى (10401): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد رەققاشى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

9852 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئىككى كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىبنى زۇبەيرنىڭ پىتنىسى ھەققىدە سۆز قىلدى ۋە:

ــ ئادەملەر پىتنە چىقاردى، سەن ئىبنى ئۆمەرسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسىسەن. سېنى كوچىغا چىقىپ، پىتنىنى توختىتىشتىن نېمە توستى؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئىبنى ئۆمەر:

ــ اللهنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھارام قىلغانلىقى توستى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار:

ـ الله تائالا قۇرئان كەرىمدە: تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە اللهنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار[1] دېمىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ اللهنىڭ دىنى يولغا قويۇلۇپ، پىتنە قالمىغىچە ئۇرۇش قىلدۇق. ئەمدى سىلەر پىتنە تارقىلىشى ۋە دىننىڭ اللهتىن باشقىسىغا بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماقچى بولىۋاتىسىلەر! ـ دېدى.

(بۇخارى: 4515)

9853 ـ عَنْ أَبِي نَوْفَلٍ رَأَيْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ الزُّبَيْرِ عَلَى عَقَبَةِ الْمَدِينَةِ قَالَ فَجَعَلَتْ قُرَيْشٌ تَمُر عَلَيْهِ وَالناسُ حَتى مَر عَلَيْهِ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ فَوَقَفَ عَلَيْهِ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكَ أَبَا خُبَيْبٍ السلَامُ عَلَيْكَ أَبَا خُبَيْبٍ السلَامُ عَلَيْكَ أَبَا خُبَيْبٍ أَمَا وَاللهِ لَقَدْ كُنْتُ أَنْهَاكَ عَنْ هَذَا أَمَا وَاللهِ لَقَدْ كُنْتُ أَنْهَاكَ عَنْ هَذَا أَمَا وَاللهِ لَقَدْ كُنْتُ أَنْهَاكَ عَنْ هَذَا أَمَا وَاللهِ إِنْ كُنْتَ مَا عَلِمْتُ صَوامًا قَوامًا وَصُولًا لِلرحِمِ أَمَا وَاللهِ لَأُمةٌ أَنْتَ أَشَرهَا لَأُمةٌ خَيْرٌ ثُم نَفَذَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ فَبَلَغَ الْحَجاجَ مَوْقِفُ عَبْدِ اللهِ وَقَوْلُهُ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ فَأُنْزِلَ عَنْ جِذْعِهِ فَأُلْقِيَ فِي قُبُورِ الْيَهُودِ ثُم أَرْسَلَ إِلَى أُمهِ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ فَأَبَتْ أَنْ تَأْتِيَهُ فَأَعَادَ عَلَيْهَا الرسُولَ لَتَأْتِيَنِي أَوْ لَأَبْعَثَن إِلَيْكِ مَنْ يَسْحَبُكِ بِقُرُونِكِ قَالَ فَأَبَتْ وَقَالَتْ وَاللهِ لَا آتِيكَ حَتى تَبْعَثَ إِلَي مَنْ يَسْحَبُنِي بِقُرُونِي قَالَ فَقَالَ أَرُونِي سِبْتَي فَأَخَذَ نَعْلَيْهِ ثُم انْطَلَقَ يَتَوَذفُ حَتى دَخَلَ عَلَيْهَا

[1] سۇرە بەقەرە، 193ـ ئايەت.

فَقَالَ كَيْفَ رَأَيْتِنِي صَنَعْتُ بِعَدُو اللهِ قَالَتْ رَأَيْتُكَ أَفْسَدْتَ عَلَيْهِ دُنْيَاهُ وَأَفْسَدَ عَلَيْكَ آخِرَتَكَ بَلَغَنِي أَنكَ تَقُولُ لَهُ يَا ابْنَ ذَاتِ النطَاقَيْنِ أَنَا وَاللهِ ذَاتُ النطَاقَيْنِ أَما أَحَدُهُمَا فَكُنتُ أَرْفَعُ بِهِ طَعَامَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَطَعَامَ أَبِي بَكْرٍ مِنْ الدوَاب وَأَما الْآخَرُ فَنِطَاقُ الْمَرْأَةِ الِتي لَا تَسْتَغْنِي عَنْهُ أَما إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدثَنَا أَن فِي ثَقِيفٍ كَذاَبًا وَمُبِيرًا فَأَما الْكَذابُ فَرَأَيْنَاهُ وَأَما الْمُبِيرُ فَلَا إِخَالُكَ إِلا إِياهُ قَالَ فَقَامَ عَنْهَا وَلَمْ يُرَاجِعْهَا

9853 ــ ئەبۇ نەۋفەل مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ جەسىتىنىڭ مەككىدىكى ”ئەقەبەتۇل مەدىنە“ دېگەن يەردە ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. قۇرەيش خەلقى ۋە باشقا كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرمۇ ئۇ يەردىن ئۆتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئۈچ قېتىم:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئى ئەبۇ خۇبەيب! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى بۇنىڭدىن توسقان ئىدىم. چۈنكى سېنىڭ كۆپ روزا تۇتىدىغىنىڭنى، كېچىلىرى كۆپ ناماز ئوقۇيدىغىنىڭنى، ئۇرۇغ ـ تۇغقانغا كۆپ سىلە ـ رەھىم قىلىدىغىنىڭنى بىلەتتىم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەڭ يامىنى سەندەك بولغان بىر ئۇممەت شەك ـ شۈبھىسىزكى ئەڭ ياخشى ئۇممەتتۇر، ـ دەپ كېتىپ قالدى. ئىبنى ئۆمەرنىڭ سۆزلىرى ھەججاجغا يەتكۈزۈلگەندى، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئىبنى زۇبەيرنى ئېسىپ قويۇلغان يەردىن چۈشۈردى ۋە يەھۇدىي قەبرىستانلىقىغا تاشلىۋەتتى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ۋە (ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئانىسى) ئەسماغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئۇنىمىدى. ھەججاج قايتا ئادەم ئەۋەتىپ:

ــ يا ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كېلىسەن ياكى چېچىڭدىن سۆرەپ كېلىدىغان ئادەم ئەۋەتىمەن، ـ دېدى. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە كەلمىدى ۋە:

- اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ چېچىمدىن سۆرەپ ئېلىپ بارىدىغان كىشىنى ئەۋەتمىگىچە، قېشىڭغا بارمايمەن، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەججاج:

- قوپال - ياراقلىرىمنى ئېلىپ كېلىڭلار! - دېدى. ئاندىن ئايىغىنى كىيىپ، تېز - تېز قەدەملەر بىلەن ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

- اللەنىڭ دۈشمىنىگە (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە) قىلغان مۇئامىلەمگە قانداق قارايسەن؟ - دەپ سورىغاندى، ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

- قانداق قارايتتىم؟ سەن ئۇنىڭ دۇنياسىنى ۋەيران قىلدىڭ، ئۇ سېنىڭ ئاخىرىتىڭنى ۋەيران قىلدى. سېنىڭ ئۇنىڭغا: "ئىككى بەلۋاغلىق ئايالنىڭ ئوغلى" دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن (ھەقىقەتەن) ئىككى بەلۋاغلىق ئايالمەن. بەلۋېغىمنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دادام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوزۇق خالتىسىنى توشىغانىدىم. يەنە بىرى بولسا، ھەر بىر ئايالغا كېرەك بولىدىغان بەلۋاغدۇر. ساڭا شۇنى ئەسلىتەيكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «سەقىفتىن بىر كازراب ۋە بىر جاللات چىقىدۇ» دېگەنىدى. كازرابنى كۆردۇق، ئەمما جاللاتنىڭ سەندىن باشقا بىرى بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلمايمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەججاج تاكاللاشماستىنلا ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى.

(مۇسلىم: 2545)

9854 ـ عن سَعِيدٍ بن ألْأَموِي قَالَ كُنتُ مَعَ مَرْوَانَ وَأَبِي هُرَيْرَةَ فَسَمِعْتُ أَبا هُرَيْرَةَ يَقُولُ سَمِعْتُ الصادِقَ الْمَصْدُوقَ يَقُولُ هَلَاكُ أُمتِي عَلَى يَدَيْ غِلْمَةٍ مِنْ قُرَيْشٍ فَقَالَ مَرْوَانُ غِلْمَةٌ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ إِنْ شِئْتَ أَنْ أُسَمِيَهُمْ بَنِي فُلَانٍ وَبَنِي فُلَانٍ.

9854 ـ سەئىد ئىبنى ئۇمەۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن مەرۋان ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن بىللە ئىدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە:

ـ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۈممىتىمنىڭ ھالاكىتى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر قانچە ياشنىڭ قولىدا» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. شۇ چاغدا، مەرۋان:

ـ بىر قانچە ياشنىڭ قولىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئەگەر خالىساڭ، ''پالانچىنىڭ ئوغلى''، ''پوكۇنچىنىڭ ئوغلى'' دەپ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3605)

9855 ـ عَنْ الزُبَيْرِ بْنِ عَدِيٍّ قَالَ أَتَيْنَا أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ فَشَكَوْنَا إِلَيْهِ مَا نَلْقَى مِنْ الْحَجَّاجِ فَقَالَ اصْبِرُوا فَإِنَّهُ لَا يَأْتِي عَلَيْكُمْ زَمَانٌ إِلَّا الَّذِي بَعْدَهُ شَرٌّ مِنْهُ حَتَّى تَلْقَوْا رَبَّكُمْ سَمِعْتُهُ مِنْ نَبِيِّكُمْ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

9855 ـ زۇبەير ئىبنى ئەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەججاجدىن تارتقان ئەزىيەتلىرىمىز ھەققىدە شىكايەت قىلغانىدۇق، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە:

ـ رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بارغانغا قەدەر سەۋر قىلىڭلار! چۈنكى زامان كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ كېتىدۇ، مەن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 7068)

9856 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي ثَقِيفٍ كَذَّابٌ وَمُبِيرٌ قَالَ أَبُو عِيسَى يُقَالُ الْكَذَّابُ الْمُخْتَارُ بْنُ أَبِي عُبَيْدٍ وَالْمُبِيرُ الْحَجَّاجُ بْنُ يُوسُفَ.

9856 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەقىفتىن بىر كاززاب ۋە بىر جاللات چىقىدۇ» دېدى.

تىرمىزى: ’’كاززاب ـ مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيد، جاللات ـ ھەججاج ئىبنى يۇسۇف دەپ قارىلىدۇ‘‘ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2220)

9857 ـ عَنْ هِشَامِ بْنِ حَسانَ قَالَ أَحْصي مَا قَتَلَ الْحَجاجُ صَبْرًا فَوجته مِائَةَ أَلْفٍ وَعِشْرِينَ أَلْف.

9857 ــ ھىشام ئىبنى ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ھەججاج ناھەق ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنى ساناپ چىقتىم، ساپمۇ ساق 120 مىڭ كىشى ئىدى[2].

(تىرمىزى: 2220)

9858 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ وَقَعَتْ الْفِتْنَةُ الْأُولَى يَعْنِي مَقْتَلَ عُثْمَانَ فَلَمْ تُبْقِ مِنْ أَصْحَابِ بَدْرٍ أَحَدًا ثُم وَقَعَتْ الْفِتْنَةُ الثانِيَةُ يَعْنِي الْحَرةَ فَلَمْ تُبْقِ مِنْ أَصْحَابِ الْحُدَيْبِيَةِ أَحَدًا ثُم وَقَعَتْ الثالِثَةُ فَلَمْ تَرْتَفِعْ وَلِلناسِ طَبَاخٌ.

9858 ــ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ’’ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن ئىبارەت بىرىنچى پىتنە سادىر بولغاندا، بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن ھېچكىم قالمىدى. ھەررە ۋەقەسىدىن ئىبارەت ئىككىنچى پىتنە يۈز بەرگەندە، ھۇدەيبىيە كېلىشىمىگە قاتناشقانلاردىن ھېچكىم قالمىدى. كېيىن، ئۈچىنچى پىتنە مەيدانغا كېلىپ، پەقەتلا بېسىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلاردا ئەقىل ۋە كۈچ قالمىدى‘‘.

(بۇخارى: 4024)

9859 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَحْصُوا لِي كَمْ يَلْفِظُ الْإِسْلَامَ قَالَ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ أَتَخَافُ عَلَيْنَا وَنَحْنُ مَا بَيْنَ الست مِائَةٍ إِلَى السبْعِ

[1] ئەلبانى (1808): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1808): سەنەدى سەھىھ ۋە مەقتۇئ ـ دېگەن.

مِائَةٍ قَالَ إِنكُمْ لَا تَدْرُونَ لَعَلكُمْ أَنْ تُبْتَلَوْا قَالَ فَابْتُلِينَا حَتى جَعَلَ الرجُلُ مِنا لَا يُصَلي إِلـا سِرا.

9859 ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قانچە كىشى ئىسلامغا كىردى، ساناپ كۆرۈڭلار! - دېدى. بىز:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ھېلىمۇھەم ئەندىشە قىلىۋاتامسەن؟ ۋاھالەنكى، بىزنىڭ سانىمىز 600 بىلەن 700 ئارىسىدا، - دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سىلەر بىر بالاغا يولۇقىدىغانلىقىڭلارنى بىلمەيسىلەر، - دېدى. بىز ھەقىقەتەن بالاغا يولۇقتۇق، ھەتتا بەزىلىرىمىز نامازنى مەخپىي رەۋىشتە ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدۇق.

(مۇسلىم: 149)

9860 ـ عَنْ خَلَفِ بْنِ حَوْشَبٍ كَانُوا يَسْتَحِبونَ أَنْ يَتَمَثلُوا بِهَذِهِ الْأَبْيَاتِ عِنْدَ الْفِتَنِ قَالَ امْرُؤُ الْقَيْسِ.

الْحَرْبُ أَولُ مَا تَكُونُ فَتِيةً تَسْعَى بِزِينَتِهَا لِكُل جَهُولِ

حَتى إِذَا اشْتَعَلَتْ وَشَب ضِرَامُهَا وَلتْ عَجُوزًا غَيْرَ ذَاتِ حَلِيلِ

شَمْطَاءَ يُنكَرُ لَوْنُهَا وَتَغَيرَتْ مَكْرُوهَةً لِلشم وَالتقْبِيلِ.

9860 ــ خەلەف ئىبنى ھەۋشەب مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر پىتنە زامانىدا ئىمرىئۇل قەيسنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى:

ئۇرۇشنىڭ بېشى ئوخشايدۇ ياش قىزغا،
يۈزىنى بوياپ ئۆزىنى ئاتقان ئەر قۇچىقىغا.
ئۇرۇش قاينىغاندا، ئەرسىز قايتار ئۇ كېلىن،
سولغۇن، بەدبۇي، بەدبەشرە، ئاق كىرگەن ھەم چاچلىرىغا.
(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

9861 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ وُلِدَ لِأَخِي أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غُلَامٌ فَسَموْهُ الْوَلِيدَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَميْتُمُوهُ بِأَسْمَاءِ فَرَاعِنَتِكُمْ لَيَكُونَن فِي هَذِهِ الْأُمةِ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ الْوَلِيدُ لَهُوَ شَر عَلَى هَذِهِ الْأُمةِ مِنْ فِرْعَوْنَ لِقَوْمِهِ.

9861 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېرىندىشىنىڭ بىر ئوغلى تۇغۇلدى. ئۇنىڭغا ۋەلىد دەپ ئىسىم قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنىڭغا پىرئەۋنلىرىڭلارنىڭ ئىسمىنى قويدۇڭلار. بۇ ئۇممەت ئىچىدە ۋەلىد ئىسىملىك بىر كىشى دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ زۇلمى پىرئەۋننىڭ خەلقىگە قىلغان زۇلمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 110)

9862 ـ عن أبي إسحاق قال: قلت لعبد الله بن عمر: إن المختار يزعم أنه يوحى إليه. فقال: «صدق وإن الشياطين ليوحون إلى أوليائهم».

9862 ـ ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ مۇختار ئۆزىگە ۋەھيي كەلگىنىنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ توغرا ئېيتىپتۇ، چۈنكى شەيتانلار ئۆز دوستلىرىغا ۋەھيي قىلىدۇ، ـ دېدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 928)

---

[1] ھەيسەمى (12392): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12488): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

# چوڭ ئۇرۇشلار ۋە قىيامەت ئالامەتلىرى بۆلۈمى

9863 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بُعِثْتُ أَنَا وَالساعَةُ كَهَاتَيْنِ يَعْنِي إِصْبَعَيْنِ.

9863 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىم بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇنچىلىك، يەنى ئىككى بارماقنىڭ ئارىسىچىلىك (قالدى)».

(بۇخارى: 4936)

9864 ـ عَنْ الْمُسْتَوْرِدِ بْنِ شَدادٍ الْفِهْرِي رَوَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بُعِثْتُ فِي نَفَسِ الساعَةِ فَسَبَقْتُهَا كَمَا سَبَقَتْ هَذِهِ هَذِهِ لِأُصْبُعَيْهِ السبابَةِ وَالْوُسْطَى.

9864 ـ مۇستەۋرد ئىبنى شەدداد فىھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەن قىيامەت يېقىنلاشقان بىر زاماندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم، قىيامەت بولۇشتىن مۇشۇنچىلىك بۇرۇن كەلدىم» دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرانچى بارمىقىنى كۆرسەتتى[1].

(تىرمىزى: 2213)

[1] ئەلبانى (388): زەئىپ، ـ دېگەن.

9865 ـ قَالَ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ أَخْبَرَنِي أَبو هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى تَخْرُجَ نَارٌ مِنْ أَرْضِ الْحِجَازِ تُضِيءُ أَعْنَاقَ الْإِبِلِ بِبُصْرَى.

9865 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوت چىقىپ، بۇسرادىكى تۆگىلەرنىڭ بويىنىنى يورۇتمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ».

(بۇخارى: 7118)

9866 ـ عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَتَخْرُجُ نَارٌ مِنْ حَضْرَمَوْتَ أَوْ مِنْ نَحْوِ بَحْرِ حَضْرَمَوْتَ قَبْلَ يَوْمِ الْقِيَامَـةِ تَحْشُـرُ الناسَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ فَمَا تَأْمُرُنَا قَالَ عَلَيْكُمْ بِالشامِ.

9866 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قىيامەتتىن ئىلگىرى ھەزرەمەۋتتىن ياكى ھەزرەمەۋت دېڭىزىغا يېقىن جايدىن بىر ئوت چىقىپ، بارلىق ئىنسانلىنى بىر يەرگە يىغىدۇ، ـ دېدى، ساھابىلەر:

ـ ئۇ چاغدا، بىز نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەك؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شامغا كېتىڭلار! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2217)

9867 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ... فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما أَولُ أَشْرَاطِ الساعَةِ فَنَارٌ تَحْشُرُ الناسَ مِنْ الْمَشْرِقِ إِلَى الْمَغْرِبِ.

9867 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1805): سەھىھ ـ دېگەن.

«قىيامەتنىڭ ئالدىنقى ئالامىتى شۇكى، ئىنسانلارنى مەشرىقتىن مەغرىبكە يىغىدىغان بىر ئوت چىقىدۇ».

(بۇخارى: 3329)

9868 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى تُقَاتِلُوا خُوزًا وَكَرْمَانَ مِنْ الْأَعَاجِمِ حُمْرَ الْوُجُوهِ فُطْسَ الْأُنوفِ صِغَارَ الْأَعْيُنِ وُجُوهُهُمْ الْمَجَان الْمُطْرَقَةُ نِعَالُهُمْ الشعَرُ.

9868 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

«سىلەر قىزىل يۈزلۈك، بۇرنى پاناق، كۆزى كىچىك، يۈزلىرى كەڭ ۋە يۇمىلاق، چۈپيۈردىن توقۇلغان ئاياق كىيىدىغان خوز ۋە كەرمان ئەجەملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ».

(بۇخارى: 3590)

9869 ـ وفي رواية: وَهُمْ أَهْلُ الْبَازِرِ يعنى أهل فارس.

9869 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار بازىر (يەنى فارس) ئەھلىدۇر.

(بۇخارى: 3591)

9870 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يُقَاتِلَ الْمُسْلِمُونَ التُرْكَ قَوْمًا وُجُوهُهُمْ كَالْمَجَان الْمُطْرَقَةِ يَلْبَسُونَ الشعَرَ وَيَمْشُونَ فِي الشعَرِ.

9870 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

«مۇسۇلمانلار يۈزلىرى كەڭ ۋە يۇمىلاق، يۇڭ كىيىم ۋە چۈپيۈردىن توقۇلغان ئاياق كىيىدىغان تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ».

(مۇسلىم: 2912)

9871 ـ عن عَبْد اللهِ بْن بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَدِيثٍ يُقَاتِلُكُمْ قَوْمٌ صِغَارُ الْأَعْيُنِ يَعْنِي التُرْكَ قَالَ تَسُوقُونَهُمْ ثَلَاثَ مِرَارٍ حَتى تُلْحِقُوهُمْ بِجَزِيرَةِ الْعَرَبِ فَأَما فِي السِيَاقَةِ الْأُولَى فَيَنْجُو مَنْ هَرَبَ مِنْهُمْ وَأَما فِي الثانِيَةِ فَيَنْجُو بَعْضٌ وَيَهْلَكُ بَعْضٌ وَأَما فِي الثالِثَةِ فَيُصْطَلَمُونَ أَوْ كَمَا قَالَ.

9871 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىچىك كۆزلۈك تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئۇلارنى (يەنى تۈركلەرنى) دىيارىڭلاردىن ئۈچ قېتىم ھەيدىۋېتىسىلەر ۋە ئۇلار بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئۇچرىشىسىلەر. بىرىنچى قېتىملىق ھەيدەشتە، ئۇلارنىڭ قاچقانلىرى قۇتۇلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ھەيدەشتە، بىر قىسمى قۇتۇلۇپ، بىر قىسمى ھالاك بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق ھەيدەشتە، ئۇلار تامامەن قىرىلىپ تۈگەيدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4305)

9872 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يَنْزِلَ الرومُ بِالْأَعْمَاقِ أَوْ بِدَابِقٍ فَيَخْرُجُ إِلَيْهِمْ جَيْشٌ مِنْ الْمَدِينَةِ مِنْ خِيَارِ أَهْلِ الْأَرْضِ يَوْمَئِذٍ فَإِذَا تَصَافوا قَالَتْ الرومُ خَلوا بَيْنَنَا وَبَيْنَ الذِينَ سَبَوْا مِنا نُقَاتِلْهُمْ فَيَقُولُ الْمُسْلِمُونَ لَا وَاللهِ لَا نُخَلي بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ إِخْوَانِنَا فَيُقَاتِلُونَهُمْ فَيَنْهَزِمُ ثُلُثٌ لَا يَتُوبُ اللهُ عَلَيْهِمْ أَبَدًا وَيُقْتَلُ ثُلُثُهُمْ أَفْضَلُ الشهَدَاءِ عِنْدَ اللهِ وَيَفْتَتِحُ الثلُثُ لَا يُفْتَنُونَ أَبَدًا فَيَفْتَتِحُونَ قُسْطُنْطِينِيةَ فَبَيْنَمَا هُمْ يَقْتَسِمُونَ الْغَنَائِمَ قَدْ عَلقُوا سُيُوفَهُمْ بِالزيْتُونِ إِذْ صَاحَ فِيهِمْ الشيْطَانُ إِن الْمَسِيحَ قَدْ خَلَفَكُمْ فِي أَهْلِيكُمْ فَيَخْرُجُونَ وَذَلِكَ بَاطِلٌ فَإِذَا جَاءُوا الشأْمَ خَرَجَ فَبَيْنَمَا هُمْ يُعِدونَ لِلْقِتَالِ يُسَوونَ الصفُوفَ إِذْ أُقِيمَتْ الصلَاةُ فَيَنْزِلُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمهُمْ فَإِذَا رَآهُ عَدُو اللهِ ذَابَ كَمَا يَذُوبُ الْمِلْحُ فِي الْمَاءِ فَلَوْ تَرَكَهُ لَانْذَابَ حَتى يَهْلِكَ وَلَكِنْ يَقْتُلُهُ اللهُ بِيَدِهِ فَيُرِيهِمْ دَمَهُ فِي حَرْبَتِهِ.

[①] ئەلبانى (927): زەئىپ، ـ دېگەن.

9872 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رۇملۇقلار ئەئماق (ياكى دابىق) دېگەن يەرگە چۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ چاغدا، مەدىنىدىن يەر يۈزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنى چىقىدۇ. ئۇلار قارىمۇ قارشى كېلىپ، سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، رۇملۇقلار:

- بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار، بىز ئادىمىمىزنى ئەسىر ئالغانلار بىلەن ئۇرۇشىمىز، - دەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار:

ــ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىمىزنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمىز، - دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ قاچىدۇ، اﷲ ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۈچتىن بىر قىسمى شېھىد بولىدۇ، بۇلار اﷲنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ شېھىد ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەيدۇ. ئۇلار قۇستانتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل)نى ئازاد قىلىدۇ، قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقىنىدا، بىر شەيتان چىقىپ:

ــ يۇرتۇڭلارنى دەججال بېسىۋالدى، - دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، لېكىن بۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شامغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، دەججال ھەقىقەتەن چىقىدۇ. ئۇلار سەپنى تۈزەپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ. اﷲنىڭ دۈشمىنى(دەججال) ئۇنى كۆرگىنىدە، خۇددى تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىشكە باشلايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چېقىلمىسىمۇ، ئۇ ئېرىپ ھالاك بولۇپ كېتەتتى، ئەمما اﷲ ئۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا نەيزىسىنىڭ ئۈچىدىكى قاننى كۆرسىتىدۇ».

(مۇسلىم: 2897)

9873 ـ عَنْ يُسَيْرِ بْنِ جَابِرٍ قَالَ هَاجَتْ رِيحٌ حَمْرَاءُ بِالْكُوفَةِ فَجَاءَ رَجُلٌ لَيْسَ لَهُ هِجِيرَى إِلا يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ جَاءَتْ السَاعَةُ قَالَ فَقَعَدَ وَكَانَ مُتكِئًا فَقَالَ إِن السَاعَةَ لَا تَقُومُ حَتى لَا يُقْسَمَ مِيرَاثٌ وَلَا يُفْرَحَ بِغَنِيمَةٍ ثُم قَالَ بِيَدِهِ هَكَذَا وَنَحاهَا نَحْوَ الشأْمِ فَقَالَ عَدُو يَجْمَعُونَ لِأَهْلِ الْإِسْلَامِ وَيَجْمَعُ لَهُمْ أَهْلُ الْإِسْلَامِ قُلْتُ الرومَ تَعْنِي قَالَ نَعَمْ وَتَكُونُ عِنْدَ ذَاكُمْ الْقِتَالِ رَدةٌ شَدِيدَةٌ فَيَشْتَرِطُ الْمُسْلِمُونَ شُرْطَةً لِلْمَوْتِ لَا تَرْجِعُ إِلا غَالِبَةً فَيَقْتَتِلُونَ حَتى يَحْجُزَ بَيْنَهُمْ اللَيْلُ فَيَفِيءُ هَؤُلَاءِ وَهَؤُلَاءِ كُل غَيْرُ غَالِبٍ وَتَفْنَى الشرْطَةُ ثُم يَشْتَرِطُ الْمُسْلِمُونَ شُرْطَةً لِلْمَوْتِ لَا تَرْجِعُ إِلا غَالِبَةً فَيَقْتَتِلُونَ حَتى يَحْجُزَ بَيْنَهُمْ اللَيْلُ فَيَفِيءُ هَؤُلَاءِ وَهَؤُلَاءِ كُل غَيْرُ غَالِبٍ وَتَفْنَى الشرْطَةُ ثُم يَشْتَرِطُ الْمُسْلِمُونَ شُرْطَةً لِلْمَوْتِ لَا تَرْجِعُ إِلا غَالِبَةً فَيَقْتَتِلُونَ حَتى يُمْسُوا فَيَفِيءُ هَؤُلَاءِ وَهَؤُلَاءِ كُل غَيْرُ غَالِبٍ وَتَفْنَى الشرْطَةُ فَإِذَا كَانَ يَوْمُ الرابِعِ نَهَدَ إِلَيْهِمْ بَقِيةُ أَهْلِ الْإِسْلَامِ فَيَجْعَلُ اللهُ الدبْرَةَ عَلَيْهِمْ فَيَقْتُلُونَ مَقْتَلَةً إِما قَالَ لَا يُرَى مِثْلُهَا وَإِما قَالَ لَمْ يُرَ مِثْلُهَا حَتى إِن الطائِرَ لَيَمُر بِجَنَبَاتِهِمْ فَمَا يُخَلفُهُمْ حَتى يَخِر مَيْتًا فَيَتَعَادُ بَنُو الْأَبِ كَانُوا مِائَةً فَلَا يَجِدُونَهُ بَقِيَ مِنْهُمْ إِلا الرجُلُ الْوَاحِدُ فَبِأَي غَنِيمَةٍ يُفْرَحُ أَوْ أَي مِيرَاثٍ يُقَاسَمُ فَبَيْنَمَا هُمْ كَذَلِكَ إِذْ سَمِعُوا بِبَأْسٍ هُوَ أَكْبَرُ مِنْ ذَلِكَ فَجَاءَهُمْ الصرِيخُ إِن الدجالَ قَدْ خَلَفَهُمْ فِي ذَرَارِيهِمْ فَيَرْفُضُونَ مَا فِي أَيْدِيهِمْ وَيُقْبِلُونَ فَيَبْعَثُونَ عَشَرَةَ فَوَارِسَ طَلِيعَةً قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَأَعْرِفُ أَسْمَاءَهُمْ وَأَسْمَاءَ آبَائِهِمْ وَأَلْوَانَ خُيُولِهِمْ هُمْ خَيْرُ فَوَارِسَ عَلَى ظَهْرِ الْأَرْضِ يَوْمَئِذٍ أَوْ مِنْ خَيْرِ فَوَارِسَ عَلَى ظَهْرِ الْأَرْضِ يَوْمَئِذٍ.

9873 ـ يۇسەير ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كۇفەدە قىزىل شامال چىققانىدى، بىر كىشى كېلىپ:

- ئى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد! قىيامەت بولدى، - دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد يانپاشلاپ ياتقان يېرىدىن ئولتۇرۇپ:

— مىراس تەقسىم قىلىنمايدىغان، غەنىمەت بىلەن خۇشال بولمايدىغان ۋاقىت كەلمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ، - دەپ، قولى بىلەن شام تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ دۈشمەنلەرگە قارشى ئادەم توپلايدۇ. - دېدى. ئۇنىڭدىن:

— رۇملۇقلارنى نەزەردە تۇتۇۋاتامسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، مۇنداق جاۋاب بەردى:

- ئۇ ئۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولىدۇ، مۇسۇلمانلار قەتئىي چېكىنمەيدىغان پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار دۈشمەنلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇرۇش توختايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ. پىدائىي قوشۇن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلار يەنە پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلارمۇ دۈشمەنلەرگە قارشى قاتتىق ئېلىشىدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇرۇش توختايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ. بۇ قېتىمقى پىدائىي قوشۇنمۇ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلار يەنە پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلارمۇ دۈشمەنگە قارشى جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. يەنە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇرۇش توختايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ. بۇ پىدائىي قوشۇنمۇ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. تۆتىنچى كۈنى، مۇسۇلمانلاردىن ھايات قالغانلار غەيرەت - جاسارەت ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، الله تائالا دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئۇرۇش شۇنداق شىددەتلىك بولىدۇكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قالغان قۇشلارمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بىر دادىنىڭ يۈز بالىسى بولسىمۇ، ئۇلاردىن پەقەت بىرى قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قايسى غەنىمەتكە خۇشال بولىدۇ ياكى قايسى مىراسنى تەقسىم قىلىدۇ؟ شۇنداق تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر پالاكەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. شۇ ئارىدا بىر كىشى كېلىپ: دەججال سىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىڭلارغا مۇسەللەت بولۇۋالدى، - دەپ توۋلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى تاشلاپ، ئۇ يەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە ئون ئاتلىق كىشىدىن

تەشكىل تاپقان تۈرشاۋۇل قىسمى ئەۋەتىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەندى: «مەن ئۇلارنىڭ ۋە دادىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ رەڭگىنىمۇ بىلىمەن. ئۇلار ئۆز زامانىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇنى بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2899)

9874 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَمِعْتُمْ بِمَدِينَةٍ جَانِبٌ مِنْهَا فِي الْبَر وَجَانِبٌ مِنْهَا فِي الْبَحْرِ قَالُوا نَعَمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يَغْزُوَهَا سَبْعُونَ أَلْفًا مِنْ بَنِي إِسْحَقَ فَإِذَا جَاءُوهَا نَزَلُوا فَلَمْ يُقَاتِلُوا بِسِلَاحٍ وَلَمْ يَرْمُوا بِسَهْمٍ قَالُوا لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ فَيَسْقُطُ أَحَدُ جَانِبَيْهَا قَالَ ثَوْرٌ لَا أَعْلَمُهُ إِلا قَالَ الذِي فِي الْبَحْرِ ثُم يَقُولُوا الثانِيَةَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ فَيَسْقُطُ جَانِبُهَا الْآخَرُ ثُم يَقُولُوا الثالِثَةَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ فَيُفَرجُ لَهُمْ فَيَدْخُلُوهَا فَيَغْنَمُوا فَبَيْنَمَا هُمْ يَقْتَسِمُونَ الْمَغَانِمَ إِذْ جَاءَهُمْ الصرِيخُ فَقَالَ إِن الدجالَ قَدْ خَرَجَ فَيَتْرُكُونَ كُل شَيْءٍ وَيَرْجِعُونَ.

9874 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىر تەرىپى قۇرۇقلۇق، يەنە بىر تەرىپى دېڭىز بولغان بىر شەھەرنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـــ ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! ـــ دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىسھاق ئوغۇللىرىدىن 70 مىڭ كىشى ئۇ يەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، بىر جايغا چۈشىدۇ. ئۇلار نە ئوقيا، نە نەيزە ـ قىلىچ ئىشلەتمەيدۇ. پەقەت: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر“ دەيدۇ. بىرىنچى قېتىم شۇنداق دېگەندە، شەھەرنىڭ بىر تەرىپى پەتھى بولىدۇ. (سەۋر ئىبنى زىياد: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرىنچى قېتىمدا شەھەرنىڭ دېڭىز تەرىپى پەتھى بولىدۇ» دېگىنى ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ، ـ دېگەن). ئىككىنچى قېتىم: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر“ دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ پەتھى بولىدۇ. ئۇچىنچى قېتىم: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر“ دېگەنلىرىدە بولسا، شەھەر پۈتۈنلەي پەتھى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار شەھەرگە كىرىپ، نۇرغۇنلىغان غەنىمەتنى قولغا كىرگۈزىدۇ. ئۇلار غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقانلىرىدا، ”دەججال چىقتى“ دەپ چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ ـ دە، قوللىرىدىكى نەرسىلىرىنى دەرھال تاشلاپ، ئارقىغا قايتىدۇ.

(مۇسلىم: 2920)

9875 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يُقَاتِلَ الْمُسْلِمُونَ الْيَهُودَ فَيَقْتُلُهُمْ الْمُسْلِمُونَ حَتى يَخْتَبِئَ الْيَهُودِي مِنْ وَرَاءِ الْحَجَرِ وَالشجَرِ فَيَقُولُ الْحَجَرُ أَوْ الشجَرُ يَا مُسْلِمُ يَا عَبْدَ اللهِ هَذَا يَهُودِي خَلْفِي فَتَعَالَ فَاقْتُلْهُ إِلا الْغَرْقَدَ فَإِنهُ مِنْ شَجَرِ الْيَهُودِ.

9875 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا يەھۇدىيلار تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالىدۇ. لېكىن تاش بىلەن دەرەخ: ”ئى مۇسۇلمان! ئى اﷲنىڭ قۇلى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، بۇياققا كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىن!“ دەيدۇ. پەقەت غەرقەد دېگەن دەرەخلا ئۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر».

(مۇسلىم: 2922)

9876 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى تَقْتُلُوا إِمَامَكُمْ وَتَجْتَلِدُوا بِأَسْيَافِكُمْ وَيَرِثَ دُنْيَاكُمْ شِرَارُكُمْ.

9876 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر باشلىقىڭلارنى ئۆلتۈرمىگىچە، ئۆزئارا ئۇرۇشمىغىچە ۋە مال ـ دۇنيالىرىڭلارغا ئەسكىلىرىڭلار ئىگە بولمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2170)

9877 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بنِ الْيَمانِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يَكُونَ أَسْعَدَ الناسِ بِالدنْيا لُكَعُ ابْنُ لُكَعٍ.

9877 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەسكەشنىڭ پۇشتىدىن بولغان پەسكەش دۇنيانىڭ ئەڭ بېيى بولمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2209)

9878 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى تُكَلمَ السبَاعُ الْإِنْسَ وَحَتى تُكَلمَ الرجُلَ عَذَبَةُ سَوْطِهِ وَشِرَاكُ نَعْلِهِ وَتُخْبِرَهُ فَخِذُهُ بِمَا أَحْدَثَ أَهْلُهُ مِنْ بَعْدِهِ.

9878 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يىرتقۇچ ھايۋان ئىنسانلار بىلەن سۆزلەشمىگىچە، ئىنسان قامچىسىنىڭ ئۇچى ۋە كەشىنىڭ بوغقۇچى بىلەن سۆزلەشمىگىچە، ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ نېمە قىلغىنىنى يوتىسى ئاڭلاتمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ»[3].

(تىرمىزى: 2181)

[1] ئەلبانى (383): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1799): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1772): سەھىھ ـ دېگەن.

9879 ـ قَالَ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ أَخْبَرَنِي أَبو هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى تَضْطَرِبَ أَلَيَاتُ نِسَـاءِ دَوْسٍ عَلَـى ذِي الْخَلَصَةِ وَذُو الْخَلَصَةِ طَاغِيَةُ دَوْسٍ الِتي كَانُوا يَعْبُدُونَ فِي الْجَاهِلِيةِ.

9879 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دەۋس قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرى زۇلخەلەسە بۇتخانىسى ئەتراپىدا قوڭلىرىنى تولغاپ ئويۇنغا چۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ». زۇلخەلەسە ـ دەۋس قەبىلىسى جاھىلىيەت دەۋرىدە چوقۇنغان بۇتنىڭ ئىسمى.

(بۇخارى: 7116)

9881 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يَخْرُجَ رَجُلٌ مِنْ قَحْطَانَ يَسُوقُ الناسَ بِعَصَاهُ.

9881 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەھتان ئوغۇللىرىدىن بىر ئادەم چىقىپ، ھاسىسى بىلەن ئادەملەرنى ھەيدىمىگىچە (يەنى كىشىلەرگە پادىشاھ بولمىغىچە) قىيامەت بولمايدۇ».

(بۇخارى: 3517)

9882 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى لَا يُقَالَ فِي الْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ.

9882 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەر يۈزىدە ”لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ“ دەيدىغان ئادەم قالمىغاندا قىيامەت بولىدۇ».

(ئەھمەد: 13421)

9883 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقُومُ السَاعَةُ حَتى يَتَقَارَبَ الزمَانُ فَتَكُونُ السنَةُ كَالشهْرِ وَالشهْرُ كَالْجُمُعَةِ وَتَكُونُ الْجُمُعَةُ كَالْيَوْمِ وَيَكُونُ الْيَوْمُ كَالساعَةِ وَتَكُونُ الساعَةُ كَالضرَمَةِ بِالنارِ.

9883 ـ ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ۋاقىت بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىپ (بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ)، بىر يىل بىر ئايدەك، بىر ئاي بىر ھەپتىدەك، بىر ھەپتە بىر كۈندەك، بىر كۈن بىر سائەتتەك، بىر سائەت ئوت ئۇچقۇنىدەك بولۇپ كەتمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2332)

9884 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ إِلا عَلَى شِرَارِ الناسِ.

9884 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياخشى ئىنسان قالمىغاندا قىيامەت بولىدۇ» دېگەن.

(مۇسلىم: 2949)

9885 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يَحْسِرَ الْفُرَاتُ عَنْ جَبَلٍ مِنْ ذَهَبٍ يَقْتَتِلُ الناسُ عَلَيْهِ فَيُقْتَلُ مِنْ كُل مِائَةٍ تِسْعَةٌ وَتِسْعُونَ وَيَقُولُ كُل رَجُلٍ مِنْهُمْ لَعَلي أَكُونُ أَنَا الذِي أَنْجُو.

9885 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«فىرات دەرياسىدىكى ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قېلىپ، ئىنسانلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ھەر 100

---

[1] ئەلبانى (1901): سەھىھ ـ دېگەن.

كىشىدىن توقسان توققۇزى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى: ”مەن قۇتۇلۇپ قالىمەن“ دېگەن ئۈمىدتە ئۇرۇشىدۇ».

(مۇسلىم: 2894)

9886 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا تَذْهَبُ الدنْيَا حَتى يَمُر الرجُلُ عَلَى الْقَبْرِ فَيَتَمَرغَ عَلَيْهِ وَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي كُنْتُ مَكَانَ صَاحِبِ هَذَا الْقَبْرِ وَلَيْسَ بِهِ الدينُ إِلا الْبَلَاءُ.

9886 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى بىر كىشى قەبرە بېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يۆلەنگەن ھالدا: ”كاشكى بۇ قەبرىدىكى كىشى مەن بولسامچۇ“ دېمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزنى سۆزلەتكەن نەرسە دىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى ئاپەتتۇر».

(مۇسلىم: 158)

9887 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَذْهَبُ الْأَيامُ وَاللَيَالِي حَتى يَمْلِكَ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ الْجَهْجَاهُ.

9887 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەھجاھ ئىسىملىك بىرى پادىشاھ بولمىغىچە، كۈندۈز ۋە كېچىلەر ئاخىرلاشمايدۇ (يەنى قىيامەت قايىم بولمايدۇ)».

(مۇسلىم: 2911)

9888 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَقِيءُ الْأَرْضُ أَفْلَاذَ كَبِدِهَا أَمْثَالَ الْأُسْطُوَانِ مِنْ الذهَبِ وَالْفِضةِ فَيَجِيءُ الْقَاتِلُ فَيَقُولُ فِي هَذَا قَتَلْتُ وَيَجِيءُ الْقَاطِعُ فَيَقُولُ فِي هَذَا قَطَعْتُ رَحِمِي وَيَجِيءُ السارِقُ فَيَقُولُ فِي هَذَا قُطِعَتْ يَدِي ثُم يَدَعُونَهُ فَلَا يَأْخُذُونَ مِنْهُ شَيْئًا.

9888 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«يەر ئۆزىنىڭ باغرىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قۇسۇپ، ئۈستىگە چىقىرىۋېتىدۇ. قاتىل كېلىپ: ”مەن مۇشۇنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنىدىم“ دەيدۇ. سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشى كېلىپ: ”مەن مۇشۇنى دەپ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەنىدىم“ دەيدۇ. ئوغرى كېلىپ: ”مۇشۇنىڭ سەۋەبىدىن قولۇم كېسىلگەنىدى“ دەيدۇ. كېيىن ئۇلار ئۇنى تاشلاپ، ھېچ نەرسە ئالماستىن كېتىپ قالىدۇ».
(مۇسلىم: 1013)

9889 ـ عَنْ سَلَامَةَ بِنْتِ الْحُرِ أُخْتِ خَرَشَةَ بْنِ الْحُرِ الْفَزَارِيِ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن مِنْ أَشْرَاطِ الساعَةِ أَنْ يَتَدَافَعَ أَهْلُ الْمَسْجِدِ لَا يَجِدُونَ إِمَامًا يُصَلي بِهِمْ.

9889 ـ سالامە بىنتى ھۇر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، مەسجىد جامائىتى ئۆزلىرىگە ناماز ئوقۇپ بېرىدىغان ئىمام تېپىشتا قىينىلىدۇ»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 581)

9890 ـ عن عَبْد اللهِ بْن حَوَالَةَ الْأَزْدِي قَالَ قَالَ يَا ابْنَ حَوَالَةَ إِذَا رَأَيْتَ الْخِلَافَةَ قَدْ نَزَلَتْ أَرْضَ الْمُقَدسَةِ فَقَدْ دَنَتْ الزلَازِلُ وَالْبَلَابِلُ وَالْأُمُورُ الْعِظَامُ وَالساعَةُ يَوْمَئِذٍ أَقْرَبُ مِنْ الناسِ مِنْ يَدِي هَذِهِ مِنْ رَأْسِكَ.

9890 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھاۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئى ئىبنى ھاۋالە! خەلىپىلىكنىڭ بەيتۇل مۇقەددەس تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، يەر تەۋرەش، بالايىئاپەت ۋە چوڭ

[1] ئەلبانى (114): زەئىپ، ـ دېگەن.

ھادىسىلەر يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، قىيامەت ئىنسانلارغا بۇ قولۇمنىڭ بېشىڭغا بولغان يېقىنلىقىدىنمۇ يېقىنراق بولىدۇ»[①].
(ئەبۇ داۋۇد: 2535)

9891 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى تَقْتَتِلَ فِئَتَانِ عَظِيمَتَانِ يَكُونُ بَيْنَهُمَا مَقْتَلَةٌ عَظِيمَةٌ دَعْوَتُهُمَا وَاحِدَةٌ وَحَتى يُبْعَثَ دَجالُونَ كَذابُونَ قَرِيبٌ مِنْ ثَلَاثِينَ كُلُّهُمْ يَزْعُمُ أَنهُ رَسُولُ اللهِ وَحَتى يُقْبَضَ الْعِلْمُ وَتَكْثُرَ الزلَازِلُ وَيَتَقَارَبَ الزمَانُ وَتَظْهَرَ الْفِتَنُ وَيَكْثُرَ الْهَرْجُ وَهُوَ الْقَتْلُ وَحَتى يَكْثُرَ فِيكُمْ الْمَالُ فَيَفِيضَ حَتى يُهِم رَب الْمَالِ مَنْ يَقْبَلُ صَدَقَتَهُ وَحَتى يَعْرِضَهُ عَلَيْهِ فَيَقُولَ الذِي يَعْرِضُهُ عَلَيْهِ لَا أَرَبَ لِي بِهِ وَحَتى يَتَطَاوَلَ الناسُ فِي الْبُنْيَانِ وَحَتى يَمُر الرجُلُ بِقَبْرِ الرجُلِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي مَكَانَهُ وَحَتى تَطْلُعَ الشمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا فَإِذَا طَلَعَتْ وَرَآهَا الناسُ يَعْنِي آمَنُوا أَجْمَعُونَ فَذَلِكَ حِينَ لَا يَنْفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا وَلَتَقُومَن الساعَةُ وَقَدْ نَشَرَ الرجُلَانِ ثَوْبَهُمَا بَيْنَهُمَا فَلَا يَتَبَايَعَانِهِ وَلَا يَطْوِيَانِهِ وَلَتَقُومَن الساعَةُ وَقَدْ انْصَرَفَ الرجُلُ بِلَبَنِ لِقْحَتِهِ فَلَا يَطْعَمُهُ وَلَتَقُومَن الساعَةُ وَهُوَ يُلِيطُ حَوْضَهُ فَلَا يَسْقِي فِيهِ وَلَتَقُومَن الساعَةُ وَقَدْ رَفَعَ أُكْلَتَهُ إِلَى فِيهِ فَلَا يَطْعَمُهَا.

9891 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى چوڭ مۇسۇلمان قوشۇنى بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ دەۋالىرى بىر بولسىمۇ، ئارىلىرىدا چوڭ ئۇرۇش چىقىدۇ. ھەر بىرى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ئوتتۇزغا يېقىن يالغانچى دەججال چىقمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئىلىم كۆتۈرۈلمىگىچە، يەر تەۋرەش كۆپەيمىگىچە، ۋاقىت بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ كەتمىگىچە، پىتنىلەر ئاشكارا بولمىغىچە، ئۇرۇش كۆپەيمىگىچە، ئاراڭلاردا مال - دۇنيا ئېشىپ - تېشىپ، بايلار زاكات بېرىدىغان كىشىلەرنى

---

[①] ئەلبانى (2210): سەھىھ ـ دېگەن.

تاپالمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. (مال شۇنچىلىك كۆپىيىپ كېتىدۇكى) بايلار مېلىنىڭ زاكىتىنى كىمگە تەگلىسە، ئۇ كىشى بايغا: ”مېنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق“ دەيدۇ. ئىنسانلار ئېگىز بىنالارنى قۇرمىغىچە، ھەتتا بىر كىشى بىرىنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ”كاشكى بۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسامچۇ“ دېمىگىچە، قۇياش غەربتىن چىقمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. قۇياش غەربتىن چىققاندا، ئىمان ئېيتمىغان كىشى قالمايدۇ. ئۇ چاغدا (ئېيتىلغان ئىمان پايدىسىز بولىدۇ، قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:) پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈنىدە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ [1]. ئىككى كىشى سودىلىشىش ئۈچۈن رەختلىرىنى يېيىپ، تېخى سودىلىشالماي، ھەتتا (رەختلىرىنى) قاتلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ قىيامەت قائىم بولىدۇ. تۆگىسىنىڭ سۈتىنى ساغقان كىشى، سۈتنى ئىچىشكە ئۈلگۈرمەستىن قىيامەت قائىم بولىدۇ. كىشى كۆلىنى رېمونت قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇپ قىيامەت قائىم بولىدۇ. بىر كىشى لوقمىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ، يۇتۇشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ قىيامەت قائىم بولىدۇ».

(بۇخارى: 7121)

9892 ـ وفي رواية: وَحَتى تَعُودَ أَرْضُ الْعَرَبِ مُرُوجًا وَأَنْهَارًا.

9892 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەرەب دىيارى باغۇ ـ بوستان ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلىك ھالىتىگە قايتمىغىچە قىيامەت قائىم بولمايدۇ».

(مۇسلىم: 158)

9893 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بنِ أَسِيدٍ الْغِفَارِي قَالَ اطلَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْنـا وَنَحْنُ نَتَذَاكَرُ فَقَالَ مَا تَذَاكَرُونَ قَالُوا نَذْكُرُ الساعَةَ قَالَ إِنهَا لَنْ تَقُومَ حَتى تَرَوْنَ قَبْلَهـا

[1] سۈرە ئەنئام، 158 ـ ئايەت.

عَشْرَ آيَاتٍ فَذَكَرَ الدخَانَ وَالدجالَ وَالدابةَ وَطُلُوعَ الشمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا وَنُزُولَ عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيَأجُوجَ وَمَأجُوجَ وَثَلَاثَةَ خُسُوفٍ خَسْفٌ بِالْمَشْرِقِ وَخَسْفٌ بِالْمَغْرِبِ وَخَسْفٌ بِجَزِيرَةِ الْعَرَبِ وَآخِرُ ذَلِكَ نَارٌ تَخْرُجُ مِنْ الْيَمَنِ تَطْـرُدُ النـاسَ إِلَـى مَحْشَرِهِمْ.

9893 ـ ھۇزەيفە ئىبنى ئەسىد غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئارىمىزدا مۇتالىئە قىلىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كەلدى ۋە:

ـ نېمە توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ قىيامەت ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قىيامەتتىن بۇرۇن ئون خىل ئالامەتنى كۆرمىگىچە قىيامەت قائىم بولمايدۇ. ئۇلار: تۈتۈن، دەججال، غەلىتە مەخلۇق، قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى، يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ چىقىشى، مەشرىقتە، مەغرىبتە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھەربىرىدە بىردىن ئۈچ يەر يۇتۇش بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يەمەندىن بىر ئوت چىقىپ، ئىنسانلارنى مەھشەرگاھقا ھەيدەيدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2901)

9894 ـ وفي رواية: وَنَارٌ تَخْرُجُ مِنْ قُعْرَةِ عَدَنٍ تَرْحَلُ الناسَ. وفي أخرى: وَرِيـحٌ تُلْقِي الناسَ فِي الْبَحْرِ.

9894 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەدەن زېمىنىنىڭ ئاستىدىن بىر ئوت چىقىپ، ئىنسانلارنى كۆچۈرۈۋېتىدۇ.

باشقا بىر رىۋايەتتە بولسا: شامال چىقىپ، ئىنسانلارنى دېڭىزغا تاشلايدۇ، ـ دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2901)

9895 ـ وفي أخرى: وَنَارٌ تَخْرُجُ مِنْ قَعْرِ عَدَنَ تَسُوقُ الناسَ أَوْ تَحْشُـرُ النـاسَ فَتَبِيتُ مَعَهُمْ حَيْثُ بَاتُوا وَتَقِيلُ مَعَهُمْ حَيْثُ قَالُوا.

9895 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەدەن زېمىنىنىڭ ئاستىدىن بىر ئوت چىقىپ ئىنسانلارنى ھەيدەيدۇ. ئۇلار ياتقان يەردە ياتىدۇ، ئۇلار ئارام ئالغان يەردە ئارام ئالىدۇ①.

(تىرمىزى: 2183)

9896 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اتخِذَ الْفَيْءُ دُوَلًا وَالْأَمَانَةُ مَغْنَمًا وَالزكَاةُ مَغْرَمًا وَتُعُلمَ لِغَيْرِ الدينِ وَأَطَاعَ الرجُلُ امْرَأَتَهُ وَعَق أُمهُ وَأَدْنَى صَدِيقَهُ وَأَقْصَى أَبَاهُ وَظَهَرَتْ الْأَصْوَاتُ فِي الْمَسَاجِدِ وَسَادَ الْقَبِيلَةَ فَاسِقُهُمْ وَكَانَ زَعِيمُ الْقَوْمِ أَرْذَلَهُمْ وَأُكْرِمَ الرجُلُ مَخَافَةَ شَرهِ وَظَهَرَتْ الْقَيْنَاتُ وَالْمَعَازِفُ وَشُرِبَتْ الْخُمُورُ وَلَعَنَ آخِرُ هَذِهِ الْأُمةِ أَولَهَا فَلْيَرْتَقِبُوا عِنْدَ ذَلِكَ رِيحًا حَمْرَاءَ وَزَلْزَلَةً وَخَسْفًا وَمَسْخًا وَقَذْفًا وَآيَاتٍ تَتَابَعُ كَنِظَامٍ بَالٍ قُطِعَ سِلْكُهُ فَتَتَابَعَ.

9896 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئولجا ئىنسانلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ـ بايلىق، ئامانەت غەنىمەت، زاكات قەرز دەپ قارالغان، دىنىدىن باشقا مەقسەت ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىلگەن، ئەر كىشى ئايالىغا ئىتائەت قىلغان، ئانىسىنى قاخشاتقان، دوستىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، دادىسىدىن يىراقلاشقان، مەسجىدلەردە ۋاڭ ـ چۇڭ كۆپەيگەن، قەبىلىگە ئەڭ پەسكەش كىشى باشلىق بولغان، قەبىلىنىڭ باشلىقى ئۇلارنىڭ خار كىشىسىگە ئايلانغان، يامانلىق قىلىشىدىن قورقۇلغان كىشىگە ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىلگەن، ناخشىچى ئاياللار ۋە چالغۇ ئەسۋابلار كەڭ تارقالغان، ھاراقلار ئىچىلگەن، بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكىلىرى ئالدىنقىلىرىنى ئەيىبلىگەن چاغدا، قىزىل شامالنى، يەر تەۋرەشنى، يەر يۇتۇشنى، ئىنسانلارنىڭ مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشىنى،

① ئەلبانى (1774): سەھىھ ـ دېگەن.

تاش يېغىشنى ۋە قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشىنى كۈتۈڭلار»[1].

(تىرمىزى: 2211)

9897 ـ عن عَوْفَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ وَهُوَ فِي قُبةٍ مِنْ أَدَمٍ فَقَالَ اعْدُدْ سِتا بَيْنَ يَدَيْ الساعَةِ مَوْتِي ثُم فَتْحُ بَيْتِ الْمَقْدِسِ ثُم مُوْتَانٌ يَأْخُذُ فِيكُمْ كَقُعَاصِ الْغَنَمِ ثُم اسْتِفَاضَةُ الْمَالِ حَتى يُعْطَى الرجُلُ مِائَةَ دِينَارٍ فَيَظَل سَاخِطًا ثُم فِتْنَةٌ لَا يَبْقَى بَيْتٌ مِنْ الْعَرَبِ إِلا دَخَلَتْهُ ثُم هُدْنَةٌ تَكُونُ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ بَنِي الْأَصْفَرِ فَيَغْدِرُونَ فَيَأْتُونَكُمْ تَحْتَ ثَمَانِينَ غَايَةً تَحْتَ كُل غَايَةٍ اثْنَا عَشَرَ أَلْفًا.

9897 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ تېرىدىن ياسالغان بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

«قىيامەتتىن بۇرۇن بۇ ئالتە ئىشنى سانىغىن: مېنىڭ ئۆلۈمىم؛ بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئازاد قىلىنىشى؛ خۇددى قوي ۋاباسىدەك بىر ۋابانىڭ ئاراڭلاردا پەيدا بولۇشى؛ مال ـ دۇنيا كۆپىيىپ كېتىشى، (مال شۇ دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىدۇكى) بىر كىشىگە يۈز دىنار بېرىلسە، (رازى بولماي) ئاچچىغى كېلىپ قارايدۇ. ئەرەب ئۆيلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي (ھەممىسىگە) كىرىدىغان پىتنە؛ ئەسفەر ئوغۇللىرى (رۇملۇقلار) بىلەن ئاراڭلاردا بولىدىغان تىنچلىق كېلىشىمى؛ كېيىن ئۇلار كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، ئالدىڭلارغا 80 سانجاق ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. ھەر بىر سانجاق ئاستىدا 12 مىڭ ئەسكەر بولىدۇ».

(بۇخارى: 3176)

[1] ئەلبانى (387): زەئىپ، ـ دېگەن.

9898 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ حَفِظْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدِيثًا لَمْ أَنْسَهُ بَعْدُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن أَولَ الْآيَاتِ خُرُوجًا طُلُوعُ الشمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا وَخُرُوجُ الدابةِ عَلَى الناسِ ضُحًى وَأَيهُمَا مَا كَانَتْ قَبْلَ صَاحِبَتِهَا فَالْأُخْرَى عَلَى إِثْرِهَا قَرِيبًا.

9898 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى يادلىۋالغانىدىم:

«قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدىن بىرى، قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشى ۋە چاشكا ۋاقتىدا يەر ھايۋىنىنىڭ چىقىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ قايسىبىرى يەنە بىرىدىن بۇرۇن چىقسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا چىقىدۇ».

(مۇسلىم: 2941)

9899 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ يَرْفَعُهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَخْرُجُ الدابةُ فَتَسِمُ الناسَ عَلَى خَرَاطِيمِهِمْ ثُم يَغْمُرُونَ فِيكُمْ حَتى يَشْتَرِيَ الرجُلُ الْبَعِيرَ فَيَقُولُ مِمنْ اشْتَرَيْتَهُ فَيَقُولُ اشْتَرَيْتُهُ مِنْ أَحَدِ الْمُخَطمِينَ.

9899 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەر ھايۋىنى چىقىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىدۇ. ئاندىن ئۇلار (يەنى بەلگە سېلىنغانلار) ئاراڭلاردا ياشايدۇ. ھەتتا بىر كىشى تۆگە سېتىۋالغان بىر كىشىدىن: ''(تۆگىنى) كىمدىن سېتىۋالدىڭ؟'' دەپ سورىسا، ئۇ: ''بۇرنىغا بەلگە سېلىنغانلارنىڭ بىرىدىن سېتىۋالدىم'' دەپ جاۋاب بېرىدۇ[1].

(ئەھمەد: 21805)

[1] ھەيسەمى (12573): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەتىيەدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9900 ـ عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «بئس الشعب جياد» قالها مرتين أوثلاثة، قالوا: فيم ذاك يا رسول الله؟ قال: «تخرج الدابـة، فتصـرخ ثلاث صرخات، فيسمعها ما بين الخافقين».

9900 ـ ئەبـۇ هـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جىياد نېمىدېگەن يامـان ۋادىدۇر؟ ـ دېدى ۋە بۇ سۆزىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ساھابىلەر:

ــ نېمە ئۈچـۈن؟ ئـى رەسـۇلۇللاھ! ــ دەپ سـورىغانىدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چۈنكى ئۇ يەردىن يەر هايۋىنى چىقىپ، ئـۈچ قېتىم ھۆركىرەيدۇ. ئۇنىڭ ھۆركىرىشىنى مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ھەممە كىشى ئاڭلايدۇ، ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 1657)

9901 ـ عن حذيفة بن أسيد رفعه قال: «تخرج الدابة من أعظم المساجد حرمـة. فبينا هم قعود، إذ رنت الأرض، فبينا هم كذلك، إذ تصدعت».

9901 ـ ھـۇزەيفە ئىبنـى ئەسـىد رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەر ھـايۋىنى مەسجىدىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدىن چىقىدۇ. ئـۇلار شـۇ ھالەتتە تۇرغانلىرىدا يەر سىلكىنىدۇ، ئاندىن يېرىلىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

[①] ھەيسەمى (12577): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە رەباھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (12578): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9902 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بن عَمْرٍو قَالَ: قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَا طَلَعَتِ الشمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا يَخِر إِبْلِيسُ سَاجِدًا يُنَادِي: إِلَهِي مُرْنِي أَنْ أَسْجُدَ لِمَنْ شِئْتَ فَتَجْتَمِعُ إِلَيْهِ زَبَانِيَتُهُ فَيَقُولُونَ: يَا سَيدُهُمْ مَا هَذَا التضَرعُ؟ فَيَقُولُ: إِنمَا سَأَلْتُ رَبي أَنْ يُنْظِرَنِي إِلَى الْوَقْتِ الْمَعْلُومِ وَهَذَا الْوَقْتُ الْمَعْلُومُ ثُم تَخْرُجُ دَابةُ الأَرْضِ مِنْ صَدْعٍ فِي الصفَا فَأَولُ خَطْوَةٍ تَضَعُهَا بِأَنطَاكِيَةَ ثُم تَأْتِي إِبْلِيسَ فَتَلْطِمُهُ".

9902 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇياش غەربتىن چىققان ۋاقىتتا، شەيتان سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى يەرگە ئاتىدۇ ۋە: "ئى رەببىم! ماڭا بۇيرۇق قىلغىن، سەن خالىغان كىشىگە سەجدە قىلاي!" دەپ يالۋۇرىدۇ. زەبانىيلار (يەنى جەھەننەمگە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىلەر) دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ: "ئى ئۇلار (يەنى ئازغۇنلار)نىڭ كاتتىسى! نېمە ئۈچۈن بۇنداق يالۋۇرىۋاتىسەن؟" دەپ سورايدۇ. شەيتان: "رەببىمدىن مېنى مەلۇم بىر ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈشىنى تىلىگەن ئىدىم، شۇ كېچىكتۈرۈلگەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كېيىن سەفانىڭ يېرىلغان جايىدىن يەر ھايۋىنى چىقىپ، بىرىنچى قەدىمىنى ئانتاكياغا[1] قويىدۇ ۋە شەيتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى كاچاتلايدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

9903 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عُمْرَانُ بَيْتِ الْمَقْدِسِ خَرَابُ يَثْرِبَ وَخَرَابُ يَثْرِبَ خُرُوجُ الْمَلْحَمَةِ وَخُرُوجُ الْمَلْحَمَةِ فَتْحُ قُسْطَنْطِينِيةَ وَفَتْحُ الْقُسْطَنْطِينِيةِ خُرُوجُ الدجالِ ثُم ضَرَبَ بِيَدِهِ عَلَى فَخِذِ الذِي حَدثَهُ أَوْ مَنْكِبِهِ ثُم قَالَ إِن هَذَا لَحَق كَمَا أَنكَ هَاهُنَا أَوْ كَمَا أَنكَ قَاعِدٌ يَعْنِي مُعَاذَ بْنَ جَبَلٍ.

---

[1] ئانتاكيا ـ ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ھاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر رايوننىڭ ئىسمى.

[2] ھەيسەمى (12578): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەددە ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى زەبرىق ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9903 ـ مۇئـــاز ئىبنـــى جەبەل رەزىيەللاھـــۇ ئەنهـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«بەيتۇل مۇقەددەس ئاۋاتلىشىپ، يەسرىب (مەدىنە) خارابلىشىپ كېتىدۇ. يەسرىبنىڭ خارابلىشىپ كېتىشى، كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى دېمەكتۇر. كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى، قۇنستانتىنىپول (هازىرقى ئىستانبۇل)نىڭ ئازاد قىلىنىشى دېمەكتۇر. قۇنستانتىنىپولنىڭ ئازاد قىلىنىشى، دەججالنىڭ چىقىشى دېمەكتۇر». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ يوتىسىغا (ياكى دولىسىغا) قولى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېدى:
«بۇ، سېنىڭ (مۇئاز ئىبنى جەبەل نەزەردە تۇتۇلماقتا) بۇ يەردە ئولتۇرغىنىڭدەكلا ھەقىقەتتۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4294)

9904 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَلْحَمَةُ الْكُبْرَى وَفَتْحُ الْقُسْطَنْطِينِيةِ وَخُرُوجُ الدجالِ فِي سَبْعَةِ أَشْهُرٍ.

9904 ـ مۇئـــاز ئىبنـــى جەبەل رەزىيەللاھـــۇ ئەنهـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كاتتا ئۇرۇشنىڭ چىقىشى، قۇنستانتىنىپول (يەنى ئىستانبۇل)نىڭ ئازاد قىلىنىشى ۋە دەججالنىڭ چىقىشى يەتتە ئاي ئىچىدە يۈز بېرىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4295)

9905 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُسْرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَ الْمَلْحَمَةِ وَفَتْحِ الْمَدِينَةِ سِت سِنِينَ وَيَخْرُجُ الْمَسِيحُ الدجالُ فِي السابِعَةِ.

9905 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھـــۇ ئەنهـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (3609): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (925): زەئىپ، ـ دېگەن.

«كاتتا ئۇرۇش بىلەن ئىستانبۇلنىڭ فەتھە قىلىنىشى ئارىسىدا ئالتە يىل بار، يەتتىنچى يىلىدا دەججال چىقىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4296)

9906 ـ عَنْ عَبْد اللهِ بْنَ عَمْرٍو قَالَ: بَيْنَمَا نَحْنُ حَوْلَ رَسُولِ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ نَكْتُبُ إِذْ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ أَى الْمَدِينَتَيْنِ تُفْتَحُ أَولاً قُسْطَنْطِينِيةُ أَوْ رُومِيةُ؟ فَقَالَ النبِى ـ صلى الله عليه وسلم ـ :«لاَ، بَلْ مَدِينَةُ هِرَقْلَ أَولاً».

9906 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا (ئۇنىڭ سۆزلىرىنى) يېزىۋاتقان ئىدۇق، بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ـ قۇنستانتىنىيە بۇرۇن فەتھە قىلىنامدۇ، رۇمىيەمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەممىدىن بۇرۇن ھىرەقلىنىڭ شەھىرى (رۇمىيە) فەتھە قىلىنىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(دارىمى: 486)

9907 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَكُونُ فِي آخِرِ الْأُمةِ خَسْفٌ وَمَسْخٌ وَقَذْفٌ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَنَهْلِكُ وَفِينَا الصالِحُونَ قَالَ نَعَمْ إِذَا ظَهَرَ الْخُبْثُ.

9907 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرىدا يەر يۇتۇش، مايمۇن ۋە توڭگۇزغا ئايلىنىش، بېشىغا تاش يېغىش ھادىسىلىرى مەيدانغا كېلىدۇ، ـ دېدى. مەن (يەنى ئائىشە):

[1] ئەلبانى (926): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى ئىنسانلار بولسىمۇ، ھالاك بولامدۇق؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، زىنا كۆپەيگەندە (شۇنداق بولىدۇ)، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 2185)

9908 ـ عَنْ نَافِعِ بْنِ عُتْبَةَ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةٍ قَالَ فَأَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَوْمٌ مِنْ قِبَلِ الْمَغْرِبِ عَلَيْهِمْ ثِيَابُ الصوفِ فَوَافَقُوهُ عِنْدَ أَكَمَةٍ فَإِنهُمْ لَقِيَامٌ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاعِدٌ قَالَ فَقَالَتْ لِي نَفْسِي ائْتِهِمْ فَقُمْ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَهُ لَا يَغْتَالُونَهُ قَالَ ثُم قُلْتُ لَعَلهُ نَجِي مَعَهُمْ فَأَتَيْتُهُمْ فَقُمْتُ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَهُ قَالَ فَحَفِظْتُ مِنْهُ أَرْبَعَ كَلِمَاتٍ أَعُدهُن فِي يَدِي قَالَ تَغْزُونَ جَزِيرَةَ الْعَرَبِ فَيَفْتَحُهَا اللهُ ثُم فَارِسَ فَيَفْتَحُهَا اللهُ ثُم تَغْزُونَ الرومَ فَيَفْتَحُهَا اللهُ ثُم تَغْزُونَ الدجالَ فَيَفْتَحُهُ اللهُ.

9908 ــ نافىئ ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر غازاتقا چىقتۇق. ئۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا مەغرىب تەرەپتىن بىر قەۋم كەلدى. ئۇلار ئۇستىگە يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەكەمە دېگەن جايدا ئۇچراشتى. ئۇلار تىك تۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئولتۇرغان ئىدى. نەپسىم ماڭا: "بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرغىن! ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىسۇن" دەيتتى. ئۆز ئىچىمدە: "بەلكىم ئۇلار بىلەن بىر پايدىلىق ئىشنى مەسلىھەت قىلىشۋاتقان بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدىم ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئېيتقان سۆزلىرىدىن تۆت ئېغىزنى يادقا ئېلىۋالدىم. ئۇلارنى قولۇمدا (بىر ـ بىرلەپ) ساناپ بېرىمەن: «ئەرەب ئارىلىغا ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇنى فەتىھ قىلىسىلەر. فارسلار بىلەن ئۇرۇشىسىلەر، الله سىلەرگە فەتىھنى

[1] ئەلبانى (1776): سەھىھ ـ دېگەن.

مۇيەسسەر قىلىدۇ. رۇملۇقلار بىلەنمۇ ئۇرۇشىسىلەر، الله سىلەرگە يەنە فەتىھنى مۇيەسسەر قىلىدۇ. كېيىن دەججال بىلەن ئۇرۇشىسىلەر، الله بۇنىڭدىمۇ سىلەرگە زەپەر ئاتا قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2900)

9909 ـ عن جَابِرِ بْن عَبْدِ اللهِ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَبْـلَ أَنْ يَمُوتَ بِشَهْرٍ تَسْأَلُونِي عَنْ الساعَةِ وَإِنمَا عِلْمُهَا عِنْدَ اللهِ وَأُقْسِمُ بِاللهِ مَا عَلَى الْأَرْضِ مِنْ نَفْسٍ مَنْفُوسَةٍ تَأْتِي عَلَيْهَا مِائَةُ سَنَةٍ.

9909 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «سىلەر مەندىن قىيامەت ھەققىدە سورايسىلەر، ئەمما قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى اللەتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھازىر نەپەس ئېلىۋاتقان (ياشاۋاتقان) ئىنسانلارنىڭ ھېچ بىرى يۈز يىلدىن كۆپ ياشىمايدۇ».

(مۇسلىم: 2538)

9910 ـ عن ابن عمر بنحوه؛ وفيه: يُرِيدُ بِذَلِكَ أَنهَا تَخْرِمُ ذَلِكَ الْقَرْنَ.

9910 ـ بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يۇقىرىقىنىڭ ئوخشىشىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىستىكى سۆزىدىن شۇ ئەسىردىكى ئىنسانلارنى مەقسەت قىلغان.

(بۇخارى: 601)

9911 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رِجَالٌ مِنْ الْأَعْرَابِ جُفَاةً يَأْتُونَ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَسْأَلُونَهُ مَتَى الساعَةُ فَكَانَ يَنظُرُ إِلَى أَصْغَرِهِمْ فَيَقُولُ إِنْ يَعِشْ هَذَا لَا يُدْرِكْـهُ الْهَرَمُ حَتى تَقُومَ عَلَيْكُمْ سَاعَتُكُمْ قَالَ هِشَامٌ يَعْنِي مَوْتَهُمْ.

9911 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەھرا ئەرەبلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغلىرىدا:

— قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىشاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىككىگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بۇ بالا ياشىسا، ئۇ قېرىشتىن بۇرۇن سىلەرنىڭ قىيامىتىڭلار قائىم بولىدۇ، يەنى سىلەر ئۆلۈپ بولىسىلەر. ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى.

(بۇخارى: 6511)

9912 ـ أبو سعيد الخدري ـ رضي الله عنه ـ قال: قال رسولُ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ : «لاَ تَأْتِى مِائَةُ سَنَةٍ وَعَلَى الأَرْضِ نَفْسٌ مَنْفُوسَةٌ الْيَوْمَ».

9912 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۈگۈندىن باشلاپ 100 يىل ئۆتكەندە، يەر يۈزىدە (ھازىر ياشاۋاتقانلاردىن) بىرمۇ كىشى قالمايدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9913 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ لَمْ يَبْقَ مِنْ الدنْيَا إِلا يَوْمٌ قَالَ زَائِدَةُ فِي حَدِيثِهِ لَطَولَ اللهُ ذَلِكَ الْيَوْمَ ثُم اتفَقُوا حَتى يَبْعَثَ فِيهِ رَجُلًا مِني أَوْ مِنْ أَهْلِ بَيْتِي يُوَاطِئُ اسْمُهُ اسْمِي وَاسْمُ أَبِيهِ اسْمُ أَبِي زَادَ فِي حَدِيثِ فِطْرٍ يَمْلَأُ الْأَرْضَ قِسْطًا وَعَدْلًا كَمَا مُلِئَتْ ظُلْمًا وَجَوْرًا.

9913 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇنيادا (قىيامەتكە) بىر كۈن قالغان بولسىمۇ، الله ئۇ كۈننى ئۇزارتىدۇ. كېيىن ئۇ كۈندە مەندىن ۋە ياكى مېنىڭ ئەھلىمدىن ئىسمى ئىسمىغا، دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىغان بىر

كىشىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ كىشى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپقا تولدۇرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4282)

9914 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْمَهْدِي مِنْ عِتْرَتِي مِنْ وَلَدِ فَاطِمَةَ.

9914 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەھدى مېنىڭ نەسلىمدىن، فاتىمەنىڭ ئەۋلادىدىندۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4284)

9915 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَهْدِي مِني أَجْلَى الْجَبْهَةِ أَقْنَى الْأَنفِ يَمْلَأُ الْأَرْضَ قِسْطًا وَعَدْلًا كَمَا مُلِئَتْ جَوْرًا وَظُلْمًا يَمْلِكُ سَبْعَ سِنِينَ.

9915 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەھدى مېنىڭ نەسلىمدىندۇر. ئۇنىڭ ماڭلىيىنىڭ چېچى ئاز، قاڭشارلىق كېلىدۇ. ئۇ يەتتە يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بىلەن تولغان يەر يۈزىنى ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن تولدۇرىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4285)

[1] ئەلبانى (3601): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3603): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (3604): ھەسەن، ـ دېگەن.

9916 ـ قَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَنظَرَ إِلَى ابْنِهِ الْحَسَنِ فَقَالَ إِن ابْنِي هَذَا سَـيدٌ كَمَا سَماهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَيَخْرُجُ مِنْ صُلْبِهِ رَجُلٌ يُسَمى بِاسْمِ نَبِيكُمْ يُشْبِهُهُ فِي الْخُلُقِ وَلَا يُشْبِهُهُ فِي الْخَلْقِ.

9916 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

ــ مېنىڭ بۇ ئوغلۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك سەييىدتۇر. ئۇنىڭ نەسلىدىن بىر ئادەم چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئىسمى (بىلەن ئوخشاش) بولىدۇ، ئەخلاقتا ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئەمما تەن قۇرۇلۇشى ئوخشىمايدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4290)

9917 ـ عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَهْدِي مِنا أَهْلَ الْبَيْتِ يُصْلِحُهُ اللهُ فِي لَيْلَةٍ.

9917 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەھدى بىزدىن، ئەھلى بەيتتىن بولىدۇ. الله ئۇنى بىر كېچىدە شۇ ماقامغا كۆتۈرىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 4085)

9918 ـ عن فَاطِمَةَ بِنْتَ قَيْسٍ قالت: سَمِعْتُ نِدَاءَ الْمُنَادِي مُنَادِي رَسُـولِ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُنَادِي الصلَاةَ جَامِعَةً فَخَرَجْتُ إِلَى الْمَسْجِدِ فَصَلَيْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكُنْتُ فِي صَف النسَاءِ التِي تَلِي ظُهُورَ الْقَوْمِ فَلَما قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاتَهُ جَلَسَ عَلَى الْمِنْبَرِ وَهُوَ يَضْحَكُ فَقَالَ لِيَلْزَمْ كُل إِنْسَانٍ مُصَلاهُ ثُم قَالَ أَتَدْرُونَ لِمَ جَمَعْتُكُمْ قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ إِني وَاللهِ مَا جَمَعْتُكُمْ لِرَغْبَةٍ وَلَـا

[1] ئەلبانى (924): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3300): ھەسەن، ـ دېگەن.

لِرَهْبَةٍ وَلَكِنْ جَمَعْتُكُمْ لِأَن تَمِيمًا الدارِي كَانَ رَجُلًا نَصْرَانِيا فَجَاءَ فَبَايَعَ وَأَسْلَمَ وَحَدثَنِي
حَدِيثًا وَافَقَ الذِي كُنْتُ أُحَدثُكُمْ عَنْ مَسِيحِ الدجالِ حَدثَنِي أَنهُ رَكِبَ فِي سَفِينَةٍ بَحْرِيةٍ
مَعَ ثَلَاثِينَ رَجُلًا مِنْ لَخْمٍ وَجُذَامَ فَلَعِبَ بِهِمْ الْمَوْجُ شَهْرًا فِي الْبَحْرِ ثُم أَرْفَئُوا إِلَى جَزِيرَةٍ
فِي الْبَحْرِ حَتى مَغْرِبِ الشمْسِ فَجَلَسُوا فِي أَقْرُبْ السفِينَةِ فَدَخَلُوا الْجَزِيرَةَ فَلَقِيَتْهُمْ دَابةٌ
أَهْلَبُ كَثِيرُ الشعَرِ لَا يَدْرُونَ مَا قُبُلُهُ مِنْ دُبُرِهِ مِنْ كَثْرَةِ الشعَرِ فَقَالُوا وَيْلَكِ مَا أَنتِ فَقَالَتْ
أَنَا الْجَساسَةُ قَالُوا وَمَا الْجَساسَةُ قَالَتْ أَيهَا الْقَوْمُ انْطَلِقُوا إِلَى هَذَا الرجُلِ فِي الديْرِ فَإِنهُ إِلَى
خَبَرِكُمْ بِالْأَشْوَاقِ قَالَ لَما سَمتْ لَنا رَجُلًا فَرِقْنا مِنْهَا أَنْ تَكُونَ شَيْطَانَةً قَالَ فَانْطَلَقْنا سِرَاعًا
حَتى دَخَلْنا الديْرَ فَإِذَا فِيهِ أَعْظَمُ إِنْسَانٍ رَأَيْنَاهُ قَط خَلْقًا وَأَشَدهُ وِثَاقًا مَجْمُوعَةٌ يَدَاهُ إِلَى
عُنُقِهِ مَا بَيْنَ رُكْبَتَيْهِ إِلَى كَعْبَيْهِ بِالْحَدِيدِ قُلْنا وَيْلَكَ مَا أَنتَ قَالَ قَدْ قَدَرْتُمْ عَلَى خَبَرِي
فَأَخْبِرُونِي مَا أَنْتُمْ قَالُوا نَحْنُ أُناسٌ مِنْ الْعَرَبِ رَكِبْنا فِي سَفِينَةٍ بَحْرِيةٍ فَصَادَفْنا الْبَحْرَ حِينَ
اغْتَلَمَ فَلَعِبَ بِنَا الْمَوْجُ شَهْرًا ثُم أَرْفَأْنا إِلَى جَزِيرَتِكَ هَذِهِ فَجَلَسْنا فِي أَقْرُبِهَا فَدَخَلْنا
الْجَزِيرَةَ فَلَقِيَتْنا دَابةٌ أَهْلَبُ كَثِيرُ الشعَرِ لَا يُدْرَى مَا قُبُلُهُ مِنْ دُبُرِهِ مِنْ كَثْرَةِ الشعَرِ فَقُلْنا
وَيْلَكِ مَا أَنتِ فَقَالَتْ أَنا الْجَساسَةُ قُلْنا وَمَا الْجَساسَةُ قَالَتْ اعْمِدُوا إِلَى هَذَا الرجُلِ فِي
الديْرِ فَإِنهُ إِلَى خَبَرِكُمْ بِالْأَشْوَاقِ فَأَقْبَلْنا إِلَيْكَ سِرَاعًا وَفَزِعْنا مِنْهَا وَلَمْ نَأْمَنْ أَنْ تَكُونَ
شَيْطَانَةً فَقَالَ أَخْبِرُونِي عَنْ نَخْلِ بَيْسَانَ قُلْنا عَنْ أَي شَأْنِهَا تَسْتَخْبِرُ قَالَ أَسْأَلُكُمْ عَنْ نَخْلِهَا
هَلْ يُثْمِرُ قُلْنا لَهُ نَعَمْ قَالَ أَمَا إِنهُ يُوشِكُ أَنْ لَا تُثْمِرَ قَالَ أَخْبِرُونِي عَنْ بُحَيْرَةِ الطبَرِيةِ قُلْنا عَنْ
أَي شَأْنِهَا تَسْتَخْبِرُ قَالَ هَلْ فِيهَا مَاءٌ قَالُوا هِيَ كَثِيرَةُ الْمَاءِ قَالَ أَمَا إِن مَاءَهَا يُوشِكُ أَنْ
يَذْهَبَ قَالَ أَخْبِرُونِي عَنْ عَيْنِ زُغَرَ قَالُوا عَنْ أَي شَأْنِهَا تَسْتَخْبِرُ قَالَ هَلْ فِي الْعَيْنِ مَاءٌ وَهَلْ
يَزْرَعُ أَهْلُهَا بِمَاءِ الْعَيْنِ قُلْنا لَهُ نَعَمْ هِيَ كَثِيرَةُ الْمَاءِ وَأَهْلُهَا يَزْرَعُونَ مِنْ مَائِهَا قَالَ أَخْبِرُونِي
عَنْ نَبِي الْأُميينَ مَا فَعَلَ قَالُوا قَدْ خَرَجَ مِنْ مَكةَ وَنَزَلَ يَثْرِبَ قَالَ أَقَاتَلَهُ الْعَرَبُ قُلْنا نَعَمْ قَالَ
كَيْفَ صَنَعَ بِهِمْ فَأَخْبَرْنَاهُ أَنهُ قَدْ ظَهَرَ عَلَى مَنْ يَلِيهِ مِنْ الْعَرَبِ وَأَطَاعُوهُ قَالَ لَهُمْ قَدْ كَانَ
ذَلِكَ قُلْنا نَعَمْ قَالَ أَمَا إِن ذَاكَ خَيْرٌ لَهُمْ أَنْ يُطِيعُوهُ وَإِني مُخْبِرُكُمْ عَني إِني أَنا الْمَسِيحُ
وَإِني أُوشِكُ أَنْ يُؤْذَنَ لِي فِي الْخُرُوجِ فَأَخْرُجَ فَأَسِيرَ فِي الْأَرْضِ فَلَا أَدَعَ قَرْيَةً إِلا هَبَطْتُهَا
فِي أَرْبَعِينَ لَيْلَةً غَيْرَ مَكةَ وَطَيْبَةَ فَهُمَا مُحَرمَتَانِ عَلَي كِلْتَاهُمَا كُلمَا أَرَدْتُ أَنْ أَدْخُلَ وَاحِدَةً

أَوْ وَاحِدًا مِنْهُمَا اسْتَقْبَلَنِي مَلَكٌ بِيَدِهِ السَّيْفُ صَلْتًا يَصُدُّنِي عَنْهَا وَإِنَّ عَلَى كُلِّ نَقْبٍ مِنْهَا مَلَائِكَةً يَحْرُسُونَهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَطَعَنَ بِمِخْصَرَتِهِ فِي الْمِنْبَرِ هَذِهِ طَيْبَةُ هَذِهِ طَيْبَةُ هَذِهِ طَيْبَةُ يَعْنِي الْمَدِينَةَ أَلَا هَلْ كُنْتُ حَدَّثْتُكُمْ ذَلِكَ فَقَالَ النَّاسُ نَعَمْ فَإِنَّهُ أَعْجَبَنِي حَدِيثُ تَمِيمٍ أَنَّهُ وَافَقَ الَّذِي كُنْتُ أُحَدِّثُكُمْ عَنْهُ وَعَنْ الْمَدِينَةِ وَمَكَّةَ أَلَا إِنَّهُ فِي بَحْرِ الشَّأْمِ أَوْ بَحْرِ الْيَمَنِ لَا بَلْ مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ مَا هُوَ مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ مَا هُوَ مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ مَا هُوَ وَأَوْمَأَ بِيَدِهِ إِلَى الْمَشْرِقِ قَالَتْ فَحَفِظْتُ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

9918 ــ فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسىنىڭ: ”ئەي جامائەت، نامازغا كېلىڭلار!“ دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەسجىدكە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ تۇرغان ئاياللارنىڭ قاتارىدا ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنبەردە ئولتۇرۇپ:

ــ ھېچكىم (ناماز ئوقۇغان) يېرىدىن قىمىرلىمىسۇن! ــ دېدى. ئاندىن:

- سىلەرنى نېمە ئۈچۈن يىغقىنىمنى بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى. جامائەت:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنى بىر ئىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن چاقىرمىدىم، بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈن چاقىردىمكى، تەمىم دارى بىر ناسارا ئىدى، ئۇ كېلىپ، ماڭا بەيئەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ماڭا مېنىڭ سىلەرگە دەججال ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: مەن لەخم ۋە جۇزام قەبىلىسىدىن 30 كىشى بىلەن بىرلىكتە كېمىگە چىقتىم. كېمىدە بىر ئاي دېڭىز

دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشتۇق. دولقۇنلار بىزنى كۆپ پېتىش تەرەپتىكى بىر ئارالغا ئېلىپ باردى. كېيىن كىچىك قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ، ئارالغا كىردۇق. ئالدىمىزغا ئاجايىپ تۈكلۈك بىر مەخلۇق ئۇچرىدى. ئۇنىڭ تۈكى شۇنداق كۆپ ئىكەنكى، ئارقا تەرىپىدىن قارىسا، ئالدى تەرىپى كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن: سەن كىم؟ - دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ: مەن جەسساسە، - دېدى. بىز: جەسساسە دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىدۇق. ئۇ: ئى جامائەت! چېركاۋدىكى پالانى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ سىلەرنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ، - دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قورقتۇق ۋە ئۇنىڭ شەيتان بولۇپ قېلىشىدىن گۇمانلاندۇق. دەرھال چېركاۋغا بېرىپ، قامىتى بەكمۇ يوغان بىر ئادەمنى كۆردۇق. ھاياتىمىزدا بۇنداق قامەتلىك ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ئۇنىڭ قوللىرى بوينىغا چىڭ باغلانغان بولۇپ، تىزىنىڭ تۆۋىنىگە ئىشكەل سېلىنغانىدى. ئۇنىڭغا: ۋاي بىچارە! بۇ نېمە ئەھۋال؟ - دەپ سورىدۇق. ئۇ: سىلەر مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر تاپتىڭلار، ئەمدى ئۆزەڭلارنى تونۇشتۇرۇڭلار! — دېدى. بىز: بىز ئەرەبلەردىن بىر جامائەتمىز، كېمىگە چىقىپ دېڭىزغا يول ئالدۇق. دېڭىز دولقۇنلىرى بىز بىلەن بىر ئاي ئېلىشتى، ئاخىرى دولقۇنلار بىزنى بۇ ئارالغا ئېلىپ كەلدى. قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ ئارالغا كىرىپ كەلدۇق. ئاندىن پۈتۈن بەدىنىنى تۈك بېسىپ كەتكەن بىر مەخلۇقنى ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالدى بىلەن ئارقىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغانىدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ جەسساسە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز جەسساسەنىڭ نېمىلىكىنى سورىغانىدۇق، ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ چېركاۋغا كېلىشىمىزنى، بۇ يەردە بىزنى كۈتۈۋاتقان ۋە خەۋىرىمىزگە مۇشتاق بولۇۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسەن بۇ يەرگە كەلدۇق ۋە سىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندۇق، - دېدۇق. ئۇ: ماڭا بەيسان خورمىلىقىدىن خەۋەر بېرىڭلار؟ - دېدى. بىز: ئۇنى نېمە ئۈچۈن سوراپ قالدىڭ؟ - دېيىشتۇق، ئۇ: ئۇنىڭ خورمىسىنى سورىماقچىمەن، ئۇ خورما دەرەخلىرى ھازىرمۇ مېۋە

بېرىۋاتامدۇ؟ - دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، - دېدۇق. ئۇ: ئەمما ئۇنىڭ خورما بەرمەسلىكىگە ئاز قالدى. ئەمدى تەبەرىيە كۆلى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار! - دېدى. بىز: ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن؟ - دېگەنىدۇق، ئۇ: ئۇنىڭدا سۇ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. بىز: سۈيى كۆپ، - دېدۇق. ئۇ: ئەمما ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تۈگىشىگە ئاز قالدى. ئەمدى زۇغەر بۇلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار؟ - دېدى. ئۇنىڭدىن: ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن؟ - دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ: ئۇ بۇلاقتا ھازىرمۇ سۇ بارمۇ؟ ئادەملەر ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېتىزلىرىنى سۇغۇرىۋاتامدۇ؟ - دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، ئۇنىڭ سۈيى كۆپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن ئادەملەر ئېتىزلىرىنى سۇغىرىۋاتىدۇ، - دېدۇق. ئۇ: ئەمدى ساۋاتسىز پەيغەمبەرنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار! - دېدى. بىز: ئۇ مەككىدىن چىقىپ، مەدىنەگە كەلدى، - دېدۇق. ئۇ: ئەرەبلەر ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشتىمۇ؟ - دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، - دېدۇق. ئۇ: ئۇلارنى نېمە قىلدى؟ - دەپ سورىدى. بىز: ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇندى، - دېدۇق. ئۇ: ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، - دېدۇق. ئۇ: ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنىشى بەكمۇ ياخشىدۇر، مەن سىلەرگە ئۆزەمنى تونۇشتۇراي. مەن دەججال بولىمەن. يەر يۈزىگە چىقىشىم ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدىغانغا ئاز ۋاقىت قالدى. مەن مەككە بىلەن مەدىنىدىن باشقا ھەممە يەرنى كېزىپ، يەر يۈزىدە 40 كېچە تۇرىمەن. مېنىڭ مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرىشىم ھارام قىلىنغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە كىرىشنى خالىسام، قولىدا قىلىچ تۇتقان بىر پەرىشتە مېنى ئۇ يەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشىكىنى قوغداشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر بار، - دېدى.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلاتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى مۇنبەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ بۇ تەيبە، بۇ تەيبە، بۇ تەيبە (يەنى مەدىنە)، بۇنى سىلەرگە ئاڭلاتمىغانمىدىم؟ - دېدى. جامائەت بىردەك:

- ئاڭلاتقانىدىڭ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ تەمىمنىڭ ئېيتقانلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى مېنىڭ سىلەرگە مەككە بىلەن مەدىنە ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىمگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ شام ياكى يەمەن دېڭىزىدا. ياق، شەرق تەرەپتە. شۇنداق، ئۇ شەرق تەرەپتىن زاھىر بولىدۇ، شەرق تەرەپتىن زاھىر بولىدۇ، ـ دېدى ۋە قولى بىلەن شەرق تەرەپنى كۆرسەتتى.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇنداق ئاڭلاپ ياد ئېلىۋالغانىدىم، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 2942)

9919 ـ ومن رواياته: فَسَمِعْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُـوَ عَلَـى الْمِنْبَـرِ يَخْطُبُ فَقَالَ إِن بَنِي عَم لِتَمِيمٍ الداري رَكِبُوا فِي الْبَحْرِ وَسَاقَ الْحَدِيثَ.

9919 ـ ئۇنىڭ باشقا رىۋايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «تەمىم دارىنىڭ تاغا تەرەپ ئوغۇللىرى كېمىگە چىقتى»... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

9920 ـ ومنه: فَأَخْرَجَهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الناسِ فَحَدثَهُمْ.

9920 ـ ئۇنىڭ يەنە باشقا رىۋايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمىمنى جامائەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، ۋەقەلىكنى ئۇلارغا سۆزلەتتى.

9921 ـ ومنها: فَقَالَ أَيهَا الناسُ حَدثَنِي تَمِيمٌ الداري أَن أُنَاسًا مِنْ قَوْمِهِ كَانُوا فِي الْبَحْرِ فِي سَفِينَةٍ لَهُمْ فَانْكَسَرَتْ بِهِمْ فَرَكِبَ بَعْضُهُمْ عَلَى لَوْحٍ مِنْ أَلْوَاحِ السفِينَةِ فَخَرَجُوا إِلَى جَزِيرَةٍ فِي الْبَحْرِ وَسَاقَ الْحَدِيثَ.

9921 ـ ئۇنىڭ يەنە باشقا رىۋايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق خىتاب قىلدى: «ئى جامائەت! تەمىم دارى ماڭا بۇنى ئاڭلاتتى، قەۋمىدىن بىر گۇرۇھ ئىنسان ئۆزلىرىنىڭ كېمىسى بىلەن دېڭىز سەپىرىگە چىققان ئىدى، ئۇلارنىڭ كېمىسى

پارچىلىنىپ كەتتى. بەزىلىرى كېمە تاختىلىرىغا ئېسىلىپ، ئارالغا يېتىپ باردى...» ئاخىرى يۇقىرىقىدىكىگە ئوخشاش.

9922 ـ ومنها: صَلى الظهْرَ ثُم صَعِدَ الْمِنْبَرَ.

9922 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن مۇنبەرگە چىقىپ... داۋامى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

(مۇسلىم: 2942)

9923 ـ عَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أخرَ الْعِشَاءَ الْآخِرَةَ ذَاتَ لَيْلَةٍ ثُم خَرَجَ فَقَالَ إنهُ حَبَسَنِي حَدِيثٌ كَانَ يُحَدثُنِيهِ تَمِيمٌ الدارِي عَنْ رَجُلٍ كَانَ فِي جَزِيرَةٍ مِنْ جَزَائِرِ الْبَحْرِ فَإِذَا أنا بِامْرَأةٍ تَجُر شَعْرَهَا قَالَ مَا أنتِ قَالَتْ أنا الْجَساسَةُ اذْهَبْ إلَى ذَلِكَ الْقَصْرِ فَأَتَيْتُهُ فَإِذَا رَجُلٌ يَجُر شَعْرَهُ مُسَلْسَلٌ فِي الْأَغْلَالِ يَنْزُو فِيمَا بَيْنَ السمَاءِ وَالْأَرْضِ.

9923 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچە خۇپتەن نامىزىنى بىر ئاز كېچىكتۈردى، كېيىن چىقىپ مۇنداق دېدى: «مېنى كېچىكتۈرگەن نەرسە تەمىم دارىنىڭ ئارالدا ئۇچراشقان ئادەم ھەققىدە ئاڭلاتقان ھېكايىسىدۇر... ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: مەن جەسساسە بولىمەن، ئاۋۇ قەسىرگە بارغىن! ـ دېدى. مەن ئۇيەرگە باردىم. قارىسام، چېچى يەرگە سۆرىلىپ قالغان، زەنجىر بىلەن باغلانغان، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا توختىماي سەكرەۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردۈم...»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4325)

9924 ـ ومنها: أن نَاسًا مِنْ أهْلِ فِلَسْطِينَ رَكِبُوا سَفِينَةً فِي الْبَحْرِ فَجَالَتْ بِهِمْ حَتى قَذَفَتْهُمْ فِي جَزِيرَةٍ مِنْ جَزَائِرِ الْبَحْرِ فَإِذَا هُمْ بِدَابةٍ لَباسَةٍ نَاشِرَةٍ شَعْرَهَا فَقَالُوا مَا أنتِ قَالَتْ أنا الْجَساسَةُ قَالُوا فَأَخْبِرِينَا قَالَتْ لَا أُخْبِرُكُمْ وَلَا أَسْتَخْبِرُكُمْ وَلَكِنْ ائْتُوا أقْصَى الْقَرْيَةِ

---

[1] ئەلبانى (3636): سەھىھ ـ دېگەن.

فَإِن ثَم مَنْ يُخْبِرُكُمْ وَيَسْتَخْبِرُكُمْ فَأَتَيْنَا أَقْصَى الْقَرْيَةِ فَإِذَا رَجُلٌ مُوثَقٌ بِسِلْسِلَةٍ فَقَالَ أَخْبِرُونِي عَنْ عَيْنِ زُغَرَ قُلْنَا مَلْأَى تَدْفُقُ قَالَ أَخْبِرُونِي عَنْ الْبُحَيْرَةِ قُلْنَا مَلْأَى تَدْفُقُ قَالَ أَخْبِرُونِي عَنْ نَخْلِ بَيْسَانَ الذِي بَيْنَ الْأُرْدُن وَفِلَسْطِينَ هَلْ أَطْعَمَ قُلْنَا نَعَمْ.

9924 ـ ئۇنىڭ باشقا بىر رىۋايىتىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: پەلەستىن ئەھلىدىن بىر گۇرۇھ كىشى كېمىگە چىقىپ، يولغا ئاتلىنىپتۇ، دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇلارنى ئاراللاردىن بىرىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇلارغا پۈتۈن ئەزايىنى تۈك بېسىپ كەتكەن بىر مەخلۇق يولۇقۇپتۇ. ئۇنىڭدىن:

ـ سەن كىم؟ ـ دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

ـ مەن جەسساسە، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار:

ـ بىزگە ئەھۋالىڭنى ئېيتقىن! ـ دېگەنىكەن، ئۇ:

ــ سىلەرگە ھېچنېمە ئېيتمايمەن، سىلەردىنمۇ سورىمايمەن. بۇ مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغا بارساڭلار، شۇ يەردە سىلەرگە ئەھۋال بىلدۈرىدىغان ۋە سىلەردىن سوئال سورايدىغان بىرىنى تاپىسىلەر، ـ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپتۇ ۋە زەنجىرگە باغلانغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ:

ـ زۇغەر بۇلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار! ـ دەپتۇ. ئۇلار:

ـ بۇلاقنىڭ سۈلىرى ئېتىلىپ چىقىۋاتىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ:

ـ كۆل ھەققىدە خەۋەر بېرىڭلار! ـ دەپتۇ. ئۇلار:

ـ كۆلنىڭ سۈيى تېشىپ تۇرىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇ:

ـ پەلەستىن بىلەن ئەئوردانىيە ئارىسىدىكى بەيسان خورمىزارلىقى مېۋە بېرىۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

ـ شۇنداق، مېۋە بېرىۋاتىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ[1].

(تىرمىزى: 2253)

[1] ئەلبانى (1837): سەھىھ ـ دېگەن.

9925 ـ وله عن جابر نحوه؛ وفيه: قَالَ شَهِدَ جَابِرٌ أَنَّهُ هُوَ ابْنُ صَيادٍ قُلْتُ فَإِنَّهُ قَدْ مَاتَ قَالَ وَإِنْ مَاتَ قُلْتُ فَإِنَّهُ أَسْلَمَ قَالَ وَإِنْ أَسْلَمَ قُلْتُ فَإِنَّهُ قَدْ دَخَلَ الْمَدِينَةَ قَالَ وَإِنْ دَخَلَ الْمَدِينَةَ.

9925 ـ ئەبۇ داۋۇد جابىردىنمۇ بۇنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جابىرنىڭ ئۇنىڭ (يەنى دەججالنىڭ) ئىبنى سەيياد ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئۇنىڭغا:

ـ ئەمما ئۇ (ئىبنى سەيياد) ئۆلدى، ـ دېگەنىدىم، جابىر:

ـ ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ (دەججالدۇر)، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ (ئىبنى سەيياد) مۇسۇلمان بولغان، ـ دېگەنىدىم، جابىر:

ـ مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ (دەججالدۇر)، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ (ئىبنى سەيياد) مەدىنىگە كىردى، ـ دېگەنىدىم، جابىر:

ـ مەدىنىگە كىرگەن بولسىمۇ (دەججالدۇر)، ـ دېدى.

9926 ـ عَنْ النواسِ بْنِ سَمْعَانَ قَالَ ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الدجالَ ذَاتَ غَدَاةٍ فَخَفضَ فِيهِ وَرَفعَ حَتى ظَنناهُ فِي طَائِفَةِ النخْلِ فَلَما رُحْنَا إِلَيْهِ عَرَفَ ذَلِكَ فِينَا فَقَالَ مَا شَأْنُكُمْ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ ذَكَرْتَ الدجالَ غَدَاةً فَخَفضْتَ فِيهِ وَرَفعْتَ حَتى ظَنناهُ فِي طَائِفَةِ النخْلِ فَقَالَ غَيْرُ الدجالِ أَخْوَفُنِي عَلَيْكُمْ إِنْ يَخْرُجْ وَأَنَا فِيكُمْ فَأَنَا حَجِيجُهُ دُونَكُمْ وَإِنْ يَخْرُجْ وَلَسْتُ فِيكُمْ فَامْرُؤٌ حَجِيجُ نَفْسِهِ وَاللهُ خَلِيفَتِي عَلَى كُل مُسْلِمٍ إِنهُ شَاب قَطَطٌ عَيْنُهُ طَافِئَةٌ كَأَني أُشَبهُهُ بِعَبْدِ الْعُزى بْنِ قَطَنٍ فَمَنْ أَدْرَكَهُ مِنْكُمْ فَلْيَقْرَأْ عَلَيْهِ فَوَاتِحَ سُورَةِ الْكَهْفِ إِنهُ خَارِجٌ خَلةً بَيْنَ الشأْمِ وَالْعِرَاقِ فَعَاثَ يَمِينًا وَعَاثَ شِمَالًا يَا عِبَادَ اللهِ فَاثْبُتُوا قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا لَبْثُهُ فِي الْأَرْضِ قَالَ أَرْبَعُونَ يَوْمًا يَوْمٌ كَسَنَةٍ وَيَوْمٌ كَشَهْرٍ وَيَوْمٌ كَجُمُعَةٍ وَسَائِرُ أَيامِهِ كَأَيامِكُمْ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ فَذَلِكَ الْيَوْمُ الذِي كَسَنَةٍ أَتَكْفِينَا فِيهِ صَلَاةُ يَوْمٍ قَالَ لَا اقْدُرُوا لَهُ قَدْرَهُ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا إِسْرَاعُهُ فِي الْأَرْضِ قَالَ كَالْغَيْثِ اسْتَدْبَرَتْهُ الريحُ فَيَأْتِي عَلَى الْقَوْمِ فَيَدْعُوهُمْ فَيُؤْمِنُونَ بِهِ وَيَسْتَجِيبُونَ لَهُ فَيَأْمُرُ السمَاءَ فَتُمْطِرُ وَالْأَرْضَ فَتُنْبِتُ فَتَرُوحُ عَلَيْهِمْ سَارِحَتُهُمْ أَطْوَلَ مَا كَانَتْ ذُرًا وَأَسْبَغَهُ ضُرُوعًا وَأَمَدهُ خَوَاصِرَ ثُم يَأْتِي الْقَوْمَ فَيَدْعُوهُمْ فَيَرُدونَ عَلَيْهِ قَوْلَهُ فَيَنْصَرِفُ عَنْهُمْ فَيُصْبِحُونَ مُمْحِلِينَ لَيْسَ بِأَيْدِيهِمْ شَيْءٌ مِنْ أَمْوَالِهِمْ وَيَمُر بِالْخَرِبَةِ فَيَقُولُ لَهَا أَخْرِجِي كُنُوزَكِ فَتَتْبَعُهُ كُنُوزُهَا

كَيَعَاسِيبِ النحْلِ ثُم يَدْعُو رَجُلًا مُمْتَلِئًا شَبَابًا فَيَضْرِبُهُ بِالسيْفِ فَيَقْطَعُهُ جَزْلَتَيْنِ رَمْيَةَ الْغَرَضِ ثُم يَدْعُوهُ فَيُقْبِلُ وَيَتَهَلَّلُ وَجْهُهُ يَضْحَكُ فَبَيْنَمَا هُوَ كَذَلِكَ إِذْ بَعَثَ اللهُ الْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ فَيَنْزِلُ عِنْدَ الْمَنَارَةِ الْبَيْضَاءِ شَرْقِي دِمَشْقَ بَيْنَ مَهْرُودَتَيْنِ وَاضِعًا كَفَّيْهِ عَلَى أَجْنِحَةِ مَلَكَيْنِ إِذَا طَأْطَأَ رَأْسَهُ قَطَرَ وَإِذَا رَفَعَهُ تَحَدرَ مِنْهُ جُمَانٌ كَاللؤْلُؤِ فَلَا يَحِل لِكَافِرٍ يَجِدُ رِيحَ نَفَسِهِ إِلا مَاتَ وَنَفَسُهُ يَنْتَهِي حَيْثُ يَنْتَهِي طَرْفُهُ فَيَطْلُبُهُ حَتى يُدْرِكَهُ بِبَابِ لُد فَيَقْتُلُهُ ثُم يَأْتِي عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ قَوْمٌ قَدْ عَصَمَهُمُ اللهُ مِنْهُ فَيَمْسَحُ عَنْ وُجُوهِهِمْ وَيُحَدثُهُمْ بِدَرَجَاتِهِمْ فِي الْجَنةِ فَبَيْنَمَا هُوَ كَذَلِكَ إِذْ أَوْحَى اللهُ إِلَى عِيسَى إِني قَدْ أَخْرَجْتُ عِبَادًا لِي لَا يَدَانِ لِأَحَدٍ بِقِتَالِهِمْ فَحَرزْ عِبَادِي إِلَى الطورِ وَيَبْعَثُ اللهُ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ وَهُمْ مِنْ كُل حَدَبٍ يَنْسِلُونَ فَيَمُر أَوَائِلُهُمْ عَلَى بُحَيْرَةِ طَبَرِيةَ فَيَشْرَبُونَ مَا فِيهَا وَيَمُر آخِرُهُمْ فَيَقُولُونَ لَقَدْ كَانَ بِهَذِهِ مَرةً مَاءٌ وَيُحْصَرُ نَبِي اللهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ حَتى يَكُونَ رَأْسُ الثوْرِ لِأَحَدِهِمْ خَيْرًا مِنْ مِائَةِ دِينَارٍ لِأَحَدِكُمُ الْيَوْمَ فَيَرْغَبُ نَبِي اللهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ فَيُرْسِلُ اللهُ عَلَيْهِمُ النغَفَ فِي رِقَابِهِمْ فَيُصْبِحُونَ فَرْسَى كَمَوْتِ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ ثُم يَهْبِطُ نَبِي اللهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ إِلَى الْأَرْضِ فَلَا يَجِدُونَ فِي الْأَرْضِ مَوْضِعَ شِبْرٍ إِلا مَلَأَهُ زَهَمُهُمْ وَنَتْنُهُمْ فَيَرْغَبُ نَبِي اللهِ عِيسَى وَأَصْحَابُهُ إِلَى اللهِ فَيُرْسِلُ اللهُ طَيْرًا كَأَعْنَاقِ الْبُخْتِ فَتَحْمِلُهُمْ فَتَطْرَحُهُمْ حَيْثُ شَاءَ اللهُ ثُم يُرْسِلُ اللهُ مَطَرًا لَا يَكُن مِنْهُ بَيْتُ مَدَرٍ وَلَا وَبَرٍ فَيَغْسِلُ الْأَرْضَ حَتى يَتْرُكَهَا كَالزلَفَةِ ثُم يُقَالُ لِلْأَرْضِ أَنْبِتِي ثَمَرَتَكِ وَرُدي بَرَكَتَكِ فَيَوْمَئِذٍ تَأْكُلُ الْعِصَابَةُ مِنَ الرمانَةِ وَيَسْتَظِلونَ بِقِحْفِهَا وَيُبَارَكُ فِي الرسْلِ حَتى أَن اللقْحَةَ مِنَ الْإِبِلِ لَتَكْفِي الْفِئَامَ مِنَ الناسِ وَاللقْحَةَ مِنَ الْبَقَرِ لَتَكْفِي الْقَبِيلَةَ مِنَ الناسِ وَاللقْحَةَ مِنَ الْغَنَمِ لَتَكْفِي الْفَخِذَ مِنَ الناسِ فَبَيْنَمَا هُمْ كَذَلِكَ إِذْ بَعَثَ اللهُ رِيحًا طَيبَةً فَتَأْخُذُهُمْ تَحْتَ آبَاطِهِمْ فَتَقْبِضُ رُوحَ كُل مُؤْمِنٍ وَكُل مُسْلِمٍ وَيَبْقَى شِرَارُ الناسِ يَتَهَارَجُونَ فِيهَا تَهَارُجَ الْحُمُرِ فَعَلَيْهِمْ تَقُومُ الساعَةُ حَدثَنَا عَلِي بْنُ حُجْرٍ السعْدِي حَدثَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ بْنِ جَابِرٍ وَالْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ قَالَ ابْنُ حُجْرٍ دَخَلَ حَدِيثُ أَحَدِهِمَا فِي حَدِيثِ الْآخَرِ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ بْنِ جَابِرٍ بِهَذَا الْإِسْنَادِ نَحْوَ مَا ذَكَرْنَا وَزَادَ بَعْدَ قَوْلِهِ لَقَدْ كَانَ بِهَذِهِ مَرةً مَاءٌ ثُم يَسِيرُونَ حَتى يَنْتَهُوا إِلَى جَبَلِ الْخَمَرِ وَهُوَ جَبَلُ

بَيْتِ الْمَقْدِسِ فَيَقُولُونَ لَقَدْ قَتَلْنَا مَنْ فِي الْأَرْضِ هَلُم فَلْنَقْتُلْ مَنْ فِي السمَاءِ فَيَرْمُونَ بِنشابِهِمْ إِلَى السمَاءِ فَيَرُد اللهُ عَلَيْهِمْ نُشابَهُمْ مَخْضُوبَةً دَمًا.

9926 ـ نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى ئەتىگىنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەججال ھەققىدە سۆزلىدى، ئۇنى بىردە ئەرزىمەس نەرسە قىلىپ كۆرسەتسە، بىردە قورقۇنچلۇق نەرسە قىلىپ كۆرسەتتى. ھەتتا بىز ئۇنى خورمىلىقتا باردەك ھېس قىلىپ قالدۇق. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرغىنىمىزنى سېزىپ:

ـ نېمە بولدۇڭلار؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەتىگەن دەججال ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنى بىردە ئەرزىمەس نەرسە قىلىپ كۆرسەتسەڭ، بىردە قورقۇنچلۇق نەرسە قىلىپ كۆرسەتتىپ، شۇنداق تەسۋىرلىدىڭكى، بىز ئۇنى خورمىلىقتا باردەك ھېس قىلىپ قالدۇق، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەنسىرەيدىغىنىم دەججالدىن باشقا بىر نەرسە. دەججال مەن ۋاپات بولماي تۇرۇپ چىقسا، سىلەرنى ئۇنىڭدىن مەن ئۆزەم ھىمايە قىلىمەن. ئۇ چىققان ۋاقىتتا مەن بولمىسام، ھەركىم ئۆزىنى ئۆزى ھىمايە قىلسۇن. الله تائالا ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مېنىڭ ۋەكىلىمدۇر. ئۇ (دەججال) بۇدۇر چاچلىق، كۆزى تومپىيىپ چىققان ياش يىگىت بولۇپ، بەئەينى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قەتەنگە ئوخشايدۇ. كىم ئۇنى ئۇچراتسا، ئۇنىڭغا قارشى كەھف سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىنى ئوقىسۇن. ئۇ شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىدۇ، ئوڭ ۋە سول يېنىغا بۇزۇقچىلىق تېرىپ ماڭىدۇ. ئى اللهنىڭ بەندىلىرى! (ئۇ چاغدا) مۇستەھكەم تۇرۇڭلار! ـ دېدى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ يەر يۈزىدە قانچىلىك ۋاقىت تۇرىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ 40 كۈن تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىر كۈنى بىر يىلغا، يەنە بىر كۈنى بىر ئايغا، يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىگە، باشقا كۈنلىرى بولسا، سىلەرنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىڭلارغا ئوخشايدۇ، ـ دېدى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىر يىلغا ئوخشاش بولغان كۈندە، بىزگە بىر كۈنلۈك ناماز يېتەمدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق (يەتمەيدۇ). ئۇ ئۇزۇن كۈندە، ئۇنىڭ ۋاقتىنى مۆلچەرلەپ ئوقۇڭلار! ـ دېدى. بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى تېزلىكى قانچىلىك؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ شامال ئۇچۇرتقان يامغۇرغا ئوخشايدۇ. بىر قەۋمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئۇلارنى دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ ئاسمانغا ئەمىر قىلىدۇ، يامغۇر ياغىدۇ. زېمىنغا ئەمىر قىلىدۇ، ئۆسۈملۈك ئۆسىدۇ. مال ـ چارۋىلار كەچقۇرۇنلىرى يېلىنلىرى سۈتكە تولغان، قوساقلىرىمۇ تويغان ھالدا قايتىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇ باشقا بىر قەۋمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنى دەۋەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن ئايرىلىدۇ. ئەتىسى سەھەردە، ئۇ قەۋم قوللىرىدا ھېچقانداق مال قالمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ بىر خاراب جايدىن ئۆتكەندە:

ـ خەزىنەڭنى چىقار! ـ دەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ خەزىنىلىرى خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى باشلىقىغا ئەگەشكەندەك دەججالنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. كېيىن، ياش ۋە شوخ بىر يىگىتنى چاقىرىدۇ. ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ ۋە ئىككى تەرەپكە پېرقىرىتىپ تاشلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇنى چاقىرسا، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ھالدا تىرىلىپ، ناھايىتى خۇرسەن يېتىپ كېلىدۇ. دەل شۇ چاغدا، الله تائالا مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسماندىن رەڭلىك ئىككى كىيىم كىيگەن ۋە ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالدا شامنىڭ شەرقىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ بېشىنى ئەگسە، سۇ تامچىلايدۇ. بېشىنى كۆتۈرسە،

(سۇ) خۇددى مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھېدىنى ئالغان ھەر بىر كاپىر ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ھېدى ئۆزىنىڭ كۆزى يەتكەن جايغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ دەججالنى قوغلاپ، لۇد دەرۋازىسىغا بارغاندا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. كېيىن مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالغان بىر قەۋم كېلىدۇ. (ئىيسا ئەلەيھىسسالام) ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلايدۇ ۋە ھەر بىرىگە جەننەتتىكى دەرىجىلىرىگە قارىتا خىتاب قىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، الله ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ: ”مەن بىر تائىپە بەندىلىرىمنى چىقاردىمكى، ھېچكىم ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا سەن يېنىڭدىكى مۆئمىنلەرنى تۇر تېغىغا ئېلىپ كەل!“ دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، الله يەئجۇج ۋە مەئجۇجنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ھەر قايسى تۆپىلىكلەردىن ئېقىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پىرقىلىرى تەبەرىيە كۆلىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ سۈيىنى بىراقلا ئىچىۋېتىدۇ. كېيىنكى پىرقىلەر ئۆتكەندە: ”بۇ كۆلدە سۇ بار ئىدى، قەيەرگە كەتتى؟“ دېيىشىدۇ. اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھەمراھلىرى قورشاۋغا ئېلىنىدۇ. ھەتتا بىر ئۆكۈزنىڭ بېشى ئۇلار ئۈچۈن سىلەرنىڭ ھازىرقى يۈز دىنارىڭلاردىنمۇ قىممەتلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى الله تائالاغا يالۋۇرىدۇ. الله يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ بويۇنلىرىغا قۇرتلارنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ ۋە ھەممىسى خۇددى بىر ئادەم ئۆلگەندەك بىراقلا ئۆلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھەمراھلىرى تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشكەنلىرىدە، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى ۋە بەدبۇي پۇراقلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ. ئۇلار اللهقا (بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ۋە بەدبۇي پۇراقلارنىڭ يوقىلىشىنى تىلەپ) دۇئا قىلىدۇ. الله ئۇ يەرگە تۆگە بويىنىدەك يوغان قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ، قۇشلار ئۇلارنى الله خالىغان يەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئاندىن الله مول يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇ يەرنى ئەينەكتەك پاك ـ پاكىز قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن زېمىنغا: ”مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈرۈپ، بەرىكىتىڭنى بەرگىن!“ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، جامائەت ئۇ كۈنى ئانار يەيدۇ ۋە

ئانارنىڭ پوستى ئاستىدا سايىدايدۇ. ﷲ ھەممە نەرسىگە بەرىكەت بېرىدۇ، ھەتتا يېڭى بوتىلاقلىغان بىر تۆگىنىڭ سۈتى بىر پۈتۈن خەلققە، يېڭى موزايلىغان بىر كالىنىڭ سۈتى بىر قەبىلىگە، يېڭى قوزىلىغان بىر قوينىڭ سۈتى بىر توپ كىشىگە يېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ﷲ مەيىن شامال ئەۋەتىدۇ. بۇ شامال ئۇلارنىڭ قولتۇق ئاستىلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەر بىر مۆئمىن ۋە مۇسۇلماننىڭ روھىنى قەبز قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەسكىلىرى قېلىپ، ئېشەكتەك ئاشكارا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. قىيامەت ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قايىم بولىدۇ.

باشقا بىر رىۋايەتتە: ”بۇ كۆلدە سۇ بار ئىدى“ دېگەن سۆزدىن كېيىن مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: كېيىن بەيتۇلمۇقەددەستىكى بىر تاغقا بېرىپ: ”بىز يەر يۈزىدە ئۆلتۈرمىگەن كىشى قالمىدى، ئەمدى ئاسماندىكىلەرنى ئۆلتۈرىمىز“ دېيىشىدۇ ۋە ئاسمانغا ئوق ئېتىشقا باشلايدۇ. ئەمما ﷲ ئۇلارنىڭ ئوقلىرىنى قانغا بويالغان ھالدا ئارقىسىغا قايتۇرىدۇ.

(مۇسلىم: 2937)

9927 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي وَإِن مِنْ فِتْنَتِهِ أَنْ يَقُولَ لِأَعْرَابِي أَرَأَيْتَ إِنْ بَعَثْتُ لَكَ أَبَاكَ وَأُمكَ أَتَشْهَدُ أَني رَبكَ فَيَقُولُ نَعَمْ فَيَتَمَثلُ لَهُ شَيْطَانَانِ فِي صُورَةِ أَبِيهِ وَأُمهِ فَيَقُولَانِ يَا بُني اتبِعْهُ فَإِنهُ رَبكَ وَإِن مِنْ فِتْنَتِهِ أَنْ يُسَلطَ عَلَى نَفْسٍ وَاحِدَةٍ فَيَقْتُلَهَا وَيَنْشُرَهَا بِالْمِنْشَارِ حَتى يُلْقَى شِقتَيْنِ ثُم يَقُولَ انْظُرُوا إِلَى عَبْدِي هَذَا فَإِني أَبْعَثُهُ الْآنَ ثُم يَزْعُمُ أَن لَهُ رَبا غَيْرِي فَيَبْعَثُهُ اللهُ وَيَقُولُ لَهُ الْخَبِيثُ مَنْ رَبكَ فَيَقُولُ رَبيَ اللهُ وَأَنْتَ عَدُو اللهِ أَنْتَ الدجالُ وَاللهِ مَا كُنْتُ بَعْدُ أَشَد بَصِيرَةً بِكَ مِني الْيَوْمَ قَالَ أَبُو الْحَسَنِ الطنَافِسِي فَحَدثَنَا الْمُحَارِبِي حَدثَنَا عُبَيْدُ اللهِ بْنُ الْوَلِيدِ الْوَصافِي عَنْ عَطِيةَ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَلِكَ الرجُلُ أَرْفَعُ أُمتِي دَرَجَةً فِي الْجَنةِ قَالَ قَالَ أَبُو سَعِيدٍ وَاللهِ مَا كُنا نُرَى ذَلِكَ الرجُلَ إِلا عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ حَتى مَضَى لِسَبِيلِهِ قَالَ الْمُحَارِبِي ثُم رَجَعْنَا إِلَى حَدِيثِ أَبِي رَافِعٍ قَالَ وَإِن مِنْ فِتْنَتِهِ أَنْ يَأْمُرَ السمَاءَ أَنْ تُمْطِرَ فَتُمْطِرَ وَيَأْمُرَ الْأَرْضَ أَنْ تُنْبِتَ فَتُنْبِتَ وَإِن مِنْ فِتْنَتِهِ أَنْ يَمُر بِالْحَي فَيُكَذبُونَهُ فَلَا تَبْقَى لَهُمْ سَائِمَةٌ إِلا هَلَكَتْ وَإِن مِنْ فِتْنَتِهِ أَنْ يَمُر

بِالْحَيِّ فَيُصَدِّقُونَهُ فَيَأْمُرُ السَّمَاءَ أَنْ تُمْطِرَ فَتُمْطِرَ وَيَأْمُرُ الْأَرْضَ أَنْ تُنْبِتَ فَتُنْبِتَ حَتَّى تَرُوحَ مَوَاشِيهِمْ مِنْ يَوْمِهِمْ ذَلِكَ أَسْمَنَ مَا كَانَتْ وَأَعْظَمَهُ وَأَمَدَّهُ خَوَاصِرَ وَأَدَرَّهُ ضُرُوعًا وَإِنَّهُ لَا يَبْقَى شَيْءٌ مِنْ الْأَرْضِ إِلَّا وَطِئَهُ وَظَهَرَ عَلَيْهِ إِلَّا مَكَّةَ وَالْمَدِينَةَ لَا يَأْتِيهِمَا مِنْ نَقْبٍ مِنْ نِقَابِهِمَا إِلَّا لَقِيَتْهُ الْمَلَائِكَةُ بِالسُّيُوفِ صَلْتَةً حَتَّى يَنْزِلَ عِنْدَ الظُّرَيْبِ الْأَحْمَرِ عِنْدَ مُنْقَطَعِ السَّبَخَةِ فَتَرْجُفُ الْمَدِينَةُ بِأَهْلِهَا ثَلَاثَ رَجَفَاتٍ فَلَا يَبْقَى مُنَافِقٌ وَلَا مُنَافِقَةٌ إِلَّا خَرَجَ إِلَيْهِ فَتَنْفِي الْخَبَثَ مِنْهَا كَمَا يَنْفِي الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ وَيُدْعَى ذَلِكَ الْيَوْمُ يَوْمَ الْخَلَاصِ فَقَالَتْ أُمُّ شَرِيكٍ بِنْتُ أَبِي الْعَكَرِ يَا رَسُولَ اللَّهِ فَأَيْنَ الْعَرَبُ يَوْمَئِذٍ قَالَ هُمْ يَوْمَئِذٍ قَلِيلٌ وَجُلُّهُمْ بِبَيْتِ الْمَقْدِسِ وَإِمَامُهُمْ رَجُلٌ صَالِحٌ فَبَيْنَمَا إِمَامُهُمْ قَدْ تَقَدَّمَ يُصَلِّي بِهِمْ الصُّبْحَ إِذْ نَزَلَ عَلَيْهِمْ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ الصُّبْحَ فَرَجَعَ ذَلِكَ الْإِمَامُ يَنْكُصُ يَمْشِي الْقَهْقَرَى لِيَتَقَدَّمَ عِيسَى يُصَلِّي بِالنَّاسِ فَيَضَعُ عِيسَى يَدَهُ بَيْنَ كَتِفَيْهِ ثُمَّ يَقُولُ لَهُ تَقَدَّمْ فَصَلِّ فَإِنَّهَا لَكَ أُقِيمَتْ فَيُصَلِّي بِهِمْ إِمَامُهُمْ فَإِذَا انْصَرَفَ قَالَ عِيسَى عَلَيْهِ السَّلَام افْتَحُوا الْبَابَ فَيُفْتَحُ وَوَرَاءَهُ الدَّجَّالُ مَعَهُ سَبْعُونَ أَلْفَ يَهُودِيٍّ كُلُّهُمْ ذُو سَيْفٍ مُحَلًّى وَسَاجٍ فَإِذَا نَظَرَ إِلَيْهِ الدَّجَّالُ ذَابَ كَمَا يَذُوبُ الْمِلْحُ فِي الْمَاءِ وَيَنْطَلِقُ هَارِبًا وَيَقُولُ عِيسَى عَلَيْهِ السَّلَام إِنَّ لِي فِيكَ ضَرْبَةً لَنْ تَسْبِقَنِي بِهَا فَيُدْرِكُهُ عِنْدَ بَابِ اللُّدِّ الشَّرْقِيِّ فَيَقْتُلُهُ فَيَهْزِمُ اللَّهُ الْيَهُودَ فَلَا يَبْقَى شَيْءٌ مِمَّا خَلَقَ اللَّهُ يَتَوَارَى بِهِ يَهُودِيٌّ إِلَّا أَنْطَقَ اللَّهُ ذَلِكَ الشَّيْءَ لَا حَجَرَ وَلَا شَجَرَ وَلَا حَائِطَ وَلَا دَابَّةَ إِلَّا الْغَرْقَدَةَ فَإِنَّهَا مِنْ شَجَرِهِمْ لَا تَنْطِقُ إِلَّا قَالَ يَا عَبْدَ اللَّهِ الْمُسْلِمَ هَذَا يَهُودِيٌّ فَتَعَالَ اقْتُلْهُ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَإِنَّ أَيَّامَهُ أَرْبَعُونَ سَنَةً السَّنَةُ كَنِصْفِ السَّنَةِ وَالسَّنَةُ كَالشَّهْرِ وَالشَّهْرُ كَالْجُمُعَةِ وَآخِرُ أَيَّامِهِ كَالشَّرَرَةِ يُصْبِحُ أَحَدُكُمْ عَلَى بَابِ الْمَدِينَةِ فَلَا يَبْلُغُ بَابَهَا الْآخَرَ حَتَّى يُمْسِيَ فَقِيلَ لَهُ يَا رَسُولَ اللَّهِ كَيْفَ نُصَلِّي فِي تِلْكَ الْأَيَّامِ الْقِصَارِ قَالَ تَقْدُرُونَ فِيهَا الصَّلَاةَ كَمَا تَقْدُرُونَهَا فِي هَذِهِ الْأَيَّامِ الطِّوَالِ ثُمَّ صَلُّوا قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَيَكُونُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ عَلَيْهِ السَّلَام فِي أُمَّتِي حَكَمًا عَدْلًا وَإِمَامًا مُقْسِطًا يَدُقُّ الصَّلِيبَ وَيَذْبَحُ الْخِنْزِيرَ وَيَضَعُ الْجِزْيَةَ وَيَتْرُكُ الصَّدَقَةَ فَلَا يُسْعَى عَلَى شَاةٍ وَلَا بَعِيرٍ وَتُرْفَعُ الشَّحْنَاءُ وَالتَّبَاغُضُ وَتُنْزَعُ حُمَةُ كُلِّ ذَاتِ حُمَةٍ حَتَّى يُدْخِلَ الْوَلِيدُ يَدَهُ فِي فِي الْحَيَّةِ فَلَا تَضُرَّهُ وَتُفِرُّ الْوَلِيدَةُ الْأَسَدَ فَلَا يَضُرُّهَا وَيَكُونُ الذِّئْبُ فِي الْغَنَمِ كَأَنَّهُ كَلْبُهَا وَتُمْلَأُ الْأَرْضُ مِنْ السِّلْمِ كَمَا

يُمْلَأُ الْإِنَاءُ مِنْ الْمَاءِ وَتَكُونُ الْكَلِمَةُ وَاحِدَةً فَلَا يُعْبَدُ إِلا اللهُ وَتَضَعُ الْحَرْبُ أَوْزَارَهَا وَتُسْلَبُ قُرَيْشٌ مُلْكَهَا وَتَكُونُ الْأَرْضُ كَفَاثُورِ الْفِضةِ تُنْبِتُ نَبَاتَهَا بِعَهْدِ آدَمَ حَتى يَجْتَمِعَ النفَرُ عَلَى الْقِطْفِ مِنْ الْعِنَبِ فَيُشْبِعَهُمْ وَيَجْتَمِعَ النفَرُ عَلَى الرمانَةِ فَتُشْبِعَهُمْ وَيَكُونَ الثوْرُ بِكَذَا وَكَذَا مِنْ الْمَالِ وَتَكُونَ الْفَرَسُ بِالدرَيْهِمَاتِ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا يُرْخِصُ الْفَرَسَ قَالَ لَا تُرْكَبُ لِحَرْبٍ أَبَدًا قِيلَ لَهُ فَمَا يُغْلِي الثوْرَ قَالَ تُحْرَثُ الْأَرْضُ كُلهَا وَإِن قَبْلَ خُرُوجِ الدجالِ ثَلَاثَ سَنَوَاتٍ شِدَادٍ يُصِيبُ الناسَ فِيهَا جُوعٌ شَدِيدٌ يَأْمُرُ اللهُ السمَاءَ فِي السنَةِ الْأُولَى أَنْ تَحْبِسَ ثُلُثَ مَطَرِهَا وَيَأْمُرُ الْأَرْضَ فَتَحْبِسُ ثُلُثَ نَبَاتِهَا ثُم يَأْمُرُ السمَاءَ فِي الثانِيَةِ فَتَحْبِسُ ثُلُثَيْ مَطَرِهَا وَيَأْمُرُ الْأَرْضَ فَتَحْبِسُ ثُلُثَيْ نَبَاتِهَا ثُم يَأْمُرُ اللهُ السمَاءَ فِي السنَةِ الثالِثَةِ فَتَحْبِسُ مَطَرَهَا كُلهُ فَلَا تُقْطِرُ قَطْرَةً وَيَأْمُرُ الْأَرْضَ فَتَحْبِسُ نَبَاتَهَا كُلهُ فَلَا تُنْبِتُ خَضْرَاءَ فَلَا تَبْقَى ذَاتُ ظِلْفٍ إِلا هَلَكَتْ إِلا مَا شَاءَ اللهُ قِيلَ فَمَا يُعِيشُ الناسُ فِي ذَلِكَ الزمَانِ قَالَ التهْلِيلُ وَالتكْبِيرُ وَالتسْبِيحُ وَالتحْمِيدُ وَيُجْرَى ذَلِكَ عَلَيْهِمْ مُجْرَى الطعَامِ قَالَ أَبُو عَبْد اللهِ سَمِعْت أَبَا الْحَسَنِ الطنَافِسِي يَقُولُ سَمِعْتُ عَبْدَ الرحْمَنِ الْمُحَارِبِي يَقُولُ يَنْبَغِي أَنْ يُدْفَعَ هَذَا الْحَدِيثُ إِلَى الْمُؤَدبِ حَتى يُعَلمَهُ الصبْيَانَ فِي الْكُتابِ.

9927 ـ ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دەججالنىڭ پىتنىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ بىر سەھرالىق ئەرەبكە:

ـ مەن سېنىڭ ئاناڭ بىلەن داداڭنى تىرىلدۈرسەم، سەن مېنىڭ (سېنىڭ) رەببىڭ ئىكەنلىكىمگە ئىشىنەمسەن؟ ـ دەيدۇ. ئۇ (سەھرالىق ئەرەب):

ــ ھەئە، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى شەيتان ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىدۇ ۋە: ”ئى ئوغلۇم! ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئۇ سېنىڭ رەببىڭدۇر“ دەيدۇ. ئۇنىڭ پىتنىلىرىدىن يەنە بىرى مۇنداق: ئۇ بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى ھەرە بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايدۇ. ئاندىن:

- مانا بۇ بەندەمگە قاراڭلار! مەن ئۇنى ھازىر تىرىلدۈرىمەن. لېكىن ئۇ مەندىن باشقا پەرۋەردىگارنى دەۋا قىلىدۇ، - دەيدۇ. شۇ چاغدا، الله ئۇ ئىنساننى تىرىلدۈرىدۇ، دەججال ئۇنىڭدىن:

- رەببىڭ كىم؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ:

- رەببىم الله، سەن اللهنىڭ دۈشمىنى، سەن دەججالسەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن سېنىڭ كىملىكىڭنى بەكمۇ ياخشى تونۇۋالدىم، - دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ كىشى جەننەتتىكى ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دېدى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنى شۇ كىشىمىكىن دەپ ئويلايتتۇق“ دېدى.

دەججالنىڭ يەنە بىر پىتنىسى شۇكى، ئۇ ئاسمانغا ئەمىر قىلىدۇ، يامغۇر ياغىدۇ. يەرگە ئەمىر قىلىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر پىتنىسى شۇكى، ئۇ بىر مەھەللىدىن ئۆتكەندە، مەھەللە ئەھلى ئۇنى يالغانغا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىدىن بىرىمۇ قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

يەنە بىر پىتنىسى: ئۇ بىر مەھەللىدىن ئۆتكەندە، مەھەللە ئەھلى ئۇنى تەستىقلايدۇ. ئۇ ئاسمانغا ئەمىر قىلىدۇ، يامغۇر ياغىدۇ. يەرگە ئەمىر قىلىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇ كۈنى، ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى سېمىرگەن، يوغىنىغان، قورساقلىرى تويغان، يېلىنلىرى سۈتكە تولغان ھالدا قايتىدۇ. يەر يۈزىدە ئۇنىڭ قەدىمى تەگمىگەن جاي قالمايدۇ. ئەمما مەككە بىلەن مەدىنىگە قەدەم باسالمايدۇ. ئۇلارغا قايسى بىر دوقمۇشتىن كىرىشكە ئۇرۇنسا، قوللىرىدا قىلىچ تۇتقان پەرىشتىگە يولۇقىدۇ. ئاخىرى، ئۇ زۇرەيب ئەھمەر دېگەن شورلۇققا جايلىشىدۇ. دەل شۇ چاغدا، مەدىنىدە ئۈچ قېتىم يەر تەۋرەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىدە قانچىلىك ئەر - ئايال مۇناپىق بولسا، ھەممىسى دەججالنىڭ ئالدىغا كېتىدۇ. مەدىنە خۇددى ئوتقا كىرگەن تۆمۈر داتتىن تازىلانغاندەك مۇناپىقلاردىن پاك - پاكىز تازىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كۈن ”پاكلىق كۈنى“ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇممۇ شەرىك بىنتى ئەبۇ ئەكەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا ئەرەبلەر قەيەردە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇلار ئۇ چاغدا ئاز قالىدۇ، كۆپچىلىكى بەيتۇلمۇقەددەستە بولىدۇ. سالىھ بىر كىشى ئۇلارغا ئىماملىق قىلىدۇ. ئۇ ئىمام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققاندا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارغا ئىمام بولۇپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇ ئىمام ئارقىغا چېكىنىپ، جايىنى بوشىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئىيسا ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ: ”سەن ئالدىغا ئۆتۈپ، ناماز ئوقۇپ بەرگىن. چۈنكى بۇ سېنىڭ“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىمام ئالدىغا ئۆتۈپ، نامازنى ئوقۇپ بېرىدۇ. نامازدىن تارقالغاندا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام:

- ئىشىكنى ئېچىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇيدۇ. ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئۇلار ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا دەججال ۋە قولىدا يالتىراق قىلىچ تۇتقان 70 مىڭ يەھۇدىينىڭ تۇرغىنىنى كۆرىدۇ. دەججال ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قارىسىلا خۇددى تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئورنىدىن چاچراپ چىقىپ، قېچىپ كېتىدۇ. ئەمما ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ”سېنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك، مەندىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسەن“ دەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ ۋە لۇد ئىشىكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تۇتۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. الله يەھۇدىيلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ، يەر يۈزىدە يەھۇدىيلارنى ئۆز دالدىسىغا ئالىدىغان بىرمۇ مەخلۇق قالمايدۇ. قالغان تەقدىردىمۇ، الله ئۇ مەخلۇقاتنى (مەيلى ئۇ تاش، دەرەخ، تام ۋە ياكى ھايۋان بولسۇن) سۆزلىتىدۇ. پەقەت غەرقەد دەرىخىلا يەھۇدىيغا باشپاناھ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخى بولۇپ، سۆزلىمەيدۇ. باشقا مەخلۇقات: ”ئى اللهنىڭ مۇسۇلمان بەندىسى! ئارقامدا يەھۇدىي بار، كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىن!“ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ (دەججال) 40 يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر يىلى يېرىم يىلغا، يەنە بىر يىلى بىر ئايغا، بىر ئېيى بىر ھەپتىگە، ئاخىرقى كۈنلىرى ئوت ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. سىلەردىن كىمكى ئەتىگەندە مەدىنەنىڭ بىر دەرۋازىسىدا بولسا، كەچ كىرگىچە ئىككىنچى بىر دەرۋازىسىغا يېتىپ بارالمايدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەشۇ قىسقا كۈندە نامازنى قانداق ئوقۇيمىز؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھازىرقى ئۇزۇن كۈندە بەلگىلىگەندەك (نامازنىڭ ۋاقتىنى) مۆلچەرلەپ ئوقۇيسىلەر. مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىمدە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان ئادىل پادىشاھ بولىدۇ. ئۇ كىرىستنى سۇندۇرۇپ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ. جىزيەنى ۋە زاكاتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. نە قوي، نە تۆگىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن زاكات مەمۇرى ئەۋەتىلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەرقانداق زەھەرلىك جانلىقنىڭ زەھىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ھەتتا بىر كىچىك بالا قولىنى يىلاننىڭ ئاغزىغا تىقسا، يىلان ئۇنى چاقمايدۇ. بىر قىز (بالا) شىرنى قوغلايدۇ، لېكىن شىر ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ. بۆرىلەر خۇددى پادىچىنىڭ ئىتىدەك قويلارنىڭ ئارىسىدا يۈرىدۇ. چىنە سۇ بىلەن تولغاندەك، يەر يۈزى تىنچ ـ ئامانلىق بىلەن تولىدۇ. يەر يۈزىدە دىن بىرلىكى بولۇپ، اللّٰەتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ. ئۇرۇش توگەيدۇ، قۇرەيش ھاكىمىيەتنى قولدىن بېرىدۇ. يەر يۈزى كۈمۈشتەك بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكىدەك ئۆسىدۇ. ھەتتا بىر ساپاق ئۈزۈمگە بىر توپ ئادەم تويىدۇ. بىر ئانارغىمۇ بىر توپ ئادەم تويىدۇ. كالىنىڭ نەرقى ئۆرلەپ، ئاتنىڭ نەرقى چۈشۈپ كېتىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتنىڭ نەرقى نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ كېتىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چۈنكى ھېچقانداق ئۇرۇش بولمىغاچقا، ئاتقا ئېھتىياج قالمايدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئۇنىداقتا، كالا نېمە ئۈچۈن قىممەتلىشىپ كېتىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ پۈتۈن زېمىنغا زىرائەت تېرىلمىدىغانلىقى ئۈچۈن، كالىغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ كېتىدۇ. دەججال چىقىشتىن بۇرۇن، ئىنسانلار ئۈچ يىل قاتتىق ئاچارچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بىرىنچى يىلى الله ئاسمانغا يامغۇرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تۇتۇپ قېلىشنى، يەرگىمۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تۇتۇپ قېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئىككىنچى يىلى ئاسمانغا يامغۇرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تۇتۇپ قېلىشنى، يەرگىمۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تۇتۇپ قېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۈچىنچى يىلى ئاسمانغا يامغۇرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قېلىپ، بىر تامچىمۇ ياغدۇرماسلىقنى، يەرگىمۇ پەقەتلا ئۆسۈملۈك ئۆستۈرمەسلىكنى بۇيرۇيدۇ. الله خالىغاندىن باشقا تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى نېمىدىن بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ تەھلىل، تەكبىر، تەسبىھ ۋە تەھمىد ئېيتىش بىلەن بولىدۇ. بۇ زىكىرلەرنىڭ ھەممىسى تاماقنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ، ـ دېدى. مۇھارىبى:

ــ بۇ ھەدىس بىر ئۇستازغا بېرىلىپ، مەكتەپلەردە بالىلارغا ئۆگىتىلىشى لازىم، ـ دېگەن[1].

(ئىبنى ماجە: 4077)

9928 ـ عن عبد الله بن عمرو عن النبي صلى الله عليه وسلم قال إن يأجوج ومأجوج من ولد آدم ولو أرسلوا لافسدوا على الناس معايشهم ولن يموت منهم رجل إلا ترك من ذريته ألفا فصاعدا وإن من ورائهم ثلاث أمم تأول وتاريس ومسك.

[1] ئەلبانى (884): زەئىپ، ـ دېگەن.

9928 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەئجۇج ۋە مەئجۇج ئادەم نەسلىدىندۇر. ئۇلار ئىنسانلارغا ئەۋەتىلسە، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇلاردىن بىرسى ئۆلسە، ئارقىسىدىن مىڭلاپ ئەۋلادى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ئۈممەت كېلىدۇ. ئۇلار: تەئۋەل، تارىس ۋە مەنسەك[1].
(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

9929 ـ عن حذيفة بن اليمان قال: سألت رسول الله صلى الله عليه وسلمÛ ع ـ ن يأجوج ومأجوج؟ قال: «يأجوج أمةÛ ومأجوج أمةÛ كل أمة أربعمائة ألف أمةÛ لا يموت الرجل حǴ ينظر إБ ألف ذكر بين يديه من صلبهÛ كل واحد قد þل السلاǳ» قلت: يا رسول اللهÛ صفهم لنا؟ قال: «هم ثلاثة أصناف: صنف منهم أمثال الأرز» قلت: وم ـ ا الأرز؟ قال: «شجر بالشام طول الشجرة عشرون ومائة ذراع في السماء»Û فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «هؤلاء الذين لا يقوم آم حيل ولا حديدÛ وصنف منهم يفترش بأذنهÛ ويلتحف بالأخرىÛ لا يمرون بفيل ولا وحش ولا Pل ولا خǃير إلا أكلوهÛ ومن مات منهم أكلوهÛ مقدمتهم بالشامÛ وساقتهم بخراسانÛ يشربون أŒار المش ـ رقÛ ولا ـ يرة طبرية».

9929 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ يەئجۇج بىر ئۈممەت، مەئجۇج بىر ئۈممەت بولۇپ، ھەر بىر ئۈممەت 400 مىڭ كىشىدىن تەركىپ تاپىدۇ. ئۇلاردىن بىر ئادەم ئۆلگەن بىلەن نەسلىدىن قورال كۆتۈرەلەيدىغان مىڭلاپ ئىنساننى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ـ دېدى. مەن:

[1] ھەيسەمى (12571): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار ئۈچ گۇرۇھ بولۇپ، بىر گۇرۇھى ئەرزگە ئوخشاش، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەرز دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ شامدىكى بىر دەرەخ بولۇپ، 120 مىڭ گەز ئۆسىدۇ. بۇ گۇرۇھقا نە تاغ، نە تۆمۈر تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئىككىنچى گۇرۇھى بىر قۇلىقىنى يەرگە سېلىپ ياتسا، يەنە بىر قۇلىقىنى يوتقان قىلىپ ياپىدۇ. ئالدىغا ئۇچرىغان پىل، ياۋايى ھايۋان، تۆگە ۋە چوشقا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يەيدۇ. ئىچىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىمۇ يەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئۇچى شامدا، يەنە بىر ئۇچى خۇراساندا بولىدۇ. شەرق دەرياسىنىڭ سۈيىنى ۋە تەبەرىيە كۆلىنىڭ سۈيىنى بىر ئىچىپلا، پۈتۈنلەي قۇرۇتىۋېتىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

9930 ـ عن أبي سَعِيدٍ حَدثنَا رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَوْمًا حَـدِيثًا طَوِيلاً عَنِ الدجالِ، فَكَانَ فِيمَا يُحَدثُنَا بِهِ أنَهُ قَالَ «يَأْتِى الدجالُ وَهُوَ مُحَـرمٌ عَلَيْـهِ أَنْ يَدْخُلَ نِقَابَ الْمَدِينَةِ، فَيَنزِلُ بَعْضَ السبَاخِ التِى تَلِى الْمَدِينَةَ، فَيَخْرُجُ إِلَيْهِ يَوْمَئِذٍ رَجُلٌ وَهْوَ خَيْرُ الناسِ أَوْ مِنْ خِيَارِ الناسِ، فَيَقُولُ أَشْهَدُ أَنكَ الدجالُ الذِى حَدثنَا رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ حَدِيثَه، فَيَقُولُ الدجالُ أَرَأَيْتُم إِنْ قَتَلْتُ هَذَا ثُم أَحْيَيْتُهُ، هَلْ تَشُكونَ فِى الأَمرِ فَيَقُولُونَ لاَ. فَيَقْتُلُهُ ثُم يُحْيِيهِ فَيَقُولُ وَاللهِ مَا كُنْتُ فِيكَ أَشَد بَصِيرَةً مِنى الْيَوْمَ. فَيُرِيدُ الدجالُ أَنْ يَقْتُلَهُ فَلاَ يُسَلطُ عَلَيْهِ».

9930 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە دەججال ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى: «دەججال چىقىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەدىنىگە كىرىشى چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدىنىنىڭ

---

[1] ھەيسەمى (12572): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى سەئىد ئەتتار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ئەتراپىدىكى شورلۇق بىر يەرگە چۈشىدۇ. ئۇ كۈنى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: ”گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججالسەن“ دەيدۇ. دەججال باشقىلارغا قاراپ: ”نېمە دەيسىلەر؟ مەن بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرسەم، بۇ ئىشتىن شۈبھىلىنەمسىلەر؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ”ياق“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دەججال ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرىدۇ. ئۇ ئادەم (قايتا تىرىلگەندىن كېيىن): ”اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇگۈن مەن سېنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرەڭنى تونۇپ يەتتىم“ دەيدۇ. دەججال بۇنى ئاڭلاپ: ”ئۇنى ئۆلتۈرىمەن“ دەيدۇ، ئەمما ئۆلتۈرەلمەيدۇ.

(بۇخارى: 1882)

9931 – وفي رواية: يَا أَيهَا الناسُ هَذَا الدجالُ الذِي ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَيَأْمُرُ الدجالُ بِهِ فَيُشَبحُ فَيَقُولُ خُذُوهُ وَشُجوهُ فَيُوسَعُ ظَهْرُهُ وَبطْنُهُ ضَرْبًا قَالَ فَيَقُولُ أَوَ مَا تُؤْمِنُ بِي قَالَ فَيَقُولُ أَنتَ الْمَسِيحُ الْكَذابُ قَالَ فَيُؤْمَرُ بِهِ فَيُؤْشَرُ بِالْمِئْشَارِ مِنْ مَفْرِقِهِ حَتى يُفَرقَ بَينَ رِجْلَيْهِ قَالَ ثُم يَمْشِي الدجالُ بَيْنَ الْقِطْعَتَيْنِ ثُم يَقُولُ لَهُ قُمْ فَيَسْتَوِي قَائِمًا قَالَ ثُم يَقُولُ لَهُ أَتُؤْمِنُ بِي فَيَقُولُ مَا ازْدَدْتُ فِيكَ إِلا بَصِيرَةً قَالَ ثُم يَقُولُ يَا أَيهَا الناسُ إِنهُ لَا يَفْعَلُ بَعْدِي بِأَحَدٍ مِنْ الناسِ قَالَ فَيَأْخُذُهُ الدجالُ لِيَذْبَحَهُ فَيُجْعَلَ مَا بَيْنَ رَقَبَتِهِ إِلَى تَرْقُوَتِهِ نُحَاسًا فَلَا يَسْتَطِيعُ إِلَيْهِ سَبِيلًا قَالَ فَيَأْخُذُ بِيَدَيْهِ وَرِجْلَيْهِ فَيَقْذِفُ بِهِ فَيَحْسِبُ الناسُ أَنمَا قَذَفَهُ إِلَى النارِ وَإِنمَا أُلْقِيَ فِي الْجَنةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا أَعْظَمُ الناسِ شَهَادَةً عِنْدَ رَب الْعَالَمِينَ.

9931 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىر مۇئمىن ئادەم:

ـ ئى خالايىق! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بەرگەن دەججال مانا بۇدۇر، ـ دەيدۇ. (بۇنى ئاڭلىغان) دەججال:

— بۇنى تۇتۇپ، يەرگە ياتقۇزۇپ، بېشىنى يېرىڭلار! ـ دەيدۇ. (مۇئمىنىنىڭ) قورسىقى ۋە دۈمبىسىگە بولۇشىغا ئۇرۇلىدۇ. ئاندىن دەججال:

- قانداق، ئەمدى ماڭا ئىشىنەمسەن؟ - دەيدۇ. مۇئمىن:

- ياق، سەن يالغانچى دەججالسەن، - دەيدۇ. دەججال يەنە بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇ قېتىم ھەرە بىلەن ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايدۇ. دەججال بۆلۈنگەن بۇ ئىككى پارچىنىڭ ئارىسىدىن مېڭىپ ئۆتكەندىن كېيىن، جەسەتكە:

- ئورنىڭدىن تۇر! - دەيدۇ. ئۇ بېجىرىم ھالەتتە ئورنىدىن تۇرىدۇ. دەججال يەنە:

- (ئەمدى) ماڭا ئىشەندىڭمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. مۇئمىن:

- سېنى تېخىمۇ ياخشى تونىدىم، - دەيدۇ. ئاندىن ئىنسانلارغا قاراپ:

- ئى خالايىق! ئەمدى بۇ (دەججال) مەندىن كېيىن ھېچكىمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، - دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان دەججال ئۇنى بوغۇزلىۋەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن مۇئمىننىڭ بوينى مىسقا ئايلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن دەججال ئۇنىڭغا ھېچنەرسە قىلالمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ پۇت - قولىدىن تۇتۇپ ئاتىدۇ. ئىنسانلار ئۇنى (يەنى مۇئمىن ئادەمنى) ”جەھەننەمگە چۈشۈپ كەتتى“ دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇ جەننەتكە چۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ (مۇئمىن) ئالەملەرنىڭ رەببى نەزىرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شېھىدتۇر».

(مۇسلىم: 2938)

9932 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَأنا أَعْلَمُ بِمَا مَـعَ الدجال مِنْهُ مَعَهُ نَهْرَانِ يَجْرِيَانِ أَحَدُهُمَا رَأْيَ الْعَيْنِ مَاءٌ أَبيضُ وَالْآخَرُ رَأْيَ الْعَيْنِ نَارٌ تَأَججُ فَإِما أَدْرَكَن أَحَدٌ فَلْيَأْتِ النهْرَ الذِي يَرَاهُ نَارًا وَلْيُغَمضْ ثُم لْيُطَأْطِئْ رَأْسَهُ فَيَشْرَبَ مِنْهُ فَإِنـهُ مَاءٌ بَارِدٌ وَإِن الدجالَ مَمْسُوحُ الْعَيْنِ عَلَيْهَا ظَفَرَةٌ غَلِيظَةٌ مَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ كَافِرٌ يَقْرَؤُهُ كُل مُؤْمِنٍ كَاتِبٍ وَغَيْرِ كَاتِبٍ.

9932 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن دەججالنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىلىمەن. ئۇنىڭ ئىككى دەرياسى بولۇپ، بىرى كۆرۈنۈشتە ئاپئاق سۇغا،

ئىككىنچىسى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر زاماندا ياشىغان كىشى لاۋۇلداپ تۇرغان دەريا بويىغا كەلسۇن ۋە قورقماستىن بېشىنى ئېگىپ، ئۇنىڭدىن ئىچسۇن. چۈنكى ئۇ (ئوت ئەمەس) سوغۇق سۇدۇر. دەججالنىڭ بىر كۆزى قۇيۇقلىق (يەنى يوق) بولۇپ، قۇيۇقلىقنىڭ كۆزىنىڭ ئورنىدا قېلىن بىر تېرە بار. ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىدا ”كاپىر“ دەپ يېزىلغان بولۇپ، ساۋاتلىق ياكى ساۋاتسىز ھەر قانداق مۇئمىن كىشى ئۇنى ئوقۇيالايدۇ».

(مۇسلىم: 2934)

9933 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الدجالُ أَعْوَرُ الْعَيْنِ الْيُسْرَى جُفَالُ الشعَرِ مَعَهُ جَنةٌ وَنَارٌ فَنَارُهُ جَنةٌ وَجَنتُهُ نَارٌ.

9933 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «دەججالنىڭ سول كۆزى قارىغۇ، چېچى قويۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ جەننىتى ۋە دوزىخى بار بولۇپ، دوزاخ دېگىنى جەننەت، جەننەت دېگىنى دوزاختۇر».

(مۇسلىم: 2934)

9934 ـ قَالَ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ مَا سَأَلَ أَحَدٌ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الدجالِ أَكْثَرَ مَا سَأَلْتُهُ وَإِنهُ قَالَ لِي مَا يَضُركَ مِنْهُ قُلْتُ لِأَنهُمْ يَقُولُونَ إِن مَعَهُ جَبَلَ خُبْزٍ وَنَهَرَ مَاءٍ قَالَ هُوَ أَهْوَنُ عَلَى اللهِ مِنْ ذَلِكَ.

9934 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دەججال ھەققىدە مەندەك كۆپ سوئال سورىمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ ئۇنىڭ ساڭا ھېچقانداق زىيىنى تەگمەيدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا بىر تاغ نېنى بىلەن بىر دەريا سۈيى بار ئىكەن، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ، اللەنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە، ـ دېدى.

(بۇخارى: 7122)

9935 ـ عن أُم شَرِيكٍ أَنهَا سَمِعَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَيفرن الناسُ مِنْ الدجال فِي الْجِبَالِ قَالَتْ أُم شَرِيكٍ يَا رَسُولَ اللهِ فَأَيْنَ الْعَرَبُ يَوْمَئِذٍ قَالَ هُمْ قَلِيلٌ.

9935 ـ ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىنسانلار دەججالدىن تاغقا قاچىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا، ئەرەبلەر قەيەردە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ چاغدا، ئۇلار بەك ئاز قالىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2945)

9936 ـ عَنْ أَبِي الدهْمَاءِ قَالَ سَمِعْتُ عِمْرَانَ بْنَ حُصَيْنٍ يُحَدثُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَمِعَ بِالدجالِ فَلْيَنْأَ عَنْهُ فَوَاللهِ إِن الرجُلَ لَيَأْتِيهِ وَهُوَ يَحْسِبُ أَنهُ مُؤْمِنٌ فَيَتبِعُهُ مِما يَبْعَثُ بِهِ مِنْ الشبُهَاتِ أَوْ لِمَا يَبْعَثُ بِهِ مِنْ الشبُهَاتِ هَكَذَا قَالَ.

9936 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دەججالنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭدىن يىراق تۇرسۇن! الله بىلەن قەسەمكى، كىشى ئۆزىنى مۇئمىن ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئېيتقان شۇبھىلىك سۆزلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4319)

9937 ـ عن عِمْرَانَ بْنَ حُصَيْنٍ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا بَيْنَ خَلْقِ آدَمَ إِلَى قِيَامِ الساعَةِ خَلْقٌ أَكْبَرُ مِنْ الدجالِ.

9937 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق

[1] ئەلبانى (3629): سەھىھ ـ دېگەن.

دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە دەججالدىن چوڭ مەخلۇق يارىتىلمايدۇ».

9938 _ وفي رواية: قَالَ أَمْرٌ أَكْبَرُ مِنْ الدجال.

9938 - يەنە بىر رىۋايەتتە: «دەججالدىنمۇ چوڭ بىر ھادىسە بولمايدۇ» دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2946)

9939 _ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا بَيْنَ ظَهْرَانَيْ الناسِ الْمَسِيحَ الدجالَ فَقَالَ إِن اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَيْسَ بِأَعْوَرَ أَلَا إِن الْمَسِيحَ الدجالَ أَعْوَرُ عَيْنِ الْيُمْنَى كَأَن عَيْنَهُ عِنَبَةٌ طَافِيَةٌ.

9939 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە دەججال ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«شۈبھىسىزكى، الله بىر كۆزلۈك ئەمەس، بەلكى دەججال بىر كۆزلۈك بولۇپ، ئوڭ كۆزى قارىغۇدۇر. ئۇنىڭ كۆزى خۇددى پولتىيىپ چىققان ئۈزۈمگىلا ئوخشايدۇ».

(مۇسلىم: 169)

9940 _ وفي رواية: إِنهُ مَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ كَافِرٌ يَقْرَؤُهُ مَنْ كَرِهَ عَمَلَهُ أَوْ يَقْرَؤُهُ كُل مُؤْمِنٍ وَقَالَ تَعَلمُوا أَنهُ لَنْ يَرَى أَحَدٌ مِنْكُمْ رَبهُ عَز وَجَل حَتى يَمُوتَ.

9940 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىدا "كاپىر" دېگەن سۆز يېزىلغان بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن نارازى بولغان ھەرقانداق كىشى (ياكى ھەرقانداق مۇئمىن) ئوقۇيالايدۇ. بىلىڭلاركى، ھېچكىم ئۆلمەي تۇرۇپ رەببىنى كۆرەلمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2931)

9941 _ عَنْ قَتَادَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَنسَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ نَبِي إِلا وَقَدْ أَنذَرَ أُمَتَهُ الْأَعْوَرَ الْكَذابَ أَلَا إِنهُ أَعْوَرُ وَإِن رَبكُمْ لَيْسَ بِأَعْوَرَ وَمَكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ ك ف ر.

9941 ـ ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇممىتىنى بىر كۆزلۈك يالغانچى دەججالدىن قارشى ئاگاھلاندۇرمىغان بىرمۇ پەيغەمبەر يوق. ئاگاھ بولۇڭلار! رەببىڭلار بىر كۆزلۈك ئەمەس، بەلكى دەججال بىر كۆزلۈك (يەنى بىر كۆزى قارىغۇ) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىدا ك، ف، ر (يەنى كافىر) دەپ يېزىلغان».

(مۇسلىم: 2933)

9942 _ عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ أَنهُ حَدثَهُمْ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِني قَدْ حَدثْتُكُمْ عَنْ الدجالِ حَتى خَشِيتُ أَنْ لَا تَعْقِلُوا إِن مَسِيحَ الدجالِ رَجُلٌ قَصِيرٌ أَفْحَجُ جَعْدٌ أَعْوَرُ مَطْمُوسُ الْعَيْنِ لَيْسَ بِنَاتِئَةٍ وَلَا حَجْرَاءَ فَإِنْ أُلْبِسَ عَلَيْكُمْ فَاعْلَمُوا أَن رَبكُمْ لَيْسَ بِأَعْوَرَ.

9942 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن دەججال ھەققىدە سىلەرگە كۆپ سۆزلەپ بەردىم، چۈنكى چۈشىنەلمەي قېلىشىڭلاردىن قورقتۇم. دەججال پاكار بويلۇق، ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان، چاچلىرى بۇدۇر، يەكچەشمە، كۆزى پولتىيىپ چىقىپمۇ كەتمىگەن، كىرىپمۇ كەتمىگەن، بەلكى سۇۋۇۋېتىلگەندەكلا كۆرۈنىدىغان بىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇنى پەرق قىلالماي قالساڭلار، بىلىڭلاركى، رەببىڭلار يەكچەشمە ئەمەس»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4320)

[1] ئەلبانى (3630): سەھىھ ـ دېگەن.

9943 _ عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَراǳِ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُـولُ إِنهُ لَمْ يَكُنْ نَبِي بَعْدَ نوǳٍ إِلا وَقَدْ أَنْذَرَ الدجالَ قَوْمَهُ وَإِني أُنْذِرُكُمُوهُ فَوَصَفَهُ لَنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ لَعَلهُ سَيُدْرِكُهُ مَنْ قَدْ رَآنِي وَسَمِعَ كَلَامِي قَالُوا يَا رَسُولَ اللـهِ كَيْفَ قُلُوبُنا يَوْمَئِذٍ أَمِثْلُهَا الْيَوْمَ قَالَ أَوْ خَيْرٌ.

9943 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن ھەر بىر پەيغەمبەر قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، مەنمۇ سىلەرنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىۋاتىمەن. بەلكىم مېنى كۆرگەن ۋە سۆزۈمنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنى كۆرۈشىمۇ مۇمكىن، ـ دېدى ۋە ئۇنى بىزگە تەسۋىرلەپ بەردى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كۈنى قەلبلىرىمىز قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھازىرقى كۈندىكىدەك ياكى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4756)

9944 ـ عَنْ أَبِي سعيد الخدري ـ رضي الله عنه ـ : أنه سألَ رسولَ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ عن الدجال فقال: «هو يومه هذا قد أكل الطعام، وإني أَعْهَدُ إليكم فيه عهدا لم يعهده نبي إلى أمته، إن عينه اليمنى ممسوحة جاحظة، لا حدقةَ لها، كأنها نُخاعة في حائط، وعينه اليسرى، كأنها كوكب دُرّيّ، ومعه مِثلُ الجنة، والنار، فناره جَنة، وجنته نار، ألا وبين يديه رجلان يُنْذِرَان أهلَ القرى، فإذا خرجا من القرية دخلها أول أصحاب الدجال».

[1] ئەلبانى (1019): زەئىپ، ـ دېگەن.

9944 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دەججال ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئۇ بوگونمۇ تائام يەۋاتىدۇ، يەنى ئۇ ھازىرمۇ ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچبىر پەيغەمبەر ئۆز ئۇممىتىگە بەرمىگەن مەلۇماتنى بېرىمەن. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى قويۇۋېتىلگەن، ئوڭ كۆزىنىڭ ئورنى خۇددى سۇۋۇۋېتىلگەندەك تۈز بولۇپ، گوياكى تامغا چاپلىشىپ قالغان ماشقىنغا ئوخشايدۇ. سول كۆزى بولسا، پارلاق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ جەننەتكە ئوخشاش بېغى، جەھەننەمگە ئوخشاش ئوتى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوتى جەننەت، بېغى بولسا جەھەننەمدۇر. ئاگاھ بولۇڭلار! دەججالدىن بۇرۇن، ئىككى كىشى كېزىپ يۈرۈپ خەلقنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر يېزىدىن چىقىشى بىلەن تەڭ (ئۇ يەرگە) دەججالنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئالدى كىرىشكە باشلايدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9945 ـ عَنْ أَبِي بَكْرٍ الصديق قَالَ حَدثَنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الدجالُ يَخْرُجُ مِنْ أَرْضٍ بِالْمَشْرِقِ يُقَالُ لَهَا خُرَاسَانُ يَتْبَعُهُ أَقْوَامٌ كَأَن وُجُوهَهُمْ الْمَجَانُ الْمُطْرَقَةُ.

9945 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دەججال مەشرىقتىن، ’’خۇراسان‘‘ دەپ ئاتالغان جايدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭغا يۈزلىرى تېرىدىن قىلىنغان قالقانغا ئوخشايدىغان بىر قەۋم ئەگىشىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2237)

[1] ئەلبانى (1824): سەھىھ ـ دېگەن.

9946 ـ عن أَبِي بَكْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمْكُثُ أَبُو الدجالِ وَأُمهُ ثَلَاثِينَ عَامًا لَا يُولَدُ لَهُمَا وَلَدٌ ثُم يُولَدُ لَهُمَا غُلَامٌ أَعْوَرُ أَضَر شَيْءٍ وَأَقَلهُ مَنْفَعَةً تَنَامُ عَيْنَاهُ وَلَا يَنَامُ قَلْبُهُ ثُم نَعَتَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبَوَيْهِ فَقَالَ أَبُوهُ طِوَالٌ ضَرْبُ اللحْمِ كَأَن أَنْفَهُ مِنْقَارٌ وَأُمهُ فِرْضَاخِيةٌ طَوِيلَةُ الْيَدَيْنِ فَقَالَ أَبُو بَكْرَةَ فَسَمِعْنَا بِمَوْلُودٍ فِي الْيَهُودِ بِالْمَدِينَةِ فَذَهَبْتُ أَنَا وَالزبَيْرُ بْنُ الْعَوامِ حَتى دَخَلْنَا عَلَى أَبَوَيْهِ فَإِذَا نَعْتُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِمَا فَقُلْنَا هَلْ لَكُمَا وَلَدٌ فَقَالَا مَكَثْنَا ثَلَاثِينَ عَامًا لَا يُولَدُ لَنَا وَلَدٌ ثُم وُلِدَ لَنَا غُلَامٌ أَعْوَرُ أَضَر شَيْءٍ وَأَقَلهُ مَنْفَعَةً تَنَامُ عَيْنَاهُ وَلَا يَنَامُ قَلْبُهُ قَالَ فَخَرَجْنَا مِنْ عِنْدِهِمَا فَإِذَا هُوَ مُنْجَدِلٌ فِي الشمْسِ فِي قَطِيفَةٍ لَهُ وَلَهُ هَمْهَمَةٌ فَتَكَشفَ عَنْ رَأْسِهِ فَقَالَ مَا قُلْتُمَا قُلْنَا وَهَلْ سَمِعْتَ مَا قُلْنَا قَالَ نَعَمْ تَنَامُ عَيْنَايَ وَلَا يَنَامُ قَلْبِي.

9946 ــ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دەججالنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى 30 يىل بالا يۈزى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولغان، يەكچەشمە بىر بالىسى دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇخلايدۇ، ئەمما قەلبى ئۇخلىمايدۇ» دېدى. ئاندىن بىزگە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە سۆزلەپ: «دادىسىنىڭ بويى ئېگىز، تېنى ئورۇق، بۇرنى قاڭشارلىق؛ ئانىسىنىڭ جىسمى چوڭ، قوللىرى ئۇزۇن» دېدى. مەدىنە يەھۇدىيلىرى ئارىسىدا شۇنداق بىر بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام ئىككىمىز بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا باردۇق ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تەسۋىرلەپ بەرگىنىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. ئۇلاردىن:

ـ بالاڭلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، ئۇلار:

ــ 30 يىل پەرزەنتلىك بولالمىدۇق، كېيىن بىزگە پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولغان ۋە يەكچەشمە بىر بالىمىز بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇخلايدۇ، ئەمما قەلبى ئۇخلىمايدۇ، ـ دېدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، مەخمەل ئۇستىدە قۇياشقا قاقلانغان ھالدا غودۇڭشىپ ياتقان بىر بالىنى كۆردۇق. ئۇ بالا يۈزىنى ئېچىپ:

- نېمە دېدىڭلار؟ - دەپ سورىدى. بىز:
- سەن بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ - دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ:
ــ ھەئە، مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇخلايدۇ، ئەمما قەلبىم ئۇخلىمايدۇ، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 2248)

9947 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَتْبَعُ الدجالَ مِنْ يَهُودِ أَصْبَهَانَ سَبْعُونَ أَلْفًا عَلَيْهِمْ الطَيَالِسَةُ.

9947 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججالغا ئىسپاھان يەھۇدىيلىرىدىن يېشىل كىيىم كىيگەن 70 مىڭ كىشى ئەگىشىدۇ».

(مۇسلىم: 2944)

9948 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ قَالَ رَأَيْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَحْلِفُ بِاللهِ أَن ابْنَ الصائِدِ الدجالُ قُلْتُ تَحْلِفُ بِاللهِ قَالَ إِني سَمِعْتُ عُمَرَ يَحْلِفُ عَلَى ذَلِكَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يُنْكِرْهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9948 ــ مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئىبنى سەييادنىڭ دەججال ئىكەنلىكىگە قەسەم ئىچكىنىنى كۆردۈم - دە:
- قەسەم ئىچىۋاتامسەن؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:
- مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا (بۇ ھەقتە) قەسەم ئىچكىنىنى ئاڭلىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىتىراز بىلدۈرمىگەنىدى، - دېدى.

(بۇخارى: 7355)

[1] ئەلبانى (392): زەئىپ، - دېگەن.

9949 ـ عن ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَخْبَرَهُ أن عُمَرَ انْطَلَقَ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي رَهْطٍ قِبَلَ ابْنِ صَيادٍ حَتى وَجَدُوهُ يَلْعَبُ مَعَ الصبْيَانِ عِنْدَ أُطُمِ بَنِي مَغَالَةَ وَقَدْ قَارَبَ ابْنُ صَيادٍ الْحُلُمَ فَلَمْ يَشْعُرْ حَتى ضَرَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ ثُم قَالَ لِابْنِ صَيادٍ تَشْهَدُ أَني رَسُولُ اللهِ فَنَظَرَ إِلَيْهِ ابْنُ صَيادٍ فَقَالَ أَشْهَدُ أَنكَ رَسُولُ الْأُميينَ فَقَالَ ابْنُ صَيادٍ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَشْهَدُ أَني رَسُولُ اللهِ فَرَفَضَهُ وَقَالَ آمَنْتُ بِاللهِ وَبِرُسُلِهِ فَقَالَ لَهُ مَاذَا تَرَى قَالَ ابْنُ صَيادٍ يَأْتِينِي صَادِقٌ وَكَاذِبٌ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُلطَ عَلَيْكَ الْأَمْرُ ثُم قَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني قَدْ خَبَأْتُ لَكَ خَبِيئًا فَقَالَ ابْنُ صَيادٍ هُوَ الدخ فَقَالَ اخْسَأْ فَلَنْ تَعْدُوَ قَدْرَكَ فَقَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ دَعْنِي يَا رَسُولَ اللهِ أَضْرِبْ عُنُقَهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ يَكُنْهُ فَلَنْ تُسَلطَ عَلَيْهِ وَإِنْ لَمْ يَكُنْهُ فَلَا خَيْرَ لَكَ فِي قَتْلِهِ وَقَالَ سَالِمٌ سَمِعْتُ ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَقُولُ انْطَلَقَ بَعْدَ ذَلِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأُبَي بْنُ كَعْبٍ إِلَى النخْلِ التِي فِيهَا ابْنُ صَيادٍ وَهُوَ يَخْتِلُ أَنْ يَسْمَعَ مِنْ ابْنِ صَيادٍ شَيْئًا قَبْلَ أَنْ يَرَاهُ ابْنُ صَيادٍ فَرَآهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُضْطَجِعٌ يَعْنِي فِي قَطِيفَةٍ لَهُ فِيهَا رَمْزَةٌ أَوْ زَمْرَةٌ فَرَأَتْ أم ابْنِ صَيادٍ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَتقِي بِجُذُوعِ النخْلِ فَقَالَتْ لِابْنِ صَيادٍ يَا صَافِ وَهُوَ اسْمُ ابْنِ صَيادٍ هَذَا مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَثَارَ ابْنُ صَيادٍ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ تَرَكَتْهُ بَينَ.

قَالَ ابن عمر: ثُم قَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الناسِ فَأَثْنَى عَلَى اللهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ ثُم ذَكَرَ الدجالَ فَقَالَ إِني أُنْذِرُكُمُوهُ وَمَا مِنْ نَبِي إِلا قَدْ أَنْذَرَهُ قَوْمَهُ لَقَدْ أَنْذَرَهُ نُوحٌ قَوْمَهُ وَلَكِنْ سَأَقُولُ لَكُمْ فِيهِ قَوْلًا لَمْ يَقُلْهُ نَبِي لِقَوْمِهِ تَعْلَمُونَ أَنهُ أَعْوَرُ وَأَن اللهَ لَيْسَ بِأَعْوَرَ.

9949 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئۆمەر ۋە باشقا بىر قانچە ساھابىسى بىلەن ئىبنى سەييادنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ بەنى مەغالە قەلئەسىنىڭ يېنىدا كىچىك باللار بىلەن ئويناۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ كۇنلەردە، ئىبنى سەيياد بالاغەتكە يېتىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرغانغا

قەدەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى سەييادقا:

ــ مېنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، ئىبنى سەيياد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ:

ــ سېنىڭ ساۋاتسىزلارنىڭ (يەنى ئەرەبلەرنىڭ) پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. سەن مېنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى رەت قىلىپ:

ــ مەن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، - دېدى. ئاندىن:

ــ ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، ئىبنى سەيياد:

- ماڭا راستمۇ كېلىۋاتىدۇ، يالغانمۇ كېلىۋاتىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنداقتا، سەن راست - يالغاننى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋېتىپسەن، - دېدى. ئاندىن:

ــ مەن بىر نەرسە يوشۇردۇم (ئۇنى تاپقىن)، - دېگەنىدى، ئىبنى سەيياد:

- ئۇ تۇتۇن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاغزىڭنى يۇم، ھەددىڭدىن ئاشما! ــ دېدى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت بەرگىن، ئۇنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلاي، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق، ئەگەر ئۇ (دەججال) بولسا، ئۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. ئەگەر دەججال بولمىسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، - دېدى.

ئىبنى ئۆمەر يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىككىسى ئىبنى سەيياد

تۇرىدىغان خورمىزارلىقتا باردى. ئۇلار ئىبنى سەييادقا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن خورما شاخلىرىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ، يوشۇرۇنۇشقا تىرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى سەييادنىڭ مەخمەل كۆرپە ئۈستىدە يېتىپ، بىر نەرسىلەرنى غودۇڭشىۋاتقىنىنى كۆردى. دەل شۇ پەيتتە، ئىبنى سەييادنىڭ ئانىسى خورما شاخلىرىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئىبنى سەييادقا (ئۇنىڭ ئىسمى ساف ئىدى):

ـ ئى ساف! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى سەيياد ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر (ئانىسى) ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغان بولسا، (ئۇنىڭ ماھىيىتى) ئاشكارا بولاتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى 1355)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، اللهقا تېگىشلىك دەرىجىدە ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىۋاتىمەن. ئۆز قەۋمىنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرمىغان ھېچبىر پەيغەمبەر يوقتۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىنىڭ قەۋمىنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچبىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە ئېيتمىغان سۆزنى ئېيتىمەن. بىلىڭلاركى، دەججال يەكچەشمىدۇر، ئەمما الله يەكچەشمە ئەمەس».

(بۇخارى: 3337)

9950 ـ وفي رواية: إني خَبَأْتُ لَكَ خَبِيئًا وَخَبَأَ لَهُ يَوْمَ تَأْتِي السمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ.

9950 ــ باشقا بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سەندىن بىر نەرسە يوشۇردۇم» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سۈرە دۇخاننى يوشۇرغان ئىدى[1].

(تىرمىزى: 2249)

9951 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ لَقِيَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبو بَكْرٍ وَعُمَرُ فِي بَعْضِ طُرُقِ الْمَدِينَةِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَرَى قَالَ أَرَى عَرْشًـا عَلَى الْمَاءِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَرَى عَرْشَ إِبْلِيسَ عَلَى الْبَحْرِ.

9951 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مەدىنە كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا (يەنى ئىبنى سەييادقا) يولۇقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ سۇ ئۈستىدە تەخت كۆرۈۋاتىمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن شەيتاننىڭ دېڭىزدىكى تەختىنى كۆرۈپسەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2926)

9952 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِابْنِ صَائِدٍ مَـا تُرْبَةُ الْجَنةِ قَالَ دَرْمَكَةٌ بَيْضَاءُ مِسْكٌ يَا أَبَا الْقَاسِمِ قَالَ صَدَقْتَ.

9952 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى سەيياددىن:

ـ جەننەتنىڭ تۇپىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى سەيياد:

ـ ئى ئەبۇلقاسىم! ئۇنىڭ رەڭگى ئۇندەك ئاپئاق، پۇرىقى مىسكتۇر، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ئەلبانى (1832): سەھىھ ـ دېگەن.

- توغرا ئېيتتىڭ، - دېدى.

(مۇسلىم: 2928)

9953 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أن ابْنَ صَيادٍ سَأَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ تُرْبَةِ الْجَنةِ فَقَالَ دَرْمَكَةٌ بَيْضَاءُ مِسْكٌ خَالِصٌ.

9953 - باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبنى سەيياد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن جەننەتنىڭ توپىسى ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنىڭ رەڭگى ئۇندەك ئاپئاق، پۇرىقى ساپ مىسكتۇر، - دېدى.

(مۇسلىم: 2928)

9954 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ خَرَجْنَا حُجاجًا أَوْ عُمارًا وَمَعَنَا ابْنُ صَائِدٍ قَالَ فَنَزَلْنَا مَنْزِلًا فَتَفَرقَ الناسُ وَبَقِيتُ أَنَا وَهُوَ فَاسْتَوْحَشْتُ مِنْهُ وَحْشَةً شَدِيدَةً مِما يُقَالُ عَلَيْهِ قَالَ وَجَاءَ بِمَتَاعِهِ فَوَضَعَهُ مَعَ مَتَاعِي فَقُلْتُ إِن الْحَر شَدِيدٌ فَلَوْ وَضَعْتَهُ تَحْتَ تِلْكَ الشجَرَةِ قَالَ فَفَعَلَ قَالَ فَرُفِعَتْ لَنَا غَنَمٌ فَانْطَلَقَ فَجَاءَ بِعُس فَقَالَ اشْرَبْ أَبَا سَعِيدٍ فَقُلْتُ إِن الْحَر شَدِيدٌ وَاللبَنُ حَار مَا بِي إِلا أَني أَكْرَهُ أَنْ أَشْرَبَ عَنْ يَدِهِ أَوْ قَالَ آخُذَ عَنْ يَدِهِ فَقَالَ أَبَا سَعِيدٍ لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آخُذَ حَبْلًا فَأُعَلقَهُ بِشَجَرَةٍ ثُم أَخْتَنِقَ مِما يَقُولُ لِي الناسُ يَا أَبَا سَعِيدٍ مَنْ خَفِيَ عَلَيْهِ حَدِيثُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا خَفِيَ عَلَيْكُمْ مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ أَلَسْتَ مِنْ أَعْلَمِ الناسِ بِحَدِيثِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَيْسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هُوَ كَافِرٌ وَأَنَا مُسْلِمٌ أَوَلَيْسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هُوَ عَقِيمٌ لَا يُولَدُ لَهُ وَقَدْ تَرَكْتُ وَلَدِي بِالْمَدِينَةِ أَوَلَيْسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَدْخُلُ الْمَدِينَةَ وَلَا مَكةَ وَقَدْ أَقْبَلْتُ مِنْ الْمَدِينَةِ وَأَنَا أُرِيدُ مَكةَ قَالَ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِي حَتى كِدْتُ أَنْ أَعْذِرَهُ ثُم قَالَ أَمَا وَاللهِ إِني لَأَعْرِفُهُ وَأَعْرِفُ مَوْلِدَهُ وَأَيْنَ هُوَ الْآنَ قَالَ قُلْتُ لَهُ تَبا لَكَ سَائِرَ الْيَوْمِ

9954 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق، ئىبنى

سەييادمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. بىر جايدا توختىدۇق، ئىنسانلار تارقالدى، ئىبنى سەيياد ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىدىن تارقالغان گەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن بەكمۇ چۆچۈپ تۇراتتىم. ئۇ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ، مېنىڭ يۈك - تاقلىرىمنىڭ يېنىغا قويىدى. مەن:

- ھاۋا بەك ئىسسىق، نەرسىلەرنى ئاۋۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويغان بولساڭ، - دېگەنىدىم، ئۇ ماقۇل بولۇپ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويىدى. دەل شۇ پەيتتە، نېرىدا بىر قوي كۆرۈندى. ئۇ بېرىپ، ئۇنىڭ سۈتىدىن ئېلىپ كەلدى ۋە ماڭا:

ــ ئى ئەبۇ سەئىد، ئىچكىن! ــ دېدى. ئۇنىڭ قولىدىن ئىچىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن:

ــ ھاۋا بەك ئىسسىق، سۈتمۇ ئىسسىق، كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ، ئىچكۈم يوق، - دېگەنىدىم، ئۇ:

- ئىنسانلارنىڭ مېنىڭ ئۇستۈمدىن تارقاتقان سۆز - چۆچەكلىرى سەۋەبىدىن، ئۆزەمنى ئارغامچا بىلەن دەرەخكە ئېسىپ، ئۆلۈۋالغىم كېلىدۇ. ئى ئەبۇ سەئىد! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسى باشقىلارغا مەخپىي قالغان بولسىمۇ، سىلەر ئەنسار جامائىتىگە مەخپىي قالغان ئەمەس. سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدىغانلاردىن بىرىسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ (دەججال) كاپىر» دېمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەن مۇسۇلمانمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ (دەججال) تۇغماس (يەنى پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ)» دېمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەن بالامنى مەدىنىگە قويۇپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ (دەججال) مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ» دېمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، مەن مەدىنەدىن كېلىۋاتىمەن ۋە مەككىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، - دېدى.

ئەبۇ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ھەتتا مەن ئۇنى ئەيىبسىز دەپ قاراپ، ئۆزرە ئېيتىشقا تاس قالدىم. شۇ ئارىدا ئۇ: "اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دەججالنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىقىنى ۋە ھازىر قەيەردە

ئىكەنلىكىنى بىلىمەن“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا: ”قۇرۇپ كەت!“ دېدىم.

(مۇسلىم: 2927)

9955 ـ وفي رواية: وَقِيلَ لَهُ أَيَسُرُّكَ أَنَّكَ ذَاكَ الرَّجُلُ قَالَ فَقَالَ لَوْ عُرِضَ عَلَيَّ مَا كَرِهْتُ.

9955 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبنى سەييادتىن:

ـ سېنىڭ دەججال بولۇپ قېلىشىڭ سېنى خۇشال قىلامدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ـ ماڭا: ”سەن دەججال بولغىن“ دېيىلسە، ”ياق“ دېمەيمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2927)

9956 ـ عَنْ نَافِعٍ قَالَ لَقِيَ ابْنُ عُمَرَ ابْنَ صَائِدٍ فِي بَعْضِ طُرُقِ الْمَدِينَةِ فَقَالَ لَهُ قَوْلًا أَغْضَبَهُ فَانْتَفَخَ حَتَّى مَلَأَ السِّكَّةَ فَدَخَلَ ابْنُ عُمَرَ عَلَى حَفْصَةَ وَقَدْ بَلَغَهَا فَقَالَتْ لَهُ رَحِمَكَ اللَّهُ مَا أَرَدْتَ مِنْ ابْنِ صَائِدٍ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّمَا يَخْرُجُ مِنْ غَضْبَةٍ يَغْضَبُهَا.

9956 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەدىنە كوچىلىرىدىن بىرىدە ئىبنى سەيياد بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان بىر سۆز قىلدى. ئىبنى سەيياد ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كوچىنى بېشىغا كىيدى. كېيىن ئىبنى ئۆمەر ھەفسەنىڭ يېنىغا كىردى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولغان ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئىدى، شۇڭا ئىبنى ئۆمەرگە:

ـ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئىبنى سەيياد بىلەن نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇ (دەججال) ئاچچىقى كەلتۈرۈلگەن چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2932)

9957 ـ وفي رواية: قَالَ ابْنُ عُمَرَ لَقِيتُهُ مَرَّتَيْنِ قَالَ فَلَقِيتُهُ فَقُلْتُ لِبَعْضِهِمْ هَلْ تَحَدَّثُونَ أَنَّهُ هُوَ قَالَ لَا وَاللهِ قَالَ قُلْتُ كَذَبْتَنِي وَاللهِ لَقَدْ أَخْبَرَنِي بَعْضُكُمْ أَنَّهُ لَنْ يَمُوتَ حَتى يَكُونَ أَكْثَرَكُمْ مَالًا وَوَلَدًا فَكَذَلِكَ هُوَ زَعَمُوا الْيَوْمَ قَالَ فَتَحَدَّثْنَا ثُم فَارَقْتُهُ قَالَ فَلَقِيتُهُ لَقْيَةً أُخْرَى وَقَدْ نَفَرَتْ عَيْنُهُ قَالَ فَقُلْتُ مَتى فَعَلَتْ عَيْنُكَ مَا أَرَى قَالَ لَا أَدْرِي قَالَ قُلْتُ لَا تَدْرِي وَهِيَ فِي رَأْسِكَ قَالَ إِنْ شَاءَ اللهُ خَلَقَهَا فِي عَصَاكَ هَذِهِ قَالَ فَنَخَرَ كَأَشَدِّ نَخِيرِ حِمَارٍ سَمِعْتُ قَالَ فَزَعَمَ بَعْضُ أَصْحَابِي أَني ضَرَبْتُهُ بِعَصًا كَانَتْ مَعِيَ حَتى تَكَسَّرَتْ وَأَما أَنَا فَوَاللهِ مَا شَعَرْتُ قَالَ وَجَاءَ حَتى دَخَلَ عَلَى أُم الْمُؤْمِنِينَ فَحَدثَهَا فَقَالَتْ مَا تُرِيدُ إِلَيْهِ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنهُ قَدْ قَالَ إِن أَولَ مَا يَبْعَثُهُ عَلَى الناسِ غَضَبٌ يَغْضَبُهُ.

9957 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئىبنى سەييياد بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچراشتىم. بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن، بىرىگە:

ـ بۇنىڭ دەججال ئىكەنلىكىنى دېيىشىۋاتامسىلەر؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ ئاللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ياق، ـ دېدى. مەن:

ـ ماڭا يالغان سۆزلىدىڭ، اﷲ بىلەن قەسەمكى، ئاراڭلاردىن بىرسى ماڭا ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ھەممىڭلاردىن كۆپ بولمىغىچە ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئېيتقان سۆز بۈگۈن ئەينەن كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ـ دېدىم. يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراشقاندا، قارىسام، بىر كۆزى پولتىيىپ چىقىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن:

ـ كۆزۈڭ قاچان بۇنداق بولۇپ قالدى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ بىلمەيمەن، ـ دېدى. مەن:

ـ بېشىڭدىكى كۆزۈڭنىمۇ بىلمەمسەن؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ اﷲ خالىسا، ئۇنى سېنىڭ ھاساڭدىمۇ يارىتىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدىنمۇ قاتتىقراق ئاۋازدا ۋارقىرىغىلى تۇردى. بەزى دوستلىرىم مېنىڭ ئۇنى ھاسام بىلەن قاتتىق ئۇرغىنىمنى ئېيتىشتى. لېكىن مەن ئۇنى ئۇرغىنىمنى بىلمەيمەن.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ئۇ (ئىبنى ئۆمەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە ئانىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى ئاڭلاتتى. ھەفسە ئانىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ــ ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتىلىشىگە سەۋەب بولىدىغان بىرىنچى نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2932)

9958 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ فَقَدْنَا ابْنَ صَيَادٍ يَوْمَ الْحَرةِ.

9958 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى سەييياد ھەررە ئۇرۇشىدا يوقاپ كەتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4332)

9959 ـ عَنْ رَاشِدِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ لَما فُتِحَتْ إِصْطَخْرُ نَادَى مُنَادٍ أَلَا إِن الدجالَ قَدْ خَرَجَ قَالَ فَلَقِيَهُمْ الصعْبُ بْنُ جَثامَةَ قَالَ فَقَالَ لَوْلَا مَا تَقُولُونَ لَأَخْبَرْتُكُمْ أَنِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَخْرُجُ الدجالُ حَتى يَذْهَلَ الناسُ عَنْ ذِكْرِهِ وَحَتى تَتْرُكَ الْأَئِمةُ ذِكْرَهُ عَلَى الْمَنَابِرِ.

9959 ــ راشىد ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىستەخرۇ ئازاد قىلىنغاندا، بىر جاكارچى:

ـ ئاگاھ بولۇڭلار! دەججال چىقتى، ـ دېدى. سەئب ئىبنى جەسسامە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

ـ بۇ سۆزنى سىلەر ئېيتمىغان بولساڭلار، مەن ئېيتاتتىم. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «دەججال، ئادەملەر ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان، ئىماملارمۇ مۇنبەرلەردە ئۇ توغرۇلۇق

[①] ئەلبانى (3641): سەنەدى سەھىھ. ـ دېگەن.

سۆزلىمەيدىغان بولۇپ كەتكەندە چىقىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(ئەھمەد: 16231)

9960 ـ عن أبي هريرة قال: «ذكر الدجال عند النبي صلى الله عليه وسلم فقال: تلده أمه وهي منبوذة في قبرها فإذا ولدته حملت النساء بالخطائين».

9960 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا دەججال تىلغا ئېلىنغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «دەججالنى ئانىسى قەبرىدە تۇغىدۇ (يەنى ئانىسى ئۆلۈپ قەبرىسگە قويۇلغاندىن كېيىن، قورسىقىدىكى بالىنىڭ ھاياتى ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ، ئاندىن قورساقنى يېرىپ بالىنى ئالىدۇ). ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن، ھامىلدار بولغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى پاسىق بالا تۇغىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

9961 ـ عَنْ ابْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ سَمِعَ أَبا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَيُوشِكَن أَنْ يَنْزِلَ فِيكُمْ ابْنُ مَرْيَمَ حَكَمًا مُقْسِطًا فَيَكْسِرَ الصلِيبَ وَيَقْتُلَ الْخِنْزِيرَ وَيَضَعَ الْجِزْيَةَ وَيَفِيضَ الْمَالُ حَتى لَا يَقْبَلَهُ أَحَدٌ.

9961 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ چۈشىشىگە ئاز قالدى. ئۇ چۈشۈپ كرىستنى سۇندۇرىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزىيەنى

---

[1] ھەيسەمى (12554): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدە مەسئۇدى ئىسىملىك ھەدىسنى ئېلىشتۇرۇپ قويىدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12556): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئوسمان ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى جۇمەھى ئىسىملىك تەرجىمىھالى مەجھۇل بىرى بار، ـ دېگەن.

ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. مال ـ دۇنيا كۆپىيىپ كېتىپ، زاكات (ياكى سەدىقە) قوبۇل قىلىدىغان ھېچكىم تېپىلمايدۇ».

(بۇخارى: 2222)

9962 ـ وفي رواية: وَحَتى تَكُونَ السجْدَةُ الْوَاحِدَةُ خَيْرًا مِنْ الدنْيَا وَمَا فِيهَا ثُـم يَقُولُ أَبو هُرَيْرَةَ اقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ وَإِنْ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ إِلا لَيُؤْمِنَن بِهِ قَبْلَ مَوْتِهِ الْآيَةَ.

9962 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ چاغدا قىلىنىدىغان بىر سەجدە پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەۋزەل بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئەگەر خالىساڭلار: ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەر قانداق جان ئۇزۇش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىيسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە اللهنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار!

(مۇسلىم: 155)

9963 ـ وفي رواية: كَيْفَ أَنْتُمْ إِذَا نَزَلَ ابْنُ مَرْيَمَ فِيكُمْ وَإِمَامُكُمْ مِنْكُمْ.

9963 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام سىلەرگە چۈشكەن تۇرۇقلۇق، ئىماملارنىڭ ئۆز ئىچىڭلاردىن بولۇشى نېمىدېگەن ياخشى؟!

(بۇخارى: 3449)

9964 ـ وفي رواية: فَأَمكُمْ مِنْكُمْ قَالَ ابْنُ أَبِي ذِئْبٍ تَدْرِي مَا أَمكُمْ مِنْكُمْ قُلْـتُ تُخْبِرُنِي قَالَ فَأَمكُمْ بِكِتَابِ رَبكُمْ تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَسُنةِ نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9964 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىچىڭلاردىن (بىرسى) ئىماملىق قىلسا...

---

[1] سۈرە نىسا، 159 ـ ئايەت.

ئىبنى ئەبۇ زىئب بۇنى: ”ئىچىڭلاردىن بىرسى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ كىتابى، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىمام بولسا،...“ دەپ تەپسىر قىلغان.

(مۇسلىم: 155)

9965 – وفي رواية: وَاللهِ لَيَنزِلَن ابْنُ مَرْيَمَ حَكَمًا عَادِلًا فَلَيَكْسِرَن الصلِيبَ وَلَيَقْتُلَن الْخِنْزِيرَ وَلَيَضَعَن الْجِزْيَةَ وَلَتُتْرَكَن الْقِلَاصُ فَلَا يُسْعَى عَلَيْهَا وَلَتَذْهَبَن الشحْنَاءُ وَالتبَاغُضُ وَالتحَاسُدُ.

9965 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ چۈشۈپ، كرېستىنى سۇندۇرىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. (ئۇ چاغدا) تۆگىلەر تاشلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم قىزىقمايدۇ. دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق بولمايدۇ».

(مۇسلىم: 221)

9966 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ نَبِي يَعْنِي عِيسَى وَإِنهُ نَازِلٌ فَإِذَا رَأَيْتُمُوهُ فَاعْرِفُوهُ رَجُلٌ مَرْبُوعٌ إِلَى الْحُمْرَةِ وَالْبَيَاضِ بَيْنَ مُمَصرَتَيْنِ كَأَن رَأْسَهُ يَقْطُرُ وَإِنْ لَمْ يُصِبْهُ بَلَلٌ فَيُقَاتِلُ الناسَ عَلَى الْإِسْلَامِ فَيَدُق الصلِيبَ وَيَقْتُلُ الْخِنْزِيرَ وَيَضَعُ الْجِزْيَةَ وَيُهْلِكُ اللهُ فِي زَمَانِهِ الْمِلَلَ كُلهَا إِلا الْإِسْلَامَ وَيُهْلِكُ الْمَسِيحَ الدجالَ فَيَمْكُثُ فِي الْأَرْضِ أَرْبَعِينَ سَنَةً ثُم يُتَوَفى فَيُصَلي عَلَيْهِ الْمُسْلِمُونَ.

9966 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن بىلەن ئۇنىڭ (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئارىسىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوقتۇر. ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز چۈشىدۇ، ئۇنى كۆرگەن چېغىڭلاردا تونۇۋېلىڭلاركى، ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، رەڭگى ئاق قىزىل كېلىدۇ. ئۈستىگە سارغۇچ رەڭلىك ئىككى قۇر كىيىم كىيىدۇ.

بېشى هۆل بولمىسىمۇ، خۇددى سۇ تامچىلاۋاتقاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئىسلام ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ، كرېستنى سۇندۇرىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. الله ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلام دىنىدىن باشقا بارلىق دىنلارنى يوق قىلىپ، دەججالنى هالاك قىلىدۇ. ئۇ يەر يۈزىدە تولۇق 40 يىل ياشاپ، ئاندىن ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار چۈشۈرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4324)

9967 ـ عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قال سَمِعْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمتِي يُقَاتِلُونَ عَلَى الْحَق ظَاهِرِينَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ قَالَ فَيَنزِلُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُولُ أَمِيرُهُمْ تَعَالَ صَل لَنا فَيَقُولُ لَا إِن بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ أُمَرَاءُ تَكْرِمَةَ اللهِ هَذِهِ الْأُمة.

9967 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ، تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىق جىھاد قىلىدۇ. ئاندىن مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا: ”بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگىن!“ دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭغا قارىتا: ”بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ ئەمىرىسىلەر. مانا بۇ، اللهنىڭ بۇ ئۈممەتنى ئىززەتلىگەنلىكىدىندۇر“ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 156)

9968 ـ عن عَبْد اللهِ بْن عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْرُجُ الدجالُ فِي أُمتِي فَيَمْكُثُ أَرْبَعِينَ لَا أَدْرِي أَرْبَعِينَ يَوْمًا أَوْ أَرْبَعِينَ شَهْرًا أَوْ أَرْبَعِينَ عَامًا فَيَبْعَثُ اللهُ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ كَأَنهُ عُرْوَةُ بْنُ مَسْعُودٍ فَيَطْلُبُهُ فَيُهْلِكُهُ ثُم يَمْكُثُ الناسُ سَبْعَ

[1] ئەلبانى (3635): سەھىھ ـ دېگەن.

سِنِينَ لَيْسَ بَيْنَ اثْنَيْنِ عَدَاوَةٌ ثُم يُرْسِلُ اللهُ رِيحًا بَارِدَةً مِنْ قِبَلِ الشأْمِ فَلَا يَبْقَى عَلَى وَجْهِ الْأَرْضِ أَحَدٌ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرةٍ مِنْ خَيْرٍ أَوْ إِيمَانٍ إِلا قَبَضَتْهُ حَتى لَوْ أَن أَحَدَكُمْ دَخَلَ فِي كَبِدِ جَبَلٍ لَدَخَلَتْهُ عَلَيْهِ حَتى تَقْبِضَهُ قَالَ سَمِعْتُهَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَيَبْقَى شِرَارُ الناسِ فِي خِفةِ الطيْرِ وَأَحْلَامِ السبَاعِ لَا يَعْرِفُونَ مَعْرُوفًا وَلَا يُنْكِرُونَ مُنْكَرًا فَيَتَمَثلُ لَهُمْ الشيْطَانُ فَيَقُولُ أَلَا تَسْتَجِيبُونَ فَيَقُولُونَ فَمَا تَأْمُرُنَا فَيَأْمُرُهُمْ بِعِبَادَةِ الْأَوْثَانِ وَهُمْ فِي ذَلِكَ دَار رِزْقُهُمْ حَسَنٌ عَيْشُهُمْ ثُم يُنْفَخُ فِي الصورِ فَلَا يَسْمَعُهُ أَحَدٌ إِلا أَصْغَى لِيتًا وَرَفَعَ لِيتًا قَالَ وَأَولُ مَنْ يَسْمَعُهُ رَجُلٌ يَلُوطُ حَوْضَ إِبِلِهِ قَالَ فَيَصْعَقُ وَيَصْعَقُ الناسُ ثُم يُرْسِلُ اللهُ أَوْ قَالَ يُنْزِلُ اللهُ مَطَرًا كَأَنهُ الطل أَوْ الظل نُعْمَانُ الشاك فَتَنْبُتُ مِنْهُ أَجْسَادُ الناسِ ثُم يُنْفَخُ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُمْ قِيَامٌ يَنْظُرُونَ ثُم يُقَالُ يَا أَيهَا الناسُ هَلُم إِلَى رَبكُمْ وَقِفُوهُمْ إِنهُمْ مَسْئُولُونَ قَالَ ثُم يُقَالُ أَخْرِجُوا بَعْثَ النارِ فَيُقَالُ مِنْ كَمْ فَيُقَالُ مِنْ كُل أَلْفٍ تِسْعَ مِائَةٍ وَتِسْعَةً وَتِسْعِينَ قَالَ فَذَاكَ يَوْمَ يَجْعَلُ الْوِلْدَانَ شِيبًا وَذَلِكَ يَوْمَ يُكْشَفُ عَنْ سَاقٍ.

9968 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دەججال ئۇممىتىمنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ ۋە 40 ۋاقىت تۇرىدۇ (راۋىي: 40 كۈن، 40 ئاي ياكى 40 يىل دېگەننى بىلەلمىدىم، ـ دەيدۇ) شۇ چاغدا، الله ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ (ئۇ ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاپ كېتىدۇ). ئۇ دەججالنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئىنسانلار يەتتە يىل ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشايدۇ. ئاندىن الله شام تەرەپتىن سوغۇق شامال ئەۋەتىدۇ. قەلبىدە زەررە چاغلىق ياخشىلىق ياكى زەررە چاغلىق ئىمانى بار ھېچكىم قالماي (ھەممىسى) ئۆلىدۇ. ھەتتا بىركىم تاغدىكى غارغا كىرىۋالسىمۇ، شامال ئۇ يەرگە كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا، يامان ئىشقا ئوتتەك ئالدىرايدىغان، يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ۋەھشىي ئىنسانلار قالىدۇ. ئۇلار نە ياخشىلىققا بۇيرۇمايدۇ، نە يامانلىقتىن توسمايدۇ. ئاندىن شەيتان ئۇلارغا كۆرۈنۈپ: ”ماڭا ئىتائەت قىلمامسىلەر؟“ دەيدۇ. ئۇلار: ”بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟“ دېيىشى بىلەنلا، شەيتان ئۇلارنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ مەزگىللەردە، ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى مول، ھاياتى راھەت ـ پاراغەتتە بولىدۇ.

ئاندىن سۇر چېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ھەممە ئۇنىڭغا قۇلاق سالىدۇ. تۆگىسىنى كۆل بويىغا سۇغۇرۇشقا ئېلىپ بارغان كىشى سۇر ئاۋازىنى تۇنجى بولۇپ ئاڭلايدۇ ۋە دەرھال ئۆلىدۇ. ئاندىن باشقا ئىنسانلارمۇ ئۆلىدۇ. ئاندىن الله شەبنەمدەك يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئۇ يامغۇر بىلەن ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرى ئۇنۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنىدۇ. ھەممەيلەن تىرىلىپ، تىك تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ''ئى ئىنسانلار! رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىڭلار! ئۇلارنى توختىتىپ قويۇڭلار، چۈنكى ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ'' دېيىلىدۇ. ئاندىن: ''دوزاخقا كىرىدىغانلارنى چاقىرىڭلار!'' دېيىلىدۇ. ''قانچىدىن قانچە كىشى؟'' دەپ سورىلىدۇ. ''ھەر 1000 كىشىدىن 999 كىشى'' دېيىلىدۇ. ئۇ، دەھشىتىن بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندۇر. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ھەممە ئىش قىيىنلىشىدۇ.

(مۇسلىم: 2940)

## قىيامەت، مەھشەرگاھتىكى ھالەت، ھېساب ـ كىتاب، ھەۋزى كەۋسەر، پۇلسىرات كۆۋرۈكى، مىزان ۋە شاپائەت بۆلۈملىرى

9969 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيْفَ أَنْعَمُ وَقَدْ الْتَقَمَ صَاحِبُ الْقَرْنِ الْقَرْنَ وَحَنَى جَبْهَتَهُ وَأَصْغَى سَمْعَهُ يَنْتَظِرُ أَنْ يُؤْمَرَ أَنْ يَنْفُخَ فَيَنْفُخُ قَالَ الْمُسْلِمُونَ فَكَيْفَ نَقُولُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ قُولُوا حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ تَوَكلْنَا عَلَى اللهِ رَبنَا.

9969 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سۇر ئىگىسى (ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام) سۇرنى ئاغزىغا قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، سۇرنى پۈۋلەش ئۈچۈن ئۆزىگە كېلىدىغان بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان تۇرسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولاي؟! ـ دېدى. مۇسۇلمانلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا، بىز نېمە دەيمىز؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ "الله بىزگە يېتەرلىك ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل. رەببىمىز اللهقا تەۋەككۇل قىلدۇق" دەڭلار! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3243)

9970 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ جَاءَ أَعْرَابِي إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا الصورُ قَالَ قَرْنٌ يُنْفَخُ فِيهِ.

[1] ئەلبانى (1980): سەھىھ ـ دېگەن.

9970 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:

ـ سۇر دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ پۈۋلىنىدىغان بۇرغىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 2430)

9971 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا بَيْنَ النفْخَتَيْنِ أَرْبَعُونَ قَالُوا يَا أَبَا هُرَيْرَةَ أَرْبَعُونَ يَوْمًا قَالَ أَبَيْتُ قَالُوا أَرْبَعُونَ شَهْرًا قَالَ أَبَيْتُ قَالُوا أَرْبَعُونَ سَنَةً قَالَ أَبَيْتُ ثُم يُنْزِلُ اللهُ مِنْ السمَاءِ مَاءً فَيَنْبُتُونَ كَمَا يَنْبُتُ الْبَقْلُ قَالَ وَلَيْسَ مِنْ الْإِنْسَانِ شَيْءٌ إِلا يَبْلَى إِلا عَظْمًا وَاحِدًا وَهُوَ عَجْبُ الذنَبِ وَمِنْهُ يُرَكبُ الْخَلْقُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

9971 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككى سۇر ئارىسىدا 40 بار» دېدى. ساھابىلەر ئەبۇ ھۇرەيرەدىن:

ـ 40 كۈنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە:

ـ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ 40 ئايمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە:

ـ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ـ دېدى. ساھابىلەر يەنە:

ـ 40 يىلمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ يەنە:

ـ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «اللە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار يەردىن ئوت ـ ياش ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئىنساننىڭ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن باشقا چىرىمەيدىغان بىرمۇ ئەزاسى يوق. ئىنسان قىيامەت كۈنى ئەشۇ سۆڭەكتىن قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ».

(مۇسلىم: 2955)

[1] ئەلبانى (1979): سەھىھ ـ دېگەن.

9972 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُل ابْنِ آدَمَ يَأْكُلُهُ التَرَابُ إلا عَجْبَ الذَنَبِ مِنْهُ خُلِقَ وَفِيهِ يُرَكبُ.

9972 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئادەم بالىسىنىڭ ھەممە ئەزاسىنى توپا يەپ تۈگىتىدۇ، پەقەت قۇيرۇق سۆڭىكىلا قالىدۇ. (ئىنسان) ئەشۇ سۆڭەكتىن يارىتىلغان، قىيامەت كۈنى يەنە شۇ سۆڭەكتىن قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ».

(مۇسلىم: 2955)

9973 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ الْأَنصَارِيِ أَنهُ أَخْبَرَهُ أَن أَبَاهُ كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ كَانَ يُحَدثُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنمَا نَسَمَةُ الْمُؤْمِنِ طَيْرٌ يَعْلَقُ فِي شَجَرِ الْجَنةِ حَتى يَرْجِعَهُ اللهُ إِلَى جَسَدِهِ يَوْمَ يَبْعَثُهُ.

9973 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىننىڭ جېنى بىر قۇش بولۇپ، الله ئۇنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان كۈنگە قەدەر (ئۇ قۇش) جەننەت دەرىخىگە قونۇپ تۇرىدۇ».

(مالىك: 566)

9974 ـ أبو رزين العقيلي ـ رضي الله عنه ـ قال: قلت: يا رسولَ الله كيف يُعيدُ الله الخلقَ؟ وما آية ذلك في خلقه؟ قال: أما مررت بوادي قومك جدبا، ثم مررتَ به يهّتز خَضِرا؟ قلت: نعم، قال: فتلك آيةُ الله في خلقه كذلك يحيي الله الموتى.

9974 ـ ئەبۇ رەزىن ئۇقەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله مەخلۇقاتلىرىنى قانداق تىرىلدۈرىدۇ؟ بۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ئالامەتلىرى نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قەۋمىڭنىڭ زېمىنىدىن ئۆتكىنىڭدە، ئۇ يەرنى بەزىدە قاقاس بېسىپ كەتكىنىنى ۋە بەزىدە يېشىللىقلا پۈركەنگىنىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ شۇنداق، كۆردۈم، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەنە شۇ اللهنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ئالامەتلىرىدۇر. الله ئۆلۈكنى خۇددى شۇنىڭدەك قايتا تىرىلدۈرىدۇ، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9975 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحْشَرُ الناسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى أَرْضٍ بَيْضَاءَ عَفْرَاءَ كَقُرْصَةِ النقِي لَيْسَ فِيهَا عَلَمٌ لِأَحَدٍ.

9975 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئاق ناننىڭ رەڭگىدەك قىزغۇچراق، ھاياتلىقتىن ھېچقانداق ئەسەر بولمىغان بىر تۈزلەڭلىككە يىغىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2790)

9976 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُحْشَرُ الناسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عُرَاةً غُرْلًا وَأَولُ الْخَلَائِقِ يُكْسَى إِبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلَام ثُم قَرَأَ كَمَا بَدَأْنَا أَولَ خَلْقٍ نُعِيدُهُ.

9976 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار يالىڭاچ ۋە سۈننەتسىز ھالدا تىرىلدۈرۈلىدۇ. ئەڭ دەسلەپ كىيىندۈرۈلىدىغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولىدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(نەسائى: 2082)

[1] سۈرە ئەنبىيا، 104 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (1969): سەھىھ ـ دېگەن.

9977 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ تُحْشَرُونَ حُفَاةً عُرَاةً غُرْلًا فَقَالَتْ امْرَأَةٌ أَيُبْصِرُ أَوْ يَرَى بَعْضُنَا عَوْرَةَ بَعْضٍ قَالَ يَا فُلَانَةُ لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ.

9977 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (قىيامەت كۈنى) يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ ۋە سۈننەتسىز ھالدا تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ـ دېدى. بىر ئايال:

ـ ئۇنداقتا بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئەۋرىتىمىزگە قاراپ قالامدۇق؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى پالانچى (ئايال)! ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ [1] دېدى[2].

(تىرمىزى: 3332)

9978 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَجُلًا قَالَ يَا نَبِيَّ اللَّهِ كَيْفَ يُحْشَرُ الْكَافِرُ عَلَى وَجْهِهِ قَالَ أَلَيْسَ الَّذِي أَمْشَاهُ عَلَى الرِّجْلَيْنِ فِي الدُّنْيَا قَادِرًا عَلَى أَنْ يُمْشِيَهُ عَلَى وَجْهِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

9978 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! كاپىر جەھەننەمگە يۈزى بىلەن قانداق ماڭدۇرۇلىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنى دۇنيادا ئىككى پۇتى ئۈستىدە ماڭدۇرغان الله قىيامەت كۈنى يۈزى بىلەن ماڭدۇرۇشقا قادىر ئەمەسمۇ؟! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6523)

---

[1] سۈرە ئەبەسە، 37 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2652): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

9979 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحْشَرُ الناسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ثَلَاثَةَ أَصْنَافٍ صِنْفًا مُشَاةً وَصِنْفًا رُكْبَانًا وَصِنْفًا عَلَى وُجُوهِهِمْ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ وَكَيْفَ يَمْشُونَ عَلَى وُجُوهِهِمْ قَالَ إِن الذِي أَمْشَاهُمْ عَلَى أَقْدَامِهِمْ قَادِرٌ عَلَى أَنْ يُمْشِيَهُمْ عَلَى وُجُوهِهِمْ أَمَا إِنهُمْ يَتقُونَ بِوُجُوهِهِمْ كُل حَدَبٍ وَشَوْكٍ.

9979 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قىيامەت كۈنى، ئىنسانلار ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈپ ھەشىر قىلىنىدۇ. بىرى، پىيادە؛ ئىككىنچىسى، ئۇلاغلىق؛ ئۈچىنچىسى، يۈزى بىلەن ماڭدۇرۇلىدۇ، ـ دېدى. بىرى ئۇنىڭدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! (ئىنسان) يۈزى بىلەن قانداق ماڭىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىنساننى پۇتى ئۈستىدە ماڭدۇرغان الله يۈزى بىلەنمۇ ماڭدۇرۇشقا قادىردۇر. ئۇ كۈنى كاپىرلار ھەر خىل توسۇق ۋە تىكەندىن يۈزى بىلەن قوغدىنىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3142)

9980 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُحْشَرُ الناسُ عَلَى ثَلَاثِ طَرَائِقَ رَاغِبِينَ رَاهِبِينَ وَاثْنَانِ عَلَى بَعِيرٍ وَثَلَاثَةٌ عَلَى بَعِيرٍ وَأَرْبَعَةٌ عَلَى بَعِيرٍ وَعَشَرَةٌ عَلَى بَعِيرٍ وَيَحْشُرُ بَقِيتَهُمْ النارُ تَقِيلُ مَعَهُمْ حَيْثُ قَالُوا وَتَبِيتُ مَعَهُمْ حَيْثُ بَاتُوا وَتُصْبِحُ مَعَهُمْ حَيْثُ أَصْبَحُوا وَتُمْسِي مَعَهُمْ حَيْثُ أَمْسَوْا.

9980 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، ئىنسانلار ئۈچ خىل شەكىلدە ھەشىر قىلىنىدۇ. ئۈمىد ۋە ۋەھىمە ئىچىدىكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار بىرگە، (مەرتىۋىسى يۇقىرى مۇسۇلمانلار ) بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىككى كىشى، بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ كىشى، بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۆت كىشى، بىر

[1] ئەلبانى (612): زەئىپ، ـ دېگەن.

تۆگىنىنىڭ ئۈستىدە ئون كىشى بولغان ھالەتتە بىرگە ھەشىر قىلىنىدۇ. قالغانلىرىنى (بىر پارچە) ئوت ئالدىغا سېلىپ ھەيدەيدۇ. ئوت ئۇلار دەم ئالغان يەردە دەم ئالىدۇ، ياتقان يەردە ياتىدۇ، تاڭ ئاتقۇزغان يەردە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، كەچ قىلغان يەردە كەچ قىلىدۇ».

(بۇخارى: 6522)

9981 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَعْرَقُ الناسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حَتى يَذْهَبَ عَرَقُهُمْ فِي الْأَرْضِ سَبْعِينَ ذِرَاعًا وَيُلْجِمُهُمْ حَتى يَبْلُغَ آذَانَهُمْ.

9981 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، ئىنسانلار شۇنداق (كۆپ) تەرلەيدۇكى، تەرلىرى يەر ئاستىغا 70 گەز كىرىپ، ئاندىن يۇقىرى ئۆرلەپ قۇلىقىغىچە يېتىدۇ».

(بۇخارى: 6532)

9982 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ يَقُومُ الناسُ لِرَب الْعَالَمِينَ قَالَ يَقُومُ أَحَدُهُمْ فِي رَشْحِهِ إِلَى أَنْصَافِ أُذُنَيْهِ.

9982 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، مۇنداق دېگەن: «ئۇلار قۇلاقلىرىنىڭ يېرىمىغىچە كېلىدىغان تەر ئىچىدە تۇرىدۇ».

(بۇخارى: 6531)

9983 ـ عن الْمِقْدَاد بْن الْأَسْوَدِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ تُدْنَى الشمْسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ الْخَلْقِ حَتى تَكُونَ مِنْهُمْ كَمِقْدَارِ مِيلٍ قَالَ سُلَيْمُ بْنُ

[1] سۈرە مۇتەففىفىن، 6 ـ ئايەت.

عَامِرٍ فَوَاللهِ مَا أَدْرِي مَا يَعْنِي بِالْمِيلِ أَمَسَافَةَ الْأَرْضِ أَمْ الْمِيلَ الَّذِي تُكْتَحَلُ بِهِ الْعَيْنُ قَالَ فَيَكُونُ النَّاسُ عَلَى قَدْرِ أَعْمَالِهِمْ فِي الْعَرَقِ فَمِنْهُمْ مَنْ يَكُونُ إِلَى كَعْبَيْهِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَكُونُ إِلَى رُكْبَتَيْهِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَكُونُ إِلَى حَقْوَيْهِ وَمِنْهُمْ مَنْ يُلْجِمُهُ الْعَرَقُ إِلْجَامًا قَالَ وَأَشَارَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِيَدِهِ إِلَى فِيهِ.

9983 ـ مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، قۇياش ئىنسانلارغا بىر مىل مىقدارغىچە يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ (سۇلەيم ئىبنى ئامىر: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مىلدىن يەر مۇساپىسى ياكى كۆزگە سۈرمە تارتىدىغان پەلكۈچتىن قايسىسىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلەلمىدىم، ـ دېگەن). ئىنسانلار قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ تەرلەيدۇ. بەزىلەر ئوشۇقىغىچە، بەزىلەر تىزىغىچە، بەزىلەر بېلىگىچە، يەنە بەزىلەر ئاغزىغىچە تەرلەيدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (تەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن) قولى بىلەن ئاغزىغا ئىشارەت قىلدى.

(مۇسلىم: 2864)

9984 ـ عن الْمِقْدَاد بن الْأَسْوَدِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: يُحْشَرُ النَّاسُ مَا بَيْنَ السِّقْطِ إِلَى الشَّيْخِ الْفَانِي أَبْنَاءَ ثَلَاثٍ وَثَلَاثِينَ فِي خَلْقِ آدَمَ وَحُسْنِ يُوسُفَ وَقلب أَيوبَ مُكَحَّلِينَ ذَوِي أَفَانِينَ.

9984 ـ مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

« ئەڭ كىچىك چۈشۈپ كەتكەن بالىدىن تارتىپ، دۇنيادا قېرىغىچە ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گەۋدىسى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چېھرى ۋە

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى بىلەن، 33 ياشلىق، سۈرمە تارتىلغان ۋە چاچلىرى قويۇق ھالەتتە ھەشىر قىلىنىدۇ»[①].

(ئەلكەبىر 256/20)

9985 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يحشر المتكبرون يوم القيامة في صور الذر.

9985 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى ئەڭ كىچىك زەررىدەك ھەشىر قىلىنىدۇ»[②].

(بەززار: 3430)

9986 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِ قَالَ قِيلَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ مَا أَطْوَلَ هَذَا الْيَوْمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنهُ لَيُخَففُ عَلَى الْمُؤْمِنِ حَتى يَكُونَ أَخَف عَلَيْهِ مِنْ صَلَاةٍ مَكْتُوبَةٍ يُصَليهَا فِي الدنْيَا.

9986 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! (قىيامەت كۈنىدىكى) ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈن بەك ئۇزۇن ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۈن مۇئمىن ئۈچۈن دۇنيادا بىر ۋاخ پەرز نامازنى ئادا قىلغانىدىنمۇ ئاز ۋاقىت قىلىپ بېرىلىدۇ» دېدى[③].

(ئەھمەد: 11320)

[①] ھەيسەمى (18326): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى سىنان ئەبۇ فەرۋە رەھاۋىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (18328): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (18347): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ئاساسەن ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

9987 ـ عن أŷ هريرة عن النF صلى الله عليه وسلم قال يوم يقوم الناس لـرب العالمين مقدار نصف يوم من Rسين ألف سنة فيهون ذلك على المؤمن كتدБ الشـمس للغروب إБ أن تغرب.

9987 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدىغان كۈن، شۇ ئۈزۈنلۈقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈننىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ، مۇئمىنلەر ئۈچۈن پېتىشقا يۈزلىنىۋاتقان قۇياشنىڭ پېتىشىغا كەتكەن ۋاقىتچىلىك ئازايتىپ بېرىلىدۇ»[1].

(مەۋسىلى: 6025)

9988 ـ عن ابن عباس قال من شك أن ا‡شر بالشام فليقرأ أول سورة اΣشـر (هو الذى أخرج الذين كفروا من ديارهم لاول اΣشر) قال فقال النF صـلى الله عليـه وسلم فهى أرض ا‡شر.

9988 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مەھشەرنىڭ شامدا بولۇشىدىن شۇبھىلەنسە، ھەشىر سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى: الله ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يەر مەھشەر يېرىدۇر» دېگەن[3].

(بەززار: 3426)

---

[1] ھەيسەمى (18348): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خالىدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ھەشىر، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ھەيسەمى (18355): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ سەئد بەققال ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار، ـ دېگەن.

9989 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يُبْعَثُ كُل عَبْدٍ عَلَى مَا مَاتَ عَلَيْهِ.

9989 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر بەندە نېمە ئىش ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالەتتە تىرىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2878)

9990 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَانَتْ لَهُ مَظْلَمَةٌ لِأَخِيهِ مِنْ عِرْضِهِ أَوْ شَيْءٍ فَلْيَتَحَللْهُ مِنْهُ الْيَوْمَ قَبْلَ أَنْ لَا يَكُونَ دِينَارٌ وَلَا دِرْهَمٌ إِنْ كَانَ لَهُ عَمَلٌ صَالِحٌ أُخِذَ مِنْهُ بِقَدْرِ مَظْلَمَتِهِ وَإِنْ لَمْ تَكُنْ لَهُ حَسَنَاتٌ أُخِذَ مِنْ سَيئَاتِ صَاحِبِهِ فَحُمِلَ عَلَيْهِ.

9990 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئىپپىتىگە ياكى مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەن بولسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەر پۇل ئورنىدا ئۆتمەيدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن بۇ دۇنيادا (ئۇ قېرىندىشىنىڭ) رازىلىقىنى ئېلىۋالسۇن. چۈنكى (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭ قىلغان زۇلۇمىغا يارىشا سالىھ ئەمەلىدىن (ئەگەر بولسا) ئېلىنىدۇ (ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان قېرىندىشىغا بېرىلىدۇ)، ئەگەر ساۋابلىق ئىشى بولمىسا، قېرىندىشىنىڭ گۇناھى (ئېلىنىپ) ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ».

(بۇخارى: 2449)

9991 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَتَدْرُونَ مَا الْمُفْلِسُ قَالُوا الْمُفْلِسُ فِينَا مَنْ لَا دِرْهَمَ لَهُ وَلَا مَتَاعَ فَقَالَ إِن الْمُفْلِسَ مِنْ أُمتِي يَأْتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِصَلَاةٍ وَصِيَامٍ وَزَكَاةٍ وَيَأْتِي قَدْ شَتَمَ هَذَا وَقَذَفَ هَذَا وَأَكَلَ مَالَ هَذَا وَسَفَكَ دَمَ

هَذَا وَضَرَبَ هَذَا فَيُعْطَى هَذَا مِنْ حَسَنَاتِهِ وَهَذَا مِنْ حَسَنَاتِهِ فَإِنْ فَنِيَتْ حَسَنَاتُهُ قَبْلَ أَنْ يُقْضَى مَا عَلَيْهِ أُخِذَ مِنْ خَطَايَاهُمْ فَطُرِحَتْ عَلَيْهِ ثُم طُرِďzفِي النارِ.

9991 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ـ مۇنقەرز بولغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مۇنقەرز بولغۇچى پۇلى ۋە مېلىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان كىشىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مېنىڭ ئۈممىتىمدىكى ھەقىقىي مۇنقەرز بولغۇچى قىيامەت كۈنى نامىزى، روزىسى ۋە زاكىتى بىلەن كېلىدىغان، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن: ''بۇنى ئەيىبلىگەن''، ''ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان''، ''بۇنىڭ مېلىنى يېگەن''، ''پالانچىنىڭ قېنىنى تۆككەن''، ''پۇستانچىنى ئۇرغان'' دېگەندەك شىكايەتلەرگە ئۇچرايدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا تارقىتىلىدۇ. ئەگەر قەرزى تۈگىمەي تۇرۇپ ساۋابى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2581)

9992 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَتُؤَدن الْحُقُوقَ إِلَى أَهْلِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ حَتى يُقَادَ لِلشاةِ الْجَلْحَاءِ مِنْ الشاةِ الْقَرْنَاءِ.

9992 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، بارلىق ھەق ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ھەتتا مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2582)

9992 ـ أبو هريرة ـ رضي الله عنه ـ قال: «كنا نسمع أن الرجلَ يتعلق بالرجل يوم القيامة وهو لا يعرفه، فيقول له: مالك إليَّ وما بيني وبينك معرفة؟ فيقول: كنتَ تراني على الخطأ وعلى المنكر ولا تنهاني».

9993 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز مۇنداق ئاڭلايتتۇق:

ـ قىيامەت كۈنى، بىر ئادەم ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ. ئۇ ئادەم:

ـ مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ مەن سېنى تونۇمايمەن، ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى:

ـ سەن (دۇنيادا) مېنىڭ گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، (مېنى) ئۇنىڭدىن توسمىغان ئىدىڭ، ـ دەيدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9994 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ لَيْسَ أَحَدٌ يُحَاسَبُ إلا هَلَكَ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ جَعَلَنِي اللهُ فِدَاءَكَ أَلَيْسَ يَقُولُ اللـهُ عَز وَجَل فَأَما مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِـيرًا قَـالَ ذَاكَ الْعَـرْضُ يُعْرَضُونَ وَمَنْ نُوقِشَ الْحِسَابَ هَلَكَ.

9994 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله مېنى ساڭا پىدا قىلسۇن. الله قۇرئاندا: نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ [1] دېمىدىمۇ؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] سۈرە ئىنشىقاق، 7 ـ دىن 9 ـ ئايەتكىچە.

ـ ئۇ (سوئال ـ سوراق ئەمەس، بەلكى) قىلمىشلىرىنى كۆرستىپ قويۇشتىن ئىبارەت. كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ھالاك بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4939)

9995 ـ وفي رواية: وَلَيْسَ أَحَدٌ يُنَاقَشُ الْحِسَابَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِلا عُذبَ.

9995 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قىيامەت كۈنى قانداقلا بىر ئادەمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ئازابقا تارتىلىدۇ».

(بۇخارى: 6537)

9996 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَولُ مَا يُحَاسَبُ بِهِ الْعَبْدُ الصلَاةُ وَأَولُ مَا يُقْضَى بَيْنَ الناسِ فِي الدمَاءِ.

9996 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى بەندىدىن تۇنجى بولۇپ سورىلىدىغىنى ناماز؛ ئىنسانلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغىنى ناھەق تۆكۈلگەن قاندۇر»[1].

(نەسائى: 3991)

9997 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَزُولُ قَدَمُ ابْنِ آدَمَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ عِنْدِ رَبهِ حَتى يُسْأَلَ عَنْ خَمْسٍ عَنْ عُمُرِهِ فِيمَ أَفْنَاهُ وَعَنْ شَبَابِهِ فِيمَ أَبْلَاهُ وَمَالِهِ مِنْ أَيْنَ اكْتَسَبَهُ وَفِيمَ أَنْفَقَهُ وَمَاذَا عَمِلَ فِيمَا عَلِمَ.

9997 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (3726): سەھىھ ـ دېگەن.

«قىيامەت كۈنى، بەندە رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا مۇنۇ بەش نەرسىنىڭ سورىقىنى بەرمىگىچە جايىدىن مىدىرلىمايدۇ: ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلغىنى، ياشلىقىنى نېمىگە زايا قىلغىنى، مېلىنى نەدىن تاپقىنى ۋە نېمىگە خىراجەت قىلغىنى، بىلگىنىگە قانداق ئەمەل قىلغىنى»[1].

(تىرمىزى: 2416)

9998 ـ عَنْ أَنسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُجَاءُ بِابْنِ آدَمَ يَوْمَ الْقِيَامَـةِ كَأَنهُ بَذَجٌ فَيُوقَفُ بَيْنَ يَدَيْ اللهِ فَيَقُولُ اللهُ لَهُ أَعْطَيْتُكَ وَخَولْتُكَ وَأَنْعَمْتُ عَلَيْـكَ فَمَـاذَا صَنَعْتَ فَيَقُولُ يَا رَب جَمَعْتُهُ وَثَمرْتُهُ فَتَرَكْتُهُ أَكْثَرَ مَا كَانَ فَارْجِعْنِي آتِكَ بِهِ فَيَقُولُ لَهُ أَرِنِي مَا قَدمْتَ فَيَقُولُ يَا رَب جَمَعْتُهُ وَثَمرْتُهُ فَتَرَكْتُهُ أَكْثَرَ مَا كَانَ فَارْجِعْنِي آتِكَ بِهِ كُلهِ فَـإِذَا عَبْدٌ لَمْ يُقَدمْ خَيْرًا فَيُمْضَى بِهِ إِلَى النار.

9998 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، ئادەم بالىسى اللهنىڭ ھۇزۇرىغا پاقلاندەك ئېلىپ كېلىنىپ تۇرغۇزۇلىدۇ. الله ئۇنىڭدىن: ”ساڭا كۆپ نېئمەت بەردىم، باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلدىم، سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ”ئى رەببىم! ئۇلارنى يىغدىم، كۆپەيتتىم ۋە كۆپەيتىپ قويۇپ تاشلاپ كەلدىم. مېنى (دۇنياغا) قايتا ئەۋەتكىن، ئۇنى ساڭا ئېلىپ كېلەي“ دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: ”ماڭا ئالدىن ئەۋەتكىنىڭنى (يەنى ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلەتكىنىڭنى) كۆرسەتكىن!“ دەيدۇ. ئۇ يەنە: ”ئى رەببىم! ئۇلارنى يىغدىم، كۆپەيتتىم ۋە كۆپەيتىپ قويۇپ تاشلاپ كەلدىم. مېنى قايتا ئەۋەتكىن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئېلىپ كېلەي“ دەيدۇ. ئەگەر بەندە (ھايات ۋاقتىدا) پۇل ـ ماللىرىنى ھېچقانداق ياخشىلىق يولىغا ئىشلەتمىگەن بولسا، جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2427)

[1] ئەلبانى (1969): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (427): زەئىپ، ـ دېگەن.

9999 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ نَرَى رَبَّنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ هَلْ تُضَارُونَ فِي رُؤْيَةِ الشَّمْسِ فِي الظَّهِيرَةِ لَيْسَتْ فِي سَحَابَةٍ قَالُوا لَا قَالَ فَهَلْ تُضَارُونَ فِي رُؤْيَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ لَيْسَ فِي سَحَابَةٍ قَالُوا لَا قَالَ فَوَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا تُضَارُونَ فِي رُؤْيَةِ رَبِّكُمْ إِلَّا كَمَا تُضَارُونَ فِي رُؤْيَةِ أَحَدِهِمَا قَالَ فَيَلْقَى الْعَبْدَ فَيَقُولُ أَيْ فُلْ أَلَمْ أُكْرِمْكَ وَأُسَوِّدْكَ وَأُزَوِّجْكَ وَأُسَخِّرْ لَكَ الْخَيْلَ وَالْإِبِلَ وَأَذَرْكَ تَرْأَسُ وَتَرْبَعُ فَيَقُولُ بَلَى قَالَ فَيَقُولُ أَفَظَنَنْتَ أَنَّكَ مُلَاقِيَّ فَيَقُولُ لَا فَيَقُولُ فَإِنِّي أَنْسَاكَ كَمَا نَسِيتَنِي ثُمَّ يَلْقَى الثَّانِيَ فَيَقُولُ أَيْ فُلْ أَلَمْ أُكْرِمْكَ وَأُسَوِّدْكَ وَأُزَوِّجْكَ وَأُسَخِّرْ لَكَ الْخَيْلَ وَالْإِبِلَ وَأَذَرْكَ تَرْأَسُ وَتَرْبَعُ فَيَقُولُ بَلَى أَيْ رَبِّ فَيَقُولُ أَفَظَنَنْتَ أَنَّكَ مُلَاقِيَّ فَيَقُولُ لَا فَيَقُولُ فَإِنِّي أَنْسَاكَ كَمَا نَسِيتَنِي ثُمَّ يَلْقَى الثَّالِثَ فَيَقُولُ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ فَيَقُولُ يَا رَبِّ آمَنْتُ بِكَ وَبِكِتَابِكَ وَبِرُسُلِكَ وَصَلَّيْتُ وَصُمْتُ وَتَصَدَّقْتُ وَيُثْنِي بِخَيْرٍ مَا اسْتَطَاعَ فَيَقُولُ هَاهُنَا إِذًا قَالَ ثُمَّ يُقَالُ لَهُ الْآنَ نَبْعَثُ شَاهِدَنَا عَلَيْكَ وَيَتَفَكَّرُ فِي نَفْسِهِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْهَدُ عَلَيَّ فَيُخْتَمُ عَلَى فِيهِ وَيُقَالُ لِفَخِذِهِ وَلَحْمِهِ وَعِظَامِهِ انْطِقِي فَتَنْطِقُ فَخِذُهُ وَلَحْمُهُ وَعِظَامُهُ بِعَمَلِهِ وَذَلِكَ لِيُعْذِرَ مِنْ نَفْسِهِ وَذَلِكَ الْمُنَافِقُ وَذَلِكَ الَّذِي يَسْخَطُ اللهُ عَلَيْهِ.

9999 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرەمدۇق؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— چۈش ۋاقتىدا بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشنى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟ ـ دېگەنىدى، ساھابىلەر:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئايدىڭ كېچىدە بۇلۇتسىز ئاسماندىكى تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟ ـ دېگەنىدى، ساھابىلەر يەنە:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، خۇددى ئاسماندىكى ئاي بىلەن قۇياشنى قىينالمايلا كۆرگىنىڭلاردەك، رەببىڭلارنىمۇ ھېچقانداق قىينالمايلا كۆرىسىلەر، ـ دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېدى: ﷲ بەندىسىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

ـ ئى پالانچى! مەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلمىدىممۇ، باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلمىدىممۇ، سېنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلمىدىممۇ، ساڭا ئات بىلەن تۆگىنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ، سېنى باشلىق قىلمىدىممۇ، ئۇلاردىن تۆتتىن بىرىنى غەنىمەت ئالمىدىڭمۇ؟ ـ دەيدۇ. بەندە:

ـ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ﷲ:

ــ مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ. بەندە:

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ﷲ:

ـ مېنى ئۇنتۇتقاندەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن، ـ دەيدۇ. كېيىن، ﷲ ئىككىنچىسىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

ـ ئى پالانچى! مەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلمىدىممۇ، باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلمىدىممۇ، سېنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلمىدىممۇ، ساڭا ئات بىلەن تۆگىنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ، سېنى باشلىق قىلمىدىممۇ، ئۇلاردىن تۆتتىن بىرىنى غەنىمەت ئالمىدىڭمۇ؟ ـ دەيدۇ. بەندە:

ـ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ﷲ:

ــ مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ. بەندە:

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ﷲ:

ـ سەن مېنى ئۇنتۇتقاندەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن، ـ دەيدۇ. كېيىن، ﷲ ئۈچىنچىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوخشاش سوئالنى سورايدۇ. ئۇ بەندە:

ـ ئى رەببىم! ساڭا، كىتابىڭغا، پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم. ناماز ئوقۇدۇم، روزا تۇتتۇم، زاكات بەردىم. ـ دەيدۇ ۋە چامىنىڭ يەتكىنىچە ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. ئاللاھ:

ــ ئۇنداقتا، سەن بىردەم كۈتۈپ تۇرغىن، مەن ساڭا گۇۋاھچى كەلتۈرەي! ـ دەيدۇ. بەندە ئۆز ئىچىدە:

ـ ئەجەبا، ماڭا كىمنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرەر، ـ دەپ ئويلاشقا باشلايدۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ ئاغزى مۆھۈرلىنىدۇ. ئاندىن پاقالچىقىغا:

ـ قېنى سەن سۆزلە! ـ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ پاقالچىقى، گۆشى ۋە سۆڭىكى تىلغا كېلىپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مانا بۇ، بەندىنىڭ ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بارچە يوللىرىنى كېسىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇچىنچى بەندە مۇناپىق بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققىدىغان كىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

(مۇسلىم: 2968)

10000 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِ أَن نَاسًا فِي زَمَنِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ نَرَى رَبنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ قَالَ هَلْ تُضَارونَ فِي رُؤْيَةِ الشمْسِ بِالظهِيرَةِ صَحْوًا لَيْسَ مَعَهَا سَحَابٌ وَهَلْ تُضَارونَ فِي رُؤْيَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ صَحْوًا لَيْسَ فِيهَا سَحَابٌ قَالُوا لَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ مَا تُضَارونَ فِي رُؤْيَةِ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِلا كَمَا تُضَارونَ فِي رُؤْيَةِ أَحَدِهِمَا إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ أَذنَ مُؤَذنٌ لِيَتبِعْ كُل أُمةٍ مَا كَانَتْ تَعْبُدُ فَلَا يَبْقَى أَحَدٌ كَانَ يَعْبُدُ غَيْرَ اللهِ سُبْحَانَهُ مِنْ الْأَصْنَامِ وَالْأَنْصَابِ إِلا يَتَسَاقَطُونَ فِي النارِ حَتى إِذَا لَمْ يَبْقَ إِلا مَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللهَ مِنْ بَر وَفَاجِرٍ وَغُبرِ أَهْلِ الْكِتَابِ فَيُدْعَى الْيَهُودُ فَيُقَالُ لَهُمْ مَا كُنْتُمْ تَعْبُدُونَ قَالُوا كُنا نَعْبُدُ عُزَيْرَ ابْنَ اللهِ فَيُقَالُ كَذَبْتُمْ مَا اتخَذَ اللهُ مِنْ صَاحِبَةٍ وَلَا وَلَدٍ فَمَاذَا تَبْغُونَ قَالُوا عَطِشْنَا يَا رَبنَا فَاسْقِنَا فَيُشَارُ إِلَيْهِمْ أَلَا تَرِدُونَ فَيُحْشَرُونَ إِلَى النارِ كَأَنهَا سَرَابٌ يَحْطِمُ بَعْضُهَا بَعْضًا فَيَتَسَاقَطُونَ فِي النارِ ثُم يُدْعَى النصَارَى فَيُقَالُ لَهُمْ مَا كُنْتُمْ تَعْبُدُونَ قَالُوا كُنا نَعْبُدُ الْمَسِيحَ

ابْنَ اللهِ فَيُقَالُ لَهُمْ كَذَبْتُمْ مَا اتخَذَ اللهُ مِنْ صَاحِبَةٍ وَلَا وَلَدٍ فَيُقَالُ لَهُمْ مَاذَا تَبْغُونَ فَيَقُولُونَ عَطِشْنَا يَا رَبنَا فَاسْقِنَا قَالَ فَيُشَارُ إِلَيْهِمْ أَلَا تَرِدُونَ فَيُحْشَرُونَ إِلَى جَهَنمَ كَأَنهَـا سَـرَابٌ يَحْطِمُ بَعْضُهَا بَعْضًا فَيَتَسَاقَطُونَ فِي النارِ حَتى إِذَا لَمْ يَبْقَ إِلا مَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللهَ تَعَالَى مِـنْ بَر وَفَاجِرٍ أَتَاهُمْ رَب الْعَالَمِينَ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى فِي أَدْنَى صُورَةٍ مِنْ التِي رَأَوْهُ فِيهَا قَالَ فَمَا تَنْتَظِرُونَ تَتْبَعُ كُل أُمةٍ مَا كَانَتْ تَعْبُدُ قَالُوا يَا رَبنَا فَارَقْنَا الناسَ فِي الدنْيَا أَفْقَرَ مَا كُنا إِلَيْهِمْ وَلَمْ نُصَاحِبْهُمْ فَيَقُولُ أَنَا رَبكُمْ فَيَقُولُونَ نَعُوذُ بِاللهِ مِنْكَ لَا نُشْرِكُ بِاللهِ شَيْئًا مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا حَتى إِن بَعْضَهُمْ لَيَكَادُ أَنْ يَنْقَلِبَ فَيَقُولُ هَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ آيَةٌ فَتَعْرِفُونَهُ بِهَا فَيَقُولُونَ نَعَـمْ فَيُكْشَفُ عَنْ سَاقٍ فَلَا يَبْقَى مَنْ كَانَ يَسْجُدُ لِلهِ مِنْ تِلْقَاءِ نَفْسِهِ إِلا أَذِنَ اللهُ لَهُ بِالسـجُودِ وَلَا يَبْقَى مَنْ كَانَ يَسْجُدُ اتقَاءً وَرِيَاءً إِلا جَعَلَ اللهُ ظَهْرَهُ طَبَقَةً وَاحِدَةً كُلمَا أَرَادَ أَنْ يَسْجُدَ خَر عَلَى قَفَاهُ ثُم يَرْفَعُونَ رُءُوسَهُمْ وَقَدْ تَحَولَ فِي صُورَتِهِ التِي رَأَوْهُ فِيهَا أَولَ مَرةٍ فَقَالَ أَنَا رَبكُمْ فَيَقُولُونَ أَنتَ رَبنَا ثُم يُضْرَبُ الْجِسْرُ عَلَى جَهَنمَ وَتَحِل الشفَاعَةُ وَيَقُولُونَ اللهُم سَلمْ سَلمْ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا الْجِسْرُ قَالَ دَحْضٌ مَزِلةٌ فِيهِ خَطَاطِيفُ وَكَلَالِيـبُ وَحَسَـكٌ تَكُونُ بِنَجْدٍ فِيهَا شُوَيْكَةٌ يُقَالُ لَهَا السعْدَانُ فَيَمُر الْمُؤْمِنُونَ كَطَـرْفِ الْعَـيْنِ وَكَـالْبَرْقِ وَكَالريحِ وَكَالطيْرِ وَكَأَجَاوِيدِ الْخَيْلِ وَالركَابِ فَنَاجٍ مُسَلمٌ وَمَخْدُوشٌ مُرْسَلٌ وَمَكْـدُوسٌ فِي نَارِ جَهَنمَ حَتى إِذَا خَلَصَ الْمُؤْمِنُونَ مِنْ النارِ فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَـدٍ بِأَشَد مُنَاشَدَةً لِلهِ فِي اسْتِقْصَاءِ الْحَق مِنْ الْمُؤْمِنِينَ لِلهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لِإِخْوَانِهِمْ الذِينَ فِي النارِ يَقُولُونَ رَبنَا كَانُوا يَصُومُونَ مَعَنَا وَيُصَلونَ وَيَحُجونَ فَيُقَالُ لَهُمْ أَخْرِجُوا مَنْ عَرَفْتُمْ فَتُحَرمُ صُوَرُهُمْ عَلَى النارِ فَيُخْرِجُونَ خَلْقًا كَثِيرًا قَدْ أَخَذَتْ النارُ إِلَى نِصْفِ سَاقَيْهِ وَإِلَى رُكْبَتَيْهِ ثُم يَقُولُونَ رَبنَا مَا بَقِيَ فِيهَا أَحَدٌ مِمنْ أَمَرْتَنَا بِهِ فَيَقُولُ ارْجِعُوا فَمَنْ وَجَدْتُمْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَـالَ دِينَارٍ مِنْ خَيْرٍ فَأَخْرِجُوهُ فَيُخْرِجُونَ خَلْقًا كَثِيرًا ثُم يَقُولُونَ رَبنَا لَمْ نَذَرْ فِيهَا أَحَـدًا مِمـنْ أَمَرْتَنَا ثُم يَقُولُ ارْجِعُوا فَمَنْ وَجَدْتُمْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ نِصْفِ دِينَارٍ مِـنْ خَيْـرٍ فَـأَخْرِجُوهُ فَيُخْرِجُونَ خَلْقًا كَثِيرًا ثُم يَقُولُونَ رَبنَا لَمْ نَذَرْ فِيهَا مِمنْ أَمَرْتَنَا أَحَدًا ثُم يَقُولُ ارْجِعُوا فَمَنْ وَجَدْتُمْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ ذَرةٍ مِنْ خَيْرٍ فَأَخْرِجُوهُ فَيُخْرِجُونَ خَلْقًا كَثِيرًا ثُم يَقُولُونَ رَبنَا لَـمْ نَذَرْ فِيهَا خَيْرًا وَكَانَ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِي يَقُولُ إِنْ لَمْ تُصَدقُونِي بِهَذَا الْحَدِيثِ فَاقْرَءُوا إِنْ

شِئْتُمْ إن اللهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرةٍ وَإِنْ تَكُ حَسَنَةً يُضَاعِفْهَا وَيُؤْتِ مِنْ لَدُنْهُ أَجْـرًا عَظِيمًـا فَيَقُولُ اللهُ عَز وَجَل شَفَعَتْ الْمَلَائِكَةُ وَشَفَعَ النبِيونَ وَشَفَعَ الْمُؤْمِنُونَ وَلَمْ يَبْقَ إلا أَرْحَـمُ الراحِمِينَ فَيَقْبِضُ قَبْضَةً مِنْ النارِ فَيُخْرِجُ مِنْهَا قَوْمًا لَمْ يَعْمَلُوا خَيْرًا قَط قَدْ عَادُوا حُمَمًـا فَيُلْقِيهِمْ فِي نَهَرٍ فِي أَفْوَاهِ الْجَنةِ يُقَالُ لَهُ نَهَرُ الْحَيَاةِ فَيَخْرُجُونَ كَمَا تَخْرُجُ الْحِبةُ فِي حَمِيلِ السيْلِ أَلَا تَرَوْنَهَا تَكُونُ إِلَى الْحَجَرِ أَوْ إِلَى الشجَرِ مَا يَكُونُ إِلَى الشمْسِ أُصَيْفِرُ وَأُخَيْضِـرُ وَمَا يَكُونُ مِنْهَا إِلَى الظل يَكُونُ أَبْيَضَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ كَأَنكَ كُنْتَ تَرْعَى بِالْبَادِيَةِ قَالَ فَيَخْرُجُونَ كَاللؤْلُؤِ فِي رِقَابِهِمْ الْخَوَاتِمُ يَعْرِفُهُمْ أَهْلُ الْجَنةِ هَؤُلَاءِ عُتَقَاءُ اللهِ الذِينَ أَدْخَلَهُمْ اللهُ الْجَنةَ بِغَيْرِ عَمَلٍ عَمِلُوهُ وَلَا خَيْرٍ قَدمُوهُ ثُم يَقُولُ ادْخُلُوا الْجَنةَ فَمَا رَأَيْتُمُوهُ فَهُوَ لَكُـمْ فَيَقُولُونَ رَبنَا أَعْطَيْتَنَا مَا لَمْ تُعْطِ أَحَدًا مِنْ الْعَالَمِينَ فَيَقُولُ لَكُمْ عِنْدِي أَفْضَلُ مِـنْ هَـذَا فَيَقُولُونَ يَا رَبنَا أَي شَيْءٍ أَفْضَلُ مِنْ هَذَا فَيَقُولُ رِضَايَ فَلَا أَسْخَطُ عَلَيْكُمْ بَعْدَهُ أَبَدًا.

10000 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر توپ كىشى:

- ئى رەسۇلۇللاھ! قىيامەت كۈنى، بىز رەببىمىزنى كۆرەلەيمىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھەئە. چۈش ۋاقتىدا، بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشنى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟ ئايدىڭ كېچىدە، بۇلۇتسىز ئاسماندىكى تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن قىينىلامسىلەر؟ - دېدى. ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! قىينالمايمىز، - دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قۇياش بىلەن ئاينى كۆرۈشتە ھېچ قىينالمىغىنىڭلاردەك قىيامەت كۈنى اللەنى كۆرۈشتىمۇ ھېچ قىينالمايسىلەر. قىيامەت كۈنى بولغاندا، بىر جاكارچى:

- ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ چوقۇنغىنىغا ئەگەشسۇن! - دەپ جاكارلايدۇ. اللەنى قويۇپ بۇتلارغا، تىكلەنگەن تاشلارغا ئىبادەت قىلغانلار بىر - بىرلەپ جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ، ئۇلاردىن جەھەننەمگە تاشلانمىغان ھېچكىم قالمايدۇ. مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، پەقەت اللەقا

ئىبادەت قىلغانلار ۋە ئەھلى كىتابلار قالىدۇ. ئاندىن بىرىنچى بولۇپ يەھۇدىيلار چاقىرىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن:

ـ نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. يەھۇدىيلار:

ــ بىز اللەنىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارغا:

ـ يالغان ئېيتتىڭلار. اللەنىڭ نە ئايالى، نە بالىسى يوق، ـ دېيىلىدۇ. ئۇلاردىن:

ـ نېمە خالايسىلەر؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار:

ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بەكمۇ ئۇسساپ كەتتۇق، بىزگە سۇ بەرسەڭ، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا:

ــ قېنى ئىچىڭلار! ــ دەپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ھاسىل بولغان سەراپ تەرەپكە ئىشارەت قىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار يۈگۈرگەن پېتى ئۇدۇل جەھەننەمگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، خرىستىئانلار چاقىرىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن:

ـ نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ ـ دېيىلىدۇ. ئۇلار:

ــ بىز اللەنىڭ ئوغلى مەسىھكە ئىبادەت قىلاتتۇق، ـ دەيدۇ. ئۇلارغىمۇ:

ـ يالغان ئېيتتىڭلار. اللەنىڭ نە ئايالى، نە بالىسى يوق، ـ دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن:

ـ نېمە خالايسىلەر؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلار:

ــ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بەكمۇ ئۇسسۇدۇق، بىزگە سۇ بەرسەڭ، ـ دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا:

ــ قېنى ئىچىڭلار! ــ دەپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ھاسىل بولغان سەراپ تەرەپكە ئىشارەت قىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار يۈگۈرگەن پېتى ئۇدۇل جەھەننەمگە چۈشىدۇ. ئاندىن پەقەت اللەقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ـ يامان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قالمىغاندا، الله ئۇلارغا ئۇلار دۇنيادا ئاڭلىغان سۈپەتكە ئەڭ يېقىن بىر شەكىلدە تەجەللىي قىلىدۇ ۋە:

ــ سىلەر نېمىنى ساقلاۋاتىسىلەر؟ ھەر ئۈممەت ئۆزى چوقۇنغان نەرسىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەتتى، ـ دەيدۇ. ئۇلار:

ــ ئى رەببىمىز! بىز دۇنيادا ئۇلارغا موھتاج بولساقمۇ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەنىدۇق، ئۇلار بىلەن دوستلاشمىغان ئىدۇق، ـ دەيدۇ. الله:

ـ مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، ـ دەيدۇ. ئۇلار:

ـ بىز اللهقا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز. اللهقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمىز، ـ دەيدۇ ۋە بۇ سۆزنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى كەينىگە قايتقىلى تاس قالىدۇ (چۈنكى الله شۇڭغىچە ئۆزىنى تونۇتمىغان ئىدى). الله:

ـ سىلەردە رەببىڭلارنى سىلەرگە تونىتىدىغان بىرەر ئالامەت بارمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ، ئۇلار:

ـ ھەئە، ـ دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا، الله بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەردە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەقىقەتەن اللهقا چىن يۈرەكتىن سەجدە قىلغانلارغا سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئىجازەت بېرىلىدۇ. رىيا ۋە جېنىنى ساقلاپ قېلىش (يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرەر يامانلىق كېلىپ قالماسلىقى) ئۈچۈن سەجدە قىلغانلارمۇ اللهقا سەجدە قىلىشقا تەمشىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باشلىرى ئالدىغا ئېگىلمەيدۇ ۋە ئۇلار ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشىدۇ. ئۇلار سەجدە قىلىش ئۈچۈن ھەر تەمشەلگىنىدە، ئوخشاشلا ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشىدۇ. كېيىن (سەجدە قىلغانلار) باشلىرىنى كۆتۈرىدۇ، الله ئۇلارغا ئالدىنقى قېتىمقىدىن باشقا سۈرەتتە تەجەللى قىلىدۇ ۋە:

ـ مانا مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇرمەن، ـ دەيدۇ. ئۇلارمۇ:

ـ سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن، ـ دەيدۇ.

ئاندىن جەھەننەم ئۈستىگە كۆۋرۈك قۇرۇلىدۇ ۋە شاپائەتكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇلار:

ـ ئى رەببىمىز! بىزنى سالامەت قىلغىن، بىزنى سالامەت قىلغىن! ـ دېيىشىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! كۆۋرۈك دېگەن نېمە، ئۇ قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كۆۋرۈك ناھايىتى تېيىلغاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نەجدتە ئۆسىدىغان ۋە سەئدان دەپ ئاتىلىدىغان تىكەنگە ئوخشايدىغان كانارلار، ئىلمەكلەر ۋە تۆمۈر تىكەنلەر بولىدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، بەزىلىرى چاقماقتەك، بەزىلىرى شامالدەك، بەزىلىرى قۇشتەك، بەزىلىرى ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتقا مىنگەندەك ۋە بەزىلىرى تۆگىگە مىنگەندەك ئۆتىدۇ. بەزىلەر ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ساق ـ سالامەت ئۆتىدۇ. بەزىلەر يۈز ـ كۆزلىرى تاتىلانغان ھالدا ئاران ئۆتۈپ قۇتۇلىدۇ. بەزىلىرى جەھەننەمگە موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ. نىھايەت، مۇئمىنلەر جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قىيامەت كۈنى، سىلەردىن بىرى دوزاختا قالغان قېرىنداشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن اللەقا شۇنداق قاتتىق يالۋۇرىدۇكى، ئۇ (ھاياتىي دۇنيادا) باشقىلاردىكى ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئۇنچىلىك يالۋۇرمايدۇ. ئۇلار:

ـ ئى رەببىمىز! ئۇلار بىز بىلەن بىرگە روزا تۇتاتتى، ناماز ئوقۇيتتى، ھەج قىلاتتى، ـ دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا:

ـ ئۇلاردىن تونۇيدىغانلىرىڭلارنى ئېلىپ چىقىڭلار! ــ دېيىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جىسىملىرى دوزاخقا ھارام قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دوزاختىن ئوت پاچىقىغىچە ۋە تىزىغىچە يەتكەن نۇرغۇن ئىنسانلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئاندىن:

ـ ئى رەببىمىز! بىز تونۇيدىغان كىشىلەردىن ھېچكىم قالمىدى، ھەممىسىنى ئېلىپ چىقتۇق، ـ دەيدۇ. الله ئۇلارغا:

ـ كىرىپ قاراپ بېقىڭلار! قەلبىدە بىر دىنارچىلىك ياخشىلىق بار كىشىنى تاپساڭلار، ئېلىپ چىقىڭلار! ـ دەيدۇ. ئۇلار كىرىپ، يەنە نۇرغۇن ئىنساننى ئېلىپ چىقىدۇ. ئاندىن يەنە:

ـ ئى رەببىمىز! چىقىشىنى بۇيرۇغان كىشىلەردىن ھېچكىمنى قالدۇرماي، ھەممىسىنى ئېلىپ چىقتۇق، ـ دەيدۇ. الله تائالا:

ــ يەنە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار! قەلبىدە يېرىم دىنارچىلىك ياخشىلىق بار كىشىنى تاپساڭلار، ئېلىپ چىقىڭلار! ــ دەيدۇ. ئۇلار كىرىپ، يەنە نۇرغۇن ئىنسانىنى ئېلىپ چىقىدۇ ۋە:

ـ ئى رەببىمىز! سەن بۇيرۇغان كىشىلەردىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي، ھەممىسىنى ئېلىپ چىقتۇق، ـ دەيدۇ. الله تائالا يەنە:

ـ يەنە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار! قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بار كىشىنى تاپساڭلار، ئېلىپ چىقىڭلار! ـ دەيدۇ. ئۇلار كىرىپ، يەنە شۇنداق كۆپ ئىنسانىنى ئېلىپ چىقىدۇ ۋە:

ـ ئى رەببىمىز! قەلبىدە ياخشىلىق بار بىرمۇ كىشىنى قالدۇرماي ئېلىپ چىقتۇق، ـ دەيدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: ئەگەر سىلەر بۇ ھەدىسنى تەستىقلىمىساڭلار، الله تائالانىڭ: الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ [1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار!

ئاندىن الله تائالا: پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە مۇئمىنلەر شاپائەت قىلدى. پەقەت مەرھەمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىلا قالدى، ـ دەيدۇ ۋە جەھەننەم ئوتىدىن (ھاياتىدا) پەقەتلا ياخشى ئىش قىلىپ باقمىغان ۋە جەھەننەم ئوتىدا كۆمۈردەك كۆيۈپ كەتكەن بىر توپ جامائەتنى ئېلىپ چىقىپ، جەننەت دەرۋازلىرى ئالدىدىكى ”ھاياتلىق دەرياسى“غا ئاتىدۇ. ئۇلار دەريادىن خۇددى سەل سۈيى ئېقتىپ كەلگەن دانلارغا ئوخشاش ناھايىتى تېز ئۈنۈپ چىقىدۇ. سىلەرگە مەلۇمكى، ئۇ دانلار بەزىدە تاش، بەزىدە دەرەخ تۈۋىدە ئۆسىدۇ. كۈنگەيدە ئۆسكەنلىرى سېرىق ياكى يېشىل؛ تەسكەيدە ئۆسكەنلىرى ئاپئاق بولىدۇ.

ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

[1] سۈرە نىسا، 39 ـ ئايەت.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن خۇددى يايلاقتا مال باقاندەك گەپ قىلىۋاتىسەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇلار مەرۋايىتتەك ئۇنۇپ چىقىدۇ ۋە بويۇنلىرىدا جەننەت ئەھلىگە تونۇشلۇق بولغان بەلگىلەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، جەننەت ئەھلى: مانا بۇلار الله تائالانىڭ ئازادگەردىلىرى. ئۇلار دۇنيادا نە بىر ئەمەل، نە بىرەر ياخشىلىق قىلمىغان بولسىمۇ، الله تەرىپىدىن جەننەتكە كىرگۈزۈلدى، ـ دېيىشىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا:

ـ قېنى جەننەتكە كىرىڭلار! نېمىنى كۆرسەڭلار، شۇ سىلەرنىڭ، ـ دەيدۇ. ئۇلار:

ــ ئى رەببىمىز! بىزگە ئالەملەردىكى ھېچكىمگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى بەردىڭ، ـ دەيدۇ. الله تائالا:

ـ دەرگاھىمدا سىلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بار، ـ دەيدۇ. ئۇلار:

ـ ئى رەببىمىز! بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولغان نېمىدۇر؟ ـ دەپ سورايدۇ. الله تائالا:

ـ ئۇ، مېنىڭ رازىلىقىم. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىز غەزەپ قىلمايمەن، ـ دەيدۇ.

(مۇسلىم: 183)

10001 ـ وفي رواية: قَالَ أَبو سَعِيدٍ بَلَغَنِي أَن الْجِسْرَ أَدَق مِنْ الشَّعْرَةِ وَأَحَد مِنْ السَّيْفِ.

10001 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەبۇ سەئىد مۇنداق دېگەن: ئاڭلىشىمچە، كۆۋرۈك (يەنى پىلسىرات) چاچتىنمۇ ئىنچىكە، قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر ئىكەن.

(مۇسلىم: 183)

10002 ـ عن أَبي الزُّبَيْرِ أَنَّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ يُسْأَلُ عَنْ الْوُرُودِ فَقَالَ نَجِيءُ نَحْنُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَنْ كَذَا وَكَذَا انْظُرْ أَيْ ذَلِكَ فَوْقَ الناسِ قَالَ فَتُدْعَى الْأُمَمُ بِأَوْثَانِهَا وَمَا

كَانَتْ تَعْبُدُ الْأُولُ فَالْأُولُ ثُم يَأْتِينَا رَبنَا بَعْدَ ذَلِكَ فَيَقُولُ مَنْ تَنظُرُونَ فَيَقُولُونَ نَنظُرُ رَبنَا فَيَقُولُ أَنا رَبكُمْ فَيَقُولُونَ حَتى نَنظُرَ إِلَيْكَ فَيَتجَلى لَهُمْ يَضْحَكُ قَالَ فَيَنطَلِقُ بِهِمْ وَيَتبِعُونَهُ وَيُعْطَى كُل إِنْسَانٍ مِنْهُمْ مُنَافِقٍ أَوْ مُؤْمِنٍ نُورًا ثُم يَتبِعُونَهُ وَعَلَى جِسْرِ جَهَنمَ كَلَالِيبُ وَحَسَكٌ تَأْخُذُ مَنْ شَاءَ اللهُ ثُم يُطْفَأُ نُورُ الْمُنَافِقِينَ ثُم يَنجُو الْمُؤْمِنُونَ فَتَنجُو أَولُ زُمْرَةٍ وُجُوهُهُمْ كَالْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ سَبْعُونَ أَلْفًا لَا يُحَاسَبُونَ ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ كَأَضْوَإِ نَجْمٍ فِي السمَاءِ ثُم كَذَلِكَ ثُم تَحِل الشفَاعَةُ وَيَشْفَعُونَ حَتى يَخْرُجَ مِنْ النارِ مَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَكَانَ فِي قَلْبِهِ مِنْ الْخَيْرِ مَا يَزِنُ شَعِيرَةً فَيُجْعَلُونَ بِفِنَاءِ الْجَنةِ وَيَجْعَلُ أَهْلُ الْجَنةِ يَرُشونَ عَلَيْهِمْ الْمَاءَ حَتى يَنْبُتُوا نَبَاتَ الشيْءِ فِي السيْلِ وَيَذْهَبُ حُرَاقُهُ ثُم يَسْأَلُ حَتى تُجْعَلَ لَهُ الدنْيَا وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهَا مَعَهَا.

10002 ــ ئەبۇ زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: بىرى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پىلسىراتتىن ئۆتۈش ھەققىدە سورىغانىدى، ئۇ:

ــ بىز ئىنسانلار قىيامەت كۈنى، بىر تۆپىلىككە يىغىلىمىز، ئۇ جايدا: ”ھەر ئۈممەت ئۆزى چوقۇنغان نەرسىسىگە ئەگەشسۇن“ دەپ جاكارلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئۈممەت چوقۇنغان نەرسىسىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ئاندىن رەببىمىز كېلىدۇ ۋە:

ـ كىمنى ساقلاۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇلار:

ـ رەببىمىزنى ساقلاۋاتىمىز، ـ دەيدۇ. اللە:

ـ مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، ـ دەيدۇ. ئۇلار:

ــ ئۇنداقتا، ساڭا قاراپلى ۋە جامالىڭنى كۆرەيلى، ـ دەيدۇ. اللە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ئۇلارغا تەجەللى قىلىدۇ، ئۇلارغا خۇش چىراي ئاچىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. مۇئمىن، مۇناپىق ھەممىگە نۇر بېرىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. جەھەننەم كۆۋرۈكى ئۈستىدە كانارلار ۋە تىكەنلىك تۆمۈرلەر ئېسىلغان بولۇپ، ئۇلار اللەنىڭ خالىغان بەندىلىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئاندىن مۇناپىقلارنىڭ نۇرلىرى ئۆچىدۇ، مۇئمىنلەر بولسا قۇتۇلىدۇ. يۈزلىرى تولۇن ئايدەك (نۇرلۇق بولغان) 70 مىڭ كىشىلىك جامائەت ھېسابسىز نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن، يۈزلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك نۇرلۇق ئىنسانلار كېلىدۇ.

مۇشۇ بويىچە، باشقىلار رەت ـ رېتى بىلەن كېلىدۇ. ئاندىن شاپائەتكە رۇخسەت بېرىلىدۇ ۋە شاپائەت قىلىنىدۇ. "لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ" دېگەنلەردىن ھېچكىم دوزاختا قالمايدۇ. شۇنىڭدەك، قەلبىدە بىر ئارپا ئېغىرلىقىدا ئىمانى بولغانلارمۇ چىقىرىلىپ، جەننەتنىڭ ھويلىسىدا توختىتىلىدۇ. جەننەت ئەھلى ئۇلارغا سۇ سېپىدۇ، ئۇلار خۇددى كەلكۈن سۈيى ئېقىتىپ كەلگەن ئۈسۈملۈكلەردەك ئۈنۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جىسمىدىكى دوزاخ ئوتىنىڭ جاراھەتلىرى يوقىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ تىلەكلىرى سورىلىدۇ، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئون ھەسسىسى بېرىلىدۇ. (مۇسلىم: 191)

10003 ـ عَنْ صَفْوَانَ بنِ مُحْرِزٍ قَالَ بَيْنَا ابْنُ عُمَرَ يَطُوفُ إِذْ عَرَضَ رَجُلٌ فَقَالَ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ أَوْ قَالَ يَا ابْنَ عُمَرَ سَمِعْتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي النجْوَى فَقَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يُدْنَى الْمُؤْمِنُ مِنْ رَبهِ وَقَالَ هِشَامٌ يَدْنُو الْمُؤْمِنُ حَتى يَضَعَ عَلَيْهِ كَنَفَهُ فَيُقَررُهُ بِذُنُوبِهِ تَعْرِفُ ذَنْبَ كَذَا يَقُولُ أَعْرِفُ يَقُولُ رَب أَعْرِفُ مَرتَيْنِ فَيَقُولُ سَتَرْتُهَا فِي الدنْيَا وَأَغْفِرُهَا لَكَ الْيَوْمَ ثُم تُطْوَى صَحِيفَةُ حَسَنَاتِهِ وَأَما الْآخَرُونَ أَوْ الْكُفارُ فَيُنَادَى عَلَى رُءُوسِ الْأَشْهَادِ هَؤُلَاءِ الذِينَ كَذبُوا عَلَى رَبهِمْ أَلَا لَعْنَةُ اللهِ عَلَى الظالِمِينَ.

10003 ـ سەفۋان ئىبنى مۇھرىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىز بىلەن تاۋاب قىلىۋاتاتتى، بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان (ياكى ئىبنى ئۆمەر)! سەن اللهنىڭ بەندىسىگە پىچىرلىشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دېگەنىدى. ئىبنى ئۆمەر:

ـ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇئمىن رەببىگە يېقىن كېلىدۇ، ئاندىن الله ئۇنى پەردە ئارقىسىغا ئېلىپ، گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن: "پالانى، پالانى گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟" دەپ سورىسا، ئۇ: "ئى رەببىم! بىلىمەن، بىلىمەن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن الله: ”مەن بۇ گۇناھىڭنى دۇنيادا يوشۇردۇم (ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىدى). بۈگۈنمۇ سېنىڭ گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ياخشىلىق دەپتىرى يېپىلىدۇ. ئەمما مۇناپىقلار ۋە كاپىرلارغا كەلسەك، بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ كۆزى ئالدىدا: ”بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر، ھەقىقەتەن اللەنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ“ دەپ نىدا قىلىنىدۇ».

(بۇخارى: 4685)

10004 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن رَجُلًا قَعَدَ بَيْنَ يَدَيْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَـا رَسُولَ اللهِ إِن لِي مَمْلُوكِينَ يُكَذِّبُونَنِي وَيَخُونُونَنِي وَيَعْصُونَنِي وَأَشْتُمُهُمْ وَأَضْرِبُهُمْ فَكَيْفَ أَنا مِنْهُمْ قَالَ يُحْسَبُ مَا خَانُوكَ وَعَصَوْكَ وَكَذَّبُوكَ وَعِقَابُكَ إِياهُمْ فَإِنْ كَانَ عِقَابُكَ إِياهُمْ بِقَدْرِ ذُنُوبِهِمْ كَانَ كَفَافًا لَا لَكَ وَلَا عَلَيْكَ وَإِنْ كَانَ عِقَابُكَ إِياهُمْ دُونَ ذُنُوبِهِمْ كَانَ فَضْلًا لَكَ وَإِنْ كَانَ عِقَابُكَ إِياهُمْ فَوْقَ ذُنُوبِهِمْ اقْتُص لَهُمْ مِنْكَ الْفَضْلُ قَالَ فَتَنَحى الرجُلُ فَجَعَلَ يَبْكِي وَيَهْتِفُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا تَقْرَأُ كِتَابَ اللهِ وَنَضَعُ الْمَـوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَإِنْ كَانَ مِثْقَالَ الْآيَةَ فَقَالَ الرجُلُ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَجِدُ لِي وَلِهَؤُلَاءِ شَيْئًا خَيْرًا مِنْ مُفَارَقَتِهِمْ أُشْهِدُكُمْ أَنهُمْ أَحْرَارٌ كُلُّهُمْ.

10004 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قۇللىرىم بار، ئۇلار ماڭا يالغان سۆزلەيدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنى تىللايمەن ۋە ئۇرىمەن. مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان خىيانىتى، ئاسىيلىقى ۋە يالغانچىلىقلىرى بىلەن سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىڭ ھېساب ـ كىتاب قىلىنىدۇ.

ئەگەر سېنىڭ بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تەڭ بولسا، ساڭا ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئەگەر جازا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئاز بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن ئەۋزەل. ئەگەر بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئېشىپ كەتسە، ئارتۇقى ئۈچۈن سەندىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، ـ دېدى. ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ بىر تەرەپكە سۈرۈلدى ۋە ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله تائالا قۇرئاندا: قىيامەت كۈنى (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ [1] دېگەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇ ئادەم:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ھەم ئۆزەم ھەم ئۇلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىشتىن باشقا ياخشى يول قالماپتۇ. سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىردىن باشلاپ ئازادتۇر، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3165)

10005 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كُنا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَضَحِكَ فَقَالَ هَلْ تَدْرُونَ مِم أَضْحَكُ قَالَ قُلْنا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ مِنْ مُخَاطَبَةِ الْعَبْدِ رَبهُ يَقُولُ يَا رَب أَلَمْ تُجِرْنِي مِنْ الظلْمِ قَالَ يَقُولُ بَلَى قَالَ فَيَقُولُ فَإِني لَا أُجِيزُ عَلَى نَفْسِي إِلا شَاهِدًا مِني قَالَ فَيَقُولُ كَفَى بِنَفْسِكَ الْيَوْمَ عَلَيْكَ شَهِيدًا وَبِالْكِرَامِ الْكَاتِبِينَ شُهُودًا قَالَ فَيُخْتَمُ عَلَى فِيهِ فَيُقَالُ لِأَرْكَانِهِ انْطِقِي قَالَ فَتَنْطِقُ بِأَعْمَالِهِ قَالَ ثُم يُخَلى بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْكَلَامِ قَالَ فَيَقُولُ بُعْدًا لَكُن وَسُحْقًا فَعَنْكُن كُنْتُ أُنَاضِلُ.

10005 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق. ئۇ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن:

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 47ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2531): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ـ نېمە سەۋەبتىن كۈلۈۋاتقىنىمنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ بەندىنىڭ رەببىگە خىتاب قىلغىنىدىن كۈلۈۋاتىمەن. بەندە: ’’ئى رەببىم! مېنى زۇلۇمدىن قۇتقازمىدىڭمۇ؟‘‘ دەپ سورايدۇ، الله: ’’ئەلۋەتتە قۇتقازدىم‘‘ دەيدۇ. بەندە: ’’مەن بۈگۈن ئۆز نەپسىمدىن باشقىسىنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايمەن‘‘ دەيدۇ. الله: ’’بۈگۈن ساڭا سېنىڭ نەپسىڭ ۋە يۈتۈكچى پەرىشتىلەر گۇۋاھلىق بېرىدۇ‘‘ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەندىنىڭ ئاغزىغا پېچەت سېلىنىپ، ئەزالىرىغا: ’’گەپ قىل!‘‘ دېگەن بۇيرۇق بېرىلىدۇ. ئەزالىرى ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت بېرىلىدۇ، ئۇ ئەزالىرىغا قاراپ: ’’ھالىڭلارغا ۋاي! مەن سىلەرنى يامانلىقلاردىن ساقلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلغانىدىم‘‘ دەيدۇ.

(مۇسلىم: 2969)

10006 ـ عن أنس عن النF صلى الله عليه وسلم قال الظلم ثلاثة فظلم لا يغفره الله وظلم يغفره وظلم لا يتركه الله فأما الظلم الذى لا يغفره الله فالشـرك قـال الله (إن الشرك لظلم عظيم) وأما الظلم الذى يغفره الله فظلم العباد لانفسهم فيما بينهم وبين رŏم وأما الظلم الذى لا يتركه الله فظلم العباد بعضهم بعضا حG يدين لبعضهم من بعض.

10006 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زۇلۇم ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، الله كەچۈرمەيدىغان زۇلۇم؛ ئىككىنچىسى، الله كەچۈرىدىغان زۇلۇم؛ ئۈچىنچىسى، الله ئۆتمەيدىغان زۇلۇم. الله كەچۈرمەيدىغان زۇلۇم ـ شېرىكتۇر. چۈنكى الله قۇرئاندا: ’’شېرىك چوڭ زۇلۇمدۇر‘‘ دېگەن. الله كەچۈرىدىغان زۇلۇم ـ بەندىنىڭ ئۆزى بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدا سادىر بولغان زۇلۇمدۇر. الله ئۆتمەيدىغان

(كەچۈرمەيدىغان) زۇلۇم ـ بەندىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سالغان زۇلمى بولۇپ، الله بۇ زۇلۇمنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرمىگىچە ئۆتمەيدۇ»[①].

(بەززار: 3439)

10007 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَولُ خَصْمَيْنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ جَارَانِ.

10007 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، ئەڭ ئاۋۋال قوشنىلار دەۋالىشىدۇ»[②].

(ئەھمەد: 16921)

10008 ـ عن أنس بن مالك قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا التقى الخلائق يوم القيامة فأدخل أهل الجنة وأهل النار النار نادى مناد يا أهل الجمع تتاركوا المظالم بينكم وثوابكم على.

10008 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، پۈتۈن خالايىق بىر يەرگە توپلىنىپ، جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگەندە، بىر جاكارچى: ”ئى ئەھلى جامائەت! بىر ـ بىرىڭلارغا قىلغان زۇلۇمدىن ئۆتۈپ كېتىڭلار، ساۋابىڭلارنى مەن بېرىمەن“ دەپ جاكارلايدۇ»[③].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[①] ھەيسەمى (18379): بۇ ھەدىسنى بەززار ئۇستازى ئەھمەد ئىبنى مالىك قۇشەيرىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، قالغان راۋىيلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (18387): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (18326): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەكەم ئىبنى سىنان ئەبۇ ئەۋن ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

10009 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَأَعْلَمُ آخِرَ أَهْلِ الْجَنةِ دُخُولًا الْجَنةَ وَآخِرَ أَهْلِ النارِ خُرُوجًا مِنْهَا رَجُلٌ يُؤْتَى بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيُقَالُ اعْرِضُوا عَلَيْهِ صِغَارَ ذُنُوبِهِ وَارْفَعُوا عَنْهُ كِبَارَهَا فَتُعْرَضُ عَلَيْهِ صِغَارُ ذُنُوبِهِ فَيُقَالُ عَمِلْتَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا كَذَا وَكَذَا وَعَمِلْتَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا كَذَا وَكَذَا فَيَقُولُ نَعَمْ لَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يُنْكِرَ وَهُوَ مُشْفِقٌ مِنْ كِبَارِ ذُنُوبِهِ أَنْ تُعْرَضَ عَلَيْهِ فَيُقَالُ لَهُ فَإِن لَكَ مَكَانَ كُل سَيئَةٍ حَسَنَةً فَيَقُولُ رَب قَدْ عَمِلْتُ أَشْيَاءَ لَا أَرَاهَا هَا هُنَا فَلَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَحِكَ حَتى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ.

10009 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى بىلەن، دوزاختىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان كىشىنى بىلىمەن. قىيامەت كۈنى، بىر كىشى ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە: ”ئۇنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، كىچىك گۇناھلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار“ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن: ”سەن پالانى كۈنى مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭمۇ؟ پوكۈنى كۈنى مۇنداق ـ مۇنداق قىلمىشلارنى ئۆتكۈزدىڭمۇ؟“ دەپ سورىلىدۇ. چوڭ گۇناھلارنىڭمۇ كۆرسىتىلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى ئىنكار قىلالماي: ”ھەئە“ دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا: ”قىلغان ھەر بىر يامانلىقىڭ ئورنىغا بىر ياخشىلىق بېرىلىدۇ“ دېيىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ: ”ئى رەببىم! كۆپ گۇناھلارنى قىلغان ئىدىم، ئەمما ئۇلارنى بۇ يەردە كۆرمىدىمغۇ؟“ دەپ سورايدۇ.

راۋى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىپ كۈلۈپ كەتتى.

(مۇسلىم: 190)

10010 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَنُؤَاخَذُ بِمَا عَمِلْنَا فِي الْجَاهِلِيَةِ قَالَ مَنْ أَحْسَنَ فِي الْإِسْلَامِ لَمْ يُؤَاخَذْ بِمَا عَمِلَ فِي الْجَاهِلِيَةِ وَمَنْ أَسَاءَ فِي الْإِسْلَامِ أُخِذَ بِالْأَولِ وَالْآخِرِ.

10010 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان قىلمىشلىرىمىزدىن سوراقا تارتىلامدۇق؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىسلامغا كىرىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان قىلمىشلىرىدىن سورالمايدۇ. ئەمما ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ياخشى ئەمەل قىلمىغان كىشى ئالدىنقى ۋە كېيىنكى قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6921)

10011 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا آنِيَةُ الْحَوْضِ قَالَ وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَآنِيَتُهُ أَكْثَرُ مِنْ عَدَدِ نُجُومِ السمَاءِ وَكَوَاكِبِهَا أَلَا فِي اللَيْلَةِ الْمُظْلِمَةِ الْمُصْحِيَةِ آنِيَةُ الْجَنةِ مَنْ شَرِبَ مِنْهَا لَمْ يَظْمَأْ آخِرَ مَا عَلَيْهِ يَشْخَبُ فِيهِ مِيزَابَانِ مِنْ الْجَنةِ مَنْ شَرِبَ مِنْهُ لَمْ يَظْمَأْ عَرْضُهُ مِثْلُ طُولِهِ مَا بَيْنَ عَمانَ إِلَى أَيْلَةَ مَاؤُهُ أَشَد بَيَاضًا مِنْ اللَبَنِ وَأَحْلَى مِنْ الْعَسَلِ.

10011 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قاچىسى نېمىدىن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ قاچىلىرى قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئوچۇق ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. كىم ئۇنىڭ قاچىسىدا بىر قېتىم (ئۇسسۇلۇق) ئىچسە، ئۇ ھېچقاچان ئۇسسىمايدۇ. ھەۋزى كەۋسەرنىڭ جەننەتتىن ئېقىپ چىقىدىغان ئىككى ئېرىقى بولىدۇ. كىم ئۇنىڭدىن ئىچسە،

مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ بولۇپ، ئوممان بىلەن ئەيلەنىڭ ئارىسىچىلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولىدۇ.

(مۇسلىم: 2300)

10012 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا بَيْنَ نَاحِيَتَيْ حَوْضِي كَمَا بَيْنَ صَنْعَاءَ وَالْمَدِينَةِ.

10012 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ ئارىسى سەنئا بىلەن مەدىنەنىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ».

(مۇسلىم: 2303)

10013 ـ وفي رواية: أَوْ مِثْلَ مَا بَيْنَ الْمَدِينَةِ وَعَمانَ.

10013 _ باشقا بىر رىۋايەتتە: «مەدىنە بىلەن ئوممانىنىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2303)

10014 ـ وفي أخرى: كَمَا بَيْنَ أَيْلَةَ وَصَنْعَاءَ مِنْ الْيَمَنِ.

10014 _ باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئەيلە بىلەن يەمەنىنىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2303)

10015 ـ وفي رواية: تُرَى فِيهِ أَبَارِيقُ الذهَبِ وَالْفِضةِ كَعَدَدِ نُجُومِ السمَاءِ.

10015 _ باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئۇ يەردىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك كۆرۈنىدۇ» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2303)

10016 ـ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَوْضِي مَسِيرَةُ شَهْرٍ.

10016 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەۋزى كەۋسىرىم بىر ئايلىق مۇساپىغا تەڭدۇر» دېگەن.

(مۇسلىم: 2292)

10017 ـ عن عَبْد السلَامِ بْنُ أَبِي حَازِمٍ أَبو طَالُوتَ قَالَ شَهِدْتُ أَبَا بَرْزَةَ دَخَلَ عَلَى عُبَيْدِ اللهِ بْنِ زِيَادٍ فَحَدثَنِي فُلَانٌ سَماهُ مُسْلِمٌ وَكَانَ فِي السمَاطِ فَلَما رَآهُ عُبَيْدُ اللهِ قَالَ إِن مُحَمدِيكُمْ هَذَا الدحْدَاحُ فَفَهِمَهَا الشيْخُ فَقَالَ مَا كُنتُ أَحْسَبُ أَني أَبْقَى فِي قَوْمٍ يُعَيرُونِي بِصُحْبَةِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ عُبَيْدُ اللهِ إِن صُحْبَةَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَكَ زَيْنٌ غَيْرُ شَيْنٍ قَالَ إِنمَا بَعَثْتُ إِلَيْكَ لِأَسْأَلَكَ عَنْ الْحَوْضِ سَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَذْكُرُ فِيهِ شَيْئًا فَقَالَ لَهُ أَبو بَرْزَةَ نَعَمْ لَا مرةً وَلَا ثِنْتَيْنِ وَلَا ثَلَاثًا وَلَا أَرْبَعًا وَلَا خَمْسًا فَمَنْ كَذبَ بِهِ فَلَا سَقَاهُ اللهُ مِنْهُ ثُم خَرَجَ مُغْضَبًا.

10017 ـ ئەبۇ تالۇتتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنىڭ يېنىغا بارغانىدى، ئۇبەيدۇللاھۇ ئۇنى كۆرۈپلا:

ــ مۇشۇ پاكار، سېمىز ئادەم مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسىمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇ بەرزە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ:

ـ مېنى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئەيىبلەيدىغان بىرەر قەۋم چىققىچە ياشىماسمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ـ دېدى. ئۇبەيدۇللاھ:

ـ مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى بولۇش ئەيىب ئەمەس، بەلكى سىلەر ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش ئىدى. مەن سىنى پەقەت ھەۋزى كەۋسەر توغرۇلۇق سوئال سوراش ئۈچۈن چاقىرتقانىدىم.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دېدى. ئەبۇ بەرزە:

ـ شۇنداق، بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت ياكى بەش قېتىم ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم. ئۇ: «كىم ھەۋزى كەۋسەرنى ئىنكار قىلسا، اللە ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن (ھەۋزى كەۋسەردىن) ئىچكۈزمىسۇن!» دېگەن، ـ دېدى، ئاندىن ئاچچىقلانغان ھالدا چىقىپ كەتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4749)

10018 ـ عَنْ سَمُرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ إِن ِلكُل َنِبي حَوْضًا وَإِنهُمْ َيتَبَاهَوْنَ أَيهُمْ أَكْثَرُ وَارِدَةً وَإِني أَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَكْثَرَهُمْ وَارِدَةً.

10018 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ كۆلى بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر: ”قايسىمىزنىڭ كۆلىگە سۇ ئىچىش ئۈچۈن كەلگەنلەر جىق“ دەپ پەخىرلىنىشىدۇ، مەن مېنىڭ كۆلۈمگە سۇ ئىچىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن»[②].

(تىرمىزى: 2443)

10019 ـ عن عبد الله بن عمرو أنه سأل النبي صلى الله عليه وسلم: هل بين الجنة والنار مكان؟ قال: بينهما حوضى شرفاته على الجنة وتضرب شرفاته على النار.

10019 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ـ جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا بىر جاي بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

① ئەلبانى (3975): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (1988): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىم بار. ئۇنىڭ بالكونلىرى جەننەت ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەھەننەمنى كۆرگىلى بولىدۇ، ـ دېدى.

(«ئەلئەۋسەت»)

10020 ـ عن أبي هريرةؓ وجابر بن عبد اللهؓ قالا: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «علي بن أبي طالب صاحب حوضي يوم القيامة».

10020 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مېنىڭ كۆلۈمنى باشقۇرىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 190)

10021 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أنَا فَرَطُكُمْ عَلَى الْحَوْضِ وَلَيُرْفَعَن مَعِي رِجَالٌ مِنْكُمْ ثُم لَيُخْتَلَجُن دُونِي فَأَقُولُ يَا رَب أَصْحَابِي فَيُقَالُ إِنكَ لَا تَدْرِي مَا أَحْدَثُوا بَعْدَكَ.

10021 ــ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ھەۋزى كەۋسەرگە ھەممىڭلاردىن بۇرۇن بارىمەن، سىلەردىن بىر توپ ئىنسان ماڭا ئاۋۋال يېقىنلاشتۇرۇلۇپ، ئاندىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. مەن: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم، ـ دەيمەن. ماڭا: سەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ (دىنىدا) نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن، ـ دېيىلىدۇ».

(بۇخارى: 6576)

10022 ـ وفي رواية: فَأَقُولُ سُحْقًا سُحْقًا لِمَنْ بَدلَ بَعْدِي.

[1] ھەيسەمى (18485): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

10022 ـ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مەندىن كېيىن دىنىنى ئۆزگەرتكەنلەر (مەندىن) يىراق تۇرسۇن! ـ دەيمەن».

(بۇخارى: 7051)

10023 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ كَانَ يُحَدِّثُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَرِدُ عَلَيَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ رَهْطٌ مِنْ أَصْحَابِي فَيُحَلَّئُونَ عَنْ الْحَوْضِ فَأَقُولُ يَا رَبِّ أَصْحَابِي فَيَقُولُ إِنَّكَ لَا عِلْمَ لَكَ بِمَا أَحْدَثُوا بَعْدَكَ إِنَّهُمْ ارْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِهِمْ الْقَهْقَرَى.

10023 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، ساھابىلىرىمدىن بىر توپ كىشى كۆلۈمدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. مەن: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم، ـ دەيمەن. ماڭا: سەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ (دىندا) نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن، ئۇلار دىندىن يېنىۋالدى، ـ دېيىلىدۇ».

(بۇخارى: 6585)

10024 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَرِدُ عَلَيَّ أُمَّتِي الْحَوْضَ وَأَنَا أَذُودُ النَّاسَ عَنْهُ كَمَا يَذُودُ الرَّجُلُ إِبِلَ الرَّجُلِ عَنْ إِبِلِهِ قَالُوا يَا نَبِيَّ اللَّهِ أَتَعْرِفُنَا قَالَ نَعَمْ لَكُمْ سِيمَا لَيْسَتْ لِأَحَدٍ غَيْرِكُمْ تَرِدُونَ عَلَيَّ غُرًّا مُحَجَّلِينَ مِنْ آثَارِ الْوُضُوءِ وَلَيُصَدَّنَّ عَنِّي طَائِفَةٌ مِنْكُمْ فَلَا يَصِلُونَ فَأَقُولُ يَا رَبِّ هَؤُلَاءِ مِنْ أَصْحَابِي فَيُجِيبُنِي مَلَكٌ فَيَقُولُ وَهَلْ تَدْرِي مَا أَحْدَثُوا بَعْدَكَ.

10024 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قىيامەت كۈنى، ئۈممىتىم مېنىڭ كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلىدۇ. خۇددى بىر كىشى تۆگىسىنى سۇغۇرۇۋاتقاندا، باشقا كىشىنىڭ تۆگىسىنىڭ كېلىشىنى توسقاندەك، مەنمۇ باشقا ئۈممەتنىڭ كېلىشىنى توسۇشقا ھەرىكەت قىلىمەن، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزنى تونىيالامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ھەئە، چۈنكى سىلەرنىڭ بىر بەلگەڭلار بار. ئۇ (بەلگە باشقا) ھېچكىمدە بولمايدۇ. سىلەر ماڭا تاھارەتنىڭ ئىزناسىدىن قول ۋە پېشانىلىرىڭلار نۇر چېچىپ تۇرغان ھالدا كېلىسىلەر. ئىچىڭلاردىن بىر تائىپە مەندىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كېلەلمەيدۇ. مەن: ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم، ـ دەيمەن. بىر پەرىشتە ماڭا: سەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ (دىندا) نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەيدۇ.

(مۇسلىم: 248)

10025 ـ عن النضر بن أنس بن مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَأَلْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَشْفَعَ لِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَقَالَ أَنا فَاعِلٌ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَأَيْنَ أَطْلُبُكَ قَالَ اطْلُبْنِي أَولَ مَا تَطْلُبُنِي عَلَى الصرَاطِ قَالَ قُلْتُ فَإِنْ لَمْ أَلْقَكَ عَلَى الصرَاطِ قَالَ فَاطْلُبْنِي عِنْدَ الْمِيزَانِ قُلْتُ فَإِنْ لَمْ أَلْقَكَ عِنْدَ الْمِيزَانِ قَالَ فَاطْلُبْنِي عِنْدَ الْحَوْضِ فَإِني لَا أُخْطِئُ هَذِهِ الثلَاثَ الْمَوَاطِنَ.

10025 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت كۈنى ماڭا شاپائەت قىلىشىنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ (شاپائەت) قىلىمەن، ـ دېدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سىزنى قەيەردىن ئىزدەيمەن؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مېنى ئالدى بىلەن، پىلسىراتتىن ئىزدىگىن! ـ دېدى. مەن:

ـ سىزنى پىلسىراتتىن تاپالمىسامچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ تارازىنىڭ يېنىدا تاپىسەن، ـ دېدى.

ـ ئۇ يەردىمۇ تاپالمىسامچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ھەۋزى كەۋسەردە تاپىسەن، مەن ئەلۋەتتە بۇ ئۈچ جاينىڭ بىرىدە بولىمەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2433)

[1] ئەلبانى (1981): سەھىھ ـ دېگەن.

10026 ـ عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شِعَارُ الْمُؤْمِنِ عَلَى الصرَاطِ رَب سَلمْ سَلمْ.

10026 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنلەرنىڭ پىلسىرات كۆۋرۈكىدە ئېيتىدىغان سۆزى: رەببىم سالامەت ئۆتكۈزگىن! رەببىم سالامەت ئۆتكەزگىن! ــ دېيىشتىن ئىبارەتتۇر»[1].

(تىرمىزى: 2432)

10027 ـ عَنْ يَعْلِي بن مُنْيَةَ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: تَقُولُ النارُ لِلْمُؤْمِنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ جُزْ يَا مُؤْمِنُ فَقَدْ أَطْفَأَ نورُكَ لَهَبِي.

10027 ـ يەئلا ئىبنى مۇنيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، جەھەننەم مۇئمىنگە: ئى مۇئمىن! (تېز) ئۆتكىن. (بولمىسا) سېنىڭ نۇرۇڭ مېنىڭ ئوتۇمنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ، ـ دەيدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»)

10028 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا ذَكَرَتْ النارَ فَبَكَتْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يُبْكِيكِ قَالَتْ ذَكَرْتُ النارَ فَبَكَيْتُ فَهَلْ تَذْكُرُونَ أَهْلِيكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما فِي ثَلَاثَةِ مَوَاطِنَ فَلَا يَذْكُرُ أَحَدٌ أَحَدًا عِنْدَ الْمِيزَانِ حَتى يَعْلَمَ أَيَخِف مِيزَانُهُ أَوْ يَثْقُلُ وَعِنْدَ الْكِتَابِ حِينَ يُقَالُ هَاؤُمُ اقْرَءُوا كِتَابِيَهْ حَتى يَعْلَمَ أَيْنَ يَقَعُ كِتَابُهُ أَفِي يَمِينِهِ أَمْ فِي شِمَالِهِ أَمْ مِنْ وَرَاءِ ظَهْرِهِ وَعِنْدَ الصرَاطِ إِذَا وُضِعَ بَيْنَ ظَهْرَيْ جَهَنمَ.

10028 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جەھەننەمنى ئەسلەپ يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (429): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18446): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇلەيم ئىبنى مەنسۇر ئىبنى ئەممار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ جەھەننەمنى ئويلاپ يىغلىدىم، سەن قىيامەت كۈنى ئائىلەڭنى ئەسلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۈچ ئورۇندا ھېچكىم ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ. بىرىنچىسى، ئىنسان تارازىسىنىڭ يەڭگىل ياكى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر ئۆزى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ. ئىككىنچىسى، ئىنسان ئەمەل دەپتىرىنىڭ ئوڭ، سول ياكى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلىشىنى بىلگەنگە قەدەر (ئۇ يەردە) ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ. ئۈچىنچىسى، جەھەننەم ئۈستىگە قۇرۇلغان كۆۋرۈكتىن سالامەت ئۆتۈپ كەتمىگىچە، ھېچكىم ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4755)

10029 ـ عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ أَنَّ نَبِيَّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لِكُلِّ نَبِيٍّ دَعْوَةٌ دَعَاهَا لِأُمَّتِهِ وَإِنِّي اخْتَبَأْتُ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لِأُمَّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

10029 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن ئىجابەت بولىدىغان بىر دۇئاسى بار، مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم».

(مۇسلىم: 200)

10030 ـ عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَا أَكْثَرُ الْأَنْبِيَاءِ تَبَعًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَأَنَا أَوَّلُ مَنْ يَقْرَعُ بَابَ الْجَنَّةِ.

10030 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1018): زەئىپ، ـ دېگەن.

«مەن قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ بولىدىغان پەيغەمبەرمەن. جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى بىرىنچى قاقىدىغان كىشى مەن بولىمەن».

(مۇسلىم: 196)

10031 ـ عَنْ جَابِرٍ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَفَاعَتِي لِأَهْلِ الْكَبَائِرِ مِنْ أُمَتِي قَالَ مُحَمدُ بْنُ عَلِي فَقَالَ لِي جَابِرٌ يَا مُحَمدُ مَنْ لَمْ يَكُنْ مِنْ أَهْلِ الْكَبَائِرِ فَمَا لَهُ وَلِلشفَاعَةِ.

10031 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شاپائىتىم ئۈممىتىمدىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان كىشىلەرگە خاستۇر». جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: چوڭ گۇناھ قىلمىغانلارغا شاپائەتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2436)

10032 ـ عن مَعْبَدِ بن هِلَالٍ الْعَنَزِي قَالَ اجْتَمَعْنَا نَاسٌ مِنْ أَهْلِ الْبَصْرَةِ فَذَهَبْنَا إِلَى أَنسِ بْنِ مَالِكٍ وَذَهَبْنَا مَعَنَا بِثَابِتٍ الْبُنَانِي إِلَيْهِ يَسْأَلُهُ لَنَا عَنْ حَدِيثِ الشفَاعَةِ فَإِذَا هُوَ فِي قَصْرِهِ فَوَافَقْنَاهُ يُصَلي الضحَى فَاسْتَأْذَنا فَأَذِنَ لَنا وَهُوَ قَاعِدٌ عَلَى فِرَاشِهِ فَقُلْنَا لِثَابِتٍ لَا تَسْأَلْهُ عَنْ شَيْءٍ أَولَ مِنْ حَدِيثِ الشفَاعَةِ فَقَالَ يَا أَبَا حَمْزَةَ هَؤُلَاءِ إِخْوَانُكَ مِنْ أَهْلِ الْبَصْرَةِ جَاءُوكَ يَسْأَلُونَكَ عَنْ حَدِيثِ الشفَاعَةِ فَقَالَ حَدثَنَا مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ مَاجَ الناسُ بَعْضُهُمْ فِي بَعْضٍ فَيَأْتُونَ آدَمَ فَيَقُولُونَ اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبكَ فَيَقُولُ لَسْتُ لَهَا وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِإِبْرَاهِيمَ فَإِنهُ خَلِيلُ الرحْمَنِ فَيَأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ فَيَقُولُ لَسْتُ لَهَا وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِمُوسَى فَإِنهُ كَلِيمُ اللهِ فَيَأْتُونَ مُوسَى فَيَقُولُ لَسْتُ لَهَا وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِعِيسَى فَإِنهُ رُوحُ اللهِ وَكَلِمَتُهُ فَيَأْتُونَ عِيسَى فَيَقُولُ لَسْتُ لَهَا وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِمُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَأْتُونِي فَأَقُولُ أَنَا لَهَا فَأَسْتَأْذِنُ عَلَى رَبي فَيُؤْذَنُ لِي وَيُلْهِمُنِي مَحَامِدَ أَحْمَدُهُ بِهَا لَا

[1] ئەلبانى (1983): سەھىھ ـ دېگەن.

تَحْضُرُنِي الْآنَ فَأَحْمَدُهُ بِتِلْكَ الْمَحَامِدِ وَأَخِر لَهُ سَاجِدًا فَيَقُولُ يَا مُحَمدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ وَقُلْ يُسْمَعْ لَكَ وَسَلْ تُعْطَ وَاشْفَعْ تُشَفعْ فَأَقُولُ يَا رَب أُمتِي أُمتِي فَيَقُولُ انْطَلِقْ فَأَخْرِجْ مِنْهَا مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ شَعِيرَةٍ مِنْ إِيمَانٍ فَأَنْطَلِقُ فَأَفْعَلُ ثُم أَعُودُ فَأَحْمَدُهُ بِتِلْكَ الْمَحَامِدِ ثُم أَخِر لَهُ سَاجِدًا فَيُقَالُ يَا مُحَمدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ وَقُلْ يُسْمَعْ لَكَ وَسَلْ تُعْطَ وَاشْفَعْ تُشَفعْ فَأَقُولُ يَا رَب أُمتِي أُمتِي فَيَقُولُ انْطَلِقْ فَأَخْرِجْ مِنْهَا مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرةٍ أَوْ خَرْدَلَةٍ مِنْ إِيمَانٍ فَأَخْرِجْهُ فَأَنْطَلِقُ فَأَفْعَلُ ثُم أَعُودُ فَأَحْمَدُهُ بِتِلْكَ الْمَحَامِدِ ثُم أَخِر لَهُ سَاجِدًا فَيَقُولُ يَا مُحَمدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ وَقُلْ يُسْمَعْ لَكَ وَسَلْ تُعْطَ وَاشْفَعْ تُشَفعْ فَأَقُولُ يَا رَب أُمتِي أُمتِي فَيَقُولُ انْطَلِقْ فَأَخْرِجْ مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ أَدْنَى أَدْنَى أَدْنَى مِثْقَالِ حَبةِ خَرْدَلٍ مِنْ إِيمَانٍ فَأَخْرِجْهُ مِنَ النارِ فَأَنْطَلِقُ فَأَفْعَلُ فَلَما خَرَجْنَا مِنْ عِنْدِ أَنسٍ قُلْتُ لِبَعْضِ أَصْحَابِنَا لَوْ مَرَرْنَا بِالْحَسَنِ وَهُوَ مُتَوَارٍ فِي مَنْزِلِ أَبِي خَلِيفَةَ فَحَدثْنَاهُ بِمَا حَدثَنَا أَنسُ بْنُ مَالِكٍ فَأَتَيْنَاهُ فَسَلمْنَا عَلَيْهِ فَأَذِنَ لَنَا فَقُلْنَا لَهُ يَا أَبَا سَعِيدٍ جِئْنَاكَ مِنْ عِنْدِ أَخِيكَ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ فَلَمْ نَرَ مِثْلَ مَا حَدثَنَا فِي الشفَاعَةِ فَقَالَ هِيهْ فَحَدثْنَاهُ بِالْحَدِيثِ فَانْتَهَى إِلَى هَذَا الْمَوْضِعِ فَقَالَ هِيهْ فَقُلْنَا لَمْ يَزِدْ لَنَا عَلَى هَذَا فَقَالَ لَقَدْ حَدثَنِي وَهُوَ جَمِيعٌ مُنْذُ عِشْرِينَ سَنَةً فَلَا أَدْرِي أَنَسِيَ أَمْ كَرِهَ أَنْ تَتكِلُوا قُلْنَا يَا أَبَا سَعِيدٍ فَحَدثْنَا فَضَحِكَ وَقَالَ خُلِقَ الْإِنْسَانُ عَجُولًا مَا ذَكَرْتُهُ إِلا وَأَنَا أُرِيدُ أَنْ أُحَدثَكُمْ حَدثَنِي كَمَا حَدثَكُمْ بِهِ قَالَ ثُم أَعُودُ الرابِعَةَ فَأَحْمَدُهُ بِتِلْكَ الْمَحَامِدِ ثُم أَخِر لَهُ سَاجِدًا فَيُقَالُ يَا مُحَمدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ وَقُلْ يُسْمَعْ وَسَلْ تُعْطَهْ وَاشْفَعْ تُشَفعْ فَأَقُولُ يَا رَب ائْذَنْ لِي فِيمَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ فَيَقُولُ وَعِزتِي وَجَلَالِي وَكِبْرِيَائِي وَعَظَمَتِي لَأُخْرِجَن مِنْهَا مَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ.

10032 ـ مەئبەد ئىبنى ھىلال ئەنەزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەسرە ئەھلىدىن بىر توپ كىشى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يىغىلدۇق. سابىت بۇنانى بىزگە ئۇنىڭدىن شاپائەت ھەدىسىنى سوراپ بېرىش ئۈچۈن بىز بىلەن بىرگە باردى. ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، ئۇ ئۆيىدە بولۇپ، چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن. كىرىشكە ئىجازەت سورىدۇق. بىزگە رۇخسەت بەردى. بىز كىرگەندە ئۇ كۆرپىسىدە ئولتۇرغان ئىكەن. بىز سابىتقا:

ــ شاپائەت ھەدىسىدىن بۇرۇن ھېچنەرسە سورىمىغىن! ـ دېدۇق. سابىت:

ـ ئى ئەنەس! بۇ بەسرەدىن كەلگەن قېرىنداشلىرىڭ سەندىن شاپائەت ھەدىسىنى سوراش ئۈچۈن كەلدى، ـ دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنىدى: «قىيامەت كۈنى، سەلدەك ئېقىۋاتقان ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن!" دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: "مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ ﷲنىڭ دوستىدۇر" دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئۇمۇ: "مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار. چۈنكى ئۇ ﷲ بىۋاستە سۆز قىلغان كىشىدۇر" دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇمۇ: "مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سىلەر ئىيسانىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ ﷲ تەرىپىدىن كەلگەن روھتۇر" دەيدۇ. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇمۇ: "مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!" دەيدۇ. ئاخىرى، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ. مەن: "مەن شاپائەت ئەھلىمەن" دەيمەن. رەببىمدىن رۇخسەت سورايمەن، ماڭا رۇخسەت بېرىلىدۇ. مەن شۇنداق بىر ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەنكى، بۇنىڭ ئىلھامى ماڭا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بېرىلىدۇ. ئاندىن رەببىمگە سەجدە قىلىمەن. ماڭا: "ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگىن، سۆزۈڭگە قۇلاق سېلىنىدۇ. خالىغىنىڭنى سورىغىن، سورىغان نەرسەڭ بېرىلىدۇ. شاپائەت تىلىگىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ" دەيدۇ. مەن: "ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم!" دەپ يالۋۇرىمەن. ماڭا: "بارغىن! قەلبىدە ئارپا دېنىدەك ئىمانى بارلارنى دوزاختىن چىقارغىن!" دەيدۇ. مەن بارىمەن ۋە ئېيتقىنىدەك قىلىمەن. ئاندىن جايىمغا قايتىپ كېلىپ، ئاۋۋالقىدەك

ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن ۋە بېشىمنى سەجدىگە قويىمەن. ماڭا: ”ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگىن، سۆزۈڭگە قۇلاق سېلىنىدۇ. خالىغىنىڭنى سورىغىن، سورىغان نەرسەڭ بېرىلىدۇ. شاپائەت تىلىگىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ“ دەيدۇ. مەن: ”ئى رەببىم! ئۇممىتىم، ئۇممىتىم!“ دەپ يالۋۇرىمەن. ماڭا: ”بارغىن! قەلبىدە تېرىقچىلىك ئىمانى بارلارنى دوزاختىن چىقارغىن!“ دەيدۇ. مەن بارىمەن ۋە ئېيتقىنىدەك قىلىمەن. ئاندىن جايىمغا قايتىپ كېلىپ، يەنە ئاۋۋالقىدەك ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، بېشىمنى سەجدىگە قويىمەن. ماڭا: ”ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگىن، سۆزۈڭگە قۇلاق سېلىنىدۇ. خالىغىنىڭنى سورىغىن، سورىغان نەرسەڭ بېرىلىدۇ. شاپائەت تىلىگىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ“ دەيدۇ. مەن: ”ئى رەببىم! ئۇممىتىم، ئۇممىتىم!“ دەپ يالۋۇرىمەن. ماڭا: ”بارغىن! قەلبىدە تېرىقتىنمۇ ئاز ئىمانى بولغانلارنى ئۇ يەردىن چىقارغىن!“ دەيدۇ. مەن بارىمەن ۋە ئېيتقىنىدەك قىلىمەن».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن چىققاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىمغا:

ــ ھەسەن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئەنەس ئىبنى مالىكتىن ئاڭلىغان ھەدىسىمىزنى ئېيتىپ بېرەيلى. ئۇ ھازىر ئەبۇ خەلىپەنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتىدۇ، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سالام قىلدۇق. كىرىشكە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن:

ـ ئى ئەبۇ سەئىد! بىز ھازىر قېرىندىشىڭ ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىمىز. ئۇ بىزگە شاپائەت ھەققىدە ئاڭلاپ باقمىغان بىر ھەدىسنى ئاڭلاتتى، ـ دېدۇق. ئۇ:

ــ نېمىنى ئاڭلاتتى؟ ــ دەپ سورىدى. بىز ئاڭلىغانلىرىمىزنى سۆزلەپ بەردۇق. ئۇ:

ـ باشقا نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بىزگە بۇنىڭدىن باشقا نەرسە دېمىدى، ـ دېدۇق. ئۇ:

ـ ئەنەس بۇنى بىزگە 20 يىل بۇرۇن ئاڭلاتقانىدى. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى ئىدى، ھازىر ئۇنۇتتىمۇ ياكى سىلەرنىڭ شۇ سۆزگە ئېسىلىۋېلىپ (ئەمەل ـ ئىبادەتتىن سۇسلىشىپ قېلىشىڭلاردىن) قورققىنى ئۈچۈنمۇ بىلمىدىم (بەزى نەرسىلەرنى ئېيتماپتۇ)، ـ دېدى. بىز:

ـ ئى ئەبۇ سەئىد! ئۇ ئۇنۇتقان ياكى دېمىگەن جايىنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن! ـ دېگەنىدۇق، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ئىنسان ئالدىراقسان يارىتىلغان. مەن سىلەرگە بۇنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن دېدىم. ئەنەسنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەنىكەن: «تۆتىنچى قېتىم رەببىمگە يۈزلىنىپ، ئاۋۋالقىدەك ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن ۋە بېشىمنى سەجدىگە قويىمەن. ماڭا: ”ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگىن، سۆزۈڭگە قۇلاق سېلىنىدۇ. خالىغىنىڭنى سورىغىن، سورىغان نەرسەڭ بېرىلىدۇ. شاپائەت تىلىگىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ“ دەيدۇ. مەن: ”ئى رەببىم! لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەنلەرگىمۇ شاپائەت قىلىشىم ئۈچۈن رۇخسەت بەرگىن!“ دەيمەن. الله تائالا: ”ئىززىتىم، بۈيۈكلىكىم، كاتتىلىقىم ۋە ئەزىمىتىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دوزاختىن چىقىرىمەن“ دەيدۇ».

(بۇخارى: 7510)

10033 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ الْجُهَنِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا جَمَعَ اللهُ الْأَوِلينَ وَالْآخِرِينَ فَقَضَى بْيَنُهُمْ وَفَرَȟ مِنْ الْقَضَاءِ قَالَ الْمُؤْمِنُونَ قَدْ قَضَى بْيَنَنا رَبنَا فَمَنْ يَشْفَعُ لَنا إِلَى رَبنَا فَيَقُولُونَ انْطَلِقُوا إِلَى آدَمَ فَإِن اللهَ خَلَقَهُ بِيِدِهِ وَكَلَمَهُ فَيَأْتُونَهُ فَيَقُولُونَ قُمْ فَاشْفَعْ لَنا إِلَى رَبنَا فَيَقُولُ آدَمُ عَلْيكُمْ بِنُوʣٍ فَيَأْتُونَ نُوحًا فَيَدُلهُمْ عَلَى إِبْرَاهِيمَ فَيَأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ فَيَدُلهُمْ عَلَى مُوسَى فَيَأْتُونَ مُوسَى فَيَدُلهُمْ عَلَى عِيسَى فَيَأْتُونَ عِيسَى فَيَقُولُ أُدُلكُمْ عَلَى النبِي الْأُمي قَالَ فَيَأْتُونِي فَيَأْذَنُ اللهُ عَز وَجَل لِي أَنْ أَقُومَ إِلْيهِ فَيَثُورُ

مَجْلِسِي أَطْيَبَ رِيحٍ شَمهَا أَحَدٌ قَط حَتى آتِيَ رَبي فَيُشَفعَنِي وَيَجْعَلَ لِي نُورًا مِنْ شَعْرِ رَأْسِي إِلَى ظُفْرِ قَدَمِي فَيَقُولُ الْكَافِرُونَ عِنْدَ ذَلِكَ لِإِبْلِيسَ قَدْ وَجَدَ الْمُؤْمِنُونَ مَنْ يَشْفَعُ لَهُمْ فَقُمْ أَنتَ فَاشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبكَ فَإِنكَ أَنتَ أَضْلَلْتَنَا قَالَ فَيَقُومُ فَيَثُورُ مَجْلِسُهُ أَنْتَنَ رِيحٍ شَمهَا أَحَدٌ قَط ثُم يَعْظُمُ لِجَهَنمَ فَيَقُولُ عِنْدَ ذَلِكَ وَقَالَ الشيْطَانُ لَما قُضِيَ الْأَمْرُ إِن اللهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ الْحَق وَوَعَدْتُكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ.

10033 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «اللّٰه بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق ئىنسانلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەر: ”رەببىمىز بىزگە ھۆكۈم چىقاردى. ئەمدى كىم بىزگە رەببىمىزدىن شاپائەت تىلەيدۇ؟“ دەيدۇ. ئۇلارغا: ”ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار! چۈنكى اللّٰه ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى“ دېيىلىدۇ. ئىنسانلار ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، رەببىمىزدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن!“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ”نۇھنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!“ دەيدۇ. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باشلاپ قويىدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باشلاپ قويىدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باشلاپ قويىدۇ. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ: ”مەن سىلەرنى ساۋاتسىز پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىمەن“ دەيدۇ ۋە ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ. رەببىم ماڭا ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشىمغا رۇخسەت بېرىدۇ. تۇرغان يېرىمدە ئۇ كۆنگىچە پۇرالمىغان بىر خۇشپۇراق پەيدا بولىدۇ، رەببىمنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمدا، ماڭا شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. بېشىمدىن تىرنىقىمغىچە مېنى كۈتۈلمىگەن بىر نۇر ئورىۋالىدۇ. شۇ چاغدا، كاپىرلار شەيتانغا: ”مۇئمىنلەر ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىدىغان بىرىنى تاپتى، ئەمدى سەنمۇ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلە! چۈنكى سەن بىزنى يولدىن ئازدۇردۇڭ“ دەيدۇ. ئۇ

ئورنىدىن تۇرۇشقا ئەتراپىنى بەكمۇ سېسىق پۇراق قاپلايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جەھەننەم كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ شۇ چاغدا مۇنداق دەيدۇ: ﷲ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى)، مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلدىم[1] دەيدۇ».

(دارىمى: 2804)

10034 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا بِلَحْمٍ فَرُفِعَ إِلَيْهِ الذرَاعُ وَكَانَتْ تُعْجِبُهُ فَنَهَسَ مِنْهَا نَهْسَةً فَقَالَ أَنَا سَيدُ الناسِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَهَلْ تَدْرُونَ بِمَ ذَاكَ يَجْمَعُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ الْأَولِينَ وَالْآخِرِينَ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ فَيُسْمِعُهُمْ الداعِي وَيَنْفُذُهُمْ الْبَصَرُ وَتَدْنُو الشمْسُ فَيَبْلُغُ الناسَ مِنْ الْغَم وَالْكَرْبِ مَا لَا يُطِيقُونَ وَمَا لَا يَحْتَمِلُونَ فَيَقُولُ بَعْضُ الناسِ لِبَعْضٍ أَلَا تَرَوْنَ مَا أَنْتُمْ فِيهِ أَلَا تَرَوْنَ مَا قَدْ بَلَغَكُمْ أَلَا تَنْظُرُونَ مَنْ يَشْفَعُ لَكُمْ إِلَى رَبكُمْ فَيَقُولُ بَعْضُ الناسِ لِبَعْضٍ ائْتُوا آدَمَ فَيَأْتُونَ آدَمَ فَيَقُولُونَ يَا آدَمُ أَنْتَ أَبُو الْبَشَرِ خَلَقَكَ اللهُ بِيَدِهِ وَنَفَخَ فِيكَ مِنْ رُوحِهِ وَأَمَرَ الْمَلَائِكَةَ فَسَجَدُوا لَكَ اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبكَ أَلَا تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ أَلَا تَرَى إِلَى مَا قَدْ بَلَغَنَا فَيَقُولُ آدَمُ إِن رَبي غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَبًا لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ وَإِنهُ نَهَانِي عَنْ الشجَرَةِ فَعَصَيْتُهُ نَفْسِي نَفْسِي اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي اذْهَبُوا إِلَى نُوحٍ فَيَأْتُونَ نُوحًا فَيَقُولُونَ يَا نُوحُ أَنْتَ أَولُ الرسُلِ إِلَى الْأَرْضِ وَسَماكَ اللهُ عَبْدًا شَكُورًا اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبكَ أَلَا تَرَى مَا نَحْنُ فِيهِ أَلَا تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا فَيَقُولُ لَهُمْ إِن رَبي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَبًا لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ وَإِنهُ قَدْ كَانَتْ لِي دَعْوَةٌ دَعَوْتُ بِهَا عَلَى قَوْمِي نَفْسِي نَفْسِي اذْهَبُوا إِلَى إِبْرَاهِيمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ فَيَقُولُونَ أَنْتَ نَبِي اللهِ وَخَلِيلُهُ مِنْ أَهْلِ الْأَرْضِ اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبكَ أَلَا تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ أَلَا تَرَى إِلَى مَا قَدْ بَلَغَنَا فَيَقُولُ لَهُمْ إِبْرَاهِيمُ إِن رَبي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَبًا لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلَا يَغْضَبُ بَعْدَهُ مِثْلَهُ وَذَكَرَ كَذَبَاتِهِ نَفْسِي نَفْسِي

[1] سۈرە ئىبراھىم، 22 ـ ئايەت.

اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي اذْهَبُوا إِلَى مُوسَى فَيَأْتُونَ مُوسَى صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَيَقُولُونَ يَا مُوسَى أَنْتَ رَسُولُ اللَّهِ فَضَّلَكَ اللَّهُ بِرِسَالَاتِهِ وَبِتَكْلِيمِهِ عَلَى النَّاسِ اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبِّكَ أَلَا تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ أَلَا تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا فَيَقُولُ لَهُمْ مُوسَى صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ رَبِّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَبًا لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ وَإِنِّي قَتَلْتُ نَفْسًا لَمْ أُومَرْ بِقَتْلِهَـا نَفْسِي نَفْسِي اذْهَبُوا إِلَى عِيسَى صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَيَأْتُونَ عِيسَى فَيَقُولُونَ يَا عِيسَى أَنْتَ رَسُولُ اللَّهِ وَكَلَّمْتَ النَّاسَ فِي الْمَهْدِ وَكَلِمَةٌ مِنْهُ أَلْقَاهَا إِلَى مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِنْهُ فَاشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبِّكَ أَلَا تَرَى مَا نَحْنُ فِيهِ أَلَا تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا فَيَقُولُ لَهُمْ عِيسَى صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ رَبِّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَبًا لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ وَلَمْ يَذْكُرْ لَهُ ذَنْبًـا نَفْسِي نَفْسِي اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي اذْهَبُوا إِلَى مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَيَأْتُونِي فَيَقُولُونَ يَا مُحَمَّدُ أَنْتَ رَسُولُ اللَّهِ وَخَاتَمُ الْأَنْبِيَاءِ وَغَفَرَ اللَّهُ لَكَ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبِّكَ أَلَا تَرَى مَا نَحْنُ فِيهِ أَلَا تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا فَأَنْطَلِقُ فَآتِي تَحْتَ الْعَرْشِ فَأَقَعُ سَاجِدًا لِرَبِّي ثُمَّ يَفْتَحُ اللَّهُ عَلَيَّ وَيُلْهِمُنِي مِنْ مَحَامِدِهِ وَحُسْنِ الثَّنَاءِ عَلَيْهِ شَيْئًا لَمْ يَفْتَحْهُ لِأَحَدٍ قَبْلِي ثُمَّ يُقَالُ يَا مُحَمَّدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ سَلْ تُعْطَهْ اشْفَعْ تُشَفَّعْ فَأَرْفَعُ رَأْسِي فَأَقُولُ يَـا رَبِّ أُمَّتِـي أُمَّتِي فَيُقَالُ يَا مُحَمَّدُ أَدْخِلْ الْجَنَّةَ مِنْ أُمَّتِكَ مَنْ لَا حِسَابَ عَلَيْهِ مِنْ الْبَابِ الْـأَيْمَنِ مِـنْ أَبْوَابِ الْجَنَّةِ وَهُمْ شُرَكَاءُ النَّاسِ فِيمَا سِوَى ذَلِكَ مِنْ الْأَبْوَابِ وَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ إِنَّ مَا بَيْنَ الْمِصْرَاعَيْنِ مِنْ مَصَارِيعِ الْجَنَّةِ لَكَمَا بَيْنَ مَكَّةَ وَهَجَرٍ أَوْ كَمَا بَيْنَ مَكَّةَ وَبُصْرَى.

10034 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق. ئۇنىڭ ئالدىغا قوينىڭ كاۋاپ قىلىنغان قولى كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم يېگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«مەن قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ سەييىدى بولىمەن. نېمە سەۋەبتىن (شۇنداق بولىدىغانلىقىنى) بىلەمسىلەر؟ اللّٰه قىيامەت كۈنى دۇنياغا كەلگەن بارلىق ئىنسانىنى بىر تۈپىلىككە توپلايدۇ. پۈتۈن خالايىق بىر جاكارچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ. ھەرقانداق كىشى مەھشەرگاھتىكى ئالامەتنى بىر قاراپلا كۆرەلەيدۇ. قۇياش ئۇلارغا

ناھايىتى يېقىن بولىدۇ، بەرداشلىق بەرگۈسىز غەم ۋە بالالار ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ. نىھايەت، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە: ”قانداق ئەھۋالدا تۇرىۋاتقىنىڭلارنى، بېشىڭلارغا نېمە كۈن كەلگىنىنى بىلمەيۋاتامسىلەر؟ ئەڭ ياخشىسى سىلەر ئۈچۈن رەببىڭلاردىن شاپائەت تىلەيدىغان بىرىنى تېپىڭلار!“ دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر: ”بۇ ئىشنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەل قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارايلى“ دەيدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى ئادەم! سەن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، الله سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا ئۆز روھىدىن پۈۋلىدى، پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلدۇردى. رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن! بىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى، بىزگە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسەن؟“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ”رەببىم بۈگۈن بەك غەزەپ قىلدى، بۇنىدىن بۇرۇن بۇنداق غەزەپ قىلىپ باقمىغان، بۇنىدىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ. ئۇ مېنى بىر تۈپ دەرەختىكە يېقىنلىشىشتىن توسقان ئىدى، ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدىم. ھالىمغا ۋاي، ھالىمغا ۋاي! مەندىن باشقىسىغا بېرىڭلار، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!“ دەيدۇ. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى نۇھ! سەن يەر يۈزىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەرسەن. الله سېنى ‹شۈكۈر قىلغۇچى بەندە› دەپ ئاتىدى. رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن! بىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى، بىزگە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسەن؟“ دەيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”رەببىم بۈگۈن بەك غەزەپ قىلدى، بۇنىدىن بۇرۇن بۇنداق غەزەپ قىلىپ باقمىغان، بۇنىدىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ. مېنىڭ قەۋمىم ئۈچۈن ئىجابەت بولىدىغان بىر دۇئايىم بار ئىدى، ئەمما مەن ئۇ دۇئايىم بىلەن قەۋمىمگە بەددۇئا قىلدىم. ئەمدى ئۆز ـ ئۆزەم بىلەن ئاۋارىمەن. ھالىمغا ۋاي، ھالىمغا ۋاي! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!“ دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى ئىبراھىم! سەن اللهنىڭ پەيغەمبىرى، يەر يۈزىدىكى

دوستىسەن. رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن! بىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى، بىزگە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسەن؟“ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”رەببىم بۈگۈن بەك غەزەپ قىلدى، بۇندىن بۇرۇن بۇنداق غەزەپ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، (دۇنيادا) مەن ئۈچ قېتىم يالغان ئېيتقانىدىم. ھازىر ئۆز ـ ئۆزەم بىلەن ئاۋارىمەن. ھالىمغا ۋاي، ھالىمغا ۋاي! مەندىن باشقىسىنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار! مۇسانىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!“ دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى مۇسا! سەن اللەنىڭ رەسۇلى، الله سېنى پەيغەمبەر قىلىش ۋە سەن بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش ئارقىلىق (سېنى) ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلدى. رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن! بىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى، بىزگە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسەن؟“ دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”رەببىم بۈگۈن بەك غەزەپ قىلدى، بۇندىن بۇرۇن بۇنداق غەزەپ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ. مەن بىر ئىنساننى ناھەق ئۆلتۈرۈپ قويغانىدىم. ھازىر ئۆز ـ ئۆزەم بىلەن ئاۋارىمەن. ھالىمغا ۋاي، ھالىمغا ۋاي! ئىيسانىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!“ دەيدۇ. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى ئىيسا! سەن اللەنىڭ رەسۇلى، اللەنىڭ مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى، الله تەرىپىدىن كەلگەن روھسەن، بۆشۈكتىكى چېغىڭدا گەپ قىلغانسەن، رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن! بىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى، بىزگە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسەن؟“ دەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”رەببىم بۈگۈن بەك غەزەپ قىلدى، بۇندىن بۇرۇن بۇنداق غەزەپ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، مەن ھازىر ئۆز ـ ئۆزەم بىلەن ئاۋارىمەن. ھالىمغا ۋاي، ھالىمغا ۋاي! مەندىن باشقىسىنىڭ ئالدىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىڭلار!“ دەيدۇ. لېكىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئۆزىنىڭ شاپائەت

قىلماسلىقىغا ئۆزرە بولىدىغان ھېچقانداق گۇناھنى تىلغا ئالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: ”ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سەن اﷲنىڭ رەسۇلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىسەن. اﷲ سېنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى ئەپۇ قىلغان. شۇڭا رەببىڭدىن بىزگە شاپائەت تىلىگىن! بىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى، بىزگە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسەن؟“ دەيدۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەرشنىڭ تېگىگە بارىمەن ۋە ئۇ يەردە رەببىمگە سەجدە قىلىمەن. اﷲ بۇرۇن ھېچكىمگە نېسىپ قىلمىغان ھەمدۇ سانا دۇئالىرىنى ماڭا ئىلھام قىلىدۇ. ئۇ دۇئالار بىلەن اﷲقا يالۋۇرىمەن. ئاندىن ماڭا: ”ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگىن، سۆزۈڭگە قۇلاق سېلىنىدۇ. خالىغىنىڭنى سورىغىن، سورىغان نەرسەڭ بېرىلىدۇ. شاپائەت تىلىگىن، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى ساڭا بېرىلىدۇ“ دەيدۇ. مەن: ”ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم“ دەپ يالۋۇرىمەن. ماڭا: ”ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭدىن ھېسابقا تارتىلمايدىغانلىرىنى جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن (جەننەتكە) كىرگۈزگىن! ئۇلار جەننەتنىڭ باشقا دەرۋازىلىرىدىنمۇ كىرىشكە ھەقلىقتۇر“ دېيىلىدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئارىسى مەككە بىلەن ھەجەر ۋەياكى مەككە بىلەن بۇسرا ئارىسىدەك كېلىدۇ».

(مۇسلىم: 194)

10035 ـ وللبخاري: كَمَا بَيْنَ مَكةَ وَحِمْيَرَ.

10035 _ بۇخارى: «جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئارىسى مەككە بىلەن ھىميەرنىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلغان.

10036 ـ وفي رواية: يَجْمَعُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى الناسَ فَيَقُومُ الْمُؤْمِنُونَ حَتى تُزْلَفَ لَهُمْ الْجَنةُ فَيَأْتُونَ آدَمَ فَيَقُولُونَ يَا أَبَانَا اسْتَفْتِحْ لَنَا الْجَنةَ فَيَقُولُ وَهَلْ أَخْرَجَكُمْ مِنْ الْجَنةِ إِلا خَطِيئَةُ أَبِيكُمْ آدَمَ لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ اذْهَبُوا إِلَى ابْنِي إِبْرَاهِيمَ خَلِيلِ اللهِ قَالَ فَيَقُولُ

إِبْرَاهِيمُ لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ إِنَمَا كُنتُ خَلِيلًا مِنْ وَرَاءَ وَرَاءَ اعْمِدُوا إِلَى مُوسَى صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذِي كَلمَهُ اللهُ تَكْلِيمًا فَيَأْتونَ مُوسَى صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُولُ لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ اذْهَبوا إِلَى عِيسَى كَلِمَةِ اللهِ وَرُوحِهِ فَيَقُولُ عِيسَى صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ فَيَأْتونَ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُومُ فَيُؤْذَنُ لَهُ وَتُرْسَلُ الْأَمَانَةُ وَالرحِمُ فَتَقُومَانِ جَنَبَتَيْ الصرَاطِ يَمِينًا وَشِمَالًا فَيَمُر أَولُكُمْ كَالْبَرْقِ قَالَ قُلْتُ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي أَي شَيْءٍ كَمَر الْبَرْقِ قَالَ أَلَمْ تَرَوْا إِلَى الْبَرْقِ كَيْفَ يَمُر وَيَرْجِعُ فِي طَرْفَةِ عَيْنٍ ثُم كَمَر الريحِ ثُم كَمَر الطيْرِ وَشَد الرجَالِ تَجْرِي بِهِمْ أَعْمَالُهُمْ وَنَبِيكُمْ قَائِمٌ عَلَى الصرَاطِ يَقُولُ رَب سَلمْ سَلمْ حَتى تَعْجِزَ أَعْمَالُ الْعِبَادِ حَتى يَجِيءَ الرجُلُ فَلَا يَسْتَطِيعُ السيْرَ إِلا زَحْفًا.

10036 ــ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قىيامەت كۈنى، اللە ئىنسانلارنى بىر جايغا يىغىدۇ. مۇئمىنلەر ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇلارغا جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى ئاتىمىز! جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىنى سورىغىن!“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ”بىلەمسىلەر، اللە سىلەرنى جەننەتتىن ئاتاڭلارنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى چىقاردى، مەن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس. اللەنىڭ دوستى بولغان ئوغلۇم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!“ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”مەن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس، گەرچە مەن ئۇنىڭ دوستى بولساممۇ، بۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ساھىب ئەمەسمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!“»... داۋامى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: اللە ئامانەت بىلەن سىلە ـ رەھىمنى ئەۋەتىدۇ، (ئۇ ئىككىسى) پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرىدۇ، ئەڭ باشتا ئۆتكەنلەر ئۇنىڭدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتىدۇ، مەن (يەنى ئەبۇ ھۇرەيرە):

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! چاقماق تېزلىكى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چاقماقنىڭ چاقنىشىنى كۆرمىگەنمۇ؟ ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەنلەر شامالدەك، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر قۇشنىڭ ئۇچۇشىدەك تېزلىكتە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ تېزلىكىمۇ ئۆز ئەمەللىرىگە يارىشا بولىدۇ. پەيغەمبىرىڭلار پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە تۇرۇپ: «رەببىم سالامەت ئۆتكۈزگىن! رەببىم سالامەت ئۆتكۈزگىن!» دەيدۇ. ھەتتا ئەمەللىرى ئاز كىلىپ قالغانلار پىلسىراتتىن مېڭىپ ئۆتۈشكە قادىر بولالماي، ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 195)

10037 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنا سَيدُ وَلَدِ آدَمَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَا فَخْرَ وَبِيَدِي لِوَاءُ الْحَمْدِ وَلَا فَخْرَ وَمَا مِنْ نَبِي يَوْمَئِذٍ آدَم فَمَنْ سِوَاهُ إِلا تَحْتَ لِوَائِي وَأَنا أَولُ مَنْ تَنشَق عَنْهُ الْأَرْضُ وَلَا فَخْرَ قَالَ فَيَفْزَعُ الناسُ ثَلَاثَ فَزَعَاتٍ فَيَأْتُونَ آدَمَ فَيَقُولُونَ أَنتَ أَبُونَا آدَمُ بنحوه. إلا أن فيه: فَيَأْتُونَ عِيسَى فَيَقُولُ إِني عُبِدْتُ مِنْ دُونِ اللهِ الْحَدِيثَ بِطُولِهِ.

10037 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، مەن ئادەم بالىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولىمەن. ماختىنىش يوق، قولۇمدا ھەمدۇ سانا بايرىقى بولىدۇ، ماختىنىش يوق، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بايرىقىمنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. قەبرىدىن بىرىنچى بولۇپ تىرىلىدىغان كىشى مەن بولىمەن. ماختىنىش يوق، ئىنسانلار ئۈچ چوڭ قورقۇنچقا دۇچ كېلىدۇ ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ». داۋامى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاخىرى، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ”ئۈممىتىم اللەنى قويۇپ ماڭا چوقۇنغان تۇرسا“ دەيدۇ»..[①].

(تىرمىزى: 3148)

---

[①] ئەلبانى (2859): سەھىھ ـ دېگەن.

10038 ـ عَنْ بُرَيْدَةَ قَالَ دَخَلَ عَلَى مُعَاوِيَةَ فَإِذَا رَجُلٌ يَتَكَلَّمُ فَقَالَ بُرَيْدَةُ يَا مُعَاوِيَةُ فَائْذَنْ لِي فِي الْكَلَامِ فَقَالَ نَعَمْ وَهُوَ يَرَى أَنَّهُ سَيَتَكَلَّمُ بِمِثْلِ مَا قَالَ الْآخَرُ فَقَالَ بُرَيْدَةُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنِّي لَأَرْجُو أَنْ أَشْفَعَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَدَدَ مَا عَلَى الْأَرْضِ مِنْ شَجَرَةٍ وَمَدَرَةٍ قَالَ أَفَتَرْجُوهَا أَنْتَ يَا مُعَاوِيَةُ وَلَا يَرْجُوهَا عَلِيُّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ.

10038 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا كىردىم، بىر ئادەم سۆز قىلىۋاتاتتى. مەن:

ـ ئى مۇئاۋىيە! مېنىڭ سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت بەرگىن! ـ دېدىم. مۇئاۋىيە مېنىڭ ئۇ ئادەمگە ئوخشاش سۆز قىلىشىمنى ئويلاپ:

ـ رۇخسەت! ـ دېدى. مەن سۆز باشلاپ:

ــ رەسۇلۇللاھنىڭ: «قىيامەت كۈنى، مەن يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ سانى بىلەن تەڭ شاپائەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. ئى مۇئاۋىيە! سەن ئۇنى ئۈمىد قىلىۋاتامسەن؟ ۋاھالەنكى، ئۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبمۇ ئۈمىد قىلمىغان ئىدى، ـ دېدىم.[1]

(ئەھمەد: 22434)

10039 ـ عن أنيس الأنصاري قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «إني لأشفع يوم القيامة في كل شيء مما على وجه الأرض من حجر ومدر».

10039 ـ ئەنەس ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن قىيامەت كۈنى يەر يۈزىدىكى تاش ۋە ئىنسانلاردىن تارتىپ ھەممە نەرسىگە شاپائەت قىلغۇچىمەن»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (18525): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18527): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھمەد ئىبنى ئەمر ئىسىملىك مەن بىلمەيدىغان بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

10040 – عن ابي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليـه وسـلم: «إﮔ آﺗ جهنمﮫ فأضرب باﺑﮭﺎ فيفتح ﻟﻲ فأدخلﮫ فأﺣﻤﺪ الله ﺑﻤﺤﺎمد ما ﺣﻤﺪه أحد قبلي مثلـهﮫ ولا ﯾﺤﻤﺪه أحد بعدي ﺛﻢ أخرج منها من قال: لا إله إلا الله ﻣﺨﻠﺼﺎﮫ فيقوم إﻟﻲ ناس من قريش فينسبون ﻟﻲ فأعرف نسبهمﮫ ولا أعرف وجوههمﮫ وأتركهم في النار».

10040 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن دوزاخنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەرۋازىسىنى قاقىمەن، دەرۋازا ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، اللهقا شۇنداق ھەمدۇ سانا ئېيتىمەنكى، مەندىن بۇرۇن ئۇنداق ھەمدىنى ھېچكىم ئېيتمىغان، مەندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ئېيتمايدۇ. چىن كۆڭلىدىن: ”لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ“ دېگەن كىشىلەرنى ئۇ يەردىن چىقىرىمەن. قۇرەيش خەلقىدىن مەن نەسەبلىرىنى بىلىدىغان، ئەمما يۈزلىرىنى تونۇمايدىغان بىر توپ كىشى ماڭا ئەگىشىۋالىدۇ، مەن ئۇلارنى دوزاختا قويۇپ چىقىمەن»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

10041 ـ عَنِ ٱبْنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَولُ مَنْ أَشْفَعُ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَهْلُ بَيْتِي ثُم الأَقْرَبُ فَالأَقْرَبُ مِنْ قُرَيْشٍ ثُم الأَنصَارُ ثُم مَنْ آمَنَ بِي وَاتبَعَنِي مِنَ الْيَمَنِ ثُم مِنْ سَائِرِ الْعَرَبِ ثُم الأَعَاجِمِ وَأَولُ مَنْ أَشْفَعُ لَهُ أُولُو الْفَضْلِ.

10041 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، بىرىنچى بولۇپ شاپائەت قىلىدىغىنىم ئەھلى بەيتىمدۇر. ئاندىن يېقىنلىرىم، ئاندىن قۇرەيش ۋە ئەنسارلار، ئاندىن يەمەنلىكلەردىن ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ ئەگەشكەنلەردۇر. ئاندىن بارلىق

[①] ھەيسەمى (18528): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان كىشى بار، ـ دېگەن.

ئەرەبلەر، ئاندىن ئەجەملەرگە شاپائەت قىلىمەن. دەسلەپتە شاپائەت قىلىدىغانلىرىم پەزىلەت ئىگىلىرىدۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»: 13550)

10042 ـ عن عبد الملك بن عباد بن جعفر أنه سمع رسول الله صلى الله يقول أول من أشفع له من أمG أهل المدينة وأهل مكة وأهل الطائف.

10042 ـ ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابباد ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىمدىن شاپائىتىمگە بىرىنچى بولۇپ ئېرىشىدىغانلار: مەدىنىلىكلەر، مەككىلىكلەر ۋە تائىفلىقلاردۇر»[2].

(بەززار: 3470)

10043 ـ عن عثمان يعI ابن عفان عن النF صلى الله عليه وسلم قال أول مـ ـن يشفع يوم القيامة الانبياء Ż الشهداء Ż المؤذنون.

10043 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، بىرىنچى بولۇپ شاپائەت قىلىدىغانلار: پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەر، ئاندىن مۇئەززىنلەردۇر»[3].

(بەززار: 3471)

[1] ھەيسەمى (18538): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18539): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (18542): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەنبەسە ئىبنى ئابدۇرراھمان ئۇمەۋىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

10044 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ يَرْفَعُهُ قَالَ إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ أُتِيَ بِالْمَوْتِ كَالْكَبْشِ الْأَمْلَحِ فَيُوقَفُ بَيْنَ الْجَنَّةِ وَالنَّارِ فَيُذْبَحُ وَهُمْ يَنْظُرُونَ فَلَوْ أَنَّ أَحَدًا مَاتَ فَرَحًا لَمَاتَ أَهْلُ الْجَنَّةِ وَلَوْ أَنَّ أَحَدًا مَاتَ حُزْنًا لَمَاتَ أَهْلُ النَّارِ.

10044 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئۆلۈم بىر ئالا قوچقار شەكلىدە ئېلىپ كېلىنىپ، جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا توختىتىلىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزى ئالدىدا بوغۇزلاپ تاشلىنىدۇ. ناۋادا خۇشاللىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا ئىدى، شۇ چاغدا جەننەت ئەھلى ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا ئىدى، دوزاخ ئەھلى ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى»[①].

(تىرمىزى: 2558)

10045 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُؤْتَى بِالْمَوْتِ كَهَيْئَةِ كَبْشٍ أَمْلَحَ فَيُنَادِي مُنَادٍ يَا أَهْلَ الْجَنَّةِ فَيَشْرَئِبُّونَ وَيَنْظُرُونَ فَيَقُولُ هَلْ تَعْرِفُونَ هَذَا فَيَقُولُونَ نَعَمْ هَذَا الْمَوْتُ وَكُلُّهُمْ قَدْ رَآهُ ثُمَّ يُنَادِي يَا أَهْلَ النَّارِ فَيَشْرَئِبُّونَ وَيَنْظُرُونَ فَيَقُولُ هَلْ تَعْرِفُونَ هَذَا فَيَقُولُونَ نَعَمْ هَذَا الْمَوْتُ وَكُلُّهُمْ قَدْ رَآهُ فَيُذْبَحُ ثُمَّ يَقُولُ يَا أَهْلَ الْجَنَّةِ خُلُودٌ فَلَا مَوْتَ وَيَا أَهْلَ النَّارِ خُلُودٌ فَلَا مَوْتَ ثُمَّ قَرَأَ وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الْحَسْرَةِ إِذْ قُضِيَ الْأَمْرُ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ وَهَؤُلَاءِ فِي غَفْلَةٍ أَهْلُ الدُّنْيَا وَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ.

10045 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئۆلۈم بىر ئالا قوچقار شەكلىدە ئېلىپ كېلىنىدۇ. بىر جاكارچى: "ئى جەننەت ئەھلى! بۇنى تونۇمسىلەر؟" دەپ سورايدۇ، ھەممەيلەن دەرھال تىك تۇرۇپ قارايدۇ ۋە ئۇنى بۇرۇن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن: "ھەئە، بۇ ئۆلۈمدۇر" دېيىشىدۇ. كېيىن جەھەننەم

---

[①] ئەلبانى (2073): "خۇشاللىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا..." دېگەن ئىبارىدىن باشقىسى سەھىھ ـ دېگەن.

ئەھلىدىن: ”ئى جەھەننەم ئەھلى! بۇنى تونۇمسىلەر؟“ دەپ سورىلىدۇ. ئۇلارمۇ دەرھال تىك تۇرۇپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بۇرۇن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن: ”ھەئە، بۇ ئۆلۈمدۇر“ دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇ (قوچقار) بوغۇزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن: ”ئى جەننەت ئەھلى! ئەمدى باشقا ئۆلۈم يوقتۇر، ئەبەدى ياشايسىلەر. ئى جەھەننەم ئەھلى! ئەمدى باشقا ئۆلۈم يوقتۇر، ئەبەدى ياشايسىلەر“ دېيىلىدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿ئۇلارنى ھەسرەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 4730)

---

[1] سۈرە مەريەم، 39 ـ ئايەت.

# جەننەت ۋە دوزاخ بۆلۈمى

10046 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَما خَلَقَ اللهُ الْجَنةَ قَالَ لِجِبْرِيلَ اذْهَبْ فَانْظُرْ إِلَيْهَا فَذَهَبَ فَنظَرَ إِلَيْهَا ثُم جَاءَ فَقَالَ أَيْ رَب وَعِزتِكَ لَا يَسْمَعُ بِهَا أَحَدٌ إِلا دَخَلَهَا ثُم حَفهَا بِالْمَكَارِهِ ثُم قَالَ يَا جِبْرِيلُ اذْهَبْ فَانْظُرْ إِلَيْهَا فَذَهَبَ فَنظَرَ إِلَيْهَا ثُم جَاءَ فَقَالَ أَيْ رَب وَعِزتِكَ لَقَدْ خَشِيتُ أَنْ لَا يَدْخُلَهَا أَحَدٌ قَالَ فَلَما خَلَقَ اللهُ النارَ قَالَ يَا جِبْرِيلُ اذْهَبْ فَانْظُرْ إِلَيْهَا فَذَهَبَ فَنظَرَ إِلَيْهَا ثُم جَاءَ فَقَالَ أَيْ رَب وَعِزتِكَ لَا يَسْمَعُ بِهَا أَحَدٌ فَيَدْخُلُهَا فَحَفهَا بِالشهَوَاتِ ثُم قَالَ يَا جِبْرِيلُ اذْهَبْ فَانْظُرْ إِلَيْهَا فَذَهَبَ فَنظَرَ إِلَيْهَا ثُم جَاءَ فَقَالَ أَيْ رَب وَعِزتِكَ لَقَدْ خَشِيتُ أَنْ لَا يَبْقَى أَحَدٌ إِلا دَخَلَهَا.

10046 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ﷲ جەننەتنى ياراتقان چاغدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: ”بېرىپ، قاراپ باققىن!“ دېدى. ئۇ بېرىپ، قاراپ كېلىپ: ”ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بۇنى ئاڭلىغان ھەممە ئادەم ئۇ يەرگە كىرىدۇ“ دېدى. ئاندىن ﷲ ئۇنىڭ ئەتراپىنى جاپالىق ئىشلار بىلەن ئوراپ: ”ئى جىبرىئىل! ئەمدى بېرىپ، قاراپ باققىن!“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بېرىپ، قاراپ كەلدى ۋە ”ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم ئۇ يەرگە كىرەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم“ دېدى. ﷲ جەھەننەمنى ياراتقان چاغدىمۇ: ”ئى جىبرىئىل! بېرىپ، قاراپ باققىن!“ دېدى. ئۇ بېرىپ، قاراپ كەلگەندىن كېيىن: ”ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بۇنى ئاڭلىغان كىشى ھەرگىزمۇ بۇ يەرگە كىرمەيدۇ“ دېدى. كېيىن، ﷲ ئۇنىڭ

ئەتراپىنى ھاۋايى ھەۋەسلەر بىلەن ئوراپ: ”ئى جىبرىئىل! بېرىپ، ئەمدى قاراپ باققىن!“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بېرىپ، قاراپ كەلگەندىن كېيىن: ”ئى رەببىم! ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم قالماي بۇ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك دەپ ئەنسىرەپ قالدىم“ دېدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4744)

10047 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُفتْ الْجَنةُ بِالْمَكَارِهِ وَحُفتْ النارُ بِالشهَوَاتِ.

10047 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەت ـ جاپالىق ئىشلار بىلەن، دوزاخ بولسا، ھاۋايى ھەۋەسلەر بىلەن ئورالغان».

(مۇسلىم: 2823)

10048 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجَنةُ أَقْرَبُ إِلَى أَحَدِكُمْ مِنْ شِرَاكِ نَعْلِهِ وَالنارُ مِثْلُ ذَلِكَ.

10048 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەت سىلەرگە ئايىغىڭلارنىڭ شوينىسىدىنمۇ يېقىن، جەھەننەممۇ ھەم شۇنداق».

(بۇخارى: 6488)

10049 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ لَا تَزَالُ جَهَنمُ يُلْقَى فِيهَا وَتَقُولُ هَلْ مِنْ مَزِيدٍ حَتى يَضَعَ رَب الْعِزةِ فِيهَا قَدَمَهُ فَيَنْزَوِي بَعْضُهَا إِلَى بَعْضٍ وَتَقُولُ قَطْ قَطْ بِعِزتِكَ وَكَرَمِكَ وَلَا يَزَالُ فِي الْجَنةِ فَضْلٌ حَتى يُنْشِئَ اللهُ لَهَا خَلْقًا فَيُسْكِنَهُمْ فَضْلَ الْجَنةِ.

---

[1] ئەلبانى (3970): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

10049 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئادەملەر جەھەننەمگە توختىماستىن تاشلىنىدۇ. جەھەننەم: ”يەنە بارمۇ؟“ دەپ سوراپ تۇرىدۇ. ئاخىرى، الله قەدىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تارلىشىپ بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ ۋە: ”ئىززىتىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقىڭ بىلەن قەسەمكى، بولدى، بولدى“ دەپ كېتىدۇ. ئەمما جەننەت تولماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، الله باشقا ئىنسانلارنى يارىتىپ، بوش جايلارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ».

(مۇسلىم: 2848)

10050 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَحَاجتْ الْجَنةُ وَالنارُ فَقَالَتْ النارُ أُوثِرْتُ بِالْمُتَكَبرِينَ وَالْمُتَجَبرِينَ وَقَالَتْ الْجَنةُ مَا لِي لَا يَدْخُلُنِي إِلا ضُعَفَاءُ الناسِ وَسَقَطُهُمْ قَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لِلْجَنةِ أَنتِ رَحْمَتِي أَرْحَمُ بِكِ مَنْ أَشَاءُ مِنْ عِبَادِي وَقَالَ لِلنارِ إِنمَا أَنتِ عَذَابِي أُعَذبُ بِكِ مَنْ أَشَاءُ مِنْ عِبَادِي وَلِكُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا مِلْؤُهَا فَأَما النارُ فَلَا تَمْتَلِئُ حَتى يَضَعَ رِجْلَهُ فَتَقُولُ قَطْ قَطْ فَهُنَالِكَ تَمْتَلِئُ وَيُزْوَى بَعْضُهَا إِلَى بَعْضٍ وَلَا يَظْلِمُ اللهُ عَز وَجَل مِنْ خَلْقِهِ أَحَدًا وَأَما الْجَنةُ فَإِن اللهَ عَز وَجَل يُنشِئُ لَهَا خَلْقًا.

10050 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەت بىلەن جەھەننەم مۇنازىرىلىشىپ قالدى. جەھەننەم: ”مۇتەكەببىرلەر ۋە زومىگەرلەر بىلەن تولدۇرۇلغانلىقىم مېنىڭ سەندىن ئۈستۈن قىلىنغانلىقىمدۇر“ دېدى. جەننەت: ”ماڭا نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلىرى كىرىدۇ“ دېگەندى، الله جەننەتكە: ”سەن مېنىڭ رەھمىتىمسەن، سېنىڭ بىلەن بەندىلىرىمدىن خالىغىنىمنى رەھمىتىمگە ئېرىشتۈرىمەن“ دەيدۇ. دوزاخقا كەلسەك: ”سەن مېنىڭ ئازابىمسەن، سېنىڭ بىلەن مەن بەندىلىرىمدىن خالىغىنىمنى

ئــازابلايمەن، ھەر ئىككىڭــلار لــىق تولىــسىــلەر“ دەيــدۇ. ئەمــما دوزاخ تويمايدۇ. ئاخىرى، اللە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياق باسقاندىلا: ”بولدى، بولدى“ دەپ ۋايسايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەم تولىدۇ ھەم تويىدۇ ھەمدە بىر ـ بىــرىگە كىرىشــىپ كېتىــدۇ. اللە بەندىلىرىــدىن ھــېچكىمگە زۇلــۇم قىلمايــدۇ. جەنــنەتكە كەلســەك، اللە جەننەتــتە ئېشــىپ قالغــان يەرلەر ئۈچۈن باشقا ئىنسانلارنى يارىتىدۇ».

(بۇخارى: 4850)

10051 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما أَهْلُ النـارِ الذِينَ هُمْ أَهْلُهَا فَإِنهُمْ لَا يَمُوتُونَ فِيهَا وَلَا يَحْيَوْنَ وَلَكِنْ نَاسٌ أَصَابَتْهُمْ النارُ بِذُنُوبِهِمْ أَوْ قَالَ بِخَطَايَاهُمْ فَأَمَاتَهُمْ إِمَاتَةً حَتى إِذَا كَانُوا فَحْمًا أُذِنَ بِالشفَاعَةِ فَجِيءَ بِهِمْ ضَبَائِرَ ضَبَائِرَ فَبُثوا عَلَى أَنْهَارِ الْجَنةِ ثُم قِيلَ يَا أَهْلَ الْجَنةِ أَفِيضُوا عَلَيْهِمْ فَيَنْبُتُونَ نَبَاتَ الْحِبةِ تَكُونُ فِي حَمِيلِ السيْلِ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ كَأَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ كَانَ بِالْبَادِيَةِ.

10051 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەھەننەمــدە مەڭگــۈ قالىــدىغانلار جەھەننەمــدە يــا ئۆلمەيــدۇ يــاكى تىرىلمەيــدۇ. ئەمــما گۇنــاھلىرى ۋە يــاكى خاتــالىقلىرى ســەۋەبىدىن جەھەننەمگە كىرگەنلەر بىرلا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇلار كۆمۈر ھالىغا كەلگەندە، شاپائەت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدۇ. شــۇنىڭ بىــلەن، ئــۇلار تــوپ ـ تــوپ كەلتۈرۈلــۈپ، جەنــنەت دەريالىرىغــا تاشــلىنىدۇ. كېــيىن جەنــنەت ئەھلىــگە: ”ئۇلارنىــڭ ئۈســتىگە ســۇ ســېپىڭلار!“ دېيىلىــدۇ، شــۇنداق قىلىــپ، ئــۇلار كەلكــۈن ســۈيىدە ئېقىــپ بېرىــپ ئۈنــۈپ چىققــان مايســىلاردەك تىرىلىشكە باشلايدۇ». جامائەتتىن بىر كىشى: پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى گويا چۆلدە ياشىغاندەك تەسۋىرلەپ بەردى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 185)

10052 ـ عَنْ أَبِي الْمُتَوَكلِ الناجِي أَن أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْلُصُ الْمُؤْمِنُونَ مِنْ النارِ فَيُحْبَسُونَ عَلَى قَنْطَـرَةٍ بَـيْنَ

الْجَنةِ وَالنارِ فَيُقَصُّ لِبَعْضِهِمْ مِنْ بَعْضٍ مَظَالِمُ كَانَتْ بَيْنَهُمْ فِي الدنْيَا حَتى إِذَا هُذِبُوا وَنُقوا أُذِنَ لَهُمْ فِي دُخُولِ الْجَنةِ فَوَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَأَحَدُهُمْ أَهْدَى بِمَنْزِلِهِ فِي الْجَنةِ مِنْهُ بِمَنْزِلِهِ كَانَ فِي الدنْيَا.

10052 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنلەر دوزاختىن قۇتۇلۇپ، جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى بىر كۆۋرۈكتە توختىتىلىدۇ. دۇنيادا قىلغان ھەقسىزلىكلىرىنىڭ دەۋاسى ئۇ يەردە كۆرۈلۈپ، زالىملاردىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ. پاك - پاكىز بولۇپ پاكلانغانلىرىدا، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى جەننەتتىكى ئورنىنى دۇنيادىكى ئورنىدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ».

(بۇخارى: 6535)

10053 ـ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَخْرُجُ مِنْ النارِ بِالشفَاعَةِ كَأَنهُمْ الثعَارِيرُ قُلْتُ مَا الثعَارِيرُ قَالَ الضغَابِيسُ.

10053 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- جەھەننەمدىن بىر توپ ئىنسان شاپائەت بىلەن سەئارىر ھالەتتە چىقىدۇ، - دېدى. مەن:

— سەئارىر دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- نىمجان كىشىلەر، - دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 6558)

10054 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن رَجُلَيْنِ مِمنْ دَخَلَ النارَ اشْتَد صِيَاحُهُمَا فَقَالَ الرب عَز وَجَل أَخْرِجُوهُمَا فَلَما أُخْرِجَا قَالَ لَهُمَا لِأَي شَيْءٍ اشْتَد صِيَاحُكُمَا قَالَا فَعَلْنَا ذَلِكَ لِتَرْحَمَنَا قَالَ إِن رَحْمَتِي لَكُمَا أَنْ تَنْطَلِقَا فَتُلْقِيَا

أَنْفُسَكُمَا حَيْثُ كُنْتُمَا مِنْ النارِ فَيَنْطَلِقَانِ فَيُلْقِي أَحَدُهُمَا نَفْسَهُ فَيَجْعَلُهَا عَلَيْهِ بَرْدًا وَسَلَامًا وَيَقُومُ الْآخَرُ فَلَا يُلْقِي نَفْسَهُ فَيَقُولُ لَهُ الرب عَز وَجَل مَا مَنَعَكَ أَنْ تُلْقِيَ نَفْسَكَ كَمَا أَلْقَى صَاحِبُكَ فَيَقُولُ يَا رَب إِني لَأَرْجُو أَنْ لَا تُعِيدَنِي فِيهَا بَعْدَ مَا أَخْرَجْتَنِي فَيَقُولُ لَهُ الرب لَكَ رَجَاؤُكَ فَيَدْخُلَانِ جَمِيعًا الْجَنةَ بِرَحْمَةِ اللهِ.

10054 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دوزاخقا كىرگەنلەردىن ئىككى كىشى ناھايىتى قاتتىق ۋارقىراپ كېتىدۇ. اللّٰه: ”ئۇلارنى چىقىرىڭلار!“ دەيدۇ. ئۇ ئىككىسى چىقىرىلغاندا: ”نېمە سەۋەبتىن بۇنچىلىك پەريات قىلىۋاتىسىلەر؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ”بىزگە رەھىم قىلىشىڭ ئۈچۈن“ دەيدۇ. اللّٰه: ”مېنىڭ سىلەرگە رەھمىتىم شۇكى، چىقىپ ئۆزەڭلارنى جەھەننەمدىكى ئورنۇڭلارغا تاشلاڭلار!“ دەيدۇ. ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ ۋە بىرى ئۆزىنى تاشلايدۇ. اللّٰه ئۇ يەرنى ئۇنىڭغا سالقىن ۋە تىنچ قىلىپ بېرىدۇ. لېكىن يەنە بىرى ئۆزىنى تاشلىمايدۇ. اللّٰه ئۇنىڭدىن: ”سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭنى شېرىكىڭدەك ئۇ يەرگە تاشلىمايسەن؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ”ئى رەببىم! مېنى ئۇ يەردىن چىقارغىنىڭدىن كېيىن، قايتا ئەۋەتمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىپ سورايمەن“ دەيدۇ. اللّٰه ئۇنىڭغا: ”سەن ئارزۇيۇڭغا يەتتىڭ“ دەيدۇ. اللّٰه ئۆزىنىڭ رەھمىتى بىلەن ھەر ئىككىسىنى جەننەتكە سالىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2599)

10055 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُؤْتَى بِأَنْعَمِ أَهْلِ الدنْيَا مِنْ أَهْلِ النارِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيُصْبَغُ فِي النارِ صَبْغَةً ثُم يُقَالُ يَا ابْنَ آدَمَ هَلْ رَأَيْتَ خَيْرًا قَط هَلْ مَر بِكَ نَعِيمٌ قَط فَيَقُولُ لَا وَاللهِ يَا رَب وَيُؤْتَى بِأَشَد الناسِ بُؤْسًا فِي الدنْيَا مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ فَيُصْبَغُ صَبْغَةً فِي الْجَنةِ فَيُقَالُ لَهُ يَا ابْنَ آدَمَ هَلْ رَأَيْتَ بُؤْسًا قَط هَلْ مَر بِكَ شِدةٌ قَط فَيَقُولُ لَا وَاللهِ يَا رَب مَا مَر بِي بُؤْسٌ قَط وَلَا رَأَيْتُ شِدةً قَط.

[1] ئەلبانى (487): زەئىپ، ـ دېگەن.

10055 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، دۇنيادىكى چېغىدا ئەڭ باياشات ياشىغان دوزاخ ئەھلىدىن بىرى ئېلىپ كېلىنىپ، جەھەننەمگە بىر قېتىم چۆكتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن: ”ئى ئادەم ئوغلى! (دۇنيادا ياشىغان چېغىڭدا) بىرەر ياخشىلىق كۆردۈڭمۇ، نېئمەتكە ئېرىشتىڭمۇ؟“ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ”ئى رەببىم! ياق“ دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۇنيادا ئەڭ كۆپ جاپا تارتقان جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى ئېلىپ كېلىنىپ، جەننەتكە بىر قېتىم چۆكتۈرۈلىدۇ. ئاندىن: ”ئى ئادەم ئوغلى! قىيىنچىلىق تارتتىڭمۇ، يوقسۇللۇق كۆردۈڭمۇ؟“ دېيىلىدۇ. ئۇ: ”ئى رەببىم! ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمىدىم ۋە يوقسۇللۇقمۇ كۆرمىدىم“ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 2807)

10056 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنـي لَأَعْلَمُ آخِرَ أَهْلِ النارِ خُرُوجًا مِنْهَا وَآخِرَ أَهْلِ الْجَنةِ دُخُولًا الْجَنةَ رَجُلٌ يَخْرُجُ مِنْ النـارِ حَبْوًا فَيَقُولُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَهُ اذْهَبْ فَادْخُلْ الْجَنةَ فَيَأْتِيهَا فَيُخَيلُ إِلَيْهِ أَنهَا مَلْأَى فَيَرْجِعُ فَيَقُولُ يَا رَب وَجَدْتُهَا مَلْأَى فَيَقُولُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَهُ اذْهَبْ فَادْخُلْ الْجَنةَ قَالَ فَيَأْتِيهَـا فَيُخَيلُ إِلَيْهِ أَنهَا مَلْأَى فَيَرْجِعُ فَيَقُولُ يَا رَب وَجَدْتُهَا مَلْأَى فَيَقُولُ اللهُ لَهُ اذْهَـبْ فَادْخُـلْ الْجَنةَ فَإِن لَكَ مِثْلَ الدنْيَا وَعَشَرَةَ أَمْثَالِهَا أَوْ إِن لَكَ عَشَرَةَ أَمْثَالِ الدنْيَا قَالَ فَيَقُولُ أَتَسْـخَرُ بِي أَوْ أَتَضْحَكُ بِي وَأَنتَ الْمَلِكُ قَالَ لَقَدْ رَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَحِكَ حَتى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ قَالَ فَكَانَ يُقَالُ ذَاكَ أَدْنَى أَهْلِ الْجَنةِ مَنْزِلَةً.

10056 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ھەممىنىڭ ئاخىرىدا دوزاختىن چىققىنى ۋە ھەممىنىڭ ئاخىرىدا جەننەتكە كىرىدىغان كىشىنى بىلىمەن. ئۇ كىشى ئۆمىلەپ جەھەننەمدىن چىقىدۇ. الله ئۇنىڭغا: ”بارغىن، جەننەتكە كىرگىن!“

دەيدۇ. ئۇ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ماڭغاندا، كۆزىگە ئۇ يەر تولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قايتىپ كېلىدۇ ۋە: ”ئى رەببىم! جەننەت تولۇپ كېتىپتۇ“ دەيدۇ. اللە ئۇنىڭغا: ”بارغىن، جەننەتكە كىرگىن!“ دەيدۇ. ئۇ بارىدۇ ۋە كۆزىگە ئۇ يەر يەنە تولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، قايتىپ كېلىپ: ”ئى رەببىم! جەننەت تولۇپ كېتىپتۇ“ دەيدۇ. اللە يەنە ئۇنىڭغا: ”بارغىن، جەننەتكە كىرگىن! سەن ئۈچۈن ئۇ يەردە دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئون ھەسسىسىدەك كېلىدىغان يەر بار“ دېيىلىدۇ. ئۇ كىشى: ”سەن پادىشاھ تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟“ دەيدۇ».

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈپ كەتتى. ساھابىلار: ئەنە شۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر، - دېيىشەتتى.

(مۇسلىم: 186)

10057 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ آخِرُ مَنْ يَدْخُلُ الْجَنةَ رَجُلٌ فَهْوَ يَمْشِي مَرةً وَيَكْبُو مَرةً وَتَسْفَعُهُ النارُ مَرةً فَإِذَا مَا جَاوَزَهَا الْتَفَتَ إِلَيْهَا فَقَالَ تَبَارَكَ الذِي نَجانِي مِنْكِ لَقَدْ أَعْطَانِي اللهُ شَيْئًا مَا أَعْطَاهُ أَحَدًا مِنْ الْأَولِينَ وَالْآخِرِينَ فَتُرْفَعُ لَهُ شَجَرَةٌ فَيَقُولُ أَيْ رَب أَدْنِنِي مِنْ هَذِهِ الشجَرَةِ فَلِأَسْتَظِل بِظِلهَا وَأَشْرَبَ مِنْ مَائِهَا فَيَقُولُ اللهُ عَز وَجَل يَا ابْنَ آدَمَ لَعَلي إِن أَعْطَيْتُكَهَا سَأَلْتَنِي غَيْرَهَا فَيَقُولُ لَا يَا رَب وَيُعَاهِدُهُ أَنْ لَا يَسْأَلَهُ غَيْرَهَا وَرَبهُ يَعْذِرُهُ لِأَنهُ يَرَى مَا لَا صَبْرَ لَهُ عَلَيْهِ فَيُدْنِيهِ مِنْهَا فَيَسْتَظِل بِظِلهَا وَيَشْـرَبُ مِنْ مَائِهَا ثُم تُرْفَعُ لَهُ شَجَرَةٌ هِيَ أَحْسَنُ مِنْ الْأُولَى فَيَقُولُ أَيْ رَب أَدْنِنِي مِنْ هَذِهِ لِأَشْرَبَ مِنْ مَائِهَا وَأَسْتَظِل بِظِلهَا لَا أَسْأَلُكَ غَيْرَهَا فَيَقُولُ يَا ابْنَ آدَمَ أَلَمْ تُعَاهِدْنِي أَنْ لَا تَسْأَلَنِي غَيْرَهَا فَيَقُولُ لَعَلي إِنْ أَدْنَيْتُكَ مِنْهَا تَسْأَلُنِي غَيْرَهَا فَيُعَاهِدُهُ أَنْ لَا يَسْأَلَهُ غَيْرَهَا وَرَبهُ يَعْذِرُهُ لِأَنهُ يَرَى مَا لَا صَبْرَ لَهُ عَلَيْهِ فَيُدْنِيهِ مِنْهَا فَيَسْتَظِل بِظِلهَا وَيَشْرَبُ مِنْ مَائِهَا ثُم تُرْفَعُ لَهُ شَجَرَةٌ عِنْدَ بَابِ الْجَنةِ هِيَ أَحْسَنُ مِنْ الْأُولَيَيْنِ فَيَقُولُ أَيْ رَب أَدْنِنِي مِنْ هَذِهِ لِأَسْتَظِل بِظِلهَا وَأَشْرَبَ مِنْ مَائِهَا لَا أَسْأَلُكَ غَيْرَهَا فَيَقُولُ يَا ابْنَ آدَمَ أَلَمْ تُعَاهِدْنِي أَنْ لَا تَسْأَلَنِي غَيْرَهَا قَالَ بَلَى يَا رَب هَذِهِ لَا أَسْأَلُكَ غَيْرَهَا وَرَبهُ يَعْذِرُهُ لِأَنهُ يَرَى مَا لَا صَبْرَ لَهُ عَلَيْهَا

فَيُدْنِيهِ مِنْهَا فَإِذَا أَدْنَاهُ مِنْهَا فَيَسْمَعُ أَصْوَاتَ أَهْلِ الْجَنةِ فَيقُولُ أَيْ رَب أَدْخِلْنِيهَا فَيقُولُ يَـا ابْنَ آدَمَ مَا يَصْرِينِي مِنْكَ أَيُرْضِيكَ أَنْ أُعْطِيَكَ الدنْيَا وَمِثْلَهَا مَعَهَا قَالَ يَا رَب أَتَسْتَهْزِئُ مِني وَأَنتَ رَب الْعَالَمِينَ فَضَحِكَ ابْنُ مَسْعُودٍ فَقَالَ أَلَا تَسْأَلُونِي مِم أَضْحَكُ فَقَالُوا مِم تَضْحَكُ قَالَ هَكَذَا ضَحِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا مِم تَضْحَكُ يَا رَسُولَ اللهِ قَـالَ مِنْ ضِحْكِ رَب الْعَالَمِينَ حِينَ قَالَ أَتَسْتَهْزِئُ مِني وَأَنتَ رَب الْعَالَمِينَ فَيَقُـولُ إِنـي لَـا أَسْتَهْزِئُ مِنْكَ وَلَكِني عَلَى مَا أَشَاءُ قَادِرٌ.

10057 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەممىنىڭ ئاخىرىدا جەننەتكە كىرىدىغان كىشى گاھ مېڭىپ، گاھ ئۆمىلەپ، گاھ يۈزى دوزاخ ئوتىدا پۇچۇلىنىپ يۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قاراپ: ”مېنى سەندىن قۇتۇلدۇرغان الله نېمىدېگەن ئۇلۇغ؟! الله ماڭا بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەردىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى بەردى“ دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دەرەخ پەيدا بولىدۇ. ئۇ كىشى دەرەخنى كۆرۈپ: ”ئى رەببىم! مېنى بۇ دەرەخكە يېقىنلاشتۇرغىن. ئۇنىڭ سايىسىدا سايىداي، بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىچەي“ دەيدۇ. الله: ”ئى ئادەم بالىسى! بۇنى ساڭا بەرسەم، ھەقىچان باشقىسىنىمۇ سورارسەن؟“ دەيدۇ. ئۇ: ”ئى رەببىم! باشقىنى سورىمايمەن“ دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئەمما الله ئۇنىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى دەرەخكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ دەرەخ تۈۋىدە سايىدايدۇ، سۈيىدىن ئىچىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق بىر دەرەخ كۆرۈنىدۇ. بۇنى كۆرۈپ: ”ئى رەببىم! مېنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرغىن. ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچەي، سايىسىدا سايىداي، بۇنىڭدىن باشقا نەرسە سورىمايمەن“ دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: ”ئى ئادەم بالىسى! بۇنىڭدىن بۇرۇن باشقا نەرسە سورىمايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەرمىگەنمىدىڭ؟ ئەگەر مەن سېنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرسام، ئۇنىڭدىنمۇ باشقىسىنى سورايسەن“ دەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ۋەدە ئالىدۇ. ئەمما الله ئۇنىڭ

سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دەرەخكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ، دەرەخ تۈۋىدە سايىداپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدا ئالدىنقىلىرىدىنمۇ چىرايلىق بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنىدۇ. ئۇ دەرەخنى كۆرگەن كىشى: ”ئى رەببىم! مېنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرغىن. ئۇنىڭ سايىسىدا سايىداي، سۈيىدىن ئىچەي. بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە سورىمايمەن“ دەيدۇ. الله: ”ئى ئادەم بالىسى! بۇنىڭدىن بۇرۇن باشقا نەرسە سورىماسلىققا ماڭا ۋەدە بەرمىگەنمىدىڭ؟“ دەيدۇ. ئۇ: ”ھەئە، ئى رەببىم! بۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە سورىمايمەن“ دەيدۇ. ئەمما الله ئۇنىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دەرەخكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ، دەرەخكە يېقىنلاشقان ۋاقتىدا، جەننەت ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدۇ ـ دە: ”ئى رەببىم! مېنى ئۇ يەرگە كىرگۈزگىن!“ دەيدۇ. الله: ”ئى ئادەم بالىسى! ساڭا نېمە بەرسەم، سەندىن قۇتۇلىمەن؟ دۇنيا ۋە شۇنىڭ بىر باراۋىرىنى بەرسەم، رازى بولامسەن؟“ دەيدۇ. ئۇ: ”ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟“ دەيدۇ».

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىبنى مەسئۇد كۈلدى ۋە:

ــ مەندىن نېمە ئۈچۈن كۈلگىنىمنى سورىمامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇنىڭدىن:

ـ نېمە ئۈچۈن كۈلدۈڭ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈۋىدى، ساھابىلەر: ”ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلدۈڭ؟“ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندە: ”ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟“ دېگەندە، الله كۈلۈپ كېتىپ: ”سېنى مەسخىرە قىلمايۋاتىمەن، بەلكى مەن خالىغىنىمنى قىلىشقا قادىرمەن“ دېگەن، مەنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كۈلۈۋاتىمەن» دېدى.

(مۇسلىم: 187)

10058 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نَارُكُمْ جُزْءٌ مِنْ سَبْعِينَ جُزْءًا مِنْ نَارِ جَهَنمَ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ كَانَتْ لَكَافِيَةً قَالَ فُضلَتْ عَلَيْهِن بِتِسْعَةٍ وَسِتينَ جُزْءًا كُلُّهُن مِثْلُ حَرهَا.

10058 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەر يېقىۋاتقان بۇ ئوت جەھەننەم ئوتىنىڭ 70 ھەسسىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر، ـ دېدى. ئۇنىڭغا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشۇ ئوتمۇ (ئازابلاشقا) يېتەرلىكقۇ؟ ـ دېيىلگەندى، ئۇ:

ـ جەھەننەم ئوتى بۇ ئوتتىن 69 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، ھەر بىر ھەسسىنىڭ ھارارىتى مۇشۇ ئوتنىڭ ھارارىتى بىلەن تەڭدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3265)

10059 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أُوقِدَ عَلَى النارِ أَلْفَ سَنَةٍ حَتى احْمَرتْ ثُم أُوقِدَ عَلَيْهَا أَلْفَ سَنَةٍ حَتى ابْيَضتْ ثُم أُوقِدَ عَلَيْهَا أَلْفَ سَنَةٍ حَتى اسْوَدتْ فَهِيَ سَوْدَاءُ مُظْلِمَةٌ.

10059 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەھەننەم ئوتى قىپقىزىل قىزارغىچە 1000 يىل كۆيدى. يەنە 1000 يىل كۆيۈپ ئاپئاق ھالەتكە كەلدى. ئاندىن يەنە 1000 يىل كۆيۈپ، قاپقارا ھالەتكە كەلدى. (ھازىر) ئۇ قاپقاراڭغۇ زۇلمەتتۇر»[1].

(تىرمىزى: 2591)

10060 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ سَمِعَ وَجْبَةً فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَدْرُونَ مَا هَذَا قَالَ قُلْنَا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ هَذَا حَجَرٌ رُمِيَ بِهِ فِي النارِ مُنْذُ سَبْعِينَ خَرِيفًا فَهُوَ يَهْوِي فِي النارِ الْآنَ حَتى انْتَهَى إِلَى قَعْرِهَا.

[1] ئەلبانى (485): زەئىپ، ـ دېگەن.

10060 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئىدۇق. تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنىڭ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلانغانىدى، ئۇ:

- بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى. بىز:

— الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، - دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇ، جەھەننەمگە 70 يىل بۇرۇن ئېتىلغان بىر تاش ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ قەرىگە يېتىپ باردى، - دېدى.

(مۇسلىم: 2844)

10061 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ أن رَصَاصَةً مِثْلَ هَذِهِ وَأَشَارَ إِلى مِثْلِ الْجُمْجُمَةِ أُرْسِلَتْ مِنْ السمَاءِ إِلى الْأَرْضِ هِيَ مَسِيرَةُ خَمْسِ مِائَةِ سَنَةٍ لَبَلَغَتْ الْأَرْضَ قَبْلَ الليْلِ وَلَوْ أنهَا أُرْسِلَتْ مِنْ رَأْسِ السلْسِلَةِ لَسَارَتْ أَرْبَعِينَ خَرِيفًا الليْلَ وَالنهَارَ قَبْلَ أَنْ تَبْلُغَ أَصْلَهَا أَوْ قَعْرَهَا.

10061 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كاللىدەك بىر نەرسىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ) مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر مۇشۇنىڭچىلىك قوغۇشۇن ئاسماندىن يەرگە تاشلانسا (ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسى 500 يىللىق مۇساپە بولسىمۇ)، كەچ كىرىشتىن بۇرۇن يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە جەھەننەم زەنجىرلىرىنىڭ تۇۋىدىن تاشلانسا، تېگىگە يېتىشى ئۈچۈن، (كېچە - كۈندۈز دېمەي) ساق 40 يىل چۈشۈشى كېرەك»[1].

(تىرمىزى: 2588)

10062 ـ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِسُرَادِقِ النارِ أَرْبَعَةُ جُدُرٍ كِثَفُ كُل جِدَارٍ مِثْلُ مَسِيرَةِ أَرْبَعِينَ سَنَةً.

---

[1] ئەلبانى (484): زەئىپ، - دېگەن.

10062 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەھەننەم تۆت تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، ھەر بىر تامنىڭ قېلىنلىقى 40 يىللىق مۇساپىگە تەڭ»[①].

(تىرمىزى: 9998)

10063 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْوَيْلُ وَادٍ فِي جَهَنمَ يَهْوِي فِيهِ الْكَافِرُ أَرْبَعِينَ خَرِيفًا قَبْلَ أَنْ يَبْلُغَ قَعْرَهُ.

10063 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ۋەيل ـ جەھەننەمدىكى بىر ۋادى بولۇپ، كاپىر ئۇنىڭغا تاشلانسا، قەرىگە يېتىشى ئۈچۈن 40 يىل كېتىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 3164)

10064 ـ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ أَن دَلْوًا مِنْ غَساقٍ يُهَرَاقُ فِي الدنْيَا لَأَنْتَنَ أَهْلَ الدنْيَا.

10064 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇنياغا جەھەننەم يىرىڭىدىن بىر چېلەك تۆكۈلسە، ئۇنىڭ بەدبۇيى دۇنيانى قاپلاپ كېتىدۇ»[③].

(تىرمىزى: 2584)

10065 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ هَذِهِ الْآيَةَ اتقُوا اللهَ حَق تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُن إِلا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ أَن

[①] ئەلبانى (479): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (617): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (480): زەئىپ، ـ دېگەن.

قَطْرَةً مِنْ الزقومِ قُطِرَتْ فِي دَارِ الدنْيَا لَأَفْسَدَتْ عَلَى أَهْلِ الدنْيَا مَعَايِشَهُمْ فَكَيْـفَ بِمَـنْ يَكُونُ طَعَامَهُ.

10065 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ﷲتىن قانداق قورقۇش كېرەك بولسا، شۇنداق قورقۇڭلار ۋە پەقەت مۇسۇلمان بولغان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار! [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئەگەر دۇنياغا زەققۇمدىن بىر تامچە تېمىتىلسە، ئۇ، دۇنيا خەلقىنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ. شۇنداق ئىكەن، زەققۇم يېگەن كىشىنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر!»[2].

(تىرمىزى: 2585)

10066 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ وَاسِعٍ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى بِلَالِ بْنِ أَبِي بُرْدَةَ فَقُلْتُ إِن أَبَاكَ حَدثَنِي عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن فِي جَهَنمَ وَادِيًا يُقَالُ لَـهُ هَبْهَـبُ يَسْكُنُهُ كُل جَبارٍ فَإِياكَ أَنْ تَكُونَ مِنْهُمْ.

10066 ـ مۇھەممەد ئىبنى ۋاسى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەھەننەمدە ھەبھەب دەپ ئاتالغان بىر ۋادى بار بولۇپ، زومىگەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە تاشلىنىدۇ، سەن ھەرگىز ئۇلاردىن بولۇپ قالمىغىن!»

(دارىمى: 2816)

10067 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ إِذَا اشْـتَد الْحَـر فَأَبْرِدُوا بِالصلَاةِ فَإِن شِدةَ الْحَر مِنْ فَيْحِ جَهَنمَ وَاشْتَكَتْ النارُ إِلَى رَبهَا فَقَالَتْ يَا رَب أَكَلَ بَعْضِي بَعْضًا فَأَذِنَ لَهَا بِنَفَسَيْنِ نَفَسٍ فِي الشتَاءِ وَنَفَسٍ فِي الصيْفِ فَهُوَ أَشَد مَا تَجِدُونَ مِنْ الْحَر وَأَشَد مَا تَجِدُونَ مِنْ الزمْهَرِيرِ.

[1] سۈرە بەقەرە، 132 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (481): زەئىپ، ـ دېگەن.

10067 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەندە، پېشىن نامىزىنى سەل كېچىكتۈرۈپ ئوقۇڭلار، چۈنكى ھاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىشى جەھەننەمنىڭ تەپتىدىندۇر. جەھەننەم رەببىگە شىكايەت قىلىپ: ”بىر قىسمىم يەنە بىر قىسمىمنى يەپ تۈگەتتى“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قىشتا بىر، يازدا بىر نەپەس ئېلىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. ئۇ نەپەسكە توغرا كەلگەن ۋاقىتىڭلار يازنىڭ ئەڭ ئىسسىقى بىلەن قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق كۈنىدۇر».

(بۇخارى: 537)

10068 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَخْرُجُ عُنُقٌ مِنْ النارِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَهَا عَيْنَانِ تُبْصِرَانِ وَأُذُنَانِ تَسْمَعَانِ وَلِسَانٌ يَنْطِقُ يَقُولُ إِني وُكلْتُ بِثَلَاثَةٍ بِكُل جَبارٍ عَنِيدٍ وَبِكُل مَنْ دَعَا مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَبِالْمُصَورِينَ.

10068 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، جەھەننەمدىن كۆرىدىغان ئىككى كۆزى، ئاڭلايدىغان ئىككى قۇلىقى ۋە سۆزلەيدىغان بىر تىلى بار باش چىقىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ”مەن مۇنداق ئۈچ كىشىنى ئۆزەمگە تارتىشقا بۇيرۇلدۇم: بىرى، اللهقا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىك؛ يەنە بىرى، زالىملىقتا چىڭ تۇرغان زوراۋان؛ ئۈچىنچىسى، رەسسام»[1].

(تىرمىزى: 2574)

10069 ـ وفي رواية رزين: أن رسولَ الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ قال: «من كذب علي مَتعمدا فلْيَتبوأ بين عيـ‍ا جهنم مقْعداً قيل: يا رسولَ اللهَ وآا عينان؟ قال: أما

[1] ئەلبانى (2083): سەھىھ ـ دېگەن.

سَمِعتم قول الله تعالى: {إذا رأتهم من مكان بعيد سَمِعُوا لها تَغيظا وزفيرا} يخرج عنق من النار له عينان تبصران...

10069 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىم ماڭا (دېمەككەننى دېدى، قىلمىغاننى قىلدى دەپ) قەستەن تۆھمەت چاپلىسا، جەھەننەمنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىدىن جاي تۇتسۇن!

ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! جەھەننەمنىڭ كۆزى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىلەر الله تائالانىڭ: دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قايىنىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ[1] دېگىنىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ دوزاختىن بىر باش چىقىدۇ، ئۇنىڭ كۆرىدىغان ئىككى كۆزى بولىدۇ... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

10070 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُـؤْتى بِجَهَـنمَ يَوْمَئِذٍ لَهَا سَبْعُونَ أَلْفَ زِمَامٍ مَعَ كُل زِمَامٍ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ يَجُرونَهَا.

10070 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇ كۈن جەھەننەم 70 مىڭ ئارقان بىلەن كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر بىر ئارقاننى 70 مىڭ پەرىشتە سۆرەيدۇ».

(مۇسلىم: 2842)

10071 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ إن أَدْنى أَهْلِ النارِ عَذَابًا يَنْتَعِلُ بِنَعْلَيْنِ مِنْ نَارٍ يَغْلِي دِمَاغُهُ مِنْ حَرَارَةِ نَعْلَيْهِ.

[1] سۈرە فۇرقان، 12 ـ ئايەت.

10071 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەھەننەمدە ئەڭ يېنىك ئازابقا دۇچار بولىدىغان كىشىگە ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيدۈرۈپ قويۇلىدۇ، شۇ ئاياقنىڭ ھارارىتىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قايناپ كېتىدۇ».

(مۇسلىم: 211)

10072 ـ عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مِنْهُمْ مَنْ تَأْخُذُهُ النارُ إِلَى كَعْبَيْهِ وَمِنْهُمْ مَنْ تَأْخُذُهُ النارُ إِلَى رُكْبَتَيْهِ وَمِنْهُمْ مَنْ تَأْخُذُهُ النارُ إِلَى حُجْزَتِهِ وَمِنْهُمْ مَنْ تَأْخُذُهُ النارُ إِلَى تَرْقُوَتِهِ.

10072 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەھەننەم ئوتى ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ھوشۇقىغىچە، بەزىلىرىنىڭ تىزىغىچە، بەزىلىرىنىڭ بېلىگىچە، يەنە بەزىلىرىنىڭ بويىنىغىچە كۆيدۈرىدۇ».

(مۇسلىم: 2845)

10073 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُلْقَى عَلَى أَهْلِ النارِ الْجُوعُ فَيَعْدِلُ مَا هُمْ فِيهِ مِنْ الْعَذَابِ فَيَسْتَغِيثُونَ فَيُغَاثُونَ بِطَعَامٍ مِنْ ضَرِيعٍ لَا يُسْمِنُ وَلَا يُغْنِي مِنْ جُوعٍ فَيَسْتَغِيثُونَ بِالطَعَامِ فَيُغَاثُونَ بِطَعَامٍ ذِي غُصةٍ فَيَذْكُرُونَ أَنهُمْ كَانُوا يُجِيزُونَ الْغَصَصَ فِي الدنْيَا بِالشرَابِ فَيَسْتَغِيثُونَ بِالشرَابِ فَيُرْفَعُ إِلَيْهِمْ الْحَمِيمُ بِكَلَالِيبِ الْحَدِيدِ فَإِذَا دَنَتْ مِنْ وُجُوهِهِمْ شَوَتْ وُجُوهَهُمْ فَإِذَا دَخَلَتْ بُطُونَهُمْ قَطعَتْ مَا فِي بُطُونِهِمْ فَيَقُولُونَ ادْعُوا خَزَنَةَ جَهَنمَ فَيَقُولُونَ أَلَمْ تَكُ تَأْتِيكُمْ رُسُلُكُمْ بِالْبَينَاتِ قَالُوا بَلَى قَالُوا فَادْعُوا وَمَا دُعَاءُ الْكَافِرِينَ إِلا فِي ضَلَالٍ قَالَ فَيَقُولُونَ ادْعُوا مَالِكًا فَيَقُولُونَ يَا مَالِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبكَ قَالَ فَيُجِيبُهُمْ إِنكُمْ مَاكِثُونَ قَالَ الْأَعْمَشُ نُبئْتُ أَن بَيْنَ دُعَائِهِمْ وَبَيْنَ إِجَابَةِ مَالِكٍ إِياهُمْ أَلْفَ عَامٍ قَالَ فَيَقُولُونَ ادْعُوا رَبكُمْ فَلَا أَحَدَ خَيْرٌ مِنْ رَبكُمْ فَيَقُولُونَ رَبنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنا قَوْمًا ضَالينَ رَبنَا أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنا ظَالِمُونَ قَالَ

فُيُجِيبُهُمْ اخْسَئُوا فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ قَالَ فَعِنْدَ ذَلِكَ يَئِسُوا مِنْ كُلِّ خَيْرٍ وَعِنْدَ ذَلِكَ يَأْخُذُونَ فِي الزَّفِيرِ وَالْحَسْرَةِ وَالْوَيْلِ.

10073 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەھەننەم ئەھلى ئاچلىقتا يولۇقىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئازابىغا ئازاب قوشىدۇ. ئۇلار: ”ئاچ قالدۇق“ دەپ زارلىنىدۇ. ئۇلارغا كىشىنى سەمرىتمەيدىغان، ئاچلىقنى باسمايدىغان، بەتبۇي، ئاچچىق تىكەندىن ئىبارەت تاماق بېرىلىدۇ. ئۇلار: ”يەنە ئاچمىز“ دەپ زارلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارغا كانىيىغا تۇرۇپ قالىدىغان تاماق بېرىلىدۇ. ئۇلار دۇنيادا بۇنداق تاماقنى كانىيىدىن ئىچىملىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئىچىملىك تەلەپ قىلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارغا تۆمۈر ئىلمەكلەر بىلەن قايناق سۇ بېرىلىدۇ. قايناق سۇ يۈزلىرىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى پىشۇرۇپ قويىدۇ. قورساقلىرىغا كىرگەندە، ئاشقازانلىرىنى پارچىلاپ تاشلايدۇ. ئۇلار: ”جەھەننەم مۇئەككەللىرىنى چاقىرىڭلار! (بەلكىم ئۇلار ئازابىمىزنى يەڭگىللىتىپ قويار)“ دېيىشىدۇ. جەھەننەم مۇئەككەللىرى كېلىپ: ”پەيغەمبەرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟“ دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كۇففارلار): ”ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى“ دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): سىلەر دۇئا قىلىڭلار، (لېكىن) كاپىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىزدۇر [1] دەيدۇ. ئۇلار: ”ئۇنداقتا، جەھەننەم باشلىقى مالىكنى چاقىرىڭلار!“ دەيدۇ. مالىك كەلگەندە: ”ئى مالىك! رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرسۇن!“ دەيدۇ. مالىك ئۇلارغا: ”سىلەر بۇ يەردە ئەبەدى قالىسىلەر“ دەپ جاۋاب قىلىدۇ (ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇلارنىڭ مالىكنى چاقىرىشى بىلەن مالىكنىڭ جاۋاب بېرىشى ئارىسىدا 1000 يىل ئۆتىدىكەن). پەرىشتىلەر: ”رەببىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار! سىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياخشىراق ھېچكىم يوق“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار: ”ئى

[1] سۈرە فۇرقان، 50 ـ ئايەت.

پەرۋەردىگارىمىز! بەدبەختلىكىمىز ئۈستىمىزدىن غالىپ كېلىپ، گۇمراھ قەۋم بولۇپ قالغان ئىدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن (ئاندىن دۇنياغا قايتۇرغىن)، ئەگەر بىز (شۇنىڭدىن كېيىن) يەنە گۇناھ قىلساق، بىز ھەقىقەتەن زالىم بولۇپ قالىمىز“ دەپ دۇئا قىلىدۇ. الله ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ: ”جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۈستۈڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار“. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇلار ھەممە ياخشىلىقتىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، داد ـ پەرياد ۋە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن جەھەننەمدە ئازاب تارتىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 2586)

10074 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْحَمِيمَ لَيُصَبُّ عَلَى رُءُوسِهِمْ فَيَنفُذُ الْحَمِيمُ حَتى يَخْلُصَ إِلَى جَوْفِهِ فَيَسْلِتُ مَا فِي جَوْفِهِ حَتى يَمْرُقَ مِنْ قَدَمَيْهِ وَهُوَ الصهْرُ ثُم يُعَادُ كَمَا كَانَ.

10074 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. قايناقسۇ ئۇلارنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ، ئاندىن يەنە ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 2582)

10075 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضِرْسُ الْكَافِرِ أَوْ نَابُ الْكَافِرِ مِثْلُ أُحُدٍ وَغِلَظُ جِلْدِهِ مَسِيرَةُ ثَلَاثٍ.

10075 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[①] ئەلبانى (482): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (476): زەئىپ، ـ دېگەن.

«(جەھەننەمدە) كاپىرنىڭ ئېزىق چىشى ياكى قوزۇق چىشى ئۇھۇد تېغىدەك يوغانلىقتا بولىدۇ، تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىگە تەڭ كېلىدۇ».

(مۇسلىم: 2851)

10076 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضِرْسُ الْكَافِرِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِثْلُ أُحُدٍ وَفَخِذُهُ مِثْلُ الْبَيْضَاءِ وَمَقْعَدُهُ مِنْ النارِ مَسِيرَةُ ثَلَاثٍ مِثْلُ الربَذَةِ.

10076 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، كاپىرنىڭ چىشى ئۇھۇد تېغىدەك، يوتىسى بەيزا تېغىدەك بولىدۇ. ئۇنىڭ جەھەننەمدىكى (ئولتۇرىدىغان) يېرى (مەدىنەدىن) رەبزەگىچە بولغان ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدەك كېلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2578)

10077 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن غِلَظَ جِلْدِ الْكَافِرِ اثْنَانِ وَأَرْبَعُونَ ذِرَاعًا وَإِن ضِرْسَهُ مِثْلُ أُحُدٍ وَإِن مَجْلِسَهُ مِنْ جَهَنمَ كَمَا بَيْنَ مَكةَ وَالْمَدِينَةِ.

10077 ـ ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كاپىرنىڭ تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى 42 گەز بولۇپ، چىشى ئۇھۇد تېغىدەك، جەھەننەمدە ئولتۇرىدىغان يېرى مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2577)

10078 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَرْفَعُهُ قَالَ مَا بَيْنَ مَنْكِبَيْ الْكَافِرِ فِي النارِ مَسِيرَةُ ثَلَاثَةِ أَيامٍ لِلراكِبِ الْمُسْرِعِ.

[1] ئەلبانى (2085): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2087): سەھىھ ـ دېگەن.

10078 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كاپىرنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىسى يۈگۈرۈك ئۇلاغ بىلەن قىلىنىدىغان ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىگە تەڭ كېلىدۇ».
(مۇسلىم: 2852)

10079 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الْكَافِرَ لَيُسْحَبُ لِسَانُهُ الْفَرْسَخَ وَالْفَرْسَخَيْنِ يَتَوَطؤُهُ الناسُ.
10079 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كاپىرنىڭ تىلى بىر ياكى ئىككى فەرسەخ (بىر فەرسەخ ئۈچ مىلغا تەڭ) يەرگىچە سۆرۈلۈپ قالىدۇ، ئىنسانلار ئۇنى دەسسەپ ماڭىدۇ»[1].
(تىرمىزى: 2580)

10080 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَلْقَى إِبْرَاهِيمُ أَبَاهُ آزَرَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَعَلَى وَجْهِ آزَرَ قَتَرَةٌ وَغَبَرَةٌ فَيَقُولُ لَهُ إِبْرَاهِيمُ أَلَمْ أَقُلْ لَكَ لَا تَعْصِنِي فَيَقُولُ أَبُوهُ فَالْيَوْمَ لَا أَعْصِيكَ فَيَقُولُ إِبْرَاهِيمُ يَا رَب إِنكَ وَعَدْتَنِي أَنْ لَا تُخْزِيَنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ فَأَي خِزْيٍ أَخْزَى مِنْ أَبِي الْأَبْعَدِ فَيَقُولُ اللهُ تَعَالَى إِني حَرمْتُ الْجَنةَ عَلَى الْكَافِرِينَ ثُم يُقَالُ يَا إِبْرَاهِيمُ مَا تَحْتَ رِجْلَيْكَ فَيَنْظُرُ فَإِذَا هُوَ بِذِيخٍ مُلْتَطِخٍ فَيُؤْخَذُ بِقَوَائِمِهِ فَيُلْقَى فِي النارِ.
10080 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«قىيامەت كۈنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەرنى قارىداپ كەتكەن، (ئۈستى ـ بېشىنى) چاڭ ـ توزان باسقان ھالدا كۆرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "مەن سېنىڭ ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىقىڭنى ئېيتمىغانمىدىم؟" دەپ سورايدۇ. دادىسى: "بۈگۈن

[1] ئەلبانى (474): زەئىپ، ـ دېگەن.

ساڭا ئاسىيلىق قىلمايمەن“ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ”ئى رەببىم! سەن ماڭا قىيامەت كۈنى مېنى رەسۋا قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ، مانا ئەمدى دادامنىڭ رەسۋالىقىدىنمۇ چوڭ رەسۋالىق بارمۇ؟“ دەيدۇ. الله: ”مەن جەننەتنى كاپىرلارغا ھارام قىلدىم“ دەيدۇ. كېيىن: ”ئى ئىبراھىم! قارىغىن، ئايىغىڭنىڭ ئاستىدا نېمە بار؟“ دېيىلىدۇ. ئىبراھىم قانغا مىلەنگەن بىر سىرتلاننى كۆرىدۇ (يەنى ئازەرنىڭ سۈرىتى ھايۋان شەكلىگە ئايلانغان بولىدۇ). ئاندىن ئۇ (سىرتلان)نىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ».

(بۇخارى: 3350)

10081 ـ حدثنا أنس بن مالك؛ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «الشـمس والقمر ثوران عقيران في النار».

10081 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قۇياش بىلەن ئاي جەھەننەمدە پېيى كېسىلگەن ئىككى ئۆكۈز ھالىتىدە بولىدۇ»[①].

(مەۋسىلى: 4116)

10082 ـ عن أنس بن مالك؛ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «عمر الذباب أربعون ليلة؛ والذباب كله في النار إلا النحل».

10082 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «چىۋىننىڭ ئۆمرى 40 كېچە بولۇپ، ھەسەل ھەرىسىدىن باشقا چىۋىنلەرنىڭ ھەممىسى جەھەننەمدە بولىدۇ»[②].

(مەۋسىلى: 4231)

[①] ھەيسەمى (18599): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (13387): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

10083 ـ عن أبي هريرة، عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «لو كان في هـذا المسجد مائة أو يزيدون، وفيه رجل من النار فتنفس فأصاب نفسه لاحترق المسجد ومن فيه».

10083 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بۇ مەسجىدتە يۈز ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشى بولسا، جەھەننەمدىن بىر كىشى چىقىپ، بىر تىنىۋەتسە، ئۇنىڭ تىنىقى مەسجىد ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە كىشىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ»[1].

(مەۋسىلى: 6670)

10084 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ أَن مِقْمَعًا مِنْ حَدِيدٍ وُضِعَ فِي الْأَرْضِ فَاجْتَمَعَ لَهُ الثقَلَانِ مَا أَقَلوهُ مِنْ الْأَرْضِ.

10084 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر (جەھەننەمنىڭ) تۆمۈر توقماقلىرىدىن بىرى يەر يۈزىگە قويۇلسا، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپمۇ ئۇنى يەردىن قوزغىتالمايدۇ»[2].

(ئەھمەد: 27623)

10085 ـ عن عمر بن الخطاب: جاء جبريل إلى النبي صلى الله عليه وسلم في حين غير حينه الذي كان يأتيه فيه، فقام إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم، فقال: «يا جبريل ما لي أراك متغير اللون؟» فقال: «ما جئتك حتى أمر الله عز وجل بمفاتيح النـار» فقـال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «يا جبريل، صف لي النار، وانعت لي جهـنم» فقـال

[1] ھەيسەمى (18602): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسھاق ئىسمىلىك مەن بىلمەيدىغان بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18583): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

جبريل: «إن الله تبارك وتعاƂ أمر ƛهنم فأوقد عليها ألف عام حǴ ابيضت۟ Ż أمر فأوقد عليها ألف عام حǴ اƥرت۟ Ż أمر فأوقد عليها ألف عام حǴ اسودت۟ فهـي سـوداء مظلمة لا يضيء شررها۟ ولا يطفأ Ƅبها».

10085 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كۈتۈلمىگەن بىر پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنىڭ تۇرۇپ:

ـ ئى جىبرىئىل! نېمە ئۈچۈن چىرايىڭ بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتى؟ ـ دەپ سورىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ـــ سېنىڭ يېنىڭغا كېلىشتىن بۇرۇن الله جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىشقا بۇيرىغانىدى (شۇڭا چىرايىم ئۆزگىرىپ كەتتى)، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى جىبرىئىل ماڭا جەھەننەمنى تەسۋىرلەپ بەرگىن! ـ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ـ الله جەھەننەمگە ئەمر قىلدى، جەھەننەم 1000 يىلغا قەدەر كۆيۈپ، ئاقىرىپ كەتتى. ئاندىن يەنە ئەمر قىلغانىدى، جەھەننەم يەنە 1000 يىلغا يېقىن كۆيۈپ، قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. ئاندىن يەنە ئەمر قىلدى، جەھەننەم يەنە 1000 يىلغا يېقىن كۆيۈپ، قاپقارا بولۇپ كەتتى. (ھازىر) ئۇ قاپقاراڭغۇ زۇلمەتتۇر، ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇنى (جەھەننەمنى) يورۇتمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يالقۇنى ئۆچمەيدۇ، ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

10086 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مِم خُلِقَ الْخَلْقُ قَالَ مِنْ الْمَاءِ قُلْنا الْجَنةُ مَا بِنَاؤُهَا قَالَ لَبِنَةٌ مِنْ فِضةٍ وَلَبِنَةٌ مِنْ ذَهَبٍ وَمِلَاطُهَا الْمِسْكُ الْأَذْفَرُ وَحَصْبَاؤُهَا اللؤْلُؤُ

[①] ھەيسەمى (18573): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالام تەۋىل ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

وَالْيَاقُوتُ وَتُرْبَتُهَا الزعْفَرَانُ مَنْ دَخَلَهَا يَنْعَمُ لَا يَبْأَسُ وَيَخْلُدُ لَا يَمُوتُ لَا تَبْلَى ثِيَابُهُمْ وَلَا يَفْنَى شَبَابُهُمْ.

10086 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەخلۇقاتلار نېمىدىن يارىتىلغان؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سۇدىن، ـ دېدى.

ـ جەننەتنىڭ بىنالىرى نېمىدىن ياسالغان؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ــ بىر خىشى كۈمۈشتىن، بىر خىشى ئالتۇندىن، لېيى خۇشپۇراقلىق ئىپاردىن، دەسسەيدىغان يېرى مەرۋايىت ۋە ياقۇتتىن، توپىسى زەپەردىن ياسالغان. كىم ئۇ يەرگە كىرسە، نېئمەتكە ئېرىشىدۇ، ئۈمىدسىز بولمايدۇ، ئەبەدى ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى كونىرىمايدۇ، قېرىماي ياش پېتى تۇرىۋېرىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 2525)

10087 ـ عن زَيْد بْن أَرْقَمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الرجُلَ مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ لَيُعْطَى قُوةَ مِائَةِ رَجُلٍ فِي الْأَكْلِ وَالشرْبِ وَالْجِمَاعِ وَالشهْوَةِ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْيَهُودِ إِن الذِي يَأْكُلُ وَيَشْرَبُ تَكُونُ مِنْهُ الْحَاجَةُ قَالَ يَفِيضُ مِنْ جِلْدِهِ عَرَقٌ فَإِذَا بَطْنُهُ قَدْ ضَمَرَ.

10087 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشىگە، يېيىش، ئىچىش، جىنسى مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە شەھۋەتتە تولۇق يۈز كىشىنىڭ كۈچى بېرىلىدۇ، ـ دېدى. يەھۇدىيلاردىن بىرى:

---

[1] ئەلبانى (2050): "مەخلۇقاتلار نېمىدىن يارىتىلغان" دېگەن ئىبارىدىن باشقىسى سەھىھ ـ دېگەن.

ـ يېگەن، ئىچكەن كىشى ھاجەت قىلىدۇ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ تېرىسىدىن تەر چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، قورسىقى (خۇددى ھېچنەرسە يېمىگەندەك) ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

(دارىمى: 2825)

10088 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ قَيْسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جَنتَانِ مِنْ فِضةٍ آنِيَتُهُمَا وَمَا فِيهِمَا وَجَنتَانِ مِنْ ذَهَبٍ آنِيَتُهُمَا وَمَا فِيهِمَا وَمَا بَيْنَ الْقَوْمِ وَبَيْنَ أَنْ يَنْظُرُوا إِلَى رَبهِمْ إِلا رِدَاءُ الْكِبْرِ عَلَى وَجْهِهِ فِي جَنةِ عَدْنٍ.

10088 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قاچىلىرى ۋە ئىچىدىكىلىرى كۈمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت؛ قاچىلىرى ۋە ئىچىدىكىلىرى ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت بار. ئەدىن جەننىتىدە ئىنسانلار بىلەن رەببىنىڭ ئارىسىنى پەقەت رەببىنىڭ يۈزىدىكى كىبرىيا پەردىسىلا توسۇپ تۇرىدۇ».

(بۇخارى: 7444)

10089 ـ وعنه عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِلْمُؤْمِنِ فِي الْجَنةِ لَخَيْمَةً مِنْ لُؤْلُؤَةٍ وَاحِدَةٍ مُجَوفَةٍ طُولُهَا سِتونَ مِيلًا.

10089 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىننىڭ جەننەتتە ئېگىزلىكى 60 مىل كېلىدىغان كاۋاك مەرۋايىتتىن ياسالغان بىر چېدىرى بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2838)

10090 ـ وفي رواية: لِلْمُؤْمِنِ فِيهَا أَهْلُونَ يَطُوفُ عَلَيْهِمْ الْمُؤْمِنُ فَلَا يَرَى بَعْضُهُمْ بَعْضًا.

10090 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ چېدىردا مۇئمىنىنىڭ ئاياللىرى بولىدۇ، مۇئمىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئايلىنىپ چىقىدۇ (يەنى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىدۇ)، ئۇلار (چېدىرنىڭ كەڭلىكىدىن) بىر ـ بىرىنى كۆرمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2838)

10091 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن فِي الْجَنةِ لَشَجَرَةً يَسِيرُ الراكِبُ فِي ظِلهَا مِائَةَ سَنَةٍ وَاقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ وَظِل مَمْدُودٍ وَلَقَابُ قَوْسِ أَحَدِكُمْ فِي الْجَنةِ خَيْرٌ مِما طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشمْسُ أَوْ تَغْرُبُ.

10091 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، ئۇلاغلىق سەپەر قىلغان كىشى ئۇنىڭ سايىسىدا 100 يىل ماڭىدۇ. ئەگەر خالىساڭلار، ئاللەنىڭ: ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن [1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار!». بىرىڭلارنىڭ جەننەتتە ئوقياچىلىك يېرى بولغىنى، ئۇستىگە قۇياش چۈشكەن ۋە پاتقان نەرسىلەردىن (يەنى پۈتۈن دۇنيادىن) ياخشىراقتۇر».

(بۇخارى: 3253)

10092 ـ عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي الْجَنةِ مِائَةُ دَرَجَةٍ مَا بَيْنَ كُل دَرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ الْأَرْضِ وَالسمَاءِ وَالْفِرْدَوْسُ أَعْلَاهَا دَرَجَةً وَمِنْهَا تُفَجرُ أَنْهَارُ الْجَنةِ الْأَرْبَعَةُ وَمِنْ فَوْقِهَا يَكُونُ الْعَرْشُ فَإِذَا سَأَلْتُمْ اللهَ فَسَلُوهُ الْفِرْدَوْسَ.

10092 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر بىر دەرىجىنىڭ ئارىسى يەر بىلەن ئاسمانچىلىك كېلىدۇ، فىردەۋس جەننىتى بۇلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسىدۇر. (چۈنكى) جەننەتنىڭ تۆت دەرياسى ئۇ يەر (فىردەۋس

[1] سۈرە ۋاقىئە، 33 ـ ئايەت.

جەننەتتى)دىن ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئەرشمۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدە. (شۇڭا) اللهتىن سورىغان چېغىڭلاردا، فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار!»[1].

(تىرمىزى: 2530)

10093 ـ عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَغَدْوَةٌ فِي سَبِيلِ اللهِ أَوْ رَوْحَةٌ خَيْرٌ مِنْ الدنْيَا وَمَا فِيهَا وَلَقَابُ قَوْسِ أَحَدِكُمْ أَوْ مَوْضِعُ يَدِهِ فِي الْجَنةِ خَيْرٌ مِنْ الدنْيَا وَمَا فِيهَا وَلَوْ أَن امْرَأَةً مِنْ نِسَاءِ أَهْلِ الْجَنةِ اطلَعَتْ إِلَى الْأَرْضِ لَأَضَاءَتْ مَا بَيْنَهُمَا وَلَمَلَأَتْ مَا بَيْنَهُمَا رِيحًا وَلَنَصِيفُهَا عَلَى رَأْسِهَا خَيْرٌ مِنْ الدنْيَا وَمَا فِيهَا.

10093 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەتىگەن ياكى كەچتە الله يولىدا سەپەرگە ئاتلىنىش، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر. بىرىڭلارنىڭ جەننەتتە ئوقياچىلىك ياكى قولىنىڭ ئورنىچىلىك يېرى بولغىنى، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى زېمىنغا قارايدىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى نۇرلاندۇرىۋېتىدۇ، ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسى ناھايىتى ئېسىل خۇشپۇراققا تولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغان ياغلىقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»[2].

(تىرمىزى: 1651)

10094 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ أَن مَا يُقِل ظُفُرٌ مِما فِي الْجَنةِ بَدَا لَتَزَخْرَفَتْ لَهُ مَا بَيْنَ خَوَافِقِ السمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَوْ أَن رَجُلًا مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ اطلَعَ فَبَدَا أَسَاوِرُهُ لَطَمَسَ ضَوْءَ الشمْسِ كَمَا تَطْمِسُ الشمْسُ ضَوْءَ النجُومِ.

[1] ئەلبانى (2056): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1345): سەھىھ ـ دېگەن.

10094 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر جەننەتتىكى تىرناقچىلىك نەرسە كۆرۈنسە ئىدى، ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسى گۈزەللىككە پۈركەنگەن بولاتتى. ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىرى كۆرۈنۈپ، بىلەيزۈكىنى كۆرسەتسە ئىدى، خۇددى قۇياش نۇرى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى توسۇپ قويغاندەك، ئۇ (بىلەيزۈك) قۇياش نۇرىنى توسۇپ قويغان بولاتتى»[1].

(تىرمىزى: 2538)

10095 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن فِي الْجَنةِ بَحْرَ الْمَاءِ وَبَحْرَ الْعَسَلِ وَبَحْرَ اللبَنِ وَبَحْرَ الْخَمْرِ ثُم تُشَقّقُ الْأَنْهَارُ بَعْدُ.

10095 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەتتە سۇ دېڭىزى، ھەسەل دېڭىزى، سۈت دېڭىزى ۋە شاراب دېڭىزى بار بولۇپ، دەريالار بۇلاردىن شاخلاپ چىقىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2571)

10096 ـ عَنْ أَبِي أَيوبَ قَالَ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْرَابِي فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أُحِب الْخَيْلَ أَفِي الْجَنةِ خَيْلٌ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ أُدْخِلْتَ الْجَنةَ أُتِيتَ بِفَرَسٍ مِنْ يَاقُوتَةٍ لَهُ جَنَاحَانِ فَحُمِلْتَ عَلَيْهِ ثُم طَارَ بِكَ حَيْثُ شِئْتَ.

10096 ـ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەھرالىق بىر ئەرەب پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاتنى ياخشى كۆرىمەن، جەننەتتە ئات بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ئەلبانى (2061): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2078): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ جەننەتكە كىرسەڭ، ساڭا ياقۇتتىن بولغان ئىككى قاناتلىق بىر ئات كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا مىندۈرۈلىسەن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خالىغان يېرىڭگە ئۇچىسەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2544)

10097 ـ عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن فِي الْجَنةِ لَمُجْتَمَعًا لِلْحُورِ الْعِينِ يُرَفعْنَ بِأَصْوَاتٍ لَمْ يَسْمَعْ الْخَلَائِقُ مِثْلَهَا قَالَ يَقُلْنَ نَحْنُ الْخَالِدَاتُ فَلَا نَبِيدُ وَنَحْنُ الناعِمَاتُ فَلَا نَبْؤُسُ وَنَحْنُ الراضِيَاتُ فَلَا نَسْخَطُ طُوبَى لِمَنْ كَانَ لَنَا وَكُنا لَهُ.

10097 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەت ھۆرلىرى يىغىلىدىغان بىر جاي بار بولۇپ، ئۇلار ئۇ جايدا: ''بىز مەڭگۈ ياشىغۇچىلارمىز، ھېچقاچان ئۆلمەيمىز. بەختلىك كىشىلەرمىز، ھېچقاچان بەختسىز بولمايمىز. مەمنۇنمىز، ئەسلا قايغۇرمايمىز. بىزگە جۈپت (ھەمراھ) بولغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك؟!» دەپ ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ توۋلايدۇ. مەخلۇقاتلاردىن ھېچكىم شۇ كەمگىچە ئۇنىڭدەك ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغان»[2].

(تىرمىزى: 2564)

10098 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ لَقِيَ أَبَا هُرَيْرَةَ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ أَسْأَلُ اللهَ أَنْ يَجْمَعَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ فِي سُوقِ الْجَنةِ فَقَالَ سَعِيدٌ أَفِيهَا سُوقٌ قَالَ نَعَمْ أَخْبَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن أَهْلَ الْجَنةِ إِذَا دَخَلُوهَا نَزَلُوا فِيهَا بِفَضْلِ أَعْمَالِهِمْ ثُم يُؤْذَنُ فِي مِقْدَارِ يَوْمِ الْجُمُعَةِ مِنْ أَيامِ الدنْيَا فَيَزُورُونَ رَبهُمْ وَيُبْرِزُ لَهُمْ عَرْشَهُ وَيَتَبَدى لَهُمْ فِي رَوْضَةٍ مِنْ رِيَاضِ الْجَنةِ فَتُوضَعُ لَهُمْ مَنَابِرُ مِنْ نُورٍ وَمَنَابِرُ مِنْ لُؤْلُؤٍ وَمَنَابِرُ مِنْ يَاقُوتٍ وَمَنَابِرُ مِنْ

[1] ئەلبانى (460): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (469): زەئىپ، ـ دېگەن.

زَبَرْجَدٍ وَمَنَابِرُ مِنْ ذَهَبٍ وَمَنَابِرُ مِنْ فِضَةٍ وَيَجْلِسُ أَدْنَاهُمْ وَمَا فِيهِمْ مِنْ دَنِي عَلَى كُثْبَانِ الْمِسْكِ وَالْكَافُورِ وَمَا يَرَوْنَ أَن أَصْحَابَ الْكَرَاسِي بِأَفْضَلَ مِنْهُمْ مَجْلِسًا قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ وَهَلْ نَرَى رَبَنَا قَالَ نَعَمْ قَالَ هَلْ تَتَمَارَوْنَ فِي رُؤْيَةِ الشمْسِ وَالْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ قُلْنَا لَا قَالَ كَذَلِكَ لَا تُمَارَوْنَ فِي رُؤْيَةِ رَبكُمْ وَلَا يَبْقَى فِي ذَلِكَ الْمَجْلِسِ رَجُلٌ إِلَّا حَاضَرَهُ اللهُ مُحَاضَرَةً حَتى يَقُولَ لِلرجُلِ مِنْهُمْ يَا فُلَانُ بْنَ فُلَانٍ أَتذْكُرُ يَوْمَ قُلْتَ كَذَا وَكَذَا فَيُذَكرُ بِبَعْضِ غَدَرَاتِهِ فِي الدنْيَا فَيَقُولُ يَا رَب أَفَلَمْ تَغْفِرْ لِي فَيَقُولُ بَلَى فَسَعَةُ مَغْفِرَتِي بَلَغَتْ بِكَ مَنزِلَتكَ هَذِهِ فَبَيْنَمَا هُمْ عَلَى ذَلِكَ غَشِيَتْهُمْ سَحَابَةٌ مِنْ فَوْقِهِمْ فَأَمطَرَتْ عَلَيْهِمْ طِيبًا لَمْ يَجِدُوا مِثْلَ رِيحِهِ شَيْئًا قَط وَيَقُولُ رَبنَا تَبَارَكَ وَتَعَالَى قُومُوا إِلَى مَا أَعْدَدْتُ لَكُمْ مِنْ الْكَرَامَةِ فَخُذُوا مَا اشْتَهَيْتُمْ فَنَأْتِي سُوقًا قَدْ حَفتْ بِهِ الْمَلَائِكَةُ فِيهِ مَا لَمْ تَنظُرْ الْعُيُونُ إِلَى مِثْلِهِ وَلَمْ تَسْمَعْ الْآذَانُ وَلَمْ يَخْطُرْ عَلَى الْقُلُوبِ فَيُحْمَلُ لَنَا مَا اشْتَهَيْنَا لَيْسَ يُبَاعُ فِيهَا وَلَا يُشْتَرَى وَفِي ذَلِكَ السوقِ يَلْقَى أَهْلُ الْجَنةِ بَعْضُهُمْ بَعْضًا قَالَ فَيُقْبِلُ الرجُلُ ذُو الْمَنزِلَةِ الْمُرْتَفِعَةِ فَيَلْقَى مَنْ هُوَ دُونَهُ وَمَا فِيهِمْ دَنِي فَيَرُوعُهُ مَا يَرَى عَلَيْهِ مِنْ اللبَاسِ فَمَا يَنْقَضِي آخِرُ حَدِيثِهِ حَتى يَتَخَيلَ إِلَيْهِ مَا هُوَ أَحْسَنُ مِنْهُ وَذَلِكَ أَنهُ لَا يَنْبَغِي لِأَحَدٍ أَنْ يَحْزَنَ فِيهَا ثُم نَنصَرِفُ إِلَى مَنَازِلِنَا فَيَتَلَقانَا أَزْوَاجُنَا فَيَقُلْنَ مَرْحَبًا وَأَهْلًا لَقَدْ جِئْتَ وَإِن بِكَ مِنْ الْجَمَالِ أَفْضَلَ مِما فَارَقْتَنَا عَلَيْهِ فَيَقُولُ إِنا جَالَسْنَا الْيَوْمَ رَبنَا الْجَبارَ وَيَحِقنَا أَنْ نَنقَلِبَ بِمِثْلِ مَا انْقَلَبْنَا.

10098 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ:

ـ اللهتىن سەن بىلەن جەننەت بازىرىدا ئۇچرىشىشىمنى تىلەيمەن، ـ دېدى. مەن:

ـ جەننەتتە بازار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ھەئە، بار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەنلىرىدە، ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىلىرىگە قاراپ ئورۇنلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ دۇنيا كۈنلىرىدىن جۈمە كۈنىدىكىدەك بىر كۈنده پەرۋەردىگارىنى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدۇ. جەننەت باغچىلىرىدىن بىرىدە ئۇلارغا اللهنىڭ ئەرشى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلارغىمۇ ھەم نۇردىن، مەرۋايىتتىن، ياقۇتتىن، گۆھەردىن، ئالتۇندىن ۋە

كۈمۈشتىن ياسالغان مۇنبەرلەر قويۇلىدۇ. دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن كىشىمۇ مۇشكى ـ ئەنبەر ۋە كافۇر دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. تۇرغان جايىنىڭ ئېسىللىكىدىن جەننەت ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئالىي ئورۇندا ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلمايدۇ» دېگەن.

مەن (ئەبۇ ھۇرەيرە): ”ئى رەسۇلۇللاھ! رەببىمىزنى كۆرەمدۇق؟“ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، سىلەر قۇياشنى ۋە تولۇن ئاينى كۆرۈشتە شەك قىلامسىلەر؟» دېدى. مەن: ”ياق“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خۇددى شۇنىڭدەك، رەببىڭلارنى شەكسىز كۆرىسىلەر. ئۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئاللاھ تائالا خىتاب قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بىر كىشىگە: ”ئى پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچى! پالانى كۈنى مۇنداق، مۇنداق ئىش قىلغىنىڭ يادىڭدىمۇ؟“ دەپ ئۇنىڭ بەزى سەت ئىشلىرىنى ئېسىگە سالىدۇ. ئۇ ئادەم: ”ئى رەببىم! مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرمىدىڭمۇ؟“ دەپ سورايدۇ. ئاللاھ: ”ئەلۋەتتە كەچۈردۈم، مېنىڭ مەغپىرىتىمنىڭ بەكمۇ كەڭلىكىدىن سەن شۇ ماقامغا ئېرىشتىڭ“ دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق سۆھبەت قىلىۋاتقان چاغدا، ئۈستىدىن بىر بۇلۇت قاپلايدۇ ۋە ئۇلارغا ناھايىتى ئېسىل خۇشپۇراق ياغدۇ. بۇنداق پۇراقنى ئۇندىن بۇرۇن ھېچكىم پۇراپ باقمىغان ئىدى. رەببىمىز ئاللاھ: ”مەن سىلەرگە تەييارلاپ قويغان بۈيۈك نازۇنېمەتتىن خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار!“ دەيدۇ. ئەتراپىنى پەرىشتىلەر قاپلاپ كەتكەن بىر بازارغا بارىمىز، ئۇلار خالىغان نەرسىلىرىمىزنى يۆكلەپ بېرىدۇ. ئۇنداق بازارنى كۆزلەر كۆرۈپ، قۇلاقلار ئاڭلاپ، قەلبلەرمۇ خىيال قىلىپ باقمىغان. ئۇ يەردە نەرسىلەر سېتىلمايدۇ ۋە سېتىۋېلىنمايدۇ. ئۇ بازاردا جەننەت ئەھلى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشى ئۆزىدىن تۆۋەن مەرتىۋىلىك كىشىگە يولۇقىدۇ. تۆۋەن مەرتىۋىلىك ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان لىباسنى كۆرگەندە، ھەيران قالىدۇ، لېكىن سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى كىيىممۇ ئۇنىڭكىدىن ئېسىل كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. چۈنكى جەننەتتە ھېچ كىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ئىش

بولمايدۇ. ئاندىن ئۇ يەردىن تۇرالغۇلىرىمىزغا قايتىمىز. ئاياللىرىمىز بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ: ”خۇش كېلىپسىلەر! بۇ يەردىن كەتكەن ۋاقتىڭلاردىكىدىنمۇ كېلىشكەن بولۇپ قايتىپ كەپسىلەر“ دەيدۇ. بىز ئۇلارغا: ”بۈگۈن رەببىمىز جاببارنى زىيارەت قىلدۇق، شۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق (كېلىشكەن) بولۇپ كەتتۇق“ دەيمىز» دېدى[1].

(تىرمىزى: 2549)

10099 ـ عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن فِي الْجَنةِ لَسُوقًا مَا فِيهَا شِرَاءٌ وَلَا بَيْعٌ إِلا الصوَرَ مِنْ الرجَالِ وَالنسَاءِ فَإِذَا اشْتَهَى الرجُلُ صُورَةً دَخَلَ فِيهَا.

10099 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەتتە بىر بازار بار، (لېكىن) ئۇ يەردە ئېلىپ ـ سېتىش بولمايدۇ. پەقەت ئەركەك ۋە ئاياللارنىڭ سۈرەتلىرى بار بولۇپ، كىم قايسى سۈرەتنى ياقتۇرۇپ قالسا، شۇ سۈرەتكە كىرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2550)

10100 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن أَهْلَ الْجَنةِ يَتَرَاءَوْنَ أَهْلَ الْغُرَفِ مِنْ فَوْقِهِمْ كَمَا يَتَرَاءَوْنَ الْكَوْكَبَ الدري الْغَابِرَ فِي الْأُفُقِ مِنْ الْمَشْرِقِ أَوْ الْمَغْرِبِ لِتَفَاضُلِ مَا بَيْنَهُمْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ تِلْكَ مَنَازِلُ الْأَنْبِيَاءِ لَا يَبْلُغُهَا غَيْرُهُمْ قَالَ بَلَى وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ رِجَالٌ آمَنُوا بِاللهِ وَصَدقُوا الْمُرْسَلِينَ.

10100 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جەننەت ئەھلى (ئارىلىرىدىكى دەرىجە پەرقىنىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قەسىرلەردە ياشايدىغانلارنى خۇددى مەشرىق

[1] ئەلبانى (462): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (463): زەئىپ، ـ دېگەن.

ياكى مەغرىب تەرەپتىكى ئۆچۈش ئالدىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك (ئاران) كۆرىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ (باشقىلار يېتەلمەيدىغان) پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، نەپسىم ئىلكىدە بولغان ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ قەسىردە تۇرىدىغانلار ﷲقا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنگەن (راستچىل) كىشىلەردۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3256)

10101 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَولَ زُمْرَةٍ يَدْخُلُونَ الْجَنةَ عَلَى صُورَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ عَلَى أَشَد كَوْكَبٍ دُري فِي السمَاءِ إِضَاءَةً لَا يَبُولُونَ وَلَا يَتَغَوطُونَ وَلَا يَتْفِلُونَ وَلَا يَمْتَخِطُونَ أَمْشَاطُهُمْ الذهَبُ وَرَشْحُهُمْ الْمِسْكُ وَمَجَامِرُهُمْ الْأَلُوةُ الْأَنْجُوجُ عُودُ الطيبِ وَأَزْوَاجُهُمْ الْحُورُ الْعِينُ عَلَى خَلْقِ رَجُلٍ وَاحِدٍ عَلَى صُورَةِ أَبِيهِمْ آدَمَ سِتونَ ذِرَاعًا فِي السمَاءِ.

10101 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان جامائەتنىڭ يۈزلىرى ئايدىڭ كېچىدىكى تولۇن ئايدەك؛ ئۇنىدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ يۈزلىرى ئاسماندىكى پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزدەك بولىدۇ. ئۇلار چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ ۋە مىشقىرمايدۇ. تاغاقلىرى ئالتۇن، تەرلىرى مىسك، ئىسرىقدانلىرى ئۇد، ئاياللىرى ھۆرلەردىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بوي ـ تۇرقى ئوخشاش بىر خىل بولۇپ، شەكلى ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئېگىزلىكى 60 گەز بولىدۇ».

(بۇخارى: 3327)

10102 ـ وفي رواية: وَلِكُل وَاحِدٍ مِنْهُمْ زَوْجَتَانِ يُرَى مُخُّ سُوقِهِمَا مِنْ وَرَاءِ اللحْمِ مِنْ الْحُسْنِ لَا اخْتِلَافَ بَيْنَهُمْ وَلَا تَبَاغُضَ قُلُوبُهُمْ قَلْبٌ وَاحِدٌ يُسَبحُونَ اللهَ بُكْرَةً وَعَشِيا.

10102 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «(ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىنىڭ ئىككى ئايالى بار بولۇپ، گۈزەللىكىدىن پاچىقىنىڭ يىلىكلىرى گۆشىنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەھلى جەننەتنى ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە دۈشمەنلىك بولمايدۇ. قەلبلىرى بىر قەلبتەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار سەھەر ۋە ئاخشامدا اللهقا تەسبىھ ئېيتىدۇ».

(بۇخارى: 3245)

10103 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن أَهْلَ الْجَنةِ يَأْكُلُونَ فِيهَا وَيَشْرَبُونَ وَلَا يَتْفُلُونَ وَلَا يَبُولُونَ وَلَا يَتَغَوطُونَ وَلَا يَمْتَخِطُونَ قَالُوا فَمَا بَالُ الطعَامِ قَالَ جُشَاءٌ وَرَشْحٌ كَرَشْحِ الْمِسْكِ يُلْهَمُونَ التسْبِيحَ وَالتحْمِيدَ كَمَا تُلْهَمُونَ النفَسَ.

10103 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ جەننەت ئەھلى جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ، مىشقىرمايدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ ئۇنداقتا، يېگەن ـ ئىچكەنلىرى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ كېكىرىش ۋە (مۇشكى ئەنبەر پۇرىقىدەك) تەرلەش بىلەن چىقىرىلىدۇ. ئۇلار خۇددى توختىماي نەپەس ئالغاندەك توختىماي تەسبىھ ۋە ھەمدى ئېيتىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2835)

10104 ـ وفي رواية: بدل التحميد: الحمد.

10104 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «تەھمىد» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ھەمد» سۆزى كەلگەن.

10105 ـ وفي أخرى: التكبير.

10105 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «تەكبىر» دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2835)

10106 ـ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ مَاتَ مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ مِنْ صَغِيرٍ أَوْ كَبِيرٍ يُرَدونَ أَبْنَاءَ ثَلَاثِينَ فِي الْجَنةِ لَا يَزِيدُونَ عَلَيْهَا أَبَدًا وَكَذَلِكَ أَهْلُ النارِ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن عَلَيْهِمْ التيجَانَ إِن أَدْنَى لُؤْلُؤَةٍ مِنْهَا لَتُضِيءُ مَا بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ.

10106 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىم ئۆلسە، مەيلى ئۇ كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن، جەننەت ئەھلىدىن بولسا، جەننەتكە 30 ياش ھالەتتە كىرىدۇ. دوزاخ ئەھلىدىن بولسىمۇ، دوزاخقا 30 ياش ھالەتتە كىرىدۇ. بۇ ياش مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «(جەننەت ئەھلىنىڭ) باشلىرىدا تاجلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەڭ كىچىك بىر مەرۋايىت مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىنى يورۇتىۋېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2562)

10107 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَدْخُلُ أَهْلُ الْجَنةِ الْجَنةَ جُرْدًا مُرْدًا مُكَحلِينَ أَبْنَاءَ ثَلَاثِينَ أَوْ ثَلَاثٍ وَثَلَاثِينَ سَنَةً.

10107 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە 30 ياكى 33 ياش ھالىتىدە، ساقالسىز، تۈكسىز ۋە كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلغان ھالدا كىرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2545)

[1] ئەلبانى (467): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2064): ھەسەن، ـ دېگەن.

10108 ـ عَنْ أَنسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُعْطَى الْمُؤْمِنُ فِي الْجَنةِ قُوةَ كَذَا وَكَذَا مِنْ الْجِمَاعِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ أَوَ يُطِيقُ ذَلِكَ قَالَ يُعْطَى قُوةَ مِائَةٍ.

10108 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ جەننەتتە مۇئمىنگە مۇنچىلىك ـ مۇنچىلىك جىما كۈچى بېرىلىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭغا تاقىتى يېتەمدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، ئۇنىڭغا 100 كىشىلىك جىنسىي قۇۋۋەت بېرىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2536)

10109 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُؤْمِنُ إِذَا اشْتَهَى الْوَلَدَ فِي الْجَنةِ كَانَ حَمْلُهُ وَوَضْعُهُ وَسِنهُ فِي سَاعَةٍ كَمَا يَشْتَهِي.

10109 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن كىشى جەننەتتە پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىسا، ھامىلدار بولۇش، تۇغۇش ۋە چوڭ بولۇش دېگەنلەر بىر پەسىنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ خالىغىنىچە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2563)

10110 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ يَدْخُلُ الْجَنةَ يَنْعَمُ لَا يَبْأَسُ لَا تَبْلَى ثِيَابُهُ وَلَا يَفْنَى شَبَابُهُ.

10110 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2059): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2077): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىم جەننەتكە كىرسە، بەختلىك بولىدۇ، پەقەتلا خاپا بولمايدۇ، قېرىمايدۇ ۋە كىيىمى كونىرىمايدۇ ».
(مۇسلىم: 2836)

10111 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَكُونُ الْأَرْضُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ خُبْزَةً وَاحِدَةً يَتَكَفَّؤُهَا الْجَبارُ بِيَدِهِ كَمَا يَكْفَأُ أَحَدُكُمْ خُبْزَتَهُ فِي السفَرِ نُزُلًا لِأَهْلِ الْجَنةِ فَأَتَى رَجُلٌ مِنْ الْيَهُودِ فَقَالَ بَارَكَ الرحْمَنُ عَلَيْكَ يَا أَبَا الْقَاسِمِ أَلَا أُخْبِرُكَ بِنُزُلِ أَهْلِ الْجَنةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ بَلَى قَالَ تَكُونُ الْأَرْضُ خُبْزَةً وَاحِدَةً كَمَا قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَظَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَيْنَا ثُم ضَحِكَ حَتى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ ثُم قَالَ أَلَا أُخْبِرُكَ بِإِدَامِهِمْ قَالَ إِدَامُهُمْ بَالَامٌ وَنُونٌ قَالُوا وَمَا هَذَا قَالَ ثَوْرٌ وَنُونٌ يَأْكُلُ مِنْ زَائِدَةِ كَبِدِهِمَا سَبْعُونَ أَلْفًا.

10111 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قىيامەت كۈنى، يەر شارى پەقەت بىر nانىدەكلا بولىدۇ. سىلەردىن بىرىڭلار داستىخانغا نان قويغاندەك، الله ئۇنى ئۆز قولى بىلەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، ـ دېدى. يەھۇدىيلاردىن بىرى كېلىپ:

ـ ئى ئەبۇلقاسىم (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)! رەھمان (بولغان الله) ساڭا بەرىكەت بەرسۇن! قىيامەت كۈنى، جەننەت ئەھلىگە بېرىلىدىغان زىياپەتنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قېنى ئېيتقىن! ـ دېگەن ئىدى، ئۇ:

ـ قىيامەت كۈنى، يەر شارى پەقەت بىر نانىدەكلا بولىدۇ، ـ دەپ سۆز باشلىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىپ بەرگەن ھەدىسنىڭ ئۆز ئەينىنى ئېيتىپ بەردى. (بۇنى ئاڭلىغان) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ يەھۇدىي:

ــ (جەننەت ئەھلى)نىڭ ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىغان نەرسىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بولىدۇ، ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ ئۇ، ئۆكۈز بىلەن بېلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىگەرلىرىنى 70 مىڭ ئادەم يەيدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6520)

10112 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَدْنَى أَهْلِ الْجَنةِ الذِي لَهُ ثَمَانُونَ أَلْفَ خَادِمٍ وَاثْنَتَانِ وَسَبْعُونَ زَوْجَةً وَتُنْصَبُ لَهُ قُبةٌ مِنْ لُؤْلُؤٍ وَزَبَرْجَدٍ وَيَاقُوتٍ كَمَا بَيْنَ الْجَابِيَةِ إِلَى صَنْعَاءَ.

10112 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان جەننەت ئەھلىنىڭ 80 مىڭ خىزمەتچىسى، 72 ئايالى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەرۋايىت، گۆھەر ۋە ياقۇتتىن چېدىرلار ياسىلىدۇ ۋە بۇ (چېدىر)لارنىڭ كەڭلىكى جابىيە بىلەن سەنئانىڭ ئارىسىچىلىك كېلىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 2562)

10113 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَدْنَى أَهْلِ الْجَنةِ مَنْزِلَةً لَمَنْ يَنْظُرُ إِلَى جِنَانِهِ وَأَزْوَاجِهِ وَنَعِيمِهِ وَخَدَمِهِ وَسُرُرِهِ مَسِيرَةَ أَلْفِ سَنَةٍ وَأَكْرَمَهُمْ عَلَى اللهِ مَنْ يَنْظُرُ إِلَى وَجْهِهِ غَدْوَةً وَعَشِيةً ثُم قَرَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَاضِرَةٌ إِلَى رَبهَا نَاظِرَةٌ.

10113 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جەننەت ئەھلىدىن دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغانلىرىمۇ (جەننەتنىڭ) 1000 يىللىق مۇساپە ئىچىدىكى باغۇ ـ بوستانلىرى، ئاياللىرى، نازۇنېمەتلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە تەختلىرىدىن بىمالال ھوزۇر ئالالايدۇ. اللهنىڭ نەزىرىدە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەتىگەن ۋە

---

[①] ئەلبانى (466): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئاخشامدا اللهنىڭ جامالىنى كۆرەلىگەنلەردۇر» دېدى ۋە الله تائالانىڭ: بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ، (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ [1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى[2].

(تىرمىزى: 2553)

10114 ـ عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ سَمِعْتُهُ عَلَى الْمِنْبَرِ يَرْفَعُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَأَلَ مُوسَى رَبهُ مَا أَدْنَى أَهْلِ الْجَنةِ مَنْزِلَةً قَالَ هُوَ رَجُلٌ يَجِيءُ بَعْدَ مَا أُدْخِلَ أَهْلُ الْجَنةِ الْجَنةَ فَيُقَالُ لَهُ ادْخُلْ الْجَنةَ فَيَقُولُ أَيْ رَب كَيْفَ وَقَدْ نَزَلَ الناسُ مَنَازِلَهُمْ وَأَخَذُوا أَخَذَاتِهِمْ فَيُقَالُ لَهُ أَتَرْضَى أَنْ يَكُونَ لَكَ مِثْلُ مُلْكِ مَلِكٍ مِنْ مُلُوكِ الدنْيَا فَيَقُولُ رَضِيتُ رَب فَيَقُولُ لَكَ ذَلِكَ وَمِثْلُهُ وَمِثْلُهُ وَمِثْلُهُ وَمِثْلُهُ فَقَالَ فِي الْخَامِسَةِ رَضِيتُ رَب فَيَقُولُ هَذَا لَكَ وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهِ وَلَكَ مَا اشْتَهَتْ نَفْسُكَ وَلَذتْ عَيْنُكَ فَيَقُولُ رَضِيتُ رَب قَالَ رَب فَأَعْلَاهُمْ مَنْزِلَةً قَالَ أُولَئِكَ الذِينَ أَرَدْتُ غَرَسْتُ كَرَامَتَهُمْ بِيَدِي وَخَتَمْتُ عَلَيْهَا فَلَمْ تَرَ عَيْنٌ وَلَمْ تَسْمَعْ أُذُنٌ وَلَمْ يَخْطُرْ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ قَالَ وَمِصْدَاقُهُ فِي كِتَابِ اللهِ عَز وَجَل فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرةِ أَعْيُنٍ الْآيَةَ.

10114 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن: ”دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان جەننەت ئەھلى كىم؟“ دەپ سورىغانىدى، پەرۋەردىگارى مۇنداق دېدى: ”جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كىشى كېلىدۇ. ئۇنىڭغا: سەنمۇ جەننەتكە كىرگىن! ـ دېيىلىدۇ. ئۇ: ئى رەببىم! قانداق كىرىمەن؟ ھەممە ئادەم كىرىپ جاي ئىگەللەپ بولۇپتۇ؟ ـ دەيدۇ. ئۇنىڭغا: سەن دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىرىنىڭ زېمىنىدەك چوڭلۇقتا زېمىنغا رازى بولامسەن؟ ـ دېيىلىدۇ. ئۇ: ئى رەببىم! رازى بولىمەن، ـ دەيدۇ. الله: ساڭا ئۇ بېرىلىدى، يەنە شۇنچىلىك، يەنە شۇنچىلىك، يەنە شۇنچىلىك، يەنە شۇنچىلىك... دەيدۇ. بەشىنچىسىدە:

[1] سۈرە قىيامەت، 22 ـ ۋە 23 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (464): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئـى رەبــبـىم! رازى بولــدۇم، - دەيــدۇ. الله: بــۇ ۋە بۇنــىڭ ئــون ھەســسىسى ســېنــىڭدۇر. كۆڭــلــۈڭ خالــىغــان ۋە كـــۆزۈڭ چۈشـــكەن نەرســـىلەرمۇ ســېنــىڭدۇر، - دەيــدۇ. ئــۇ: ئــى رەبــبــىم! رازى بولــدۇم، - دەيــدۇ“. مۇســا ئەلەيھىسسالام: ”ئـى رەبـبـىم! دەرىجىسـى ئەڭ يـۇقـىرى بولغـان جەنـنەت ئەھلى كـىم؟“ دەپ سورىغانـدى، الله تائالا مۇنـداق دېـدى: ”ئـۇلار شـۇنداق كـىشـىلەركى، ئۇلارنــىڭ زىيـاپەتلـىرىنى ئـۆز قولـۇم بـىلـەن تەييـارلايمەن. ئۇلار ئۈچۈن كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسان ئەقلى خـىيال قـىلـىپمۇ باقمىغـان نېـئـمەتلەر بـار“. الله تائالانــىڭ: ئۇلارنــىڭ قـىلغـان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسـىدىن اللهنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئـۇلارنى خۇشال قـىلـىدىغان كاتتىا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ [1] دېگەن ئـايەت بۇنـىڭ دەلـىلـىدۇر».

(مۇسلىم: 189)

10115 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَدْخُلُ الْجَنةَ أَقْـوَامٌ أَفْئِدَتُهُمْ مِثْلُ أَفْئِدَةِ الطيْرِ.

10115 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەنـنەتكە قەلبلىرى قۇشـنىڭ قەلبـىدەك (يۇمشاق) بىـر گـۇرۇھ ئىنسان كىرىدۇ».

(مۇسلىم: 2840)

10116 - عَنْ حَارِثَةَ ابْنِ وَهْبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ الْجَواظُ وَلَا الْجَعْظَرِي قَالَ وَالْجَواظُ الْغَلِيظُ الْفَظ.

10116 ـ ھارىســە ئىبنــى ۋەھەب رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: «قوپـال ۋە مۇتەكەببىر كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4801)

---

[1] سۈرە سەجدە، 16 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (4016): سەھىھ ـ دېگەن.

10117 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَوْمًا يُحَدثُ وَعِنْدَهُ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ أن رَجُلًا مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ اسْتَأْذَنَ رَبهُ فِي الزرْعِ فَقَالَ لَهُ أَلَسْتَ فِيمَا شِئْتَ قَالَ بَلَى وَلَكِني أُحِب أَنْ أَزْرَعَ قَالَ فَبَذَرَ فَبَادَرَ الطرْفَ نَبَاتُهُ وَاسْتِوَاؤُهُ وَاسْتِحْصَادُهُ فَكَانَ أَمْثَالَ الْجِبَالِ فَيَقُولُ اللهُ دُونَكَ يَا ابْنَ آدَمَ فَإِنهُ لَا يُشْبِعُكَ شَيْءٌ فَقَالَ الْأَعْرَابِي وَاللهِ لَا تَجِدُهُ إلا قُرَشِيا أَوْ أَنْصَارِيا فَإِنهُمْ أَصْحَابُ زَرْعٍ وَأَما نَحْنُ فَلَسْنَا بِأَصْحَابِ زَرْعٍ فَضَحِكَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

10117 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر سەھرالىق ئەرەب بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى رەببىدىن دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ. الله ئۇنىڭدىن: ”سەن خالىغان نەرسەڭگە ئىگە ئەمەسمۇ؟“ دەپ سورىسا، ئۇ: ”ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەمما مەن دېھقانچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلىدۇ. ئۇ ئۇرۇق تېرىيدۇ. ئۇرۇق بىر پەستە ئۈنۈپ چىقىپ، پىشىپ يېتىلىدۇ. ھوسۇل يىغىلىدۇ، مەھسۇلات تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. الله ئۇنىڭغا: ”ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ كۆزۈڭ تويمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالغىن!“ دەيدۇ».

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان) سەھرالىق ئەرەب:

ـ سەن بۇنداق ئىكرامغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى پەقەت قۇرەيش ۋە ئەنسارلاردىن تېپىشىڭ مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار دېھقان، ئەمما بىز دېھقان ئەمەسمىز، ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى.

(بۇخارى: 2348)

10118 ـ عَنْ سَلْمَانَ الْفَارِسِيِّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لا يَدْخُلُ الْجَنةَ أَحَدٌ إِلا بِجَوَازٍ: بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ، هَذَا كِتَابٌ مِنَ اللهِ لِفُلانِ بْنِ فُلانٍ، أَدْخِلُوهُ جَنةً عَالِيَةً قُطُوفُهَا دَانِيَةً".

10118 ـ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېچكىم: "بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. بۇ، الله تەرىپىدىن پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچىغا بېرىلگەن خەتتۇر، ئۇنى مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئالىي جەننەتكە كىرگۈزۈڭلار!" دېگەن رويخەتنى ئالماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 6191؛ «ئەلئەۋسەت»)

10119 ـ عَنْ عَلِي بْنِ خَالِدٍ أَن أَبَا أُمَامَةَ الْبَاهِلِي مَر عَلَى خَالِدِ بْنِ يَزِيدَ بْنِ مُعَاوِيَةَ فَسَأَلَهُ عَنْ أَلْيَنِ كَلِمَةٍ سَمِعَهَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ أَلَا كُلكُمْ يَدْخُلُ الْجَنةَ إِلا مَنْ شَرَدَ عَلَى اللهِ شِرَادَ الْبَعِيرِ عَلَى أَهْلِهِ.

10119 ـ ئەلى ئىبنى خالىد مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىد ئىبنى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئىدى، ئۇ ئەبۇ ئۇمامەدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئۇمىدلەندۈرىدىغان سۆزى ھەققىدە سورىدى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «(ئەسكى خۇيلۇق) تۆگە ئىگىسىگە بويسۇنمىغىنىدەك اللهقا بويسۇنمىغانلاردىن باشقا ھەممە كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[2].

(ئەھمەد: 21723)

---

[1] ھەيسەمى (18654): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18681): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەلى ئىبنى خالىد دۇئەلىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

10120 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَال: "لا يَبْقَى أَحَدٌ مِنْ هَذِهِ الأُمةِ إلا دَخَلَ الْجَنـةَ إلا مَنْ شَرَدَ عَلَى اللهِ كَشِرَادِ الْبَعِيرِ السوءِ عَلَى أَهْلِهِ فَمَنْ لمْ يُصَدقنِي فَإِن اللهَ عَـز وَجَـل يَقُولُ: "لا يَصْلاَهَا إلا الأَشْقَى الذِي كَذبَ وَتَوَلى" كَذبَ بِمَا جَاءَ بِهِ مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ وَتَوَلى عَنْهُ".

10120 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئۈممەتتىن بىرمۇ ئادەم قالماي ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ. پەقەت ئەسكى خۇيلۇق تۆگە ئىگىسىگە بويسۇنمىغىنىدەك اللهقا بويسۇنمىغان كىشى (جەننەتكە) كىرمەيدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا (يەنى دوزاخقا) پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملا كىرىدۇ﴾[1]. دېمەك، كىمكى ماڭا ئىشەنمىسە، مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغان ۋە ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ، نەتىجىدە اللهقا بويسۇنمىغان بولىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 7730)

10121 ـ عن عبد الله بن مسعود قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إنك لتنظر إلى الطير في الجنة فتشتهيه فيجئ مشويا بين يديك.

10121 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەن جەننەتتە بىر قۇشنى كۆرسەڭ ۋە ئۇنى يېگۈڭ كەلسە، ھايال ئۆتمەي، ئۇ (قۇش) پىشۇرۇلغان ھالەتتە ئالدىڭغا كەلتۈرۈلىدۇ»[3].

(بەززار: 3532)

[1] سۈرە لەيل، 15 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (18682): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مەۋقۇف رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (18734): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھۇمەيد ئىبنى ئەتا ئەئرەج ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

10122 ـ عن عبد الله بن عمرو قال وقام آخر فقال يا رسول الله أخبرنا عن ثياب أهل الجنة أخلق تخلق أم نسج ينسج فضحك بعض القوم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم مـم تضحكون من جاهل يسأل عالما اين السائل قال أناذا يا رسول الله قال تنشق عنها ثمار الجنة.

10122 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمىنى تەسۋىرلەپ بەرسەڭ. ئۇ يارىتىلغان نەرسىمۇ ياكى توقۇلغان نەرسىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. بەزى كىشىلەر (بۇ گەپنى ئاڭلاپ) كۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمىگە كۈلىسىلەر؟ بىلمىگەن كىشىنىڭ بىلگەن كىشىدىن سوئال سورىشىغىمۇ كۈلەمسىلەر؟! سوئال سورىغۇچى قېنى؟ ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ مانا مەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جەننەت مېۋىلىرىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ـ دېدى[1].

(بەززار: 3521)

10123 ـ عن جابر بن عبد الله صلى الله عليه وسلم فقيل يا رسول الله أينام أهل الجنة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم النوم أخو الموت وأهل الجنة لا ينامون.

10123 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ـ جەننەت ئەھلى ئۇخلامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى، جەننەت ئەھلى ئۇخلىمايدۇ. ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 923؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (18736): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18740): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ـ دېگەن.

10124 ـ عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لـو أذن الله في التجارة لاهل الجنة لاθروا في البز والعطر.

10124 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر الله جەننەت ئەھلىگە تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسا ئىدى، ئۇلار بۆز ۋە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنىڭ تىجارىتىنى قىلغان بولاتتى»[1].

(«ئەلسەغىر»: 699)

10125 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ: سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ يَتَنَاكَحُ أَهْلُ الْجَنةِ؟ فَقَالَ: "نَعَمْ بِذَكَرٍ لا يَمَلُّ وَشَهْوَةٍ لا تَنْقَطِعُ دَحْمًا دَحْمًا".

10125 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ جەننەت ئەھلى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، بوشاشمايدىغان زەكەر ۋە كۈچلۈك شەھۋەت بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(«ئەلكەبىر»: 7674)

10126 ـ وفي رواية: وَلَكِنْ لا مَنِيَّ وَلا مَنِيَةَ.

10126 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەر كىشىدىنمۇ، ئايال كىشىدىنمۇ مەنىي چىقمايدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 7479)

[1] ھەيسەمى (18743): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەييۇب سۆكۈنى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (18747): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزى سەنەدلىرىنىڭ بەزى راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (18747): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزى راۋىيلىرىنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

## جەننەتتە اللهنى كۆرۈش

10127 ـ عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنظَرَ إِلَى الْقَمَرِ لَيْلَةً يَعْنِي الْبَدْرَ فَقَالَ إِنكُمْ سَتَرَوْنَ رَبكُمْ كَمَا تَرَوْنَ هَذَا الْقَمَرَ لَا تُضَامونَ فِي رُؤْيَتِهِ فَإِنْ اسْتَطَعْتُمْ أَنْ لَا تُغْلَبُوا عَلَى صَلَاةٍ قَبْلَ طُلُوعِ الشمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا فَافْعَلُوا ثُم قَرَأَ وَسَبحْ بِحَمْدِ رَبكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ.

10127 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايدىڭ كېچىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ ئايغا قاراپ: «سىلەر رەببىڭلارنى شۇ تولۇن ئاينى كۆرگەندەك ھېچ قىينالماستىن كۆرىسىلەر. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇنقى نامازنى ئىمكان بار ۋاقىتىدا ئوقۇڭلار» دېدى. ئاندىن اللە تائالانىڭ: كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن) ۋە ھەمدە ئېيتقىن [1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.
(بۇخارى: 554)

10128 ـ عَنْ صُهَيْبٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا دَخَلَ أَهْلُ الْجَنةِ الْجَنةَ قَالَ يَقُولُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى تُرِيدُونَ شَيْئًا أَزِيدُكُمْ فَيَقُولُونَ أَلَمْ تُبَيضْ وُجُوهَنَا أَلَمْ تُدْخِلْنَا الْجَنةَ وَتُنَجنَا مِنْ النارِ قَالَ فَيَكْشِفُ الْحِجَابَ فَمَا أُعْطُوا شَيْئًا أَحَب إِلَيْهِمْ مِنْ النظَرِ إِلَى رَبهِمْ عَز وَجَل.

10128 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] سۈرە تاھا، 13 ـ ئايەت.

«جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەن چاغدا، اللە تائالا ئۇلارغا: ”يەنە باشقا بىر نەرسە خالامسىلەر؟“ دەيدۇ. ئۇلار (يەنى جەننەت ئەھلى): ”سەن بىزنىڭ يۈزىمىزنى ئاقارتمىدىڭمۇ، دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ (بۇنىڭدىن باشقا بىزگە يەنە نېمە كېرەك بولسۇن)؟“ دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا، ھىجاب كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، رەببىنى كۆرۈش ئۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ بەخت ـ سائادەت بولىدۇ».

(مۇسلىم: 181)

10129 ـ وَزَادَ في رواية: ثُمَّ تَلَا هَذِهِ الْآيَةَ ﴿لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ﴾.

10129 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللەنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق، خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(مۇسلىم: 181)

10130 ـ عن أنس بن مالك قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم اتانى جبريل عليه السلام وفى يده مرآة بيضاء فيها نكتة سوداء فقلت ما هذه يا جبريل قال هذه الجمعة يعرضها عليك ربك لتكون لك عيدا ولقومك من بعدك تكون انت الاول وتكون اليهود والنصارى من بعدك قال مالنا فيها قال لكم فيها خير لكم فيها ساعة من دعا ربه فيهـا بخير هو له قسم الا اعطاه اياه وليس له بقسم الا ودخر له ما هو اعظم منه أو تعوذ فيها من شر هو مكتوب الا اعاذه من اعظم منه قلت ما هذه النكتة السوداء فيه قـال هـذه الساعة تقوم يوم الجمعة وهو سيد الايام عندنا ونحن ندعوه في الاخرة يوم المزيد.

10130 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە يۇنۇس، 26 ـ ئايەت.

«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىچىگە بىر قارا چېكىت قويۇلغان بىر ئاق ئەينەكنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن: ”ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟“ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: ”بۇ جۈمە كۈنىدۇر. رەببىڭ بۇنى ساڭا ۋە سەندىن كېيىنكى ئۈممىتىڭگە بايرام بولسۇن دەپ تەقدىم قىلدى. سەن بىرىنچى بولىسەن، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار سەندىن كېيىن بولىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كۈنلىرى سېنىڭكىدىن كېيىن كېلىدۇ)“ دېدى. مەن: ”ئۇنىڭدا بىزگە نېمە پايدا بار؟“ دەپ سورىغانىدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ”ئۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىق بار. ئۇنىڭدا يەنە شۇنداق بىر سائەت باركى، كىمكى ئۇ سائەتتە رەببىدىن ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسا ۋە تىلىگەن نەرسىسى ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغان بولسا، ئەلۋەتتە بېرىلىدۇ. ئەگەر تەقدىر قىلىنمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە كۈتكىنىدىنمۇ كۆپرەك نەرسە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ تەقدىر قىلىنغان بىر يامانلىقتىن پاناھ تىلىگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى (شۇ يامانلىقتىن) قۇتقۇزىدۇ“ دېدى. مەن: ”ئۇنداقتا، ئىچىدىكى بۇ قارا چېكىت نېمە؟“ دەپ سورىدىم. ئۇ: ”بۇ قىيامەت بولۇپ، جۈمە كۈنى قوپىدۇ. جۈمە كۈنى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇنى ئاخىرەتتە ‹يەۋمۇل مەزىد› دەپ ئاتايمىز“» دېدى[1].

(بەززار: 3519؛ مەۋسىلى: 4228)

10131 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ قَالَ: أن الناسَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ نَرَى رَبَنا يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ هَلْ تُمَارُونَ فِي الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ لَيْسَ دُونَهُ سَحَابٌ قَالُوا لَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَهَلْ تُمَارُونَ فِي الشمْسِ لَيْسَ دُونَهَا سَحَابٌ قَالُوا لَا قَالَ فَإِنكُمْ تَرَوْنَهُ كَذَلِكَ يُحْشَرُ الناسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيَقُولُ مَنْ كَانَ يَعْبُدُ شَيْئًا فَلْيَتبِعْ فَمِنْهُمْ مَنْ يَتبِعُ الشمْسَ وَمِنْهُمْ مَنْ يَتبِعُ الْقَمَرَ وَمِنْهُمْ مَنْ يَتبِعُ الطوَاغِيتَ

[1] ھەيسەمى (18771): بۇ ھەدىسنى بەززار، تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. تەبەرانىنىڭ سەنەدلىرىدىن بىرىدىكى ئابدۇرراھمان ئىبنى سابىت ئىبنى سەۋباندىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئابدۇرراھمانغا ھەرخىل باھا بېرىلگەن. بەززارنىڭ سەنەدى ھەققىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

وَتَبْقَى هَذِهِ الْأُمةُ فِيهَا مُنَافِقُوهَا فَيَأْتِيهِمْ اللهُ فَيَقُولُ أَنَا رَبكُمْ فَيَقُولُونَ هَذَا مَكَانُنَا حَتى يَأْتِيَنَا رَبنَا فَإِذَا جَاءَ رَبنَا عَرَفْنَاهُ فَيَأْتِيهِمْ اللهُ فَيَقُولُ أَنَا رَبكُمْ فَيَقُولُونَ أَنتَ رَبنَا فَيَدْعُوهُمْ فَيُضْرَبُ الصرَاطُ بَيْنَ ظَهْرَانَيْ جَهَنمَ فَأَكُونُ أَولَ مَنْ يَجُوزُ مِنْ الرسُلِ بِأُمتِهِ وَلَا يَتَكَلمُ يَوْمَئِذٍ أَحَدٌ إِلا الرسُلُ وَكَلَامُ الرسُلِ يَوْمَئِذٍ اللهُم سَلمْ سَلمْ وَفِي جَهَنمَ كَلَالِيبُ مِثْلُ شَوْكِ السعْدَانِ هَلْ رَأَيْتُمْ شَوْكَ السعْدَانِ قَالُوا نَعَمْ قَالَ فَإِنهَا مِثْلُ شَوْكِ السعْدَانِ غَيْرَ أَنهُ لَا يَعْلَمُ قَدْرَ عِظَمِهَا إِلا اللهُ تَخْطَفُ الناسَ بِأَعْمَالِهِمْ فَمِنْهُمْ مَنْ يُوبَقُ بِعَمَلِهِ وَمِنْهُمْ مَنْ يُخَرْدَلُ ثُم يَنْجُو حَتى إِذَا أَرَادَ اللهُ رَحْمَةَ مَنْ أَرَادَ مِنْ أَهْلِ النارِ أَمَرَ اللهُ الْمَلَائِكَةَ أَنْ يُخْرِجُوا مَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللهَ فَيُخْرِجُونَهُمْ وَيَعْرِفُونَهُمْ بِآثَارِ السجُودِ وَحَرمَ اللهُ عَلَى النارِ أَنْ تَأْكُلَ أَثَرَ السجُودِ فَيَخْرُجُونَ مِنْ النارِ فَكُل ابْنِ آدَمَ تَأْكُلُهُ النارُ إِلا أَثَرَ السجُودِ فَيَخْرُجُونَ مِنْ النارِ قَدْ امْتَحَشُوا فَيُصَب عَلَيْهِمْ مَاءُ الْحَيَاةِ فَيَنْبُتُونَ كَمَا تَنْبُتُ الْحِبةُ فِي حَمِيلِ السيْلِ ثُم يَفْرُغُ اللهُ مِنْ الْقَضَاءِ بَيْنَ الْعِبَادِ وَيَبْقَى رَجُلٌ بَيْنَ الْجَنةِ وَالنارِ وَهُوَ آخِرُ أَهْلِ النارِ دُخُولًا الْجَنةَ مُقْبِلٌ بِوَجْهِهِ قِبَلَ النارِ فَيَقُولُ يَا رَب اصْرِفْ وَجْهِي عَنْ النارِ قَدْ قَشَبَنِي رِيحُهَا وَأَحْرَقَنِي ذَكَاؤُهَا فَيَقُولُ هَلْ عَسَيْتَ إِنْ فُعِلَ ذَلِكَ بِكَ أَنْ تَسْأَلَ غَيْرَ ذَلِكَ فَيَقُولُ لَا وَعِزتِكَ فَيُعْطِي اللهَ مَا يَشَاءُ مِنْ عَهْدٍ وَمِيثَاقٍ فَيَصْرِفُ اللهُ وَجْهَهُ عَنْ النارِ فَإِذَا أَقْبَلَ بِهِ عَلَى الْجَنةِ رَأَى بَهْجَتَهَا سَكَتَ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَسْكُتَ ثُم قَالَ يَا رَب قَدمْنِي عِنْدَ بَابِ الْجَنةِ فَيَقُولُ اللهُ لَهُ أَلَيْسَ قَدْ أَعْطَيْتَ الْعُهُودَ وَالْمِيثَاقَ أَنْ لَا تَسْأَلَ غَيْرَ الذِي كُنتَ سَأَلْتَ فَيَقُولُ يَا رَب لَا أَكُونُ أَشْقَى خَلْقِكَ فَيَقُولُ فَمَا عَسَيْتَ إِنْ أُعْطِيتَ ذَلِكَ أَنْ لَا تَسْأَلَ غَيْرَهُ فَيَقُولُ لَا وَعِزتِكَ لَا أَسْأَلُ غَيْرَ ذَلِكَ فَيُعْطِي رَبهُ مَا شَاءَ مِنْ عَهْدٍ وَمِيثَاقٍ فَيُقَدمُهُ إِلَى بَابِ الْجَنةِ فَإِذَا بَلَغَ بَابَهَا فَرَأَى زَهْرَتَهَا وَمَا فِيهَا مِنْ النضْرَةِ وَالسرُورِ فَيَسْكُتُ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَسْكُتَ فَيَقُولُ يَا رَب أَدْخِلْنِي الْجَنةَ فَيَقُولُ اللهُ وَيْحَكَ يَا ابْنَ آدَمَ مَا أَغْدَرَكَ أَلَيْسَ قَدْ أَعْطَيْتَ الْعُهُودَ وَالْمِيثَاقَ أَنْ لَا تَسْأَلَ غَيْرَ الذِي أُعْطِيتَ فَيَقُولُ يَا رَب لَا تَجْعَلْنِي أَشْقَى خَلْقِكَ فَيَضْحَكُ اللهُ عَز وَجَل مِنْهُ ثُم يَأْذَنُ لَهُ فِي دُخُولِ الْجَنةِ فَيَقُولُ تَمَن فَيَتَمَنى حَتى إِذَا انْقَطَعَ أُمْنِيتُهُ قَالَ اللهُ عَز وَجَل مِنْ كَذَا وَكَذَا أَقْبَلَ يُذَكرُهُ رَبهُ حَتى إِذَا انْتَهَتْ بِهِ الْأَمَانِي قَالَ اللهُ تَعَالَى لَكَ ذَلِكَ وَمِثْلُهُ مَعَهُ قَالَ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِي لِأَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ اللهُ لَكَ ذَلِكَ وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهِ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ لَمْ أَحْفَظْ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلا قَوْلَهُ لَكَ ذَلِكَ وَمِثْلُهُ مَعَهُ قَالَ أَبُو سَعِيدٍ إِني سَمِعْتُهُ يَقُولُ ذَلِكَ لَكَ وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهِ.

10131 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت

قىلىنىدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بۇلۇتسىز ئايدىڭ كېچىدە تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ - دېدى. ئۇلار:

- ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇلۇتسىز بىر كۈندە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ - دېدى. ئۇلار يەنە:

- ياق، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- خۇددى شۇنىڭدەك، ئەلۋەتتە (اللەنى) كۆرىسىلەر. قىيامەت كۈنى ئىنسانلار بىر جايغا يىغىلىدۇ، الله تائالا: ”كىم (دۇنيادا) نېمىگە چوقۇنغان بولسا، شۇنىڭغا ئەگەشسۇن!“ دەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بەزىلەر قۇياشقا، بەزىلەر ئايغا، يەنە بەزىلەر تاغۇتلارغا ئەگىشىدۇ. ئاخىرىدا، بۇ ئۈممەت بىلەن مۇناپىقلار قېلىپ قالىدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن“ دەيدۇ. ئۇلار: ”رەببىمىز بۇ يەرگە كەلمىگىچە، بىز بۇ يەردىن ئايرىلمايمىز. رەببىمىز كەلگەندە، بىز ئۇنى تونۇيالايمىز“ دەيدۇ. ئاندىن الله ئۇلارنىڭ ئالدىغا (ئۇلار بىلىدىغان سۈرەتتە) كېلىپ: ”مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن“ دەيدۇ. ئۇلار: ”شۇنداق، سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن“ دەيدۇ. الله ئۇلارنى چاقىرىدۇ، ئاندىن جەھەننەم ئۈستىگە پىلسىرات كۆۋرۈكى قۇرۇلىدۇ. پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۆتىدىغىنى مەن بولىمەن. ئۇ يەردە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم سۆزلىمەيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇ كۈنكى سۆزى: ”ئى رەببىم! سالامەت ئۆتكۈزگىن، سالامەت ئۆتكۈزگىن!“ دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. جەھەننەمدە سەئدان

تىكىنىنگە ئوخشاش تۆمۈر قاماقلار بولىدۇ. سىلەر سەئدان تىكىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ ئۇ تۆمۈر قاماقلار خۇددى سەئدان تىكىنىگە ئوخشايدۇ. ئەمما چوڭلۇقىنى پەقەت اللهلا بىلىدۇ. ئۇ قاماقلار ئىنسانلارنى قىلمىشلىرىغا كۆرە ئىلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمەللىرى تۈپەيلى ھالاك بولىدۇ، بەزىلىرى قىيما ـ چىيما قىلىنىدۇ، كېيىن قۇتۇلىدۇ. الله تائالا جەھەننەم ئەھلىدىن كىمگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، پەرىشتىلەرنى اللهقا ئىبادەت قىلغانلارنى دوزاختىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ. (پەرىشتىلەر) ئۇلارنى سەجدە ئىزناسىدىن تونۇپ، جەھەننەمدىن ئېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى الله دوزاخقا سەجدە قىلغان جاينى كۆيدۈرۈشنى ھارام قىلغان. ئۇلار دوزاختىن چىقىدۇ، دوزاخ ئىنساننىڭ سەجدە قىلغان يېرىدىن باشقا ھەممە ئەزاسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار دوزاختىن كۆيگەن ۋە پىشىپ قالغان ھالەتتە چىقىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھايات سۈيى سېپىلىدۇ، ئۇلار خۇددى سەل ئېقىتىپ كەلگەن داندىن ئۈنۈپ چىققان مايسىغا ئوخشاش تىرىلىدۇ. الله بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، جەننەت بىلەن جەھەننەم ئارىسىدا بىر ئادەم قالىدۇ. ئۇ، جەھەننەمدىن چىقىپ، جەننەتكە كىرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى كىشىدۇر. ئۇنىڭ يۈزى جەھەننەم تەرەپكە قارىتىلغان بولغاچقا، ئۇ: ”ئى رەببىم! يۈزۈمنى دوزاختىن يىراق قىلغىن، ئۇنىڭ شامىلى مېنى ئازابلاپ، ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈرىۋاتىدۇ“ دەيدۇ. الله: ”بۇنى قىلسام، بەلكىم ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورايسەن؟“ دەيدۇ. ئۇ: ”ياق، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، باشقا نەرسە تىلىمەيمەن“ دەپ، اللهقا ۋەدە بېرىدۇ. الله ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئۇ جەننەتكە يېقىنلاشتۇرۇلغاندا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. ئۇ، الله خالىغان مۇددەتكىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بېسىۋالالماي: ”ئى رەببىم!

مېنى جەننەت دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇرغىن!“ دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: ”سەن ماڭا مەندىن باشقا نەرسە سورىماسلىققا ۋەدە بەرمىگەنمىدىڭ؟“ دەيدۇ. ئۇ: ”مەن سېنىڭ ئەڭ بەدبەخت قۇلۇڭ بولۇپ قالماي“ دەيدۇ. الله: ”مەن سېنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇرسام، بەلكىم مەندىن يەنە باشقا بىر نەرسە تىلەرسەن؟“ دەيدۇ. ئۇ: ”ياق، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن“ دەپ، رەببىگە بىرمۇنچە ۋەدە بېرىدۇ. الله ئۇنى جەننەت دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىكى گۈل ـ چېچەكلەرنى، نازۇنېمەتلەرنى ۋە خۇشاللىقلارنى كۆرىدۇ. ئاندىن الله خالىغان بىر مۇددەتكىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ ـ دە: ”ئى رەببىم! نېمە بولىدۇ، مېنى جەننەتكە كىرگۈزگىن!“ دەيدۇ. الله: ”قانداق ئادەم سەن؟ نېمانداق ۋەدەڭدە تۇرمايدىغان ئىنسانسەن؟ سەن ماڭا مەندىن باشقا نەرسە سورىماسلىققا ۋەدە بەرمىگەنمىدىڭ؟“ دەيدۇ. ئۇ: ”ئى رەببىم! مېنى ئەڭ بەدبەخت قۇلۇڭ قىلىپ قويمىغىن“ دەيدۇ. الله ئۇنىڭ سۆزىگە كۈلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە رۇخسەت بېرىدۇ ۋە ”مەندىن نېمە تىلەيسەن؟“ دەيدۇ. ئۇ تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ تىلەكلىرى تۈگىگەندە، الله بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بايان قىلىپ تۇرۇپ: ”ماۋۇ ـ ماۋۇ نەرسىلەرنى تىلىگىن!“ دەيدۇ. بارلىق تىلەك ـ ئارزۇلىرى ئېيتىلغاندىن كېيىن، الله: ”تىلىگەنلىرىڭ ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر ھەسسىسى سېنىڭ بولسۇن“ دەيدۇ.

ئەبۇ سەئىد (ئەبۇ ھۈرەيرەگە):

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله: تىلىگەنلىرىڭ ۋە ئۇنىڭ ئون ھەسسىسى سېنىڭ بولسۇن، ـ دەيدۇ» دېدى، ـ دېگەنىدى، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تىلىگەنلىرىڭ ۋە ئۇنىڭ بىر ھەسسىسى سېنىڭ بولسۇن»

دېگەنلىكىدىن باشقىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئەمما مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله: تىلىگەنلىرىڭ ۋە ئۇنىڭ ئون ھەسسىسى سېنىڭ بولسۇن، ـ دەيدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 806)

**مۇندەرىجە**

**ھەدىسلەر توپلىمى ......................................... 1**

بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە ...................................................................... 3

ساھابىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ........................... 9

بەزى جايلارنى ماختاپ، بەزى جايلارنى سۆكۈپ كەلگەن ھەدىسلەر ......... 21

**قىسسىلەر بۆلۈمى ......................................... 39**

**مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىش بۆلۈمى ............................ 61**

**خاسىيەتلىك زىكىر ۋە دۇئالار بۆلۈمى ........................ 79**

زىكىر ۋە دۇئانىڭ پەزىلىتى ................................................ 79

دۇئا ۋاقتى، دۇئا قىلغۇچىنىڭ ھالىتى، دۇئانىڭ شەكلى ۋە باشقا مەسىلىلەر ..................................................................... 97

ئىسمى ئەزەم ۋە اللەنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ................................ 115

ناماز دۇئالىرى ................................................................ 127

ئەتىگەن ـ ئاخشامدا، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋە ئۇيقۇدىن قوپقاندا ئېيتىلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەر ............................................. 169

ئۆيگە ۋە مەسجىدكە كىرگەن ـ چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئالار ................ 199

باشقا كۈن چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا، ئىستىخارە (ياخشىلىق تىلەش) دۇئاسى، ياد ئېلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدىغان دۇئا، تاماق يېگەن، بىر نەرسە ئىچكەن، كىيىم كىيگەن ۋە باشقا ئىشلارنى قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ................................................................ 219

يېڭى ئاينى كۆرگەندە، چاقماق چاققاندا، بۇلۇت قاپلىغاندا، بوران چىققاندا، چۈشكۈرگەندە، ئەرافات ۋە قەدىر كېچىسىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........................................................................ 233

مۇئەييەن ۋاقىتقا بەلگىلەنمىگەن دۇئالار ........................................ 241

ئىستىغفار، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، تەھمىد، ھەۋقەلە (لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە) ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللاش279

**زاھىدلىق، كەمبەغەللىك، ئارزۇ ـ ئۈمىد ۋە ھېرىسمەنلىك بۆلۈمى 317**

**قورقۇش، مۇلايىملىق ۋە نەسىھەت بۆلۈمى.......................... 353**
**تەۋبە، ئەپۇ ۋە مەغپىرەت تىلەش بۆلۈمى............................ 399**
**پىتنە بۆلۈمى ....................................................... 411**
پىتنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش.............................................................411
ئىسمى ئاتالغان پىتنىلەر ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر ....................441
**چوڭ ئۇرۇشلار ۋە قىيامەت ئالامەتلىرى بۆلۈمى ..................... 481**
**قىيامەت، مەھشەرگاھتىكى ھالەت، ھېساب ـ كىتاب، ھەۋزى كەۋسەر، پىلسىرات كۆۋرۈكى، مىزان ۋە شاپائەت بۆلۈملىرى........ 557**
**جەننەت ۋە دوزاخ بۆلۈمى .......................................... 617**
جەننەتتە اللهنى كۆرۈش............................................................663